# ئەرەب تىلى

## گىراماتىكىسى

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قال الله تعالى : ﴿ ٱقۡرَأۡ بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلَّذِي خَلَقَ ﴾ .

وقال النبى صلى الله عليه وسلم : « إنما الأعمال بالنيات و إنما لإمرئ ما نوى فمن كانت هجرته إلى الدنيا يصيبها او إمرأة ينكحها فهجرته إلى ماهاجر إليه » رواه البخارى .

الحمد لله الذى علمنا مالم نعلم والصلوة والسلام على رسوله صلى الله عليه وسلم وعلى آله وأصحابه أجمعين.

اما بعد

سەرپ (مورفولوگىيە) ئىلمى دېگەن نېمە ؟

كەلىمىلەر ئوخشاش بولمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شەكىل جەھەتتىن ھەرخىل ئۆزگىرىپ كېلىدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىشنى تونۇشتۇرىدىغان ئىلىم « سەرپ ئىلمى » دېيىلىدۇ .

كەلىمە دېگەن نېمە ؟

بىرەر مەنە ئىپادىلىگەن سۆزنى كەلىمە دەيمىز. مەسىلەن : « مَكْتَبٌ ، مَسْجِدٌ ، إِمَامٌ » دېگەنگە ئوخشاش.

كەلىمە قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

كەلىمە ئىسىم، پېئىل، ھەرپ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

ئىسىم دېگەن نېمە؟

زامان ئۇقۇمىدىن خالىي ھالدا مەنە ئىپادىلىگەن سۆزنى ئىسىم دەيمىز. مەسىلەن: « كِتَابٌ قَلَمٌ » دېگەنگە ئوخشاش .

پېئىل دېگەن نېمە؟

زامان ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مەنە ئىپادىلىگەن سۆزنى پېئىل دەيمىز. مەسىلەن: « ضَرَبَ »(ئۇردى) دېگەنگە ئوخشاش .

ھەرپ دېگەن نېمە؟

ئۆزىدىن باشقا كەلىمىلەرگە تايانغان ھالدا مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزنى ھەرپ دەيمىز. مەسىلەن: « سَافَرْتُ مِنَ الْحَاجْطُرْخَانِ إِلَى الْقَزَانِ »(مەن ھاجتۇرخاندىن قازانغا سەپەر قىلدىم) دېگەن جۈملىدىكى « مِنْ » بىلەن « إِلَى » دېگەنلەرگە ئوخشاش .

زامان قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟

زامان مَاضِي (ئۆتكەن زامان )، حَالٌ (ھازىرقى زامان)، مُسْتَقْبَلٌ (كەلگۈسى زامان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

ھەرىكەت دېگەن نېمە ؟

كەلىمىلەرنىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە قويۇلغان زىر، زەبەر ۋە پەچ قاتارلىقلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ.

## مِيْزَانٌ
## ئۆلچەم

مىزان دېگەن نېمە ؟

ئەرەب كەلىمىلىرى «ف ، ع ، ل» ھەرپلىرى ئارقىلىق ئۆلچىلىنىدىغان بولۇپ، بۇلار ئادەتتە مىزان دەپ ئاتايمىز .

ئەسلىي ھەرپ دېگەن نېمە؟

كەلىمىلەرنى ئۆلچىگەندە «ف ، ع ، ل» نىڭ ئۇدۇلىدا كەلگەن ھەرپلەرنى ئەسلىي ھەرپ دەيمىز . مەسىلەن : «ضَرَبَ» دېگەن پېئىلنىڭ «فَعَلَ» ۋەزنىدە بولغىنىغا ئوخشاش .

زىيادە ھەرپ دېگەن نېمە؟

كەلىمىلەرنى ئۆلچىگەندە «ف ، ع ، ل» نىڭ ئۇدۇلىدا كەلگەن ھەرپتىن ئارتۇق كەلگەن ھەرپلەرنى زىيادە ھەرپ دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن : «أَكْرَمَ» دېگەن پېئىلنىڭ «أَفْعَلَ» ۋەزنىدە بولغىنىغا ئوخشاش . بۇنىڭدىكى «ك ، ر ، م» قاتارلىقلار ئەسلىي ھەرپ بولۇپ، «أ» زىيادە ھەرپ ھېسابلىنىدۇ.

«مُجَرَّدٌ» كەلىمە دېگەن نېمە ؟

تەركىبىدە زىيادە ھەرپ بولمىغان كەلىمىنى «مُجَرَّدٌ» دەيمىز . مەسىلەن : «ضَرَبَ» دېگەنگە ئوخشاش . بۇ «فَعَلَ» ۋەزنىدە .

«مَزِيدٌ» كەلىمە دېگەن نېمە ؟

تەركىبىدە زىيادە ھەرپ بولغان كەلىمىنى «مَزِيدٌ» دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن: «أَكْرَمَ» دېگەنگە ئوخشاش.

«مُجَرَّدٌ» كەلىمىلەر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

«مُجَرَّدٌ» كەلىمىلەر «ثُلَاثِيٌّ مُجَرَّدٌ»، «رُبَاعِيٌّ مُجَرَّدٌ» ۋە «خُمَاسِيٌّ مُجَرَّدٌ» تىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

«ثُلَاثِيٌّ مُجَرَّدٌ» دېگەن نىمە؟

تەركىۋىدە زىيادە ھەرپ بولمىغان ئۈچ ھەرپلىك كەلىمىلەر «ثُلَاثِيٌّ مُجَرَّدٌ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن : «زَيْدٌ» ۋە «ضَرَبَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

«رُبَاعِيٌّ مُجَرَّدٌ» دېگەن نىمە؟

تەركىۋىدە زىيادە ھەرپ بولمىغان تۆت ھەرپلىك كەلىمىلەر «رُبَاعِيٌّ مُجَرَّدٌ» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن : «جَعْفَرٌ» ۋە «دَحْرَجَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

«خُمَاسِيٌّ مُجَرَّدٌ» دېگەن نىمە؟

تەركىۋىدە زىيادە ھەرپ بولمىغان بەش ھەرپلىك كەلىمىلەر «خُمَاسِيٌّ مُجَرَّدٌ» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن : «جَحْمَرِشٌ»(قېرى خوتۇن) دېگەنگە ئوخشاش.

ئەسلىي ھەرپ «ثُلَاثِيٌّ مُجَرَّدٌ» تە قانچە بولىدۇ؟

ئەسلىي ھەرپلەر «ثُلَاثِيٌّ» تە ئۈچ بولۇپ، «ف ،ع ، ل» نىڭ باراۋىرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «زَيدٌ» ۋە «ضَرَبَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش، مانا بۇ ئىككىسى «فَعْلٌ» ۋە «فَعَلَ» نىڭ ۋەزنىلىرىدە كەلدى.

ئەسلىي ھەرپ «رُبَاعِيٌّ مُجَرَّدٌ» تە قانچە بولىدۇ؟

ئەسلىي ھەرپلەر «رُبَاعِيٌّ مُجَرَّدٌ » تە تۆت بولۇپ، «ف ،ع ، ل ، ل» نىڭ باراۋىرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «جَعْفَرٌ» ۋە «دَحْرَجَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش، مانا بۇ ئىككىسى «فَعْلَلٌ» ۋە «فَعْلَلَ» نىڭ ۋەزنىلىرىدە كەلدى.

ئەسلىي ھەرپ «خُمَاسِيٌّ مُجَرَّدٌ» تە قانچە بولىدۇ؟

ئەسلىي ھەرپلەر «خُمَاسِيٌّ مُجَرَّدٌ» تە بەش بولۇپ، «ف ،ع ، ل ، ل ، ل» نىڭ باراۋىرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «جَحْمَرِشٌ»دېگەنگە ئوخشاش، مانا بۇ «فَعْلَلِلٌ» نىڭ ۋەزنىلىرىدە كەلدى.

ئىسىم ھەرپ سانى جەھەتتىن قانچىگە بۆلۈنىدۇ ؟ قايسىلار ؟

ئىسىم ھەرپ سانى جەھەتتىن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ .

ئۇلار :

1. ئۈچ ھەرپلىك ( ثُلَاثِيٌّ )، مەسىلەن : «زَيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش.

2. تۆت ھەرپلىك (رُبَاعِيٌّ)، مەسىلەن : «جَعْفَرٌ» دېگەنگە ئوخشاش .

3. بەش ھەرپلىك ( خُمَاسِيٌّ)، مەسىلەن : «جَحْمَرِشٌ» دېگەنگە ئوخشاش .

پېئىل ھەرپ سانى جەھەتتىن قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ ؟
پېئىل ھەرپ سانى جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ .
ئۇلار:

1. ئۈچ ھەرپلىك ( ثُلَاثِيٌّ )، مەسىلەن : «ضَرَبَ» دېگەنگە ئوخشاش .

2. تۆت ھەرپلىك (رُبَاعِيٌّ)، مەسىلەن : «دَحْرَجَ» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىللەتلىك ھەرپلەر قانچە؟ قايسىلار؟

ئىللەتلىك (كېسەل) ھەرپلەر ئۈچ بولۇپ، «واو، الف ، يا» قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر .

ئىسىم ۋە پېئىل تەركىبىدە تەكرار ھەرپ، ئىللەتلىك ھەرپ ۋە ھەمزە قاتارلىقلارنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى جەھەتتىن قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

سەككىز قىسىمغا بۆلۈنىدىغان بولۇپ . ئۇلار: «صَحِيْحٌ، مُضَاعَفٌ ، مِثَالٌ ، أَجْوَفٌ ، نَاقِصٌ ، لَفِيْفٌ ، مُلْتَوِيٌّ ،مَهْمُوْزٌ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

صَحِيْحٌ دېگەن نېمە ؟

«ف ، ع ، ل» نىڭ باراۋىرىدە تەكرار ۋە ئىللەتلىك ھەرپلەرنىڭ بولمىغىنىدىن سىرت ھەمزىمۇ بولمىغان كەلىمىنى صَحِيْحٌ دەيمىز. مەسىلەن : « ضَرْبٌ » ۋە «ضَرَبَ » دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇنى گاھىدا «سَالِمٌ» دەپمۇ ئاتايمىز.

مُضَاعَفٌ قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

مُضَاعَفٌ كەلىمىلەر «مُضَاعَفٌ ثُلاَثِيٌّ» ۋە «مُضَاعَفٌ رُبَاعِيٌّ» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ .

«مُضَاعَفٌ ثُلاَثِيٌّ» دېگەن نېمە ؟

«ع ، ل» نىڭ باراۋىرىدە بىر جىنستىن ئىككى ھەرپ بولغان كەلىمىنى «مُضَاعَفٌ ثُلاَثِيٌّ» دەيمىز. مەسىلەن: «فَرٌّ» ۋە «فَرَرَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

«مُضَاعَفٌ رُبَاعِيٌّ» دېگەن نېمە ؟

«ف» بىلەن ئاۋۋالقى «ل» نىڭ، «ع» بىلەن ئىككىنچى «ل» نىڭ باراۋىرىدە بىر جىنستىن ئىككى ھەرپ بولغان كەلىمىنى «مُضَاعَفٌ رُبَاعِيٌّ» دەيمىز. مەسىلەن : «زَلْزَلٌ» ۋە «زَلْزَلَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇلار «فَعْلَلٌ» ۋە «فَعْلَلَ» ۋەزنىدە.

مِثَالٌ دېگەن نېمە ؟

«ف» نىڭ باراۋىرىدە ئىللەتلىك ھەرپ بولغان كەلىمىنى مِثال دەيمىز. مەسىلەن : «وَعْدٌ» ۋە «وَعَدَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش .

اَجْوَفٌ دېگەن نېمە ؟

«ع» نىڭ باراۋىرىدە ئىللەتلىك ھەرپ بولغان كەلىمىنى اَجْوَفٌ دەيمىز. مەسىلەن : «قَوْلٌ» ۋە «قَوَلَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

نَاقِصٌ دېگەن نېمە ؟

«ل» نىڭ باراۋىرىدە ئىللەتلىك ھەرپ بولغان كەلىمىنى نَاقِصٌ دەيمىز. مەسىلەن : «رَمْىٌ» ۋە «رَمَىَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش .

لَفِيْفٌ دېگەن نېمە؟

«ع» بىلەن «ل» نىڭ باراۋىرىدە ئىللەتلىك ھەرپ بولغان كەلىمىنى لَفِيْفٌ دەيمىز. مەسىلەن : «قَوْيٌ» ۋە «قَوِيَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش . بۇنى گاھىدا «لَفِيْفٌ مَقْرُوْنٌ» دەپمۇ ئاتايمىز.

مُلْتَوِىٌّ دېگەن نېمە ؟

«ف» بىلەن «ل» نىڭ باراۋىرىدە ئىللەتلىك ھەرپ بولغان كەلىمىنى مُلْتَوِىٌّ دەيمىز. مەسىلەن : «وَشْيٌ» ۋە «وَشِيَ» دېگەنگە ئوخشاش . بۇنى گاھىدا «لَفِيْفٌ مَفْرُوْقٌ» دەپمۇ ئاتايمىز.

مَهْمُوْزٌ دېگەن نېمە؟

«ف ، ع ، ل» قاتارلىقلاردىن بىرەرىنىڭ باراۋىرىدە ھەمزە بولغان كەلىمىنى مَهْمُوْزٌ دەيمىز. مەسىلەن : «أَخَذَ، سَأَلَ ، قَرَأَ» دېگەنگە ئوخشاش .

سۆزلۈكلەر: فَرْرٌ - قاچماق، فَرَرَ - قاچتى، زَلْزَلٌ - سىلكىنمەك، زَلْزَلَ - سىلكىندى، وَعْدٌ - ۋەدە قىلماق، وَعَدَ - ۋەدە قىلدى، قَوْلٌ - ئېيتماق، دېمەك، قَوَلَ - دېدى، رَمْىٌ - ئاتماق، رَمَىَ - ئاتتى، وَشْيٌ - گەپ توشۇماق، وَشَيَ - گەپ توشۇدى، قَوْيٌ - كۈچى يەتمەك، قَوِيَ - كۈچى يەتتى، أَخَذَ - ئالدى، سَأَلَ - سورىدى، قَرَأَ – ئوقۇدى، وَثَبَ - سەكرىدى، صَرْصَرَ - قاتتىق ئاۋاز قىلدى، عَضَضَ - چىشلىدى .

## إشْتِقَاقٌ
## ياسالما سۆز چىقىرىش

إشْتِقَاقٌ دېگەن نېمە ؟

مەنە ۋە ھەرپ جەھەتتە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتى بولغان ئىككى كەلىمىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن چىقىرىشنى إشْتِقَاقٌ دەيمىز. مەسىلەن : «ضَرْبٌ» دېگەن مەسدەردىن«ضَرَبَ» دېگەن پېئىلنىڭ ئىشتقاق قىلىنغىنىغا ئوخشاش.

ئىسملار ئىشتقاقلىنىش جەھەتتىن قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

ئىسىملار ئىشتقاقلىنىش جەھەتتىن جَامِدٌ (تۇپ ئىسىم) ۋە مَصْدَرٌ (ياسالما ئىسىم) دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ .

جَامِدٌ ئىسىم دېگەن نېمە ؟

ئۆزىدىن ھېچ نەرسىنى ئىشتقاق قىلىپ چىقارمايدىغان ئىسىملارنى «جَامِدٌ» ئىسىم دەيمىز. مەسىلەن : «رَجُلٌ» ۋە «زَيْدٌ» دېگەنلەرگە ئوخشاش .

مَصْدَرٌ ئىسىم دېگەن نېمە ؟

ئۆزىدىن بىر قانچىلىگەن كەلىمىنى ئىشتقاق قىلىپ چىقىرىدىغان ئىسىملارنى «مَصْدَرٌ» ئىسىم دەيمىز. مەسىلەن : «ضَرْبٌ» ۋە «قَتْلٌ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

مەسدەر ئىسىملارنىڭ مەنىسىنىڭ ئاخىرىغا «ماق، مەك» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىدۇ.

مَصْدَرٌ ئىسىملاردىن قانچە خىل كەلىمىنى ئىشتقاق قىلىپ چىقىرىمىز؟ قايسىلار؟

مَصْدَرٌ ئىسىملاردىن ئون ئىككى خىل كەلىمىنى ئىشتقاق قىلىپ چىقىرىمىز . ئۇلار: مَاضِي، مُضَارِعٌ، إسْمُ فَاعِلٍ ، إسْمُ مَفْعُوْلٍ ، جَحَدٌ، نَفِي، أَمْرٌ ، نَهِي، إسْمُ زَمَانٍ إسْمُ مَكَانٍ ، إسْمُ آلَةٍ ، إسْمُ تَفْضِيْلٍ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مَاضِي : ئۆتكەن زامان مەنىسىگە ئىگە بولغان پېئىلدۇر. مەسىلەن: «ضَرَبَ»(ئۇردى) دېگەنگە ئوخشاش .

مُضَارِعٌ : ھازىرقى ۋە كەلگۈسى زامان مەنىلىرىگە ئىگە بولغان پېئىلدۇر. مەسىلەن: «يَضْرِبُ» (ئۇرىۋاتىدۇ ياكى ئۇرىدۇ) دېگەنگە ئوخشاش.

إسْمُ فَاعِلٍ : ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قىلغۇچىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «ضَارِبٌ»(ئۇرغۇچى) دېگەنگە ئوخشاش.

إِسْمُ مَفْعُولٍ : قىلىنغۇچىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «مَضْرُوبٌ» (ئۇرۇلغۇچى) دېگەنگە ئوخشاش.

جَحَدٌ : ئۆتكەن زاماندىكى ئىنكارنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلدۇر. مەسىلەن: «لَمْ يَضْرِبْ»(ئۇرمىدى) دېگەنگە ئوخشاش . بۇ مَاضِي نى ئىنكار قىلىدۇ.

نَفي : ھازىرقى ۋە كەلگۈسى زاماندىكى ئىنكارنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «لايَضْرِبُ»(ئۇرمايۋاتىدۇ ياكى ئۇرمايدۇ) دېگەنگە ئوخشاش . بۇ مُضَارِعٌ نى ئىنكار قىلىدۇ .

أَمْرٌ : بۇيرۇق مەنىسىگە ئىگە پېئىلدۇر. مەسىلەن : «إِضْرِبْ»(ئۇر!) دېگەنگە ئوخشاش.

نَهي : چەكلەش مەنىسىگە ئىگە پېئىلدۇر. مەسىلەن: «لاتَضْرِبْ»(ئۇرمىغىن!) دېگەنگە ئوخشاش. بۇ بۇيرۇق پېئىلنى چەكلەيدۇ.

إِسْمُ زَمَان : ئىش قىلىنغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «مَضْرِبٌ»(ئۇرۇلغان ۋاقىت) دېگەنگە ئوخشاش.

إِسْمُ مَكَان : ئىش قىلىنغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «مَضْرِبٌ»(ئۇرۇلغان ئورۇن) دېگەنگە ئوخشاش.

إِسْمُ آلَةٍ : ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتا ئىشلىتىدىغان قورالنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «مِضْرَابٌ»(ئۇرىدىغان قورال) دېگەنگە ئوخشاش.

إِسْمُ تَفْضِيلٍ : ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنداشتا ئالاھىدىرەك بولغان شەخسنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «أَضْرَبُ»(ئۇرغۇچىراق) دېگەنگە ئوخشاش .

مُتَعَدّي (ئۆتۈملۈك) پېئىل دېگەن نېمە؟

ئورۇندالغاندا ئۆزىنىڭ مَفْعُولٌ بِهِ (تولدۇرغۇچى) سىگە تەسىرى ئۆتكەن پېئىلنى «مُتَعَدّي» پېئىل دەيمىز. مەسىلەن : «ضَرَبَ زَيْدٌعَمْرًوا »(زەيىت ئەمرىنى ئۇردى) دېگەنگە ئوخشاش.

لازِمٌ (ئۆتۈمسىز) پېئىل دېگەن نېمە؟

ئورۇندالغاندا ئۆزىنىڭ مَفْعُولٌ بِهِ سىگە تەسىرى ئۆتمىگەن پېئىلنى «لازِمٌ» پېئىل دەيمىز. مەسىلەن:«جَلَسَ»(ئولتۇردى) دېگەنگە ئوخشاش. بۇ پېئىلنىڭ تەسىرى مَفْعُولٌ بِهِ گە ئەمەس، بەلكى مَفْعُولٌ فِيْهِ (ئورۇن تولدۇرغۇچىسى) غا ئۆتىدۇ.

تەنبىھ : پېئىلنىڭ پائىلى مُذَكّرٌ (ئەر) ياكى مُؤَنّثٌ (ئايال) بولىدۇ. مەسىلەن :«ضَرَبَ زَيْدٌ»(زەيىت ئۇردى)، «ضَرَبَتْ فَاطِمَةُ»(پاتىمە ئۇردى).

پېئىلنىڭ پائىلى بىر ياكى ئىككى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن: «ضَرَبَ»(ئۇردى بىر ئەر)، «ضَرَبَا» (ئۇردى ئىككى ئەر)، «ضَرَبُوا»(كۆپ ئەرلەر ئۇردى) دېگەنگە ئوخشاش.

پېئىلنىڭ پائىلى مُتَكَلّمٌ (سۆزلىگۈچى)، مُخَاطَبٌ (ئاڭلىغۇچى) ۋە غَائِبٌ (ئۈچىنچى شەخس) بولىدۇ. مەسىلەن : «ضَرَبْتُ»(ئۇردۇم)، «ضَرَبْتَ» (ئۇردۇڭ)، «ضَرَبَ»(ئۇردى) دېگەنلەرگە ئوخشاش .

پائىلى مەلۇم بولغان پېئىلنى مَعْلُومٌ (ئېنىق دەرجىدىكى) پېئىل دەيمىز . مەسىلەن : «ضَرَبَ»(ئۇردى) دىگەنگە ئوخشاش .

پائىلى مەلۇم بولمىغان پېئىلنى مَجْهُوْلٌ (مەجھۇل دەرجىدىكى) پېئىل دەيمىز. مەسىلەن: «ضُرِبَ»(ئۇرۇلدى) دېگەنگە ئوخشاش.

مەلۇم پېئىلنى پائىل ئۈچۈن، مەجھۇل پېئىلنى بولسا مەپئۇل ئۈچۈن قۇرۇلدى دەيمىز.

ضَرْبٌ دېگەن مەسدەردىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ:

ضَرَبَ ماضى ، يَضْرِبُ مضارع ، ضَارِبٌ إسم فاعل ، مَضْرُوْبٌ إسم مفعول ، لَمْ يَضْرِبْ جحد ، لا يَضْرِبُ نفى ، إِضْرِبْ أمر حاضر ، لِيَضْرِبْ أمر غائب ، لا تَضْرِبْ نهى ، مَضْرِبٌ إسم زامان إسم ماكان ، مِضْرَابٌ إسم آلة ، أَضْرَبُ إسم تفضيل ٠

## الفعل الماضى

## ئۆتكەن زامان پېئىلى

مَاضِى نىڭ مەلۇم شەكلى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىغىدا كېلىدۇ :

| | | | |
|---|---|---|---|
| ضَرَبَ | ئۇ ئۇردى | واحد مذكر غائبٍ | سىغىسىدا . |
| ضَرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇردى | تثنية مذكر غائبَينِ | سىغىسىدا . |
| ضَرَبُوا | ئۇلار ئۇردى | جمع مذكر غائبِينَ | سىغىسىدا . |
| ضَرَبَتْ | ئۇ ئۇردى (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ | سىغىسىدا . |
| ضَرَبَتَا | ئۇ ئىككىسى ئۇردى (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتَينِ | سىغىسىدا . |
| ضَرَبْنَ | ئۇلار ئۇردى (ئايال) | جمع مؤنث غائباتٍ | سىغىسىدا . |
| ضَرَبْتَ | سەن ئۇردۇڭ | واحد مذكر مخاطب | سىغىسىدا . |
| ضَرَبْتُمَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇردۇڭلار | تثنية مذكر مخاطبَينِ | سىغىسىدا . |
| ضَرَبْتُمْ | سىلەر ئۇردۇڭلار | جمع مذكر مخاطبِينَ | سىغىسىدا . |
| ضَرَبْتِ | سەن ئۇردۇڭ (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىغىسىدا . |
| ضَرَبْتُمَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇردۇڭلار(ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتَينِ | سىغىسىدا . |
| ضَرَبْتُنَّ | سىلەر ئۇردۇڭلار(ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىغىسىدا . |
| ضَرَبْتُ | مەن ئۇردۇم (ئەر ـ ئايالغا ئورتاق) | واحد مُتَكَلِّم | سىغىسىدا . |
| ضَرَبْنَا | بىز ئۇردۇق (ئەر ـ ئايالغا ئورتاق) | جمع مُتَكَلِّم | سىغىسىدا . |

بۇلارنىڭ ئاۋۋالقى ئالتىسى غَائِبٌ (ئۈچىنچى شەخس) ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچى مُذَكَّرٌ (ئەرلىك) ئۈچۈن، كېيىنكى ئۈچى بولسا مُؤَنَّثٌ (ئاياللىق) ئۈچۈن كەلگەن .

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتىسى بولسا مُخَاطَبٌ (ئىككىنچى شەخس) ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچى مُذَكَّرٌ (ئەرلىك) ئۈچۈن ، كېيىنكى ئۈچى بولسا مُؤَنَّثٌ (ئاياللىق) ئۈچۈن كەلگەن .

ئەڭ ئاخىرقى ئىككىسى بولسا مُتَكَلِّمٌ (بىرىنچى شەخس) نىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈكى ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئەر ـ ئايالغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.

مَاضِى پېئىلنى قانداق ئۇسۇلدا مَجْهُوْلٌ قىلىمىز؟

مَاضِى پېئىلنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەر - بىر ھەرىكەتلىك ھەرپىنى زەممەلىك قىلىش ئارقىلىق مَاضِى پېئىلنى مَجْهُوْلٌ قىلىمىز. مەسىلەن : «ضَرَبَ» نى مَجْهُوْلٌ قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپى بولغان «رَ» نى كەسرەلىك قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ضَرِبَ» بولدى، ئىككىنچى قەدەمدە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپ بولغان «ضَ» نى زەممەلىك قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ضُرِبَ» بولدى . مانا بۇ «ضَرَبَ» نىڭ مَجْهُوْلٌ شەكلىدۇر.

مَاضِى نىڭ مەجھۇل شەكلىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ضُرِبَ | ئۇ ئۇرۇلدى | واحد مذكر غائبٍ | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلدى | تثنية مذكر غائبين | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبُوْا | ئۇلار ئۇرۇلدى | جمع مذكر غائبينَ | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبَتْ | ئۇ ئۇرۇلدى (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبَتَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلدى (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتين | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْنَ | ئۇلار ئۇرۇلدى (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتَ | سەن ئۇرۇلدۇڭ | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتُمَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلدۇڭلار | تثنية مذكر مخاطبين | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتُمْ | سىلەر ئۇرۇلدۇڭلار | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتِ | سەن ئۇرۇلدۇڭ (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتُمَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلدۇڭلار (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتين | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتُنَّ | سىلەر ئۇرۇلدۇڭلار (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتُ | مەن ئۇرۇلدۇم | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْنَا | بىز ئۇرۇلدۇق | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

## الفعل المُضَارِع

## ھازىرقى زامان پېئىلى

مُضَارِع نىڭ مەلۇمى قانچە سىيغىدا كېلىدۇ ؟ قايسىلار ؟

مُضَارِع نىڭ مەلۇمى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ :

| | | | |
|---|---|---|---|
| يَضْرِبُ | ئۇ ئۇرىدۇ | واحد مذكر غائبٍ | سىيغىسىدا . |
| يَضْرِبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرىدۇ | تثنية مذكر غائبينِ | سىيغىسىدا . |
| يَضْرِبُونَ | ئۇلار ئۇرىدۇ | جمع مذكر غائبينَ | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبُ | ئۇ ئۇرىدۇ (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرىدۇ (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتَينِ | سىيغىسىدا . |
| يَضْرِبْنَ | ئۇلار ئۇرىدۇ (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| تَجْرِبُ | سەن ئۇرىسەن | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرىسىلەر | تثنية مذكر مخاطبينِ | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبُونَ | سىلەر ئۇرىسىلەر | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبِيْنَ | سەن ئۇرىسەن (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبةٍ | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرىسىلەر (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتَينِ | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبْنَ | سىلەر ئۇرىسىلەر (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| أَضْرِبُ | مەن ئۇرىمەن | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| نَضْرِبُ | بىز ئۇرىمىز | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا. |

يۇقىرىقى سىيغىلارنىڭ ئالدىدىكى «ي ، ت ، أ ، ن» قاتارلىق تۆت ھەرپ مۇزارىئە ھەرپى دەپ ئاتىلىدۇ.

مُضَارِعْ نى قانداق ئۇسۇلدا مەجھۇل قىلىمىز؟

مُضَارِعْ نىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى پەتھەلىك قىلىش ۋە مُضَارِعْ ھەرپىنى زەممەلىك قىلىش ئارقىلىق مەجھۇل قىلىمىز. مەسىلەن : «يَضْرِبُ» نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپى بولغان «رَ» نى فەتھەلىك قىلساق، «يَضْرَبُ» بولىدۇ، ئاندىن مُضَارِعْ ھەرپى بولغان «يـ » نى زەممەلىك قىلساق «يُضْرَبُ» بولىدۇ. مانا بۇ «يُضْرَبُ» نىڭ مەجھۇلىدۇر.

مُضَارِعْ نىڭ مەجھۇلىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| يُضْرَبُ | ئۇ ئۇرۇلىدۇ | واحد مذكر غائبٍ | سىيغىسىدا . |
| يُضْرَبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلىدۇ | تثنية مذكر غائبينِ | سىيغىسىدا . |
| يُضْرَبُونَ | ئۇلار ئۇرۇلىدۇ | جمع مذكر غائبينَ | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبُ | ئۇ ئۇرۇلىدۇ (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلىدۇ (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتينِ | سىيغىسىدا . |
| يُضْرَبْنَ | ئۇلار ئۇرۇلىدۇ (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبُ | سەن ئۇرۇلىسەن | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلىسىلەر | تثنية مذكر مخاطبينِ | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبُونَ | سىلەر ئۇرۇلىسىلەر | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبِيْنَ | سەن ئۇرۇلىسەن (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلىسىلەر (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتينِ | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبْنَ | سىلەر ئۇرۇلىسىلەر (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| أُضْرَبُ | مەن ئۇرۇلىمەن | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| نُضْرَبُ | بىز ئۇرۇلىمىز | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

إسم الفاعل

## ئىنىق سۈپەتداش

سۈلاسى مۇجەررەتتىن ئىسىم پائىل قايسى ۋەزىندە كېلىدۇ؟

سۈلاسى مۇجەررەتتىن ئىسىم پائىل دائىم فَاعِلٌ ۋەزىندە كېلىدۇ. مەسىلەن: «ضَارِبٌ»(ئۇرغۇچى) دېگەنگە ئوخشاش.

تۆۋەندىكىدەك ئالتە سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ضَارِبٌ | ئۇرغۇچى بىر ئەر | واحد مذكر | سىيغىسىدا . |
| ضَارِبَانِ | ئۇرغۇچى ئىككى ئەر | تثنية مذكر | سىيغىسىدا . |
| ضَارِبُونَ | ئۇرغۇچى كۆپ ئەرلەر | جمع مذكر | سىيغىسىدا . |
| ضَارِبَةٌ | ئۇرغۇچى بىر ئايال | واحدة مؤنث | سىيغىسىدا . |
| ضَارِبَتَانِ | ئۇرغۇچى ئىككى ئايال | تثنية مؤنث | سىيغىسىدا . |
| ضَارِبَاتٌ | ئۇرغۇچى كۆپ ئاياللار | جمع مؤنث | سىيغىسىدا . |

جمع مؤنث گاھىدا «ضَوَارِبُ» شەكلىدىمۇ كېلىدىغان بولۇپ، بۇ «فَوَاعِلُ» ۋەزىندە.

سۈلاسى مۇجەررەت بولمىغان كەلىمىلەردىن ئىسىم پائىلنى قانداق ئۇسۇلدا ياسايمىز؟

سۈلاسى مۇجەررەت بولمىغان كەلىمىلەردىن ئىسىم پائىلنى شۇ كەلىمىنىڭ مۇزارىئىسىنىڭ مەلۇمىنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلىش ۋە مۇزارىئە ھەرپىنىڭ ئورنىغا زەممەلىك «مُ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسايمىز. مەسىلەن: «يُكْرِمُ» دىن ئىسىم پائىل ياساش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپى بولغان «ر» نى كەسرەلىك قىلساق «يُكْرِمُ» بولىدى، مۇزارىئە ھەرپى بولغان «يُـ» نىڭ ئورنىغا زەممەلىك «مُ» نى كەلتۈرسەك «مُكْرِمٌ»(ھۆرمەت قىلغۇچى) بولىدى. مانا بۇ اَكْرَمَ، يُكْرِمُ نىڭ ئىسىم پائىلىدۇر.

## صِفَةٌ مُشَبَّهَةٌ

## يېرىم سۈپەتداش

«صِفَةٌ مُشَبَّهَةٌ» دېگەن نېمە؟

لازىم پېئىللارنىڭ بەزىسىدىن ئىسىم پائىلنىڭ ئورنىغا ئىشتىقاق قىلىنىدىغان ئىسمنى «صِفَةٌ مُشَبَّهَةٌ» دەيمىز. مەسىلەن : حَسَنَ ماضى ، يَحْسُنُ مضارع ، حَسَنٌ صِفَةٌ مُشَبَّهَةٌ (چىرايلىق بولغۇچى ) ، لم يَحْسُنْ جحد ، لا يَحْسُنُ نفى ، أُحْسُنْ أمر حاضر ، لِيَحْسُنْ أمر غائب ، لا تَحْسُنْ نهى حاضر، مَحْسَنٌ إسم زمان إسم ماكان ، مِحْسَانٌ إسم آلة ، أَحْسَنُ إسم تفضيل ·

مانا بۇ مىسالدا ئىسىم پائىل ئىشتىقاق قىلىنىشقا تېگىشلىك ئورۇندا «حَسَنٌ» دېگەن «صِفَةٌ مُشَبَّهَةٌ» ئىشتىقاق قىلىنغان.

صِفَةٌ مُشَبَّهَةٌ تۆۋەندىكىدەك ئون سەككىز خىل ۋەزىندە كېلىدۇ:

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى | ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| فَعْلٌ | صَعْبٌ | قىيىن | فَعِيْلٌ | كَرِيْمٌ | ھۆرمەتلىك |
| فِعْلٌ | صِفْرٌ | نۆل | فُعَالٌ | شُجَاعٌ | باتۇر |
| فُعْلٌ | حُرٌّ | ھۆر | فَعَالٌ | جَبَانٌ | قورقۇنچاق |
| فَعَلٌ | حَسَنٌ | چىرايلىق | فَيْعِلٌ | طَيِّبٌ | ياخشى |
| فَعِلٌ | فَطِنٌ | زېرەك | فَيْعَلٌ | صَيْهَدٌ | ئىسسىق |
| فُعُلٌ | جُنُبٌ | جۇنۇپ | فَعْلَالٌ | رَصْرَاصٌ | مۇستەھكەم |
| فَعْلَانٌ | عَطْشَانٌ | ئۇسسۇز | فُعْلَانٌ | عُرْيَانٌ | يالىڭاچ |
| فُعْلى | حُبْلى | ھامىلدار | اَفْعَلُ | اَعْرَجُ | ئاقساق |
| فَعْلَاءُ | وَجْنَاءُ | كۈچلۈك تۆگە | فَعْلى | عَطْشى | ئۇسسۇز خوتۇن |

## إسم المفعول

## مەجهۇل سۈپەتداش

سۇلاسى مۇجەررەت بولغان كەلىمىلەردىن ئىسىم مەپئۇل قايسى ۋەزىندە كېلىدۇ؟

سۇلاسى مۇجەررەت بولغان كەلىمىلەردىن ئىسىم مەپئۇل «مَفْعُوْلٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «مَضْرُوْبٌ» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ تۆۋەندىكىدەك ئالتە سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| مَضْرُوْبٌ | ئۇرۇلغۇچى بىر ئەر | واحد مذكر | سىيغىسىدا . |
| مَضْرُوْبَانِ | ئۇرۇلغۇچى ئىككى ئەر | تثنية مذكر | سىيغىسىدا . |
| مَضْرُوْبُوْنَ | ئۇرۇلغۇچى كۆپ ئەرلەر | جمع مذكر | سىيغىسىدا . |
| مَضْرُوْبَةٌ | ئۇرۇلغۇچى بىر ئايال | واحدة مؤنث | سىيغىسىدا . |
| مَضْرُوْبَتَانِ | ئۇرۇلغۇچى ئىككى ئايال | تثنية مؤنث | سىيغىسىدا . |
| مَضْرُوْبَاتٌ | ئۇرۇلغۇچى كۆپ ئاياللار | جمع مؤنث | سىيغىسىدا . |

جمع مؤنث گاھىدا «مَضَارِبُ» نىڭ شەكلىدىمۇ كېلىدۇ.

سۇلاسى مۇجەررەت بولمىغان كەلىمىلەردىن ئىسىم مەپئۇلنى قانداق ئۇسۇلدا ياسايمىز؟

سۇلاسى مۇجەررەت بولمىغان كەلىمىلەردىن ئىسىم مەپئۇلنى شۇ كەلىمىنىڭ مۇزارىئەسىنىڭ مەجهۇلىنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى فەتھەلىك قىلىش ۋە مۇزارىئە ھەرپىنىڭ ئورنىغا زەممەلىك «مُ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسايمىز. مەسىلەن: «يُكْرَمُ» دىن ئىسىم مەپئۇل ياساش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپى بولغان «رَ» نى فەتھەلىك قىلساق «يُكْرَمُ» بولدى، مۇزارىئە ھەرپى بولغان «يُ» نىڭ ئورنىغا زەممەلىك «مُ» نى كەلتۈرسەك «مُكْرَمٌ» بولدى. مانا بۇ أَكْرَمَ ، يُكْرِمُ نىڭ ئىسىم مەپئۇلىدۇر.

الفعل الجحد

## ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلى

جەھەت پېئىلى قانداق ياسىلىدۇ؟

جەھەت پېئىلى مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئالدىغا «لَـمْ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: «لَمْ يَضْرِبْ» دېگەنگە ئوخشاش.

«لَـمْ» مۇزارىئەنىڭ ئالدىغا كەلسە ئۇنىڭ مەنە ۋە شەكىللىرىگە قانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ؟

«لَمْ» مۇزارىئەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مۇزارىئە پېئىلىنىڭ مەنىسىنى مازىغا يۆتكەش بىلەن بىرگە ئىنكارنى ئىپادىلەيدۇ، شەكىل جەھەتتىن ئاخىرى سەھىھ بولغان پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىدىن ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ناقىس بولغان پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىدىن ئىللەتلىك ھەرپىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ۋە تەسنى جەمئىلەرنىڭ نۇنلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئەمما، جەمئى مۇئەننەسنىڭ نۇنى جەمئىلىكنىڭ بەلگىسى بولغانلىقتىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

جەھەت پېئىلىنىڭ مەلۇمى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| لَمْ يَضْرِبْ | ئۇ ئۇرمىدى | واحد مذكر غائبٍ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ يَضْرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرمىدى | تثنية مذكر غائبِين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ يَضْرِبُوْا | ئۇلار ئۇرمىدى | جمع مذكر غائبِينَ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبْ | ئۇ ئۇرمىدى (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرمىدى (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتِين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ يَضْرِبْنَ | ئۇلارئۇرمىدى (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبْ | سەن ئۇرمىدىڭ | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرمىدىڭلار | تثنية مذكر مخاطبِين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبُوْا | سىلەر ئۇرمىدىڭلار | جمع مذكر مخاطبِينَ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبِيْ | سەن ئۇرمىدىڭ (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرمىدىڭلار (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتِين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبْنَ | سىلەر ئۇرمىدىڭلار (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| لَمْ أَضْرِبْ | مەن ئۇرمىدىم | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| لَمْ نَضْرِبْ | بىز ئۇرمىدۇق | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

جەھەت پېئىلىنىڭ مەجھۇلى قانداق ياسىلىدۇ؟

جەھەت پېئىلى مۇزارىئەنىڭ مەجھۇلىنىڭ ئالدىغا «لَمْ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

جەھەت پېئىلىنىڭ مەجھۇلىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| لَمْ يُضْرَبْ | ئۇ ئۇرۇلمىدى | واحد مذكر غائبٌ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ يُضْرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلمىدى | تثنية مذكر غائبَينِ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ يُضْرَبُوْا | ئۇلار ئۇرۇلمىدى | جمع مذكر غائبِينَ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبْ | ئۇ ئۇرۇلمىدى (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٌ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلمىدى (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتَينِ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ يُضْرَبْنَ | ئۇلار ئۇرۇلمىدى (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبْ | سەن ئۇرۇلمىدىڭ | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلمىدىڭلار | تثنية مذكر مخاطبَينِ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبُوْا | سىلەر ئۇرۇلمىدىڭلار | جمع مذكر مخاطبِينَ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبِيْ | سەن ئۇرۇلمىدىڭ (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلمىدىڭلار (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتَينِ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبْنَ | سىلەر ئۇرۇلمىدىڭلار (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| لَمْ أُضْرَبْ | مەن ئۇرۇلمىدىم | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| لَمْ نُضْرَبْ | بىز ئۇرۇلمىدۇق | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

## الفعل النفي

## كېلىچەك زامان بولۇشسىز پېئىلى

**نەفى پېئىلى قانداق ياسىلىدۇ؟**

نەفى پېئىلى مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئالدىغا «لا» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ئۇ مۇزارىئەنىڭ مەنىسىنى نەفى قىلىدۇ. مەسىلەن : «لا يَضرِبُ»(ئۇ ئۇرمايدۇ) دېگەنگە ئوخشاش.

نەفى پېئىلى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| لا يَضْرِبُ | ئۇ ئۇرمايدۇ | واحد مذكر غائبٍ | سىيغىسىدا . |
| لا يَضْرِبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرمايدۇ | تثنية مذكر غائبينِ | سىيغىسىدا . |
| لا يَضْرِبُونَ | ئۇلار ئۇرمايدۇ | جمع مذكر غائبينَ | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبُ | ئۇ ئۇرمايدۇ (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرمايدۇ (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتينِ | سىيغىسىدا . |
| لا يَضْرِبْنَ | ئۇلار ئۇرمايدۇ (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبُ | سەن ئۇرمايسەن | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرمايسىلەر | تثنية مذكر مخاطبينِ | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبُونَ | سىلەر ئۇرمايسىلەر | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبِيْنَ | سەن ئۇرمايسەن (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبةٍ | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرمايسىلەر (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتينِ | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبْنَ | سىلەر ئۇرمايسىلەر (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| لا أَضْرِبُ | مەن ئۇرمايمەن | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| لا نَضْرِبُ | بىز ئۇرمايمىز | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

نەفى پېئىلنىڭ مەجھۇلى قانداق ياسىلىدۇ؟

نەفى پېئىلى مۇزارىئە پېئىلنىڭ مەجھۇلنىڭ ئالدىغا «لا» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

نەفى پېئىلنىڭ مەجھۇلى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| لا يُضْرَبُ | ئۇ ئۇرۇلمايدۇ | واحد مذكر غائبٍ | سىيغىسىدا . |
| لا يُضْرَبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلمايدۇ | تثنية مذكر غائبينِ | سىيغىسىدا . |
| لا يُضْرَبُونَ | ئۇلار ئۇرۇلمايدۇ | جمع مذكر غائبينَ | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبُ | ئۇ ئۇرۇلمايدۇ (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلمايدۇ (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتَينِ | سىيغىسىدا . |
| لا يُضْرَبْنَ | ئۇلار ئۇرۇلمايدۇ (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبُ | سەن ئۇرۇلمايسەن | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلمايسىلەر | تثنية مذكر مخاطبينِ | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبُونَ | سىلەر ئۇرۇلمايسىلەر | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبِيْنَ | سەن ئۇرۇلمايسەن (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلمايسىلەر (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتَينِ | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبْنَ | سىلەر ئۇرۇلمايسىلەر (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| لا أُضْرَبُ | مەن ئۇرۇلمايمەن | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| لا نُضْرَبُ | بىز ئۇرۇلمايمىز | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

## الفعل الأمر

## بۇيرۇق پېئىلى

ئەمىر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

ئەمىر هازىر ۋە ئەمىر غائىب دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن : «إِضْرِبْ»(ئۇر!) «لِيَضْرِبْ»(ئۇ ئۇرسۇن!) دېگەنگە ئوخشاش.

## أمر حاضر

## ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

ئەمىر هازىرنى قانداق ئۇسۇلدا ياسايمىز ؟

ئەمىر هازىرنى مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئالتە مۇخاتەب سىيغىسىدىن پايدىلىنىپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ياسايمىز.

بىرىنچى باسقۇچتا مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا قارايمىز، ئەگەر سەھىھ بولسا ساكىن قىلىمىز . ئىللەتلىك ھەرپ بولسا ئىللەتلىك ھەرپىنىڭ ئۆزىنى تاشلايمىز. مەسىلەن :

تَضْرِبُ ، تَرْمِيُ ، تَمْنَعُ ، تَقْتُلُ ، تُدَحْرِجُ ئەسلي ھالىتى .

تَضْرِبْ ، تَرْمِ ، تَمْنَعْ ، تَقْتُلْ ، تُدَحْرِجْ ئاخىرىسى جەزمى قىلىنغان ھالىتى.

ئىككىنچى باسقۇچتا مۇزارىئە ھەرپىنى تاشلايمىز، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولسا ئەمىر هازىرنى ياساپ بولغان بولىمىز . مەسىلەن :

تُدَحْرِجْ ئاخىرىسى جەزمى قىلىنغان ھالىتى.

دَحْرِجْ (يۇمىلات!) مۇزارىئە ھەرپى تاشلىنىپ ئەمىر ئېلىش تامام بولغان ھالىتى .

ئەگەر تاشلانغان مۇزارىئە ھەرپىدىن كېيىنكى ھەرپ ساكىنلىك بولسا پېئىلنىڭ «ع» نىنىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىگە قارايمىز، ئەگەر ئۇنىڭ ھەرىكىتى فەتھەلىك ياكى كەسرەلىك بولسا پېئىلنىڭ ئالدىغا كەسرەلىك ھەمزىنى كەلتۈرىمىز. مەسىلەن :

تَضْرِبْ ، تَرْمِ ، تَمْنَعْ ، تَقْتُلْ ئاخىرىسى جەزمى قىلىنغان ھالىتى .

ضْرِبْ ، رْمِ ، مْنَعْ جەزمى قىلىنغان ۋە مۇزارىئە ھەرپىمۇ تاشلانغان ھالىتى.

إِضْرِبْ ، إِرْمِ ، إِمْنَعْ ئەمىر ئېلىش تامام بولغان ھالىتى .

ئەگەر پېئىلنىڭ «ع» نىنىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولسا پېئىلنىڭ ئالدىغا زەممەلىك ھەمزىنى كەلتۈرىمىز. مەسىلەن :

تَقْتُلُ ئاخىرىسى جەزمى قىلىنغان ھالىتى .

قْتُلْ جەزمى قىلىنغان ۋە مۇزارىئە ھەرپىمۇ تاشلانغان ھالىتى .

أُقْتُلْ (ئۆلتۈر!) ئەمىر ئېلىش تامام بولغان ھالىتى .

ئەمىر ھازىر تۆۋەندىكىدەك ئالتە سىيغىدا كېلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| إِضْرِبْ | ئۇر ! | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇڭلار! | تثنية مذكر مخاطبِين | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبُوا | ئۇرۇڭلار! | جمع مذكر مخاطبِينَ | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبِيْ | ئۇر! (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇڭلار ! (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتِين | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبْنَ | ئۇرۇڭلار! (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |

## أمر غائب

## ئۈچىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

ئەمر غائىب قانداق ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ ؟

ئەمر غائىب مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئالدىغا كەسرەلىك «لِ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن : «لِيَضْرِبْ» دېگەنگە ئوخشاش.

«لِ» مۇزارىئەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ مەنە ۋە شەكىللىرىدە قانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ؟

«لِ» مۇزارىئەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ مەنىسىنى خەۋەر بېرىشتىن تەلەپ قىلىشقا يۆتكەپ بۇيرۇق مەنىسىنى قوشىدۇ، شەكىل جەھەتتىن ئاخىرى سەھىھ بولغان پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىدىن ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى، ناقىس بولغان پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىدىن ئىللەتلىك ھەرپىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ۋە تەسنى جەمئىيلەرنىڭ نۇنلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ئەمما جەمئىي مۇئەننەسنىڭ نۇنى جەمئىيلىكنىڭ بەلگىسى بولغانلىقتىن ئۇنى چۈشۈرمەيدۇ .

ئەمر غائىبنىڭ مەلۇمى تۈۋەندىكىدەك سەككىز سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| لِيَضْرِبْ | ئۇ ئۇرسۇن ! | واحد مذكر غائبٍ | سىيغىسىدا . |
| لِيَضْرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرسۇن ! | تثنية مذكر غائبَينِ | سىيغىسىدا . |
| لِيَضْرِبُوْا | ئۇلار ئۇرسۇن ! | جمع مذكر غائبِينَ | سىيغىسىدا . |
| لِتَضْرِبْ | ئۇ ئۇرسۇن ! (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ | سىيغىسىدا . |
| لِتَضْرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرسۇن ! (ئايال) | تثنية مؤنث غائبَتَينِ | سىيغىسىدا . |
| لِيَضْرِبْنَ | ئۇلار ئۇرسۇن ! (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| لِأَضْرِبْ | مەن ئۇراي ! | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| لِنَضْرِبْ | بىز ئۇرايلى ! | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

ئەمر غائىبنىڭ مەجھۇلى قانداق ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ؟

ئەمر غائىب مۇزارىئە پېئىلىنىڭ مەجھۇلىنىڭ ئالدىغا كەسرەلىك «لِ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «لِيُضْرَبْ» دېگەنگە ئوخشاش.

ئەمر غائىبنىڭ مەجھۇلى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| لِيُضْرَبْ | ئۇ ئۇرۇلسۇن! | واحد مذكر غائبٍ | سىغىسىدا . |
| لِيُضْرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلسۇن! | تثنية مذكر غائبين | سىغىسىدا . |
| لِيُضْرَبُوْا | ئۇلار ئۇرۇلسۇن! | جمع مذكر غائبينَ | سىغىسىدا . |
| لِتُضْرَبْ | ئۇ ئۇرۇلسۇن! (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ | سىغىسىدا . |
| لِتُضْرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلسۇن! (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتين | سىغىسىدا . |
| لِيُضْرَبْنَ | ئۇلار ئۇرۇلسۇن! (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىغىسىدا . |
| لِتُضْرَبْ | سەن ئۇرۇلغىن! | واحد مذكر مخاطب | سىغىسىدا . |
| لِتُضْرَبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلۇڭلار! | تثنية مذكر مخاطبين | سىغىسىدا . |
| لِتُضْرَبُوْا | سىلەر ئۇرۇلۇڭلار! | جمع مذكر مخاطبينَ | سىغىسىدا . |
| لِتُضْرَبِيْ | سەن ئۇرۇلغىن! (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىغىسىدا . |
| لِتُضْرَبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلۇڭلار! (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتين | سىغىسىدا . |
| لِتُضْرَبْنَ | سىلەر ئۇرۇلۇڭلار! (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىغىسىدا . |
| لِأُضْرَبْ | مەن ئۇرۇلاي! | واحد مُتَكَلِّم | سىغىسىدا . |
| لِنُضْرَبْ | بىز ئۇرۇلايلى! | جمع مُتَكَلِّم | سىغىسىدا . |

الفعل النهي

## چەكلەش پېئىلى

نەھى پېئىلى قانداق ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ ؟

نەھى پېئىلى مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئالدىغا «لاَ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ .

مەسىلەن : «لاَيَضْرِبْ» دېگەنگە ئوخشاش .

«لاَ» مۇزارىئەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ مەنە ۋە شەكىللىرىدە قانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ؟

«لاَ» مۇزارىئەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ مەنىسىنى خەۋەر بېرىشتىن تەلەپ قىلىشقا يۆتكەپ چەكلەش مەنىسىنى قوشىدۇ، شەكىل جەھەتتىن ئاخىرى سەھىھ بولغان پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىدىن ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ناقىس بولغان پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىدىن ئىللەتلىك ھەرپىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ۋە تەسنى جەمئىلەرنىڭ نۇنلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ئەمما جەمئى مۇئەننەسنىڭ نۇنى جەمئىلىكنىڭ بەلگىسى بولغانلىقتىن ئۇنى چۈشۈرمەيدۇ .

نەھى پېئىلى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ :

| | | | |
|---|---|---|---|
| لا يَضْرِبْ | ئۇ ئۇرمىسۇن! | واحد مذكر غائبٍ | سىيغىسىدا . |
| لا يَضْرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرمىسۇن! | تثنية مذكر غائبِينِ | سىيغىسىدا . |
| لا يَضْرِبُوا | ئۇلار ئۇرمىسۇن! | جمع مذكر غائبِينَ | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبْ | ئۇ ئۇرمىسۇن! (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرمىسۇن! (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتَينِ | سىيغىسىدا . |
| لا يَضْرِبْنَ | ئۇلار ئۇرمىسۇن! (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبْ | سەن ئۇرمىغىن! | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرماڭلار! | تثنية مذكر مخاطبِينِ | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبُوا | سىلەر ئۇرماڭلار! | جمع مذكر مخاطبِينَ | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبِيْ | سەن ئۇرمىغىن! (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبةٍ | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرماڭلار ! (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتَينِ | سىيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبْنَ | سىلەر ئۇرماڭلار! (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| لا أَضْرِبْ | مەن ئۇرماي ! | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| لا نَضْرِبْ | بىز ئۇرمايلى! | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

نەھى پېئىلىنىڭ مەجھۇلى قانداق ياسىلىدۇ ؟

نەھى پېئىلى مۇزارىئە پېئىلىنىڭ مەجھۇلىنىڭ ئالدىغا «لا» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ .

نەھى پېئىلىنىڭ مەجھۇلى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| لا يُضْرَبْ | ئۇ ئۇرۇلمىسۇن! | واحد مذكر غائبٍ | سىيغىسىدا . |
| لا يُضْرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلمىسۇن! | تثنية مذكر غائبينِ | سىيغىسىدا . |
| لا يُضْرَبُوا | ئۇلار ئۇرۇلمىسۇن! | جمع مذكر غائبينَ | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبْ | ئۇ ئۇرۇلمىسۇن! (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلمىسۇن! (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتَينِ | سىيغىسىدا . |
| لا يُضْرَبْنَ | ئۇلار ئۇرۇلمىسۇن! (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبْ | سەن ئۇرۇلمىغىن! | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلماڭلار! | تثنية مذكر مخاطبينِ | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبُوا | سىلەر ئۇرۇلماڭلار! | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبِي | سەن ئۇرۇلمىغىن! (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلماڭلار! (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتَينِ | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبْنَ | سىلەر ئۇرۇلماڭلار! (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| لا أُضْرَبْ | مەن ئۇرۇلماي! | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| لا نُضْرَبْ | بىز ئۇرۇلمايلى! | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

## نونا التّأكيد

## تەكىتلىنىش نۇنى

تەكىتلىنىش نۇنى دېگەن نېمە ؟

كېلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەخىرىسىغا قوشۇلىدىغان نۇننى تەكىتلىنىش نۇنى دەيمىز. مەسىلەن : « إِضْرِبَنْ »(چوقۇم ئۇرغىن!)، « إِضْرِبَنَّ »(چوقۇم ئۇرغىن جۇمۇ!) دېگەنگە ئوخشاش.

تەكىتلىنىش نۇنلىرى قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

تەكىتلىنىش نۇنلىرى نۇنى تەكىت خەفىفە ۋە نۇنى تەكىت سەقىلە دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

نۇنى تەكىت خەفىفە دېگەن نېمە ؟

نۇنى تەكىت خەفىفە دېگىنىمىز ساكىنلىق نۇندۇر. مەسىلەن: « إِضْرِبَنْ »(چوقۇم ئۇرغىن!) دېگەنگە ئوخشاش .

نۇنى تەكىت سەقىلە دېگەن نېمە؟

نۇنى تەكىت سەقىلە دېگىنىمىز تەشتىتلىك نۇندۇر. مەسىلەن : « إِضْرِبَنَّ »(چوقۇم ئۇرغىن جۇمۇ!) دېگەنگە ئوخشاش .

نۇنى تەكىت خەفىفە قايسى سىيغىلارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ؟

نۇنى تەكىت خەفىفە پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىنىڭ ۋە جەمئى مۇزەككەرلىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| إِضْرِبَنْ | چوقۇم ئۇرغىن! | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبُنْ | چوقۇم ئۇرۇڭلار! | جمع مذكر مخاطبِينَ | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبِنْ | چوقۇم ئۇرغىن! (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |

نۇنى تەكىت سەقىلە قايسى سىيغىلارغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ؟

نۇنى تەكىت سەقىلە كېلەچەك زامان پېئىلىنىڭ ھەممە سىيغىسىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| إِضْرِبَنَّ | چوقۇم ئۇرغىن جۇمۇ ! | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبَانِّ | سىلەر ئىككىڭلار چوقۇم ئۇرۇڭلار جۇمۇ! | تثنية مذكر مخاطبين | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبُونَّ | چوقۇم ئۇرۇڭلار جۇمۇ! | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبِنَّ | چوقۇم ئۇرغىن جۇمۇ! (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبَانِّ | سىلەر ئىككىڭلار چوقۇم ئۇرۇڭلار جۇمۇ! (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتين | سىيغىسىدا. |
| إِضْرِبْنَانِّ | چوقۇم ئۇرۇڭلار جۇمۇ! (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |

تەنبىھ : ئەمىر غائىب ۋە نەھى قاتارلىقلارنى يۇقىرىقى مىسالغا قىياس قىلسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن : لِيَضْرِبَنْ (ئۇ چوقۇم ئۇرسۇن !) ، لِيَضْرِبَنَّ (ئۇ چوقۇم ئۇرسۇن جۇمۇ!)، لاَيَضْرِبَنْ (ئۇ ھەرگىز ئۇرمىسۇن!)، لاَيَضْرِبَنَّ ( ئۇ ھەرگىز ئۇرمىسۇن جۇمۇ!) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## إسم زمان و إسم ماكان

## ۋاقىت ۋە ئورۇن ئىسمدىشى

ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان سۇلاسى مۇجەررەتنىڭ يَفْعِلُ بابىدىن ۋە مىسال بولغان كەلىمىلەردىن كۆپىنچە «مَفْعِلٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «مَضْرِبٌ» (ئۇرىدىغان ئورۇن ياكى ئۇرىدىغان ۋاقىت)، «مَوعِدٌ» (ۋەدە قىلىدىغان ئورۇن ياكى ۋەدە قىلىدىغان ۋاقىت) دېگەنگە ئوخشاش.

ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان سۇلاسى مۇجەررەتنىڭ يَفْعِلُ بابىدىن باشقا بابلاردىن ۋە ناقىس بولغان كەلىمىلەردىن كۆپىنچە «مَفْعَلٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «مَنْصَرٌ»(ياردەم قىلىدىغان ئورۇن ياكى ياردەم قىلىدىغان ۋاقىت)، «مَرْمَيٌ»(ئاتىدىغان ئورۇن ياكى ئاتىدىغان ۋاقىت) دېگەنگە ئوخشاش.

ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان سۇلاسى مۇجەررەتتىن باشقا بابلاردىن شۇ بابنىڭ ئىسىم مەپئۇلىنىڭ ۋەزنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «مُكْرَمٌ»(هۆرمەت قىلىدىغان ئورۇن ياكى هۆرمەت قىلىدىغان ۋاقىت)، «مُفَرَّحٌ ، مُدَحْرَجٌ ، مُتَدَحْرَجٌ» دېگەنگە ئوخشاش .

ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان تۆۋەندىكىدەك ئۈچ سىيغىدا كېلىدۇ :

| | | | |
|---|---|---|---|
| مَضْرِبٌ | ئۇرىدىغان بىر ئورۇن ياكى ئۇرىدىغان بىر ۋاقىت | واحد | سىيغىسىدا . |
| مَضْرِبَانِ | ئۇرىدىغان ئىككى ئورۇن ياكى ئۇرىدىغان ئىككى ۋاقىت | تثنية | سىيغىسىدا . |
| مَضَارِبُ | ئۇرىدىغان كۆپ ئورۇن ياكى ئۇرىدىغان كۆپ ۋاقىت | جمع | سىيغىسىدا . |

## إسم الآلة

## ۋاستە ئىسمدىشى

ئىسىم ئالەت سۇلاسى مۇجەررەتتىن قايسى ۋەزنىدە كېلىدۇ؟

ئىسىم ئالەت سۇلاسى مۇجەررەتتىن «مِفْعَلٌ»، «مِفْعَلَةٌ» ۋە «مِفْعَالٌ» ۋەزنىلىرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : مِصْطَرٌ (سىزغۇچ) ، مِكْنَسَةٌ ( سۇپۇرگە)، مِفْتَاحٌ (ئاچقۇچ) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

| | | | |
|---|---|---|---|
| مِضْرَابٌ | ئۇرىدىغان قورال | واحد | سىيغىسىدا . |
| مِضْرَابَانِ | ئۇرىدىغان ئىككى قورال | تثنية | سىيغىسىدا . |
| مَضَارِبُ | ئۇرىدىغان قوراللار | جمع | سىيغىسىدا . |

تەنبىھ : ئىسىم ئالەت سۇلاسى مۇجەررەتتىن باشقا بابلاردىن كەلمەيدۇ .

إسم التفضيل

## ئاشۇرما سۈپەتداش

ئىسىم تەفزىيل سۈلاسى مۇجەررەتتىن قايسى ۋەزىندە كېلىدۇ؟

ئىسىم تەفزىيل سۈلاسى مۇجەررەتتىن ئەرلەر ئۈچۈن «أَفْعَلُ» ۋەزىندە، ئاياللار ئۈچۈن «فُعْلي» ۋەزىندە كېلىدۇ. مەسىلەن: «أَضْرَبُ» (ئۇرغۇچىراق )، «ضُرْبى» (ئۇرغۇچىراق ئايال) دېگەنگە ئوخشاش.

ئىسىم تەفزىيل تۆۋەندىكىدەك ئالتە سىيغىدا كېلىدۇ :

| | | | |
|---|---|---|---|
| أَضْرَبُ | ئۇرغۇچىراق كىشى | واحد مذكر | سىيغىسىدا. |
| أَضْرَبَانِ | ئۇرغۇچىراق ئىككى كىشى | تثنية مذكر | سىيغىسىدا. |
| أَضْرَبُونَ | ئۇرغۇچىراق كىشىلەر | جمع مذكر | سىيغىسىدا. |
| ضُرْبَى | ئۇرغۇچىراق ئايال | واحدة مؤنث | سىيغىسىدا. |
| ضُرْبَيَانِ | ئۇرغۇچىراق ئىككى ئايال | تثنية مؤنث | سىيغىسىدا. |
| ضُرْبَيَاتٌ | ئۇرغۇچىراق ئاياللار | جمع مؤنث | سىيغىسىدا. |

تەنبىھ : ئىسىم تەفزىيل سۈلاسى مۇجەررەتتىن باشقا بابلاردا كەلمەيدۇ .

فصل  ابواب الأفعال

## پېئىللارنىڭ بابلىرى ھەققىدىكى پەسىل

ئەرەب تىلىدا ئىستېمال قىلىنىدىغان پېئىللار سۇلاسى مۇجەررەت، سۇلاسى مەزىت، رۇبائى مۇجەررەت ۋە رۇبائى مەزىت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ .

بۇ تۆت قىسىم يىگىرمە ئىككى بابقا بۆلۈنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى سۇلاسى مۇجەررەت ئالتە بابقا بۆلۈنىدۇ . ئۇلار :

1) فَعَلَ - يَفْعِلُ   2) فَعَلَ - يَفْعُلُ   3) فَعَلَ - يَفْعَلُ   4) فَعِلَ - يَفْعَلُ   5) فَعِلَ - يَفْعِلُ

6) فَعُلَ - يَفْعُلُ . قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بىز تۆۋەندە ئالدى بىلەن مۇشۇ ئالتە باب بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ ئۆتىمىز، ئاندىن كېيىن قالغان ئون ئالتە باب بىلەن تونۇشىمىز.

### بىرىنچى باب

سۇلاسى مۇجەررەتنىڭ بىرىنچى بابى فَعَلَ ، يَفْعِلُ بابى بولۇپ، بۇ بابنىڭ مەستىرى تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل ۋەزىندە كېلىدۇ .

| ۋەزنلەر | مىساللار | مەنىلىرى | ۋەزىنلەر | مىساللار | مەنىلىرى |
|---|---|---|---|---|---|
| فَعْلٌ | ضَرْبٌ | ئۇرماق | فَعِلٌ | نَبِحٌ | قاۋىماق |
| فُعُوْلٌ | جُلُوْسٌ | ئولتۇرماق | فَعْلاَنٌ | لَوْيَانٌ | ئەگمەك |
| فِعْلٌ | كِذْبٌ | يالغان سۆزلىمەك | فِعَالٌ | صِرَافٌ | قايتۇرماق |
| فَعَلَةٌ | غَلَبَةٌ | غەلىبە قىلماق | فَعَالٌ | قَضَاءٌ | ھۆكۈم قىلماق |
| فِعَالَةٌ | حِمَايَةٌ | قوغدىماق | فُعَلٌ | هُدَىٌ | توغرا يولنى كۆرسەتمەك |
| فُعْلاَنٌ | غُفْرَانٌ | كەچۈرمەك | فِعْلاَنٌ | عِصْيَانٌ | ئاسى بولماق |

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال ضَرَبَ ، يَضْرِبُ بولۇپ بۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتتى .

تۆۋەندە بىز مۇشۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسالنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز .

بىرىنچى بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال فَرَّ ، يَفِرُّ بولۇپ مەستىرى فِرَارٌ (قاچماق) كىلىدۇ، بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ.

فَرَّ ماضى، يَفِرُّ مضارع ، فَارٌّ إسم فاعل ، مَفْرُوْرٌ إسم مفعول ، لم يَفِرَّ جحد ، لاَيَفِرُّ نفى ، فِرَّ أمر حاضر ، لِيَفِرَّ أمر غائب ، لاَتَفِرَّ نهى ، مَفَرٌّ إسم زامان إسم ماكان ، مِفْرَارٌ إسم آلة ، أَفَرُّ إسم تفضيل .

## الفعل الماضى

## ئۆتكەن زامان پېئىلى

فَرَّ نىڭ ئەسلىيىسى فَرَرَ بولۇپ، ئاۋۋالقى «رَ» نىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىساق فَرْرَ بولدى، ئاۋۋالقى «رْ» نى ئىككىنچى «رْ» غا ئىدغام (كىرىشتۈرسەك) قىلساق فَرَّ (ئۇ قاچتى) بولدى.

بىرىنچى قائىدە : ئوخشاش بولغان ئىككى ھەرپ بىر يەردە بولۇپ ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق، ئىككىنچىسى ھەرىكەتلىك بولسا ئاۋۋالقىسىنى ئىككىنچىسىگە ئىدغام قىلىمىز.

بۇ بابنىڭ مازىسى فَرَّ بولۇپ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

فَرَّ ، فَرَّا ، فَرُّوْا ، فَرَّتْ ، فَرَّتَا ، فَرَرْنَ ، فَرَرْتَ ، فَرَرْتُمَا ، فَرَرْتُمْ ، فَرَرْتِ ، فَرَرْتُمَا ، فَرَرْتُنَّ ، فَرَرْتُ ، فَرَرْنَا .

فَرَّ نىڭ مەجھۇلى فُرَّ كېلىدۇ .

فَرَّ نى مەجھۇل قىلىش ئۇچۇن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرىمىز . شۇنىڭ بىلەن فَرَرَ بولدى، ئۇنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلساق فَرِرَ بولدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق فُرِرَ بولدى، ئاۋۋالقى «رِ» نىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋەتسەك فُرْرَ بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئاۋۋالقى «رْ» نى ئىككىنچى «رَ» غا ئىدغام قىلساق فُرَّ (ئۇ قاچۇرۇلدى) بولدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

فُرَّ ، فُرَّا ، فُرُّوْا ، فُرَّتْ ، فُرَّتَا ، فُرِرْنَ ، فُرِرْتَ ، فُرِرْتُمَا ، فُرِرْتُمْ ، فُرِرْتِ ، فُرِرْتُمَا ، فُرِرْتُنَّ ، فُرِرْتُ ، فُرِرْنَا .

مۇزائەپ سۇلاسىنىڭ ئاۋۋالقى بەش سىيغىسىدىلا ئىدغام قىلىش زۆرۈر، ئەمما قالغان سىيغىلىرىدا ئىدغام قىلىشقا بولمايدۇ .

الفعل المُضَارِع

## هازىرقى زامان پېئىلى

يَفِرُّ ئەسلىدە يَفْرِرُ ئىدى، ئاۋۋالقى «رِ» نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يَفِرْرُ بولدى، ئاۋۋالقى «رْ» نى ئىككىنچى «رُ» غا ئىدغام قىلساق يَفِرُّ (ئۇ قاچىدۇ) بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

يَفِرُّ ، يَفِرَّانِ ، يَفِرُّوْنَ ، تَفِرُّ ، تَفِرَّانِ ، يَفْرِرْنَ ، تَفِرُّ ، تَفِرَّانِ ، تَفِرُّوْنَ ، تَفِرِّيْنَ ، تَفِرَّانِ ، تَفْرِرْنَ ، أَفِرُّ ، نَفِرُّ.

يَفِرُّ نىڭ مەجھۇلى يُفَرُّ كېلىدۇ.

يَفِرُّ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرساق يَفْرِرُ بولدى، ئۇنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى فەتھەلىك قىلساق يَفْرَرُ بولدى، مۇزارىئە ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق يُفْرَرُ بولدى، ئۇنى ئىدغام قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋالقى «رَ» نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يُفَرْرُ بولدى، ئاۋۋالقى «رْ» نى ئىككىنچى «رُ» غا ئىدغام قىلساق يُفَرُّ (ئۇ قاچۇرۇلىدۇ) بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

يُفَرُّ ، يُفَرَّانِ ، يُفَرُّوْنَ ، تُفَرُّ ، تُفَرَّانِ ، يُفْرَرْنَ ، تُفَرُّ ، تُفَرَّانِ ، تُفَرُّوْنَ ، تُفَرِّيْنَ ، تُفَرَّانِ ، تُفْرَرْنَ ، أُفَرُّ ، نُفَرُّ.

مۇزائەپ سۇلاسىنىڭ مۇزارىئەسىنىڭ غائىبات ۋە مۇخاتەبات سىيغىلىرىدىن باشقا سىيغىلىرىنى ئىدغام قىلىش زۆرۈر.

ئىدغام قىلغاندا ئوخشاش ئىككى ھەرپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ھەرىكەتلىك ياكى مەد ھەرپى بولۇپ قالسا ئوخشاش بولۇپ قالغان ئىككى ھەرپىنىڭ ئاۋۋالقىسىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىمىز، ئەگەر، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولۇپ قالسا ئوخشاش بولۇپ قالغان ئىككى ھەرپىنىڭ ئاۋۋالقىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ساكىنلىق ھەرپكە بېرىمىز . مەسىلەن : فَرَرَ فَارِرٌ يَفْرِرُ

فَرْرَ فَارْرٌ يَفِرْرُ

## إسم الفاعل

## ئىنىق سۈپەتداش

فَرَّ ، يَفِرُّ دىن ئىسىم پائىل فَارٌّ كېلىدىغان بولۇپ، بۇ ئەسلىدە فَارِرٌ ئىدى، ئاۋۋالقى «رِ» نىڭ ئالدىدىكى «ا» مەد ھەرپى بولۇپ قالغانلىقتىن ئاۋۋالقى «رِ» نىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋەتسەك فَارْرٌ بولدى، ئاۋۋالقى «رِ» نى ئىككىنچى «رٌ» غا ئىدغام قىلساق فَارٌّ (قاچقۇچى) بولدى. ئۇنىڭ سىيغىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

فَارٌّ ، فَارَّانِ ، فَارُّوْنَ ، فَارَّةٌ ، فَارَّتَانِ ، فَارَّاتٌ ・

## إسم المفعول

## مەجھۇل سۈپەتداش

فَرَّ يَفِرُّ دىن ئىسىم مەپئۇل مَفْرُوْرٌ (قاچۇرۇلغۇچى) كېلىدىغان بولۇپ ئۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مَفْرُوْرٌ ، مَفْرُوْرَانِ ، مَفْرُوْرُوْنَ ، مَفْرُوْرَةٌ ، مَفْرُوْرَتَانِ، مَفْرُوْرَاتٌ .

## الفعل الجحد

## ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلى

بىرىنچى بابنىڭ مۇزائەپ سۈلاسىلىرى جەزمى قىلىنغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاخىرىنى فەتھەلىك ، كەسرەلىك ۋە ئىدغامنى ئايرىپ ساكىنلىق ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئوقۇش دۇرۇس.

مەسىلەن : لَمْ يَفِرَّ ، لَمْ يَفِرِّ ، لَمْ يَفْرِرْ ، فِرَّ ، فِرِّ ، إِفْرِرْ ( قاچقىن ! ) دېگەنگە ئوخشاش .

جەھەتنىڭ لَمْ يَفِرَّ ، لَمْ يَفِرِّ ، لَمْ يَفْرِرْ (ئۇ قاچمىدى)، دىن ئىبارەت ئۈچ خىل كېلىشى دۇرۇس .

جەھەتنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لَمْ يَفِرَّ، لَمْ يَفِرَّا ، لَمْ يَفِرُّوْا ، لَمْ تَفِرَّ ، لَمْ تَفِرَّا ، لَمْ يَفْرِرْنَ ، لَمْ تَفِرَّ ، لَمْ تَفِرَّا ، لَمْ تَفِرُّوْا ، لَمْ تَفِرِّىْ ، لَمْ تَفِرَّا ، لَمْ تَفْرِرْنَ ، لَمْ أَفِرَّ ، لَمْ نَفِرَّ.

جەھەتنىڭ مەجھۇلى لَمْ يُفَرَّ ، لَمْ يُفَرِّ ، لَمْ يُفْرَرْ (ئۇ قاچۇرۇلمىدى) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل كېلىشى دۇرۇس. ئۇنىڭ سىيغىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لَمْ يُفَرَّ، لَمْ يُفَرَّا ، لَمْ يُفَرُّوْا ، لَمْ تُفَرَّ ، لَمْ تُفَرَّا ، لَمْ يُفْرَرْنَ ، لَمْ تُفَرَّ ، لَمْ تُفَرَّا ، لَمْ تُفَرُّوْا ، لَمْ تُفَرِّىْ ، لَمْ تُفَرَّا ، لَمْ تُفْرَرْنَ ، لَمْ أُفَرُّ ، لَمْ نُفَرُّ.

## الفعل النفي

## كېلىچەك زامان بولۇشسىز پېئىلى

نەفى لاَيَفِرُّ (ئۇ قاچمايدۇ) كېلىدۇ.

لاَيَفِرُّ ، لاَ يَفِرَّانِ ، لاَيَفِرُّوْنَ ، لاَتَفِرُّ ، لاَتَفِرَّانِ ، لاَ يَفْرِرْنَ ، لاَتَفِرُّ ، لاَتَفِرَّانِ ، لاَتَفِرُّوْنَ ، لاَتَفِرِّيْنَ ، لاَتَفِرَّانِ ، لاَتَفْرِرْنَ ، لاَأَفِرُّ ، لاَنَفِرُّ.

نەفىنىڭ مەجھۇلى لاَيُفَرُّ (ئۇ قاچۇرۇلمايدۇ) كېلىدۇ . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لاَيُفَرُّ ، لاَيُفَرَّانِ ، لاَيُفَرُّوْنَ ، لاَتُفَرُّ ، لاَتُفَرَّانِ ، لاَيُفْرَرْنَ ، لاَتُفَرُّ ، لاَتُفَرَّانِ ، لاَتُفَرُّوْنَ ، لاَتُفَرِّيْنَ ، لاَتُفَرَّانِ ، لاَتُفْرَرْنَ ، لاَأُفَرُّ ، لاَنُفَرُّ.

## الفعل الأمر

## بۇيرۇق پېئىلى

ئەمرى هازىر فِرَّ (قاچقىن!) كېلىدۇ .

فِرَّ تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ :

ئاۋۋال بۇ پېئىلنىڭ مۇزارىئەسىنىڭ مۇخاتەب سىيغىسى بولغان تَفِرُّ نىڭ ئاخىرىغا قارىساق ئىدغاملىق بولۇپ ئۇنى ئۇچ خىل ئوقۇش دورۇس بولىدى، شۇنىڭ بىلەن فەتھەنى تالىلىدۇق، تَفِرَّ بولدى، مۇزارىئە ھەرپى بولغان «تَـ » نى تاشلىساق ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولغانلىقتىن ئەمرى فِرَّ بولدى . ئۇنىڭ سىيغىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

فِرَّ ، فِرَّا ، فِرُّوْا ، فِرِّيْ ، فِرَّا ، اِفْرِرْنَ .

ئۇنىڭغا تەكىتنىڭ نۇنلىرىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

نۇن تەكىت خەفىفىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى :

فِرَّنْ (چوقۇم قاچقىن!) ، فِرُّنْ (چوقۇم قېچىڭلار!) ، فِرِّنْ (چوقۇم قاچقىن!) (ئايال).

ئۇنىڭغا نۇن تەكىت سەقىلەنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى: فِرَّنَّ ، فِرَّانِّ ، فِرُّنَّ ، فِرِّنَّ ، فِرَّانِّ ، اِفْرِرْنَانِّ .

تەنبىھ : ئەمرى غائىب ۋە نەھىلەرنىڭ تۈرلىنىشى جەھەتىنىڭ تۈرلىنىشى بىلەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ.

إسم زمان و إسم ماكان

**ۋاقىت ۋە ئورۇن ئىسىمدىشى**

فَرَّ ، يَفِرُّ نىڭ ئىسىم زامان، ئىسىم ماكانى مَفِرٌّ (قاچىدىغان ئورۇن ياكى قاچىدىغان ۋاقىت) كېلىدۇ .

**ئۇنىڭ سىيغىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :**

مَفِرٌّ ، مَفِرَّانِ ، مَفَارِرُ.

إسم الآلة

**ۋاستە ئىسىمدىشى**

فَرَّ ، يَفِرُّ نىڭ ئىسىم ئالىتى مِفْرَارٌ (قاچىدىغان قورال) كېلىدۇ . ئۇنىڭ سىيغىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مِفْرَارٌ ، مِفْرَارَانِ ، مَفَارِيْرُ .

إسم التفضيل

**ئاشۇرما سۈپەتداش**

فَرَّ ، يَفِرُّ نىڭ ئىسىم تەفزىيلى أَفَرُّ (قاچقۇچىراق كىشى) كېلىدۇ. ئۇنىڭ سىيغىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

أَفَرُّ ، أَفَرَّانِ ، أَفَرُّوْنَ ، فُرّى ، فُرَّيَانِ ، فُرَّيَاتٌ .

بىرىنچى بابنىڭ مىسال بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال وَثَبَ ، يَثِبُ بولۇپ، مەستىرى وَثْبًا ، ثِبَةً (سەكرىمەك) كېلىدۇ .

تەنبىھ : بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋىلىرىنىڭ مەستەرلىرىنىڭ ئالدىدىكى «وَ» ھەرپىنى ھەزىپ قىلىپ ئاخىرىغا «ةً» ھەرپىنى كەلتۈرۈش دۇرۇس . مەسىلەن : ثِبَــةً دېگەنگە ئوخشاش . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ:

وَثَبَ ماضى ، يَثِبُ مضارع، وَاثِبٌ إسم فاعل ، مَوْثُوْبٌ إسم مفعول ، لم يَثِبْ جحد ، لاَيَثِبُ نفى ، ثِبْ أمر حاضر ، لِيَثِبْ أمر غائب ، لاَتَثِبْ نهى ، مَوْثِبٌ إسم زامان ، إسم ماكان ، مِيْثَابٌ إسم آلة ، أَوْثَبُ إسم تفضيل.

## الفعل الماضی
## ئۆتكەن زامان پېئىلى

ئۇنىڭ مازىسىنىڭ تۈرلىنىشى ضَرَبَ نىڭ تۈرلىنىشى بىلەن تامامەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ !

## الفعل المُضَارِع
## هازىرقى زامان پېئىلى

ئۇنىڭ مۇزارىئەسى يَثِبُ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى يَوْثِبُ ئىدى، «وْ» كەسرەلىك ھەرپ بىلەن «يَـ» نىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەنلىكتىن ئۇنى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَثِبُ (ئۇ سەكرەيدۇ) قالدى.
ئىككىنچى قائىدە: ئەرەب تىلىدا ئاشكارا ياكى تەقدىرى بولغان كەسرە بىلەن فەتھەلىك ھالەتتىكى مۇزارىئە ھەرپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن «وْ» ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ .

مەسىلەن : يَثِبُ ، يَضَعُ .

يَضَعُ ئەسلىدە يَوْضَعُ ئىدى، «و» كەسرەسى تەقدىر قىلىنىدىغان «ض» بىلەن مۇزارىئە ھەرپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەنلىكتىن ئۇنى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَضَعُ قالدى .

ئەمما، كەسرەلىك ھەرپ ئۆزگىرىپ كەتسە «وْ» ئەسلىگە قايتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن : يُوْثَبُ دېگەنگە ئوخشاش .
تەنبىھ : مىسال ۋاۋنىڭ ئىسىم پائىل، ئىسىم مەپئۇل، جەھەت، نەفى، ئەمىر ھازىر، ئەمىر غائىب، نەھى، ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان ۋە ئىسىم تەفزىيل قاتارلىقلارنى يۇقىرىدا ئۆتۈلگەن قائىدىلەرگە ئاساسەن تۈرلەپ چىقىرىۋېلىڭ !

## إسم الآلة
## ۋاستە ئىسمىدىشى

وَثَبَ ، يَثِبُ نىڭ ئىسىم ئالىتى مِيْثَابٌ كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە مِوْثَابٌ ئىدى، «وْ» ساكىنلىق ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولۇپ قالغانلىقتىن «وْ» نى «يـ» غا يۆتكىسەك مِيْثَابٌ (سەكرەيدىغان قورال) بولدى.

ئۈچىنچى قائىدە: «وْ» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولسا «وْ» نى «يْ» غا يۆتكەيمىز.

بىرىنچى بابنىڭ مىسال بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال يَسَرَ ، يَيْسِرُ بولۇپ، مەستىرى يَسْرًا، مَيْسَرَةً ( قىمار ئوينىماق ) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ .

يَسَرَ ماضى ، يَيْسِرُ مضارع ، يَاسِرٌ إسم فاعل، مَيْسُورٌ إسم مفعول، لم يَيْسِرْ جحد، لا يَيْسِرُ نفى، إِيسِرْ أمر حاضر، لِيَيْسِرْ أمر غائب، لا تَيْسِرْ نهى، مَيْسِرٌ إسم زمان إسم ماكان، مِيْسَارٌ إسم آلة، أَيسَرُ إسم تفضيل .

يَيْسِرُ نىڭ مەجھۇلى يُوسَرُ كېلىدۇ، بۇ ئەسلىيدە يُيْسَرُ بولۇپ، ئىككىنچى «يْ» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولغانلىقتىن «يْ» نى «و» غا يۆتكىدۇق شۇنىڭ بىلەن يُوسَرُ بولدى.

تۆتىنچى قائىدە : «يْ» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولسا «يْ» نى «و» غا يۆتكەيمىز .

بىرىنچى بابنىڭ ئەجۋەف بولغان كەلىمىلەرگە بېرىلگەن مىسال بَاعَ، يَبِيْعُ بولۇپ، مەسدىرى بَيْعٌ (ساتماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ.

بَاعَ ماضى، يَبِيْعُ مضارع ، بَائِعٌ إسم فاعل ، مَبِيْعٌ إسم مفعول ، لم يَبِعْ جحد، لا يَبِيْعُ نفى ، بِعْ أمر حاضر ، لِيَبِعْ أمر غائب ، لا تَبِعْ نهى ، مَبِيْعٌ إسم زمان إسم مكان ، مِبَاعٌ إسم آلة ، أَبَاعُ إسم تفضيل .

بَاعَ ئەسلىدە بَيَعَ بولۇپ «يْ» ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «يْ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك بَاعَ بولدى .

بەشىنچى قائىدە : «و» ۋە «يْ» قاتارلىق ھەرپلەر ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولسا بۇ ھەرپلەرنى «ا» كە يۆتكەيمىز . قَالَ ، بَاعَ دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇلار ئەسلىدە قَوَلَ ، بَيَعَ ئىدى .

## الفعل الماضی

## ئۆتكەن زامان پېئىلى

بَاعَ نىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

بَاعَ ، بَاعَا ، بَاعُوا ، بَاعَتْ ، بَاعَتَا ، بِعْنَ ، بِعْتَ ، بِعْتُمَا ، بِعْتُمْ ، بِعْتِ ، بِعْتُمَا ، بِعْتُنَّ ، بِعْتُ ، بِعْنَا .

بِعْنَ ئەسلىدە بَيَعْنَ بولۇپ فَعَلَ نىڭ «ع» نىنىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغان ئەجۆەف يايىنى كەسرەلىك بولغان ئەجۆەف يايىغا يۆتكىۆەتسەك بَيِعْنَ بولدى، «يـ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن «يـ» نىڭ كەسرەسىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك بِيْعْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر ئورۇندا جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يـ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك بِعْنَ قالدى .

ئالتىنچى قائىدە : ساكىنلىق بولغان ئىككى ھەرپ بىر يەردە جۇغلىشىپ قالسا ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى ھەزىپ قىلىۋېتىمىز .

بَاعَ نىڭ مەجھۇلى بِيْعَ كېلىدۇ.

بَاعَ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرساق بَيَعَ بولدى، ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلساق بَيِعَ بولدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتلىك ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق بُيِعَ بولدى، «يـ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «يـ» نىڭ كەسرەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك بِيْعَ بولدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

بِيْعَ ، بِيْعَا ، بِيْعُوا ، بِيْعَتْ ، بِيْعَتَا ، بِعْنَ ، بِعْتَ ، بِعْتُمَا ، بِعْتُمْ ، بِعْتِ ، بِعْتُمَا ، بِعْتُنَّ ، بِعْتُ ، بِعْنَا .

بِعْنَ ئەسلىدە بِيِعْنَ بولۇپ «يـ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «يـ» نىڭ كەسرەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك بِيْعْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىريەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يـ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك بِعْنَ قالدى . قالغان سىيغىلارنىمۇ مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ.

## الفعل المُضَارِع

## هازىرقى زامان پېئىلى

يَبِيْعُ ، يَبِيْعَانِ ، يَبِيْعُونَ ، تَبِيْعُ ، تَبِيْعَانِ ، يَبِعْنَ ، تَبِيْعُ ، تَبِيْعَانِ ، تَبِيْعُونَ ، تَبِيْعِيْنَ ، تَبِيْعَانِ ، تَبِعْنَ ، أَبِيْعُ ، نَبِيْعُ .

يَبِعْنَ بىلەن تَبِعْنَ ئەسلىدە يَبْيِعْنَ ۋە تَبْيِعْنَ بولۇپ، «يـ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كەسرەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يَبِيْعْنَ ۋە تَبِيْعْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يـ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَبِعْنَ ۋە تَبِعْنَ قالدى .

يَبِيْعُ نىڭ مەجھۇلى يُبَاعُ كېلىدۇ .

يَبِيْعُ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرساق يَبْيِعُ بولدى، ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى فەتھەلىك قىلساق يَبْيَعُ بولدى، مۇزارىئە ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق يُبْيَعُ بولدى، «يـ» نىڭ فەتھەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يُبَيْعُ بولدى، «يـ» ئەسلى ھەرىكەتلىك ئىدى ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولدى، شۇڭا «يـ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك يُبَاعُ بولدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

يُبَاعُ ، يُبَاعَانِ ، يُبَاعُونَ ، تُبَاعُ ، تُبَاعَانِ ، يُبَعْنَ ، تُبَاعُ ، تُبَاعَانِ ، تُبَاعُونَ ، تُبَاعِيْنَ ، تُبَاعَانِ ، تُبَعْنَ ، أُبَاعُ ، نُبَاعُ .

## إسم الفاعل

## ئىنىق سۈپەتداش

بَاعَ ، يَبِيْعُ نىڭ ئىسىم پائىلى بَائِعٌ بولۇپ بۇ ئەسلىدە بَايِعٌ ئىدى، بۇ كەلىمىدىكى «يـ» زائىت ھەرپ دەپ قارىلىدىغان «ا» تىن كېيىن كەلگەنلىكتىن «يـ» نى «ء» گە يۆتكىسەك بَائِعٌ بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

بَائِعٌ ، بَائِعَانِ ، بَائِعُونَ ، بَائِعَةٌ ، بَائِعَتَانِ ، بَائِعَاتٌ .

يەتتىنچى قائىدە : «و» ۋە «يـ» قاتارلىق ھەرپلەر زائىت ھېسابلىنىدىغان «ا» تىن كېيىن كەلسە ئۇلارنى ھەمزىگە يۆتكەيمىز . مىسال: قَائِلٌ ، بَائِعٌ دېگەنگە ئوخشاش، بۇلارنىڭ ئەسلىيسى قَاوِلٌ ، بَايِعٌ ئىدى .

تەنبىھ : ئىسىم مەپئۇل، ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان ۋە مەسدەر مىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مَبِيْعٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

## إسم المفعول

## مەجھۇل سۈپەتداش

بَاعَ ، يَبِيْعُ نىڭ ئىسىم مەپئۇلى مَبِيْعٌ بولۇپ، بۇ ئەسلىدە مَبْيُوعٌ ئىدى، «يْ» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممىسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك مَبُيْوْعٌ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك مَبُيْعٌ بولدى «يْ» نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلساق مَبِيْعٌ قالدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مَبِيْعٌ ، مَبِيْعَانِ مَبِيْعُونَ ، مَبِيْعَةٌ ، مَبِيْعَتَانِ ، مَبِيْعَاتٌ ، مَبَائِعٌ .

## الفعل الجحد

## ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلى

لم يَبِعْ جەھەت بولۇپ، بۇ ئەسلىدە لم يَبْيِعْ ئىدى، «يْ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كەسرەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك لم يَبِيْعْ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يْ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك لم يَبِعْ قالدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لم يَبِعْ ، لم يَبِيْعَا ، لم يَبِيْعُوا ، لم تَبِعْ ، لم تَبِيْعَا ، لم يَبِعْنَ ، لم تَبِعْ ، لم تَبِيْعَا ، لم تَبِيْعُوا، لم تَبِيْعِى ، لم تَبِيْعَا ، لم تَبِعْنَ ، لم أَبِعْ ، لم نَبِعْ .

## أمر حاضر

## ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

بَاعَ ، يَبِيْعُ دىن ئەمىر ھازىر بِعْ كېلىدۇ . بۇنى تَبِيْعُ دىن پايدىلىنىپ ئالىمىز، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھەرپى سەھىھ بولغانلىقتىن ساكىنلىق قىلىۋەتسەك تَبِيْعْ بولدى، مۇزارىئە ھەرپىنى تاشلىۋەتسەك بِيْعْ قالدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يْ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك بِعْ قالدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

بِعْ ، بِيْعَا، بِيْعُوا ، بِيْعِى ، بِيْعَا ، بِعْنَ .

بِعْنَ ئەسلىدە اِبْيِعْنَ ئىدى، «يْـ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كەسرەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك اِبِيْعْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يْـ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك اِبِعْنَ قالدى، ھەمزىدىن كېيىنكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇ ھەمزىنى ھەزىپ قىلىۋەتسەك بِعْنَ قالدى. بۇنىڭغا تەكىتنىڭ نۇنلىرى تۇتاشقاندا «ع» نىڭ باراۋىرىدىكى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن ھەرپ ئەسلىگە قايتۇرۇلىدۇ.

مەسىلەن : بِيْعَنْ ، بِيْعَنَّ .

ئەمىر غائىب ۋە نەھىنىڭ مەلۇم ۋە مەجھۇل سىيغىلىرىنى جەھەتنىڭ مەلۇم ۋە مەجھۇل سىيغىلىرىغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

## إسم زمان و إسم ماكان
## ۋاقىت ۋە ئورۇن ئىسمىدىشى

بَاعَ ، يَبِيْعُ دىن ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان مَبِيْعٌ كېلىدۇ. بۇ ئەسلىدە مَبْيِعٌ ئىدى، «يْـ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كەسرەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك مَبِيْعٌ بولدى .

بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مَبِيْعٌ ، مَبِيْعَانِ ، مَبَائِعُ.

مَبَائِعُ نىڭ ئىئلالى بَائِعٌ نىڭ ئىئلالى بىلەن ئوخشاش .

## إسم الآلة
## ۋاستە ئىسمىدىشى

بَاعَ ، يَبِيْعُ نىڭ ئىسىم ئالىتى مِبَاعٌ كېلىدۇ. بۇ ئەسلىدە مِبْيَعٌ ئىدى، «يْـ» نىڭ فەتھەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەردۇق، مِبَيْعٌ بولدى «يْـ» ئەسلىي ھەرىكەتلىك ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولدى، شۇڭا «يْـ» نى «ا» كە يۆتكىسەك مِبَاعٌ بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : مِبَاعٌ ، مِبَاعَانِ ، مَبَائِعُ .

إسم التفضيل

**ئاشۇرما سۈپەتداش**

بَاعَ ، يَبِيْعُ نىڭ ئىسىم تەفزىيلى اَبَاعُ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىئلالىنى مِبَاعٌ نىڭ ئىئلالىغا قىياس قىلىۋېلىڭ . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

اَبَاعُ، اَبَاعَانِ ، اَبَاعُونَ ، بُوعى ، بُوعَيَانِ ، بُوعَيَاتٌ .

بُوعى ئەسلىدە بُيْعى بولۇپ «يْـ» ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولغانلىقتىن «يْـ» نى «و» غا يۆتكىۋەتسەك بُوعى بولغان .

بىرىنچى بابنىڭ ناقىسى بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال رَمى، يَرْمِى بولۇپ مەسدىرى رَمْىٌ ، رِمَايَةٌ (ئاتماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

رَمى ماضى ، يَرْمِى مضارع ، رَامٍ إسم فاعل ، مَرْمِىٌّ إسم مفعول ، لم يَرْمِ جحد، لا يَرْمِى نفى، اِرْمِ أمر حاضر ، لِيَرْمِ أمر غائب ، لا تَرْمِ نهى، مَرْمًى إسم زمان إسم مكان ، مِرْمًى إسم آلة ، اَرْمى إسم تفضيل .

الفعل الماضى

**ئۆتكەن زامان پېئىلى**

رَمى نىڭ ئەسلىيسى رَمَىَ بولۇپ «يـَ» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «يـَ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك رَمى بولدى، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

رَمى، رَمَيَا ، رَمَوْا ، رَمَتْ ، رَمَتَا ، رَمَيْنَ ، رَمَيْتَ ، رَمَيْتُمَا ، رَمَيْتُمْ ، رَمَيْتِ ، رَمَيْتُمَا ، رَمَيْتُنَّ ، رَمَيْتُ ، رَمَيْنَا .

رَمَوْا ئەسلىدە رَمَيُوْا بولۇپ «يُـ» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «يـ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك رَمَاوْا بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «ا» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك رَمَوْا قالدى .

رَمَتْ ، رَمَتَا قاتارلىقلار ئەسلىدە رَمَيَتْ ، رَمَيَتَا بولۇپ «يـَ» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «يـَ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك رَمَاتْ ، رَمَاتَا بولدى، ساكىنلىق

ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «ا» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك رَمَتْ ، رَمَتَا بولدى . رَمَتَا نىڭ «تَ» سى ئەسلىدە مۇئەننەسنىڭ ساكىنلىق «تْ» سى بولسىمۇ ئۇنىڭدىن كېيىن «ا» كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭغا فەتھە ھەرىكەت بېرىلگەن شۇڭا ئۇ ساكىنلىق ھەرپنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

رَمى نىڭ مەجھۇلى رُمِيَ كېلىدۇ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

رُمِيَ ، رُمِيَا ، رُمُوا ، رُمِيَتْ ، رُمِيَتَا ، رُمِيْنَ ، رُمِيْتَ ، رُمِيْتُمَا ، رُمِيْتُمْ ، رُمِيْتِ ، رُمِيْتُمَا ، رُمِيْتُنَّ ، رُمِيْتُ ، رُمِيْنَا .

رُمُوا ئەسلىدە رُمِيُوْا ئىدى، زەممە «يُ» غا ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلاپ «يُ» نىڭ زەممەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك رُمُيْوْا بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يْ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك رُمُوا قالدى.

## الفعل المُضَارِع
## ھازىرقى زامان پېئىلى

يَرْمِى ئەسلىدە يَرْمِيُ بولۇپ «يُ» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممىسىنى تاشلىۋەتسەك يَرْمِى بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

يَرْمِى ، يَرْمِيَانِ ، يَرْمُوْنَ ، تَرْمِى ، تَرْمِيَانِ ، يَرْمِيْنَ ، تَرْمِى ، تَرْمِيَانِ ، تَرْمُوْنَ ، تَرْمِيْنَ ، تَرْمِيَانِ ، تَرْمِيْنَ ، اَرْمِى ، نَرْمِى .

يَرْمُوْنَ ، تَرْمُوْنَ قاتارلىقلار ئەسلىدە يَرْمِيُوْنَ ، تَرْمِيُوْنَ بولۇپ، زەممە «يُ» غا ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «يُ» نىڭ زەممەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك يَرْمُيْوْنَ ، تَرْمُيْوْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يْ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَرْمُوْنَ ، تَرْمُوْنَ قالدى.

تَرْمِيْنَ ئەسلىدە تَرْمِيِيْنَ ئىدى، كەسرە «يِ» غا ئېغىر كەلگەنلىكتىن «يِ» نىڭ كەسرەسىنى تاشلىۋەتسەك تَرْمِيْيْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن ئاۋۋالقى «يْ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك تَرْمِيْنَ قالدى.

يَرْمِى نىڭ مەجھۇلى يُرْمى كېلىدۇ . بۇنىڭ ئەسلىيسى يُرْمَىُ بولۇپ، «يْـ» ھەرىكەتلىك بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «يْـ» نى «ا» كە يۆتكىسەك يُرْمى بولدى، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

يُرْمى، يُرْمَيَانِ ، يُرْمَوْنَ ، تُرْمى ، تُرْمَيَانِ ، يُرْمَيْنَ ،تُرْمى ، تُرْمَيَانِ ، تُرْمَوْنَ ، تُرْمَيْنَ ، تُرْمَيَانِ ، تُرْمَيْنَ ، أُرْمى ، نُرْمى.

## إسم الفاعل
## ئىنىق سۈپەتداش

ئىسىم پائىل رَامٍ كېلىدۇ، بۇ ئەسلىدە رَامِىٌ ئىدى، «يِـ» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممەسىنى تاشلىۋەتسەك رَامِيْنْ بولدى، بۇ كەلىمىدە تەنۋىن بىلەن «يْـ» دىن ئىبارەت ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن «يْـ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك رَامٍ قالغان، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

رَامٍ ، رَامِيَانِ ، رَامُوْنَ ، رَامِيَةٌ ، رَامِيَاتَانِ ، رَامِيَاتٌ .

رَامُوْنَ نىڭ ئىئلالىنى يَرْمُوْنَ نىڭ ئىئلالىغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

## إسم المفعول
## مەجھۇل سۈپەتداش

مَرْمِىٌّ ئىسىم مەپئۇل بولۇپ بۇ ئەسلىدە مَرْمُوْىٌ ئىدى، بىركەلىمىدە «و» بىلەن «يـ» بىر يەردە جۈغلىشىپ قالدى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق ھالەتتە كەلدى، شۇڭا «و» نى «يـ» غا يۆتكىۋەتسەك مَرْمُيْىٌ بولدى، ئىككى«يـ» نى ئىدغام قىلىۋەتسەك مَرْمُىٌّ بولدى، «يـ» نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنى كەسرەلىك قىلساق مَرْمِىٌّ بولدى.

سەككىزىنچى قائىدە : بىر كەلىمىدە «و» بىلەن «يْـ» بىر يەردە كەلسە ۋە ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق بولسا «و» نى «يـ» غا يۆتكەيمىز .

بۇ قائىدىنى ئىشلىتىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل شەرتى بار :

بىرىنچى: كەلىمىنىڭ «و» ھەرپى باشقا ھەرپلەردىن يۆتكەلمىگەن بولۇشى كېرەك . سُوْيِرٌ دېگەن كەلىملەردىكى «و» ھەرپى «ا» تىن يۆتكەلگەنلىكتىن بۇ «و» نى «يـ» غا يۆتكەشكە بولمايدۇ .

ئىككىنچى : كەلىمە  أَفْعَلَ  ۋەزنىدە بولماسلىقى كېرەك . أَيوَمَ دېگەن كەلىمە أَفْعَلَ  ۋەزنىدە بولۇپ قالغانلىقتىن بۇنىڭدىكى «و» نى «ي» غا يۆتكەشكە بولمايدۇ.

ئۈچىنچى: كەلىمە ئەلەم (خاس) ئىسىم بولماسلىقى كېرەك . حَيْوَةٌ  دېگەن كەلىمە مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئىسمى بولغانلىقتىن بۇ كەلىمىدىكى «و» نى «ي» غا يۆتكەشكە بولمايدۇ .

تۆتىنچى: كەلىمىدىكى «ي» تەسغىرنىڭ  «ي» سى بولماسلىقى كېرەك . جُدَيْوِلٌ دېگەن كەلىمىدىكى «ي» تەسغىرنىڭ «ي» سى بولغانلىقتىن بۇ كەلىمىدىكى «و» نى «ي» غا يۆتكەشكە بولمايدۇ .

ئىسىم مەپئۇلنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مَرْمِيٌّ، مَرْمِيَّانِ ، مَرْمِيُّوْنَ ، مَرْمِيَّةٌ ، مَرْمِيَّتَانِ ، مَرْمِيَّاتٌ .

الفعل الجحد

ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلى

لَمْ يَرْمِ  جەھەت بولۇپ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لَمْ يَرْمِ ، لَمْ يَرْمِيَا ، لَمْ يَرْمُوْا ، لَمْ تَرْمِ ، لَمْ تَرْمِيَا ، لَمْ يَرْمِيْنَ ، لَمْ تَرْمِ ، لَمْ تَرْمِيَا ، لَمْ تَرْمُوْا ، لَمْ تَرْمِي ، لَمْ تَرْمِيَا ، لَمْ تَرْمِيْنَ ، لَمْ أَرْمِ ، لَمْ نَرْمِ .

جەھەتنىڭ مەجھۇلى لَمْ يُرْمَ  كېلىدۇ . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

لَمْ يُرْمَ ، لَمْ يُرْمَيَا ، لَمْ يُرْمَوْا ، لَمْ تُرْمَ ، لَمْ تُرْمَيَا ، لَمْ يُرْمَيْنَ ، لَمْ تُرْمَ ، لَمْ تُرْمَيَا ، لَمْ تُرْمَوْا ، لَمْ تُرْمَي ، لَمْ تُرْمَيَا ، لَمْ تُرْمَيْنَ ، لَمْ أُرْمَ ، لَمْ نُرْمَ .

نەفىنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرى مۇزارىئەنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

أمر حاضر

ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

ئەمىر هازىر إِرْمِ كېلىدۇ .

إِرْمِ نى تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇلدا ياسايمىز :

بىرىنچى قەدەمدە مۇزارىئەنىڭ مۇخاتەب سىغىسى بولغان تَرْمِى نىڭ ئاخىرىدىكى ئىللەتلىك هەرپىنى تاشلىۋەتسەك تَرْمِ قالدى، ئاندىن مۇزارىئە هەرپى بولغان «تـ» نى تاشلىۋەتسەك رْمِ قالدى، فَعَلَ نىڭ «ع» نىنىڭ باراۋىرىدىكى هەرپ كەسرەلىك بولغانلىقتىن كەلمىنىڭ ئالدىغا كەسرەلىك هەمزىنى كەلتۈرسەك إِرْمِ بولدى. بۇنىڭ سىغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

إِرْمِ ، ارْمِيَا ، ارْمُوا ، ارْمِى ، ارْمِيَا ، ارْمِيْنَ .

ئۇنىڭغا تەكىتنىڭ نۇنلىرىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

نۇن تەكىت خەفىفىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى: إِرْمِيَنْ ، إِرْمُنْ ، إِرْمِنْ .

نۇن تەكىت سەقىلىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى: إِرْمِيَنَّ ، إِرْمِيَانِّ ، إِرْمُنَّ ، إِرْمِنَّ ، إِرْمِيَانِّ ، إِرْمِيْنَانِّ .

ئەمىر غائىب ۋە نەھىلەرنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالىنى جەھەتنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالىغا قىياس قىلىۋېلىڭ.

إسم زمان و إسم ماكان

ۋاقىت ۋە ئورۇن ئىسمىدىشى

ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان مَرْمًى كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىئلالىنى رَامٍ نىڭ ئىئلالىغا قىياس قىلىۋېلىڭ . بۇنىڭ سىغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : مَرْمًى ، مَرْمَيَانِ ، مَرَامٍ .

إسم الآلة

ۋاستە ئىسمىدىشى

ئىسىم ئالەت مِرْمًى كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىئلالى ئىسىم زامان، ئىسىم ماكاننىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش. بۇنىڭ سىغىلىرى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل شەكىلدە كېلىدۇ :

بىرىنچى: مِرْمًى ، مِرْمَيَانِ ، مَرَامٍ .

ئىككىنچى : مِرْمَاءٌ ، مِرْمَاآنِ ، مَرَامٍ .

## إسم التفضيل
## ئاشۇرما سۈپەتداش

ئىسم تەفزىيل أَرْمى كېلىدۇ. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

أَرْمى ، أَرْمَيَانِ ، أَرْمَوْنَ ، رُمْيى ، رُمْيَيَانِ ، رُمْيَيَاتٌ .

أَرْمى ۋە أَرْمَوْنَ قاتارلىقلارنىڭ ئىئلالى رَمى ۋە رَمَوْا نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش .

بىرىنچى بابنىڭ لەفىق بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال رَوى ، يَرْوِى بولۇپ مەسدىرى رَوْىٌ ، روايَةٌ (سۆزلەپ بەرمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ:

رَوى ماضى، يَرْوِى مضارع ، رَاوٍ إسم فاعل ، مَرْوِىٌّ إسم مفعول ، لم يَرْوِ جحد ، لا يَرْوِى نفى ، اِرْوِ أمر حاضر ، لِيَرْوِ أمر غائب ، لا تَرْوِ نهى ، مَرْوًى إسم زمان إسم مكان ، مِرْوًى إسم آلة ، أَرْوى إسم تفضيل .

بۇنىڭ ئىئلال ۋە تۈرلىنىشىنى رَمى ، يَرْمِى نىڭ ئىئلال ۋە تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىۋېلىڭ .

تەنبىھ : رَوى دېگەن كەلىمىدە گەرچە «و» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولسىمۇ، بىر كەلىمىنى ئىككى قېتىم ئىئلال قىلماسلىق ئۈچۈن «و» نى «ا» گە يۆتكىمەيمىز.

بىرىنچى بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال وَحى ، يَحِى بولۇپ، مەسدىرى وَحْيٌ (يوشۇرۇن سۆزلىمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

وَحى ماضى ، يَحِى مضارع ، وَاحٍ إسم فاعل ، مَوْحِىٌّ إسم مفعول ، لم يَحِ جحد ، لا يَحِى نفى ، حِ أمر حاضر ، لِيَحِ أمر غائب ، لاتَحِ نهى ، مَوْحًى إسم زمان إسم مكان ، مِيْحَاءٌ إسم آلة ، اَوْحى إسم تفضيل .

وَحى نىڭ ئىئلالى رَمى نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش .

يَحِى ئەسلىدە يَوْحِىُ بولۇپ، «و» كەسرەلىك ھەرپ بىلەن «ىْ» نىڭ ئارىسىدا كەلگەنلىكتىن ئۇنى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَحِىُ قالدى، «ىْ» نىڭ زەممەسىنى تاشلىۋەتسەك يَحِى قالدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

يَحِى، يَحِيَانِ ، يَحُوْنَ ، تَحِى ، تَحِيَانِ ، يَحِيْنَ ، تَحِى ، تَحِيَانِ ، تَحُوْنَ ، تَحِيْنَ ، تَحِيَانِ ، تَحِيْنَ ، اَحِى، نَحِى.

## أمر حاضر

## ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

ئەمىر هازىر حِ كېلىدۇ .

ئەمىر هازىرنى تۈۋەندىكىدەك ئۇسۇلدا ياسايمىز :

مۇزارىئە پېئىلىنىڭ مۇخاتەب سىيغىسى بولغان تَحِى نىڭ ئاخىرىكى ئىللەتلىك هەرپىنى تاشلىۋەتتۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇزارىئە هەرپى بولغان «تـ» نى تاشلىۋەتتۇق، تاشلانغان هەرپتىن كېيىنكى هەرپ هەرىكەتلىك بولغانلىقتىن ئەمىر هازىر حِ چىقتى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۈۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : حِ ، حِيَا ، حُوْا ، حِى ، حِيَا ، حِيْنَ .

بۇنىڭغا تەكىتنىڭ نۇنلىرىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى تۈۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

حِيَنَّ ، حِيَانِّ ، حُنَّ، حِنَّ ، حِيَانِّ ، حِيْنَانِّ .

## ئىككىنچى باب

سۇلاسى مۇجەررەتنىڭ ئىككىنچى بابى فَعَلَ يَفْعُلُ بابى بولۇپ، بۇ بابنىڭ مەسدىرى تۆۋەندىكىدەك ئون بەش خىل ۋەزىندە كېلىدۇ .

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى | ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| فَعْلٌ | نَصْرٌ | ياردەم قىلماق | فُعُولٌ | خُرُوجٌ | چىقماق |
| فَعَلٌ | طَلَبٌ | تەلەپ قىلماق | فَعِلٌ | خَنِقٌ | بوغماق |
| فَعَالٌ | نَبَاتٌ | ئۈنمەك | فِعَالٌ | كِتَابٌ | يازماق |
| فِعَالَةٌ | حِرَاسَةٌ | قوغدىماق | فُعَالٌ | صُرَاخٌ | ۋارقىرىماق |
| فُعْلٌ | شُكْرٌ | رەھمەت ئېيتماق | فِعْلٌ | فِسْقٌ | بۇزۇقچىلىق قىلماق |
| فِعْلاَنٌ | كِتْمَانٌ | يوشۇرماق | فِعْلى | ذِكْرى | ئەسلىمەك |
| فُعْلى | بُشْرى | خۇش خەۋەر بەرمەك | فِعْلَةٌ | نِشْدَةٌ | تەلەپ قىلماق |
|  |  |  | فُعْلَةٌ | دُعْوَةٌ | چاقىرماق |

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال نَصَرَ، يَنْصُرُ بولۇپ، مەسدىرى نَصْرٌ ، نُصْرَةٌ (ياردەم قىلماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

نَصَرَ ماضى ، يَنْصُرُ مضارع ، نَاصِرٌ إسم فاعل ، مَنْصُورٌ إسم مفعول ، لمْ يَنْصُرْ جحد ، لا يَنْصُرُ نفى ، أُنْصُرْ أمر حاضر ، لِيَنْصُرْ أمر غائب ، لا تَنْصُرْ نهى ، مَنْصَرٌ إسم زمان إسم مكان ، مِنْصَارٌ إسم آلة ، أَنْصَرُ إسم تفضيل .

نَصَرَ، يَنْصُرُ دىن ئەمىر هازىر أُنْصُرْ كېلىدۇ :

ئەمىر هازىرنى تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇلدا ياسايمىز: مۇزارىئە پېئىلىنىڭ مۇخاتەب سىيغىسى بولغان تَنْصُرُ نىڭ ئاخىرى سەھىھ بولغانلىقتىن ساكىن قىلساق تَنْصُرْ بولىدۇ، مۇزارىئە ھەرپى بولغان «تـ» نى تاشلىساق نْصُرْ قالدى، فَعَلَ نىڭ عَ نىنىڭ باراۋەرىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولغانلىقتىن كەلىمىنىڭ ئالدىغا زەممەلىك ھەمزىنى كەلتۈرسەك أُنْصُرْ بولىدۇ. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : أُنْصُرْ ، اُنْصُرَا ، اُنْصُرُوْا ، اُنْصُرِى ، اُنْصُرَا ،اُنْصُرْنَ .

ئىككىنچى بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال رَدَّ ، يَرُدُّ بولۇپ، مەسدىرى رَدًّا ، مَرَدَّةً (قايتۇرماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ:

رَدَّ ماضى ، يَرُدُّ مضارع ، رَادٌّ إسم فاعل ، مَرْدُودٌ إسم مفعول ، لم يَرُدَّ جحد، لا يَرُدُّ نفى، رُدَّ أمر حاضر ، لِيَرُدَّ أمر غائب ، لا تَرُدَّ نهى، مَرَدٌّ إسم زمان إسم مكان ، مِرْدَادٌ إسم آلة ، اَرَدُّ إسم تفضيل .

بۇ بابنىڭ ئەمرى ھازىردىن باشقا بارلىق سىيغىلىرىنىڭ ئىئلال ۋە تۈرلىنىشىنى فَرَّ ، يَفِرُّ نىڭ ئىئلال ۋە تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىۋېلىڭ.

تەنبىھ : ئىككىنچى بابنىڭ مۇزائەپ سۇلاسىلىرى جەزمى قىلىنغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاخىرقى ھەرپىنى فەتھەلىك، كەسرەلىك، زەممەلىك ۋە ئىدغامنى ئايرىپ ساكىنلىق ئوقۇشتىن ئىبارەت تۆت خىل ئوقۇش دۇرۇس . مەسىلەن : لم يَرُدَّ ، لم يَرُدُّ ، لم يَرُدِّ ، لم يَرْدُدْ قاتارلىقلارغا ئوخشاش، ئەمما، مەجھۇلدا لم يُرَدُّ دېيىش دۇرۇس ئەمەس.

أمر حاضر

ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

ئەمرى ھازىرى رُدَّ كېلىدۇ. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

رُدَّ، رُدَّا، رُدُّوا ، رُدِّى ، رُدَّا ، اُرْدُدْنَ .

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال وَدَّ، يَوُدُّ بولۇپ، مەسدىرى وَدٌّ ، مَوَدَّةٌ ، وُدٌّ ، وِدَادٌ (ياخشى كۆرمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

وَدَّ ماضى ، يَوُدُّ مضارع ، وَادٌّ إسم فاعل ، مَوْدُوْدٌ إسم مفعول ، لم يَوُدَّ جحد ، لا يَوُدُّ نفى ، وُدَّ أمر حاضر ، لِيَوُدَّ أمر غائب ، لا تَوُدَّ نهى ، مَوَدٌّ إسم زمان إسم مكان ، مِيْدَادٌ إسم آلة ، اَوَدُّ إسم تفضيل .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال دَامَ ، يَدُومُ بولۇپ، مەسدىرى دَوْمٌ ، دَوَامٌ ، مَدَامٌ (داۋاملاشماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

دَامَ ماضى ، يَدُومُ مضارع ، دَائِمٌ إسم فاعل ، مَدُومٌ إسم مفعول ، لم يَدُمْ جحد ، لا يَدُومُ نفى ، دُمْ أمر حاضر ، لِيَدُمْ أمر غائب ، لا تَدُمْ نهى ، مَدَامٌ إسم زمان إسم مكان ، مِدَامٌ إسم آلة ، اَدَامُ إسم تفضيل .

## الفعل الماضي

## ئۆتكەن زامان پېئىلى

دَامَ ئەسلىدە دَوَمَ بولۇپ «و» ھەرىكەتلىك بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولدى، شۇڭا «و» نى «ا» گە يۆتكىۋەتسەك دَامَ بولدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

دَامَ ، دَامَا ، دَامُوا ، دَامَتْ ، دَامَتَا ، دُمْنَ ، دُمْتَ ، دُمْتُمَا ، دُمْتُمْ ، دُمْتِ ، دُمْتُمَا ، دُمْتُنَّ ، دُمْتُ ، دُمْنَا .

دُمْنَ ئەسلىدە دَوَمْنَ بولۇپ فَعَلَ نىڭ عَ نىنىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپى فەتھەلىك بولغان ئەجۋەف ۋاۋىنى عَ نىنىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپى زەممەلىك بولغان ئەجۋەف ۋاۋىغا يۆتكىۋەتسەك دَوُمْنَ بولدى، زەممە «و» غا ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «و» نىڭ زەممەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك دُوْمْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك دُمْنَ قالدى . قالغان سىيغىلىرىنىمۇ مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ.

دَامَ نىڭ مەجھۇلى دِيْمَ كېلىدۇ .

دَامَ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرساق دَوَمَ بولدى، ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلساق دَوِمَ بولدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتلىك ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق دُوِمَ بولدى، كەسرە «و» غا ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «و» نىڭ كەسرەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك دِوْمَ بولدى، «و» ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولغانلىقتىن «و» نى «يــ» غا يۆتكىسەك دِيْمَ بولدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

دِيْمَ ، دِيْمَا ، دِيْمُوْا ، دِيْمَتْ ، دِيْمَتَا ، دُمْنَ ، دُمْتَ ، دُمْتُمَا ، دُمْتُمْ ، دُمْتِ ، دُمْتُمَا ، دُمْتُنَّ ، دُمْتُ ، دُمْنَا .

دُمْنَ ، دُمْتَ ، دُمْتُمَا ، دُمْتُمْ قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىيسى دُوِمْنَ ، دُوِمْتَ ، دُوِمْتُمَا ، دُوِمْتُمْ بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە «و» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كەسرەسىنى تاشلىۋەتسەك دُوْمْنَ ، دُوْمْتَ ، دُوْمْتُمَا ، دُوْمْتُمْ بولۇپ، ساكىنلىق بولغان ئىككى ھەرپ بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دُمْنَ ، دُمْتَ ، دُمْتُمَا ، دُمْتُمْ بولدى. يۇقىرىقى سىيغىلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك سىيغىدا كېلىشىمۇ دۇرۇس.

دِيْمَ ، دِيْمَا ، دِيْمُوْا ، دِيْمَتْ ، دِيْمَتَا ، دِمْنَ ، دِمْتَ ، دِمْتُمَا ، دِمْتُمْ ، دِمْتِ ، دِمْتُمَا ، دِمْتُنَّ ، دِمْتُ ، دِمْنَا .

## الفعل المُضَارِع
## هازىرقى زامان پېئىلى

مۇزارىئە يَدُومُ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى يَدْوُمُ ئىدى، «و» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممىسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يَدُوْمُ بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

يَدُومُ ، يَدُومَانِ ، يَدُومُونَ ، تَدُومُ ، تَدُومَانِ ، يَدُمْنَ ، تَدُومُ ، تَدُومَانِ ، تَدُومُونَ ، تَدُومِيْنَ ، تَدُومَانِ ، تَدُمْنَ ، اَدُومُ ، نَدُومُ .

يَدُمْنَ ، تَدُمْنَ قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىيسى يَدْوُمْنَ ، تَدْوُمْنَ ئىدى، «و» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يَدُوْمْنَ ، تَدُوْمْنَ بولۇپ ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىرىيەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَدُمْنَ ، تَدُمْنَ قالدى .

يَدُومُ نىڭ مەجھۇلى يُدامُ كېلىدۇ.

يَدُومُ نى مەجھۇل قىلىش ئۇچۇن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرساق يَدْوُمُ بولدى، ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپنى فەتھەلىك قىلساق يَدْوَمُ بولدى. مۇزارىئە ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق يُدْوَمُ بولدى، «و» نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يُدَوْمُ بولدى، «و» ئەسلي ھەرىكەتلىك ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولدى، شۇڭا «و» نى «ا» كە يۆتكىسەك يُدامُ بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

يُدَامُ ، يُدَامَانِ ، يُدَامُوْنَ ، تُدَامُ ، تُدَامَانِ ، يُدَمْنَ ، تُدَامُ ، تُدَامَانِ ، تُدَامُوْنَ ، تُدَامِيْنَ ، تُدَامَانِ ، تُدَمْنَ ، اُدَامُ ، نُدَامُ .

يُدَمْنَ ۋە تُدَمْنَ قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىيسى يُدْوَمْنَ ۋە تُدْوَمْنَ بولۇپ «و» نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يُدَوْمْنَ ، تُدَوْمْنَ بولدى، «و» ئەسلي ھەرىكەتلىك ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولدى شۇڭا «و» نى «ا» كە يۆتكىسەك يُدَامْنَ ، تُدَامْنَ بولۇپ ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «ا» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يُدَمْنَ ، تُدَمْنَ قالدى.

## إسم الفاعل

## ئىنىق سۆپەتداش

ئىسىم پائىل دَائِمٌ كېلىدۇ . بۇنىڭ ئەسلىيسى دَاوِمٌ .

## إسم المفعول

## مەجھۇل سۆپەتداش

ئىسىم مەپئۇل مَدُومٌ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى مَدْوُوْمٌ ئىدى، «و» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك مَدُوْوْمٌ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك مَدُومٌ قالدى .

## الفعل الجحد

## ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلى

جەھەت لم يَدُمْ كېلىدىغان بولۇپ، بۇ پېئىل «لم» كىرىشتىن ئىلگىرى يَدُوْمُ ئىدى، «لم» كىرگەندىن كېيىن لم يَدُوْمْ بولۇپ ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك لم يَدُمْ قالدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لم يَدُمْ ، لم يَدُومَا ، لم يَدُومُوا ، لم تَدُمْ ، لم تَدُومَا ، لم يَدُمْنَ ، لم تَدُمْ ، لم تَدُومَا ، لم تَدُومُوا ، لم تَدُومِى ، لم تَدُومَا ، لم تَدُمْنَ ، لم اَدُمْ ، لم نَدُمْ .

## الفعل النفي

## كېلىچەك زامان بولۇشسىز پېئىلى

نەفىنىڭ ئىئلاللىنىش ۋە تۈرلىنىش ئەھۋالى مۇزارىئەنىڭ ئىئلاللىنىش ۋە تۈرلىنىش ئەھۋالىغا ئوخشاش . شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

## أمر حاضر
## ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

دَامَ ، يَدُومُ دىن ئەمىر ھازىر دُمْ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى اُدْوُمْ ئىدى، «و» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك اُدُوْمْ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك اُدُمْ بولدى، ھەمزىدىن كېيىنكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولغانلىقتىن ھەمزىگە ئېھتىياجىمىز قالمىدى، شۇڭا ئۇ ھەمزىنى تاشلىۋەتسەك دُمْ قالدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

دُ مْ ، دُومَا ، دُومُوا ، دُومِى ، دُومَا ، دُمْنَ .

ئۇنىڭغا تەكىتنىڭ نۇنلىرىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

دُومَنْ ، دُومُنْ ، دُومِنْ ، دُومَنَّ ، دُومَانِّ ، دُومُنَّ ، دُومِنَّ ، دُومَانِّ ، دُومْنَانِّ .

ئەمىر غائىب ۋە نەھىيلەرنى جەھەتكە قىياس قىلىۋېلىڭ .

## إسم زمان و إسم ماكان
## ۋاقىت ۋە ئورۇن ئىسمىدىشى

ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان مَدَامٌ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى مَدْوَمٌ ئىدى، «و» نىڭ ھەرىكتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك مَدَوْمٌ بولدى، «و» ئەسلي ھەرىكەتلىك ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولدى، شۇڭا «و» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك مَدَامٌ بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مَدَامٌ ، مَدَامَانِ ، مَدَائِمُ .

مَدَائِمُ ئەسلىدە مَدَاوِمُ بولۇپ بۇنىڭ ئىئلالى دَائِمُ نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش .

## إسم الآلة
## ۋاستە ئىسمىدىشى

ئىسىم ئالەت مِدَامٌ كېلىدۇ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مِدَامٌ ، مِدَامَان ، مَدَائِمُ.

بۇنىڭ ئىئلالى ئىسىم زامان، ئىسىم ماكاننىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش .

## إسم التفضيل
## ئاشۇرما سۈپەتداش

**ئىسىم تەفزىيل** اَدَامُ **كېلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :**

اَدَامُ ، اَدَمَان ، اَدَامُونَ ، دُومى ، دُومَيَان ، دُومَيَاتٌ .

**بۇنىڭ ئىئلالى ئىسىم زامان، ئىسىم ماكانىنىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش .**

**بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال** دَعَا ، يَدْعُوْ **بولۇپ، مەسدىرى** دَعْوَةٌ **(تاماققا چاقىرماق)،** دعْوَةٌ **(نەسەب يىغىنىغا چاقىرماق)** دُعْوَةٌ **(ئىشقا چاقىرماق)، قاتارلىق ئۈچ خىل ۋەزىنىدە كېلىدۇ . بۇلاردىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :**

دَعَا ماضى ، يَدْعُو مضارع ، دَاعٍ إسم فاعل ، مَدْعُوٌّ إسم مفعول ، لم يَدْعُ جحد ، لا يَدْعُو نفى ، اُدْعُ أمر حاضر ، لِيَدْعُ أمر غائب ، لا تَدْعُ ، نهى ، مَدْعًى إسم زمان إسم مكان ، مِدْعًى إسم آلة ، اَدْعى إسم تفضيل .

## الفعل الماضى
## ئۆتكەن زامان پېئىلى

**مازىسى** دَعَا **كېلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلىيسى** دَعَوَ **ئىدى، «و» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «و» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك** دَعَا **بولغان.**

**توققۇزىنچى قائىدە : «و» دىن يۆتكەلگەن ئەلىف «ا» شەكلىدە يېزىلىدۇ .**

دَعَا **نىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :**

دَعَا ، دَعَوَا ، دَعَوْا ، دَعَتْ ، دَعَتَا ، دَعَوْنَ ، دَعَوْتَ، دَعَوْتُمَا ، دَعَوْتُمْ ، دَعَوْتِ ، دَعَوْتُمَا ، دَعَوْتُنَّ ، دَعَوْتُ ، دَعَوْنَا .

دَعَوْا **ئەسلىدە** دَعَوُوْا **ئىدى،** دَعَتْ ، دَعَتَا **قاتارلىقلارمۇ ئەسلىدە** دَعَوَتْ ، دَعَوَتَا **ئىدى، بۇ ئۈچىدە «و» ھەرىكەتلىك ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن « و » نى « ا » كە يۆتكىۋەتسەك** دَعَاْوْا ، دَعَاْتْ ، دَعَاْتَا **بولىدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» دىن يۆتكەلگەن «ا» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك** دَعَوْا ، دَعَتْ ، دَعَتَا **قاتارلىقلار قالدى .**

دَعَا نىڭ مەجھۇلى دُعِىَ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى دُعِوَ ئىدى، «و» كەلىمىنىڭ ئاخىرىدا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولدى، شۇڭا «و» نى «ي» غا يۆتكىۋەتسەك دُعِىَ بولدى .

ئۈنىنچى قائىدە : «و» كەلىمىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولسا «و» نى «ي» غا يۆتكىۋېتىمىز .

دُعِىَ نىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

دُعِىَ ، دُعِيَا ، دُعُوْا ،دُعِيَتْ ، دُعِيَتَا ، دُعِيْنَ ، دُعِيْتَ ، دُعِيْتُمَا ، دُعِيْتُمْ ، دُعِيْت ، دُعِيْتُمَا ، دُعِيْتُنَّ ، دُعِيْتُ ، دُعِيْنَا .

دُعُوْا ئەسلىدە دُعِوُوْا بولۇپ «و»، كەلىمىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى بولۇپ، كەلگەنلىكتىن ئۇنى «ي» غا يۆتكىۋەتسەك دُعِيُوْا بولدى، بۇنىڭ قالغان ئىئلالىنى رُمِيُوْا نىڭ ئىئلالىغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

## الفعل المُضَارِع
## ھازىرقى زامان پېئىلى

مۇزارىئە يَدْعُوْ كېلىدۇ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

يَدْعُوْ، يَدْعُوَانِ ، يَدْعُوْنَ ، تَدْعُو ، تَدْعُوَانِ ، يَدْعُوْنَ ، تَدْعُو ، تَدْعُوَانِ ، تَدْعُوْنَ ، تَدْعِيْنَ ، تَدْعُوَانِ ، تَدْعُوْنَ ، اَدْعُوْ ، نَدْعُوْ .

يَدْعُوْنَ ، تَدْعُوْنَ قاتارلىقلار ئەسلىدە يَدْعُوُوْنَ ، تَدْعُوُوْنَ بولۇپ «و» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممەسىنى تاشلىۋەتسەك يَدْعُوْوْنَ ، تَدْعُوْوْنَ قالدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَدْعُوْنَ ۋە تَدْعُوْنَ قالدى .

تَدْعِيْنَ ئەسلىدە تَدْعُوِيْنَ بولۇپ «و» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «و» نىڭ كەسرەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك تَدْعِوْيْنَ بولدى، «و» ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولدى، شۇڭا «و» نى «ي» غا

يۆتكـۈەتسەك تَدْعِيْيْنَ بولدى، ساكـنـلـق ھەرپـتـن ئـككـسـى بـر يـەردە جـۈغلـشـپ قالغـانـلـقـتـن ئاۋۋالقى «يــ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك تَدْعِيْنَ قالدى .

يَدْعُوْ نىڭ مەجھۇلى يُدْعى كېلىدۇ، بۇ ئەسلىدە يُدْعَوُ ئىدى، «و» كەلىمىنىڭ تۆتىنچى ھەرپى بولۇپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنى «يــ» غا يۆتكىۋەتسەك يُدْعَيُ بولدى، «يــ» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «يــ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك يُدْعى بولدى .

ئون بىرىنچى قائىدە: «و» كەلىمىنىڭ تۆتىنچى ياكى بەشىنچى ھەرپى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولمىسا ئۇنى «يــ» غا يۆتكىۋېتىمىز .

يُدْعى نىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

يُدْعى ، يُدْعَيَانِ ، يُدْعَوْنَ ، تُدْعى ، تُدْعَيَانِ ، يُدْعَيْنَ ، تُدْعى ، تُدْعُيَانِ ، تُدْعَوْنَ ، تُدْعَيْنَ ، تُدْعُيَانِ ، تُدْعَيْنَ ، اُدْعى ، نُدْعى .

إسم الفاعل

ئېنىق سۈپەتداش

ئىسىم پائىل دَاعٍ كېلىدۇ، بۇ ئەسلىدە دَاعِوٌ ئىدى، «و» نىڭ كەلىمىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى بولۇپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ كەسرەلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنى «يــ» غا يۆتكىۋەتسەك دَاعِيٌ بولدى، «يــ» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممەسىنى تاشلىۋەتسەك دَاعِيْنْ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن «يــ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك دَاعٍ قالدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

دَاعٍ ، دَاعِيَانِ ، دَاعُونَ ، دَاعِيَةٌ ، دَاعِيَتَانِ ، دَاعِيَاتٌ .

إسم المفعول

مەجھۇل سۈپەتداش

ئىسىم مەپئۇل مَدْعُوٌّ كېلىدۇ، بۇ ئەسلىدە مَدْعُوْوٌ ئىدى، ئىدغامنىڭ شەرتى تېپىلغانلىقتىن ئىككى «و» نى ئىدغام قىلىۋەتسەك مَدْعُوٌّ بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : مَدْعُوٌّ، مَدْعُوَّانِ ، مَدْعُوُّنَ ، مَدْعُوَّةٌ ، مَدْعُوَّتَانِ ، مَدْعُوَّاتٌ .

## الفعل الجحد

## ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلى

جەھەت لَمْ يَدْعُ كېلىدۇ، بۇ ئەسلىدە لَمْ يَدْعُوُ بولۇپ، «و» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممىسىنى تاشلىۋەتسەك لَمْ يَدْعُوْ قالىدى، «لَمْ» كىرىپ ھاسىل بولغان ئىككى ساكىنىنىڭ سەۋەبىدىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك لَمْ يَدْعُ قالىدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لَمْ يَدْعُ ، لَمْ يَدْعُوَا ، لَمْ يَدْعُوْا ، لَمْ تَدْعُ ، لَمْ تَدْعُوَا ، لَمْ يَدْعُونَ ، لَمْ تَدْعُ ، لَمْ تَدْعُوَا ، لَمْ تَدْعُوْا ، لَمْ تَدْعِى ، لَمْ تَدْعُوَا ، لَمْ تَدْعُونَ ، لَمْ أَدْعُ ، لَمْ نَدْعُ .

جەھەتنىڭ مەجھۇلى لَمْ يُدْعَ كېلىدۇ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لَمْ يُدْعَ ، لَمْ يُدْعَيَا ، لَمْ يُدْعَوْا ، لَمْ تُدْعَ ، لَمْ تُدْعَيَا ، لَمْ يُدْعَيْنَ ، لَمْ تُدْعَ ، لَمْ تُدْعَيَا ، لَمْ تُدْعَوْا ، لَمْ تُدْعَى ، لَمْ تُدْعَيَا ، لَمْ تُدْعَيْنَ ، لَمْ أُدْعَ ، لَمْ نُدْعَ .

نەفىنىڭ ئىئلال ۋە تۈرلىنىش ئەھۋالى مۇزارىئەنىڭ ئىئلال ۋە تۈرلىنىش ئەھۋالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

## أمر حاضر

## ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

دَعَا – يَدْعُوْ دىن ئەمىر ھازىر اُدْعُ كېلىدۇ .

ئەمىر ھازىرنى تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇلدا ياسايمىز :

مۇزارىئە پېئىلى بولغان تَدْعُوْ نىڭ ئاخىرسى ئىللەتلىك ھەرپ بولغانلىقتىن ئۇنى تاشلىۋەتسەك تَدْعُ قالىدى، مۇزارىئە ھەرپى بولغان «تـ» نى تاشلىۋەتسەك دْعُ قالىدى، فَعَلَ نىڭ «عَ» نىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولغانلىقتىن بۇ كەلىمىنىڭ ئالدىغا زەممەلىك ھەمزىنى كەلتۈرسەك اُدْعُ بولدى، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارت :

اُدْعُ ، اُدْعُوَا ، اُدْعُوْا ، اُدْعِى ، اُدْعُوَا ، اُدْعُوْنَ .

بۇنىڭغا تەكىتنىڭ نۇنلىرىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ :

اُدْعُوَنْ ، اُدْعُنْ ، اُدْعِنْ ، اُدْعُوَنَّ ، اُدْعُوَانِّ ، اُدْعُنَّ ، اُدْعِنَّ ، اُدْعُوَانِّ ، اُدْعُوْنَانِّ .

ئەمىر غائىب ۋە نەھىيلارنىڭ ئەھۋالى جەھەتنىڭكىگە ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

## إسم زمان و إسم ماكان
## ۋاقىت ۋە ئورۇن ئىسمدىشى

ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان مَدْعً كېلىدۇ، بۇ ئەسلىدە مَدْعَوٌ ئىدى، «و» ھەرىكەتلىك ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «و» نى «ا» گە يۆتكىۋەتسەك مَدْعَاْنْ بولىدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن «ا» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك مَدْعً قالدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مَدْعً ، مَدْعَيَانِ ، مَدَاعٍ .

## إسم الآلة
## ۋاستە ئىسمدىشى

ئىسىم ئالەت مِدْعً كېلىدىغان بولۇپ بۇنىڭ ئىئلالى ئىسىم زامان، ئىسىم ماكانىنىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مِدْعً ، مِدْعَيَانِ ، مَدَاعٍ .

## إسم التفضيل
## ئاشۇرما سۈپەتداش

ئىسىم تەفزىيل اَدْعى كېلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

اَدْعى ، اَدْعَيَان ، اَدْعَوْنَ ، دُعْيى ، دُعْيَيَانِ ، دُعْيَيَاتٌ .

تەنبىھ : بۇ باَبتا ئەجۋەف يايى، ناقِس يايى، لەفىف ۋە مۇلتەۋى قاتارلىقلار كەلمەيدۇ .

# ئۈچىنچى باب

سۇلاسى مۇجەررەتنىڭ ئۈچىنچى بابى فَعَلَ ، يَفْعَلُ بابى بولۇپ، بۇ بابنىڭ مەسدىرى تۆۋەندىكىدەك ئون خىل ۋەزىندە كېلىدۇ :

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى | ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| فَعْلٌ | مَنْعٌ | توسماق | فَعَالٌ | ذَهَابٌ | بارماق |
| فُعُولٌ | سُنُوحٌ | ئاشكارا بولماق | فُعَالٌ | سُؤَالٌ | سورىماق |
| فُعَالَةٌ | مُهَارَةٌ | ماھىر بولماق | فُعْلَانٌ | طُغْيَانٌ | ھەددىدىن ئاشماق |
| فَعَالَةٌ | دَعَابَةٌ | مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىمەك | فُعْلَةٌ | رُؤْيَةٌ | كۆرمەك |
| فِعَالَةٌ | رِعَايَةٌ | كۆڭۈل بۆلمەك | | | |

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال مَنَعَ ، يَمْنَعُ بولۇپ، مەسدىرى مَنْعٌ (توسماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

مَنَعَ ماضى ، يَمْنَعُ مضارع ، مَانِعٌ إسم فاعل ، مَمْنُوعٌ إسم مفعول ، لم يَمْنَعْ جحد ، لا يَمْنَعُ نفى ، إمْنَعْ أمر حاضر ، لِيَمْنَعْ أمر غائب ، لا تَمْنَعْ نهى ، مَمْنَعٌ إسم زمان إسم مكان ، مِمْنَاعٌ إسم آلة ، اَمْنَعُ إسم تفضيل .

بۇ بابنىڭ مىسال بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال وَضَعَ ، يَضَعُ بولۇپ مەسدىرى وَضْعٌ (قويماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

وَضَعَ ماضى ، يَضَعُ مضارع ، وَاضِعٌ إسم فاعل ، مَوْضُوعٌ إسم مفعول ، لم يَضَعْ جحد ، لا يَضَعُ نفى ، ضَعْ أمر حاضر ، لِيَضَعْ أمر غائب ، لا تَضَعْ نهى ، مَوْضِعٌ إسم زمان إسم مكان ، مِيْضَاعٌ إسم آلة ، أَوْضَعُ إسم تفضيل .

يَضَعُ ئەسلىدە يَوْضَعُ بولۇپ، «و» كەسرىسى تەقدىر قىلىنىدىغان «ض» بىلەن مۇزارىئە ھەرپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەنلىكتىن ئۇنى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَضَعُ قالدى .

تەنبىھ : بۇ بابنىڭ مۇزارىئەسىنىڭ «ع» ئۇدۇلىدىكى ھەرپىنىڭ فەتھەسى، كەسرەدىن يۆتكەلگەن، شۇڭا ئۇنىڭدا كەسرە تەقدىرى بار دېيىش دۇرۇس. بۇ پەتھەنىڭ كەسرەدىن يۆتكىلىشىنىڭ سەۋەبى گال ھەرپلىرىنى ئالدىدىكى ھەرپىنى كەسرە ئوقۇغان ھالدا تەلەپپۇز قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كەسرە ئوقۇش قىيىن بولغانلىقتىندۇر.
بۇ بابتىن مۇزائەف، ئەجۋەف، لەفىف ۋە مۇلتەۋى قاتارلىقلار كەلمىگەن .

مِيْضَـاعٌ ئەسـلىدە مِوْضَـاعٌ بولـۇپ «و» سـاكىنلىق، ئـۇنىڭ ئالدىـدىكى هـەرپ كەسـرەلىك بولغانلىقتىن «و» نى «يـ» غا يۆتكىۋەتسەك مِيْضَاعٌ بولدى .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال رَعى ، يَرْعى بولۇپ، مەسدىرى رِعَايَةٌ (كۆڭۈل بۆلمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

رَعى ماضى ، يَرْعى مضارع ، رَاعٍ إسم فاعل ، مَرْعِيٌّ إسم مفعول ، لم يَرْعَ جحد ، لا يَرْعى نفى ، اِرْعَ أمر حاضر ، لِيَرْعَ أمر غائب ، لا تَرْعَ نهى ، مَرْعًى إسم زمان إسم مكان ، مِرْعًى إسم آلة ، أَرْعى إسم تفضيل .

رَعى ، يَرْعى قاتارلىقلار ئەسلىدە رَعَىَ ، يَرْعَىُ ئىدى، «يـ» هەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى هەرپ فەتهەلىك بولغانلىقتىن «يـ» نى «ا» كە يۆتكىسەك رَعى ، يَرْعى بولدى .

رَعى نىڭ ئىئلالى رَمى نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ !

## الفعل المُضَارِع
## هازىرقى زامان پېئىلى

مۇزارىئە يَرْعى كېلىدۇ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

يَرْعى ، يَرْعَيَانِ ، يَرْعَوْنَ ، تَرْعى ، تَرْعَيَانِ ، يَرْعَيْنَ ، تَرْعى ، تَرْعَيَانِ ، تَرْعَوْنَ ، تَرْعَيْنَ ، تَرْعَيَانِ ، تَرْعَيْنَ ، أَرْعى ، نَرْعى .

## تۆتىنچى باب

سۇلاسى مۇجەررەتنىڭ تۆتىنچى بابى فَعِلَ يَفْعَلُ بابى بولۇپ، بۇ بابنىڭ مەسدىرى تۆۋەندىكىدەك ئون خىل ۋەزىندە كېلىدۇ :

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى | ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| فَعَلاً | تَعَبًا | چارچىماق | فَعْلٌ | لَعْبٌ | ئوينىماق |
| فُعْلٌ | نُضْجٌ | پىشماق | فَعَالَةٌ | كَرَاهَةٌ | يامان كۆرمەك |
| فِعْلٌ | سِمْنٌ | سەمرىمەك | فُعَّلَةٌ | قُوَّةٌ | كۈچەيمەك |
| فِعْلاَنٌ | نِسْيَانٌ | ئۇنتۇماق | فُعُولٌ | صُعُودٌ | ئۆرلىمەك |
| فَعَالٌ | حَيَاءٌ | هايالىق بولماق | فَعْلَةٌ | رَحْمَةٌ | كۆيۈنمەك |

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال حَمِدَ ، يَحْمَدُ بولۇپ، مەسدىرى حَمْدٌ (ماختىماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ:

حَمِدَ ماضى ، يَحْمَدُ مضارع ، حَامِدٌ إسم فاعل ، مَحْمُودٌ إسم مفعول ، لم يَحْمَدْ جحد ، لا يَحْمَدُ نفى، إِحْمَدْ أمر حاضر ، لِيَحْمَدْ أمر غائب ، لا تَحْمَدْ نهى ، مَحْمَدٌ إسم زمان إسم مكان ، مِحْمَادٌ إسم آلة ، أَحْمَدُ إسم تفضيل .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال عَضَّ ، يَعَضُّ بولۇپ، مەسدىرى عَضٌّ (چىشلىمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ:

عَضَّ ماضى، يَعَضُّ مضارع ، عَاضٌّ إسم فاعل ، مَعْضُوضٌ إسم مفعول، لم يَعَضَّ جحد، لا يَعَضُّ نفى، عَضَّ أمر حاضر، لِيَعَضَّ أمر غائب، لا تَعَضَّ نهى، مَعَضٌّ إسم زمان إسم مكان ، مِعْضَاضٌ إسم آلة ، أَعَضُّ إسم تفضيل.

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال وَضِرَ ، يَوْضَرُ بولۇپ، مەسدىرى وَضْرٌ (كىرلەشمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون بىر خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

وَضِرَ ماضى ، يَوْضَرُ مضارع ، وَضِيْرٌ صفة مشبة ، لم يَوْضَرْ جحد ، لا يَوْضَرُ نفى ، إِيضَرْ أمر حاضر ، لِيَوْضَرْ أمر غائب ، لا تَوْضَرْ نهى ، مَوْضِرٌ إسم زمان إسم مكان ، مِيْضَارٌ إسم آلة ، أَوْضَرُ إسم تفضيل .

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن يەنە بىر مىسال وَسِعَ يَوْسَعُ بولۇپ، مەسدىرى سِعَةٌ (سىغدۇرماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

وَسِعَ ماضى ، يَسَعُ مضارع ، وَاسِعٌ إسم فاعل ، مَوْسُوعٌ إسم مفعول ، لم يَسَعْ جحد ، لا يَسَعُ نفى ، سَعْ أمر حاضر ، لِيَسَعْ أمر غائب ، لا تَسَعْ نهى ، مَوْسِعٌ إسم زمان إسم مكان ، مِيْسَاعٌ إسم آلة ، اَوْسَعُ إسم تفضيل .

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال يَئِسَ ، يَيْئَسُ بولۇپ، مەسدىرى يَأْسٌ يَأْسَةٌ (ئۈمىدسىزلەنمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

يَئِسَ ماضى، يَيْئَسُ مضارع ، يَاءِسٌ إسم فاعل ، مَيْئُوسٌ إسم مفعول ، لم يَيْئَسْ جحد ، لا يَيْئَسُ نفى ، إِيْئَسْ أمر حاضر ، لِيَيْئَسْ أمر غائب ، لا تَيْئَسْ نهى ، مَيْئِسٌ إسم زمان إسم مكان ، مِيْئَاسٌ إسم آلة ، أَيْئَسُ إسم تفضيل .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال خَافَ ، يَخَافُ بولۇپ، مەسدىرى خَوْفٌ ، خِيْفَةٌ ، مَخَافَةٌ (قورقماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

خَافَ ماضى ، يَخَافُ مضارع ، خَائِفٌ إسم فاعل ، مَخُوفٌ إسم مفعول ، لم يَخَفْ جحد ، لا يَخَافُ نفى ، خَفْ أمر حاضر ، لِيَخَفْ أمر غائب ، لا تَخَفْ نهى ، مَخَافٌ إسم زمان إسم مكان ، مِخَافٌ إسم آلة ، اَخَافُ إسم تفضيل .

خَافَ نىڭ ئەسلىيسى خَوِفَ بولۇپ «و» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «و» نى «ا» گە يۆتكىۋەتسەك خَافَ بولغان، بۇنىڭ سىيغىلىرى بَاعَ نىڭ سىيغىلىرىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ.

خِفْنَ نىڭ ئەسلىيسى خَوِفْنَ بولۇپ «و» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «و» نىڭ ھەرىكىتىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك خِوْفْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك خِفْنَ قالدى. قالغان سىيغىلىرىنىمۇ مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ.

خَافَ نىڭ مەجھۇلى خِيْفَ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى خُوِفَ ئىدى، «و» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «و» نىڭ كەسرەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك خِوْفَ بولىدى، «و» ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولغانلىقتىن «و» نى «ي» غا يۆتكىۋەتسەك خِيْفَ بولىدى. بۇنىڭ سيغىلىرى بِيْعَ نىڭ سيغىلىرىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

الفعل المُضَارِع

هازىرقى زامان پېئىلى

مۇزارىئە يَخَافُ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى يَخْوَفُ ئىدى، «و» نىڭ ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يَخَوْفُ بولىدى، «و» ئەسلىي ھەرىكەتلىك ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولىدى، شۇڭا «و» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك يَخَافُ بولىدى . بۇنىڭ سيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

يَخَافُ ، يَخَافَانِ ، يَخَافُونَ ، تَخَافُ ، تَخَافَانِ ، يَخَفْنَ ، تَخَافُ ، تَخَافَانِ ، تَخَافُونَ ، تَخَافِيْنَ ، تَخَافَانِ ، تَخَفْنَ ، اَخَافُ ، نَخَافُ .

يَخَافُ نىڭ مەجھۇلى يُخَافُ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىئلال ۋە سيغىلىرى ئۇنىڭ مەلۇمىنىڭ ئىئلال ۋە سيغىلىرى بىلەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

إسم الفاعل

ئىنىق سۈپەتداش

ئىسىم پائىل خَائِفٌ كېلىدىغان بولۇپ، بۇ ئەسلىدە خَاوِفٌ ئىدى، بۇنىڭ ئىئلال ۋە سيغىلىرى دَائِمٌ نىڭ ئىئلال ۋە سيغىلىرى بىلەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

إسم المفعول

مەجھۇل سۈپەتداش

ئىسىم مەپئۇل مَخُوفٌ كېلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلىيسى مَخْوُوْفٌ ئىدى، بۇنىڭ ئىئلال ۋە سيغىلىرى مَدُومٌ نىڭ ئىئلال ۋە سيغىلىرىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

## الفعل الجحد

## ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلى

جەھەتنىڭ مەلۇمى لم يَخَفْ مەجھۇلى لم يُخَفْ كېلىدۇ .
نەفى بارچە ھۆكۈمدە مۇزارىئەنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىشى كېرەك .

## أمر حاضر

## ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

ئەمىر ھازىر خَفْ كېلىدۇ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

خَفْ ، خَافَا ، خَافُوا ، خَافِى ، خَافَا ، خَفْنَ .

لِيَخَفْ ئەمىر غائىب، لاَتَخَفْ نەھى بولۇپ بۇلار بارچە ھۆكۈمدە جەھەت بىلەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىشى كېرەك .
قالغان مۇشتاقلارنىڭ ئەھۋالىنى مۇزارىئەنىڭ ئەھۋالىغا قىياس قىلىنىشى كېرەك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال هَابَ ، يَهَابُ بولۇپ، مەسدىرى هَيْبَةٌ ، مَهَابَةٌ (ھەيۋەتلىك بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

هَابَ ماضى ، يَهَابُ مضارع ، هَائِبٌ إسم فاعل ، مَهِيْبٌ إسم مفعول ، لم يَهَبْ جحد ، لا يَهَابُ نفى ، هَبْ أمر حاضر ، لِيَهَبْ أمر غائب ، لا تَهَبْ نهى ، مَهَابٌ إسم زمان إسم مكان ، مِهَابٌ إسم آلة ، اَهَابُ إسم تفضيل .

هَابَ ئەسلىدە هَيِبَ بولۇپ، « يـ » ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن « يـ » نى « ا » كە يۆتكىۋەتسەك هَابَ بولدى .

يَهَابُ ئەسلىدە يَهْيَبُ بولۇپ، « يـ » نىڭ ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يَهَيْبُ بولدى، «يـ» ئەسلىدە ھەرىكەتلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ھازىر فەتھەلىك بولدى، شۇڭا « يـ » نى «ا» كە يۆتكىسەك يَهَابُ بولدى. قالغان ئىئلاللارنىمۇ مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىنىشى كېرەك .

مَهِيْبٌ نىڭ ئىئلالى مَبِيْعٌ نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىشى كېرەك .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال خَشِيَ ، يَخْشَى بولۇپ، مەسدىرى خَشْيَةٌ (قورقماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

خَشِيَ ماضى، يَخْشَى مضارع ، خَاشٍ إسم فاعل ، مَخْشِيٌّ إسم مفعول ، لم يَخْشَ جحد ، لا يَخْشَى نفى ، إِخْشَ أمر حاضر ، لِيَخْشَ أمر غائب ، لا تَخْشَ نهى ، مَخْشًى إسم زمان إسم مكان ، مِخْشًى إسم آلة ، اَخْشَى إسم تفضيل .

بۇنىڭ ئىئلال ۋە سىيغىلىرىنى رَمَى ، يَرْمِى نىڭ ئىئلال ۋە سىيغىلىرىغا قىياس قىلىۋېلىڭ.

بۇ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال قَوِيَ ، يَقْوِى بولۇپ، مەسدىرى قُوَّةٌ ( كۈچلۈك بولماق ) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

قَوِيَ ماضى ، يَقْوِى مضارع ، قَوِيٌّ صفة مشبهه ، مَقْوِيٌّ إسم مفعول ، لم يَقْوَ جحد ، لا يَقْوِى نفى ، اِقْوَ أمر حاضر ، لِيَقْوَ أمر غائب ، لا تَقْوَ نهى ، مَقْوًى إسم زمان إسم مكان ، مِقْوًى إسم آلة ، اَقْوى إسم تفضيل .

قَوِيَ ئەسلىدە قَوِوَ بولۇپ، بۇنىڭ ئىئلالى دُعِيَ نىڭ ئىئلالى بىلەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

يَقْوِى ئەسلىدە يَقْوَوُ بولۇپ بۇنىڭ ئىئلالى يُدْعى نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

## صفة مشبهه

## يېرىم سۈپەتداش

قَوِيٌّ ئەسلىدە قَوُوْوٌ بولۇپ، «و» تۆتىنچى ھەرپ بولۇپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولمىدى، شۇڭا «و» نى «ي» غا يۆتكىۋەتسەك قَوُوْيٌ بولدى، «و» بىلەن «ي» بىر كەلىمىدە بىر يەردە كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق بولدى، شۇڭا «و» نى «ي» غا يۆتكىۋەتسەك قَوُيٌّ بولدى، ئىدغامنىڭ شەرتى تېپىلغانلىقتىن ئىدغام قىلىۋەتسەك قَوُيٌّ بولدى، «ي» نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنى كەسرەلىك قىلىۋەتسەك قَوِيٌّ بولدى.

بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : قَوِيٌّ ، قَوِيَّانِ ، قَوِيُّونَ ، قَوِيَّةٌ ، قَوِيَّتَانِ ، قَوِيَّاتٌ .

## إسم المفعول

## مەجھۇل سۈپەتداش

**مَقْوِيٌّ ئەسلىدە مَقْوُوْوٌ بولۇپ، بۇنىڭ ئىئلالى قَوِيٌّ نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ.**

**بۇ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال** حَيِيَ ، يَحْيِى **بولۇپ، مەسدىرى** حَيْوَةٌ ، مَحْيًا **(تىرىك بولماق )،** حَيَاءٌ **(ھايالىق بولماق ) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون بىر خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :**

حَيِيَ ماضى ، يَحْيِى مضارع ، حَيٌّ صفة مشبهه ، لم يَحْيَ جحد ، لا يَحْيِى نفى ، إِحْيَ أمر حاضر ، لِيَحْيَ أمر غائب ، لا تَحْيَ نهى ، مَحْيً إسم زمان إسم مكان ، مِحْيَاءٌ إسم آلة ، اَحْيِى إسم تفضيل .

حَيِيَ **ئەسلىدە** حَيِوَ **بولۇپ، بۇنىڭ ئىئلالى** دُعِيَ **نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ .**

يَحْيِى **ئەسلىدە** يَحْيُوُ **بولۇپ، بۇنىڭ ئىئلالى** يُدْعِى **نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ .**

حَيٌّ **ئەسلىدە** حَيْوٌ **بولۇپ، «يـ» بىلەن «و» بىركەلىمىدە بىر يەردە كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق بولدى، شۇڭا «و» نى «يـ» غا يۆتكىۋەتسەك** حَيْيٌ **بولدى، «يـ» نى «يـ» غا ئىدغام قىلساق** حَيٌّ **بولدى .**

**بۇ بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال** وَجِيَ ، يَوْجِى **بولۇپ، مەسدىرى** وَجْيٌ **(پۇتى قاپارماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون بىر خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :**

وَجِيَ ماضى ، يَوْجِى مضارع ، وَجٍ صفة مشبهه ، لم يَوْجَ جحد ، لا يَوْجِى نفى ، إِيجَ أمر حاضر ، لِيَوْجَ أمر غائب ، لا تَوْجَ نهى ، مَوْجًى إسم زمان إسم مكان ، مِيْجَاءٌ إسم آلة ، اَوْجِى إسم تفضيل .

وَجِيَ **نىڭ ئىئلال ۋە سىيغىلىرى** رُمِيَ **نىڭ ئىئلال ۋە سىيغىلىرىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ .**

يَوْجِى **نىڭ ئەسلىيسى** يَوْجَيُ **بولۇپ، بۇنىڭ ئىئلالى** يَرْعى **نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ .**

وَجٍ **ئەسلىدە** وَجْيٌ **بولۇپ، بۇنىڭ ئىئلالى** رَامٍ **نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ .**

إِيْجَ ئەسلىدە اِوْجَ بولۇپ، «و» ساكىنلىق، ئۈنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولغانلىقتىن «و» نى «يـ» غا يۆتكىۋەتسەك إِيْجَ بولدى.

مِيْجَاءٌ ئەسلىدە مِوْجَايٌ بولۇپ، بۇنىڭدىكى «و» نى «يـ» غا ، ئەڭ ئاخىرىدىكى «يـ» نى «ء» گە يۆتكىۋەتسەك مِيْجَاءٌ بولغان .

## بەشىنچى باب

سۇلاسى مۇجەررەتنىڭ بەشىنچى بابى فَعِلَ ، يَفْعِلُ بابى بولۇپ، بۇ بابنىڭ مەسدىرى تۆۋەندىكىدەك بەش خىل ۋەزىندە كېلىدۇ :

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى | ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| عِلَةٌ | ثِقَةٌ | ئىشەنچ قىلماق | فِعْلٌ | وِرْعٌ | پاك بولماق |
| فِعَلَةٌ | وِرِعَةٌ | يامانلىقتىن يانماق | فَعْلٌ | وَلْيٌ | يېقىن بولماق |
| فَعَالَةٌ | وِلاَيَةٌ | ئىگە بولماق | | | |

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال نَعِمَ ، يَنْعِمُ بولۇپ، مەسدىرى نَعْمَةٌ ، نُعُومَةٌ (نېئمەتلىك بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون بىر خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

نَعِمَ ماضى ، يَنْعِمُ مضارع ، نَعِيْمٌ صفة مشبهه ، لم يَنْعِمْ جحد، لا يَنْعِمُ نفى ، اِنْعِمْ أمر حاضر ، لِيَنْعِمْ أمر غائب ، لا تَنْعِمْ نهى، مَنْعِمٌ إسم زمان إسم مكان ، مِنْعَمٌ إسم آلة ، أَنْعَمُ إسم تفضيل .

بۇ بابنىڭ مىسال بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال وَرِثَ ، يَرِثُ بولۇپ، مەسدىرى وِرَاثَةٌ ، اِرْثٌ ۋە رِثَةٌ (مىراس ئالماق) كېلىدۇ .

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

وَرِثَ ماضى ، يَرِثُ مضارع ، وَارِثٌ إسم فاعل ، مَوْرُوثٌ إسم مفعول ، لم يَرِثْ جحد ، لا يَرِثُ نفى ، رِثْ أمر حاضر ، لِيَرِثْ أمر غائب ، لا تَرِثْ نهى ، مَوْرِثٌ إسم زمان إسم مكان ، مِيْرَاثٌ إسم آلة ، أَوْرَثُ إسم تفضيل .

بۇنىڭ مازىسىدا ئىئلال يوق، قالغانلىرىنىڭ ئىئلالى وَثَبَ ، يَثِبُ نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

**بۇ بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال  وَلِىَ ، يَلِى بولۇپ، مەسدىرى وَلْىٌ (يېقىن بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ .**

وَلِىَ ماضى ، يَلِى مضارع ، وَلِىٌّ صفة مشبهه ، وَالٍ إسم فاعل ، مَوْلِىٌّ إسم مفعول ، لم يَلِ جحد ، لا يَلِى نفى ، لِ أمر حاضر ، لِيَلِ أمر غائب ، لا تَلِ نهى ، مَوْلِىً إسم زمان إسم مكان ، مِيْلاَءٌ إسم آلة ، أَوْلَى إسم تفضيل .

**وَلِىَ نىڭ سىيغىلىرى خَشِىَ نىڭ سىيغىلىرىغا ئوخشاش، قالغانلىرىنىڭ ئىئلالى ۋە سىيغىلىرى وَحى ، يَحِى نىڭ ئىئلال ۋە سىيغىلىرىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىشىلىك .**

**وَلِىٌّ ئەسلىدە وَلُوْىٌ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىئلالى مَرْمِىٌّ نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىشىلىك .**

## ئالتىنچى باب

سۇلاسى مۇجەررەتنىڭ ئالتىنچى بابى فَعُلَ ، يَفْعُلُ بابى بولۇپ، بۇ بابنىڭ مەسدىرى تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل ۋەزىندە كېلىدۇ .

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى | ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| فَعَالَةٌ | كَفَالَةٌ | تەڭشىمەك | فُعْلَةٌ | جُرْأَةٌ | جۈرئەتلىك بولماق |
| فُعُولَةٌ | رُطُوبَةٌ | هۆل بولماق | فِعَلٌ | صِغَرٌ | كىچىكلىمەك |
| فَعَلٌ | شَرَفٌ | شەرەپلىك بولماق | فِعْلٌ | حِلْمٌ | ياۋاش بولماق |

بۇ بابتا كەلگەن پېئىللارنىڭ ھەممىسى لازىم (ئۆتۈمسىز) پېئىل بولۇپ، مۇتەئەددى پېئىللار بۇ بابتا كەلمەيدۇ .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال شَرُفَ ، يَشْرُفُ بولۇپ، مەسدىرى شَرَفٌ ۋە شَرَافَةٌ (شەرەپلىك بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون بىر خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

شَرُفَ ماضى ، يَشْرُفُ مضارع ، شَرِيْفٌ صفة مشبهه ، لم يَشْرُفْ جحد ، لا يَشْرُفُ نفى ، اُشْرُفْ أمر حاضر ، لِيَشْرُفْ أمر غائب ، لا تَشْرُفْ نهى ، مَشْرَفٌ إسم زمان إسم مكان ، مِشْرَافٌ إسم آلة ، اَشْرَفُ إسم تفضيل .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال حَبَّ ، يَحُبُّ بولۇپ، مەسدىرى حَبًّا (ياخشى كۆرمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون بىر خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

حَبَّ ماضى ، يَحُبُّ مضارع ، حَبِيْبٌ صفة مشبهه ، لم يَحُبَّ جحد ، لا يَحُبُّ نفى ، حُبَّ أمر حاضر ، لِيَحُبَّ أمر غائب، لا تَحُبَّ نهى ، مَحَبٌّ إسم زمان إسم مكان ، مِحْبَابٌ إسم آلة ، اَحَبُّ إسم تفضيل .

حَبَّ نىڭ ئەسلىيسى حَبُبَ بولۇپ، ئاۋۋالقى « بـ » نىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋەتسەك حَبْبَ بولدى، « بـ » نى « بـ » گە ئىدغام قىلساق حَبَّ بولدى .

مازىدىن باشقا مۇشتاقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆكمى رَدَّ ، يَرُدُّ نىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال وَقُحَ ، يَوْقُحُ بولۇپ، مەسدىرى وَقَاحَةٌ ، وَقُوْحَةٌ ، وَقْحَةٌ (ھاياسىز بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

وَقُحَ ماضى ، يَوْقُحُ مضارع ، وَقَاحٌ صفة مشبهه ، لم يَوْقُحْ جحد ، لا يَوْقُحُ نفى ، اُوْقُحْ ، أمر حاضر ، لِيَوْقُحْ أمر غائب ، لاتَوْقُحْ نهى ، مَوْقِحٌ إسم زمان إسم مكان ، مِيْقَاحٌ إسم آلة ، اَوْقَحُ إسم تفضيل .

مِيْقَاحٌ ئەسلىدە مِوْقَاحٌ ئىدى .

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال يَسُرَ ، يَيْسُرُ بولۇپ، مەسدىرى يُسْرٌ (ئاسان بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ .

يَسُرَ ماضى ، يَيْسُرُ مضارع ، يَسِيْرٌ صفة مشبهه ، لم يَيْسُرْ جحد ، لا يَيْسُرُ نفى ، اُوْسُرْ أمر حاضر ، لِيَيْسُرْ أمر غائب ، لا تَيْسُرْ نهى ، مَيْسِرٌ إسم زمان إسم مكان ، مِيْسَارٌ إسم آلة ، أَيْسَرُ إسم تفضيل .

اُوْسُرْ ئەسلىدە أُيْسُرْ ئىدى .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال طَالَ ، يَطُولُ بولۇپ، مەسدىرى طَوْلٌ (ئۇزارماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

طَالَ ماضى ، يَطُولُ مضارع ، طَوِيْلٌ صفة مشبهه ، لم يَطُلْ جحد ، لا يَطُولُ نفى ، طُلْ أمر حاضر ، لِيَطُلْ أمر غائب ، لا تَطُلْ نهى ، مَطَالٌ إسم زمان إسم مكان ، مِطَالٌ إسم آلة ، اَطَالُ إسم تفضيل .

بۇنىڭ سىيغىلىرىنىڭ ئىئلالى دَامَ ، يَدُومُ نىڭ سىيغىلىرىنىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىشى .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال رَخُوَ ، يَرْخُو بولۇپ، مەسدىرى رُخْوَةٌ (يۇمشاق بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

رَخُوَ ماضى، يَرْخُو مضارع ، رَخُوٌّ صفة مشبهه ، لم يَرْخُ جحد ، لا يَرْخُو نفى ، اُرْخُ أمر حاضر ، لِيَرْخُ أمر غائب ، لا تَرْخُ نهى ، مَرْخًى إسم زمان إسم مكان ، مِرْخًى إسم آلة ، اَرْخى إسم تفضيل.

بۇنىڭ سىيغىلىرىنىڭ ئىئلالى دَعَا يَدْعُو نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىشى .

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ « لَنْ يَشْبَعَ الْمُؤْمِنُ مِنْ خَيْرٍ يَسْمَعُهُ حَتَّى يَكُونَ مُنْتَهَاهُ الْجَنَّةُ » رواه الترمذي.

## الفعلُ الثلاثيُّ الْمَزْيدُ

## ئۈچلۈك ياسالما ئۆزەك پېئىل

سۇلاسى مەزىت ئون ئىككى باب بولۇپ، تۆۋەندە بىز ئۇلار بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ ئۆتىمىز .

### بىرىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ بىرىنچى بابى اَفْعَلَ ، يُفْعِلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «اِفْعَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى اِفْعَالٌ ، فَعَالَةٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

يُفْعِلُ ئەسلىدە يُأَفْعِلُ بولۇپ، بۇ پېئىلنى مۇشۇ ھالىتىدە سىيغىلىساق ئۇنىڭ واحد متكلم سىيغىسى أُأَفْعِلُ كېلەتتى، ئەمما ئەرەبلەر ئىككى ھەمزىنىڭ بىر يەردە تەكرار كېلىشىنى ياقتۇرمىغانلىقتىن زائىت بولۇپ كەلگەن ھەمزىنى ھەزىپ قىلىۋېتىپ أُفْعِلُ دەپ ئادەتلەنگەن ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن مازىدىن باشقا مۇشتاقلارنىڭ ھەممە سىيغىلىرىدىن ھەمزىنى ھەزىپ قىلىۋەتكەن، شۇڭا ئۇ پېئىلنىڭ واحدمذكر غائب سىيغىسى يُفْعِلُ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

تەنبىھ : بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەمزە جۈملە ئارىسىدا كەلگەندىمۇ تاشلانماي ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ھەمزە قەتئى» دۇر، ئەمما إِسْتِفْعَالٌ قاتارلىق بابلاردىكى ھەمزە ئايرىم تۇرغاندا ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنغىنى بىلەن جۈملە ئارىسىدا كەلگەندە تەلەپپۇز قىلىنمايدىغان «ھەمزە ۋەسلى» دۇر .

ئەرەب تىلىدا مۇجەررەت پېئىللارغا ھەرپ زىيادە قىلىنسا ئۇ پېئىلنىڭ مەنىسىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ .

اَفْعَلَ ، يُفْعِلُ بابىدىكى ھەمزەنىڭ زىيادە بولۇپ كېلىشى ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئون بىر خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. ھەمزە، لازىم پېئىللارغا زىيادە قىلىنغان بولسا ئۇنى مۇتەئەددى قىلىۋېتىدۇ. مەسىلەن: أَذْهَبَ (كەتكۈزۈۋەتتى) .

2. ۋاقتقا ياكى ئورۇنغا كىرمەكنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن: أَصْبَحَ (سەھەرگە كىردى . سەھەرگە ئۇلاشتى) . أَعْرَقَ (ئىراققا كىردى) .

3. ئەسلي پېئىلنىڭ كۆپ يۇز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن: أَثْمَرَ السَّفَرْجَلُ (بېھى كۆپ مېۋىلىدى)، بۇ مىسالدىكى ھەمزە ثَمَرَ (مېۋىلىدى) دېگەن ئەسلي پېئىلنىڭ كۆپ يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن .

4. بىرەرنەرسىدە ئەسلي پېئىلنىڭ سۈپىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقىغانلىقنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن : اَبْخَلْتُ زَيْدًا (زەيتنى بېخىل ھېسابلىدىم) . مۇتەكەللىم بۇ مىسالدىكى ئەسلى پېئىل بولغان بَخِلَ نىڭ بېخىللىقتىن ئىبارەت سۈپىتىنىڭ زَيْدًا دېگەن ئىسىمدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقىغانلىقنى ئىپادىلەپ بەرگەن .

5. ئەسلي پېئىلنىڭ يوقالغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : شَكَوْتُ (شىكايەت قىلدىم)، أَشْكَوْتُ زَيْدًا (زەيدنىڭ شىكايىتىنى تۈگەتتىم) .

6. مۇبالىغىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: اَشْغَلْتُ زَيْدًا (زەيدنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم).

7. پېئىلنىڭ مەسدىرىنىڭ ئۇنىڭ پائىلىدا پەيدا بولغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: أَثْمَرَ الشَّجَرُ (دەرەخ مېۋىلىدى، يەنى دەرەختە مېۋە پەيدا بولدى).

8. بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : اَفْقَرَ زَيْدٌ (زەيد كەمبەغەل بولۇپ قالدى) .

9. ئەسلي پېئىلنىڭ ئورۇندىلىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : اَحْصَدَ الزَّرْعُ (زىرائەت ئورۇش ۋاقتىغا يېقىنلاشتى).

10. مەپئۇلنى ئەسلي پېئىلنىڭ مەسدىرىگە ئۇچراشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىدۇ . أَبَاعَ العَبْدَ (قۇلنى سېتىشقا ئېلىپ چىقتى).

11. ئەسلي پېئىل ئىپادىلىگەن مەنىنىلا ئىپادىلەيدۇ. اَحَبَّ زَيْدٌ عَمْرًوا (زەيد ئەمرنى ياخشى كۆردى) .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىملىرىگە بىرىلگەن مىسال أَكْرَمَ ، يُكَرِمُ بولۇپ، مەسدىرى إِكْرَامٌ ، كَرَامَةٌ (ھۆرمەت قىلماق) كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

أَكْرَمَ ماضى ، يُكْرِمُ مضارع ، مُكْرِمٌ إسم فاعل ، مُكْرَمٌ إسم مفعول ، لم يُكْرِمْ جحد ، لا يُكْرِمُ نفى ، أَكْرِمْ أمر حاضر ، لِيُكْرِمْ أمر غائب ، لا تُكْرِمْ نهى ، مُكْرَمٌ إسم زمان إسم مكان ۋە مصدر ميمى .

ئون ئىككىنچى قائىدە : سۇلاسى مۇجەررەتتىن باشقا كەلىملەردىن ئىسىم مەپئۇل ، ئىسىم زامان ۋە مەسدەر مىمى قاتارلىقلار ئوخشاش بىر ۋەزىندە كېلىدۇ .

تەنبىھ : بۇ بابتىن ئەمىر ئالغاندا چۇشۇپ كەتكەن فەتھەلىك ھەمزە ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىملىرىگە بىرىلگەن مىسال أَحَبَّ ، يُحِبُّ بولۇپ، مەسدىرى إِحْبَابٌ (دوست تۇتماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

أَحَبَّ ماضى ، يُحِبُّ مضارع ، مُحِبٌّ إسم فاعل ، مُحَبٌّ إسم مفعول ، لم يُحِبَّ جحد ، لا يُحِبُّ نفى ، اَحِبَّ أمر حاضر ، لِيُحِبَّ أمر غائب ، لا تُحِبَّ نهى ، مُحَبٌّ مشترك ٠

بۇنىڭ ئىئلالى فَرَّ ، يَفِرُّ نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىشى لىك .

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىملىرىگە بىرىلگەن مىسال أَوْجَبَ ، يُوجِبُ بولۇپ، مەسدىرى إِيجَابٌ (بەلگىلىمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

أَوْجَبَ ، يُوجِبُ ، مُوجِبٌ ، مُوجَبٌ ، لم يُوجِبْ ، لايُوجِبُ ، اَوْجِبْ ، لِيُوجِبْ ، لاتُوجِبْ ، مُوجَبٌ مشترك ٠

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىملىرىگە بىرىلگەن مىسال أَيسَرَ ، يُوسِرُ بولۇپ، مەسدىرى إِيسَارٌ (باي بولۇپ قالماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

أَيسَرَ ، يُوسِرُ ، مُوسِرٌ ، مُوسَرٌ ، لم يُوسِرْ ، لا يُوسِرُ ، أَيسِرْ ، لِيُوسِرْ ، لا تُوسِرْ ، مُوسَرٌ ، مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىملىرىگە بىرىلگەن مىسال أَقَامَ ، يُقِيمُ بولۇپ، مەسدىرى إِقَامَةٌ (تۇرغۇزماق) كېلىدۇ .

إِقَامَةٌ ئەسلىدە إِقْوَامٌ بولۇپ «و» نىڭ ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك إِقَوْامٌ بولىدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ

قىلىنغۇەتسەك إِقَامٌ قالىدى . ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن ھەرپكە دالالەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىغا «ة» نى قوشساق إِقَامَةٌ بولىدى . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئۇن خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

أَقَامَ ، يُقِيْمُ ، مُقِيْمٌ ، مُقَامٌ ، لم يُقِمْ ، لا يُقِيْمُ ، اَقِمْ ، لِيُقِمْ ، لا تُقِمْ ، مُقَامٌ ، مشترك .

## الفعل الماضى

## ئۆتكەن زامان پېئىلى

مازى أَقَامَ كېلىدۇ، بۇ ئەسلىدە أَقْوَمَ ئىدى ، «و» نىڭ ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك أَقَوْمَ بولدى، «و» ئەسلىي ھەرىكەتلىك ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولىدى، شۇڭا «و» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك أَقَامَ بولىدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

أَقَامَ ، اَقَامَا ، أَقَامُوا ، اَقَامَتْ ، اَقَامَتَا ، اَقَمْنَ ، اَقَمْتَ ، اَقَمْتُمَا ، اقَمْتُمْ ، اقَمْتِ ، اقَمْتُمَا ، اَقَمْتُنَّ ، اَقَمْتُ ، اَقَمْنَا .

## الفعل المُضَارِع

## ھازىرقى زامان پېئىلى

مۇزارىئە يُقِيْمُ كېلىدۇ، بۇ ئەسلىدە يُقْوِمُ ئىدى، «و» نىڭ كەسرەسىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يُقِوْمُ بولدى، «و» نى «ي» غا يۆتكىسەك يُقِيْمُ بولدى، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

يُقِيْمُ ، يُقِيْمَانِ ، يُقِيْمُونَ ، تُقِيْمُ ، تُقِيْمَانِ ، يُقِمْنَ ، تُقِيْمُ ، تُقِيْمَانِ ، تُقِيْمُونَ ، تُقِيْمِيْنَ ، تُقِيْمَانِ ، تُقِمْنَ، اُقِيْمُ ، نُقِيْمُ .

مُقِيْمٌ نىڭ ئەسلىيسى مُقْوِمٌ بولۇپ، بۇنىڭ ئىئلالى مۇزارىئەنىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنغۇلىق .

مُقَامٌ ئەسلىدە مُقْوَمٌ بولۇپ، بۇنىڭ ئىئلالى مازىنىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنغۇلىق .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال  اَرَابَ ، يُرِيبُ  بولۇپ، مەسدىرى إرَابَـةٌ (گۇمانلاندۇرماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك  ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

اَرَابَ ، يُرِيْبُ ، مُرِيْبٌ ، مُرَابٌ ، لم يُرِبْ ، لا يُرِيْبُ ، اَرِبْ ، لِيُرِبْ ، لاتُرِبْ ، مُرَابٌ ، مشترك .

بۇنىڭ ئىئلال ۋە سىيغىلىرى أَقَامَ  يُقِيْمُ نىڭ ئىئلال ۋە سىيغىلىرى بىلەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىشىلىق .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال  اَهْدى ، يُهْدِى  بولۇپ، مەسدىرى إهْدَاءٌ (سوۋغا بەرمەك) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك  ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ .

اَهْدى ، يُهْدِى ، مُهْدٍ ، مُهْدًا ، لم يُهْدِ  ، لا يُهْدِى ، اَهْدِ  ، لِيُهْدِ ، لاتُهْدِ ، مُهْدًى مشترك .

بۇلارنىڭ ئىئلالى رَمى ، يَرْمِى نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىشىلىق .

بۇ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال أَرْوى ، يُرْوِى بولۇپ، مەسدىرى إرْوَاءٌ (سۇغا قاندۇرماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك  ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

أَرْوى ، يُرْوِى  ، مُرْوٍ ، مُرْوًى ، لم يُرْوِ ، لا يُرْوِى ، اَرْوِ ، لِيُرْوِ ، لا تُرْوِ ، مُرْوًى مشترك .

بۇ بابنىڭ لەفىف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال  أَحْيى ، يُحْيِى بولۇپ، مەسدىرى إحْيَاءٌ (تىرىلدۈرمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك  ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

أَحْيى ، يُحْيِى ، مُحْيٍ ، مُحْيًى ، لم يُحْيِ ، لا يُحْيِى ، اَحْيِ ، لِيُحْيِ ، لا تُحْيِ ، مُحْيًى  مشترك .

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال أَوْصى ، يُوْصِى بولۇپ، مەسدىرى إيْصَاءٌ  (ۋەسىيەت قىلماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك  ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

أَوْصى ، يُوْصِى مُوصٍ ، مُوصًى ، لم يُوصِ  ، لا يُوصِى ، اَوْصِ ،  لِيُوصِ ، لا تُوصِ ، مُوصًى مشترك.

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال  أَيدى ، يُودِى بولۇپ، مەسدىرى إيداءٌ (قۇۋۋەتلىماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك  ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

أَيدى ، يُودِى ، مُودٍ ، مُودًى ، لم يُودِ ، لا يُودِى ، أَيدِ ، لِيُودِ ، لا تُودِ ، مُودًى مشترك .

يُودِى  ئەسلىدە  يُيْدِىُ  ئىدى .

أَيدى نىڭ مەجھۇلى أُوْدِىَ كېلىدۇ، أَيدى نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرساق أَيدَىَ بولدى، ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلساق أَيدِىَ بولدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتلىك ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق أُيدِىَ بولدى، «يـ» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولغانلىقتىن «يـ» نى «و» غا يۆتكىۋەتسەك أُوْدِىَ بولدى . بۇنىڭ سيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

أُوْدِىَ ، أُوْدِيَا ، اُوْدُوا ، اُوْدِيَتْ ، اُوْدِيَتَا ، اُوْدِيْنَ ، اُوْدِيْتَ ، اُوْدِيْتُمَا ، اُوْدِيْتُمْ ، اُوْدِيْتِ ، اُوْدِيْتُمَا ، اُوْدِيْتُنَّ ، اُوْدِيْتُ ، اُوْدِيْنَا .

## ئىككىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ ئىككىنچى بابى فَعَّلَ ، يُفَعِّلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «تَفْعِيْلٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدەرلىرى تۆۋەندىكىدەك بەش خىل ۋەزىندە كېلىدۇ :

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى | ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| تَفْعِيْلٌ | تَفْرِيْحٌ | خۇشال قىلماق | تَفْعَالٌ | تَكْرَارٌ | تەكرار قىلماق |
| تَفْعِلَةٌ | تَسْوِيَةٌ | باراۋەر قىلماق | فِعَّالٌ | كِذَّابٌ | يالغان دەپ قارىماق |
| مُفَعَّلَةٌ | مُمَزَّقَةٌ | يىرتماق | | | |

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك يەتتە خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ .

1. لازىم پېئىلنى مۇتەئەددى قىلىۋېتىدۇ. مەسىلەن : فَرَّحْتُ زَيْدًا (زەيدنى خۇشال قىلدىم).

2. ئەسلىي پېئىلنىڭ ناھايىتى كۆپ يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن : طَوَّفَ زَيْدٌ (زەيد ناھايىتى كۆپ ئايلاندى) .

3. پائىلنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: مَوَّتَ الإِبِلُ (نۇرغۇن تۆگىلەر ئۆلۈپ كەتتى).

4. مەپئۇلنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : غَلَّقْتُ الأَبوَابَ (نۇرغۇن ئىشىكلەرنى تاقىدىم) .

5. مەپئۇلنى ئەسلىي پېئىلغا نىسبەت بېرىشنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: فَسَّقْتُ زَيدًا (زەيتنى پاسىق ھېسابلىدىم) .

6. ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىنىڭ مەلۇم بىر نەرسىدىن ئايرىلغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن : جَلَّدْتُ الْبَعِيْرَ (تۆگىنى تېرىدىن ئايرىدىم).

7. ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىنى پەيدا قىلغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن: خَيَّمَ زَيْدٌ (زەيد چېدىر ياسىدى). خَيَّمَ نىڭ ئەسلىيسى، ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرى بولغان خَيْمَةٌ (چېدىر) دۇر.

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال صَرَّحَ يُصَرِّحُ بولۇپ، مەسدىرى تَصْرِيْحٌ (ئاشكارا قىلماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

صَرَّحَ يُصَرِّحُ ، مُصَرِّحٌ ، مُصَرَّحٌ ، لمْ يُصَرِّحْ ، لايُصَرِّحُ ، صَرِّحْ ، لِيُصَرِّحْ ، لاتُصَرِّحْ ، مُصَرَّحٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال جَدَّدَ ، يُجَدِّدُ بولۇپ، مەسدىرى تَجْدِيدٌ (يېڭىلىماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

جَدَّدَ ، يُجَدِّدُ ، مُجَدِّدٌ ، مُجَدَّدٌ ، لم يُجَدِّدْ ، لا يُجَدِّدُ ، جَدِّدْ ، لِيُجَدِّدْ ، لا تُجَدِّدْ ، مُجَدَّدٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال وَحَّدَ ، يُوَحِّدُ بولۇپ، مەسدىرى تَوْحِيدٌ (بىرلەشتۈرمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ .

وَحَّدَ ، يُوَحِّدُ، مُوَحِّدٌ ، مُوَحَّدٌ ، لم يُوَحِّدْ ، لا يُوَحِّدُ ، وَحِّدْ ، لِيُوَحِّدْ ، لا تُوَحِّدْ ، مُوَحَّدٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال يَسَّرَ ، يُيَسِّرُ بولۇپ، مەسدىرى تَيْسِيرٌ (ئاسانلاشتۇرماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

يَسَّرَ ، يُيَسِّرُ ، مُيَسِّرٌ ، مُيَسَّرٌ ، لم يُيَسِّرْ ، لا يُيَسِّرُ ، يَسِّرْ ، لِيُيَسِّرْ ، لا تُيَسِّرْ ، مُيَسَّرٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال صَوَّبَ ، يُصَوِّبُ بولۇپ، مەسدىرى تَصْوِيبٌ (دۇرۇس ئىش قىلماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

صَوَّبَ ، يُصَوِّبُ ، مُصَوِّبٌ ، مُصَوَّبٌ ، لم يُصَوِّبْ ، لا يُصَوِّبُ ، صَوِّبْ ، لِيُصَوِّبْ ، لا تُصَوِّبْ ، مُصَوَّبٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال طَيَّبَ ، يُطَيِّبُ بولۇپ، مەسدىرى تَطْيِيبٌ (ياخشىلىماق) كېلىدۇ .

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

طَيَّبَ ، يُطَيِّبُ ، مُطَيِّبٌ ، مُطَيَّبٌ ، لم يُطَيِّبْ ، لا يُطَيِّبُ ، طَيِّبْ ، لِيُطَيِّبْ ، لا تُطَيِّبْ ، مُطَيَّبٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال رَبَّى يُرَبِّى بولۇپ، مەسدىرى تَرْبِيَةٌ (تەربىيىلىمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

رَبَّى يُرَبِّى مُرَبٍّ ، مُرَبًّى ، لم يُرَبِّ ، لا يُرَبِّى ، رَبِّ ، لِيُرَبِّ ، لا تُرَبِّ ، مُرَبًّى مشترك .

بۇ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال سَوَّى ، يُسَوِّى بولۇپ، مەسدىرى تَسْوِيَةٌ (باراۋەر قىلماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

سَوَّى ، يُسَوِّى ، مُسَوٍّ ، مُسَوًّى ، لم يُسَوِّ ، لا يُسَوِّى ، سَوِّ ، لِيُسَوِّ ، لا تُسَوِّ ، مُسَوًّى مشترك.

لەففكە يەنە بىر مىسال حَيّى ، يُحَيّى بولۇپ، مەسدىرى تَحِيَّةٌ (سالام قىلماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

حَيّى ، يُحَيِّى ، مُحَيٍّ ، مُحَيًّى ، لم يُحَيِّ ، لا يُحَيِّى ، حَيِّ ، لِيُحَيِّ ، لا تُحَيِّ ، مُحَيًّى مشترك .

بۇ بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال وَفّى ، يُوَفِّى بولۇپ، مەسدىرى تَوْفِيَةٌ (تولۇق ئادا قىلماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

وَفّى ، يُوَفِّى ، مُوَفٍّ ، مُوَفًّى ، لم يُوَفِّ ، لا يُوَفِّى ، وَفِّ ، لِيُوَفِّ ، لا تُوَفِّ ، مُوَفًّى مشترك .

# ئۈچىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ ئۈچىنچى بابى فَاعَلَ ، يُفَاعِلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «مُفَاعَلَةٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى مُفَاعَلَةٌ ، فِعَالٌ ۋە فِيْعَالٌ قاتارلىق ئۈچ ۋەزىندە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپ ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. كۆپ ھاللاردا ئەسلىي پېئىلنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك شەخسلەر تەرىپىدىن ئورتاق ئورۇنداالغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن : ضَارَبَ زَيْدٌ عَمْرًوا (زەيد ئەمرى بىلەن ئۇرۇشتى) .

2. ئەسلىي پېئىلنى مۇتەئەددىگە ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ كۆپ قېتىم يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : ضَاعَفَ اللهُ اَجْرَهُ (اللهُ ئۇنىڭ ئەجرىنى نەچچە ھەسسە قىلغاي!) .

3. قىسمەن چاغلاردا ئەسلىي پېئىلنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىنىلا ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: قَاتَلَهُمُ اللهُ (ئاللاھ ئۇلارنى ئۆلتۈرگەي!) .

4. اَفْعَلَ ۋەزىنىدىكى پېئىللار ئىپادىلىگەن مەننى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بَاعَدْتُهُ (ئۇنى يىراقلاشتۇردۇم). بۇ اَبْعَدْتُهُ دېگەن پېئىلنىڭ مەنىسىدە.

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال سَافَرَ ، يُسَافِرُ بولۇپ، مەسدىرى مُسَافَرَةٌ سِفَارٌ (سەپەر قىلماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

سَافَرَ ، يُسَافِرُ مُسَافِرٌ ، مُسَافَرٌ ، لَمْ يُسَافِرْ ، لا يُسَافِرُ ، سَافِرْ ، لِيُسَافِرْ ، لا تُسَافِرْ ، مُسَافَرٌ مشترك .

سَافَرَ نىڭ مەجھۇلى سُوْفِرَ كېلىدۇ .

سَافَرَ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلساق سَافِرَ بولدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتلىك ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق سُافِرَ بولدى، «ا» ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولغانلىقتىن «ا» نى «و» غا يۆتكىۋەتسەك سُوْفِرَ بولدى .

ئون ئۈچىنچى قائىدە : «ا» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولسا «ا» نى «و» غا يۆتكىۋېتىمىز .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال حَابَّ ، يُحَابُّ بولۇپ، مەسدىرى مُحَاَبّةٌ (ياخشى كۆرۈشمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

حَابَّ، يُحَابُّ، مُحَابٌّ إسم فاعل ۋە إسم مفعول، لم يُحَابَّ، لا يُحَابُّ، حَابَّ، لِيُحَابَّ ، لا تُحَابَّ ، مُحَابٌّ مشترك.

حَابَّ نىڭ مەجھۇلى حُوْبَّ كېلىدىغان بولۇپ، بۇ تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇلدا مەجھۇل قىلىنىدۇ .

حَابَّ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرساق حَابَبَ بولدى، ئۇنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلساق حَابِبَ بولدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتلىك ھەرپنى زەممەلىك قىلساق حُابِبَ بولدى، «ا» ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولغانلىقتىن «ا» نى «و» غا يۆتكىۋەتسەك حُوْبِبَ بولدى، ئاۋۋالقى «بـ» نىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ ئۇنى ئىككىنچى «بـ» غا ئىدغام قىلساق حُوْبَّ بولدى .

مُحَابٌّ ئىسىم پائىل بولۇپ، بۇ شەكىل جەھەتتىن ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان ۋە ئىسىم مەپئۇل قاتارلىقلار بىلەن ئوخشاش . ئەمما، ئىسىم پائىل بولغاندا ئۇنىڭ ئەسلىسى مُحَابِبٌ بولىدۇ، ئىسىم زامان ئىسىم ماكان ۋە ئىسىم مەپئۇل بولغاندا بولسا مُحَابَبٌ بولىدۇ، بۇلار ئىدغامنىڭ سەۋەبىدىن شەكىل جەھەتتىن ئوخشىشىپ قالغان .

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال وَاظَبَ ، يُوَاظِبُ بولۇپ، مەسدىرى مُوَاظَبَةٌ (مەلۇم بىر ئىشنى داۋاملاشتۇرماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

وَاظَبَ ، يُوَاظِبُ، مُوَاظِبٌ، مُوَاظَبٌ ، لم يُوَاظِبْ ، لا يُوَاظِبُ ، وَاظِبْ ، لِيُوَاظِبْ ، لا تُوَاظِبْ، مُوَاظَبٌ مشترك.

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال يَاسَرَ ، يُيَاسِرُ بولۇپ، مەسدىرى مُيَاسَرَةٌ (سول تەرەپكە ئاتماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

يَاسَرَ ، يُيَاسِرُ ، مُيَاسِرٌ ، مُيَاسَرٌ ، لم يُيَاسِرْ ، لا يُيَاسِرُ ، يَاسِرْ ، لِيُيَاسِرْ ، لا تُيَاسِرْ ، مُيَاسَرٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال جَاوَبَ ، يُجَاوِبُ بولۇپ، مەسدىرى مُجَاوَبَةٌ (جاۋابلاشماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

جَاوَبَ ، يُجَاوِبُ ، مُجَاوِبٌ ، مُجَاوَبٌ ، لم يُجَاوِبْ، لا يُجَاوِبُ، جَاوِبْ، لِيُجَاوِبْ، لا تُجَاوِبْ، مُجَاوَبٌ ، مشترك.

بۇ بابىنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال طَايَبَ ، يُطَايِبُ بولۇپ، مەسدىرى مُطَايَبَةٌ (چاقچاقلاشماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

طَايَبَ ، يُطَايِبُ ، مُطَايِبٌ ، مُطَايَبٌ ، لم يُطَايِبْ ، لا يُطَايِبُ ، طَايِبْ ، لِيُطَايِبْ ، لا تُطَايِبْ ، مُطَايَبٌ مشترك.

بۇ بابىنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال حَابَى ، يُحَابِى بولۇپ، مەسدىرى مُحَابَاةٌ (ياردەم بەرمەك) كېلىدۇ. بۇ ئەسلىدە مُحَابَوَةٌ ئىدى. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

حَابَى ، يُحَابِى ، مُحَابٍ ، مُحَابًا ، لم يُحَابِ ، لا يُحَابِى ، حَابِ ، لِيُحَابِ ، لا تُحَابِ ، مُحَابًا مشترك .

بۇ بابىنىڭ لەفىف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال دَاوى ، يُدَاوِى بولۇپ، مەسدىرى مُدَاوَاةٌ (داۋالىماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

دَاوى ، يُدَاوِى ، مُدَاوٍ ، مُدَاوًى ، لم يُدَاوِ ، لا يُدَاوِى ، دَاوِ ، لِيُدَاوِ ، لا تُدَاوِ ، مُدَاوًى مشترك .

بۇ بابىنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال وَالَى يُوَالِى بولۇپ، مەسدىرى مُوَالاَةٌ (ئارقا ـ ئارقىدىن قىلماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ : وَالَى ، يُوَالِى ، مُوَالٍ ، مُوَالًى، لم يُوَالِ ، لا يُوَالِى ، وَالِ ، لِيُوَالِ ، لاتُوَالِ ، مُوَالًى مشترك.

## تۆتىنچى باب

تۆتىنچى باب إِفْتَعَلَ ، يَفْتَعِلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «إِفْتِعَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِفْتِعَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

يَفْتَعِلُ ئەسلىدە يَاِفْتَعِلُ بولۇپ، مۇزارىئە ھەرپى دائىم ھەرىكەتلىك بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەمزە ۋەسلى تەلەپپۇز ۋە يېزىقتا چۈشۈپ قېلىپ يَفْتَعِلُ قالغان .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ، كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. ئۆزنىڭ مۆجەررەت پېئىللىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ . مەسىلەن: جَمَعْتُهُ فَاجْتَمَعَ (ئۇنى يىغىۋىدىم شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىغىلدى) .

2. ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن : إِكْتَسَبَ الْفَلاَّحُ (دېھقان كۆپ ئىشلىدى) .

3. ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىنى قىلغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن: إِخْتَبَزْتُ الدَّقِيقَ (ئۇنى نان قىلدىم). بۇ مىسالدىكى إِخْتَبَزَ نىڭ ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرى، خُبْزٌ (نان) دۇر .

4. بەزى چاغلاردا ئەسلىدىكى پېئىلنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىنىلا ئىپادىلەپمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن: إِجْتَذَبَ مِنْ طَرَفِ ثَوْبِهِ (ئۇنىڭ پېشىدىن تارتتى) .

5. مُفَاعَلَةٌ بابىغا ئوخشاش ئەسلىي پېئىلنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشى تەرىپىدىن ئورتاق قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ . مەسىلەن: إِخْتَصَمَ إبراهيم و إسماعيل (ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن جېدەللەشتى).

6. ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىنى تەلەپ قىلىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: إِكْتَدَّ زَيْدًا ( زەيتتىن جاپا چېكىشنى تەلەپ قىلدى) .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِحْتَسَبَ ، يَحْتَسِبُ بولۇپ، مەسدىرى إِحْتِسَابٌ (ھېساپ ئالماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ .

إِحْتَسَبَ ، يَحْتَسِبُ ، مُحْتَسِبٌ ، مُحْتَسَبٌ ، لم يَحْتَسِبْ ، لا يَحْتَسِبُ ، إِحْتَسِبْ ، لِيَحْتَسِبْ ، لا تَحْتَسِبْ ، مُحْتَسَبٌ ، مشترك .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال إِحْتَجَّ ، يَحْتَجُّ بولۇپ، مەسدىرى إِحْتِجَاجٌ (ھۆججەتلەشمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِحْتَجَّ ، يَحْتَجُّ ، مُحْتَجٌّ إسم فاعل ۋە إسم مفعول ، لم يَحْتَجَّ ، لا يَحْتَجُّ ، اِحْتَجَّ ، لِيَحْتَجَّ ، لا تَحْتَجَّ ، مُحْتَجٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال إِتَّضَحَ ، يَتَّضِحُ بولۇپ، مەسدىرى إِتِّضَاحٌ (ئاشكارىلىماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِتَّضَحَ ، يَتَّضِحُ ، مُتَّضِحٌ ، مُتَّضَحٌ ، لم يَتَّضِحْ ، لا يَتَّضِحُ ، إِتَّضِحْ ، لِيَتَّضِحْ ، لا تَتَّضِحْ ، مُتَّضَحٌ مشترك .

إِتِّضَاحٌ ئەسلىدە إِوْتِضَاحٌ بولۇپ، «و» إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە كەلگەنلىكتىن ئۇنى «ت» غا يۆتكىۋەتسەك إِتْتِضَاحٌ بولدى، ئىككى «ت» نى ئىدغام قىلىۋەتسەك إِتِّضَاحٌ بولدى .

ئون تۆتىنچى قائىدە: 1) إِفْتِعَالٌ بابىنىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «و ، ي ، ث» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا ئۇنى «ت» گە يۆتكىۋېتىمىز.

مەسىلەن: إِتَّضَحَ ، إِتَّسَرَ ، إِتَّقَرَ

ئەسلىيسى : إِوْتَضَحَ ، إِيْتَسَرَ ، إِثْتَقَرَ .

بۇ قائىدىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن «و ، ي ، ث » قاتارلىق ھەرپلەر باشقا ھەرپتىن يۆتكەلمىگەن ئەسلىي ھەرپلەر بولۇشى كېرەك، إِيْتَكَلَ دېگەن كەلىمىدىكى «ي» ھەرپى «ء» دىن يۆتكەلگەن بولغاچقا، ئۇ كەلىمىنى إِتَّكَلَ قىلىشقا بولمايدۇ. إِيْتَكَلَ نىڭ ئەسلىيسى إِئْتَكَلَ ئىدى.

2) إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «د ، ذ ، ز» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «ت» سىنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا يۆتكەيمىز ۋە ئۇ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىۋېتىمىز.

مەسىلەن : إِدَّمَعَ ، إِذَّكَرَ ، إِزَّجَرَ

ئەسلىيسى: إِدْتَمَعَ ، إِذْتَكَرَ ، إِزْتَجَرَ .

3) إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «ص ، ض ، ط ، ظ» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى «ط» گە يۆتكەيمىز .

مەسىلەن : إِصْطَلَحَ ، إِضْطَرَبَ ، إِطَّرَدَ ، إِظْطَلَمَ .

ئەسلىيسى: إِصْتَلَحَ ، إِضْتَرَبَ ، إِطْتَرَدَ ، إِظْتَلَمَ .

4) إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «س ، ش» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا يۆتكەش دۇرۇس .

مەسىلەن : اِسَّمَعَ ، اِشَّبَهَ

ئەسلىيسى : اِسْتَمَعَ ، اِشْتَبَهَ.

5) «ت ، د ، ذ ، ز ، س ، ص ، ض ، ط ، ظ» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى إِفْتِعَالٌ نىڭ «عَ» نىنىڭ باراۋىرىدە كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا يۆتكەپ ئۇ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىش دۇرۇس .

مەسىلەن : يَقَتِّلُ ، يَبَدِّلُ ، يَخَصِّمُ ، يَنَضِّلُ .

ئەسلىيسى: يَقْتَتِلُ ، يَبْتَدِلُ ، يَخْتَصِمُ ، يَنْتَضِلُ .

يَقَتِّلُ قاتارلىقلارنى يَقِتِّلُ قىلىپ ئوقۇشمۇ دۇرۇس. مەسىلەن : يَخِصِّمُونَ دېگەنگە ئوخشاش .

تەنبىھ : بۇ قائىدىنىڭ مازىدا ئىشلىتىلىشىدە ئىختىلاپ بولسىمۇ مۇزارىئەدە ئىشلىتىلىش ھەققىدە ئالىملارنىڭ پىكرى بىردەك.

بۇ قائىدىنى مازىدىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ دېگۈچىلەر يۇقىرىقى مىساللارنىڭ مازىسىنى قِتَّلَ ، بِدَّلَ ، بِضَّلَ شەكلىدە كەلتۈرگەن .

قِتَّلَ نىڭ ئەسلىيسى إِقْتَتَلَ بولۇپ، ئاۋۋالقى «تـ» نىڭ ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك إِقَتْتَلَ بولىدى، ئىككى «تـ» نى ئىدغام قىلىۋەتسەك إِقَتَّلَ بولىدى، ھەمزىدىن كېيىنكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولغانلىقتىن ھەمزىگە ئېھتىياجىمىز قالمىدى، شۇڭا ھەمزىنى ھەزىپ قىلىۋەتسەك قَتَّلَ قالدى، بۇ تَفْعِيلٌ بابىنىڭ مازىسىغا ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقتىن «ف» نىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپنى كەسرەلىك قىلساق قِتَّلَ ، بِدَّلَ ، بِضَّلَ بولىدى .

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال إِتَّسَرَ ، يَتَّسِرُ بولۇپ، مەسدىرى إِتِّسَارٌ (قىمار ئوينىماق) كېلىدۇ . بۇنىڭ ئەسلىيسى إِيْتِسَارٌ بولۇپ، «يـ» إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە كەلگەنلىكتىن ئۇنى «تـ» گە يۆتكىۋەتسەك إِتْتِسَارٌ بولدى، ئىككى «تـ» نى ئىدغام قىلىۋەتسەك إِتِّسَارٌ بولىدى. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

إِتَّسَرَ ، يَتَّسِرُ ، مُتَّسِرٌ ، مُتَّسَرٌ ، لم يَتَّسِرْ ، لا يَتَّسِرُ ، إِتَّسِرْ ، لِيَتَّسِرْ ، لا تَتَّسِرْ ، مُتَّسَرٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال إِقْتَاتَ ، يَقْتَاتُ بولۇپ، مەسدىرى إِقْتِيَاتٌ (ئوزۇق تەييارلىماق) كېلىدۇ . بۇ ئەسلىدە إِقْتِوَاتٌ بولۇپ، «و» كەلىمىدە تۆتىنچى ھەرپ بولۇپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك ئەمەس، شۇڭا ئۇ «و» نى «يـ» غا يۆتكىۋەتسەك إِقْتِيَاتٌ بولدى . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

إِقْتَاتَ ، يَقْتَاتُ ، مُقْتَاتٌ إسم فاعل ۋە إسم مفعول ، لم يَقْتَتْ ، لايَقْتَاتُ ، إِقْتَتْ ، لِيَقْتَتْ ، لا تَقْتَتْ ، مُقْتَاتٌ مشترك .

إِقْتَاتَ ، يَقْتَاتُ قاتارلىقلار ئەسلىدە إِقْتَوَتَ ، يَقْتَوِتُ ئىدى .

إِقْتَاتَ نىڭ مەجھۇلى أُقْتِيْتَ كېلىدۇ، إِقْتَاتَ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئەسلىگە قايتۇرساق إِقْتَوَتَ بولىدى، ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپنى كەسرەلىك قىلساق إِقْتَوِتَ بولىدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتلىك ھەرپنى زەممەلىك قىلساق أُقْتُوِتَ بولىدى، «و» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «و» نىڭ كەسرەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك أُقْتِوْتَ بولىدى، «و» ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولغانلىقتىن «و» نى «يـ» غا يۆتكىۋەتسەك أُقْتِيْتَ بولدى .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال إِكْتَالَ ، يَكْتَالُ بولۇپ، مەسدىرى إِكْتِيَالٌ (ئۆلچىمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

إِكْتَالَ ، يَكْتَالُ ، مُكْتَالٌ ، لم يَكْتَلْ ، لا يَكْتَالُ ، إِكْتَلْ ، لِيَكْتَلْ ، لا تَكْتَلْ ، مُكْتَالٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال إِخْتَفَى ، يَخْتَفِي بولۇپ، مەسدىرى إِخْتِفَاءٌ (يۇشۇرۇنماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِخْتَفَى ، يَخْتَفِي ، مُخْتَفٍ ، مُخْتَفًى ، لَمْ يَخْتَفِ ، لَا يَخْتَفِي ، إِخْتَفِ ، لِيَخْتَفِ ، لَا تَخْتَفِ ، مُخْتَفًى .

بۇ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال إِحْتَوَى ، يَحْتَوِي بولۇپ، مەسدىرى إِحْتِوَاءٌ (ئۆز ئىچىگە ئالماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِحْتَوَى ، يَحْتَوِي ، مُحْتَوٍ ، مُحْتَوًى ، لَمْ يَحْتَوِ ، لَا يَحْتَوِي ، إِحْتَوِ ، لِيَحْتَوِ ، لَا تَحْتَوِ ، مُحْتَوًى مشترك .

بۇ بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال إِتَّقَى ، يَتَّقِي بولۇپ، مەسدىرى إِتِّقَاءٌ (ساقلانماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِتَّقَى ، يَتَّقِي ، مُتَّقٍ ، مُتَّقًى ، لَمْ يَتَّقِ ، لَا يَتَّقِي ، إِتَّقِ ، لِيَتَّقِ ، لَاتَتَّقِ ، مُتَّقًى مشترك .

إِتَّقَى ئەسلىدە إِوْتَقَيَ بولۇپ «و» إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە كەلگەنلىكتىن ئۇنى «تـ» گە يۆتكىۋەتسەك إِتْتَقَيَ بولدى، ئىدغام قىلىۋەتسەك إِتَّقَيَ بولدى، «يـ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك إِتَّقَى بولدى .

يَتَّقِي ئەسلىدە يَوْتَقِيُ بولۇپ، «و» نى «تـ» گە يۆتكىۋەتسەك يَتْتَقِيُ بولدى، ئىككى «تـ» نى ئىدغام قىلىۋەتسەك يَتَّقِيُ بولدى، «يـ» نىڭ زەممەسىنى تاشلىۋەتسەك يَتَّقِي قالدى .

## بەشىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ بەشىنچى بابى إِنْفَعَلَ ، يَنْفَعِلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «إِنْفِعَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِنْفِعَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. ئەسلىي پېئىلنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: قَطَعْتُ الْخَشِيْشَ فَانْقَطَعَ (ئوت - چۆپنى كېسىۋىدىم كېسىلدى) .

2. ئەسلىي پېئىلنىڭ إِفْعَالٌ بابىغا يۆتكەلگەن ھالىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن : أَزْعَجْتُ الْبَابَ فَانْزَجَعَ (ئىشىكنى ئىتتىرىۋىدىم ئىتتىرىلدى) .

تەنبىھ : بۇ باب ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق قىلىنىدىغان پېئىللارغىلا خاستۇر .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِنْسَحَبَ ، يَنْسَحِبُ بولۇپ، مەسدىرى إِنْسِحَابٌ (چېكىنمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِنْسَحَبَ ، يَنْسَحِبُ ، مُنْسَحِبٌ ، مُنْسَحَبٌ ، لَمْ يَنْسَحِبْ ، لاَ يَنْسَحِبُ ، اِنْسَحِبْ ، لِيَنْسَحِبْ ، لاَ تَنْسَحِبْ ، مُنْسَحَبٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِنْقَضَّ ، يَنْقَضُّ بولۇپ، مەسدىرى إِنْقِضَاضٌ (سۇنماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِنْقَضَّ ، يَنْقَضُّ ، مُنْقَضٌّ ، لَمْ يَنْقَضَّ ، لاَ يَنْقَضُّ ، إِنْقَضَّ ، لِيَنْقَضَّ ، لاَ تَنْقَضَّ ، مُنْقَضٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِنْقَادَ ، يَنْقَادُ بولۇپ، مەسدىرى إِنْقِيَادٌ (بويسۇنماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِنْقَادَ ، يَنْقَادُ ، مُنْقَادٌ ، لَمْ يَنْقَدْ ، لاَ يَنْقَادُ ، اِنْقَدْ ، لِيَنْقَدْ ، لاَتَنْقَدْ ، مُنْقَادٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِنْقَاسَ ، يَنْقَاسُ بولۇپ، مەسدىرى إِنْقِيَاسٌ (قىياس قىلماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِنْقَاسَ ، يَنْقَاسُ ، مُنْقَاسٌ ، لَمْ يَنْقَسْ، لاَ يَنْقَاسُ ، إِنْقَسْ ، لِيَنْقَسْ ، لاَتَنْقَسْ ، مُنْقَاسٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال إِنْجَلَى ، يَنْجَلِي بولۇپ، مەسدىرى إِنْجِلاَءٌ (ئېچىلماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِنْجَلَى ، يَنْجَلِي مُنْجِلِ ، مُنْجَلًى ، لَمْ يَنْجَلْ ، لاَيَنْجَلِي ،إِنْجَلِ ، لِيَنْجَلِ ، لاَ تَنْجَلِ، مُنْجَلًى مشترك .

إِنْجَلَى ئەسلىدە إِنْجَلَوَ بولۇپ، «و» كەلىمىنىڭ تۆتىنچى ھەرپى بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك ئەمەس، شۇڭا «و» نى «يـ» غا يۆتكىۋەتسەك إِنْجَلَيَ بولدى، «يـ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك إِنْجَلَى بولىدۇ .

يَنْجَلِي ئەسلىدە يَنْجَلِوُ ئىدى .

بۇ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال إِنْزَوَى ، يَنْزَوِي بولۇپ، مەسدىرى إِنْزِوَاءٌ (يوشۇرۇنماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِنْزَوَى ، يَنْزَوِي ، مُنْزَوِ ، مُنْزَوًى ، لَمْ يَنْزَوِ ، لاَ يَنْزَوِي ، اِنْزَوِ ، لِيَنْزَوِ ، لاَ تَنْزَوِ ، مُنْزَوًى مشترك .

تەنبىھ : مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلەر بۇ بابتا كەلمەيدۇ .

## ئالتىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ ئالتىنچى بابى إِفْعَلَّ ، يَفْعَلُّ  بابى بولۇپ، بۇ ئادەتتە «إِفْعِلَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِفْعِلَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. ئەسلىي پېئىلنىڭ سۈپىتىنىڭ پائىلدا پەيدا بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: إِصْفَرَّ وَجْهُ الْمُذْنِبِ (گۇناھكارنىڭ يۈزى ساغىرىپ كەتتى) . بۇ مىسالدىكى ئەسلىي پېئىلنىڭ سۈپىتى صُفْرٌ (سېرىقلىق) دۇر.

2. پېئىللارنىڭ مەنىسىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ ۋە داۋاملىق لازىم پېئىل بولۇپ كېلىپ كۆپىنچە رەڭ ۋە ئەيىبنى مۇبالىغىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: إِسْوَدَّ اللَيلُ (كېچە قاپ ـ قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى).

إِفْعَلَّ ، يَفْعَلُّ  ئەسلىدە إِفْعَلَلَ ، يَفْعَلِلُ  بولۇپ، ئىككى «ل» نى ئىدغام قىلىۋەتسەك  إِفْعَلَّ ، يَفْعَلُّ بولغان .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال  إِحْمَرَّ ، يَحْمَرُّ بولۇپ، مەسدىرى إِحْمِرَارٌ (بەك قىزارماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك  ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

إِحْمَرَّ ، يَحْمَرُّ ، مُحْمَرٌّ ، لم يَحْمَرَّ ، لا يَحْمَرُّ ، اِحْمَرَّ ، لِيَحْمَرَّ ، لا تَحْمَرَّ ، مُحْمَرٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال  إِسْوَدَّ ، يَسْوَدُّ  بولۇپ، مەسدىرى إِسْوِدَادٌ (بەك قارىيىپ كەتمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك  ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

إِسْوَدَّ ، يَسْوَدُّ  ،  مُسْوَدٌّ ، لم يَسْوَدَّ ، لا يَسْوَدُّ ، اِسْوَدَّ ، لِيَسْوَدَّ ، لا تَسْوَدَّ ، مُسْوَدٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال  إِبْيَضَّ ، يَبْيَضُّ  بولۇپ، مەسدىرى إِبْيِضَاضٌ  (بەك ئاقىرىپ كەتمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك  ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

إِبْيَضَّ ، يَبْيَضُّ  ، مُبْيَضٌّ ، لم يَبْيَضَّ ، لا يَبْيَضُّ ، اِبْيَضَّ  ، لِيَبْيَضَّ ، لا تَبْيَضَّ ، مُبْيَضٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِرْعَوى ، يَرْعَوِى بولۇپ، مەسدىرى إِرْعِوَاءٌ (گۇمراھلىقتىن قايتماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئۇن خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

إِرْعَوى ، يَرْعَوِى ، مُرْعَوٍ ، مُرْعَوًى ، لم يَرْعَوِ ، لا يَرْعَوِى ، اِرْعَوِ ، لِيَرْعَوِ ، لا تَرْعَوِ ، مُرْعَوًى مشترك .

إِرْعَوى ، يَرْعَوِى قاتارلىقلار ئەسلىدە إِرْعَوَوَ ، يَرْعَوِوُ بولۇپ، «و» كەلىمىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك ئەمەس، شۇڭا ئۇ «و» نى «ي» غا يۆتكىۋەتسەك إِرْعَوَىَ ، يَرْعَوِىُ بولدى، مازىدا «ي» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك إِرْعَوى بولدى. مۇزارىئەدە «ي» نىڭ زەممەسىنى تاشلىۋەتسەك يَرْعَوِى بولدى.

بۇ بابتا ئىككى «و» نى ئىدغام قىلماي يۇقىرىقىدەك ئىئلال قىلىشنىڭ سەۋەبى إِرْعَوى ، يَرْعَوِى نىڭ تىلغا يېنىك بولغانلىقىدىندۇر.

## يەتتىنچى باب

سۇلاسى مەزىتتىنىڭ يەتتىنچى بابى إِفْعَالَّ ، يَفْعَالُّ بابى بولۇپ، ئادەتتە «إِفْعِيْلاَلٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِفْعِيْلاَلٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ باب پېئىللارنىڭ مەنىسىنى ئالتىنچى بابتىكىدىنمۇ قاتتىقراق مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىپ داۋاملىق لازىم پېئىل بولۇپ كېلىدۇ شۇنداقلا رەڭ ۋە ئەيىبنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللارغا خاس قىلىنىدۇ.

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِحْمَارَّ ، يَحْمَارُّ بولۇپ، مەسدىرى إِحْمِيْرَارٌ (قىپقىزىل بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

إِحْمَارَّ ، يَحْمَارُّ ، مُحْمَارٌّ ، لم يَحْمَارَّ ، لا يَحْمَارُّ ، اِحْمَارَّ ، لِيَحْمَارَّ ، لا تَحْمَارَّ ، مُحْمَارٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْوَادَّ ، يَسْوَادُّ بولۇپ، مەسدىرى إِسْوِدَادٌ (قاپقارا بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

إِسْوَادَّ ، يَسْوَادُّ ، مُسْوَادٌّ ، لم يَسْوَادَّ ، لا يَسْوَادُّ ، اِسْوَادَّ ، لِيَسْوَادَّ ، لا تَسْوَادَّ ، مُسْوَادٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِبْيَاضَّ ، يَبْيَاضُّ بولۇپ، مەسدىرى إِبْيِيْضَاضٌ (ئاپئاق بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

إِبْيَاضَّ ، يَبْيَاضُّ ، مُبْيَاضٌّ ، لم يَبْيَاضَّ ، لا يَبْيَاضُّ ، اِبْيَاضَّ ، لِيَبْيَاضَّ ، لا تَبْيَاضَّ ، مُبْيَاضٌّ مشترك .

## سەككىزىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ سەككىزىنچى بابى تَفَعَّلَ ، يَتَفَعَّلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «تَفَعُّلٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى تَفَعُّلٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك توققۇز خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. ئەسلىي پېئىلنىڭ تَفْعِيْلٌ بابىغا يۆتكەلگەن ھالىتىدىكى مەنىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ . مەسىلەن: عَلَّمْتُ إِبْرَاهِيْمَ فَتَعَلَّمَ (ئىبراھىمغا ئۆگەتتۇم ئۆگىنىۋالدى) .

2. مەلۇم بىر نەرسىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋالغانلىق مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن : تَوَسَّدْتُ التُّرَابَ (توپىنى ياستۇق قىلىۋالدىم) .

3. ئۆزىدە مەلۇم بىر سۈپەتنى باردەك كۆرسىتىشكە تىرىشقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: تَشَجَّعَ زَيْدٌ (زەيد ئۆزىنى باتۇر كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى) .

4. ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىدىن ئۆزىنى تارتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : تَهَجَّدَ إِبْرَاهِيْمُ (ئىبراھىم ئۇيقۇدىن ئۆزىنى تارتتى). ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرى هُجُوْدًا (ئۇخلىماق) ئىدى .

5. ئەسلىي پېئىلنىڭ تەدرىجىي يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: تَفَهَّمَ زَيْدٌ (زەيد تەدرىجىي چۈشەندى) .

6. ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىنىڭ مەنىسىنى تەلەپ قىلىشنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ . مەسىلەن: تَعَجَّلَ الشَّخْصَ (ئۇ كىشىدىن تېز بولۇشنى تەلەپ قىلدى) .

7. بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا ئۆزگىرىپ قېلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن : تَأَيَّمَتِ الْمَرْأَةُ (ئۇ ئايال تۇل بولۇپ قالدى).

8. پائىلنىڭ ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىنى مەيئۇل قىلىۋالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : تَبَنَّيْتُ إِبْرَاهِيْمَ (ئىبراھىمنى بالا قىلىۋالدىم).

9. تەۋە قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن : تَبَدَّى زَيْدٌ ( زەيد سەھرالىق بولۇپ كەتتى) .

تەنبىھ : سۇلاسى مەزىتنىڭ سەككىزىنچى ، توققۇزىنچى بابلىرىنىڭ ۋە رۇبائى مۇجەررەتنىڭ بىرىنچى بابىنىڭ، مۇزارىئە پېئىللىرىنىڭ ئىككى «ت» سىنىڭ بىرىنى ھەزىپ قىلىۋېتىش دۇرۇس .

مەسىلەن : تَصَدَّى ، تَنَزَّلُ

ئەسلىيسى: تَتَصَدَّى ، تَتَنَزَّلُ .

يۇقىرىقىدەك «ت» ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن مۇزارىئە پېئىلىدىن ئەمىر ھازىر فَعَّلْ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَفَصَّحَ ، يَتَفَصَّحُ بولۇپ، مەسدىرى تَفَصُّحٌ (پاساھەتلىك سۆز قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

تَفَصَّحَ ، يَتَفَصَّحُ ، مُتَفَصِّحٌ ، مُتَفَصَّحٌ ، لم يَتَفَصَّحْ ، لا يَتَفَصَّحُ ، تَفَصَّحْ ، لِيَتَفَصَّحْ ، لا تَتَفَصَّحْ ، مُتَفَصَّحٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ مۇزائەف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال جَدَّدَ ، يَتَجَدَّدُ بولۇپ، مەسدىرى تَجَدُّدٌ (يېڭىلانماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

تَجَدَّدَ ، يَتَجَدَّدُ ، مُتَجَدِّدٌ ، مُتَجَدَّدٌ ، لم يَتَجَدَّدْ ، لا يَتَجَدَّدُ ، تَجَدَّدْ ، لِيَتَجَدَّدْ ، لا تَتَجَدَّدْ ، مُتَجَدَّدٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ مىسال بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَوَرَّدَ ، يَتَوَرَّدُ بولۇپ، مەسدىرى تَوَرُّدٌ (سۇغا كەلمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَيَسَّرَ ، يَتَيَسَّرُ بولۇپ، مەسدىرى تَيَسُّرٌ (ئاسانلاشماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَحَيَّرَ ، يَتَحَيَّرُ بولۇپ، مەسدىرى تَحَيُّرٌ (تېڭىرقىماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَقَضّى ، يَتَقَضّى بولۇپ، مەسدىرى تَقَضِّيٌ (تۈگىمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَرَوّى ، يَتَرَوّى بولۇپ، مەسدىرى تَرَوِّيٌ (سۇغا قانماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ لەفىف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَزَيّى ، يَتَزَيّى بولۇپ، مەسدىرى تَزَيِّيٌ (ياسانماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَوَفّى ، يَتَوَفّى بولۇپ، مەسدىرى تَوَفِّيٌ (ئۆلتۈرمەك) كېلىدۇ .

## توققۇزىنچى باب

سۇلاسى مەزىتىنىڭ توققۇزىنچى بابى تَفَاعَلَ ، يَتَفَاعَلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «تَفَاعُلٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى تَفَاعُلٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ.

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بەش خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن كۆپرەك شەخسلەر تەرىپىدىن ئورتاق ئورۇندالغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: تَخَاصَمَ زَيْدٌ و عَمْرٌ (زەيد ئەمىر بىلەن دەۋالاشتى).

2. يۈز بەرمىگەن ئىشنى يۈز بەرگەن قىياپەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن : تَنَاوَمَ الْوَلَدُ (بالا ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى) .

3. ئەسلىي پېئىلنىڭ مُفَاعَلَةٌ بابىغا يۆتكەلگەن ھالىتىدىكى مەنىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : بَاعَدْتُهُ فَتَبَاعَدَ ( ئۇنى يىراق قىلىۋىدىم يىراق بولدى) .

4. ئەسلىي پېئىلنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: تَوَانَيْتُ ، وَنَيْتُ (ئاجىزلاشتىم) .

5. ئەسلىي پېئىلنىڭ تەدرىجىي يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : تَـوَارَدَ الطُّـلاَّبُ (ئوقۇغۇچىلار تەدرىجىي يېتىپ كەلدى).

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَدَارَكَ ، يَتَدَارَكُ بولۇپ، مەسدىرى تَدَارُكٌ (تاپماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

تَدَارَكَ ، يَتَدَارَكُ ، مُتَدَارِكٌ ، مُتَدَارَكٌ ، لم يَتَدَارَكْ ، لا يَتَدَارَكُ ، تَدَارَكْ ، لِيَتَدَارَكْ ، لا تَتَدَارَكْ ، مُتَدَارَكٌ مشترك

تَدَارَكَ نىڭ مەجھۇلى تُدُورِكَ كېلىدۇ، بۇنى سُوْفِرَ نىڭ ئىئلالىغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

تەنبىھ : تَفَعَّلٌ ، تَفَاعُلٌ قاتارلىق ئىككى بابتىكى پېئىللارنىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «ت ، د، ذ ، ز ، س ، ش ، ص ، ض ، ط ، ظ» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا ئۇ پېئىللارنىڭ ئاۋۋىلىدىكى «تـ» نى ئاشۇ ھەرپنىڭ جىنسىغا يۆتكەپ، ئۇ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىش ۋە كەلىمىنىڭ ئالدىغا كەسرەلىك ھەمزىنى كەلتۈرۈش دۇرۇس.

مەسىلەن : تَذَكَّرَ ، تَطَهَّرَ ، تَزَيَّنَ .

«ف» باراۋىرىدىكى ھەرپلەرنىڭ يۆتكەلگەن چاغدىكى ھالىتى : ذَذَكَّرَ ، طَطَهَّرَ ، زَزَيَّنَ .

« ف » باراۋىرىدىكى ھەرپلەر يۆتكەلگەن ۋە ئالدىغا

ھەمزە كەلتۈرۈلگەن ھالىتى : إِذَّكَّرَ ، إِطَّهَّرَ، إِزَّيَّنَ.

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَصَامَّ ، يَتَصَامُّ بولۇپ، مەسدىرى تَصَامُمٌ (ئاڭلىمىغان قىياپەتكە كىرىۋالماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَوَارَثَ ، يَتَوَارَثُ بولۇپ، مەسدىرى تَوَارُثٌ (ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراسخور بولماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَيَاسَرَ ، يَتَيَاسَرُ بولۇپ، مەسدىرى تَيَاسُرٌ (سول تەرەپكە ماڭماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَزَايَدَ ، يَتَزَايَدُ بولۇپ، مەسدىرى تَزَايُدٌ (رىقابەتلەشمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَصَابَى ، يَتَصَابَى بولۇپ، مەسدىرى تَصَابِيٌ (كىچىك بالىنىڭ قىلىقىنى قىلماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ لەفىق بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَدَاوَى ، يَتَدَاوَى بولۇپ، مەسدىرى تَدَاوِيٌ (داۋالانماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَوَارَى ، يَتَوَارَى بولۇپ، مەسدىرى تَوَارِيٌ (يوشۇرۇنماق) كېلىدۇ.

## ئونىنچى باب

سۇلاسى مەزىتىنىڭ ئونىنچى بابى إِسْتَفْعَلَ ، يَسْتَفْعِلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «إِسْتِفْعَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِسْتِفْعَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىنىڭ مەنىسىنى تەلەپ قىلىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن : إِسْتَخْرَجْتُ زَيْدًا (زەيددىن چىقىشنى تەلەپ قىلدىم) .

2. مەلۇم بىر نەرسىدە مەلۇم بىر خىل سۈپەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بايقىغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن : إِسْتَعْظَمْتُ زَيْدًا (زەيدنى ئۇلۇغ دەپ قارىدىم) .

3. پائىلنىڭ ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: إِسْتَحْجَرَالطِّيْنُ (لاي تاشقا ئايلىنىپ قالدى) .

4. ئەسلىي پېئىلنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىنىلا ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: إِسْتَقَرَّ (قارار ئالدى) .

5. ئۆرۈنۈش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : اِسْتَجْرَأَ زَيْدٌ (زەيد جۈرئەتلىك بولۇشقا ئۆرۈندى).

6. إِفْعَالٌ بابىدىكى پېئىللارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : أَرَاحَهُ فَاسْتَرَاحَ (ئۇنى ئارام ئالدۇرۇۋىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارام ئالدى).

ئون بەشىنچى قائىدە : بۇ بابنىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «ط» كەلسە «ت» نى ھەزىپ قىلىۋېتىش دۇرۇس. مەسىلەن : ﴿فَمَا اسْطَاعُوا أَنْ يَظْهَرُوهُ وَمَا اسْتَطَاعُوا لَهُ نَقْبًا﴾(ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى)، ئەسلىيسى «فَمَا اسْتَطَاعُوا أَنْ يَظْهَرُوهُ وَمَا اسْتَطَاعُوا لَهُ نَقْبًا».

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَنْسَخَ ، يَسْتَنْسِخُ بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِنْسَاخٌ (كۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَحَبَّ ، يَسْتَحِبُّ بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِحْبَابٌ (ياخشى كۆرمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مىسال بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَوْجَبَ ، يَسْتَوْجِبُ بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِيجَابٌ (ۋەزىپەم دەپ قارىماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَيْسَرَ ، يَسْتَيْسِرُ بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِيسَارٌ (ئاسانلاشماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَجَابَ ، يَسْتَجِيبُ بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِجَابَةٌ (ھاجىتىنى راۋا قىلماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَبَاعَ ، يَسْتَبِيعُ بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِبَاعَةٌ (سېتىشنى تەلەپ قىلماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَهْدَى ، يَسْتَهْدِي بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِهْدَاءٌ (ھىدايەت تەلەپ قىلماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ لەفىف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَهْوَى ، يَسْتَهْوِي بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِهْوَاءٌ (ھەيران قالدۇرماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ لەفىف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَحْيَى ، يَسْتَحْيِي بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِحْيَاءٌ (ئۇيالماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَوْفَى ، يَسْتَوْفِي بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِيفَاءٌ (تولۇق بولۇشنى تەلەپ قىلماق) كېلىدۇ .

## ئون بىرىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ ئون بىرىنچى بابى إِفْعَوْعَلَ ، يَفْعَوْعِلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە«إِفْعِيْعَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِفْعِيْعَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ:

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلي پېئىلنىڭ مەنىسىگە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ .

1. ئەسلي پېئىلنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : اِحْلَوْلَى التَّمْرُ ( خورما تەمگە كىردى)، ئۇ حَلاَ مەنىسىدە.

2. ئەسلي پېئىلنىڭ مەنىسىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن : إِحْدَوْدَبَ زَيْدٌ (زەيد مۈكچىيىپ كەتتى).

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِحْدَوْدَبَ ، يَحْدَوْدِبُ بولۇپ، مەسدىرى إِحْدِيْدَابٌ (مۈكچىيىپ كەتمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِحْدَوْدَبَ ، يَحْدَوْدِبُ ، مُحْدَوْدِبٌ ، مُحْدَوْدَبٌ ، لم يَحْدَوْدِبْ ، لاَيحْدَوْدِبُ ، اِحْدَوْدِبْ ، لِيَحْدَوْدِبْ ، لا تَحْدَوْدِبْ ، مُحْدَوْدَبٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِعْرَوْرَى ، يَعْرَوْرِى بولۇپ، مەسدىرى إِعْرِيْرَاءٌ (يالىڭاچ ھالدا ئاتقا مىنمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابتا يۇقىرىقىدىن باشقا ئەقسامىلار كەلمەيدۇ.

## ئون ئىككىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ ئون ئىككىنچى بابى إِفْعَوَّلَ ، يَفْعَوِّلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «إِفْعِوَّالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِفْعِوَّالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەرمۇ ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِجْلَوَّزَ ، يَجْلَوِّزُ بولۇپ، مەسدىرى إِجْلِوَّازٌ (تېز ماڭماق) كېلىدۇ .

بۇ بابتا سەھىھ دىن باشقا ئەقساملار كەلمىگەن.

الفعلُ الرباعيُّ الْمُجرّدُ

**تۆتلۇك ئۇزەك پېئىل**

رۇبائى مۇجەررەت فَعْلَلَ ، يُفَعْلِلُ دىن ئىبارەت بىرلا باب بولۇپ، ئادەتتە «فَعْلَلَةٌ » بابى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەسدىرى فَعْلَلَةٌ فِعْلاَلٌ قاتارلىق ئىككى خىل ۋەزىندە كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال دَحْرَجَ ، يُدَحْرِجُ بولۇپ، مەسدىرى دَحْرَجَةٌ ، دِحْرَاجٌ (يۇمىلاتماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

دَحْرَجَ ، يُدَحَرِجُ ، مُدَحْرِجٌ ، مُدَحْرَجٌ ، لم يُدَحْرِجْ ، لا يُدَحْرِجُ ، دَحْرِجْ ، لِيُدَحْرِجْ ، لا تُدَحْرِجْ ، مُدَحْرَجٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال صَرْصَرَ ، يُصَرْصِرُ بولۇپ، مەسدىرى صَرْصَرَةٌ ، صِرْصَارٌ (ۋارقىرىماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ مىسال ھەم مۇزائەپ رۇبائى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال وَسْوَسَ ، يُوَسْوِسُ بولۇپ، مەسدىرى وَسْوَسَةٌ ، وِسْوَاسٌ (ئىككىلەنمەك) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال جَوْرَبَ ، يُجَوْرِبُ بولۇپ، مەسدىرى جَوْرَبَةٌ ، جِيْرَابٌ (پايپاق كىيگۈزمەك)كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال شَيْطَنَ ، يُشَيْطِنُ بولۇپ، مەسدىرى شَيْطَنَةٌ شِيْطَانٌ (ھالاك قىلماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال قَلْسَى ، يُقَلْسِي بولۇپ، مەسدىرى قَلْسَةٌ ، قِلْسَاءٌ (دوپپا كىيگۈزمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال ضَوْضَى ، يُضَوْضِي بولۇپ، مەسدىرى ضَوْضَاةٌ ، ضِيْضَاءٌ (ۋارقىرىماق) كېلىدۇ . بۇلارنىڭ ئەسلىيسى ضَوْضَوَةٌ ، ضِوْضَاوٌ ئىدى.

## الفعلُ الرباعيُّ الْمَزِيدُ

## تۆتلۇك ياسالما ئۇزەك پېئىل

رۇبائى مەزىت ئۈچ باب بولۇپ، بۇ بابلاردا كەلگەن پېئىللارنىڭ ھەممىسى لازىم پېئىللاردۇر.

### بىرىنچى باب

رۇبائى مەزىتنىڭ بىرىنچى بابى تَفَعْلَلَ ، يَتَفَعْلَلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «تَفَعْلُلٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەسدىرى تَفَعْلُلٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ باب رۇبائى مۇجەررەت بولغان پېئىللارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن : دَحْرَجْتُهُ فَتَدَحْرَجَ (ئۇنى يۇمىلىتۋىدىم يۇمىلىدى).

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَدَحْرَجَ ، يَتَدَحْرَجُ بولۇپ، مەسدىرى تَدَحْرُجٌ (يۇمۇلىماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَصَلْصَلَ ، يَتَصَلْصَلُ بولۇپ، مەسدىرى تَصَلْصُلٌ (تۆمۈرنىڭ ئاۋاز چىقارماقلىقى) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَجَوْرَبَ ، يَتَجَوْرَبُ بولۇپ، مەسدىرى تَجَوْرُبٌ (پايپاق كىيمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَشَيْطَنَ ، يَتَشَيْطَنُ بولۇپ، مەسدىرى تَشَيْطُنٌ (ھالاك بولماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَقَلْسى، يَتَقَلْسى بولۇپ، مەسدىرى تَقَلْسٍ (دوپپا كىيمەك) كېلىدۇ .

## ئىككىنچى باب

رۇبائى مەزىتنىڭ ئىككىنچى بابى إِفْعَنْلَلَ ، يَفْعَنْلِلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «إِفْعِنْلَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەسدىرى إِفْعِنْلَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپىمۇ رۇبائى مۇجەررەت پېئىللارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە مۇبالىغىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن: حَرْجَمْتُ الْإِبِلَ فَاحْرَنْجَمَتْ (تۆگىلەرنى يىغىۋىدىم نۇرغۇن تۆگىلەر يىغىلدى) .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِبْرَنْشَقَ ، يَبْرَنْشِقُ بولۇپ، مەسدىرى إِبْرِنْشَاقٌ (چېچەكلىمەك) كېلىدۇ .

## ئۈچىنچى باب

رۇبائى مەزىتنىڭ ئۈچىنچى بابى إِفْعَلَلَّ ، يَفْعَلِلُّ بولۇپ، ئادەتتە «إِفْعِلْلَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەسدىرى إِفْعِلْلَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِقْشَعَرَّ ، يَقْشَعِرُّ بولۇپ، مەسدىرى إِقْشِعْرَارٌ (قورقۇنچتىن بەدىنىنى تىترەك باسماق) كېلىدۇ .

بىز يۇقىرىدا يىگىرمە ئىككى باب بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق . تۆۋەندە ئاشۇ بابلارغا مُلْحَقٌ (قوشۇپ قويىلىدىغان) قىلىنىدىغان ئون ئۈچ باب بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز .

## مُلْحَقَاتٌ

### قوشۇتىلغۇچىلەر

رۇبائى مۇجەررەتكە قوشۇپ قويۇلىدىغان ئالتە باب .

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
| --- | --- | --- |
| فَعْلَلَ | شَمْلَلَ | تېز ماڭدى. |
| فَوْعَلَ | حَوْقَلَ | ئاجىزلاشتى. |
| فَيْعَلَ | بَيْطَرَ | ئاتنى تاقىلىدى. |
| فَعْوَلَ | جَهْوَرَ | ئاشكارا بولدى. |
| فَعْنَلَ | قَلْنَسَ | دوپپا كىيدى. |
| فَعْلَى | قَلْسَى | دوپپا كىيدۈردى. |

رۇبائى مەزىتنىڭ بىرىنچى بابىغا قوشۇپ قويۇلىدىغان بەش باب .

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
| --- | --- | --- |
| تَفَعْلَلَ | تَجَلْبَبَ | تون كىيدى. |
| تَفَوْعَلَ | تَجَوْرَبَ | پايپاق كىيدى. |
| تَفَعْلَلَ | تَشَيْطَنَ | هالاك بولدى. |
| تَفَيْعَلَ | تَرَهْوَكَ | تەكەببۇرلۇق قىلدى. |
| تَفَعْوَلَ | تَمَسْكَنَ | بىچارە بولۇپ قالدى. |

رۇبائى مەزىتنىڭ ئىككىنچى بابىغا قوشۇپ قويۇلىدىغان ئىككى باب .

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
| --- | --- | --- |
| إِفْعَنْلَلَ | إِقْعَنْسَسَ | مەيدىسىنى كەردى. |
| إِفْعَنْلَى | إِسْلَنْقَى | ئوڭدىسىغا ياتتى. |

## خاتىمە

خاتىمىدە ئاساسلىقى مەھمۇز بولغان كەلىمىلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز .

كەلىمىدە فَعَلَ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «أ» بولسا بۇ كەلىمىنى «مهموز الفاء» دەيمىز.

مەسىلەن: «أَخَذَ».

كەلىمىدە فَعَلَ نىڭ «ع» نىڭ باراۋىرىدە «أ» بولسا، بۇ كەلىمىنى «مهموز العين» دەيمىز.

مەسىلەن: «سَأَلَ» .

كەلىمىدە فَعَلَ نىڭ «ل» نىڭ باراۋىرىدە «أ» بولسا، بۇ كەلىمىنى «مهموز اللام» دەيمىز .

مەسىلەن : «قَرَأَ» .

مەھمۇز بولغان كەلىمىلەرگە ئالاقىدار قائىدىلەر .

1. ھەمزە ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولسا ھەمزىنى ئاشۇ ھەرىكەتلەرگە مۇناسىپ بولغان ھەرپكە يۆتكەيمىز .

مەسىلەن: رَاسٌ، لُومٌ ، بِيرٌ .

ئەسلىيسى : رَأْسٌ ، لُؤْمٌ ، بِئْرٌ .

2. ئەگەر ھەمزە ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپمۇ ھەرىكەتلىك بولسا ھەمزە ئۆز ھالىدا قېلىۋېرىدۇ . مەسىلەن : سَأَلَ ، لُؤُمٌ ، رُؤُفٌ .

3. ھەمزە فەتھەلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك ياكى زەممەلىك بولسا ھەمزىنى ئاشۇ ھەرىكەتلەرگە مۇناسىپ كېلىدىغان ھەرپكە يۆتكەيمىز.

مەسىلەن : مِيَرَ ، جُوَرَ.

ئەسلىسى : مِئَرَ ، جُؤَرَ .

4. ھەمزە ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولسا ھەمزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاشۇ ھەرپكە بېرىپ ھەمزىنىڭ ئۆزىنى ھەزىپ قىلىۋېتىمىز .

مەسىلەن : يَرى ، مَسَلَةٌ ، مَلَكَ .

ئەسلىيسى : يَرْأَىُ ، مَسْئَلَةٌ ، مَلْئَكَ .

يَرى نىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

يَرى ، يَرَيَانِ ، يَرَونَ ، تَرى ، تَرَيَانِ ، يَرَيْنَ ، تَرى ، تَرَيَانِ ، تَرَوْنَ ، تَرَيْنَ ، تَرَيَانِ ، تَرَيْنَ ، أَرى ، نَرى .

يَرى نىڭ مازىسى رَآى بولۇپ، بۇنىڭ ئىئلالىمۇ رَمى نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنۇۋېلىنىڭ .

رَآى ، يَرى دىن ئەمىر هازىر «رَ» كېلىدۇ. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

رَ ، رَيَا ، رَوْا ، رَىْ ، رَيَا ، رَيْنَ .

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە مەھمۇز بولغان كەلىمىلەرنىڭ بابلىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن مىساللار رەتلەنگەن بولۇپ، ئۇنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىڭ .

«مهموز الفاء» بولغان كەلىمىلەر تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بەش بابتا كېلىدۇ .

| بابلار | مىساللار | مەسدەرلەر | مەنىلەر |
|---|---|---|---|
| فَعَلَ يَفْعِلُ | اَدَبَ يَأْدِبُ | مَأْدَبَةٌ | تاماققا چاقىرماق |
| فَعَلَ يَفْعُلُ | أَخَذَ يَأْخُذُ | أَخْذٌ | ئالماق |
| فَعَلَ يَفْعُلُ | أَهَبَ يَأْهَبُ | أُهْبَةٌ | هازىر بولماق |
| فَعِلَ يَفْعَلُ | أَرِجَ يَأْرَجُ | أَرَجٌ | ئىسرىق سالماق |
| فَعُلَ يَفْعُلُ | أَسُلَ يَأْسُلُ | أَسْلٌ | ئۇزارماق |
| «مهموز العين» بولغان كەلىمىلەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ بابتا كېلىدۇ. | | | |
| فَعَلَ يَفْعَلُ | رَاَى يَرَى | رُؤْيَةٌ | كۆرمەك |
| فَعِلَ يَفْعَلُ | يَئِسَ يَيْئَسُ | يَأْسٌ | ئۈمىدسىزلەنمەك |
| فَعُلَ يَفْعُلُ | لَؤُمَ يَلْؤُمُ | لُؤْمٌ | پەسكەش نەسەبتىن بولماق |
| «مهموزاللام» بولغان كەلىمىلەر تۆۋەندىكىدەك تۆت بابتا كېلىدۇ. | | | |
| فَعَلَ يَفْعُلُ | سَبَأَ يَسْبَأُ | سَبْأٌ | كۆيدۈرمەك |
| فَعِلَ يَفْعَلُ | صَدِؤَ يَصْدَئُ | صُدْأَةٌ | داتلىشىش |
| فَعَلَ يَفْعِلُ | هَنَأَ يَهْنِأُ | هِنَاَةٌ | تاماق سىڭمەك |
| فَعُلَ يَفْعُلُ | جَرُؤَ يَجْرُؤُ | جُرَأَةٌ | جۈرئەتلىك بولماق |

# قائىدىلەر

بىرىنچى قائىدە : ئوخشاش بولغان ئىككى ھەرپ بىر يەردە بولۇپ، ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق، ئىككىنچىسى ھەرىكەتلىك بولسا ئاۋۋالقىسىنى ئىككىنچىسىگە ئىدغام قىلىمىز .

ئىككىنچى قائىدە: ئەرەب تىلىدا ئاشكارا ياكى تەقدىرى بولغان كەسرە بىلەن فەتھەلىك ھالەتتىكى مۆزارىئە ھەرپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن «و» ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ . ئەمما، كەسرەلىك ھەرپ ئۆزگىرىپ كەتسە «و» ئەسلىگە قايتۇرۇلىدۇ . مەسىلەن : يُوْثَبُ دېگەنگە ئوخشاش .

ئۈچىنچى قائىدە: «و» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولسا «و» نى «ي» غا يۆتكەيمىز .

تۆتىنچى قائىدە : «ي» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولسا «ي» نى «و» غا يۆتكەيمىز .

بەشىنچى قائىدە : «و» ۋە «ي» قاتارلىق ھەرپلەر ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولسا بۇ ھەرپلەرنى «ا» كە يۆتكەيمىز . قَالَ، بَاعَ دېگەنگە ئوخشاش. بۇلار ئەسلىدە قَوَلَ ، بَيَعَ ئىدى .

ئالتىنچى قائىدە : ساكىنلىق بولغان ئىككى ھەرپ بىر يەردە جۈغلىشىپ قالسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى ھەزىپ قىلىۋېتىمىز .

يەتتىنچى قائىدە : «و» ۋە «ي» قاتارلىق ھەرپلەر زائىد ھېسابلىنىدىغان «ا» تىن كېيىن كەلسە ئۇلارنى ھەمزىگە يۆتكەيمىز. مىسال: قَائِلٌ، بَائِعٌ دېگەنگە ئوخشاش . بۇلارنىڭ ئەسلىيسى قَاوِلٌ، بَايِعٌ ئىدى .

سەككىزىنچى قائىدە : بىر كەلىمىدە «و» بىلەن «ي» بىر يەردە كەلسە ۋە ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق بولسا «و» نى «ي» غا يۆتكەيمىز .

توققۇزىنچى قائىدە : «و» دىن يۆتكەلگەن ئەلىف، «ا» شەكلىدە يېزىلىدۇ .

ئونىنچى قائىدە : «و» كەلىمىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولسا «و» نى «ي» غا يۆتكىۋېتىمىز .

ئون بىرىنچى قائىدە: «و» كەلىمىنىڭ تۆتىنچى ياكى بەشىنچى ھەرپى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولمىسا ئۇنى «ي» غا يۆتكىۋېتىمىز .

ئون ئىككىنچى قائىدە : سۇلاسى مۇجەررەتتىن باشقا كەلىمىلەردىن ئىسىم مەپئۇل، ئىسىم زامان ۋە مەسدەر مىمى قاتارلىقلار ئوخشاش بىر ۋەزىندە كېلىدۇ .

ئون ئۈچىنچى قائىدە: «ا» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولسا «ا» نى «و» غا يۆتكىۋېتىمىز .

ئون تۆتىنچى قائىدە: 1) إِفْتِعَالٌ بابىنىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «و ، يـ ، ث» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا ئۇنى «ت» گە يۆتكىۋېتىمىز.

مەسىلەن: إِتَّضَحَ ، إِتَّسَرَ ، إِتَّقَرَ

ئەسلىيسى : إِوْتَضَحَ ، إِيْتَسَرَ ، إِثْتَقَرَ .

بۇ قائىدىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن «و ، يـ ، ث» قاتارلىق ھەرپلەر باشقا ھەرپتىن يۆتكەلمىگەن ئەسلي ھەرپلەر بولۇشى كېرەك، إِيْتَكَلَ دېگەن كەلىمىدىكى «يـ» ھەرپى «ء» دىن يۆتكەلگەن بولغاچقا، ئۇ كەلىمىنى إِتَّكَلَ قىلىشقا بولمايدۇ. إِيْتَكَلَ نىڭ ئەسلىيسى إِئْتَكَلَ ئىدى.

2) إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «د ، ذ ، ز» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «ت» سىنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا يۆتكەيمىز ۋە ئۇ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىۋېتىمىز.

مەسىلەن : إِدَّمَعَ ، إِذَّكَرَ ، إِزَّجَرَ

ئەسلىسى : إِدْتَمَعَ ، إِذْتَكَرَ ، إِزْتَجَرَ.

3) إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «ص ، ض ، ط ، ظ» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى «ط» گە يۆتكەيمىز .

مەسىلەن : إِصْطَلَحَ ، إِضْطَرَبَ ، إِطَّرَدَ ، إِظْطَلَمَ .

ئەسلىيسى : إِصْتَلَحَ ، إِضْتَرَبَ ، إِطْتَرَدَ ، إِظْتَلَمَ .

4) إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «س ، ش» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا يۆتكەش دۇرۇس .

مەسىلەن : اِسَّمَعَ ، اِشَّبَهَ

ئەسلىيسى : اِسْتَمَعَ ، اِشْتَبَهَ.

5) «ت ، د ، ذ ، ز ، س ، ص ، ض ، ط ، ظ» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى إِفْتِعَالٌ نىڭ «عَ» نىنىڭ باراۋىرىدە كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا يۆتكەپ، ئۇ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىش دۇرۇس .

مەسىلەن: يَقِّتِلُ ، يَبِدِّلُ ، يَخِصِّمُ ، يَنِضِّلُ .

ئەسلىيسى: يَقْتَتِلُ ، يَبْتَدِلُ ، يَخْتَصِمُ ، يَنْتَضِلُ .

ئون بەشىنچى قائىدە : إِسْتِفْعَالٌ بابىنىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «ط» كەلسە «ت» نى ھەزىپ قىلىۋېتىش دۇرۇس . مەسىلەن: ﴿فَمَا اسْطَاعُوا أَنْ يَظْهَرُوهُ وَمَا اسْتَطَاعُوا لَهُ نَقْبًا﴾ (ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى)، ئەسلىيسى «فَمَا اسْتَطَاعُوا أَنْ يَظْهَرُوهُ وَمَا اسْتَطَاعُوا لَهُ نَقْبًا» .

تــــمـــــتْ بـــعـــون الله تـعـالى .

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قال الله تعالى : ﴿ يَرْفَعِ اللّٰهُ الَّذِينَ آمَنُوْا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوْتُوْا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ وَاللّٰهُ بِمَا تَعْمَلُوْنَ خَبِيْرٌ ﴾ .

وقال النبى صلى الله عليه وسلم : « مَنْ سَلَكَ طَرِيقًا يَطْلُبُ فِيهِ عِلْمًا سَلَكَ اللّٰهُ بِهِ طَرِيقًا مِنْ طُرُقِ الْجَنَّةِ ». رَوَاهُ أَبُوْ دَاوُوْدَ .

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

الحمد لله رب العالمين و العاقبةُ للمتقين والصلاةُ و السلامُ على رسوله محمد و على آله و أصحابه أجمعين أمّا بعد فهذا مختصرٌ مضبوطٌ في النحو جمعتُ فيه مهماتِ النحو على ترتيب الكافية مبوبا ومفصلا بعبارةٍ واضحةٍ مع إيراد الأمثلة في جميع مسائلها مِن غير تعرضٍ للأَدلَّة و العِلَلِ لئلا يشوش ذهنَ المبتدى عن فَهْمِ الْمَسَائِلِ و سَمَّيْتُهُ بهداية النحو رَجَآءَ أَنْ يهدى الله تعالى به الطالبين و رتبتُه على مقدمة و ثلاثة أقسام و خاتمةٍ بتوفيق الملكِ العزيزِ العَلَّامِ.

الحمدُ لله الذي عَرَّفَنَا الحياةَ ووفقنا الخيرَ والصلاةُ علي رسوله وعلي آله و أصحابه أجمعين .

ئاپتور« بۇ، مەن يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى چۈشىنەلمەي قالماسلىقى ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويماستىن، قائىدىلىرىگە مىساللارنى كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئاممىباپ سۆزلەر ئارقىلىق «كافية» دېگەن كىتابنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن نەھۋى قائىدىلىرىنىڭ مۇھىملىرىنى بابلارغا ۋە پەسىللەرگە بۆلگەن هالدا تۈزگەن ئەڭ ئىخچام كىتاب بولۇپ، الله نىڭ يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى هىدايەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنى «هداية النحو» دەپ ئاتىدىم، شۇنداقلا ئەڭ ئالىم ۋە غالىب پادىشاه الله نىڭ ياردىمى بىلەن بىر مۇقەددىمە، ئۈچ قىسىم ۋە بىر خاتىمە قىلىپ رەتلىدىم» دېيىش بىلەن كىتابىنى باشلىغان .

(قولىڭىزدىكى) بۇ (كىتاب) نەھۋى توغرىسىدا ئىخچاملاشتۇرۇلغان، ئارتۇقچە ئۇزارتىۋېتىشتىن ساقلانغان كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا نەھۋى قائىدىلىرىنىڭ مۇھىملىرىنى «كافية» دېگەن كىتابنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن بابلارغا ۋە پەسىللەرگە بۆلگەن هالدا ئاممىباپ سۆزلەر ئارقىلىق جەملىدىم، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېهنىي قائىدىلەرنى چۈشىنىشتىن ئارىلىشىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن (قائىدىلەرنىڭ) سەۋەبلىرىنى ۋە (ئۇلارنى ئىسپاتلايدىغان) دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويماستىن، ئۇنىڭ قائىدىلىرىگە مىساللارنى كەلتۈردۈم ۋە الله نىڭ يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى هىدايەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىق يۈزىسىدىن ئۇنى «هداية النحو» دەپ ئاتىدىم، شۇنداقلا ئەڭ ئالىم ۋە غالىب پادىشاه الله نىڭ شارائىت يارىتىپ بېرىشى بىلەن ئۇنى بىر مۇقەددىمە، ئۈچ قىسىم ۋە بىر خاتىمە قىلىپ رەتلىدىم .

## مۇقەددىمە

مۇقەددىمە بولسا مەسىللەر ئۇنىڭغا قاراشلىق بولۇپ قالغانلىقتىن ئىلگىرى كېلىشى زۆرۈر بولۇپ قالغان قائىدىلەر ھەققىدە بولۇپ، بۇ مۇقەددىمىدە ئۈچ پەسىل بار .

بىرىنچى پەسىل : نەھۋى دېگىنىمىز، ئۈچ خىل كەلىمىنىڭ ئاخىرىنىڭ مۇئرەب ۋە مەبنى بولۇش جەھەتتىكى ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قانداق بىرىكىدىغانلىقىنى تونۇشتۇرىدىغان ئاساسىي قائىدىلەر ئىلمىدۇر .

أما المقدمة ففي المبادى التي يجب تقديمها لتوقف المسائل عليها و فيها فصول ثلاثة .

فصل النحو علم بأصول يعرف بها أحوال أواخر الكَلِمِ الثَلاثِ من حيث الإعراب و البناء و كيفية تركيب بعضها مع بعض . و الغرض منه صيانة الذهن عن الخطأ اللفظي في كلام العرب و موضوعه الكلمةُ و الكلام .

فصل الكلمة لفظ وُضِعَ لمعنى مفرد و هي منحصرة في ثلاثة أقسام اسمٌ و فعل و حرف لأنه إما أن لا تدل على معنى في نفسها و هو الحرف أو تدل علي معنى في نفسها و يقترن معناها بأحد الأزمنة الثلاثة و هو الفعل أو تدل على معنى في نفسها و لم يقترنْ معناها به و هو الاسم .

بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىشتىن مەقسەت ئەرەبچە جۈملىلەردە يۈز بېرىدىغان لەۋزى خاتالىقتىن ساقلىنىشتۇر. بۇ ئىلىمنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى سۆز ۋە جۈملىلەردۇر .

ئىككىنچى پەسىل : كەلىمە دېگىنىمىز، يالغۇز بىر مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن سۆز بولۇپ، ئۇ ئىسىم، پېئىل ۋە ھەرپ قاتارلىق ئۈچ قىسىم بىلەن چەكلىنىدۇ . چۈنكى، ئۇ ياكى (باشقا كەلىمىگە قوشۇلماي تۇرۇپ) ئۆزىنىڭ (دىن، تىن دېگەنگە ئوخشاش) مەنىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، بۇ (تۇردىكىسى) ھەرپتۇر ياكى مەنىسى ئۈچ زاماننىڭ بىرىگە يېقىنلاشقان ھالدا ئۆزىدىكى (ئۇ ئۇردى، دېگەنگە ئوخشاش ) مەنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ، بۇ (تۇردىكىسى) پېئىلدۇر ۋە ياكى مەنىسى ئۈچ زاماننىڭ بىرىگە يېقىنلاشمىغان ھالدا ئۆزىدىكى (كىتاب دېگەنگە ئوخشاش) مەنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ (تۇردىكىسى) ئىسىمدۇر.

ئىسمنىڭ تەرىپى :

ئىسىم دېگىنىمىز، ئۈچ زاماننىڭ بىرىگە يېقىنلاشمىغان ھالدا ئۆزىدىكى مەنىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كەلىمىدۇر. مەسىلەن: «رَجُلٌ»؛ «عِلْمٌ» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىسمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى: (بىرىنچى) ئۇنىڭدىن خەۋەر بېرىشنىڭ دۇرۇس بولۇشى، مەسىلەن: «زيدٌ قائمٌ»؛ (ئىككىنچى) ئۇنىڭ مۇزاپ بولۇپ كېلىشى، مەسىلەن : «غلامُ زيدٍ»؛ (ئۈچىنچى ) ئۇنىڭغا مەرىفىلىكنى ئىپادىلەيدىغان «ال» نىڭ كىرىشى، مەسىلەن: «الرجل» ؛ (تۆتىنچى) ئۇنىڭغا جەر ۋە تەنۋىنلەرنىڭ كىرىشى، مەسىلەن : بزيدٍ ؛ (بەشىنچى) ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىگە تۈرلىنىشى، (ئالتىنچى) ئۇنىڭ كىچىكلەتمە ئىسىم بولۇشى، (كُتَيِّبٌ كتابچە)؛ (يەتتىنچى) ئۇنىڭ چاقىرىلغۇچى ئىسىم بولۇشى قاتارلىقلاردۇر .

يۇقىرىدىكى «ئۇنىڭدىن خەۋەر بېرىشنىڭ دۇرۇسلۇقى» دېگەن سۆزىمىزنىڭ مەنىسى ئىسىم ھۆكۈملەنگۈچى بولۇپ كېلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. چۈنكى پەقەت ئىسىملا پائىل ياكى نائىب پائىل ۋەياكى مۇبتەدا بولۇپ كېلەلەيدۇ. (بۇ ئۈچى ئادەتتە ھۆكۈملەنگۈچى ھېسابلىنىدۇ). مەسىلەن:«جاء زيدٌ»؛ «زيدٌ قائمٌ»؛ «زيدٌ ضرَبَ».

بىرىنچى جۈملىدىكى«زيدٌ» دېگەن ئىسىم «كېلىش» دېگەن ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈملەندى. ئىككىنچى جۈملىدىكى«زيدٌ» دېگەن ئىسىم «تۇرۇش» دېگەن ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈملەندى .

ئۈچىنچى جۈملىدىكى«زيدٌ» دېگەن ئىسىم «ئۇرۇلۇش» دېگەن ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈملەندى .

ئىسىم بىرەر نەرسىگە بەلگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى (يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن) ئۆزىنىڭ (پېئىل ۋە ھەرپتىن ئىبارەت) ئىككى ھەمراھىسىدىن ئۈستۈن تۇرغانلىقى ئۈچۈن «إسْمٌ»(ئۈستۈنلۈك) دەپ ئاتالغان .

> فَحَدُّ الاسم كلمة تدل على معنى في نفسها غير مُقْتَرِنٍ بِأَحَدِ الأزمنةِ الثلاثةِ كرجلٍ و عِلْمٍ .وعلامتُهُ صحةُ الإخبارِ عنه نحو زيدٌ قائمٌ و الإضافةُ نحو غلامُ زيدٍ و دخولُ لامِ التعريف كالرجل و الجرِّ و التنوينِ نحو بزيدٍ و التثنيةُ و الجمع و النعت و التصغير و النداءُ فان كل هذه خواصُّ الاسم. و معنى الإخبار عنه أن يكون محكوما عليه لكونه فاعلا أو مفعولَ مالم يُسَمَّ فاعِلُهُ أو مبتدأً . و يُسمي اسما لِسُمُوِّهِ على قسيمَيه لا لكونه وِسْمًا على المعنى .

پېئىلنىڭ تەرىپى :

پېئىل دېگىنىمىز، ئۈچ زاماننىڭ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا مەنە ئىپادىلىگەن كەلىمىدۇر. مەسىلەن: «ضَرَبَ»؛ «يَضْرِبُ»؛ «إضْرِبْ !».

پېئىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى: (بىرىنچى) ئۇنىڭدىن خەۋەر بېرىشنىڭ دۇرۇس بولماسلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خەۋەر بېرىشنىڭ دۇرۇس بولۇشى؛ (ئىككىنچى) قد ، السِينُ ، سَوْفَ ۋە جەزمى قىلغۇچى ئامىللارنىڭ ئۇنىڭغا كىرىشى؛ (ئۈچىنچى) ئۇنىڭ مازى ۋە مۇزارىئەلەرگە تۈرلىنىشى؛ (تۆتىنچى) ئۇنىڭ ئەمىر ۋە نەھى بولۇشى؛ (بەشىنچى) ئۇنىڭغا رەفئىلىك ئاشكارا زىمىرلار(ئالماشلار) نىڭ تۇتۇشۇشى، مەسىلەن: «ضَرَبْتُ»؛ (ئالتىنچى) ئۇنىڭغا ئاياللىقنى ئىپادىلەيدىغان ساكىنلىق «تْ» نىڭ تۇتۇشۇشى، مەسىلەن: «ضَرَبَتْ»؛ (يەتتىنچى) ئۇنىڭغا تەكىتنىڭ ئىككى خىل نۇنىنىڭ تۇتىششى قاتارلىقلاردۇر.

يۇقىرىدىكى «ئۇنىڭ بىلەن خەۋەر بېرىشنىڭ دۇرۇس بولۇشى» دېگەن سۆزىمىزنىڭ مەنىسى پېئىل ھۆكۈملىگۈچى بولۇپ كېلىدۇ، دېگەنلىكتۇر . مەسىلەن: «جاءَ زَيْدٌ»؛ «زَيْدٌ قائِمٌ»؛ «ضُرِبَ زَيْدٌ».

بىرىنچى جۈملىدىكى «جاءَ» دېگەن پېئىل «زَيدٌ» دېگەن ئىسمنى «كېلىش» دېگەن ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈملىدى.

و حَدُّ الفعل كلمة تدل على معنى في نفسها دلالةً مقترنةً بزمان ذلك المعنى كضرب يضرب اضرب . و علامته أن يصح الإخبار به لا عنه و دخول قد و السين و سوف و الجزمِ و التصريفُ إلى الماضي والمضارع وكونه أمرًا أو نهيا واتصالُ الضمائر البارزة المرفوعة نحو ضربتُ و تاءِ التأنيث الساكنة نحو ضربَتْ و نوني التأكيد فان كل هذه خواصُّ الفعل . و معنى الإخبار به أن يكون محكوما به ، و يسمي فعلا باسم أصله و هو المصدر لأنَّ المصدرَ هو فعل الفاعل حقيقةً .

ئىككىنچى جۈملىدە «قائِمٌ» دېگەن خەۋەر «زَيدٌ» دېگەن ئىسمنى «تۇرۇش» دېگەن ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈملىدى .

ئۈچىنچى جۈملىدە «ضُرِبَ» دېگەن پېئىل«زَيْدٌ» دېگەن ئىسمنى «ئۇرۇلۇش» دېگەن ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈملىدى . پېئىل ئۆزىنىڭ ئەسلىنىڭ ئىسمى بىلەن پېئىل دەپ ئاتالدى . ئۇنىڭ ئەسلىيسى مەسدەر بولۇپ ، ئۇ مەسدەر بولسا ئەمەلىيەتتە پائىلنىڭ قىلىقى (پېئىلى) دۇر .

هەرپنىڭ تەرىپى:

هەرپ دېگىنىمىز، ئۆزىدىكى مەنىنى ئەمەس، بەلكى باشقا كەلىمە ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ مەنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كەلىمىدۇر، مەسىلەن: «مِنْ» دېگەنگە ئوخشاش، بۇنىڭ مەنىسى «باشلىنىش» بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن باشلىنىش مەنىسى چىقىدىغان كەلىمَە زىكىر قىلىنغاندىن كېيىنلا ئاشۇ مەنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . مەسىلەن: «سِرْتُ مِنْ البَصْرَةَ إلِي الكوفَة»(بەسرەدىن كۇفەگە سەپەر قىلدىم)، بۇ مىسالدىكى باشلىنىش مۇتلەق باشلىنىش بولمَاستىن، بەلگى بەسرَەدىن ئىبارەت ئۆزىدىن باشلىنىش مەنىسى چىقىدىغان ئىسمىنىڭ ئىچىدىكى مەخسۇس باشلىنىش بولۇپ «مِنْ» ئاشۇ كەلىمىنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ باشلىنىش دېگەن مەنىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەگەر، ئۇنىڭ مەنىسَى باشقا كەلىمىنىڭ ئىچىدە بولماي مۇتلەق «باشلىنىش» بولىدىغان بولسا بەسرەگە ئوخشاش باشقا كەلىمىلەر كەلمىگەن چاغدىمۇ ئۇنىڭدىن باشلىنىش دېگەن مەنىنىڭ چىقىشى زۆرۈر بولۇپ قالاتتى . ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. شۇڭا، بىز «مِنْ» نىڭ باشلىنىش دېگَەن مەنىسى بەسرە دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس كەلىمىلەر ئىچىدە بولىدۇ دەيمىز.

هەرپنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى (بىرىنچى) ئۇنىڭدىن خەۋەر بېرىشكىمۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن خەۋەر بېرىشكىمۇ بولماسلىق، (ئىككىنچى ) ئۇنىڭ ئىسىم ۋەپېئىللارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى قوبۇل قىلماسلىقى قاتارلىقلاردۇر .

ئەرەبچە جۇملىلەردە هەرپنىڭ «زَيْدٌ فِي الدَّار» دېگەن جۇملىدىكىگە ئوخشاش ئىككى ئىسىمنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاش، «أُرِيْدُ أَن تضرب» دېگەن جۇمَلىدىكىگە ئوخشاش ئىككى پېئىلنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاش، «ضَرَبْتُ بالْخُشَبَة» دېگەن جۇملىدىكىگە ئوخشاش بىر ئىسىم بىلەن بىر پېئىلنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاش ۋە «إنْ جَاءَنِي زَيْدٌ أَكْرَمْتُهُ» دېگەن جۇملىدىكىگە ئوخشاش ئىككى جۇملىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاش قاتارلىق روللىرى ۋە بۇنىڭدىن باشقا «الله» خالىسا سىز (كىتابىمىزنىڭ) ئۈچىنچى قىسمىدا تونۇشىدىغان نۇرغۇن رولىرى بار .

> و حَدُّ الحرف كلمة لا تدل على معنى في نفسها بل تدل على معنى في غيرها نحو مِنْ فانّ معناها الابتداء وهي لا تدل عليه إلا بعدَ ذِكْرِ ما منه الابتداءُ كالبصرة والكوفة مثلا تقول سرتُ مِنْ البصرة إلي الكوفة. و علامتُه أن لا يصح الإخبارُ عنه و لا به و أن لا يقبل علامات الأسماء ولا علامات الأفعال. و للحرف في كلام العرب فوائدُ كالربط بين الاسمَيْنِ نحو زيد فِي الدار والفعلَيْنِ نحو أُرِيْدُ أَن تضرب أو اسمٍ و فعلٍ كضربتُ بالخشبة أو الجملتين نحو إن جاءني زيد أكرمتُهُ ،وغير ذلك من الفوائد التي تعرفها في القسم الثالث إن شاء الله تعالي. ويسمي حرفا لوقوعه في الكلام حرفا أي طرفا إذ ليس مقصودا بالذات مثل المسند والمسند إليه .

هەرپ جۇملىدە چەتتە (قوشۇمچە بۆلەك بولۇپ) كەلگەنلىكتىن هەرپ دەپ ئاتالغان . چۈنكى، ئۇ «مسند» ۋە «مسند إليه» گە ئوخشاش (جۇملىنى سۆزلەشتىكى) مەقسەت (بولىدىغان جۇملىنىڭ ئاساسلىق بۆلىكى) ئەمەس .

تەنبىھ : هەرپلەرگە گاهى مۇزەككەر گاهى مۇئەننەس زىمىر قايتۇرۇلىدىغان بولۇپ، مۇزەككەر زىمىر قايتۇرۇلغاندا ئۇنىڭ ئالدىغا «لفظ» دېگەن سۆز، مۇئەننەس زىمىر قايتۇرۇلغاندا «كلمة» دېگەن سۆز تەقدىر قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى پەسىل : جۈملە دېگىنىمىز، سىنتاكسىسلىق قائىدە بويىچە بىرىككەن ئىككى كەلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزدۇر، يەنى ئىككى كەلىمىنىڭ سىنتاكسىسلىق قائىدە بويىچە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۆزدۇر.
ئىسناد دېگىنىمىز، تولۇق ئوي ـ پىكرنى ئاڭلىغۇچىغا ئىپادىلەپ بەرگەنلىكتىن (سۆزلىگۈچىنىڭ) توختىۋېلىشى دۇرۇس بولغۇدەك دەرىجىدە ئىككى كەلىمىنىڭ بىرىكىشىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: «زَيدٌ قَائمٌ»؛ «قَامَ زَيدٌ».

فصل الكلام لفظ تضمن كلمتين بالإسناد . و الإسنادُ نسبةُ احدي الكلمتين إلي الأخرى بحيث تفيد المخاطبَ فائدةً تامةً يصح السكوتُ عليها نحو زيد قائمٌ و قامَ زيد . و يسمى جملةً فَعُلِمَ أن الكلام لا يحصل إلا من اسمين نحو زيد قائم و يسمى جملةً اسميةً أوْ من فعل و اسم نحو قام زيد و يسمى جملة فعلية إذ لا يُوجد المسند و المسند إليه مَعًا في غير هما و لا بد للكلام منهما ، فان قيل قد نُوقض بالنداء نحو يا زيد قلنا حرف النداء قائمٌ مقامَ أدْعُو وأَطلبُ و هو الفعل فلا نقض عليه .
و إذا فرغنا من المقدمة فلنشرعْ في الأقسام الثلاثة و الله الموفق و المعين .

دېمەك جۈملە پەقەت «زَيدٌ قَائمٌ» دېگەنگە ئوخشاش ئىككى ئىسمدىن تۈزۈلىدۇ . بۇنداق جۈملىلەر (ئىسىم بىلەن باشلانغانلىقتىن) ئىسىملىق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ ياكى ئۇ «قَامَ زَيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش پېئىل ۋە ئىسمدىن تۈزۈلىدۇ، بۇنداق جۈملىلەر (پېئىل بىلەن باشلانغانلىقتىن) پېئىللىق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.
«جۈملە پەقەت ئىككى ئىسمدىن ياكى پېئىل ۋە ئىسمدىن تۈزۈلىدۇ» دېيىشىمىز، جۈملە بولۇشى ئۈچۈن «مسند» ۋە «مسندإليه» نىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئاشۇ ئىككى خىل بىرىكمىدىن باشقىسىدا بىرگە تېپىلمايدىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. ئەگەر، بۇ گەپ «يَا زَيدُ» دېگەنگە ئوخشاش نىدانىڭ (جۈملە دېيىلىدىغانلىقى) سەۋەبىدىن ئاقماي قالدى دېيىلسە، نىدا ھەرپى «أَطْلُبُ» ۋە «أَدْعُوْ» قاتارلىق پېئىللارنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئاقمايدىغان ئىش يوق دەپ جاۋاب بېرىمىز.

## بىرىنچى قىسىم ئىسىم ھەققىدە

ئىسىم مۆئرەب (تۈرلىنىدىغان) ۋە مەبنى (تۈرلەنمەيدىغان) گە بۆلۈنىدۇ . ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىككى باب ۋە بىر خاتىمىدە بايان قىلىمىز.

### بىرىنچى باب مۆرەب ئىسىملار ھەققىدە

بۇ بابتا بىر مۇقەددىمە، ئۈچ مەقسەت ۋە بىر خاتىمە بار بولۇپ، مۇقەددىمىدە بىر قانچە پەسىللەر بار (يەنى تۆت پەسىل بار).

القسم الأول في الاسم

و قد مر تعريفه و هو ينقسم إلي المعرب و المبني فلنذكر أحكامه في بابين و خاتمة .

الباب الأول في الاسم المعرب

و فيه مقدمة و ثلاثة مقاصد و خاتمة أما المقدمة ففيها فصول .

فصل في تعريف الاسم المعرب وهو كل اسم ركب مع غيره ولا يشبه مبني الأصل أعنى الحرف و الأمر الحاضر والماضي نحو زيد في قام زيد لا زيد وحده لعدم التركيب ولا هؤلاء في قام هؤلاء لوجود الشبه و يسمي متمكنا .

بىرىنچى پەسىل مۆئرەب ئىسىملارنىڭ تەرىپى ھەققىدە .

مۆئرەب ئىسىم دېگىنىمىز، «ئەسلى مەبنى» گە ئوخشىمىغان ۋە ئۆزىدىن باشقا كەلىمىلەر بىلەن بىرىككەن ئىسىملاردۇر. «ئەسلى مەبنى» دېگىنىمىز ھەرپ، ئەمرى ھازىر ۋە مازى قاتارلىقلاردۇر. مەسىلەن : «زَيدٌ قَامَ» دېگەن جۈملىدىكى «زَيدٌ» دېگەن ئىسىم «قَامَ» دېگەن پېئىل بىلەن بىرىككەنلىكى ۋە ئەسلى مەبنى بولغان كەلىمىلەرگە ئوخشاپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن مۆئرەب ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، «زَيدٌ» دېگەن ئىسىم ئۆزى يالغۇز تۇرغان ھالەتتە باشقا كەلىمىلەر بىلەن بىرىكمىگەنلىكتىن مۆئرەب ئەمەس . ۋە يەنە «قَامَ هؤلاءِ» دىكى «هؤلاءِ» ئۆزىدىكى مەنىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە ئىشارەت قىلىنغۇچىنىڭ بولۇشىنىڭ كېرەكلىكىگە ئوخشاش قەرىنىنىڭ بولۇشىغا موھتاج بولۇپ قالغانلىقتىن ھەرپكە ئوخشاپ قالدى. شۇڭا، بۇمۇ مۆئرەب ئەمەس، يەنە «هَيْهَاتَ زَيدٌ»(زەيد يىراقلاشتى) دېگەن جۈملىدىكى «هَيْهَاتَ» مەنە جەھەتتىن مازىيغا ئوخشاپ قالغانلىقتىن مۆئرەب ئەمەس، ۋە يەنە «نَزَالِ»(چۈش!) دېگەن ئىسىممۇ مەنە جەھەتتىن ئەمرگە ئوخشاپ قالغانلىقتىن بۇمۇ مۆئرەب ئەمەس .

مۆئرەب ئىسىملار «ئىسىم مۇتەمەككىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

ئىككىنچى پەسىل : مۆئرەب ئىسىملارنىڭ ھۆكمى، «جاءَ ني زيدٌ»؛ «رَأَيتُ زيدًا»؛ «مَرَرْتُ بِزيدٍ» دېگەن جۈملىلەردىكى «جاءَ ، رَأيتُ ، بِ» قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ (زيدٌ ، زيدًا ، زيدٍ ) دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنىڭ تەلەپپۇز جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كېلىشى ياكى «جاءَ ني موسي، رَأيتُ موسي، مَرَرْتُ بموسي» دېگەن جۈملىلەرگە ئوخشاش «جاءَ ، رَأيتُ ، بِ» قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ (موسي ، موسي ، موسي قاتارلىق) ئىسىملارنىڭ ئاخىرى مۆلچەرەن ئۆزگىرىپ كېلىشىدۇر .

«موسي» دېگەن ئىسىمنىڭ ئاخىرى تەقدىرەن ئۆزگىرىدۇ دېيىشىمىز، بىرىنچى جۈملىدە ئۇ پائىل بولۇپ كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئاخىرىنى رەفئىلىك (باش كېلىشتە) دەپ مۆلچەرلىگەنلىكىمىز، ئىككىنچى جۈملىدە «مفعول به» بولۇپ كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئاخىرىنى نەسبىلىك (چۈشۈم كېلىشتە) دەپ مۆلچەرلىگەنلىكىمىز، ۋە ئۈچىنچى جۈملىدە بولسا مەجرۇر بولۇپ كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئاخىرىنى جەرلىك (ئىگىلىك كېلىشتە) ئىدى دەپ مۆلچەرلىگەنلىكىمىز ئۈچۈندۇر.

ئېئراب دېگىنىمىز، مۆئرەب ئىسىمنىڭ ئاخىرىنىڭ زەممە، پەتھە، كەسرە، ئەلىف ، ۋاو ، يا قاتارلىقلارغا ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولغان رەفئى، نەسبى ، جەر قاتارلىقلاردۇر. مەسىلەن: «جاءَ ني زيدٌ»؛ «رَأيتُ زيدًا»؛ «مَرَرْتُ بِزيدٍ».

بىرىنچى جۈملىدىكى« زيدٌ» نىڭ ئاخىرىنىڭ زەممە ئوقۇلۇشىغا ئۇنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنىڭ رەفئىلىك بولغانلىقى سەۋەب بولغان .

ئىككىنچى جۈملىدىكى « زيدًا» نىڭ ئاخىرىنىڭ فەتھەلىك ئوقۇلۇشىغا ئۇنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنىڭ نەسبىلىك بولغانلىقى سەۋەب بولغان .

ئۈچىنچى جۈملىدىكى « زيدٍ» نىڭ ئاخىرىنىڭ كەسرەلىك ئوقۇلۇشىغا ئۇنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنىڭ جەرلىك بولغانلىقى سەۋەب بولغان . دېمەك، بۇ ئۈچ مىسالدىكى « زيدٌ» دېگەن ئىسىمنىڭ ئاخىرىنىڭ ھەرخىل ئۆزگىرىشىگە ئۇنىڭ رەفئىلىك ، نەسبىلىك ۋەجەرلىك بولۇشىدىن ئىبارەت جۈملىدىكى ئورنى سەۋەب بولغان بولۇپ، بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئېئراب دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسىمنىڭ ئېئرابى رەفئى، نەسبى ۋە جەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ .

فصل حكم المعرب أن يختلف أخرُه باختلاف العوامل اختلافا لفظيا نحو جاءني زيدٌ و رأيتُ زيدًا و مررتُ بزيدٍ أوْ تقديريا نحو جاءني موسي و رأيتُ موسي و مررتُ بموسي .

الإعراب ما به يختلف أخر المعرب كالضمة و الفتحة و الكسرة وَ الْواوِ و الألفِ و الياءِ . و إعراب الاسم علي ثلاثة أنواع رفعٌ و نصبٌ و جرٌّ.

ئامىل دېگىنىمىز، رەفئى، نەسبى ۋە جەر قاتارلىقلارنىڭ ھاسىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان نەرسىدۇر .

مەسىلەن : «جاءَ ني زيدٌ»؛ «رأيتُ زيدًا»؛ «مَرَرْتُ بِزيدٍ».

بىرىنچى جۈملىدىكى «جاءَ» دېگەن ئامىل «زيدٌ» نىڭ جۈملىدىكى ئورنىنىڭ رەفئىلىك بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

ئىككىنچى جۈملىدىكى«رأيتُ» دېگەن ئامىل «زيدًا» نىڭ جۈملىدىكى ئورنىنىڭ نەسبىلىك بولۇشىغا سەۋەب بولدى. ئۈچىنچى جۈملىدىكى «بِ» دېگەن ئامىل «زيدٍ» نىڭ جۈملىدىكى ئورنىنىڭ جەرلىك بولۇشىغا سەۋەب بولدى. مانا بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئامىل دەپ ئاتىلىدۇ .

دېمەك، ئامىل كەلىمىلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنىڭ رەفئى، نەسبى ۋە جەر بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنىڭ رەفئى، نەسبى ۋە جەرلىك بولۇشى كەلىمىلەرنىڭ ئاخىرىنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ .

العَامِلُ سَبَبٌ لِلرَّفْعِ والنَّصْبِ و الجرِّ و هم سَبَبٌ للضمةِ و الفتحةِ و الكسرةِ و الواوِ و الألفِ و الياءِ .

ئىسىملاردىكى ئىئرابنىڭ ئورنى كەلىمىنىڭ ئاخىرقى ھەرپىدۇر. مەسىلەن : «قامَ زيدٌ».

| |
|---|
| و العامل ما به رفعٌ أو نصب أو جرٌّ. و مَحَلُّ الإعراب مِن الاسم هو الحرفُ الأخير، مثال الكل نحو قام زيد فقام عاملٌ و زيد معربٌ و الضمةُ إعرابٌ و الدال محل الإعراب . و اعلم انه لا يعرب في كلام العرب إلا الاسم المتمكن و الفعل المضارع و سيجئ حكمه في القسم الثاني إن شاء الله تعالي. |

بۇ جۈملىدىكى «قامَ» ئامىل ،«زيدٌ» مۇئرەب. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى زەممە ئىئراب (بۇ سەۋەبنى مۇسەببەپنىڭ نامى بىلەن ئاتىغانلىقتۇر) ئۇنىڭ ئاخىرقى ھەرپى بولغان «د» ئىئرابنىڭ ئورنىدۇر.

ئەرەبچە جۈملىلەردە پەقەت ئىسىم مۇتەمەككىن ۋە مۇزارىئە پېئىللا مۇئرەب بولىدۇ.

پېئىلنىڭ ھۆكمى «الله» خالىسا ئىككىنچى قىسىمدا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى پەسىل ئىسمنىڭ ئېئرابىنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە بولۇپ ئۇ توققۇز تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىنچى تۈرلۈك ئېئراب (ئىسىملارنىڭ) رەفئىلىكىنىڭ زەممە بىلەن، نەسبىلىكىنىڭ فەتھە بىلەن ۋە جەرلىكىنىڭ كەسرە بىلەن بولۇشىدۇر. بۇ خىل ئېئراب (بىرىنچى) مۇفرەد مۇنسەرىپ سەھىھ (بىرلىك ساندىكى تولۇق تۈرلىنىدىغان) ئىسىملارغا خاستۇر. مەسىلەن : «جاءَني زيدٌ».

گىراماتىكا ئالىملىرى ئاخىرقى ھەرپى ئىللەتلىك بولمىغان كەلىمىنى سەھىھ دەپ قارايدۇ ، مەسىلەن : «زيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش .

فصل في أصناف إعراب الاسم و هي تسعة أصناف .

الأول أن يكون الرفع بالضمة و النصب بالفتحة و الجرُّ بالكسرة و يختص بالمفرد المنصرف الصحيح و هو عند النُحَاةِ ما لايكون في أخره حرف علة كزيد ، و بالجاري مجري الصحيح وهو ما يكون في أخره وَاوٌ أوْ ياءٌ ما قبلهما ساكنٌ كَدَلْوٍ و ظَبْيٍ و بالجمع المكسر المنصرف كرجالٍ تقول جاءني زيدٌ و دلوٌ و ظبيٌ و رجالٌ و رأيتُ زيدًا و دلوًا و ظبيًا و رجالًا و مررتُ بزيدٍ و دلوٍ و ظبيٍ و رجالٍ .

الثاني أن يكون الرفعُ بالضمة و النصب و الجرُّ بالكسرة و يختص بجمع المؤنث السالم تقول هُنَّ مسلماتٌ و رأيتُ مسلماتٍ و مررتُ بمسلماتٍ .

(ئىككىنچى) سەھىھنىڭ ئورنىدا يۇرۇشىدىغان ئىسىملارغا خاستۇر. سەھىھنىڭ ئورنىدا يۇرۇشىدىغان ئىسىم دېگىنىمىز، ئاخىرى ئىللەتلىك ھەرپ بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ سۇكۇنلۇق بولغان ئىسىملاردۇر . مەسىلەن: «جاءني دلوٌ و ظبيٌ» دېگەنگە ئوخشاش (ئۈچىنچى) جەمئىي مۇكەسسەر مۇنسەرىپ ئىسىملارغا خاستۇر . مەسىلەن : «جاءني رجالٌ».

دېمەك، بىرىنچى خىل ئېئراب مۇفرەد مۇنسەرىپ سەھىھ ئىسىملارغا ۋە سەھىھنىڭ ئورنىدا يۇرۇشىدىغان ئىسىملارغا ۋە جەمئىي مۇكەسسەر مۇنسەرىپ ئىسىملارغا خاستۇر. مەسىلەن : «جاءني زيدٌ و دلوٌ و ظبيٌ و رجالٌ»؛ «رأيتُ زيدًا و دلوًا و ظبيًا و رجالًا»؛ «مررتُ بزيدٍ و دلوٍ و ظبيٍ و رجالٍ» .

ئىككىنچى تۈرلۈك ئېئراب (ئىسىملارنىڭ) رەفئىلىكىنىڭ زەممە بىلەن، نەسبى جەرلىكىنىڭ كەسرە بىلەن بولۇشىدۇر . بۇ خىل ئېئراب جەمئىي مۇئەننەس سالىم (بىرلىك شەكلى بۇزۇلماي جەمئىيلەنگەن كۆپلۈك ساندىكى ئاياللىق جىنسى تۈردىكى) ئىسىملارغا خاستۇر . مەسىلەن : «هُنَّ مسلماتٌ»؛ «رأيتُ مسلماتٍ»؛ «مررتُ بمسلماتٍ» .

ئۈچىنچى تۈرلۈك ئىئراب (ئىسىملارنىڭ) رەفئىلىكىنىڭ زەممە بىلەن، نەسبى ۋە جەرلىكىنىڭ فەتھە بىلەن بولۇشىدۇر. بۇ خىل ئىئراب غەيرىي مۇنسەرىپ (يېرىم ئۆزگىرىشچان) ئىسىملارغا خاستۇر. مەسىلەن : «جاءني عمرُ»؛ «رأيتُ عمرَ»؛ «مررتُ بعمرَ».

تۆتىنچى تۈرلۈك ئىئراب (ئىسىملارنىڭ) رەفئىلىكىنىڭ «و» بىلەن نەسبىلىكىنىڭ «ا» بىلەن ، جەرلىكىنىڭ «ي» بىلەن بولۇشىدۇر . بۇ خىل ئىئراب مۇتەكەللىم (بىرىنچى شەخس) نىڭ «ي» سىدىن باشقا كەلىمىلەرگە مۇزاپ بولغان ۋە تەسغىر قىلىنمىغان بىرلىك شەكىلدىكى ئالتە ئىسىمغا خاستۇر. ئۇلار «أخوك و أبوك و هنوك و حموك و فوك و ذو مالٍ» قاتارلىقلار بولۇپ بۇلارنىڭ ئىئرابىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى «جاءني أخوك و رأيتُ أخاك و مررتُ بأخِيْكَ» دېگەن مىسالدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ .

بەشىنچى تۈرلۈك ئىئراب (ئىسىملارنىڭ) رەفئىلىكىنىڭ «ا» بىلەن، نەسبى ۋە جەرلىكىنىڭ ئالدى فەتھەلىك بولغان «ي» بىلەن بولۇشىدۇر . بۇ خىل ئىئراب ئىككىلىك شەكىلدىكى ئىسىملارغا ۋە زىمىرغا مۇزاپ بولۇپ كەلگەن «كِلا ، كِلْتَا» غا ۋە «اِثْنَانِ و اِثْنَتَانِ» قاتارلىق ئىسىملارغا خاستۇر . مەسىلەن: «جاءني الرجلان كِلاهما و اثنانِ و اثنتانِ»؛ «رأيتُ الرجلَين كِلَيْهما و اثنَين و اثنتَين»؛ «مررتُ بالرجلَين كِلَيْهما و اثنَين و اثنتَين».

الثالث أن يكون الرفعُ بالضمة و النصبُ و الجرُّ بالفتحة و يختص بغير المنصرف كَعُمَرَ تقول جاءني عمرُ و رأيتُ عمرَ و مررتُ بعمرَ.

الرابع أن يكون الرفع بالواوِ و النصبُ بالألف و الجرُّ بالياء و يختص بالأسماء الستة مكبرةً موحدة مضافةً إلي غير ياء المتكلم و هي أخوك و أبوك و هنوك و حموك و فوك و ذو مالٍ تقول جاءني أخوك و رأيتُ أخاك و مررتُ بأخِيْكَ و كذا البواقي.

الخامس أن يكون الرفع بالألف و النصبُ و الجرُّ بالياء المفتوحِ ما قبلها و يختص بالمثني و كِلا مضافا إلي مضمر و اثنان و اثنتان تقول جاءني الرجلان كِلاهما و اثنانِ و اثنتانِ و رأيتُ الرجلَين كِلَيْهما و اثنَين و اثنتَين و مررتُ بالرجلَين كِلَيْهِمَا و اثْنَيْنِ و اثْنَتَيْنِ .

ئالتىنچى تۈرلۈك ئېئراب (ئىسىملارنىڭ) رەفئىلىكىنىڭ ئالدى زەممەلىك بولغان «و» بىلەن، نەسبى ۋە جەرلىكىنىڭ ئالدى كەسرەلىك بولغان «ي» بىلەن بولۇشىدۇر. بۇ خىل ئېئراب «مسلمونَ» دېگەنگە ئوخشاش جەمئىي مۇزەككەر سالىمغا، (ھۆكمەن جەمئىي ھېسابلىنىدىغان) «أُولُوْ» غا ۋە «عشرونَ» گە ئوخشاش ئونلار خانىسىدىكى سانلارغا خاستۇر . مەسىلەن : «جاءني مسلمونَ و عشرون و أُولو مالٍ»؛ «رأيتُ مسلمِيْنَ و عشرِينَ و أُولِي مالٍ»؛ «مررتُ بمسلمِينَ و عشرِينَ و أُولِي مالٍ».

السادس أن يكون الرفع بالواو المضمومِ ما قبلها و النصبُ والجرُّ بالياء المكسورِ ما قبلها و يختص بجمع المذكر السالم نحو مسلمونَ و أُوْلُوْ و عشرونَ مع أخواتها تقول جاءني مسلمونَ و عشرون و أُوْلُوْ مالٍ . و رأيتُ مسلمِيْنَ و عشرِينَ و أولِي مالٍ . و مررتُ بمسلمِينَ و عشرِينَ و أولِي مالٍ .

واعلم أن نون التثنية مكسورةٌ أبدا و نون جمع السلامة مفتوحةٌ أبدا و كلاهما تسقطانِ عند الإضافة تقول جاءني غلاما زيدٍ و مسلمو مصرٍ .

السابع أن يكون الرفع بتقدير الضمة و النصب بتقدير الفتحة و الجر بتقدير الكسرة و يختص بالمقصور و هو ما في أخره ألف مقصورة كعصا و بالمضاف إلي ياء المتكلم غير جمع المذكر السالم كغلامِي تقول جاءني عَصا و غلامِي ، و رأيتُ عصا و غلامِي ، و مررتُ بِعَصا و غلامِي .

تەنبىھ : ئىككىلىك شەكىلدىكى كەلىمىلەرنىڭ نۇنى ھەرقاچان كەسرەلىك ئوقۇلىدۇ . جەمئىي سالىم شەكىلدىكى كەلىمىلەرنىڭ نۇنى ھەرقاچان فەتھەلىك ئوقۇلىدۇ . بۇ ئىككىسى مۇزاپ بولۇپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ نۇنلىرى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن : «جاءني غلاما زيدٍ و مسلمو مصرٍ» .

يەتتىنچى تۈرلۈك ئېئراب (ئىسىملارنىڭ) رەفئىلىكىنىڭ زەممىنى تەقدىر قىلىش بىلەن، نەسبىلىكىنىڭ فەتھەنى تەقدىر قىلىش بىلەن ، جەرلىكىنىڭ كەسرەنى تەقدىر قىلىش بىلەن بولۇشىدۇر . بۇ خىل ئېئراب مەقسۇر ئىسىملارغا خاستۇر. مەقسۇر ئىسىم دېگىنىمىز، «عَصَا» دېگەنگە ئوخشاش ئاخىرىدا مەقسۇر «ا» بولغان ئىسىمدۇر . (ئىككىنچى) مۇتەكەللىمنىڭ «ي» سىغا مۇزاپ بولغان ۋە جەمئىي مۇزەككەر سالىم بولمىغان ھالەتتىكى «غلامِي» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارغا خاستۇر . مەسىلەن : «جاءني عَصَا و غلامِي»؛ «رأيتُ عصا و غلامِي»؛ «مررتُ بِعَصا و غلامِي» .

سەككىزىنچى تۈرلۈك ئېئراب (ئىسىملارنىڭ) رەفئىلىكگە زەممىنى تەقدىر قىلىش بىلەن، جەرلىكگە كەسرەنى تەقدىر قىلىش بىلەن، نەسبىلىكگە فەتھەنى ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىش بىلەن بولۇشىدۇر . بۇ خىل ئېئراب مەنقۇس ئىسىملارغا خاستۇر . مەنقۇس ئىسىم دېگىنىمىز، «القاضِي» دېگەنگە ئوخشاش ئاخىرىدا ئالدى كەسرەلىك «ي» بولغان ئىسىمدۇر، مەسىلەن : «جاءني القاضِي»؛ «رأيتُ القاضِيَ»؛ «مررتُ بالقاضِي».

توققۇزىنچى تۈرلۈك ئېئراب (ئىسىملارنىڭ) رەفئىلىكگە «و» نى تەقدىر قىلىش بىلەن، نەسبى ۋە جەرلىكگە «ي» نىڭ ئاشكارا كېلىشى بىلەن بولۇشىدۇر . بۇ خىل ئېئراب مۇتەكەللىمنىڭ «ي» سىغا مۇزاپ بولغان جەمئىي مۇزەككەر سالىم ئىسىملارغا خاستۇر . مەسىلەن : «جاءني مسلمِيَّ»، بۇنىڭ ئەسلىيسى مُسْلِمُوْيَ بولۇپ «و» بىلەن «ي» بىر كەلىمىدە بىر يەردە كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق بولدى. شۇڭا، «و» ھەرپى «ي» غا يۆتكەلدى ۋە ئىككى «ي» ئۆزئارا

| |
|---|
| الثامن أن يكون الرفع بتقدير الضمة و الجرُّ بتقدير الكسرة و النصبُ بالفتحة لفظا و يختص بالمنقوص و هو ما في أخره ياء ما قبلها مكسور كالقاضِي تقول جاءني القاضِي و رأيتُ القاضِيَ و مررتُ بالقاضِي . |
| التاسع أن يكون الرفع بتقدير الواوِ و النصبُ و الجرُّ بالياء لفظا و يختص بجمع المذكر السالم مضافا إلي ياء المتكلم تقول جاءني مسلمِيَّ تقديره مُسْلِمُوْيَ اجتمعتْ الواوُ و الياءُ و الأولي منهما ساكنة فَقُلِّبَتْ الواوُ ياءً و أُدْغِمَتْ الياءُ في الياء و أُبْدِلَتْ الضمةُ بالكسرة لمناسبة الياءِ فَصَارَ مسلمِيَّ و رأيتُ مسلمِيَّ و مررتُ بمسلمِيَّ . |

ئىدغام قىلىندى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى زەممە «ي» غا مۇناسىپ بولۇشى ئۈچۈن كەسرەگە يۆتكىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «مسلمِيَّ» (مېنىڭ مۇسۇلمانلىرىم) بولدى .

يوقۇرىقىسى رەفئىلىك ھالەت بولۇپ، ئۇ «و» نى تەقدىر قىلىش بىلەن بولدى. ئەمما، نەسبى ۋە جەرلىك ھالەتتە «مسلمِيَّ» دېگەنگە ئوخشاش «ي» ئاشكارا كېلىدۇ.

تۆتىنچى پەسىل «الاسم المعرب» ( تۈرلىنىدىغان ئىسىم) : مۆرەب ئىسىملار (مۇنسەرىپ ۋەغەيرىي مۇنسەرىپ بولۇش جەھەتتىن) ئىككىگە بۆلۈنىدۇ .

بىرىنچىسى مۇنسەرىپ.

مۇنسەرىپ دېگىنىمىز، ئۆزىدە (كەلىمىلەرنىڭ غەيرىي مۇنسەرىپ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ) توققۇز خىل سەۋەبتىن ئىككىسى ياكى ئىككىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان بىرى تېپىلمىغان ئىسىمدۇر. مەسىلەن: «زَيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش . بۇنداق ئىسىملارنىڭ ھۆكمى (ئۇ ئىسىملارغا ) ئۈچ خىل ھەرىكەتنىڭ تەنۋىن بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشىنىڭ دۇرۇس بولۇشىدۇر. مەسىلەن: «جاءني زيد »؛ «رأيت زيدا »؛ «مررت بزيد ».

ئىككىنچىسى غەيرىي مۇنسەرىپ.

غەيرىي مۇنسەرىپ دېگىنىمىز، ئۆزىدە (كەلىمىلەرنىڭ غەيرىي مۇنسەرىپ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان) توققۇز خىل سەۋەبتىن ئىككىسى ياكى ئىككىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان بىرى تېپىلغان ئىسىمدۇر . مەسىلەن : «عُمَرُ »؛ «مساجدُ ».

(كەلىمىلەرنىڭ غەيرىي مۇنسەرىپ بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان) توققۇز خىل سەۋەپ «العَدلُ و الوصف و التأنيث و المعرفة و العُجْمَةُ و الجمع و التركيب و الألفُ و النونُ الزائدتانِ و وزنُ الفعلِ» قاتارلىقلاردۇر. غەيرىي مۇنسەرىپ ئىسىملارنىڭ ھۆكمى (ئۇ ئىسىملارغا ) كەسرە ۋە تەنۋىنلەرنىڭ كىرمەسلىكى ۋە جۈملىدىكى ئورنى جەرلىك بولغاندا ئاخىرىنىڭ فەتھەلىك بولۇشىدۇر. مەسىلەن : «جاءني أحمدُ »؛ «رأيتُ أحمدَ »؛ «مررتُ بأحمدَ ».

فصل الاسم المعرب علي نوعينِ منصرفٌ و هو ما ليس فيه سببانِ أوْ واحد يقوم مقامهما من الأسباب التسعة كزيد و يسمي الاسمَ المُتَمَكِّنَ و حكمه أن يدخله الحركاتُ الثلاثُ مع التنوين تقول جاءني زيدٌ و رأيتُ زيدًا و مررتُ بزيدٍ و غيرُ منصرفٍ و هو ما فيه سببانِ أوْ واحدٌ منها يقوم مقامهما . و الأسباب التسعة هي العَدلُ و الوصف و التأنيث و المعرفة و العُجْمَةُ و الجمع و التركيب و الألفُ و النونُ الزائدتانِ و وزنُ الفعلِ و حكمه أنْ لا يدخله الكسرةُ و التنوينُ و يكون في موضع الجر مفتوحا أبدا تقول جاءني أحمدُ و رأيتُ أحمدَ و مررتُ بأحمدَ .

بىرىنچى «العَدلُ» : ئەدلى دېگىنىمىز، (مەلۇم بىر) سۆزنىڭ ئەسلىي شەكلىدىن باشقا بىر شەكىلگە ھەقىقەتەن ياكى پەرزەن ئۆزگىرىشىدۇر. بۇ «وزنُ الفعل» بىلەن بىر كەلىمىدە بىرگە تېپىلمايدۇ. ئەمما، «عُمَرَ و زُفَرَ» دېگەنگە ئوخشاش ئەلەم ( خاس ئىسىم )َ بىلەن بىرگە تېپىلىدۇ ۋە يەنە سۈپەت بىلەنمۇ بىرگە تېپىلىدۇ . مەسىلەن : «ثُلاثَ» (ئۈچتىن ئۈچتىن ) . «مَثْلَثُ» (ئۈچتىن - ئۈچتىن) . «أُخَرُ» (باشقا ئايالار) . «جُمَعُ» (پۈتكۈل ھەممىسى) دېگەنگە ئوخشاش.

«ثَلاثَ و مَثْلَثَ» قاتارلىقلارنىڭ «ثَلاثَةً ثَلاثَةً» دىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ئەسلىي شەكىللىرىدىن يۆتكەلگەنلىكى ئېنىق بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ يۆتكىلىشىنى ھەقىقەتەن يۆتكىلىش دەيمىز.

> أَمَّا العدلُ فهو تَغَيُّرُ اللفظِ من صيغته الأَصلية إلى صيغة أُخْري تَحْقِيْقًا أو تقديرا و لا يجتمع مع وزن الفعل أصلا و يجتمع مع العلمية كَعُمَرَ و زُفَرَ و مع الوصف كَثُلاثَ و مَثْلَثَ و أُخَرَ و جُمَعَ .

«أُخَرُ» بولسا «آخَرُ» دېگەن ئىسىم تەفزىيلىنىڭ مۇئەننىسى بولغان «أُخْري» نىڭ جەمئىيسى بولغانلىقتىن ياكى «ال» بىلەن «الأُخَرُ» قىلىپ ئىشلىتىلىشى ۋە ياكى «مِنْ» بىلەن «أُخَرُ مِنْ» قىلَىپ ئىشلىتىلىشى زۆرۈر تۇرۇقلۇق ئۇ شەكىللەردە كەلمىگەنلىكى ئۇنىڭ «الأُخَرُ» ياكى «أُخَرُ مِنْ» دىن يۆتكَەپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . بۇنىڭمۇ ئاشۇ ئىككى شەكىلدىن يۆتكەپ ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىق بولغانلىقتىن بۇنىڭ يۆتكىلىشىنى ھەقىقەتەن يۆتكىلىش دەيمىز.

«جُمَعُ» بولسا «أَجْمَعُ» دېگەن ئىسىم تەفزىيلىنىڭ مۇئەننىسى «جَمعَاءَ» نىڭ جەمئىي شەكلى بولۇپ، قائىدە بويىچە «جُمْعٌ» ۋەزنىدە جەمئىيلىنىشى كېرەك بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئەسلىيسى «جُمْعٌ» بولىدۇ . دېمەك، «جُمَعُ» نىڭ «جُمْعٌ» دىن يۆتكەلگەنلىكى ئېنىق بولدى. شۇڭا، ئۇنىڭ يۆتكىلىشىنىمۇ ھەقىقەتەن يۆتكىلىش دەيمىز .

ئەمما، «عُمَرَ» بىلەن«زُفَرَ» ئەرەب تىلىدا غەيرىي مۇنسەرىپ قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ ئۇلاردا ئەلەمىيەتتىن باشقا سەۋەب تېپىلمىغانلىقتىن بۇ ئىككىسى «عَامِرٌ» بىلەن «زَافِرٌ» دىن يۆتكەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىمىز ۋە شۇ ئارقىلىق بۇ ئىككى كەلىمىدە َ ئەلەمىيەت بىلەَن ئەدلىدىن ئىبارەت ئىككى سەۋەب تېپىلدى دەپ قاراپ، ئۇ ئىككىسىنى غەيرىي مۇنسەرىپ دەيمىز ۋە بۇلارنىڭ ئەسلىي شەكىللىرىدىن ھازىرقى شەكىلگە يۆتكەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس، بەلكى پەرەزى بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ يۆتكىلىشىنى پەرەزى يۆتكىلىش دەيمىز.

ئىككىنچى «الوصف» : سۈپەت ئەلەمىيەت (خاس ئىسىم) بىلەن بىر كەلىمىدە بىرگە تېپىلمايدۇ. ئۇنىڭ توققۇز سەۋەبتىن بىرسەۋەب بولالىشىنىڭ شەرتى تۈنجى تەيىنلەنگەندە سۈپەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن بولۇشىنىڭ كېرەكلىكىدۇر. شۇڭا، «أَسْوَدُ و أَرْقَمُ» دېگەن كەلىمىلەر گەرچە قارا ۋە چار يىلانلارنىڭ ئىسمى بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەسلىي تەيىنلىنىشتە قارا ۋە چار دېگەندىن ئىبارەت ئىككى خىل رەڭنىڭ سۈپىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىككىسىدە پېئىل ۋەزنى ۋە سۈپەتتىن ئىبارەت ئىككى سەۋەب بار دەپ قارىلىپ غەيري مۇنسەرىپ قىلىنىدۇ. ئەمما، «مررتُ بنسْوَة أربعٍ» دېگەن جۈملىدىكى «أربعٍ» دېگەن كەلىمە (جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ئورنى جەھەتتىن سۈپەت بولسىمۇ) تۈنجى تەيىنلىنىشتە سۈپەت ئۈچۈن تەيىنلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن سۈپەت ۋە پېئىل ۋەزنى بىرگە تېپىلغان تۇرۇقلۇقمۇ مۇنسەرىپ بولۇپ كېتىدۇ .

ئۈچىنچى «التأنيث بالتاء»: «ةَ» بىلەن بولغان مۇئەننەسىنىڭ توققۇز سەۋەبتىن بىر سەۋەب بولالىشىنىڭ شەرتى (مۇئەننەس بولغان ئىسىمنىڭ) ئەلەم بولۇشىنىڭ كېرەكلىكىدۇر. مەنىۋى مۇئەننەسمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش (ئۆزىنىڭ ئەلەم بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ) . ئەگەر، مەنىۋى مۇئەننەس ئىسىملار ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدىكى ئىسىم بولمىسا ۋە ئوتتۇرىدىكى ھەرپى ساكىنلىق بولۇپ ئۈچ ھەرپتىن ئېشىپ كەتمىسە (ئەلەمىيەت ۋە مۇئەننەسلىكتىن ئىبارەت) ئىككى سەۋەب تېپىلغانلىقى ئۈچۈن غەيري مۇنسەرىپ قىلىشقىمۇ ۋە تىلغا يېنىك بولغانلىقتىن مۇنسەرىپ قىلىشقىمۇ بولىدۇ .

مەسىلەن : «هِنْدٌ» دېگەن ئىسىم ئەرەب تىلى بولۇشى، ئۈچ ھەرپلىك بولۇشى ۋە ئوتتۇرىدىكى ھەرپى ساكىنلىق بولۇش قاتارلىق شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكتىن مۇنسەرىپ قىلىشقىمۇ ۋە غەيري مۇنسەرىپ قىلىشقىمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇ شەرتلەردىن بىرەري تېپىلماي قالسا غەيري مۇنسەرىپ قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : «زَيْنَبُ و سَقَرُ و مَاهُ و جُوْرُ». بۇ مىساللاردىكى «زَيْنَبُ» ئۈچ ھەرپلىك بولۇش شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن غەيري مۇنسەرىپ بولدى . «سَقَرُ» بولسا ئوتتۇرىدىكى ھەرپ سۈكۈنلۇق بولۇش شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن غەيري مۇنسەرىپ بولدى . «مَاهُ و جُوْرُ» بولسا، ئىككى يۇرتنىڭ نامى بولۇپ، بۇلار ئەرەب تىلى بولۇش دېگەن شەرتكە ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن غەيري مۇنسەرىپ بولىدۇ .

أَمَّا الوصف فلا يجتمع مع العلمية أصلا و شرطُه أن يكون وَصْفًا في أصل الوضع فأسود و أرقم غيرُ منصرفٍ و إنْ صَارَا اسمين للحَيَّةِ لإِصَالَتِهِمَا في الو صفية و أَرْبَعٍ في مررتُ بِنِسْوَةٍ أربعٍ منصرفٌ مع أنه صفةٌ و وزنُ الفعلِ لِعَدَمِ الإِصالةِ في الوصفية .

أما التأنيث بالتاء فشرطُه أن يكون عَلَمًا كطلحةَ و كذلك المعنوي ثم المعنوي إن كان ثلاثيا ساكنَ الأوسط غيرَ أعجمي يجوز صرفُه و تَرْكُهُ لِأَجْلِ الخفَّةِ و وُجودِ السببينِ كَهِنْدَ و إلا يجيب منعُه كَزَيْنَبَ و سَقَرَ و مَاهَ و جُوْرَ .

«حُبْلي» غا ئوخشاش«الأَلِفُ الْمَقْصُوْرَةُ» بىلەن بولغان ياكى«حَمْرَاءَ» گە ئوخشاش «الأَلِفُ الْمَمْدُوْدَةُ» بىلەن بولغان مۇئەننەس ئىسىملار ھەرقاچان غەيرىي مۇنسەرىپ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردىكى «الأَلِفُ» ئىككى سەۋەبنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىرى مۇئەننەسلىك، يەنە بىرى ئۇ «الأَلِفُ» كىرگەنلىكى ئىسمنىڭ ھەرقاچان مۇئەننەس بولۇشىدۇر. شۇڭا، بۇخىل ئىسىم ئىككى قېتىم مۇئەننەس قىلىنغاندەك بولىدۇ ۋە ھەر بىر قېتىملىق مۇئەننەس بولۇش بىر سەۋەب بولۇپ جەمئىي ئىككى سەۋەب تېپىلغاندەك بولدى .

تۆتىنچى «المعرفة»:

(ئالتە خىل) مەرىفىدىن غەيرىي مۇنسەرىپ قىلىشتا پەقەت ئەلەمىيەتلا (بىر سەۋەب دەپ) ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ . ئۇ بىر كەلىمىدە سۈپەت بىلەن بىرگە كەلمەيدۇ، يەنى بىر كەلىمىدە سۈپەت بىلەن ئەلەمىيەت تەڭ تېپىلمايدۇ .

بەشىنچى «العُجمة»:

بۇنىڭ بىر سەۋەب بولالىشىنىڭ شەرتى ئەرەب تىلى بولمىغان شۇ تىلدا ئەلەم ئىسىم بولۇشى بىلەن بىرگە «إبراهيمُ» دېگەنگە ئوخشاش ھەرپ سانى ئۈچتىن كۆپ بولۇشى ياكى «شَتَرَ» (قورغاننىڭ ئىسمى) دېگەنگە ئوخشاش ئوتتۇرىدىكى ھەرپى ھەرىكەتلىك ھالەتتىكى ئۈچ ھەرپلىك ئىسىم بولۇشىنىڭ كېرەكلىكىدۇر . «لِجَامٌ» (ئاتنىڭ يۈگىنى) دېگەن ئىسىم ئەجەم تىلدا ئەلەم بولمىغانلىقى، ۋە «نُوْحٌ» دېگەن ئىسىم ئوتتۇرىسى ساكىنلىق بولغانلىقى ئۈچۈن مۇنسەرىپتۇر .

> و التأنيث بالألف المقصورة كحُبْلى و الممدودة كحَمْرَاءَ ممتنعٌ صرفُهما أَلبتَةَ لأن الألفَ قائم مقام السببين التأنيثِ و لزومِه .
>
> أَمَّا المعرفة فلا يعتبر في منع الصرف منها إلا العلميةُ و تجتمع مع غير الوصف .
>
> أَمَّا العُجمة فشرطها أن تكون علما في العجمة و زائدةً علي ثلاثة أحرف كإبراهيمَ أو ثلاثيا متحركَ الأوسط كَشَتَرَ فَلِجَامٌ منصرفٌ لِعَدم العلمية و نُوْحٌ منصرفٌ لسكون الأوسط .

ئالتىنچى«الجمع» : جەمئىينىڭ بىر سەۋەب بولالىشىنىڭ شەرتى ئۇنىڭ مۇئەننەسىنىڭ «ة» سىنى قوبۇل قىلمىغان ھالدىكى«صِيْغَةُ مُنْتَهي الجموعِ»(چېكىگە يەتكەن كۆپلۈك شەكىل) بولۇشىنىڭ كېرەكلىكىدۇر. «صِيْغَةُ مُنْتَهي الجموعِ» (جەمئىلىنىشى چېكىگە يەتكەن سېيغا) دېگىنىمىز، «مَسَاجِدُ» دېگەنگە ئوخشاش جەمئىينىڭ «ا» دىن كېيىن ئىككى ھەرپ بولغان ياكى «دَوَابُّ» دېگەنگە ئوخشاش تەشتىتلىك بىر ھەرپ بولغان ۋە ياكى «مَصَابِيْحُ» دېگەنگە ئوخشاش ئوتتۇرىسى ساكىنلىق ئۈچ ھەرپ بولغان جەمئىيدۇر.«صَيَاقِلَةٌ»(شەمشەر) ۋە «فَرَازِنَةٌ» (پەرزىن) قاتارلىقلار «ة» نى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇنسەرىپتۇر. بۇ جەمئىيمۇ ئىككى سەۋەبنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ . ئۇنىڭ بىرى، جەمئىيلىك ۋە مۇشۇ سىيغىدىكى ئىسىملارنىڭ ھەرقاچان جەمئىي بولۇشى، يەنە بىرى، (ئوندىن يۇقىرى ساندىكى نەرسىگە ئىشلىتىدىغان «صِيْغَةُ مُنْتَهي الجموعِ» بولۇپ «كَلْبٌ - أَكْلَبٌ - أَكَالِبٌ» دېگەنگە ئوخشاش ھەقىقەتەن ياكى «مَسْجِدٌ - مَسَاجِدُ» دېگەنگە ئوخشاش ھۆكمەن ئىككىنچى قېتىم جەمئىيلەنگەنلىكتىن) يەنە بىر قېتىم جەمئىيلىنىشىنىڭ چەكلىنىشىدۇر. ئەرەبلەر ئوندىن تۆۋەن ساندىكى نەرسىلەرگە ئايرىم، ئوندىن يۇقىرى ساندىكى نەرسىلەرگە ئايرىم سىيغا ئىشلەتكەنلىكى ۋە ئوندىن يۇقىرى ساندىكى نەرسىلەرگە ئىشلەتكەن جەمئىي سىيغىسىنى قايتا جەمئىيلىمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ سىيغا «صِيْغَةُ مُنْتَهي الجموعِ» دەپ ئاتالغان . بۇلارنىڭ جەمئىي قىللەت سىيغىسىغا جەمئىيلىنىپ ئاندىن جەمئىيلەنگىنى ھەقىقەتەن جەمئىيلەنگەن بولىدۇ، ئۇنداق بولماي بىۋاسىتىلا جەمئىيلەنگىنى ھۆكمەن جەمئىيلەنگەن بولىدۇ .

> أمَّا الجمعُ فشرطُه أنْ يكون على صيغة منتهي الجموعِ و هو أن يكون
>
> بعد ألفِ الجمعِ حرفانِ كمساجدَ أو حرفٌ مُشَدَّدٌ مثل دَوَابَّ أو ثلاثةُ
>
> أحرفٍ أَوْسَطُها ساكنٌ غيرَ قابلٍ للْهَاءِ كمَصَابِيْحَ فصَيَاقِلَةٌ و فَرَازِنَةٌ
>
> منصرفٌ لقبولهما الهاءَ و هو أيضا قائم مقام السببينِ الجمعيةِ و لزومها
>
> و إمتناعِ أنْ يجمع مرة أخرى جمع التكسير فكأنه جُمِعَ مرتينِ.

تەنبىھ : «غيرَ قابلٍ للْهَاءِ» بولسا «الجمع» نىڭ خەۋىرى بولغان «فشرطُه أنْ يكون على صيغة منتهي الجموعِ» دېگەن جۈملىدىكى «يكون» نىڭ مۇستەتىر زىمىرىنىڭ ھالىتى، «و هو أن يكون بعد ألفِ الجمعِ حرفانِ كمساجدَ أو حرفٌ مُشَدَّدٌ مثل دَوَابَّ أو ثلاثةُ أحرفٍ أَوْسَطُها ساكنٌ» بولسا جۈملە مۆئتەرىزە .

يەتتىنچى «التركيب» : تەركىبنىڭ بىر سەۋەب بولالىشىنىڭ شەرتى، ئۇ چوقۇم «بَعْلَبَكُّ»(يۇرت نامى) دېگەنگە ئوخشاش ئىسناد ۋە ئىزاپەتتىن خالىي ھالدا بىرىككەن ئەلەم ئىسىم بولۇشى كېرەك . مۇشۇ سەۋەبتىن «عَبْدُ الله» دېگەن ئىسىم مۇنسەرىپ بولىدۇ . چۈنكى، ئۇ ئىزاپەت يولى بىلەن بىرىكتۇرۇلگەن . ئەمما، «بَعْلَبَكُّ» بولسا گەرچە «بَعْلَ» ۋە «بَكُّ» دىن ئىبارەت ئىككى ئىسىمدىن بىرىكتۇرۇلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرىكتۇرۇلۇشى «توختى كەلدى ئاخۇن» دېگەنگە ئوخشاش ئىسنادسىز ۋە ئىزاپەتسىز ھالەتتە بىرىكتۇرۇلگەنلىكتىن غەيري مۇنسەرىپ بولۇشىنىڭ ئەلەمىيەت ۋە تەركىب بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى سەۋەبنى ھازىرلىغان ھېسابلىنىپ غەيري مۇنسەرىپ قىلىنىدۇ. ۋە يەنە «مَعْدِيْكَرُبَ» (جاي نامى) ئىسنادسىز ۋە ئىزاپەتسىز بىرىكتۇرۇلگەنلىكى ئۈچۈن غەيرى مۇنسەرىپ قىلىنىدۇ. ئەمما، «شَابَ قَرْنَاهَا» (ئۇنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرى ئاقىرىپ كەتتى) دېگەن بىرىكمە ئىسنادنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن مەبنى بولىدۇ . بۇنىڭدىكى ئىسناد «شَابَ» بىلەن «قَرْنَاهَا» نىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن .

سەككىزىنچى« الألفُ و النونُ الزائدتانِ» : ئەگەر«ا» ۋە «ن» ئىسىمدا زىيادە بولۇپ كەلسە ئۇنىڭ بىر سەۋەب بولالىشىنىڭ شەرتى ئۇنىڭ «عِمْرَانَ ، عُثْمَانَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش ئەلەم ئىسىم بولۇشىدۇر. مانا بۇ ئىسىملاردا «ا» ۋە «ن» زىيادە بولۇپ كەلدى ۋە ئەلەمىيەت تېپىلدى. شۇڭا ئۇلارنى غەيري مۇنسەرىپ قىلدۇق .

ئەمما، ئۆسۈملۈكنىڭ ئىسمى بولغان «سَعْدَانٌ» دېگەن ئىسىمدا ئەلەمىيەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۇنسەرىپ بولۇپ كەتتى. ئەگەر «ا» ۋە «ن» سۈپەت خاراكتېرلىك ئىسىملاردا زىيادە بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭ بىر سەۋەپ بولالىشىنىڭ شەرتى ئۇنىڭ مۇئەننىسى«فَعْلَانَةٌ» ۋەزنىدە كېلىدىغان ئىسىم بولماسلىقى كېرەك . مەسىلەن : «سَكْرَانُ» (مەس).

ئەمما، «نَدْمَانٌ» دېگەن ئىسىمنىڭ مۇئەننىسى « ندمانةٌ » (پۇشايمان قىلغۇچى ) شەكلىدە كەلگەنلىكتىن مۇنسەرىپ بولۇپ كېتىدۇ.

> أَمَّا التركيب فشرطه أن يكون علما بلا إضافة و لا إسناد كبَعْلَبَكَّ فَعَبْدُ اللهِ منصرفٌ و مَعْدِيْكَرُبَ غيرُ منصرفٍ و شَابَ قَرْنَاهَا مَبْنِيٌّ .
>
> أمَّا الألفُ و النونُ الزائدتانِ إنْ كانتا في اسمٍ فشرطُه أن يكون علما كعِمْرَانَ و عُثْمَانَ فَسَعْدَانٌ اسمُ نَبَتٍ منصرفٌ لعدم العلمية و إن كانتا في صفة فشرطُه أن لا يكون مؤنثُه علي فَعْلَانَةٌ كسَكْرَانَ .
>
> فنَدْمَانٌ منصرفٌ لوجود ندمانةٍ .

توققۇزىنچى «وزنُ الفعلِ» : ئۇنىڭ بىر سەۋەب بولالىشىنىڭ شەرتى ئۇ پەقەت پېئىلغىلا خاس ۋەزنىدە كەلگەن ئىسىم بولۇشى كېرەك . مەسىلەن : «شَمَّرَ و ضُرِبَ» بۇ ئىككىسى گەرچە ئىسىم بولسىمۇ، پەقەت پېئىلدىن يۆتكەلگەندىلا ئىسىمدا ئۇچرايدىغان ھالەتتىكى پېئىلغىلا خاس بولغان «فَعَّلَ ، فَعَلَ» ۋەزنلىرىدە كەلگەن. شۇڭا، بۇ ئىسىملار ئەلەمىيەت ۋە ۋەزنى پېئىلدىن ئىبارەت ئىككى سەۋەب بار ھېسابلىنىپ غەيرىي مۇنسەرىپ قىلىنىدۇ. ئەگەر «وَزْنُ الفِعْلِ» بولغان ئىسىملار پېئىللارغا خاس ۋەزنىدە كەلمەي قالسا، ئۇلارنىڭ بىر سەۋەب بولالىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىدا مۇزارىئە ھەرپلىرىدىن بىرى بولۇشى ۋە «ة» نىڭ كىرمىگەن بولۇشى كېرەك . مەسىلەن : «أحمدُ و يَشْكُرُ و تَغْلِبُ و نَرْجِسُ» قاتارلىقلارغا ئوخشاش .

> أمَّا وزنُ الفعلِ فشرطهُ أن يختص بالفعل و لا يُوجَد في الاسم إلا منقولاً عن الفعل كَشَمَّرَ و ضُرِبَ و إن لم يختصَّ به فيجب أن يكون في أوَّلِهِ إحدى حروف المضارعة و لا يدخله الهاءُ كأحمدَ و يَشْكُرَ و تَغْلِبَ و نَرْجِسَ . فَيَعْمَلٌ منصرفٌ لقبولها الهاءَ كقولهم ناقةٌ يعملةٌ .

ئەمما، «يَعْمَلٌ» نىڭ «يعملةٌ» دەپ مۇئەننەسى بولغانلىقتىن مۇنسەرىپ بولۇپ كېتىدۇ.

تەنبھ : ئۇزىنىڭ بىر سەۋەپ بولالىشى ئۈچۈن ئەلەمىيەت بىلەن بىرگە كېلىشى شەرت قىلىنغان «المؤنثُ بالتاء و المعنوي و العجمةُ و التركيبُ و الاسمُ الذي فيه الألفُ و النونُ الزائدتانِ» قاتارلىقلار ياكى ئەلەمىيەت شەرت قىلىنماي پەقەت بىرلا سەۋەب بىلەن بىرگە كېلىدىغان «العلمُ المعدولُ و وزنُ الفعل» قاتارلىقلار نەكرە قىلىنسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنسەرىپ بولۇپ كېتىدۇ . ئەمما، بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئەلەمىيەت بىلەن بىرگە كېلىشىنى شەرت قىلغان ئىسىملار ئۆزىدە غەيرىي مۇنسەرىپ بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان سەۋەبتىن بىرەرىمۇ قالمىغانلىقتىن مۇنسەرىپ بولۇپ كېتىدۇ . چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر سەۋەب بولالىشى ئۈچۈن ئەلەمىيەت شەرت ئىدى . شۇڭا، ئۇلار ئەلەمىيەتتىن ئايرىلسا ئۆزلىرىنىڭ بىر سەۋەب بولۇش سالاھىيىتىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ، ئەمما ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئەلەمىيەتنى شەرت قىلماي، پەقەت بىرلا سەۋەب بىلەن بىرگە كېلىدىغان ئىسىملار ئەلەمىيەت بىلەن بىرگە كېلىشنى ئۆزىنىڭ بىر سەۋەب بولۇشى ئۈچۈن شەرت قىلمىغان مۇستەقىل سەۋەب بولغانلىقتىن، ئەلەمىيەتتىن ئايرىلغان ھالەتتىمۇ ئۆزى بىر سەۋەب بولۇپ ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ . ئەمما، ئىسىملارنىڭ غەيرىي مۇنسەرىپ بولۇشى ئۈچۈن ئىككى سەۋەب بولۇشى كېرەك بولغانلىقتىن، بىر سەۋەب بىلەن قالغان بۇنداق ئىسىملارمۇ يەنىلا مۇنسەرىپ بولۇپ كېتىدۇ .

بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەرنىڭ مىسالى «جاءني طلحةُ و طلحةٌ آخرُ». بۇ مىسالدىكى ئىككىنچى «طلحةٌ» باشقا بىر تەلھەت دېيىش ئارقىلىق نەكرە قىلىنىپ كەتكەنلىكتىن سەۋەبسىز قېلىپ مۇنسەرىپ بولۇپ كەتكەن . ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەرنىڭ مىسالى «ضَرَبَ احمدُ و احمدٌ آخرُ»، بۇ مىسالدىكى ئىككىنچى «احمدٌ» باشقا بىر ئەخمەت دېيىش ئارقىلىق نەكرە قىلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئۇ، پېئىل ۋەزنىدىن ئىبارەت بىرلا سەۋەب بىلەن قېلىپ مۇنسەرىپ بولۇپ كەتكەن .

غەيرىي مۇنسەرىپ بولغان ھەرقانداق ئىسىم مۇزاپ قىلىنسا ياكى ئۇنىڭغا «ال» كىرسە مۇنسەرىپ بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كەسرەمۇ كىرىدۇ . مەسىلەن : «مررتُ بأحمدِكُمْ و بالأحمدِ».

«الله» نىڭ ياردىمى بىلەن تۆت پەسىللىك مۇقەددىمە مۇشۇ يەردە تۈگىدى. ئەمدى بىرىنچى مەقسەت بولغان مەرفۇئاتلار بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

و اعلم أن كل ما شُرِطَ فيه العلميةُ و هو المؤنثُ بالتاء و المعنوي و العجمةُ و التركيبُ و الاسمُ الذي فيه الألفُ و النونُ الزائدتانِ أوْ لم يُشترط فيه ذلك و اجتمعَ مع سببٍ واحدٍ فقط و هو العلمُ المعدولُ و وزنُ الفعلِ إذا نُكّرَ صُرِفَ . أما في القسم الأول ( أي في ما شُرِطَ فيه العلميةُ ) فلبقاء الاسم بلا سبب . و أما في الثاني ( أي في ما لم يُشترط فيه العلميةُ ) فلبقائه علي سببٍ واحدٍ تقول جاءني طلحةُ و طلحةٌ آخرُ ، قامَ عمرُ و عمرٌ آخرُ ، و ضَرَبَ احمدُ و احمدٌ آخرُ . و كل ما لا ينصرفُ إذا أُضيفَ أو دخلَهُ اللامُ فدخلَهُ الكسرةُ نحو مررتُ بأحمدِكُمْ و بالأحمدِ .

رەفئى ئوقۇلىدىغان ئىسىملار سەككىز خىل بولۇپ ئۇلار پائىل، نائىب پائىل، مۇبتەدا (ئىگە)، خەۋەر، «إِنَّ» ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ خەۋىرى، «كَانَ» ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئىسمى ، «لَيْسَ» گە ئوخشىتىلغان «مَا و لَا» نىڭ ئىسمى ۋە تۈرنى نەفى قىلىدىغان «لَا» نىڭ خەۋىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بىرىنچى پەسىل «الفاعل» (پېئىللىق جۈملىنىڭ ئىگىسى) : پائىل دېگىنىمىز، ئۆزىدىن ئىلگىرى زىكىر قىلىنغان پېئىل ياكى سۈپەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈش مەنىسىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش مەنىسىگە ئاساسەن ئۇلارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلگەن ئىسىملاردۇر. مەسىلەن : «قام زيد .و زيد ضاربٌ أبوه عمرا . و ما ضربَ زيد عمرا».

المقصد الأول في المرفوعات

الأسماء المرفوعات ثمانيةُ أقسامٍ . الفاعل و مفعول ما لم يُسَمَّ فاعلهُ و المبتدأُ و الخبر و خبرُ إنَّ و أخواتِها و اسمُ كانَ و أخواتِها و اسمُ ما و لا ، المشبهتينِ بِلَيْسَ و خبرُ لا ،التي لنفي الجنسِ.

فصل الفاعل كل اسم قبلَه فعلٌ أو صفةٌ أُسْنِدَ إلى ذالك الاسمِ على معنى أنه قام به لا وقعَ عليه نحو قام زيد و زيد ضاربٌ أبوه عمرا و ما ضربَ زيد عمرا . و كل فعل لا بد له من فاعل مرفوعٍ مظهرٍ كذهبَ زيدٌ أو مضمرٍ بارزٍ كضربتُ زيدا أو مستتر كزيد ذهبَ و إن كان الفعل متعديا كان له مفعول به أيضا نحو ضرب زيد عمرًا .

بىرىنچى مىسالدا« زيد » دېگەن ئىسىم ئۆزىدىن ئىلگىرى زىكىر قىلىنغان «قام» دېگەن پېئىلنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈش مەنىسىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنى بارلىققا كەلتۈرۈش مەنىسىگە بىنائەن ئۇنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلدى.

ئىككىنچى مىسالدىكى« أبو » دېگەن ئىسىم ئۆزىدىن ئىلگىرى زىكىر قىلىنغان « ضاربٌ » دېگەن سۈپەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈش مەنىسىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنى پەيدا قىلىش مەنىسىگە بىنائەن ئۇنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلدى.

ھەر قانداق پېئىل ئۆچۈن « ذهبَ زيدٌ » دېگەن جۈملىدىكى « زيدٌ » غا ئوخشاش رەفئى ئوقۇلىدىغان ئاشكارا پائىلنىڭ بولۇشى ياكى « ضربتُ زيدا » دېگەن جۈملىدىكى « تُ » دېگەنگە ئوخشاش ئاشكارا زىمىر ھالىتىدىكى پائىلنىڭ بولۇشى ۋە ياكى « زيد ذهبَ » دېگەن جۈملىدىكىگە ئوخشاش مۇستەتىر (يوشۇرۇن) كەلگەن پائىلنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ.

ئەگەر پېئىل مۇتەئەددى (ئۆتۈملۈك پېئىل) بولسا ئۇنىڭ پائىلىدىن سىرت « مفعول بــه » سىمۇ كېلىدۇ .

مەسىلەن : « ضرب زيد عمرًا ».

ئەگەر پائىل ئاشكارا بولسا پېئىل دائىم بىرلىك شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «ضَربَ زيد »؛ «ضَربَ الزيدان»؛ «ضَربَ الزيدون»٠

ئەگەر پائىل مۇستەتىر كەلسە پېئىل «زيد ضَربَ» دېگەنگە ئوخشاش بىرلىك شەكىلدىكى پائىل ئۈچۈن بىرلىك شەكىلدە، «الزيدان ضَربا» دېگەنگە ئوخشاش ئىككىلىك شەكىلدىكى پائىل ئۈچۈن ئىككىلىك شەكىلدە ۋە «الزيدون ضَربوا» دېگەنگە ئوخشاش كۆپلۈك شەكىلدىكى پائىل ئۈچۈن كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدۇ .

و إن كان الفاعل مظهرا وُحِّدَ الفعلُ أبدا نحو ضَربَ زيد و ضَربَ الزيدان و ضَربَ الزيدون و إن كان مضمرا وُحِّدَ للواحد نحو زيد ضَربَ و ثُنِّيَ للمثني نحو الزيدان ضَربا و جُمِعَ للجمع نحو الزيدون ضَربوا .

و إن كان الفاعل مؤنثا حقيقيا و هو ما بإزائه ذكر من الحيوان أُنِّثَ الفعلُ أبدا إن لم تَفصِل بين الفعل و الفاعِل نحو قامتْ هندٌ و إن فَصَّلْتَ فلك الخيارُ في التذكيرِ و التأنيثِ نحو ضَرب اليوم هندٌ و إن شئْتَ قلتَ ضَربتْ اليوم هندٌ و كذالك في المؤنث الغير الحقيقي نحو طلعتْ الشمس و إن شئْتَ قلتَ طلعَ الشمس هذا إذا كان الفعل مسندا إلي المظهر ، و إن كان مسندا إلي المضمر أُنِّثَ أبدا نحو الشمس طلعتْ و جمعُ التكسيرِ كالمؤنث الغير الحقيقي تقول قامَ الرجال و إن شئْت قلتَ قامتْ الرجال و الرجال قامتْ و يجوز فيه الرجال قاموا .

ئەگەر پائىل مۇئەننەس ھەقىقى، يەنى ئەركىكى بار مۇئەننەس بولسا ۋە پائىل بىلەن پېئىلنىڭ ئوتتۇرىسى (باشقا كەلىمىنىڭ كېلىشى سەۋەبىدىن) ئايرىلىپ كەتمىسە پېئىل «قامتْ هندٌ» دېگەنگە ئوخشاش ھەر قاچان مۇئەننەس كەلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسى ئايرىلىپ كەتسە پېئىلنى مۇزەككەر ياكى مۇئەننەس كەلتۈرۈش ئىختىيارلىقى سىزدە بولىدۇ. مەسىلەن : «ضَرَبَ اليومَ هندٌ»، خالىسىڭىز «ضَربتْ اليومَ هندٌ»، دېيىسىڭىزمۇ بولىدۇ، شۇنىڭدەك مۇئەننەس غەيرىي ھەقىقىيدا (پېئىل ۋە پائىلنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ ئايرىلىش-ئايرىلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر پېئىلنى مۇزەككەر ياكى مۇئەننەس كەلتۈرۈش) ئىختىيارلىقى سىزدە بولىدۇ. مەسىلەن : «طلعتْ الشمسُ»، خالىسىڭىز «طلعَ الشمسُ» دېيىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئىككى خىل يولنىڭ دۇرۇس بولۇشى پېئىل ئاشكارا ئىسىمغا ئىسناد قىلىنغاندا بولىدىغان ئەھۋال. ئەمما، پېئىل زىمىرغا ئىسناد قىلىنسا دائىم مۇئەننەس كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : «الشمس طلعتْ». پائىل جەمئىي تەكسىر بولغان چاغدىكى ھۆكۈم مۇئەننەس غەيرىي ھەقىقىينىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن : «قام الرجال». ئەگەر، خالىسىڭىز«قامتْ الرجال» دېيىسىڭىزمۇ بولىدۇ . يەنە زىمىرغا يۆلەنگەن چاغدىكى جەمئىي تەكسىرنىڭ پېئىلىنىڭ ھۆكمى، پېئىلى زىمىرغا يۆلەنگەن چاغدىكى مۇئەننەس غەيرىي ھەقىقىينىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش دەپ قاراپ «الرجال قامتْ» دېيىشكىمۇ ۋە ئۇنىڭ جەمئىلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ «الرجال قاموا» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر، پائىل ۋە «المفعول به» دىن ئىبارەت ھەر ئىككىلىسى مەقسۇر ئىسىم بولۇپ قالسا ۋە ئۇلارنىڭ ئالمىشىپ قېلىشىدىن قورقسىڭىز پائىلنى ئىلگىرى كەلتۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : «ضَربَ موسي عيسي»، ئەگەر ئالمىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسىڭىز «المفعول به» نى پائىلدىن ئىلگىرى كەلتۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەسىلەن : «أَكَلَ الكُمَّثْرِي يَحْيي» (ئامۇتنى قۇرت يېدى)، «ضرب عمرا زيد» .

و يجب تقديم الفاعل على المفعول به إذا كانا مقصورين و خفتَ اللبسَ نحو ضربَ موسي عيسى و يجوز تقديم المفعول علي الفاعل إن لم تخف اللبس نحو أَكَلَ الكُمَّثْرِي يَحْيى و ضرب عمرا زيدٌ . و يجوز حَذْفُ الفعلِ حيث كانت قرينةٌ نحو زيد في جواب مَنْ قال مَنْ ضربَ ؟ و كذا يجوز حذفُ الفعل و الفاعلِ معًا كَنَعَمْ في جواب مَنْ قال أَ قام زيد ؟ و قد يحذف الفاعلُ و يقام المفعولُ مقامَه إذا كان الفعل مجهولا نحو ضُرِبَ زيدٌ و هو القسم الثاني من المرفوعات .

پېئىلنىڭ ھەزىپ قىلىنغىنىغا دالالەت قىلىدىغان قەرىنە بولغان چاغدا پېئىلنى ھەزىپ قىلىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن : كىم ئۇردى؟ دېگەن كىشىگە جاۋابەن «زيد» دەپ جاۋاب بەرگەنگە ئوخشاش، بۇ جاۋابنىڭ ئەسلىيسى «ضرب زيدٌ» بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ كىمنىڭ ئۇرغانلىقىنى سوراۋاتقانلىق ھالىتىدىن ئىبارەت قەرىنە بولغانلىقتىن ئۇنىڭ پېئىلى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن .

گاھىدا پېئىل ۋە پائىل ئىككىلىسى بىراقلا ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: زەيىت تۇردىمۇ؟ دېگەن كىشىگە جاۋابەن «نَعَمْ» دەپ قويغانغا ئوخشاش . بۇنىڭ تولۇق جاۋابى «قام زيد» ئىدى، بۇ ئىككىسى قەرىنە بولغانلىق سەۋەبىدىن بىراقلا ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن .

پېئىل مەجھۇل بولغاندا پائىل ھەزىپ قىلىنىپ كېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا «المفعول به» تۇرغۇزۇلىدۇ. مەسىلەن : «ضُرِبَ زيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش ، بۇ ئىسىملارنىڭ رەفئى ئوقۇلىدىغان ئورۇنلىرىنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ تەپسىلاتى كېيىن كېلىدۇ .

ئىككىنچى پەسىل «التنازع»(مەئمۇل تالىشىش) : ئىككى پېئىل ئۆزىدىن كېيىنكى بىر ئاشكارا ئىسمنى تالىشىپ قالسا، يەنى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئاشۇ ئىسىمدا ئەمەل قىلىشنى تەقەززا قىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ بۇنداق تالىشىشى تۆت خىل بولىدۇ.

بىرىنچىسى، ئۇلار پەقەت پائىلىيەتتىلا تالىشىدۇ. مەسىلەن : «ضربني و أكرمني زيدٌ»، بۇ مىسالدا پېئىل ئىككى، پائىل پەقەت بىر بولۇپ قالدى. شۇڭا، «زيدٌ» دېگەن ئىسمنى «ضربني و أكرمني» دىن ئىبارەت ئىككى ئاملنىڭ قايسىسىنىڭ رەفئى قىلغانلىقىنى ئايرىش قىيىن بولۇپ قالدى. شۇڭا، بۇ ئىككىسى «زيدٌ» نى تالىشىپ قالدى دەيمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەرئىككىلىسى ئۆزى ئۈچۈن مەئمۇلنىڭ بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تەنبىھ : بىزنىڭ بۇ يەردە پېئىلنى ئامىل دېيىشىمىز، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىم «زيدٌ» نى رەفئى قىلغانلىقى ئۈچۈن، «زيدٌ» مەئمۇل دېيىشىمىز، ئۇنىڭ رەفئى قىلىنغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئىككىنچىسى، ئۇلارنىڭ پەقەت مەپئۇلىيەتتىلا تالىشىشىدۇر. مەسىلەن : «ضربتُ وأكرمتُ زيدًا»، بۇ مىسالدا ھەر ئىككىلى پېئىلنىڭ پائىلى بار. ئەمما، ئۇلارنىڭ مەپئۇلى پەقەت بىر بولۇپ قالدى. شۇڭا، «زيدًا» دېگەن بۇ ئىسمنى ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنىڭ نەسبە قىلغانلىقىنى ئايرىش قىيىن بولۇپ قالدى. شۇڭا، «ضربتُ و أكرمتُ» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئامىل «زيدًا» دىن ئىبارەت بىر مەپئۇلنى تالىشىپ قالدى دەيمىز.

ئۈچىنچىسى، ئىككى پېئىلنىڭ ئاۋۋالقىسى ئۇ ئىسمنى ئۆزى ئۈچۈن پائىل قىلىشنى تەقەززا قىلسا، كېيىنكىسى ئۇنى مەپئۇل قىلىشنى تەقەززا قىلغان ھالدا ئۇ ئىككىسىنىڭ پائىلىيەت ۋە مەپئۇلىيەتتە تالىشىشىدۇر. مەسىلەن : «ضربني و أكرمتُ زيدًا»، بۇ مىسالدىكى ئاۋۋالقى پېئىلنىڭ مەپئۇلى بار بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى «زيدًا» دېگەن ئىسمنى ئۆزىنىڭ پائىلى قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ، ئىككىنچى پېئىلنىڭ پائىلى بار بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى «زيدًا» دېگەن ئىسمنى ئۆزى ئۈچۈن مەپئۇل قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ ، شۇڭا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاۋۋالقىسى پائىلىيەتتە، كېيىنكىسى مەپئۇلىيەتتە تالاشتى دەيمىز .

تۆتىنچىسى، ئۈچىنچىسىنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، ئاۋۋالقىسى مەپئۇلىيەتتە، كېيىنكىسى پائىلىيەتتە تالىشىدۇ. مەسىلەن : «ضربتُ و أكرمني زيدٌ».

فصل إذا تنازعَ الفعلان في اسم ظاهر بعدهما أي أرادَ كلُ واحدٍ من الفعلينِ أنْ يعمل في ذلك الاسمِ ، فهذا إنما يكون علي أربعة أقسام .

الأول أن يتنازعَا في الفاعلية فقط نحو ضربني و أكرمني زيدٌ .

الثاني أن يتنازعا في المفعولية فقط نحو ضربتُ و أكرمتُ زيدًا .

الثالث أن يتنازعا في الفاعلية و المفعوليةِ و يقتضي الأولُ الفاعلَ و الثاني المفعولَ نحو ضربني و أكرمتُ زيدًا .

الرابع عكسه نحو ضربتُ و أكرمني زيدٌ .

تەنبىھ : يۇقىرىقى تۆت قىسىمنىڭ ھەممىسىدە بىرىنچى پېئىلغا ئەمەل بېرىشمۇ، ئىككىنچى پېئىلغا ئەمەل بېرىشمۇ دۇرۇس . ئەمما، «الفراء» دېگەن ئالىم بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى خىل شەكىلدە ئىككىنچى پېئىلغا ئەمەل بېرىشكە قوشۇلمايدۇ . ئۇنىڭ قوشۇلماسلىقىدىكى دەلىلى (ئۇنداق قىلغاندا) پائىلنى ھەزىپ قىلىۋېتىش ياكى مەلۇم بىر نەرسىنى زىكىر قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ياندىغان زىمىر كەلتۈرۈش قاتارلىق چەكلەنگەن ئىككى ئىشنىڭ بىرىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدۇر. مەسىلەن: بىرىنچى شەكىل «ضربني و أكرمني زيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش پائىلىيەتتە تالىشىدىغان بولۇپ، بىز بىرىنچى پېئىلغا ئەمەل بېرىپ «زيدٌ» نى ئاشۇ پېئىل رەفئى قىلغان دېيىشكىمۇ ياكى ئىككىنچى پېئىلغا ئەمەل بېرىپ «زيدٌ» نى ئاشۇ پېئىل رەفئى قىلغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ، قالغان شەكىللەردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دەپ قارايمىز . ئەمما، فەررا «ضربني و أكرمني زيدٌ»؛ «ضربني و أكرمتُ زيدًا» دىن ئىبارەت بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى شەكىلدە «أكرم» دېگەن ئىككىنچى پېئىلغا ئەمەل بەرسەك، ئۇ چاغدا «زيدٌ» دېگەن ئىسىم بىرىنچى خىل شەكىلدە «أكرم» نىڭ پائىلى بولۇپ قالىدۇ ـ دە «ضرب» نىڭ پائىلىنى ھەزىپ قىلىۋەتتۇق دېيىشكە توغرا كېلىپ قالىدۇ. ئۈچىنچى شەكىلدە بولسا «زيدًا» دېگەن ئىسىم «أكرم» نىڭ مەپئۇلى بولۇپ قالىدۇ دە «ضرب» نىڭ پائىلىنى ھەزىپ قىلىۋەتتۇق دېيىشكە توغرا كېلىپ قالىدۇ ياكى بولمىسا بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى شەكىلدىن ئىبارەت ئىككى شەكىلدە، «ضرب» دېگەن پېئىلنىڭ پائىلىنى مۇستەتىر (ئاستىدا يوشۇرۇن بار) دېسەك بۇ زىمىردىن ئىلگىرى ئۇ قايتىدىغان بىرەر نەرسە زىكرى قىلىنمىغانلىقتىن بىر نەرسىنى زىكرى قىلماي تۇرۇپ زېمىر كەلتۈردۇق دېيىشكە توغرا كېلىپ قالىدۇ، بۇنداق پېئىلنىڭ پائىلىنى ھەزىپ قىلىۋېتىش ۋە زىكرىدىن ئىلگىرى زىمىر كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ھەرئىككى ئىش دۇرۇس ئەمەس. شۇڭا، بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى شەكىلدە ئىككىنچى پېئىلغا ئەمەل بېرىشكە بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. بىز جۈملىنىڭ ئاساسىي بۆلىكى بولغان ئىسىملاردا تەپسىرلەپ بېرىش شەرتى ئاساسىدا زىكرىدىن ئىلگىرى زىمىر كەلتۈرۈش دۇرۇس. شۇڭا، تۆتىلى شەكىلدە ئىككى پېئىلنىڭ قايسىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى ئاشكارا ئىسىمدا ئەمەل قىلسا بولىۋېرىدۇ دەيمىز . ئەمما، قايسى پېئىلغا ئەمەل بېرىشنى تاللاش مەسىلىسىدە بەسىرەلىكلەرنىڭ ئوخشىمىغان قارشى بار بولۇپ، ئۇلار پېئىل بىلەن پائىلنىڭ ئارىلىقىنىڭ يېقىنلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىككىنچى پېئىلغا ئەمەل بېرىشنى تاللايدۇ. كۇفەلىكلەر بولسا باشتا كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەمەل قىلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ بىرىنچى پېئىلغا ئەمەل بېرىشنى تاللايدۇ.

> واعلم أنَّ في جميع هذه الأقسام يجوز إعمالُ الفعلِ الأولِ و إعمالُ الفعلِ الثاني خلافا للفرَّاءِ في الصورة الأولي و الثالثةِ أنْ يعمل الثاني . و دَلِيْلُهُ لُزُوْمُ أحدِ الأمرينِ إمَّا حذفُ الفاعل أو الإضمارُ قبلَ الذكرِ و كلاهما مَحظورانِ . و هذا في الجواز و أما الاختيار ففيه خلافُ البصريينَ فإنهم يختارون إعمالَ الفعل الثاني اعتبارا للقرب و الجوارِ ، و الكوفيون يختارون إعمالَ الفعلِ الأولِ مراعاةً للتقديم و الاستحقاقِ .

ئەگەر بەسرەلىكلەرنىڭ قارشى بويىچە ئىككىنچى پېئىلغا ئەمەل بەرمەكچى بولسىڭىز تۆۋەندىكى تەپسىلاتلارغا قاراڭ !

ئەگەر ئاۋۋالقى پېئىل پائىلنى تەقەززا قىلسا « المتوافقِين » دە، يەنى ھەر ئىككى پېئىل پائىلىيەتتە تالاشقىنىدا «ضربني و أكرمني زيد و ضرباني و أكرمني الزيدان و ضربوني و أكرمني الزيدون» دەپ (ئاۋۋالقى پېئىلدا پائىلنى زىمىر قىلىپ كەلتۈرىسىز) . ئەمما، «المتخالفين » دە، يەنى ئاۋۋالقىسى پائىلىيەتتە، ئىككىنچىسى مەپئۇلىيەتتە تالاشقىنىدا «ضربني و أكرمتُ زيدا و ضرباني و أكرمتُ الزيدينِ و ضربوني و أكرمتُ الزيدينَ» دەپ ئاۋۋالقى پېئىلدا پائىلنى زىمىر قىلىپ كەلتۈرىسىز.

ئەگەر ئاۋۋالقى پېئىل مەپئۇلىيەتتە تالىشىدىغان بولسا ۋە ھەر ئىككى پېئىل قەلب پېئىلى بولمىسا «المتوافقِين» دە، يەنى ھەرئىككىلىسى مەپئۇلىيەتتە تالاشقىنىدا «ضربتُ و أكرمتُ زيدا و ضربتُ و أكرمتُ الزيدينِ و ضربتُ و أكرمتُ الزيدينَ» دېگىنىڭىزگە (ئوخشاش بىرىنچى پېئىلنىڭ مەپئۇلىنى ھەزىپ قىلىۋېتىسىز ). «المتخالفين» دە، يەنى ئاۋۋالقىسى مەپئۇلىيەتتە، ئىككىنچىسى پائىلىيەتتە تالاشقىنىدا «ضربتُ و أكرمني زيدٌ و ضربتُ و أكرمني الزيدانِ و ضربتُ و أكرمني الزيدونَ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش بىرىنچى پېئىلنىڭ مەپئۇلىنى ھەزىپ قىلىۋېتىسىز .

ئەگەر ئۇ ئىككىسى قەلب پېئىلى بولۇپ قالسا قەلب پېئىللىرىنىڭ مەپئۇلىنى ھەزىپ قىلىۋېتىش ۋە مەپئۇلىنى زىكرىدىن ئىلگىرى زىمىر قىلىپ كەلتۈرۈش دۇرۇس بولمىغانلىقتىن «حَسِبَنِي مُنطلقا و حسبتُ زيدا منطلقا » گە ئوخشاش ئاۋۋالقى پېئىلنىڭ مەپئۇلىنى ئاشكارا كەلتۈرۈش كېرەك . مانا بۇلار (يۇقىرىقىلار) بەسرەلىكلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر .

فإن أعملتَ الثاني فانظرْ!

إنْ كانَ الفعل الأولُ يقتضى الفاعلَ أَضمرتَهُ في الأولِ كما تقول فى المتوافقِين ضربنى و أكرمنى زيد و ضربانى و أكرمنى الزيدان و ضربونى و أكرمنى الزيدون و فى المتخالفِين ضربنى و أكرمتُ زيدا و ضربانى و أكرمتُ الزيدينِ و ضربونى و أكرمتُ الزيدينَ.

و إن كان الفعل الأول يقتضى المفعولَ و لم يكن الفعلان منْ أفعال القلوب حذفتَ المفعولَ من الفعل الأول كما تقول فى المتوافقِين ضربتُ و أكرمتُ زيدا و ضربتُ و أكرمتُ الزيدينِ و ضربتُ و أكرمتُ الزيدينَ و فى المتخالفِين ضربتُ و أكرمنى زيدٌ و ضربتُ و أكرمنى الزيدانِ و ضربتُ و أكرمنى الزيدونَ .

و إن كان الفعلان من أفعال القلوب يجب إظهارُ المفعولِ للفعل الأولِ كما تقول حَسِبَنى مُنطلقا و حسبتُ زيدا منطلقا إذ لا يجوز حذفُ المفعول من أفعال القلوب و إضمارُ المفعولِ قبلَ الذكر هذا هو مذهب البصريينَ .

ئەمما، كۇفەلىكلەرنىڭ كۆز قارشى بويىچە بىرىنچى پېئىلغا ئەمەل بەرسىڭىز تۆۋەندىكى تەپسىلاتلارغا قاراڭ !

ئەگەر ئىككىنچى پېئىل پائىل تەلەپ قىلسا زېمىرنى ئۇنىڭغا پائىل قىلىپ كەلتۇرۇپ بېرىسىز . خۇددى

«المتوافقِين» دە، يەنى ھەر ئىككىلىسى پائىلىيەتتە تالاشقىنىدا «ضربني و أكرمني زيد و ضربني و أكرماني الزيدان و ضربني و أكرموني الزيدون» دېگىنىڭىزگە ۋە «المتخالفين» دە، يەنى ئەۋۋەلقىسى مەپئۇلىيەتتە، ئىككىنچىسى پائىلىيەتتە تالاشقىنىدا «ضربتُ و أكرمني زيدا و ضربتُ و أكرماني الزيدينِ و ضربتُ و أكرموني الزيدينَ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش .

> و أمَّا إنْ أعملتَ الفعلَ الأولَ علي مذهب الكوفيينَ فانظرْ !
>
> إن كان الفعل الثاني يقتضي الفاعلَ أضمرتَ الفاعلَ في الفعل الثاني كما
>
> تقول في المتوافقِين ضربني و أكرمني زيد و ضربني و أكرمانِي الزيدان
>
> و ضربني و أكرمونِي الزيدون . و في المتخالفين ضربتُ و أكرمني زيدا
>
> و ضربتُ و أكرمانِي الزيدينِ و ضربتُ و أكرمونِي الزيدينَ .

ئەگەر، ئىككىنچى پېئىل مەپئۇلنى تەلەپ قىلسا ۋە ئۇئىككى پېئىل قەلب پېئىلى بولمىسا مەپئۇلنى ھەزىپ قىلىش ۋە زىمىر(نى مەپئۇل قىلىپ) كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى يول دۇرۇس بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ سۆزنىڭ مەقسەت بىلەن بىردەك بولۇشى ئۈچۈن زىمىر كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككىنچى يول ئەۋزەلدۇر.

و إن كان الفعل الثاني يقتضي المفعولَ و لم يكن الفعلان من أفعال القلوب جازَ فيه الوجهانِ حذفُ المفعول و الإضمارُ. و الثاني هو المختارُ ليكون الملفوظ مطابقا للمراد أما الحذفُ فكما تقول في المتوافقين ضربتُ و أكرمتُ زيدًا و ضربتُ و أكرمتُ الزيدينِ و ضربتُ و أكرمتُ الزيدينَ . و في المتخالفينِ ضربني و أكرمتُ زيدٌ ، ضربني و أكرمتُ الزيدانِ ، ضربني و أكرمتُ الزيدون. و أمّا الإضمارُ فكما تقول في المتوافقينِ ضربت و أكرمته زيدا و ضربت و أكرمتهما الزيدينِ و ضربت و أكرمتهم الزيدينَ . و في المتخالفينِ ضربني و أكرمته زيد و ضربني و أكرمتهما الزيدان و ضربني و أكرمتهم الزيدون .

ئەمما، ھەزىپ قىلىش «المتوافقين» دە، يەنى ھەر ئىككىلىسى مەپئۇلنى تەقەززا قىلغىنىدا «ضربت و أكرمته زيدا و ضربت و أكرمتهما الزيدينِ و ضربت و أكرمتهم الزيدينَ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش شەكىلدە بولىدۇ، «المتخالفينِ» دە، يەنى ئاۋۋالقىسى پائىلنى تەقەززا قىلىپ ئىككىنچىسى مەپئۇلنى تەقەززا قىلغىنىدا «ضربني و أكرمتُ زيدٌ ، ضربني و أكرمتُ الزيدانِ ، ضربني و أكرمتُ الزيدون» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش شەكىلدە بولىدۇ ۋە ئەمما ئەۋزەل بولغان زىمىر كەلتۈرۈش بولسا«المتوافقين» دە، يەنى ھەر ئىككىلىسى مەپئۇلنى تەقەززا قىلغىنىدا «ضربت و أكرمته زيدا و ضربت و أكرمتهما الزيدينِ و ضربت و أكرمتهم الزيدينَ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش شەكىلدە بولىدۇ، «المتخالفينِ» دە، يەنى ئاۋۋالقىسى پائىلنى تەقەززا قىلىپ ئىككىنچىسى مەپئۇلنى تەقەززا قىلغىنىدا «ضربني و أكرمته زيد و ضربني و أكرمتهما الزيدان و ضربني و أكرمتهم الزيدون» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش بولىدۇ .

ئەمما، ئۇ ئىككى پېئىل قەلب پېئىللىرىدىن بولۇپ قالسا مەپئۇلنى چوقۇم ئاشكارا كەلتۈرۈش كېرەك. مەسىلەن : «حَسِبَنِي و حسِبتُهما منطلقينِ الزيدان منطلقا ». بۇ مىسالدا مەپئۇل ئاشكارا كەلتۈرۈلدى دېيىشىمىز، «حَسِبَنِي » ۋە «حسبتُهما » قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىككى پېئىل ئۆزىدىن كېيىنكى « منطلقا » دېگەن ئاشكارا ئىسىمنى تالىشىپ قالغانلىقتىن، سىزنىڭ «حَسِبَنِي » دېگەن ئەۋۋالقى پېئىلغا ئەمەل بەرگەنلىكىڭىز(« منطلقا » نى «حَسِبَنِي » نىڭ مەپئۇلى قىلىپ بەرگەنلىكىڭىز) ۋە يەنە ئىككىنچى پېئىلغا« منطلقينِ » (دېگەن) مەپئۇلنى ئاشكارا كەلتۈرۈپ بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈندۇر.

و أما إذا كان الفعلان من أفعال القلوب فلابدَّ من إظهار المفعولِ كما تقول حَسِبَنِي و حسِبتُهما منطلقينِ الزيدان منطلقا . و ذلك لان حسبني و حسبتهما تنازعا في منطلقا و أعملتَ الأولَ و هو حسبني و أظهرتَ المفعولَ في الثاني فان حذفتَ منطلقينِ و قلتَ حسبني و حسبتهما الزيدان منطلقا يلزم الاقتصار علي أحد المفعولينِ في أفعال القلوب و هو غيرُ جائزٍ و إن أضمرتَ فلا يخلو من أنْ تُضْمرَ مفردا و تقولَ حسبني و حسبتهما إياه الزيدان منطلقا و حينئذ لا يكون المفعول الثاني مطابقا للمفعول الأولِ و هو هما في قولك حسبتُهما و لا يجوز ذلك ، أو أن تُضمِر مثنّي و تقول حسبني و حسبتهما إياهما الزيدان منطلقا و حينئذ يلزم عودُ الضمير المثني إلى اللفظ المفرد و هو منطلقا الذي وقع فيه التنازع و هذا أيضا لا يجوز و إذا لم يجز الحذفُ و الإضمارُ كما عرفتَ وجبَ الإظهار .

ئەگەر، « منطلقينِ » نى هەزىپ قىلىۋېتىپ «حسبني و حسبتهما الزيدان منطلقا » دېگەن بولسىڭىز قەلب پېئىللىرىنىڭ ئىككى مەپئۇلىنىڭ بىرىنى قىسقارتىۋېتىشكە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ دۇرۇس بولمايتتى .

ئەگەر، « منطلقينِ » نىڭ ئورنىغا زىمىر كەلتۈرگەن بولسىڭىز ياكى مۇفرەت زىمىر كەلتۈرۈپ «حسبني و حسبتهما إياه الزيدان منطلقا » دېيىشىڭىزگە توغرا كېلىپ قالاتتى ۋە بۇ چاغدا ئىككىنچى مەپئۇل (بولغان « إياه » مۇفرەت بولغانلىقتىن) «حسبتُهما » دىكى تەسنى بولغان « هما » دېگەن بىرىنچى مەپئۇلغا مۇناسىپ بولماي قالىدىغان بولۇپ، بۇ دۇرۇس بولمايدۇ ۋە ياكى « منطلقينِ » نىڭ ئورنىغا تەسنى زَىمىر كەلتۈرۈپ «حسبني و حسبتهما إياهما الزيدان منطلقا » دېسىڭىز بۇ چاغدا تالىشىلىۋاتقان « منطلقا » دېگەن مۇفرەت لەۋزىگە « هما » دېگەن تەسنى زىمىرنىڭ قايتىشى لازىم بولۇپ قالىدۇ . بۇنداق بولۇشىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ، شۇڭا« منطلقينِ » نى ئاشكارا كەلتۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ.

تەنبىھ : « منطلقا » نىڭ ئورنىنى هۆكمەن ئىلگىرى دەيمىز، بۇنداق دېيىشىمىز ئۇ بىرىنچى پېئىلنىڭ مەپئۇلى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەسلىي ئورنى « حسبتهما » نىڭ ئالدىدا دەپ قارالغانلىقتىندۇر.

ئۈچىنچى پەسىل «مفعول ما لم يُسَمَّ فاعلُهُ» (مەجھۇل پېئىلنىڭ ئىگىسى) : ئۇ ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن پائىلنىڭ ئورنىغا تۇرغۇزۇلغان مەپئۇلدۇر. مەسىلەن : «ضُرِبَ زيدٌ» . ئۇنىڭ پېئىلىنىڭ مۇفرەت، تەسنى، جەمئي، مۇزەككەر ۋە مۇئەننەس بولۇش جەھەتتىكى ھۆكۈملىرى سىز(يۇقىرىدا) تونۇشۇپ ئۆتكەن پائىلنىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن ئوخشاش.

تۆتىنچى پەسىل : «المبتدأ و الخبر»(مۇبتەدا ـ خەۋەر):

ئۇ ئىككىسى لەۋزى ئامىلدىن خالىي بولغان ئىككى ئىسىمدۇر.

ئۇنىڭ بىرى« مسند إليه »(ھۆكۈملەنگۈچى) بولۇپ، ئۇ مۇبتەدا دەپ ئاتىلىدۇ . يەنە بىرى «مسند به»(ھۆكۈملۇگۈچى) بولۇپ ئۇ خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن : «زيد قائم».

ئۇلارنى رەفئى قىلغان ئامىل ئۇلارنىڭ لەۋزى ئامىلدىن خالىي ھالدا جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشىدۇر.

فصل مفعول ما لم يُسَمَّ فاعلُهُ و هو كل مفعولٍ حُذِفَ فاعله و أُقِيمَ ذالك المفعولُ مقامَه نحو ضُرِبَ زيدٌ . و حكمه في توحيد فعلِه و تثنيتِه و جمعِه و تذكيرِه و تأنيثِه علي قياس ما عرفتَ في الفاعل .

فصل المبتدأ و الخبر هما اسمان مجردان عن العوامل اللفظية أحدهما مسند إليه و يُسمي المبتدأ و الثاني مسند به و يسمي الخبرَ نحو زيد قائم و العامل فيهما معنوي و هو الإبتداءُ .

مۇبتەدا ئەسلىدە مەرىفە بولىدىغان ، خەۋەر ئەسلىدە نەكىرە بولىدىغان بولسىمۇ گاھىدا سۈپەتلەنگەن نەكىرە ئىسىملارنىڭ مۇبتەدا بولۇشىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَ لَعَبْدٌ مُؤْمِنٌ خَيْرٌ مِنْ مُشْرِكٍ﴾ ، شۇنىڭدەك نەكىرە ئىسىملار مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خاسلاشقان بولسىمۇ، مۇبتەدا بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «أ رجلٌ في الدار أم امرأةٌ»؛ «ما أحدٌ خيرٌ منك»؛ «شرٌّ أهَرَّ ذا ناب»؛ «في الدار رجلٌ»؛ «سلامٌ عليك».

بىرىنچى مىسالدا سۆزلىگۈچى ھويلىدا ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى بىلمەي سورىغانلىقتىن گوياكى ئۇ ئادەم «ماڭا مەلۇملۇق بولغان ھويلىدىكى كىشى ئەرمۇ ياكى ئايالمۇ ؟» دەپ سورىغاندەك بولىدى. شۇڭا، ھويلىدىكى كىشى سۆزلىگۈچىگە مەلۇملۇق بولۇش جەھەتتىن خاسلاشتى .

و أصل المبتدأ أن يكون معرفةً و أصل الخبر أن يكون نكرةً . و النكرة إذا وُصِفَتْ جازَ أن تقعَ مبتدأً نحو قوله تعالي ﴿ولَعَبْدٌ مُؤْمِنٌ خَيْرٌ مِن مُشْرِكٍ﴾البقرة٢٢١ ، و كذا إذا تُخُصِّصَتْ بوجهٍ آخَرَ نحو أ رجلٌ في الدار أم امرأةٌ و ما أحدٌ خيرٌ منك و شَرٌّ أهَرَّ ذا نابٍ و في الدار رجلٌ و سلامٌ عليك .

ئىككىنچى مىسالدىكى «أحدٌ» دېگەن نەكىرە ئىسىم نەفىدىن كېيىن كەلگەندە ئومۇمنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ جۈملىنىڭ مەنىسى «بىرمۇ ئادەم سەندىن ياخشى ئەمەس» دېگەندەك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئادەم ئەڭ ياخشى بولۇش دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىپ خاسلاشقاندەك بولىدۇ .

ئۈچىنچى مىسالدىكى «شَرٌّ» دېگەن سۆز «أهَرَّ» نىڭ ئاستىدىكى مۇستەتىر زىمىردىن بەدەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسلي ئورنى «أهَرَّ» دىن كېيىن بولۇپ، خاسلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «أهَرَّ» دىن ئىلگىرى ئېلىپ چىقىلغان. شۇڭا، جۈملىنىڭ مەنىسى «ما أهَرَّ ذا نابٍ إلا شَرٌّ»( مەگەن ئىگىسىنى پەقەت يامانلىقلا قاۋاتتى ) دېگەنلىك بولىدۇ. ئىتنىڭ قاۋىشى ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل سەۋەبتىن بولىدىغانلىقتىن پەقەت يامانلىقلا قاۋاتتى دېيىش خاسلىقنى پەيدا قىلىدۇ .

تۆتىنچى مىسالدىكى «في الدار» دېگەن خەۋەر ئىلگىرى كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زىكرى قىلىنىشى بىلەن تەڭلا ئاڭلىغۇچىنىڭ كاللىسىغا ئۇنىڭدىن كېيىن «ھويلىدا بولۇش» دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىدىغان نەرسە زىكرى قىلىنىدىكەن دېگەن ئۇقۇم كېلىدۇ، شۇڭا «رجلٌ» دېگەن ئىسىم ئاڭلىغۇچىنىڭ كاللىسىغا پەيدا بولغان «ھويلىدا بولالايدىغان كىشى» دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەندەك بولدى .

تۆتىنچى مۇتەكەللىم ئىككىنچى شەخسكە قارىتا دەيدىغان سۆز بولغانلىقتىن گوياكى ئۇ جۈملە «سَلَامِي عَلَيْكَ» دېگەندەك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ سالام مۇتەكەللىمنىڭلا سالىمى بولۇپ قالدى .

ئەگەر، ئىككى ئىسمنىڭ بىرى مەرىفە بولۇپ يەنە بىرى نەكىرە بولۇپ قالسا يۇقىرىقى مىساللاردىكىدەك مەرىفە ئىسمنى مۇبتىدا، نەكىرەنى خەۋەر قىلىڭ. ئەگەر، ھەر ئىككىلىسى مەرىفە بولۇپ قالسا خالىغىنىڭىزنى مۇبتىدا، يەنە بىرىنى خەۋەر قىلىڭ . مەسىلەن : « اللهُ إلهنا »؛ « محمدٌ نبينا »؛ « آدمُ أبونا » .

يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئەھۋالدا ئىلگىرى كەلتۈرگىنىڭىز مۇبتىدا، كېيىن كەلتۈرگىنىڭىز خەۋەر بولىدۇ .

گاھىدا خەۋەر « زيد أبوه قائم » دېگەندىكى أبوه قائم » غا ئوخشاش جۈملە ئىسمىييە بولىدۇ ياكى « زيد قامَ أبوه » دېگەندىكى « قامَ أبوه » غا ئوخشاش جۈملە پېئلىييە بولىدۇ ، ياكى « زيد إنْ جاءني فأكرمتُه » دېگەندىكى « إنْ جاءني فأكرمتُه » غا ئوخشاش جۈملە شەرتىييە بولىدۇ ، ۋە ياكى « زيد خلفَك و عمرٌو في الدار » دېگەندىكى « خلفَك ، في الدار » لارغا ئوخشاش جۈملە زەرفىييە بولىدۇ.

كۆپىنچە ئالىملارنىڭ قارىشىدا زەرىپ « استقرَّ » دېگەنگە ئوخشاش جۈملىگە مۇتەئەللىق (ئالاقىدار) بولىدۇ . مەسىلەن : « زيد في الدار ». بۇنىڭ ئەسلىيسى « زيد استقر في الدار » دۇر . خۇددى مۇشۇ مىسالدىكى (« استقرَّ » نىڭ ئاستىدىكى زىمىر مۇبتىداغا يانغىنىغا ئوخشاش) خەۋەر بولۇپ كەلگەن ھەرقانداق جۈملىدە مۇبتىداغا يانىدىغان زىمىر بولۇشى كېرەك . قەرىينە بولغان ئەھۋالدا ئۇ زىمىرنىڭ ھەزىپ قىلىنىپ كېتىشىمۇ دۇرۇس . مەسىلەن : « السَّمْنُ مَنْوَانِ بِدِرْهَمٍ » (ياغ! ئىككى جىڭ بىر دەرھەم) . « البُرُّ الكُرُّ بِسِتِّينَ دِرْهَمًا » (بۇغداي! بىر كۇرە ئاتمىش دەرھەم) .

بۇ مىساللاردا مۇتەكەللىم « ياغ! » دەپ تۇۋلىۋەتكەندىن كېيىن ئىككى جىڭ بىر دەرھەم دېگەنلىكتىن ئاڭلىغۇچىغا « السَّمْنُ مَنْوَانِ منه بِدِرْهَمٍ » (ياغ! ئۇنىڭ ئىككى جىڭى بىر دەرھەم) دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. شۇڭا، خەۋەر بولۇپ كەلگەن « مَنْوَانِ منه بِدِرْهَمٍ » دېگەن جۈملىدىكى « منه » ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن .

گاھىدا خەۋەر مۇبتىدادىن ئىلگىرى كېلىپ قالىدۇ . مەسىلەن : « في الدار زيدٌ » ۋە يەنە بىر مۇبتىدانىڭ بىر قانچە خەۋىرىنىڭ بولۇشىمۇ دۇرۇس . مەسىلەن : « زيدٌ عالمٌ فاضلٌ عاقلٌ ».

و إن كان أحد الاسمين معرفةً و الأخرُ نكرةً فاجعلْ المعرفةَ مبتداً و النكرةَ خبرًا البتةَ كما مَرَّ ، و إن كانا معرفتين فاجعلْ أيهما شئتَ مبتداً و الأخر خبرا نحو اللهُ إلهنا و محمدٌ نبينا و آدمُ أبونا . و قد يكون الخبر جملة اسميةً نحو زيد أبوه قائم أو فعليةً نحو زيد قامَ أبوه أو شرطيةً نحو زيد إنْ جاءني فأكرمتُه أو ظرفيةً نحو زيد خلفَك و عمرٌو في الدار .

و الظرف متعلق بجملة عند الأكثر و هى استقرَّ مثلا تقول زيد في الدار، تقديره زيدٌ استقرَّ في الدار و لا بد في الجملة من ضمير يعود إلي المبتدأ كالهاء في ما مَرَّ و يجوز حذفه عند وجود قرينة نحو السَّمْنُ مَنْوَانِ بِدِرْهَمٍ و البُرُّ الكُرُّ بِسِتِّينَ دِرْهَمًا . و قد يتقدم الخبر علي المبتدأ نحو في الدار زيدٌ و يجوز للمبتدأ الواحد أخبارٌ كثيرةٌ نحو زيدٌ عالمٌ فاضلٌ عاقلٌ .

تەنبىھ : گراماتىكا ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا « مسندًا إليه » بولمىغان يەنە بىر تۈرلۈك مۇبتەدا بار بولۇپ، ئۇ « ما قائمٌ زيد » دېگەندىكىگە ئوخشاش نەفىدىن كېيىن كەلگەن ياكى « أ قائمٌ زيد » دېگەندىكىگە ئوخشاش ئىستىفھام ھەرپىدىن كېيىن كەلگەن سۈپەتتۇر. ئۇ ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ئاشكارا ئىسىمنى رەفئى قىلىش شەرتى بىلەن مۇبتەدا بولالايدۇ . مەسىلەن : « ما قائمٌ الزيدان »؛ « أ قائم الزيدان » بۇ جۈملىلەردىكى « قائمٌ » مۇبتەدا بولۇپ، « الزيدان » خەۋەرنىڭ ئورنىدا كەلگەن پائىلدۇر . ئەمما، « ما قائمان الزيدان » دېگەن جۈملىدىكى « قائمان » دېگەن سۈپەت گەرچە نەفىدىن كېيىن كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ئاشكارا ئىسىمنى رەفئى قىلماي ئۆزىنىڭ زىمىرىدا ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇبتەدا ھېسابلانمايدۇ. ئۇنى ئۆزىنىڭ زىمىرىدا ئەمەل قىلدى دېيىشىمىز، ئەگەر ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىمنى ئۆزىنىڭ پائىلى قىلىپ ئۇنى رەفئى قىلغان بولسا، ئۇ ئاشكارا پائىلغا يۆلەنگەنلىكى ئۈچۈن مۇفرەت كېلىشى زۆرۈر تۇرۇقلۇق تەسنى شەكىلدە كەلگەنلىكى ئۇنىڭ زىمىر (بولغان پائىل) دا ئەمەل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

و اعلم أنَّ لهم قِسْمًا آخرَ من المبتدأ ليس مسندًا إليه و هو صفةٌ وقعتْ بعد حرف النفي نحو ما قائمٌ زيد أو بعد حرف الاستفهام نحو أ قائمٌ زيد بشرطِ أن تَرْفَعَ تلك الصفةُ اسمًا ظاهرا نحو ما قائمٌ الزيدان و أ قائم الزيدان بخلاف ما قائمان الزيدان .

فصل خبرُ إنَّ و أخواتِها و هي أنَّ و كَأَنَّ و لكِنَّ و لَيْتَ و لَعَلَّ . فهذه الحروف تدخل علي المبتدأ و الخبر فتنصب المبتدأ و يُسمي اسمَ إنَّ ، و ترفع الخبرَ و يسمي خبرَ إنَّ ، فخبر إن هو المسند بعد دخولها نحو إن زيدا قائم . و حكمه في كونه مفردا أو جملة أو معرفة أو نكرة كحكم خبرِ المبتدأ و لا يجوز تقديم أخبارها علي أسمائها إلا إذا كان ظرفا نحو إن في الدار زيدا لمجال التوَسُّعِ في الظروف .

بەشىنچى پەسىل« خبرُ إنَّ و أخواتها » ( « إنَّ » تۈرىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ خەۋىرى) : ئۇلار« إنَّ و أنَّ وكَأنَّ و لكنَّ و لَيْتَ و لَعَلَّ» قاتارلىقلاردۇر. بۇ ھەربىلەر مۇبتەدا ۋە خەۋەر بولالايدىغان ئىسىملارغا كىرىپ مۇبتەدانى نەسبىلىك قىلىدۇ ۋە بۇ « إنَّ » نىڭ ئىسمىسى دەپ ئاتىلىدۇ، خەۋەرنى بولسا رەفئىلىك قىلىدۇ ۋە بۇ « إنَّ » نىڭ خەۋىرى دەپ ئاتىلىدۇ . « إنَّ » نىڭ خەۋىرى « إنَّ » كىرگەندىن كېيىنلا « المسند » بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ « إنَّ » كىرگەندىن كېيىن جۈملە قىلىپ قۇراشتۇرۇلغان . ئەگەر « ئۇ مۇبتەدانىڭ خەۋىرى بولغانلىقتىن ئەسلىدىلا مۇسنەد ئىدى » دېيىلسە جۈملە مەبنى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن « إنَّ » ئۇلارنىڭ لەۋزىگە تەسىر قىلمىغان بولاتتى، شۇڭا ئۇنى « إنَّ » كىرگەندىن كېيىن جۈملە قىلىپ قۇراشتۇرۇلۇپ ئاندىن « المسند » بولغان دەيمىز. مەسىلەن : « إن زيدا قائم ».

« إنَّ » نىڭ خەۋىرىنىڭ مۇفرەت ياكى جۈملە، مەرىفە ياكى نەكىرە بولۇش جەھەتتىكى ھۆكمى مۇبتەدانىڭ خەۋىرىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش . ئەمما، « إنَّ » نىڭ خەۋىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشى پەقەت زۆرۈپىلاردىلا (خەۋەر زۆرۈپ بولۇپ كەلگەندىلا) دۇرۇس بولىدۇ . مەسىلەن : « إن في الدار زيدا » . چۈنكى، ئەرەپ تىلىدا زەرپىلەر كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن ئۇلار باشقىلار كېلەلمەيدىغان ئورۇنلاردىمۇ كېلەلەيدۇ .

ئالتىنچى پەسىل «اسمُ كان و أخواتِها »(«كانَ» تۈرىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ ئىسمىسى) : «كانَ» نىڭ ئوخشاشلىرى «صارَ و أصبحَ و أمسي و أضحي و ظَلَّ و باتَ و راحَ (كېچىدە بولدى)، و آضَ (ئۆرۈلۈپ قالدى)، و عادَ (قايتتى)، و غَدَا (ئەتىگەندە چىقتى)، و مازالَ و مابَرِحَ و ما فتي و ما انْفَكَّ و مادامَ و ليسَ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

فصل اسمُ كان و أخواتِها وهي صارَ و أصبحَ و أمسى و أضحي و ظَلَّ و باتَ و راحَ و آضَ و عادَ و غَدَا و مازالَ و مابَرِحَ و ما فتي و ما انْفَكَّ و مادامَ و ليسَ .

فهذه الأفعال تدخل أيضا علي المبتدأ و الخبر فترفع المبتدأ و يسمي اسمَ كانَ و تنصب الخبر و يسمي خبرَ كانَ فاسم كانَ هو المسند إليه بعد دخولها نحو كان زيد قائما و يجوز في الكل تقديم أخبارها علي أسمائها نحو كان قائما زيد ، و علي نفس الأفعال أيضا في التسعة الأُوَلِ نحو قائما كانَ زيد ، و لا يجوز ذلك في ما في أوله ما فلا يقال قائما مازال زيد ، و في ليسَ خلافٌ ، و باقي الكلام في هذه الأفعال يجيء في القسم الثاني إن شاء الله تعالي .

بۇ پېئىللارمۇ مۇبتىدا ۋە خەۋەر بولالايدىغان ئىسىملارغا كىرىدۇ ۋە مۇبتىدانى رەفئى قىلىدۇ، بۇ «كانَ» نىڭ ئىسمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ۋە خەۋەرنى نەسبىلىك قىلىدۇ، بۇ «كانَ» نىڭ خەۋىرى دەپ ئاتىلىدۇ. «كانَ» نىڭ ئىسمىسى «كانَ» كىرگەندىن كېيىن جۈملە بولۇپ بىرىكىپ «المسند إليه» بولغان . مەسىلەن : «كان زيد قائما » .

«كانَ» ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئىسىملىرىدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش دۇرۇس . مەسىلەن : «كان قائما زيد ». ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقى توققۇزىدا بولسا ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنى پېئىلنىڭ ئۆزىدىنمۇ بۇرۇن كەلتۈرۈش دۇرۇس . مەسىلەن : «قائما كانَ زيد ». بۇ ئىش ئالدىدا «ما » بار كەلىمىلەردە دۇرۇس بولمايدۇ ، شۇڭا «قائما مازال زيد » دېيىلمەيدۇ. ئەمما، «ليسَ» ھەققىدە ئالىملارنىڭ كۆز قارشى بىردەك ئەمەس. بۇ پېئىللار ھەققىدىكى قالغان گەپ «الله» خالىسا ئىككىنچى قىسىمدا كېلىدۇ .

يەتتىنچى پەسىل «اسمُ ما و لا المشبهتين بِلَيسَ»( «لَيسَ» تىپىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ ئىسمىسى) : بۇلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ مۇشۇ ھەرپلەر كىرگەندىن كېيىن جۈملە بولۇپ بىرىكىپ «المسندُ إليه» بولغان . مەسىلەن : «ما زيد قائما و لا رجلٌ أفضلَ منك».

فصل اسمُ ما و لا المشبهتين بِلَيسَ و هو المسندُ إليه بعد دخولهما نحو ما زيد قائما و لا رجلٌ أفضلَ منك و يختص لا بالنكرة و يَعُمُّ ما بالمعرفة و النكرةِ .

فصل خبرُ لا لنفي الجنس و هو المسند بعد دخولها نحو لا رجلَ قائمٌ .

«لا» پەقەت نەكىرە ئىسىملارغىلا كىرىدۇ. ئەمما، «ما» مەرىفە ۋە نەكىرە ئىسىملارغا كىرىۋېرىدۇ.

سەككىزىنچى پەسىل «خبرُ لا لنفي الجنس» (تۈرنى نەفى قىلغۇچى «لا» نىڭ خەۋىرى) : بۇمۇ ئاشۇ ھەرپ كىرگەندىن كېيىن جۈملە بولۇپ بىرىكىپ «المسند» بولۇپ كەلگەن . مەسىلەن : «لا رجلَ قائمٌ». بۇنىڭ «لَيسَ» گە ئوخشىغان «لا» بىلەن بولغان ئاساسلىق پەرقى «لَيسَ» گە ئوخشىغان «لا» مەلۇم بىرنەرسىنى نەفى قىلسا جىنسنى نەفى قىلىدىغان «لا» بىر تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى نەفى قىلىدۇ. مەسىلەن : «لَا رَجُلٌ فى الدار» (ھويلىدا بىر ئەر يوق . ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن كۆپ ئەر بولۇشى مۇمكىن) . «لَا رَجُلَ فى الدار» (ھويلىدا ئەر كىشى يوق).

> ## المقصد الثاني في المنصوبات
>
> الأسماء المنصوبة اثنا عشر قسما المفعول المطلق و به و فيه و له و معه و الحال و التمييز و المستثنى و اسم إنَّ وأخواتِها وخبرُ كانَ وأخواتِها والمنصوبُ بلا التي لنفي الجنس وخبرُ ماولا المشبهتين بليسَ
>
> فصل المفعول المطلق وهو مصدرٌ بمعنى فعلٍ مذكور قبلهُ ويذكرُ للتأكيدِ كضربتُ ضربًا أو لبيان النوعِ نحو جلستُ جِلْسَةَ القارِي أو لبيان العددِ كجلستُ جَلْسَةً أو جلستَينِ أو جَلسات . و قد يكون من غير لفظ الفعل المذكور نحو قعدتُ جلوسًا وأنبتَ نباتًا .
>
> وقد يحذف فعلُه لقيام قرينة جوازا كقولك للقادمِ خيرَ مقدمٍ أي قدمتَ قُدُومًا خيرَ مقدمٍ و وجوبًا سماعا نحو سَقْيًا وشُكْرًا و حَمْدًا ورَعْيًا أي سَقَاكَ اللهُ سَقْيًا وشَكَرْتُكَ شُكْرًا و حَمِدْتُكَ حَمْدًا ورَعَاكَ اللهُ رَعْيًا .

نەسبى ئوقۇلىدىغان ئىسىملار ئون ئىككى بولۇپ ئۇلار «المفعول المطلق و به و فيه و له و معه و الحال و التمييز و المستثنى و اسم إنَّ وأخواتِها وخبرُ كانَ وأخواتِها والمنصوبُ بلا التي لنفي الجنس وخبرُ ما و لا المشبهتين بليسَ » قاتارلىقلاردۇر .

بىرىنچى پەسىل «المفعول المطلقُ»(مەنبەداش تولۇس تولدۇرغۇچى) : ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى زىكرى قىلىنغان پېئىلنىڭ مەنىسىدىكى مەسدەردىن ئىبارەتتۇر. ئۇ «ضربتُ ضربًا» دېگەنگە ئوخشاش پېئىلنى تەكىتلەش ئۈچۈن ياكى «جلستُ جِلْسَةَ القارِي» دېگەنگە ئوخشاش تۈرنى بايان قىلىش ئۈچۈن ۋە ياكى «جلستُ جَلْسَةً أو جلستَينِ أو جَلسات» دېگەنگە ئوخشاش سانىنى بايان قىلىش ئۈچۈن زىكرى قىلىنىدۇ. (گاھىدا) ئۇ (ئۆزىدىن ئىلگىرى ) زىكرى قىلىنغان پېئىلنىڭ لەۋزىگە ئوخشىمىغان لەۋزىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن : «قعدتُ جلوسًا»؛ «أنبتَ نباتًا».

ئىككىنچى مىسالدىكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پېئىل مەزىت بابىدىن بولغان بولسىمۇ مۇجەررەت پېئىلنىڭ مەسدىرى «المفعول المطلقُ» قىلىپ كەلتۈرۈلگەن. شۇڭا، لەۋزى ئوخشىمىدى دەيمىز.

گاھىدا قەرىنە بولغانلىقتىن ئۇنىڭ پېئىلى دۇرۇسلۇق تەرىقىسىدە ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن : مېھمان بولۇپ كەلگەن كىشىگە «خيرَ مقدمٍ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش . بۇنىڭ ئەسلىيسى «قدمتَ قُدُومًا خيرَ مقدمٍ» بولۇپ ئۇنىڭدىن «قدمتَ» دېگەن پېئىل ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن «المفعول المطلقُ» ھەزىپ قىلىنىپ كېتىپ ئورنىغا «خيرَ مقدمٍ» دېگەن سۈپەتى تۇرغۇزۇلغان .

ۋە گاھىدا سىمائى بولغانلىقتىن (ئۇنىڭ پېئىلى) ۋاجىپلىق تەرىقىسىدە(ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ). مەسىلەن : «سَقْيًا وشُكْرًا و حَمْدًا ورَعْيًا »، بۇلارنىڭ ئەسلىيسى «سَقَاكَ اللهُ سَقْيًا وشَكَرْتُكَ شُكْرًا و حَمِدْتُكَ حَمْدًا ورَعَاكَ اللهُ رَعْيًا » بولۇپ ئۇلارنىڭ پېئىللىرى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن .

سىمائى دېگىنىمىز، قايسى كەلىمە ئەرەبلەردىن قانداق ئاڭلانغان بولسا ئۇنى شۇ پېتى سۆزلەش كېرەك، باشقا كەلىمىلەرنى ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ سۆزلەشكە بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئىككىنچى پەسىل «المفعولُ به» (تولدۇرغۇچى) : ئۇ ئۇستىگە پائىلنىڭ ئىش ـ ھەرىكتى چۈشكەن نەرسىنىڭ ئىسمىدۇر. مەسىلەن : «ضرب زيدٌ عمرًا» . گاھىدا ئۇ پائىلدىن ئىلگىرى كېلىدۇ. مەسىلەن : «ضرب عمرًا زيدٌ».

گاھىدا ئۇنىڭ پېئىلى «كىمنى ئۇرىمەن؟» دېگەن كىشىگە جاۋابەن «زيدًا» دەپ قويغانغا ئوخشاش دۇرۇسلۇق تەرىقىسىدە ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىيسى «إضربْ زيدًا» ئىدى . (تۆۋەندىكى) تۆت ئورۇندا(ئۇنىڭ پېئىلى) ۋاجىپلىق تەرىقىسىدە (ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ) .

فصل المفعولُ به وهو اسمُ ما وقع عليه فعلُ الفاعلِ كضرب زيد عمرًا وقد يتقدم على الفاعل كضرب عمرا زيد وقد يحذف فعلُه لقيام قرينة جوازا نحو زيدًا في جواب مَنْ قال مَنْ أضربُ ؟ و وجوبا في أربعة مواضع .

الأول سماعي والبواقي الثلثةُ قياسيةٌ .

الأول (السماعي ) نحو إمْرَأً وَنَفْسَهُ ، ﴿انتَهُوا خَيْراًلَّكُمْ﴾النساء١٧١، أهْلًا وَسَهْلًا .

الثاني ( القياسيةُ ) التحذيرُ وهو معمول بتقدير إتَّقِ حُذِّرَ تَحذيرا مما بعده أو ذُكِرَ المُحَذَّرُ منه مكررا نحو إيَّاكَ والأسدَ أصله إتقك والأسدَ، و الطريقَ الطريقَ .

بىرىنچىسى سىمائى قالغان ئۈچى قىياسىدۇر.

بىرىنچىسى، (سىمائى) نىڭ مىسالي : «إمْرَأً وَنَفْسَهُ»؛ ﴿وَانْتَهُوا خَيْرًا لَكُمْ﴾؛ «أهْلًا وَسَهْلًا» بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەسلىيسى «أُتْرُكْ إمْرَأً وَنَفْسَهُ»؛ «انْتَهُوا يا معشر النصارى من التثلث و إيتوا خَيْرًا لَكُمْ»؛ «أتيتَ أهْلًا وَطِيْتَ سَهْلًا» بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ پېئىلى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن ھىسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى، تەھزىر بولۇپ، ئۇ «إتَّقِ» نى تەقدىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىن كېيىنكى نەرسىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان ياكى ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسە تەكرار زىكرى قىلىنغان مەئمۇل (مەپئۇل) دۇر . مەسىلەن : «إيَّاكَ والأسدَ». «الطريقَ الطريقَ».

بىرىنچى مىسالنىڭ ئەسلىيسى «إتقكَ مِن الأسد و إتقِ الأسدَ منْكَ» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ مىسالدىكى «كِ» «إتَّقِ» نى تەقدىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىن كېيىنكى «الأسد» دىن ئاگاھلاندۇرۇلغان مەئمۇل (مەپئۇل) دۇر. ۋە «و إتقِ الأسدَ منْكَ» دېگەن جۈملىدە «الأسد» پەقەت مۇبالىغىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا تەھزىر بولۇپ كېلەلىگەن.

ئىككىنچى مىسالنىڭ ئەسلىيسى «إتَّقِ الطريقَ الطريقَ» بولۇپ، بۇنىڭدىكى بىرىنچى «الطريقَ» تەقدىر قىلىنغان «إتَّقِ» نىڭ مەپئۇلى ئىككىنچى «الطريقَ» تەكىتتۇر ۋە بۇ ئىككىسى «المُحَذَّرُ منه» دۇر.

ئۇچىنچىسى، تەپسىرلەپ بېرىش شەرتى ئاساسىدا ئامىلى يوشۇرۇنغان ئىسىمدۇر. ئۇ ئۆزىدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتىپ ئۇنىڭغا ياندىغان زىمىرغا ياكى ئۇنىڭغا ئالاقىدار نەرسىگە يۈزلىنىۋالىدىغان پېئىل ياكى سۈپەت بولغان ئىسىم بولۇپ، شۇ پېئىل ياكى شۇ سۈپەت ۋە ياكى ئۇلارغا مەنە جەھەتتە ئوخشىشىدىغان پېئىل ئۇ ئىسىمدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلسە ئۇنى نەسبە قىلالايدىغان دەرىجىدە بولىدۇ. مەسىلەن : «زيدًا ضربتُه»؛ «زيدًا مَرَرْتُ بِه»؛ «زيدًا ضربتُ غُلَامَهُ» .

بىرىنچى مىسالدىكى «زيدًا» دېگەن ئىسىم «ما أُضْمِرَ عاملُهُ» بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن «ضربتُ» دېگەن پېئىلنىڭ مەپئۇلى بولغانلىقتىن نەسبىلىك ئوقۇلغان ، ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن ئۇ پېئىلنىڭ بارلىقنى «زيدًا» دېگەن ئىسىمدىن كېيىنكى، ئەگەر ئىلگىرى ئېلىپ چىقىلسا «زيدًا» نى نەسبە ئوقۇتالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتىپ ئۇنىڭ زىمىرىغا ئەمەل قىلىشقا يۈزلىنىۋالغان «ضربتُ» دېگەن پېئىل تەپسىرلەپ بەرگەن . شۇڭا، ئۇ جۈملىنىڭ ئەسلىيسى «ضربتُ زيدًا ضربتُه» ئىدى دەپ قارايمىز .

ئىككىنچى مىسالدىكى «زيدًا» دېگەن ئىسىم «ما أُضْمِرَ عاملُهُ» بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن «جَاوَزْتُ» دېگەن پېئىلنىڭ مەپئۇلى بولغانلىقتىن نەسبە ئوقۇلغان . ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن ئۇ پېئىلنى «ب» نىڭ سەۋەبىدىن مۇتەئەددى بولۇپ، مەنە جەھەتتىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ بولۇپ قالغان «مَرَرْتُ» دېگەن پېئىل تەپسىرلەپ بەرگەن . شۇڭا، بۇجۈملىنىڭ ئەسلىيسى «جَاوَزْتُ زيدًا مَرَرْتُ بِه» دېگەنلىك بولىدۇ دەيمىز.

ئۇچىنچى مىسالدىكى «زيدًا» دېگەن ئىسىم «ما أُضْمِرَ عاملُهُ» بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن «آهَنْتُ» دېگەن پېئىلنىڭ مەپئۇلى بولغانلىقتىن نەسبە ئوقۇلغان، ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن ئۇ پېئىلنىڭ بارلىقنى «زيدً» دېگەن ئىسىمدىن كېيىن كەلگەن . ئەگەر، ئىلگىرى ئېلىپ چىقىلسا ئۇنى نەسبە قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتىپ ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان «غُلَامَهُ» غا يۈزلىنىۋالغان «زيدً» دېگەن ئىسىمدىن كېيىنكى «ضربتُ» دېگەن پېئىل تەپسىرلەپ بەرگەن. شۇڭا، بۇ مىسالنىڭ ئەسلىيسى «آهَنْتُ زيدًا ضربتُ غُلَامَهُ» دېگەنلىك بولىدۇ دەيمىز.

> الثالث ما أُضْمِرَ عاملُهُ على شريطة التفسير وهو كل اسم بعده فعلٌ أَوْ شِبْهُهُ يَشتغل ذالك الفعلُ عن ذالك الاسمِ بضميره أَوْ متعلقه بحيث لَوْ سُلِّطَ عليه هو أو مناسبُهُ لَنَصَبَهُ نحو زيدًا ضربتُه فانَّ زيدًا منصوبٌ بفعْلٍ محذوفٍ مضمرٍ وهو ضربتُ يفسِّرُهُ الفعلُ المذكورُ بعدَه و هو ضربتُه ، ولهذا الباب فروعٌ كثيرةٌ .

تۆتىنچىسى، مۇنادا بولۇپ، ئۇ ئاشكارا كەلگەن نىدا (چاقىرىش) ھەرپلىرى ئارقىلىق چاقىرىلغۇچى ئىسىمدۇر. مەسىلەن : «يا عبدَ اللّٰهِ»، بۇ «أَدعو عبدَ اللّٰهِ» دېگەنلىك بولىدۇ ۋە نىدا ھەرپى «أَدعو» دېگەن پېئىلنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

نىدا ھەرپلىرى بەش بولۇپ ئۇلار «يَا و أَيَا وهَيَا وأَيْ و أَ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «أَيْ و آ» قاتارلىق ئىككىسى يېقىندىكى كىشىنى چاقىرىش ئۈچۈن ، «أَيا وهَيَا» قاتارلىق ئىككىسى يىراقتىكى كىشىنى چاقىرىش ئۈچۈن ، «يَا» بولسا ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. گاھىدا نىدا ھەرپلىرى تەلەپپۇز قىلىنمايمۇ قالىدۇ.

الرابع المنادى وهو اسمٌ مَدعوٌّ بحرف النداء لفظا نحو يا عبدَ اللّٰهِ أي أَدعو عبدَ اللّٰهِ وحرف النداء قائم مقام أَدعو . وحروف النداء خمسة يا و أَيا وهَيَا وأَيْ والهمزة المفتوحة . وقد يحذف حرفُ النداء لفظا نحو ﴿يُوسُفُ أَعْرِضْ عَنْ هَذَا﴾يوسف٢٩ .

واعلم أنَّ المنادى على أقسام .

فان كان المنادى مفردا معرفةً يُبنى على علامة الرفع كالضمة ونحوِها نحو يا زيدُ ويا رجلُ ويا زيدانِ ويا زيدونَ .

ويخفض بلام الاستغاثة نحو يا لَزيدٍ .

ويفتح بإلحاق أَلفِهَا نحو يا زيدَاه .

مەسىلەن : ﴿يُوسُفُ أَعْرِضْ عَنْ هَذَا﴾ بۇنىڭ ئەسلىيسى «يَا يُوسُفُ أَعْرِضْ عَنْ هَذَا» بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «يَا» ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن.

تەنبىھ : مۇنادا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ.

(بىرىنچى) ئەگەر مۇنادا (بىرىكتۈرۈلمىگەن ھالدىكى) مۇفرەت ۋە مەرىفە ئىسىم بولسا (زەممە ئەلىف ۋە «و» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت) رەفئىنىڭ بەلگىسىگە مەبنى قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «يا زيدُ»؛ «يا رجلُ»؛ «يا زيدانِ»؛ «يا زيدونَ» .

بىرىنچى مىسالدىكى «زيدُ» دېگەن ئىسىم مۇنادا بولۇشتىن ئىلگىرىلا مەرىفە بولۇپ، ئۇ رەفئىنىڭ بەلگىسى بولغان زەممىگە مەبنى قىلىندى .

ئىككىنچى مىسالدىكى «رجلُ» دېگەن ئىسىم مۇنادا بولۇش سەۋەبىدىن مەرىفە بولغان بولۇپ، ئۇمۇ رەفئىنىڭ بەلگىسى بولغان زەممىگە مەبنى قىلىندى .

ئۈچىنچى مىسالدىكى «زيدان» دېگەن ئىسىم گەرچە ئىككىلىك شەكىلدە بولسىمۇ، بىرىكمە بولمىغانلىقتىن مۇفرەت ھېسابلىنىپ رەفئىنىڭ بەلگىسى بولغان «ا» كە مەبنى قىلىندى .

تۆتىنچى مىسالدىكى «زيدونَ» دېگەن ئىسىم گەرچە جەمئىي بولسىمۇ، بىرىكمە بولمىغانلىقتىن مۇفرەت ھېسابلىنىپ رەفئىنىڭ بەلگىسى بولغان «و» غا مەبنى قىلىندى.

(ئىككىنچى ) مۇنادا ياردەم تەلەپ قىلىشنى ئىپادىلەيدىغان «لَ» نىڭ سەۋەبىدىن جەر ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «يا لَزيد»؛ «يا لَلأَغنياء للفقراء من الجوع»: «الأغنياء» مستغاث بهم، والفقراء مستغاث لأَجلهم، والجوع مستغاث منه، (ئۈچىنچى) مۇنادا ياردەم تەلەپ قىلىشنى ئىپادىلەيدىغان «ا» نىڭ قوشۇلۇشى سەۋەبىدىن فەتھە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «يا زيدَاه».

(تۆتىنچى) ئەگەر مۇنادا «يا عبدَ الله» دېگەنگە ئوخشاش مۇزاپ بولسا ياكى «يا طالعًا جبَلًا» دېگەنگە ئوخشاش شۇبھى مۇزاپ بولسا ۋە ياكى قارىغۇ ئادەمنىڭ «يا رجلًا خُذْ بِيدي!» دېگىنىگە ئوخشاش (مۇنادا بولۇش سەۋەبىدىنمۇ مەرىفە بولمايدىغان) نەكرە بولسا نەسبىلىك ئوقۇلىدۇ.

«طالعًا جبَلًا» نى مۇزاپقا ئوخشىدى دېيىشىمىز، مۇزاپ ئۆزىنىڭ تولۇق مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇزافۇن ئىلەيگە موھتاج بولغىنىدەك، ئۇنىڭدىكى «طالعًا» نىڭ ئۆزىنىڭ تولۇق مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆزىدىن

وينصب إن كان مضافا نحو يا عبدَ الله أو مشابهًا للمضاف نحو يا طالعًا جبَلًا أو نكرةً غيرَ معينةٍ كقولِ الأعمى يا رجلًا خُذْ بيدي .

وإن كان المنادى معرفا باللام قيل يا أيُّها الرجلُ ويا أيتها المرأةُ .

ويجوز تَرْخِيْمُ المنادى وهو حذفٌ في آخره للتخفيف كما تقول في مالك يا مالُ ، وفي مَنْصُوْرٍ يا منصُ وفي ، عُثمانَ يا عُثْمُ . ويجوز في آخر المنادى المرخَّم الضمُ والحركةُ الأصليةُ كما تقول في يا حَارِثُ يا حَارُ ويا حارِ .

واعلم أنَّ يا مِنْ حروف النداء قد تستعمل في المندوب أيضا وهو المُتَفَجَّعُ عليه بِيَا أو وَا كما يقال يا زيدَاه ، و وا زيدَاه . فوَا مختصةٌ بالمندوب و يا مشتركةٌ بين النداء والمندوب وحكمه في الإعراب والبناء مثل حكم المنادى.

كېيىنكى «جبَلًا» گە موھتاج بولۇپ قالغانلىقىدىندۇر. چۈنكى، بۇ ئىككىسىدە «يا عبدَ» ياكى «يا طالعًا» دەپ توختاپ قالسا ئوي ـ پىكىر تولۇق ئىپادىلەنمەي قالىدۇ.

ئەگەر، مۇنادا «ال» بىلەن مەرىفە قىلىنغان بولسا «يا أيُّها الرجلُ ويا أيتها المرأةُ» دېيىلىدۇ.

مۇنادانى تەرخىم قىلىش دۇرۇستۇر. تەرخىم قىلىش دېگىنىمىز، تەلەپپۇز قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن «يا مالكُ» دېيىشكە تېگىشلىك يەردە «يا مالُ» دېگىنىمىزگە ۋە «يا مَنْصُوْرُ» دېيىشكە تېگىشلىك يەردە «يا منصُ» دېگىنىمىزگە ئوخشاش مۇنادانىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپلەرنى ھەزىپ قىلىۋېتىشتۇر.

تەرخىم قىلىنغان مۇنادانىڭ ئاخىرىنى زەممەلىك ئوقۇشمۇ ۋە ئەسلىيدىكى ھەرىكىتى بىلەن ئوقۇشمۇ دۇرۇس. مەسىلەن: «يا حَارِثُ» نى «يا حَارُ» دېيىشكىمۇ ۋە «يا حارِ» دېيىشكىمۇ بولىدۇ .

تەنبىھ: «يا» نىدا ھەرپى بولۇپ، گاھىدا مەندۇبتا ئىشلىتىلىدۇ. مەندۇب دېگىنىمىز، «يا» ياكى «وا» ئارقىلىق ئىچ ئاغرىتىلغۇچىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «يا زيدَاه»؛ «وا زيدَاه» دېيىلگەنگە ئوخشاش.

«وا» بولسا مەندۇبقىلا خاستۇر. «يا» بولسا نىدا ۋە مەندۇبقا ئورتاقتۇر.

مەندۇبنىڭ مۇرەب ۋە مەبنى بولۇش جەھەتتىكى ھۆكمى مۇنادانىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر .

ئۈچىنچى پەسىل «المفعولُ فيه» (ئورۇن ، ۋاقىت تولدۇرغۇچىسى) : ئۇ پائىلنىڭ ئىش - ھەرىكىتى يۈز بەرگەن زامان ۋە ماكاندىن ئىبارەت نەرسىنىڭ ئىسمىدۇر، يەنى پائىلنىڭ ئىش - ھەرىكىتى يۈز بەرگەن ۋاقىت ياكى ئورۇننىڭ نامىدۇر. بۇ زەرپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

زەرپى زامان (ۋاقىت رەۋىشلىرى) ئىككى خىل بولىدۇ. (بىرىنچىسى) مۇبھەم بولۇپ. بۇ «دَهْرٍ» ۋە «حِيْنٍ»(چاغ) دېگەنگە ئوخشاش مۇئەييەن چەك - چېگرىسى بولمىغان زەرپتۇر . (ئىككىنچىسى) مەھدۇد بولۇپ، بۇ «يَوْمٍ و لَيْلَةٍ و شَهْرٍ و سَنَةٍ» قاتارلىقلارغا ئوخشاش مۇئەييەن چەك - چېگرىسى بولغان زەرپتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «في» نىڭ تەقدىر قىلىنىشى سەۋەبىدىن نەسبى ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن : «صمتُ دهـرًا»؛ «سافرتُ شهرا» بۇنىڭ ئەسلىيسى «صمتُ في دهرٍ»؛ «سافرتُ في شهرٍ» دېگەنلىكتۇر.

زۇرپى ماكانمۇ (ئورۇن رەۋىشلىرىمۇ) يۇقىرىقىغا ئوخشاش (ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ . (بىرىنچىسى) مۇبھەم بولۇپ بۇمۇ « في» نىڭ تەقدىر قىلىنىشى سەۋەبىدىن نەسبى ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن : «جلستُ خلفَك» . (ئىككىنچىسى) مەھدۇد بولۇپ، بۇ «في» نىڭ تەقدىر قىلىنىشى سەۋەبىدىن نەسبى ئوقۇلمايلا قالماي بەلكى تېخى «في» نىڭ ئاشكارا كېلىشى زۆرۈر بولغان زەرپتۇر. مەسىلەن: «جلستُ في الدار و في السوق و في المسجد».

فصل المفعولُ فيه هو اسمُ ما وقعَ فعلُ الفاعلِ فيه مِن الزمانِ والمكانِ و يسمى ظرفا .

وظروف الزمان على قسمينِ مبهمٌ وهو ما لا يكون له حَدٌّ معينٌ كَدَهْرٍ و حيْنٍ ومحدودٌ وهو ما يكون له حَدٌّ معينٌ كَيَوْمٍ و لَيْلَةٍ و شَهْرٍ و سَنَةٍ و كلُّهَا منصوبٌ بتقدير في ، تقول صمتُ دهرًا وسافرتُ شهرا أي في دهرٍ وشهرٍ .

وظروف المكان كذالك مبهمٌ وهو منصوب أيضا بتقدير في نحو جلستُ خلفَك وأمامَك ومحدودٌ وهو ما لا يكون منصوبا بتقدير في بل لا بُدَّ مِن ذكر في فيه نحو جلستُ في الدار و في السوق و في المسجد .

فصل المفعولُ له هو اسمُ ما لأجْلِه يقعُ الفعلُ المذكورُ قبلَه ويُنْصَبُ بتقدير اللام نحو ضربتُه تَأْدِيْبًا أي للتأديب وقَعَدْتُ عن الحرب جُبْنًا أي للجبن . وعند الزجاج هو مصدر تقديره أدبتُه تأديبًا وجَبَنْتُ جُبْنًا .

تۆتىنچى پەسىل «المفعولُ له» (سەۋەب - مەقسەت تولدۇرغۇچىسى) : ئۇ بىر تۈرلۈك ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى زىكرى قىلىنغان پېئىل شۇ ئىسىمنىڭ سەۋەبىدىن يۈزبەرگەن بولىدۇ، يەنى ئۆزىدىن ئىلگىرى زىكرى قىلىنغان پېئىلنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغان ئىسىمدۇر. بۇ «ل» نىڭ تەقدىر قىلىنىشى سەۋەبىدىن نەسبى ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «ضربتُه تَأديبًا»؛ «قعدتُ عن الحرب جُبْنًا». ئۇ زَجاج دېگەن ئالىمنىڭ قارىشىدا (پېئىلى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن) «المفعول المطلق» بولۇپ، يۇقىرىقى مىساللارنى، ئەسلىيسى «أدبتُه تأديبًا»؛ «جَبَنْتُ بِالقعودِ عن الحَرْبِ جُبنا» ئىدى دەپ قارايدۇ.

بەشىنچى پەسىل «المفعولُ مَعَهُ»(بىللىلىك تولدۇرغۇچى) : ئۇ پېئىلنىڭ مەئمۇلىغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن «مع» مەنىسىدىكى «و» دىن كېيىن زىكرى قىلىنغان ئىسىمدۇر. مەسىلەن : «جاءَ البردُ و الجبَّاتِ »؛ «جئتُ أنَا و زيدًا ».

بىرىنچى جۈملىدىكى «الجبَّاتِ» دېگەن ئىسىم پېئىلنىڭ مەئمۇلى بولغان «البردُ» دېگەن ئىسىمغا «كېلىش» تىن ئىبارەت ھۆكۈمدە شېرىك بولۇش ئۈچۈن «مع» مەنىسىدىكى «و» دىن كېيىن زىكرى قىلىنغان .

ئەگەر، پېئىل ئاشكارا بولسا ۋە (ئۇ پېئىلنىڭ مەئمۇلىغا بىرەر نەرسىنى) ئەتفە قىلىش دۇرۇس بولسا (ئەتفە قىلىنغان ئىسىمنى رەفئى ۋە نەسبىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئوقۇش دۇرۇس. مەسىلەن : «جئتُ أنا و زيدًا و زيدٌ». بۇ مىسالدىكى «جئتُ» دېگەن پېئىل ئاشكارا سۆزلەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ پائىلىنىڭ «أنا» بىلەن تەكىتلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا ئەتفە قىلىش دۇرۇس بولدى. شۇڭا، «زيد» دېگەن ئىسىمنى ئەتفە قىلىپ «جئتُ أنا و زيدٌ» دەپ رەفئى ئوقۇشمۇ ۋە مەپئۇل دەپ قارىلىپ «جئتُ أنا و زيدًا» دېگەنگە ئوخشاش نەسبى ئوقۇشقىمۇ دۇرۇس بولىدۇ .

فصل المفعولُ مَعَهُ هو ما يذكر بعد الواوِ بمعنى مع لمصاحبةِ معمولِ الفعل نحو جاءَ البردُ و الجبَّاتِ و جئتُ أنَا و زيدًا أي مع الجباتِ و مع زيدٍ . فان كان الفعل لفظا و جازَ العطفُ يجوز فيه الوجهانِ النصبُ و الرفعُ نحو جئتُ أنا و زيدًا و زيدٌ . و إنْ لم يجز العطفُ تَعَيَّنَ النصبُ نحو جئتُ و زيدًا . وإن كان الفعل معنى وجازَ العطفُ تعين العطفُ نحو مالِزيدٍ و عمروٍ . و إنْ لم يجز العطفُ تعين النصبُ نحو ما لَكَ و زيدًا و ما شأنك و عمرا . لأن المعنى ما تَصنع .

ئەگەر، ئەتفە قىلىش دۇرۇس بولمىسا (ئۇنى مەپئۇل دەپ قاراپ) نەسبى ئوقۇش مۇئەييەنلىشىدۇ. مەسىلەن: «جئتُ و زيدًا ».

ئەگەر، پېئىل مەنەن بولسا ۋە ئەتفە قىلىش دۇرۇس بولسا (بۇ چاغدا) ئەتفە قىلىش مۇئەييەنلىشىدۇ. مەسىلەن : «ما لِزيدٍ و عمروٍ» (زەيت بىلەن ئەمرى نېمە ئىش قىلىدۇ؟) . ئەتفە قىلىش دۇرۇس بولمىسا نەسبى ئوقۇش مۇئەييەنلىشىدۇ. مەسىلەن : «ما لَكَ و زيدًا»؛ «ما شأنك و عمرا» (زەيد بىلەن نېمە ئىش قىلىسەن؟) . بۇ ئىككى مىسالدىكى پېئىلنى مەنەن دېيىشىمىز ئۇلارنىڭ مەنىسىنىڭ «ما تَصنع» بولغانلىقى ئۈچۈندۇر .

ئالتىنچى پەسىل «الحالُ»(ھالەت) : ھال دېگىنىمىز، پائىلنىڭ ياكى «المفعولِ به» نىڭ ۋە ياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ ھالىتىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۆزدۇر. مەسىلەن : «جاءني زيد رَاكِبًا»؛ «ضربتُ زيدا مَشدودًا»؛ «لقيتُ عمرًوا راكبِين».

بىرىنچى جۈملىدىكى ھال بولۇپ كەلگەن «رَاكِبًا» دېگەن سۆز «زيد» تىن ئىبارەت پائىلنىڭ ھالىتىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

فصل الحالُ لفظٌ يدل على بيان هيأةِ الفاعلِ أو المفعولِ به أو كلَيْهما

نحو جاءني زيد رَاكِبًا ، و ضربتُ زيدا مَشدودًا ، و لقيتُ عمرًوا

راكبِين . و قد يكون الفاعلُ معنويا نحو زيد في الدار قائمًا ، لأن معناه

زيد استقر في الدار قائما وكذا المفعول به نحو هذا زيد قائما فان معناه

المشار إليه قائما هو زيد .و العامل في الحال فعلٌ أو معنى الفعلِ .ومثال

ما كان عاملُها معنىالفعلِ نحو هذا زيد قائمًا معناه أُنَبِّهُ وأُشِيْرُ .

ئىككىنچى جۈملىدىكى ھال بولۇپ كەلگەن «مَشدودًا» دېگەن سۆز «زيدا» دىن ئىبارەت مەپئۇلنىڭ ھالىتىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئۈچىنچى جۈملىدىكى ھال بولۇپ كەلگەن «راكبِين» دېگەن سۆز «تُ» دىن ئىبارەت پائىل ۋە «عمرا» دىن ئىبارەت «المفعول به» نىڭ ھالىتىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

گاھىدا «ذو الحال»(بولغان) پائىل مەنىۋى بولىدۇ . مەسىلەن : «زيد في الدار قائمًا». بۇنىڭدىكى پائىلنى مەنىۋى دېيىشىمىز، ئۇنىڭ ئەسلىيسىنىڭ «زيد استقر في الدار قائما» بولۇپ «قائما» بولسا «استقر» نىڭ ئاستىدىكى مۇستەتىر پائىلنىڭ ھالىتى بولغانلىقىدىندۇر.

يەنە «ذو الحال» (بولۇپ كەلگەن ) «المفعولِ به» مۇ مەنىۋى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «هذا زيد قائما». بۇ مىسالدىكى «هذا» دېگەن كەلىمىدىن «كۆرسىتىۋاتىمەن» دېگەن مەنە چىقىدىغانلىقى سەۋەبىدىن «زيد» دېگەن ئىسىم مەنە جەھەتتىن كۆرسىتىلگۈچى ھېسابلىنىپ مەپئۇل دەپ قارىلىدۇ ۋە «قائما» بولسا ئاشۇ مەنەن مەپئۇلنىڭ ھالىتى ھېسابلىنىدۇ . ھالنىڭ ئامىلى پېئىل ياكى پېئىلنىڭ مەنىسىدۇر. پېئىلنىڭ مەنىسى ھالنىڭ ئامىلى بولغانىنىڭ مىسالى: «هذا زيد قائمًا».

ھال ھەرقاچان نەكرە كېلىدۇ ۋە «ذو الحال» يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك مەرىفە كېلىدۇ. ئەگەر، «ذو الحال» نەكرە بولسا ھالنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن: «جاءني راكبا رجل» .

و الحال نكرةٌ أبدا و ذو الحال معرفةٌ غالبًا كما رأيتَ في الأمثلة المذكورة .

فان كان ذو الحال نكرةً يجب تقديمُ الحال عليه نحو جاءني راكبا رجل . لئلا تلتبسَ بالصفة في حالة النصب في مثل قولك رأيتُ رجلا راكبا . وقد تكون الحال جملة خبرية نحو جاءني زيد وغلامُه راكبٌ أو يركب غلامُه . وقد يحذف العاملُ لقيام قرينة كما تقول للمسافر سالما غانما أي ترجع سالما غانما .

بۇنداق قىلىشىمىز سىزنىڭ «رأيتُ رجلا راكبا» دېگەنگە ئوخشاش «ذو الحال» نەسىبلىك ھالەتتىكى سۆزىڭىزدە ھالنىڭ سۈپەتكە ئارلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر. گاھىدا جۈملە خەۋەرى ھال بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «جاءني زيد وغلامُه راكبٌ أو يركب غلامُه».

گاھىدا قەرىينە بولغانلىقتىن ھالنىڭ ئامىلى ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، سىزنىڭ مۇساپىرغا «سَالِمًا غَانِمًا» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. بۇنىڭ ئەسلىيسى «ترجع سالما غانما» دۇر .

فصل التميز هو نكرة تُذكر بعد مقدار مِن عددٍ أو كيل أو وزن أو مساحةٍ أو غيرِ ذالك مما فيه إبهامٌ ترفع ذالك الإبهامَ نحو عندي عشرون دِرْهَمًا ، و قَفيزانِ بُرًّا ، و مَنْوَانِ سَمْنًا ، و جَرِيْبَانِ قُطْنًا ، و على التَمْرَةِ مِثْلُها زُبْدًا . وقد يكون عن غير مقدار نحو هذا خاتَمٌ حَدِيْدًا ، و سِوارٌ ذهبًا ، وفيه الخفضُ أكثرُ . وقد يقع بعد الجملة لرفع الإبهام عن نسبتها نحو طابَ زيد نَفْسًا أو عِلْمًا أو أبًا .

يەتتىنچى پەسىل «التميز»(پەرقلەندۈرگۈچى) : ئۇ سان ، كەمچەن، ئېغىرلىق ۋە كەڭلىكتىن ئىبارەت مىقداردىن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزىدە مۇبھەملىك بولغان نەرسىلەردىن كېيىن زىكرى قىلىنىپ (ئۇلاردىن) ئاشۇ مۇبھەملىكنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان نەكرىدۇر، يەنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نەرسىدىكى مۇبھەملىكنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان نەكرە ئىسىم تەميز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن : «عندي عشرون دِرْهَمًا» (ساندىكى مۇبھەملىكنى كۆتۈردى)،«قَفيزانِ بُرًّا» (كەمچەندىكى مۇبھە ملىكنى كۆتۈردى)، «مَنْوَانِ سَمْنًا»(ئېغىرلىقتىكى مۇبھەملىكنى كۆتۈردى )، «جَرِيْبَانِ قُطْنًا» (كەڭلىكتىكى مۇبھەملىكنى كۆتۈردى )، «على التَمْرَةِ مِثْلُها زُبْدًا» (سېلىشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان مۇبھەملىكنى كۆتۈردى).
ئەڭ ئاخىرقى مىسالدا «خورمىنىڭ ئۈستىدە شۇنىڭچىلىك» دەپ خورمىنى يەنە بىر نەرسىگە سېلىشتۇرۇشمىز دىن ھاسىل بولغان مۇبھەملىكنى «زُبْدًا» دېگەن تەميز كۆتۈرۈۋەتتى.
(تەميز) گاھىدا مىقدار بولمىغان نەرسىدىنمۇ مۇبھەملىكنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. مەسىلەن : «خاتَمٌ حَدِيْدًا»؛ «سِوارٌ ذهبًا»، بۇ مىساللاردىكى «حَدِيْدًا ، ذهبًا» دېگەن تەميزلار تۈردىن مۇبھەملىكنى كۆتۈرگەن بولۇپ، بۇنداق تەميزلەردە جەر (ئوقۇش) كۆپرەك ئۇچرايدۇ .

ۋە گاھىدا جۈملىدىكى نىسبەتتىن مۇبھەملىكنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن : «طابَ زيد نَفْسًا أو عِلْمًا أو أبًا»، بۇ مىسالدىكى «طابَ» دېگەن پېئىلنى «زيد» گە ئىسناد قىلغىنىمىزدا «زەيت قايسى جەھەتتىن ياخشى بولغاندۇ؟» ، دەيدىغان بىر خىل مۇبھەملىك پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ مۇبھەملىكنى ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن تەميزلار كۆتۈرۈۋەتتى.

سەككىزىنچى پەسىل «المستثني»(مۇستەسنا) : مۇستەسنا دېگىنىمىز، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى نەرسىگە مەنسۇپ بولغان نەرسىنىڭ ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «إلا» ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدىن كېيىن زىكرى قىلىنغان لەبزىدۇر.

ئۇ ئىككى خىل بولۇپ، (بىرىنچىسى) مۇتتەسىلدۇر. بۇ بىر قانچىلىغان نەرسىدىن «إلا» ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى ئارقىلىق ئايرىۋېلىنغان ئىسىمدۇر. مەسىلەن : «جاءني القومُ إلّا زيدًا». (ئىككىنچىسى) مۇنقەتى بولۇپ ئۇ «المستثنى منه» نىڭ ئىچىگە كىرمىگەنلىكتىن بىر قانچىلىغان نەرسىدىن ئايرىۋېلىنمىغان ھالەتتە «إلا» ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدىن كېيىن زىكرى قىلىنغان ئىسىمدۇر. مەسىلەن: «جاءني القومُ إلّا حِمارًا».

دېمەك «المستثنى» نىڭ «المستثنى منه» نىڭ تۈرىدىن بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، «المستثنى» بولغان ئىسىم «المستثنى منه» نىڭ ئىچىدىن چىقىرىۋېلىنغان بولسا بۇ «المستثنى المتصل» دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : «جاءني القومُ إلّا زيدًا». بۇ مىسالدا مۇتەكەللىم «زيدًا» نى ئاشۇ قوۋمنىڭ ئىچىدىكى بىر كىشى دەپ قارىغان ھالدا ئۇلاردىن ئىستىسنا قىلىپ چىقىرىۋالغانلىقتىن ئۇ «المستثنى المتصل» دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر، «المستثنى» بولغان ئىسىم «المستثنى منه» نىڭ ئىچىدىن چىقىرىۋېلىنمىسا بۇ «المستثنى المنقطع» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن : «جاءني القومُ إلّا زيدًا». بۇ مىسالدا مۇتەكەللىم «زيدًا» نى ئاشۇ قوۋمنىڭ ئىچىدىكى كىشى ئەمەس، بەلكى باشقا قوۋمنىڭ ئادىمى دەپ قارىغان ھالدا ئۇلاردىن ئىستىسنا قىلىپ چىقىرىۋالغانلىقتىن ئۇ «المستثنى المنقطع» دەپ قارىلىدۇ.

> فصل المستثني لفظ يذكر بعد إلا وأخواتِها لِيُعْلَمَ أنه لا ينسب إليه ما نسب إلى ما قبلها . وهو على قسمين متصلٌ وهو ما أُخْرِجَ عن متعدد بالّا وأخواتِها نحو جاءني القومُ إلّا زيدًا و منقطع وهو المذكور بعد إلّا وأخواتِها غيرَ مخرج عن متعدد لعدم دخوله في المستثنى منه نحو جاءني القومُ إلّا حِمَارًا .

تەنبىھ: مۇستەسنانىڭ ئىئرابى تۆت تۈرلۈك بولىدۇ.

و اعلم أنّ إعراب المستثني على أربعة أقسامٍ .

فان كان متصلا وقع بعد إلا في كلام موجَبٍ أو منقطعا كما مَرَّ أو مُقَدَّمًا على المستثنى منه نحو ما جاءني إلا زيدًا أحدٌ أو كان بعد خَلا ،و عَدا ،عِنْدَ الأكثرِ أو بعد ما خَلا ، و ما عَدا ، و لَيْسَ ، و لا يكونُ ، نحو جاءني القوم خَلا زيدًا الخ كان منصوبًا .

وإن كان بعد إلّا في كلامٍ غيرِ موجبٍ و هو كل كُلام يكون فيه نَفْيٌ و نَهْيٌ و استفهامٌ و المستثنى منه مذكورٌ يجوز فيه الوجهانِ النصبُ والبدلُ عَمَّا قبلَها نحو ما جاءني أحدٌ إلا زيدًا و إلا زيدٌ .

بىرىنچى، «المستثنى» بولۇشلۇق جۈملىدە «إلا» دىن كېيىن كېلىپ مۇتتەسىل بولسا ياكى (جۈملىنىڭ بولۇشلۇق بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر) يۇقىرىدا ئۆتكىنىدەك مۇنقەتى بولسا، ياكى «ما جاءني إلا زيدًا أحدٌ» دېگەنگە ئوخشاش «المستثنى منه» دىن ئىلگىرى كەلسە، ياكى «خَلا ، عَدا» دىن كېيىن كەلسە ۋە ياكى«جاءني القوم خَلا زيدًا» دېگەنگە ئوخشاش «ما خَلا ، و ما عَدا ، و لَيْسَ ، و لا يكونُ» قاتارلىقلاردىن كېيىن كەلسە نەسبى ئوقۇلىدۇ.

ئىككىنچى «المستثنى» بولۇشسىز جۈملىدە (بولۇشسىز جۈملە دېگىنىمىز ئۆزىدە نەفى، نەھى ۋە ئىستىفهام مەنىلىرى بولغان جۈملىدۇر) «إلا» دىن كېيىن كەلسە ۋە «المستثنى منه» مۇزىكرى قىلىنسا «إلا» دىن ئىلگىرىكى نەرسىدىن بەدەل ئېلىش ياكى نەسبى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل يول دۇرۇس بولىدۇ . مەسىلەن : «ما جاءني أحدٌ إلا زيدًا و إلا زيدٌ» بۇ مىسالدىكى «زيدًا» دېگەن «المستثنى» نىڭ بولۇشسىز جۈملىدە «إلا» دىن كېيىن كەلگەنلىكى ۋە «أحدٌ» دىن ئىبارەت «المستثنى منه» نىڭ زىكرى قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن «إلا» دىن ئىلگىرىكى «أحدٌ» دىن بەدەل ئېلىپ رەفئى ئوقۇشمۇ ۋە مۇستەسنالىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۈرۈپ نەسبى ئوقۇشمۇ دۇرۇس بولغان .

ئۈچىنچى، «المستثنى» بولغان ئىسىم «المستثنى منه» زىكرى قىلىنمىغان بولۇشسىز جۈملىدە «إلا» دىن كېيىن كېلىش ئارقىلىق «المستثنى المفرغ» بولغان بولسا ئۇنىڭ ئېئرابى ئامىلىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن بولىدۇ .

مەسىلەن : «ما جاءني إلا زيدٌ»؛ «ما رأيتُ إلا زيدًا»؛ «ما مررتُ إلا بزيدٍ» .

و إن كان مفرغا بِأنْ يكون بعد إلا في كلامٍ غيرِ موجبٍ والمستثنى منه غيرُ مذكورٍ كان إعرابُه بحسب العواملِ تقول ما جاءني إلا زيدٌ وما رأيتُ إلا زيدًا وما مررتُ إلا بزيدٍ .

و إن كان بعد غيرَ و سِوى و سِوَاء و حاشَا ، عندَ الأكثرِ كانَ مجرورًا نحو جاءني القومُ غيرَ زيدٍ ، و سِوى زيدٍ ، و حاشَا زيدٍ .

بىرىنچى جۈملىدىكى «جاء» دېگەن ئامىل پائىلنى تەقەززا قىلغانلىقتىن «زيدٌ» دېگەن، «المستثنى» ئۇنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن رەفئى ئوقۇلدى .

ئىككىنچى جۈملىدىكى «رأيتُ» دېگەن ئامىل مەپئۇلنى تەقەززا قىلغانلىقتىن «زيدًا» دېگەن «المستثنى» ئۇنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن نەسبى ئوقۇلدى.

ئۈچىنچى جۈملىدىكى «ب» دېگەن ئامىل ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىمنىڭ مەجرۇر بولۇشىنى تەقەززا قىلغانلىقتىن «زيدٍ» دېگەن «المستثنى» ئۇنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن جەر ئوقۇلدى.

تۆتىنچى، «المستثنى» بولغان ئىسىم «غيرَ و سِوى و سِوَاء و حاشَا» قاتارلىقلاردىن كېيىن كەلسە كۆپىنچىلەرنىڭ قارىشىدا جەر ئوقۇلىدۇ . مەسىلەن : «جاءني القومُ غيرَ زيدٍ»؛ «جاءني القومُ سِوى زيدٍ»؛ «جاءني القومُ حاشَا زيدٍ».

تەنبىھ : «غيرِ» نىڭ ئىئرابى «الّا» بىلەن ئىستىسنا قىلىنغان «المستثني» نىڭ ئىئرابى بىلەن ئوخشاش .

مەسىلەن : «جاءني القومُ غيرَ زيدٍ و غيرَ حمارٍ»؛ «ما جاءني غيرَ زيدٍ القومُ »؛ «ما جاءني أحدٌ غيرُ زيدٍ و غيرَ زيدٍ»؛ «ما جاءني غيرُ زيدٍ »؛ «ما رأيتُ غيرَ زيدٍ »؛ «ما مَرَرْتُ بغيرِ زيدٍ ».

«المستثني» بولۇشلۇق جۈملىدە كەلگەندە «جاءني القومُ إلّا زيدًا» دەپ نەسبى ئوقۇلغىنىغا ئوخشاش «غيرَ» مۇ بولۇشلۇق جۈملىدە كەلگەندە نەسبى ئوقۇلدى . مەسىلەن : «جاءني القومُ غيرَ زيدٍ». قالغانلىرىنى مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

و اعلم أنَّ إعراب غيرِ كإعراب المستثني بالّا تقول جاءني القومُ غيرَ زيدٍ ، و غيرَ حمارٍ ، و ما جاءني غيرَ زيدٍ القومُ ، و ما جاءني أحدٌ غيرُ زيدٍ و غيرَ زيدٍ ، و ما جاءني غيرُ زيدٍ ، و ما رأيتُ غيرَ زيدٍ ، و ما مَرَرْتُ بغيرِ زيدٍ .

و اعلم أن لفظة غيرِ موضوعةٌ للصفة وقد تستعمل للاستثناء كما أن لفظة إلّا موضوعةٌ للاستثناء وقد تستعمل للصفة كما في قوله تعالى ﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا﴾الأنبياء٢٢ أي غير الله وكذالك قولك لا إله إلا الله.

فصل خبرُ كانَ وأخواتِها هو المسند بعد دخولها نحو كان زيد قائما وحكمه كحُكمِ خبرِ المبتدأِ إلا أنه يجوز تقديمُه على أسمائها مع كونه معرفة بخلاف خبرِ المبتدأ نحو كان القائمَ زيدٌ .

تەنبىھ : «غير» دېگەن سۆز سۈپەت ئۈچۈن تەيىنلەنگەن بولسىمۇ گاھىدا ئىستىسنا ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ قالىدۇ. بۇ خۇددى «إلا» دېگەن سۆز ئىستىسنا ئۈچۈن تەيىنلەنگەن بولسىمۇ گاھىدا ﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا﴾ دېگەن جۈملىدىكىگە ئوخشاش سۈپەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنىگە ئوخشاش بىر ئىشتۇر.

توققۇزىنچى پەسىل «خبرُ كانَ وأخواتها» («كانَ» تۈرىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ خەۋىرى) : ئۇلارنىڭ خەۋىرى ئاشۇلار كىرگەندىن كېيىن (جۈملە بولۇپ قوراشتۇرۇلۇپ ) «المسند» بولغان . مەسىلەن : «كان زيد قائما».

«كان» نىڭ خەۋىرىنىڭ «كان القائمَ زيد» دېگەن جۈملىدىكىگە ئوخشاش مۇبتەدانىڭ خەۋىرىنىڭ ئەكسىچە مەرىفە تۇرۇپمۇ ئىسىملىرىدىن ئىلگىرى كېلىشىنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بارلىق ھۆكۈملىرى مۇبتەدانىڭ خەۋىرىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.

يۇقىرىدىكى «كان القائمَ زيد» دېگەن جۈملىدە مۇبتەدانىڭ خەۋىرىنىڭ ئەكسىچە «كان» نىڭ خەۋىرى مەرىفە تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىسىدىن ئىلگىرى كەلدى دېيىشىمىز، بۇ مىسالدىكى «القائمَ» نىڭ جۈملىدىكى ئورنى «كان» نىڭ خەۋىرى بولغانلىقى، ئەمما بۇ جۈملە مۇبتەدا خەۋەرلىك جۈملە بولۇپ، «القائم زيد» شەكلىدە كەلگەن بولسا ھەر ئىككى ئىسىم مەرىفە بولغاندا باشتا كەلگىنىنىڭ مۇبتەدا بولىدىغانلىقى قائىدە بولغانلىقتىن «القائم» مۇبتەدا ھېسابلىنىپ ھەرگىزمۇ خەۋەر دېيىلمەيدىغانلىقىدىندۇر.

> فصل اسم إن وأخواتِها هو المسند إليه بعد دخولها نحو إنَّ زيدًا قائمٌ .
>
> فصل المنصوبُ بلا التي لنفي الجنس هو المسند إليه بعد دخولها يَليها نكرةً مضافةً نحو لا غلامَ رجلٍ في الدار أو مشابِهًا لها نحو لا عشرينَ دِرْهَمًا في الكيس فانْ كان بعد لا نكرةً مفردةً تُبنى على الفتح نحو لا رجلَ في الدار. و إن كان معرفةً أوْ نكرةً مفصولًا بينه و بين لا، كان مرفوعا و يجب تكرير لا مع اسمٍ آخرَ تقول لا زيدٌ في الدار و لا عمرو و لا فيها رجلٌ ولا امرأةٌ .

ئونىنچى پەسىل : «اسم إنَّ و أخواتِها »(« إنَّ » تۈردىكى قوشۇمچىلارنىڭ ئىسمىسى) : ئۇلارنىڭ ئىسمىسى ئاشۇ ھەرپلەر كىرگەندىن كېيىن (جۈملە بولۇپ قوراشتۇرۇلۇپ ) «المسند إليه» بولغان. مەسىلەن : «إنَّ زيدًا قائمٌ».

ئون بىرىنچى پەسىل : «المنصوبُ بلا التي لنفي الجنس»( تۈرنى نەفى قىلىدىغان «لا» نىڭ نەسبى ئوقۇلغۇچىسى) : ئۇ «لا غلامَ رجلٍ في الدار» دېگەنگە ئوخشاش مۇزاپ بولغان نەكرە (ئىسىم) ھالىتىدە ياكى «لا عشرينَ دِرْهَمًا في الكيس» دېگەنگە ئوخشاش مۇزاپقا ئوخشاپ قالغان نەكرە ئىسىم ھالىتىدە «لا» غا ئۇلىشىپلا كەلگەنلىكتىن نەسبى ئوقۇلىدۇ .

ئاۋۋالقى مىسالدىكى «غلامَ» دېگەن ئىسىم ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىمغا مۇزاپ بولغان ۋە ئۆزى ئايرىم تۇرغاندا نەكرە ھېسابلىنىدىغان ھالەتتە «لا» غا ئۇلىشىپلا كەلگەنلىكتىن نەسبى ئوقۇلدى .

ئىككىنچى مىسالدىكى «عشرينَ» دېگەن مۇزاپقا ئوخشاپ قالغان نەكرە ئىسىم «لا» غا ئۇلىشىپلا كەلگەنلىكتىن نەسبى ئوقۇلىدۇ.

ئەگەر، «لا» دىن كېيىنكى ئىسىم مۇفرەتلىك ھالەتتىكى نەكرە ئىسىم بولسا ئۇ فەتھەگە مەبنى بولىدۇ . مەسىلەن : «لا رجلَ في الدار» . ئەگەر، مەرىفە ئىسىم بولسا ياكى نەكرە بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن «لا» نىڭ ئوتتۇرىسى (باشقاكەلىمە بىلەن) ئايرىۋېتىلگەن بولسا ئۇ ئىسىم رەفئىلىك ئوقۇلىدۇ. ئەگەر، (ئۇنىڭغا يەنە بىر ئىسىمنى ئەتفە قىلىشقا توغرا كەلسە) «لا» نى شۇ ئىسىم بىلەن (يەنە بىر قېتىم) تەكرارلاش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : «لا زيد في الدار و لا عمرو»؛ «لا فيها رجلٌ ولا امرأةٌ».

ئاۋۋالقى مىسال «لا» دىن كېيىنكى ئىسىمنىڭ مەرىفە بولغان ھالىتىنىڭ، ئىككىنچىسى نەكرە بولۇپ، ئوتتۇرىسى ئايرىلىپ كەتكەن ھالىتىنىڭ مىسالىدۇر.

«لا حول و لا قوة إلا بالله» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەردە تۆۋەندىكىدەك بەش خىل ئوقۇش دۇرۇس .

بىرىنچى، «لا حولَ و لا قوةَ إلا بالله»، («حولَ» جىنسىنى نەفى قىلىدىغان «لا» نىڭ ئىسمى «قوةَ» مەئتۇپ «حولَ» مەئتۇپۇن ئەلەي) .

ئىككىنچى، «لا حولٌ و لا قوةٌ إلا بالله»، («أ بغيرالله حولٌ و قوةٌ» دەپ سورىغان كىشىنىڭ سوئالى بىلەن لەبزى جەھەتتە بىردەك بولۇشى ئۈچۈن «حولٌ» نى مۇبتەدا دەپ قاراپ ۋە «قوةٌ» نى شۇنىڭغا ئەتفە قىلىپ) .

ئۈچىنچى، «لا حولَ و لا قوةً إلا بالله»، («حولَ» جىنسىنى نەفى قىلىدىغان «لا» نىڭ ئىسمىسى ۋە «قوةً» نىڭ ئالدىدىكى «لا» نەفىنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن «لا» بولۇپ «قوةً» بولسا «حولَ» گە ئەتفە قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ فەتھەسى نەسبگە ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن «حولَ» نىڭ لەۋزىگە ئوخشىتىپلا نەسبى ئوقۇيمىز) .

تۆتىنچى، «لا حولَ و لا قوةٌ إلا بالله»، (ئاۋۋالقىسى جىنسىنى نەفى قىلىدىغان «لا» نىڭ ئىسمىسى بولۇشقا ئىككىنچىسى «حولَ» نىڭ ئەسلىدىكى مۇبتەدالىق سالاھىيىتىگە ئەتفە بولغانلىقىغا بىنائەن) .

> و يجوز في مثل لا حول و لا قوة إلا بالله خمسةُ أوجه فتحُهما، و رفعهما، و فتحُ الأولِ و نصبُ الثاني، و فتحُ الأولِ و رفعُ الثاني ، و رفعُ الأولِ و فتحُ الثاني . و قد يحذف اسمُ لا لقرينة نحو لاعَلَيْكَ أي لا بَأسَ عليك .

بەشىنچى، «لا حولٌ و لا قوةَ إلا بالله»، (ئاۋۋالقى «ليس» گە ئوخشىغان «لا» نىڭ ئىسمىسى، ئىككىنچىسى جىنسىنى نەفى قىلىدىغان «لا» نىڭ ئىسمىسى بولۇشقا ئاساسەن) .

قەرىنە بولغانلىق سەۋەبىدىن گاھىدا جىنسىنى نەفى قىلىدىغان «لا» نىڭ ئىسمىسى ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن : «لا عَلَيْكَ» دېگەنگە ئوخشاش . بۇنىڭ ئەسلىيسى «لا بَأسَ عليك» ئىدى.

ئون ئىككىنچى پەسىل «خبرُ ما و لا المشبهتين بليسَ»(«لَيسَ» تىپىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ خەۋىرى) : ئۇ «ما و لا» كىرگەندىن كېيىن (جۈملە بولۇپ قۇراشتۇرۇلۇپ) «المسند» بولغان كەلىمىدۇر. مەسىلەن : «ما زيدٌ قائما ولا رجلٌ حاضرا»٠

فصل خبرُ ما و لا المشبهتين بليسَ هو المسند بعد دخولهما نحو ما زيدٌ قائما ولا رجلٌ حاضرا .

و إن وقع الخبر بعد إلا نحو ما زيدٌ إلا قائمٌ أو تقدم الخبرُ على الاسم نحو ما قائمٌ زيدٌ أو زِيْدَتْ إن بعدَ ما نحو ما إن زيد قائمٌ بَطَلَ العملُ كما رأيتَ في الأمثلةِ وهذا لغةُ أهلِ الحجازِ ، أما بَنُو تَمِيْمٍ فلا يعملونهما أَصْلًا . قال الشاعرُ عن لسان بني تميم . شعر: و مُهَفْهَفٍ كَالْغُصْنِ قُلْتُ لَهُ إِنْتَسِبْ ، فَأَجَابَ ما قَتْلُ الْمُحِبِّ حَرَامٌ . برفع حرامٍ .

ئەگەر، ئۇ خەۋەر «ما زيدٌ إلا قائمٌ» دېگەنگە ئوخشاش «إلا» دىن كېيىن كەلسە ياكى «ما قائمٌ زيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئىسمىسىدىن بۇرۇن كەلسە ۋە ياكى «ما إن زيد قائمٌ» دېگەنگە ئوخشاش «ما» دىن كېيىن « إن » زىيادە بولۇپ كەلسە مۇشۇ مىساللاردا كۆرگىنىڭىزدەك («ما» نىڭ) ئامىل بولۇشى بىكار بولۇپ كېتىدۇ .

«ما و لا» نىڭ ئامىل بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئىش ھىجازلىقلارنىڭ شىۋىسىدۇر. ئەمما، «بَنُو تَمِيْمٍ» قەبىلىسى ئۇلارغا ئەمەل بەرمەيدۇ. مەسىلەن : «ومُهَفْهَفٍ كَالْغُصْنِ قُلْتُ لَهُ إِنْتَسِبْ ، فَأَجَابَ ما قَتْلُ الْمُحِبِّ حَرَامٌ» (تال چىۋىقتەك غۇنچە بوي بىرىگە ئىلتىپات قىلىپ قويۇڭ دېۋىدىم، ئاشىقنىڭ ئىشقتا ئۆلۈشى ھارام ئەمەس، دەپ جاۋاب بەردى) .

بۇ مىسالدىكى «ما» غا ئەمەل بېرىلمىگەنلىكتىن «حَرَامٌ» رەفئى ئوقۇلغان .

جەر ئوقۇلغۇچى ئىسىملار پەقەت «المضاف إليه» (ئېنىقلىغۇچى) لا بولۇپ، ئۇ ئاشكارا ياكى تەقدىرى ھالەتتىكى جەر ھەرپىنىڭ ياردىمىدە مەلۇم بىر نەرسە ئۈنىڭغا ئالاقىدار قىلىنغان ئىسىمدۇر. مەسىلەن: «مررتُ بزيدٍ».

المقصد الثالث في المجرورات

الأسماء المجرورة هي المضاف إليه فقط وهو كلُ اسم نُسِبَ إليه شَيٌ بواسطةِ حرفِ الجرِ لفظا أو تقديرًا نحو مررتُ بزيدٍ ويعبّر عن هذا التركيب في الاصطلاح بأنه جارٌ ومجرورٌ نحو غلامُ زيدٍ ، تقديره غلامٌ لزيدٍ ويعبر عنه في الاصطلاح بأنه مضافٌ و مضافٌ إليه .

و يجب تجريدُ المضافِ عن التنوين أو ما يقوم مقامه و هو نونُ التثنيةِ والجمعِ نحو جاءني غلامُ زيدٍ، و غلامَا زيدٍ ، و مسلمُو مصرٍ .

بۇنىداق (جەر ھەرپى ئاشكارا كەلگەن) بىرىكمە ئىستىلادا «جارٌ ومجرورٌ» دەپ ئاتىلىدۇ. (جەر ھەرپى تەقدىرەن كەلگەننىڭ مىسالى) «غلامُ زيدٍ» بۇنىڭ ئەسلىيسى «غلامٌ لزيدٍ» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىداق (جەر ھەرپى تەقدىرەن بار ھېسابلانغان) بىرىكمە ئىستىلادا «مضافٌ و مضافٌ إليه» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاۋۋالقى مىسالدا مۇتەكەللىمنىڭ ئۆتۈشىدىن ئىبارەت ئىش «زيدٍ» گە ئالاقىدار قىلىنغان.

ئىككىنچى مىسالدا بولسا «غلامُ» دېگەن ئىسىم «زيدٍ» گە ئالاقىدار قىلىندى.

المضاف (ئېنىقلانغۇچى) بولغان ئىسىمنىڭ تەنۋىندىن ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان تەسنى ۋە جەمئىيلەرنىڭ «نِ» نىدىن خالىي بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن: «جاءني غلامُ زيدٍ»؛ «غلامَا زيدٍ»؛ «مسلمُو مصرٍ» .

تەنبىھ : ئىزاپەت لەۋزى ۋە مەنىۋىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئەمما، مەنىۋى ئىزاپەتكە كەلسەك ئۇ ئۆزىنىڭ مەئمۇلىغا مۇزاف بولغان (ھالەتتىكى) سۈپەتتىن باشقا (نەرسە) مۇزاف قىلىنغان ئىزاپەتتۇر. مەسىلەن : «غلامُ زيدٍ»؛ «كريمُ البلد» .

بىرىنچى مىسالدىكى «غلامُ» دېگەن ئىسمنىڭ سۈپەت خاراكتېرى بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭ مەئمۇلىمۇ بولمايدۇ.

شۇڭا، بۇ بىرىكمىدىكى مۇزاپ بولۇپ كەلگەن «غلامُ» ئۆزىنىڭ مەئمۇلىغا مۇزاپ بولغان سۈپەت ھېسابلانمايدۇ. ئىككىنچى مىسالدىكى «كريمُ» دېگەن ئىسىم گەرچە سۈپەت خاراكتېرلىك ئىسىم بولسىمۇ ئۇ مىسالنىڭ ئەسلىيسى «كَرِيْمُ مَنْ في البلدِ» بولغانلىقتىن ئۇمۇ ئۆزىنىڭ مەئمۇلى بولغان «مَنْ» گە مۇزاپ بولماي ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان «البلدِ» گە مۇزاپ بولۇپ كەلگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىزاپەتمۇ مەنىۋى ئىزاپەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئىزاپەت ياكى «غلامُ زيدٍ» دېگەنگە ئوخشاش «ل» نىڭ

و اعلم أن الإضافة على قسمينِ معنوية ولفظية.

أما المعنوية فهي أن يكون المضافُ غيرَ صفةٍ مضافةٍ إلى معمولها . و

هى إما بمعني اللام نحو غلامُ زيدٍ ، أو بمعنى مِنْ نحو خَاتَمُ فضّةٍ ،أو

بمعنى في نحو صلوةُ الليلِ . وفائدة هذه الإضافة تعريفُ المضافِ إنْ

أُضيف إلى معرفة كما مَرَّ أو تخصيصه إن أُضيف إلى نكرة كغلامِ

رجلٍ .

مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ ياكى «خَاتَمُ فضّةٍ» دېگەنگە ئوخشاش «مِنْ» نىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ ۋە ياكى «صلوةُ الليلِ» دېگەنگە ئوخشاش «في» نىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

بۇ خىل ئىزاپەتنىڭ پۇقىرىقىدەك (مۇزاپ بولغان ئىسىم) مەرىفىگە مۇزاپ قىلىنسا مۇزاپنى مەرىفە قىلىشقا پايدىسى بار.

ئەگەر، «غلامِ رجلٍ» دېگەنگە ئوخشاش نەكىرىگە مۇزاپ قىلىنسا مۇزاپنى خاسلاشتۇرۇشقا پايدىسى بار.

ئەمما، لەبزى ئىزاپەتكە كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ مەئمۇلىغا مۇزاپ بولغان ھالەتتىكى سۈپەت مۇزاپ قىلىنغان ئىزاپەتتۇر.

بۇ خىل ئىزاپەت ئىزاپەتتىن ئۈزۈلۈپ شۇبھى پېئىل دەپ قارىلىدىغان سۈپەت خاراكتېرلىك ئىسىملار ئۆزىنىڭ مەئمۇلىدا ئەمەل قىلغان ھۆكۈمدە بولىدۇ. مەسىلەن : «ضَارِبُ زيدٍ»(زەيدنى ئۇرغۇچى). «حَسَنُ الوجهِ»(يۈزى چىرايلىق بولغۇچى).

ئاۋۋالقى مىسالىمىز گەرچە لەبزى جەھەتتىن ئىزاپەتلىك بىرىكمە بولسىمۇ، مەنە جەھەتتىن ئىزاپەتتىن ئۈزۈلۈپ «ضَارِبٌ» دېگەن سۈپەت ئۆز ئەمەلىنى قىلىپ «زيد» دېگەن ئىسىمنى ئۆزىنىڭ مەپئۇلى قىلغان ھالدىكى «عمرٌو ضَارِبٌ زيدًا» دېگەن جۈملىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

ئىككىنچى مىسالىمىزمۇ شۇنىڭدەك «حَسَنُ الوجهُ» دېگەن جۈملىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ . بۇ خىل ئىزاپەتنىڭ يۇقىرىقىدەك تەلەپپۇز قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇشلا پايدىسى بار.

تەنبىھ : ئەگەر سەھىھ ئىسىملارنى ياكى سەھىھنىڭ ئورنىدا يۈرۈشىدىغان ئىسىملارنى مۇتەكەللىمنىڭ «ي» سىغا مۇزاپ قىلسىڭىز ئۇنىڭ ئاخىرىنى كەسرەلىك ، «ي» نى بولسا ساكىنلىق ياكى فەتھەلىك قىلىسىز. مەسىلەن : «غلامِيْ»؛ «دَلْوِيْ»؛ «ظَبِيْ».

ئەگەر، (مۇزاپ قىلىنغان) ئىسىمنىڭ ئاخىرقى ھەرپى «ا» بولسا (ئۇنى ئۆز پېتى) قويىسىز. مەسىلەن : «عصايَ».

ئەگەر، ئۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرقى ھەرپى ئالدى كەسرەلىك «ى» بولسا ئۇ «ى» نى مۇتەكەللىمنىڭ «ى» سىغا ئىدغام قىلىسىز ۋە ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسىنىڭ بىر يەردە جۇغلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىككىنچى «ى» نى فەتھەلىك قىلىسىز . مەسىلەن : «قاضِيْ» دېگەن ئىسىمغا مۇتەكەللىمنىڭ «ى» سىنى ئىزاپەت قىلغىنىڭىزدا «قاضِيَّ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش.

> وأما اللفظية فهي أن يكون المضافُ صفةً مضافةً إلى معملها وهى في تقدير الانفصال نحو ضَارِبُ زيدٍ ، و حَسَنُ الوجهِ . و فائدتها تخفيف في اللفظ فقط .
>
> و اعلم أنك إذا أضفتَ الاسمَ الصحيحَ أو الجاري مجري الصحيحِ إلى ياءِ المتكلمِ كَسَرْتَ آخرَهُ و أسكنتَ الياءَ أو فتحتَها كغلامِيْ ، و دَلْوِيْ ، و ظَبِيْ . و إن كان آخرُ الاسمِ ألِفًا تثبتُ كعصايَ و رحايَ . و إن كان آخرُ الاسمِ ياءً مكسورًا ما قبلها أدْغَمْتَ الياءَ في الياءِ وفتحتَ الياءَ الثانيةَ لئلا يلتقي الساكنان تقول في قاضِيْ ، قاضِيَّ .

ئەگەر، ئۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرقى ھەرپى ئالدى زەممەلىك بولغان «وْ» بولسا ئۇنى «يَ» غا يۆتكەيسىز ۋە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئىككى «يَ» نى ئىدغام قىلىپ ئىككىنچىسىنى فەتھەلىك قىلىسىز. مەسىلەن : «جاءني مسلمِيَّ»، بۇنىڭ ئەسلىيسى «جاءني مسلمُوْيَ» ئىدى.

و إن كان آخرُه واوًا مضمومًا ما قبلها قَلَبْتَها ياءً و عملتَ كما عملتَ الآنَ تقول جاءني مسلمِيَّ .

و في الأسماء الستة مضافةً إلى ياءِ المتكلمِ تقول أخِيْ و أبِيْ و حَمِيْ و هَنِيْ و فِيْ عندَ الأكثر و فَمِيْ عندَ قومٍ ، و ذو لا يضاف إلى مضمر أصلا وقولُ القائلِ . شعر: إنما يَعرف ذا الفضلِ من الناس ذَوُوْهُ ، شاذٌ . وإذا قطعتَ هذه الأسماءَ عن الإضافة قلتَ أخٌ و أبٌ و حَمٌ و هَنٌ و فَمٌ و ذو لا يُقطع عن الإضافة ألبتةَ .

هذا كلهُ بتقديرِ حرفِ الجرِ أمَّا ما يذكر فيه حرفُ الجر لفظا فسيأتيكَ في القسم الثالث إن شاءَ الله تعالى.

مۇتەكەللىمنىڭ «يْ» سىغا مۇزاپ بولغان ھالەتتىكى ئالتە ئىسىمدا «أخِيْ و أبِيْ و حَمِيْ و هَنِيْ» دەيسىز ، «فُوْ» نى كۆپىنچىلەرنىڭ قارىشىدا «فِيْ» دەيسىز، (ئەمما بەزىلەر «فَمِيْ» دېيىلىدۇ دەپ قارايدۇ) .

«ذو» بولسا زىمىرغا مۇزاپ بولمايدۇ، ئەمما «إنما يَعرف ذا الفضلِ من الناس ذُوُوْهُ» شېئىردىكىدەك «ذُوُوْهُ» دېيىلىشى كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال بولغانلىقتىن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر، بۇ ئىسىملارنى ئىزاپەتتىن ئۈزسىڭىز «أخٌ و أبٌ و حَمٌ و هَنٌ و فَمٌ» دەيسىز. «ذو» بولسا ئىزاپەتتىن ئۈزۈلمەيدۇ .

لەۋزى ۋە مەنىۋى ئىزاپەتتىن ئىبارەت يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى جەر ھەرپىنى تەقدىر قىلىش بىلەن (مەجرۇر) بولغان بولۇپ، ئاشكارا كېلىدىغىنى بىلەن «الله» خالىسا ئۈچىنچى قىسىمدا ئۇچرىشىسىز.

تەنبىھ : لەبزى ئىزاپەتتە تەقدىر قىلىنغان جەر ھەرپلىرىنىڭ ئامىللىق رولى بولسىمۇ مەنىسى بولمايدۇ، ئەمما مەنىۋى ئىزاپەتتە تەقدىر قىلىنغان جەر ھەرپلىرىنىڭ ئامىللىق رولىمۇ ۋە مەنىسىمۇ بولىدۇ .

تەنبىھ : مەرفۇئات ، مەنسۇبات ۋە مەجرۇرات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت يۇقىرىدا ئۆتكەن مۇئرەب ئىسىملارنىڭ ئېئرابى ئۇلارغا ئامىللارنىڭ بىۋاستە كىرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئەسلىلىك بىلەن بولغان بولسىمۇ، گاھىدا ئىسىملارنىڭ ئېئرابى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىسىمغا (ئېئرابتا) ئەگىشىش بىلەنمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئىسىملار ئېئرابتا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىسىمغا ئەگەشكەنلىكتىن «تابع» (ئەگەشكۈچى) دەپ ئاتىلىدۇ.

تابى دېگىنىمىز، مەلۇم بىر كەلىمىدىن كېيىن كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئېئراب بېرىلىدىغان كەلىمىدۇر. مەسىلەن : «جاءنى زيدٌ العاقلُ».

الخاتمة في التوابع

و اعلم أنَّ التي مرتْ من الأسماء المعربةِ كان إعرابُها بالإصالة بأنْ دخلتْها العواملُ من المرفوعات و المنصوبات و المجرورات . فقد يكون إعراب الاسم بِتَبَعِيَّةِ ما قبله و يسمي التابع لأنه يتبع ما قبله في الإعراب . و هو كلُ ثانٍ معربٌ بأعراب سابقهِ من جهةٍ واحدةٍ . و التوابعُ خمسةُ أقسامٍ النعتُ ، و العطفُ بالحروف ، و التأكيدُ ، و البدلُ وعطفُ البيانِ .

تاۋابىلار بەش تۈرلۈك بولۇپ ئۇلار «النعتُ ، و العطفُ بالحروف ، و التأكيدُ ، و البدلُ وعطفُ البيانِ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

بىرىنچى پەسىل «النعت»(سۈپەت) : سۈپەت دېگىنىمىز، «جاءني رجلٌ عالِمٌ» دېگەن جۈملىدىكى «عالِمٌ» غا ئوخشاش ئۆزىنىڭ مەتبۇسىدىكى سۈپەتنى ياكى «جاءني رجلٌ عالِمٌ أبوهُ» دېگەن جۈملىدىكى «عالِمٌ» غا ئوخشاش ئۆزىنىڭ مەتبۇسىغا ئالاقىدار نەرسىدىكى سۈپەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تابىدۇر.

فصل النعت تابع يدل على معنى في متبوعه نحو جاءني رجلٌ عالِمٌ ، أو في متعلق متبوعه نحو جاءني رجلٌ عالِمٌ أبوهُ و يُسمى صفةً أيضا . والقسم الأول يتبع متبوعه في عشرة أشياءَ في الإعراب و التعريف و التنكير و الإفراد و التثنية و الجمع و التذكير و التأنيثِ نحو جاءني رجلٌ عالِمٌ و رجلان عالمان و رجال عالمون ، و زيد العالِمُ و امرأةٌ عالِمَةٌ . و القسمُ الثاني إنما يتبع متبوعه في الخمسة الأول فقط أعْنِى الإعرابَ والتعريف و التنكيرَ كقوله تعالى ﴿مِنْ هـذِهِ الْقَرْيَةِ الظَّالِمِ أَهْلُهَا ﴾النساء٧٥ .

بىرىنچى مىسالدىكى «عالِمٌ» دېگەن سۈپەت ئۆزىنىڭ مەۋسۇپى بولغان «رجلٌ» نىڭ سۈپىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن .

ئىككىنچى مىسالدىكى «عالِمٌ» دېگەن سۈپەت ئۆزىنىڭ مەۋسۇپى بولغان «رجلٌ» گە ئالاقىدار بولغان «أبو» نىڭ سۈپىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا «رجلٌ» نىڭ سۈپىتى ھېسابلىنىدۇ .

بىرىنچى تۈردىكى سۈپەت ئۆزىنىڭ مەۋسۇپىغا تۆۋەندىكىدەك ئون جەھەتتە ئەگىشىدۇ . «الإعراب و التعريف و التنكير و الإفراد و التثنية و الجمع و التذكير و التأنيثِ» مەسىلەن: «جاءني رجلٌ عالِمٌ»؛ «جاءني رجلان عالمان»؛ «جاءني رجال عالمون»؛ «جاءني زيد العالِمُ»؛ «جاءني امرأةٌ عالِمَةٌ».

ئىككىنچى تۈردىكىلەر بولسا پەقەت (ئېئراب، مەرىفە ۋە نەكىرىلىكتىن ئىبارەت) ئاۋۋالقى بەشىدىلا ئەگىشىدۇ. مەسىلەن : ﴿مِنْ هـذِهِ الْقَرْيَةِ الظَّالِمِ أَهْلُهَا ﴾. بۇ مىسالدىكى « الظَّالِمِ » دېگەن سۈپەت ئۆزىنىڭ «الْقَرْيَةِ» دېگەن مەۋسۇپىغا ئېئراب ۋە مەرىفىلىكتىلا ئەگەشتى.

سۈپەتنىڭ پايدىلىرى، «جاءني رجلٌ عالِمٌ» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەت ۋە مەۋسۇپتىن ئىبارەت ھەر ئىككىلىسى نەكرە بولسا مەۋسۇپنى خاسلاشتۇرۇش، ئەگەر «جاءني زيدٌ الفاضلُ» دېگەنگە ئوخشاش ھەر ئىككىلىسى مەرىفە بولۇپ قالسا مەۋسۇپنى (تېخىمۇ) روشەنلەشتۈرۈش قاتارلىقلاردۇر .

گاھىدا پەقەت مەۋسۇپنى ماختاش ئۈچۈنلا كېلىدۇ. مەسىلەن : ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيْمِ﴾، بۇ مىسالدىكى مەۋسۇپ بولغان «الله» ئەڭ روشەن ۋە ھەممىگە تونۇشلۇق زات بولغانلىقتىن «الرَّحْمنِ الرَّحِيْمِ» دېگەن سۈپەتلەر پەقەت

| |
|---|
| و فائدةُ النعتِ تخصيصُ المنعوتِ إن كانا نكرتينِ نحو جاءني رجلٌ عالِمٌ ، و توضيحهُ إن كانا معرفتينِ نحو جاءني زيدٌ الفاضلُ ، و قد يكون لمجردِ الثناءِ و المدحِ نحو ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيْمِ﴾ و قد يكون للذمِ نحو أعوذ باللهِ من الشيطانِ الرجيمِ و قد يكون للتأكيدِ نحو نفخةٌ واحِدةٌ . |
| و اعلم أن النكرة توصف بالجملة الخبرية نحو مررتُ برجلٍ أبوه عالِمٌ أو قام أبوه . و المضمرُ لا يوصف ولا يوصف به . |

مەۋسۇپنى ماختاش ئۈچۈنلا كەلتۈرۈلگەن ھېسابلىنىدۇ.

گاھىدا مەۋسۇپنى ئەيىپلەش ئۈچۈنمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن : «أعوذ باللهِ من الشيطانِ الرجيمِ».

بۇ مىسالدىكى «الشيطانِ» دېگەن مەۋسۇپنىڭ قوغلاندى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم بولغانلىقتىن «الرجيمِ» دېگەن سۈپەت پەقەت مەۋسۇپنى ئەيىبلەش ئۈچۈنلا كەلگەن ھېسابلىنىدۇ.

گاھىدا مەۋسۇپنى تەكىتلەش ئۈچۈنمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن : «نَفْخَةٌ وَاحِدَةٌ» .

بۇ مىسالدىكى «نَفْخَةٌ» دېگەن مەۋسۇپتىكى «ةٌ» بىرلىكنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن «وَاحِدَةٌ» ئۇنى تەكىتلەش ئۈچۈنلا كەلگەن ھېسابلىنىدۇ.

تەنبىھ : نەكرە ئىسىملار «جۈملە خەۋەرى» بىلەنمۇ سۈپەتلىنىدۇ. مەسىلەن : «مررتُ برجلٍ أبوه عالِمٌ أو قام أبوه».

بۇ جۈملىدىكى «رجلٍ» دېگەن نەكرە ئىسىم ئۆزىدىن كېيىنكى «أبوه عالِمٌ» دېگەن جۈملە بىلەن ياكى «قام أبوه» دېگەن جۈملە بىلەن سۈپەتلەندى.

زىمىر مەۋسۇپمۇ بولمايدۇ ۋە سۈپەتمۇ بولمايدۇ .

ئىككىنچى پەسىل «العطف بالحروف» (تەڭداش بۆلەك ) : بۇ مەتبۇسىغا تەۋە قىلىنغان نەرسە (هۆكۈم) ئۇنىڭغىمۇ تەۋە قىلىنغان ئەگەشكۈچىدۇر.

ئاشۇ هۆكۈمدە (تابى ۋە مەتبۇدىن ئىبارەت) هەر ئىككىلىسى مەقسەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «جاءنى زيدٌ و عمرٌو»؛ «جاءنى زيدٌ بَلْ عمرٌو»؛ «جاءنى زيدٌ لا عمرٌو».

بىرىنچى مىسالدا «زيدٌ» دېگەن مەتبۇغا تەۋە قىلىنغان «كېلىش» دېگەن هۆكۈم تابى بولغان «عمرٌو» غىمۇ تەۋە قىلىندى . ۋە بۇ هۆكۈمنى تەۋە قىلىشتا هەر ئىككىلىسى مەقسەت قىلىندى. شۇڭا، «كېلىش» دېگەن ئىشنى «زيدٌ» ۋە «عمرٌو» دىن ئىبارەت هەر ئىككىلىسى قىلغان هېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ ئىشنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا قىلغان بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ . مانا بۇ «وَ» بىلەن قىلىنغان مەئتۇپنىڭ «المفعول معه» بىلەن بولغان تۈپ پەرقىدۇر. چۈنكى، «المفعول معه» دە ئىشنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا قىلىنىشى شەرت قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى مىسالدا مۇتەكەللىم دەسلىپىدە «كېلىش» دېگەن هۆكۈمنى مەتبۇ بولغان «زيدٌ» گە تەۋە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆز قارىشى ئۆزگىرىپ ئۇنى تابى بولغان «عمرٌو» غا تەۋە قىلدى. شۇڭا، بۇ هۆكۈمنى تەۋە قىلىشتا ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ مەئتۇپ ۋە مەئتۇپۇن ئەلەيدىن ئىبارەت هەر ئىككىلىسى مەقسەت قىلىنغان هېسابلىنىدۇ . مانا بۇ «بَل» بىلەن قىلىنغان مەئتۇپ بىلەن «بدل الغلط» نىڭ تۈپ پەرقىدۇر. چۈنكى، «بدل الغلط» دە هۆكۈمنى مەتبۇغا تەۋە قىلىش مەقسەت قىلىنمايدۇ، بەلكى خاتا هالدا تەۋە قىلىنىپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى مىسالدا «زيدٌ» دېگەن مەتبۇغا تەۋە قىلىنغان «كېلىش» دېگەن هۆكۈمنىڭ مەنپىيسى بولغان «كەلمەسلىك» دېگەن هۆكۈم «عمرٌو» دېگەن تابىغا تەۋە قىلىندى دەيمىز . چۈنكى، بىزنىڭ بۇ يەردىكى «هۆكۈمنى تەۋە قىلىش» دېگەن سۆزىمىز هۆكۈمنىڭ مۇسبەت ياكى مەنپىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىپتىلغان سۆزدۇر. يۇقىرىقىدەك ئەتپلەر «عطفُ النسقِ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ (بارلىققا كېلىشىنىڭ) شەرتى مەئتۇپ بىلەن مەئتۇپۇن ئەلەينىڭ ئوتتۇرىدا ئەتپى هەرپلىرىدىن بىرىنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈر بولۇشىدۇر. مەسىلەن : «قام زيدٌ و عمرٌو».

مۇتتەسىل بولغان مەرفۇ زىمىرغا (مەلۇم بىر ئىسىم) ئەتفە قىلىنسا ئۇنى مۇنپەسىل زىمىر بىلەن تەكىتلەش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : «ضربتُ أنا و زيدٌ» . ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن مەئتۇپىنىڭ ئوتتۇرىسى مەلۇم بىر كەلىمە ئارقىلىق ئايرىۋېتىلسە ئۇنى تەكىتلەش زۆرۈر بولمايدۇ . مەسىلەن :«ضَرَبْتُ اليومَ و زيدٌ» .

(ئەگەر مەلۇم بىر ئىسىم) مەجرۇر بولغان زىمىرغا ئەتفە قىلىنسا جەر هەرپىنى تەكرارلاش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن: «مررتُ بك وبزيدٍ».

فصل العطف بالحروف تابعٌ يُنْسَبُ إليه ما نُسِبَ إلى متبوعه و كلاهما مقصودانِ بتلك النسبة و يُسمى عطفَ النسقِ و شرطُه أن يكون بَينه و بين متبوعه أحدُ حروفِ العطفِ وسيأتي ذكرها في القسم الثالث إن شاء الله تعالى نحو قام زيدٌ و عمرٌو و إذا عُطفَ على الضميرِ المرفوعِ المتصلِ يَجِبُ تأكِيْدُهُ بِالْضَمِيْرِ المُنفصلِ نحو ضربتُ أنا و زيدٌ إلا إذا فُصِّلَ نحو ضَرَبْتُ اليومَ و زيدٌ و إذا عُطفَ على الضمير المجرورِ يجب إعادةُ حرفِ الجرِ نحو مررتُ بك وبزيدٍ .

تەنبىھ : مەئتۇپ مەئتۇپۇن ئەلەيھنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، يەنى ئاۋۋالقىسى مەلۇم بىر نەرسىنىڭ سۈپىتى بولسا ئىككىنچىسىمۇ شۇ نەرسىنىڭ سۈپىتى بولىدۇ، ئەگەر ئاۋۋالقىسى مەلۇم بىر نەرسىنىڭ خەۋىرى بولسا ئىككىنچىسىمۇ شۇ نەرسىنىڭ خەۋىرى بولىدۇ ، ئەگەر ئاۋۋالقىسى مەلۇم بىر ( مەۋسۇلنىڭ ) سىلىسى بولسا ئىككىنچىسىمۇ شۇنىڭ سىلىسى بولىدۇ ۋە ئەگەر ئاۋۋالقىسى ھال بولسا ئىككىنچىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ھال بولىدۇ . مەسىلەن ؛ « جاءني زيدٌ العاقلُ »؛ « زيدٌ عاقلٌ و شاعرٌ »؛ « قَامَ الذي صَلّي وَ صَامَ »؛ « قَعَدَ زيدٌ مَشْدُودًا وَمَضْرُوبًا ».

ئەتپىدىكى ئاساسلىق ئۆلچەم مەئتۇپىنى مەئتۇپۇن ئەلەيھنىڭ ئورنىغا قويۇش دۇرۇس بولغان ئورۇندا ئەتفە قىلىش دۇرۇس بولۇش، ئۇنداق بولمىسا دۇرۇس بولماسلىقتۇر. مەسىلەن : « جاءنى زيدٌ و عمرٌو ».

و اعلم أنَّ المعطوف في حكم المعطوفِ عليه أعْنى إذا كان الأولُ صفةً لشيئ أو خبرًا لأمْرٍ، أوْ صِلَةً ، أوْ حالًا فالثاني كذالك أيضًا .

والضابطة فيه انه حيث يجوز أن يقام المعطوفُ مقام المعطوفِ عليه جازَ العطفُ و حيث لا فلا .

و العطف على معمولَيْ عاملينِ مختلفينِ جائزٌ إنْ كان المعطوف عليه مجرورا مقدما والمعطوفُ كذالك نحو في الدارِ زيد والحجرةِ عمرٌ. و في هذه المسئلة مذهبانِ آخرانِ و هما أن يجوز مطلقًا عند الفراءِ و لا يجوز مطلقا عندَ سيبويه.

بۇ جۈملىدىكى « عمرٌو » دېگەن مەئتۇپىنى « زيدٌ » دېگەن مەئتۇپۇن ئەلەيھنىڭ ئورنىغا قويۇپ « جاءنى عمرٌو و زيدٌ » دېيىش دۇرۇس بولغانلىقتىن بۇ يەردىكى ئەتپىمۇ دۇرۇس بولدى. ئەگەر دۇرۇس بولمىغان بولسا ئەتپىمۇ دۇرۇس بولمايتتى .

ئەگەر، مەئتۇپۇن ئەلەيھنىڭ مەجرۇر بولغان قىسمى ئىلگىرى كەلسە، شۇنداقلا مەئتۇپىنىڭمۇ مەجرۇر بولغان قىسمى ئىلگىرى كەلسە، ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئامىلنىڭ ئىككى مەئمۇلىغا (ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئامىلنىڭ ئىككى مەئمۇلىنى ) ئەتفە قىلىش دۇرۇس . مەسىلەن: « في الدارِ زيد و الحجرةِ عمرٌ »، بۇ مىسالدىكى « في الدار زيد » دېگەن مەئتۇپۇن ئەلەيھنىڭ « في الدار » دىن ئىبارەت مەجرۇر بولغان قىسمى ئىلگىرى كەلدى ۋە « الحجرةِ عمرٌ » دېگەن مەئتۇپىنىڭمۇ « الحجرةِ » دىن ئىبارەت مەجرۇر بولغان قىسمى ئىلگىرى كەلدى. شۇڭا تەقدىر قىلىنىدىغان « في » ۋە ئىپتىدالىقتىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئامىلنىڭ « الحجرةِ » ۋە « عمرٌ » دىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان ئىككى مەئمۇلىنى « وَ » دىن ئىلگىرىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئامىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى مەئمۇلىغا ئەتفە قىلىدۇق . بۇ مەسىلىدە يۇقىرىقىغا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قاراش بار بولۇپ، « الفراءِ » دېگەن ئالىم مەجرۇر بولغان قىسمى ئىلگىرى بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ئەتفە قىلىش دۇرۇس دەپ قارايدۇ. ئەمما، « سيبويه » دېگەن ئالىم مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەتفە قىلىش دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايدۇ.

ئونىنچى پەسىل «التّأكِيد»(تەكىت) : تەكىت دېگىنىمىز، مەتبۇغا مەنسۇپ قىلىنغان ھۆكۈمنى مۇقەررەرلەشتۈرىدىغان ياكى ھۆكۈمنىڭ مەتبۇنىڭ بارلىق ئەزاسىغا ئورتاق ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئەگەشكۈچىدۇر. مەسىلەن : «جاءني زيدٌ نفسُهُ»؛ «جاءني القومُ كُلُّهُمْ».

بىرىنچى مىسالدىكى «نفسُهُ» دېگەن تەكىت ئۆزىنىڭ مەتبۇسى بولغان «زيدٌ» دېگەن ئىسىمغا مەنسۇپ قىلىنغان «كېلىش» دېگەن ھۆكۈمنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن .

فصل التّأكيد تابع يدل على تقرير المتبوع في ما نُسِبَ إليه أو على شمولِ الحكمِ لكُلِّ فردٍ من أفرادِ المتبوعِ . و التّأكيد على قسمينِ لفظي و هو تكرير الفظ الأولِ نحو جاءني زيدٌ زيدٌ ، و جاء جاءَ زيدٌ .

و معنوي و هو بألفاظ معدودةٍ و هي النفسُ والعينُ للوَاحِدِ و المثني و المجموعِ باختلاف الصيغةِ و الضميرِ نحو جاءني زيدٌ نفسُهُ و الزيدانِ أنفسُهما أو نفسَاهما و الزيدونَ أنفسُهم و كذالك عَيْنُهُ و أعْيُنُهما أو عَيْنَاهما و أعْيُنُهُمْ و جاءتْني هندٌ نفسُها و جاءتني الهندانِ أنفسُهما أو نفسَاهما و جاءتني الهندات أنفسُهُنَّ و كِلا و كِلْتَا للمثنى خاصةً نحو قام الرجلانِ كِلاهما و قامتْ المرأتانِ كِلْتَاهُمَا .

ئىككىنچى مىسالدىكى «كُلّ» دېگەن تەكىت «كېلىش» دېگەن ھۆكۈمنىڭ ئۆزىنىڭ مەتبۇسى بولغان «القومُ» نىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن .

تەكىت ئىككى خىل بولىدۇ: (بىرىنچىسى) لەۋزى تەكىت بولۇپ، بۇ ئاۋۋالقى سۆزنى تەكرارلاش ئارقىلىق قىلىنغان تەكىتتۇر.

مەسىلەن : «جاءني زيدٌ زيدٌ»؛ «جاء جاءَ زيدٌ».

(ئىككىنچىسى) مەنىۋى تەكىت بولۇپ، بۇ چەكلىك بىر قانچە سۆز بىلەن قىلىنغان تەكىتتۇر. بۇ لەۋزىلەرنىڭ (بىرىنچى تۈركۈمى) «النفسُ والعينُ» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار سىيغا ۋە زىمىرلىرى (تەكىتلەنگۈچى ئىسىمغا ماس ھالدا) ئۆزگىرىش ئارقىلىق بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدىكى ئىسىملارنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «جاءني زيدٌ نفسُهُ»؛ «جاءني الزيدانِ أنفسُهما أو نفسَاهما»؛ «جاءني الزيدونَ أنفسُهم»؛ و كذالك «جاءني زيدٌ عَيْنُهُ»؛ «جاءني الزيدانِ أعْيُنُهما أو عَيْنَاهما»؛ «جاءني الزيدونَ أعْيُنُهُمْ»؛ «جاءتْني هندٌ نفسُها»؛ «جاءتني الهندانِ أنفسُهما أو نفسَاهما»؛ «جاءتني الهندات أنفسُهُنَّ». (ئىككىنچى تۈركۈمى) «كِلا و كِلْتَا» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار پەقەت ئىككىلىك شەكلىدىكى ئىسىملارنىلا تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «قام الرجلانِ كِلاهما»؛ «قامتْ المرأتانِ كِلْتَاهُمَا».

(ئۈچىنچى تۈركۈمى) «كُلٌّ و أَجْمَعُ و أَكْتَعُ و أَبْتَعُ و أَبْصَعُ» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار، «كُلٌّ» نىڭ زىمىرى، قالغانلىرىنىڭ سىيغىلىرى (تەكىتلەنگۈچىگە ماس هالدا) ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئىككىلىك شەكلىدىكى ئىسىملاردىن باشقا ئىسىملارنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «جاءني القومُ كُلُّهمْ أجْمَعُونَ أكْتَعُونَ أبْتَعُونَ أبْصَعُونَ»؛ «قامتْ النساءُ كُلُّهنَّ جُمَعُ كُتَعُ بُتَعُ بُصَعُ».

و كُلٌّ و أَجْمَعُ و أَكْتَعُ و أَبْتَعُ و أَبْصَعُ لغيرِ المثنى باختلاف الضميرِ في كُلٍّ و الصيغةِ في البواقي تقول جاءني القومُ كُلُّهمْ أجْمَعُونَ أكْتَعُونَ أبْتَعُونَ أبْصَعُونَ . و قامتْ النساءُ كُلُّهنَّ جُمَعُ كُتَعُ بُتَعُ بُصَعُ . و إذا أردتَ تأكيدَ الضميرِ المرفوعِ المتصلِ بالنفسِ و العينِ يجب تاكيدُه بالضمير المنفصلِ نحو ضربتَ أنتَ نفسُك و لا يؤكد بكُلٍ و أجمعَ إلا ما له أجزاءٌ و أبعاضٌ يصح إفتراقُها حِسًّا كالقوم أو حكمًا كما تقول اشتريتُ العبدَ كلَّه و لا تقول أكرمتُ العبدَ كلَّه .

و اعلم أنَّ أكْتعَ و أبتع و أبصع أتباعٌ لِأجْمعَ و ليس لها معنى ههنا بدونه فلا يجوز تقديمها على أجمعَ و لا ذكرُها بدونه .

ئەگەر، مۇتتەسىل بولغان مەرفۇ زىمىرنى «النفسُ والعينُ» بىلەن تەكىتلىمەكچى بولسىڭىز ئۇنى ئالدى بىلە مۇنپەسىل زىمىر بىلەن تەكىتلەش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن: «نحو ضربتَ أنتَ نفسُك».

«كُلٌّ» بىلەن ھېسسەن ياكى ھۆكمەن پارچىلاش مۇمكىن بولىدىغان بىر قانچە ئەزا ۋە بۆلەكلىرى بولغان نەرسىلەرلا تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن: «جاءني القومُ كُلُّهمْ»؛ «اشتريتُ العبدَ كلَّه» . بىرىنچى مىسالدىكى «القومُ» ھېسسەن پارچىلاش مۇمكىن بولىدىغان بىر قانچىلىغان ئەزاسى بار ئىسىمدۇر. ئىككىنچى مىسالغا كەلسەك بىر قۇلنى بىر قانچە كىشى شېرىكلىشىپ سېتىۋالدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولغانلىقتىن، «العبدَ» نى ھۆكمەن پارچىلاش مۇمكىن دەپ قاراپ، ئۇنى «كلَّه» بىلەن تەكىتلەش دۇرۇس . ئەمما، «أكرمتُ العبدَ كلَّه» دېيىشكە بولمايدۇ .

تەنبىھ : «أكْتعَ و أبتع و أبصع» قاتارلىقلار «أجْمَعُ» غا ئەگەشتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭسىز ئۇلارنىڭ تەكىت مەنىسى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭسىز ئۇلارنى زىكرى قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

فصل البدل تابع ينسب إليه ما نسب إلى متبوعه و هو المقصود بالنسبة دون متبوعه و أقسام البدل أربعة بَدَلُ الكُلِّ مِنْ الكُلِّ و هو ما مدلوله مدلول المتبوع نحو جاءني زيد أخوك.

و بَدَلُ البعضِ مِن الكلِ و هو ما مدلوله جزءُ مدلولِ المتبوعِ نحو ضربتُ زيدًا رأسَهُ .

و بَدَلُ الإشْتِمَالِ و هو ما مدلوله متعلق المتبوع كسُلِبَ زيدٌ ثوْبُهُ.

تۆتىنچى پەسىل «البدل» (ئورۇنداش ئىزاھلىغۇچى ) : بەدەل دېگىنىمىز، مەتبۇسىغا مەنسۇپ قىلىنغان نەرسە ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىنغان ۋە (ئاشۇ مەنسۇپ قىلىنىشتا) مەتبۇسى ئەمەس، بەلكى ئۆزى مەقسەت قىلىنغان ئەگەشكۈچىدۇر . مەسىلەن : «جاءني زيد أخوك» .

بۇ مىسالدىكى «زيد» دېگەن مەتبۇغا مەنسۇپ قىلىنغان «كېلىش» دېگەن هۆكۈم «أخوك» دېگەن تابىغىمۇ مەنسۇپ قىلىندى ۋە مۇتەكەللىمنىڭ مەقسىتى قارشى تەرەپكە ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش بولغانلىقتىن، ئۇ «كېلىش» دېگەن هۆكۈم بىلەن هۆكۈملەشتە مەتبۇنى ئەمەس، بەلكى تابىنى مەقسەت قىلدى .

بەدەل تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈكتۇر:

(بىرىنچىسى ) بىر پۈتۈننى بىر پۈتۈندىن بەدەل ئېلىش بولۇپ، بۇ تابىنىڭ مەفهۇمى مەتبۇسىنىڭ مەفهۇمى (بىلەن ئوخشاش) بولغان بەدەلدۇر. مەسىلەن: «جاءني زيد أخوك».

بۇ مىسالدىكى «أخوك» دېگەن بەدەل بىلەن «زيد» دېگەن مەتبۇ بىر ئادەم بولغانلىقتىن تابىنىڭ مەفهۇمى مەتبۇسىنىڭ مەفهۇمى بىلەن ئوخشاش بولغان. چۈنكى، ئۇ ئىككى ئىسىم بىر ئادەمنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشىدىن ئىبارەتتۇر.

(ئىككىنچىسى ) بىر پۈتۈندىن بىر قىسمىنى بەدەل ئېلىش بولۇپ، بۇ تابىنىڭ مەفهۇمى مەتبۇنىڭ مەفهۇمىنىڭ بىر قىسمى بولغان بەدەلدۇر. مەسىلەن : «ضربتُ زيدًا رأسَهُ». بۇ مىسالدىكى «رأسَهُ» دېگەن تابى «زيدًا» دېگەن مەتبۇنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەتتۇر.

(ئۈچىنچىسى) ئالاقىدار نەرسىنى بەدەل ئېلىش بولۇپ، بۇ تابىنىڭ مەفهۇمى مەتبۇنىڭ ئالاقىدارى بولغان بەدەلدۇر. مەسىلەن : «سُلِبَ زيدٌ ثوْبُهُ». بۇ مىسالدىكى «ثوْبُهُ» دېگەن تابى «زيدٌ» دېگەن مەتبۇنىڭ ئالاقىدارى بولىدۇ.

(تۆتىنچىسى) «بَدَلُ الغَلَطِ» بولۇپ، بۇ سەۋەنلىكتىن كېيىن زىكرى قىلىنىدىغان بەدەلدۇر . مەسىلەن :

«جاءني زيدٌ جعفرٌ»؛ «رأيتُ رجلًا حِمَارًا» .

بۇ مىسالدا مۇتەكەللىم خاتا ھالدا «زيدٌ» كەلدى دەپ سېلىپ، ئۆزىنىڭ خاتالاشقىنىنى سەزگەندىن كېيىن «جعفرٌ» دەپ «زيدٌ» دىن «جعفرٌ» نى بەدەل ئالغان.

> و بَدَلُ الغَلَطِ و هو ما يذكر بعدَ الغَلَطِ نحو جاءني زيدٌ جعفرٌ ، ورأيتُ رجلًا حِمَارًا .
>
> و البدلُ إن كان نكرةً مِن معرفةٍ يجب نعتُهُ كقوله تعالى ﴿بِالنَّاصِيَةِ نَاصِيَةٍ كَاذِبَةٍ﴾ العلق١٦ – ١٥ و لا يجب ذالك في عكسه و لا في المتجانسين.

ئەگەر، مەرىفە ئىسىمدىن نەكرە ئىسىم بەدەل ئېلىنسا ئۇ نەكرىنى سۈپەتلەش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿بِالنَّاصِيَةِ نَاصِيَةٍ كَاذِبَةٍ﴾ .

بۇ مىسالدىكى «النَّاصِيَةِ» دېگەن ئىسىمدىن «نَاصِيَةٍ» دېگەن نەكرە بەدەل ئېلىنغانلىقتىن ئۇ «كَاذِبَةٍ» بىلەن سۈپەتلەنگەن .

ئەگەر يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ نەكرە ئىسىمدىن مەرىفە ئىسىم بەدەل ئېلىنسا ياكى ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش نەكرە ياكى مەرىفە بولسا، ئۇلارنى سۈپەتلەش زۆرۈر بولمايدۇ. مەسىلەن :

«قامَ أَخٌ لَكَ» (نەكرىدىن مەرىفىنى بەدەل ئالغانىڭ مىسالى) .

«ضَرَبَ زيدٌ أَخُوكَ» (مەرىفىدىن مەرىفىنى بەدەل ئالغانىڭ مىسالى).

«جاءنى رَجُلٌ غُلَامٌ لَكَ» ( نەكرىدىن نەكرىنى بەدەل ئالغانىڭ مىسالى).

بەشىنچى پەسىل «عطفُ البيانِ» (ياندا‌شما ئىزاھلىغۇچى ) : ئۇ  سۈپەتكە ئوخشىمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ مەتبۇسىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان تابىدۇر.
بۇ بىر نەرسىنىڭ ئىككى خىل ئىسمىنىڭ مەشھۇرراقىدۇر. مەسىلەن :«قام أبو حفصَ عمرُ»؛ «قامَ عبدُ اللهِ بْنُ عمرَ».
ئاۋۋالقى مىسالدىكى «أبو حفصَ» ۋە «عمرُ» دېگەن ئىككى ئىسىم ئىككىنچى خەلىپە «عمرُ رضي الله عنه» نىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ «عمرُ» دېگەن ئىسمى مەشھۇرراق بولغانلىقتىن «عطفُ البيانِ» بولۇپ، كېلەلىگەن.

فصل عطفُ البيانِ تابعٌ غيرُ صفةٍ يُوضِحُ متبوعَه و هو أشهرُ اسمي

شيءٍ نحو قام أبو حفصٍ عمرُ ، و قامَ عبدُ اللهِ بْنُ عمرَ . و لا يلتبسُ

بالبدل لفظا في مثلِ قولِ الشاعرِ .

شعر: أَنَا ابْنُ التَّارِكِ الْبَكْرِيِّ بِشْرٍ، عَلَيْهِ الطَّيْرُ تَرْقُبُهُ وُقُوعًا .

«عطفُ البيانِ» مەنە جەھەتتىن بەدەلگە ئارىلىشىپ كەتمىسىمۇ لەۋزى جەھەتتىن ئارىلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ تۆۋەندىكى شېئىرغا ئوخشاش ئەھۋالدا بۇ ئىككىسى قەتئىي ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ .
شېئىر : «أَنَا ابْنُ التَّارِكِ الْبَكْرِيِّ بِشْرٍ، عَلَيْهِ الطَّيْرُ تَرْقُبُهُ وُقُوعًا »( مەن بىكىرىلىقنى، يەنى ئۇستىدىكى پەسلىگەن ھالىدىكى قۇشلار ئۇنى كۆزىتىۋاتقان بىشىرنى تاشلىۋەتكۈچىنىڭ ئوغلىمەن).
بەدەلدە مەنسۇپ قىلىشتىكى مەقسەت قىلىنغۇچى بەدەل ئۆزى بولغانلىقتىن. ئەگەر يۇقىرىقى مىسالدىكى «بِشْرِ» نى «الْبَكْرِيّ» دىن بەدەلَ دېسەك، ئُۇ ھَالدا ئۇ «أَنَا ابْنُ التَّارِكِ بِشْرٍ، عَلَيْهِ الطَّيْرُ تَرْقُبُهُ وُقُوعًا » دېگەنلىك بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدەك مۇزاپىتا «ال» بولۇپ مۇزاپۇن ئىلەيدە «ال» بولمىغان تەركىب دۇرۇس ئەمەس. شۇڭا، بۇنى بەدەل دېيىشكە بولمايدۇ. ئەمما، ئەتفۇلبايانىدا ھۆكۈمنى مەنسۇپ قىلىشتىن مەقسەت قىلىنغۇچى مەتبۇ بولغانلىقتىن ئۇ «أَنَا ابْنُ التَّارِكِ الْبَكْرِيِّ بِشْرٍ، عَلَيْهِ الطَّيْرُ تَرْقُبُهُ وُقُوعًا » دېگەنلىك بولىدۇ ، بۇنىڭدەك مۇزاپ ۋە مۇزاپۇن ئىلەيدىن ئىبارەت ھەر ئىككىلىسىدە «ال» بولغان لەۋزى ئىزاپەت دۇرۇس بولغانلىقتىن بۇ تەركىب دۇرۇس بولىدۇ ـ دە، «بِشْرٍ» دېگەن ئەتفۇلبايان ئۆزىدىن ئىلگىرىكى «الْبَكْرِيّ» نى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن بولىدۇ.
تەنبىھ : بەدەلدە ھۆكۈمنى ( تابى بولغان) بەدەلنىڭ ئۆزىگە تەۋە قىلىپ بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمما، ئەتفۇلبايانىدا مەتبۇ بولغان مۇبەييەنگە تەۋە قىلىپ بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ ۋە ئەتفۇلبايان ئاشۇ مۇبەييەننى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈنلا كېلىدۇ. مانا بۇ بەدەل بىلەن ئەتفۇلبايانىنىڭ ئاساسي پەرقىدۇر .

## الباب الثاني في الاسم المبنى

والاسمُ المبنى اسمٌ وَقَعَ غيرَ مركبٍ مع غيرِه مثل ا ب ت ث ، و مثل واحدٌ و إثنان و ثلثة و كلفظةِ زيد وحدَهُ فانه مبنى بالفعل علي السكون و معرب بالقوة ، أو شابه مبني الأصلِ بان يكون في الدلالة على معناه محتاجًا إلى قرينة كالإشارةِ نحو هؤلاءِ و نحوِها ، أو يكون على أقلّ من ثلثة أحرفٍ نحو ذاَ و مَنْ أو تضمنَ معني الحرفِ نحو أحَدَ عَشَرَ إلى تِسْعَةَ عَشَرَ . و هذا القِسم لا يصير معربا أصلا و حكمه أن لا يختلف آخرُه باختلاف العوامل . و حركاتُهُ تسمى ضَمًّا و فَتْحًا و كَسْرًا و سُكُونُهُ وَقْفًا . و هو على ثمانية أنواع المضمراتُ و أسماءُ الإشاراتِ و الموصولاتُ و أسماءُ الأفعالِ و الأصواتُ و المركباتُ و الكناياتُ و بعضُ الظروفِ.

مەبنى ئىسىملار ئۆزىدىن باشقا (كەلىمە) بىلەن بىرىكمىگەن ھالدا كېلىدۇ . مەسىلەن : «ا ب ت ث» قاتارلىقلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە «أحدٌ و إثنان و ثلثة» قاتارلىقلار ۋە يەنە ئۆزى يالغۇز تۇرغان ھالەتتىكى «زيد» كە ئوخشاش.

بۇ ئىسىملار ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا مەبنى بولسىمۇ ئىقتىدارىدىن قارىغاندا مۆئرەب ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى، ئۇلار ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا مەبنى ھېسابلانغىنى بىلەن ئىقتىدار جەھەتتىن ئېئراب قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگىدۇر. بۇ خۇددى مەلۇم بىر تامچى ھۈنىرىنى تاشلاپ تىجارەت قىلىۋاتقىنىدا تىجارەتچى دېيىلسىمۇ ئۇنىڭ تامچىلىق قىلىش ئىقتىدارى نۇقتىسىدىن تامچى دېگىنىمىزگە ئوخشاش بىر ئىشتۇر .

ئۇ مەبنى ئىسىملار ئىشارەت ئىسىملىرىغا ئوخشاش ئۆزىدىكى مەنىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە باشقا كەلىمىلەرگە موھتاج بولۇش سەۋەبىدىن ئەسلىدە مەبنى بولۇشقا تېگىشلىك بولغان (پېئىل ۋە ھەرىپ قاتارلىق) كەلىمىلەرگە ئوخشىغان ھالدا كېلىدۇ. مەسىلەن : «هؤلاء» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

مەبنى ئىسىملار ھەرىپ سانىنىڭ ئۈچتىن ئاز بولۇشى سەۋەبىدىن ئەسلىدە مەبنى بولۇشقا تېگىشلىك بولغان (ھەرپكە) ئوخشىغان ھالدا كېلىدۇ. مەسىلەن : «ذاَ»؛ «مَنْ».

ئىسىمنىڭ ھەرىپ سانىنىڭ ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ، ئۈچ ھەرىپ بولۇشى كېرەك تۇرۇقلۇق بۇ ئىسىملار ئىككى ھەرپلىك بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇلار ھەرپكە ئوخشاپ قالغان ھېسابلىنىدۇ.

مەبنى ئىسىملار ھەرپىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن ھەرپكە ئوخشىغان ھالدا كېلىدۇ. مەسىلەن : «أحَدَ عَشَرَ». بۇنىڭ ئەسلىيسى «أحَدٌ وَ عَشَرٌ» بولغانلىقتىن ئۇ ئىككى ئىسىم «وَ» دېگەن ھەرپىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق بۇ ئىككى ئىسىم ۋە ھەرپتىن ئىبارەت ئىككىلىسىدە ھەرپ مەنىسىنىڭ بولۇشىدۇر.

(مۆئرەب ئىسىملارنىڭ ئەسلىدە مەبنى بولۇشقا تېگىشلىك بولغان) مۇشۇ قىسمى ھېچقاچان مۆئرەب بولمايدۇ. مەبنى ئىسىملارنىڭ ھۆكمى ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن ئاخىرىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىدۇر.

ئۇنىڭ ھەركەتلىرى زەممە، فەتھە، كەسرە دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ساكىنلىق ھالىتى ۋەقفى دەپ ئاتىلىدۇ .

مەبنى ئىسىملار توۋەندىكىدەك سەككىز خىل بولىدۇ : «المضمراتُ و أسماءُ الإشاراتِ و الموصولاتُ و أسماءُ الأفعالِ و الأصواتُ و المركباتُ و الكناياتُ و بعضُ الظروفِ».

بىرىنچى پەسىل «المضمرُ»(ئالماشلار) : زىمىر دېگىنىمىز، سۆزلىگۈچى، ئاڭلىغۇچى ۋە ئىلگىرى بىر قېتىم لەبزەن ياكى مەنەن ۋە ياكى ھۆكمەن زىكرى قىلىنغان غائىب قاتارلىقلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن سۆزدۇر . ئۇ مۇتتەسىل ۋە مۇنپەسىل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن :«أنا زيدٌ»؛ «أنتَ زيدٌ»؛ «ضَرَبَ زيدٌ غلامَه»؛ ﴿اعْدِلُوْا هُوَ أَقْرَبُ للتَّقْوى﴾؛ ﴿قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ﴾ .

بىرىنچى مىسالدىكى «أنا» دېگەن زىمىر سۆزلىگۈچىنى ئىپادىلىگەن .

ئىككىنچى مىسالدىكى «أنتَ» دېگەن زىمىر ئاڭلىغۇچىنى ئىپادىلىگەن.

فصل المضمرُ اسم وُضِعَ ليدل على متكلمٍ أو مخاطبٍ أو غائبٍ تقدم ذِكْرُهُ لفظا أو معنى أو حكما . و هو على قسمينِ مُتَّصِلٌ و منفصلٌ .

أمَّا المُتَّصِلُ فَهو ما لا يستعمل وحدَه . و هو إما مرفوعٌ نحو ضَرَبَ إلى ضَرَبْنَا ، أو منصوبٌ نحو ضَرَبَهُ إلى ضَرَبَنَا، و إنَّهُ إلى إنَّنَا ، أو مجرورٌ نحو غلامه إلى غلامنَا و لَهُ إلى لَنَا .

و أمَّا المنفصلُ فَهو ما يستعمل وحدَه . و هو إما مرفوعٌ نحو هُوَ إلى نَحْنُ ، أو منصوبٌ نحو إيَّاهُ إلى إيَّانَا . فذالك ستونَ ضميرًا .

كېيىنكى ئۈچ مىسالدىكى زىمىرلار غائىپنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، «ضَرَبَ زيدٌ غلامَه» دېگەن مىسالدا «ه» دېگەن زىمىر قايتىدىغان «زيدٌ» دېگەن ئىسىم ئاشكارا زىكىر قىلىنغان، ﴿اعْدِلُوْا هُوَ أَقْرَبُ للتَّقْوى﴾ دېگەن مىسالدىكى «اعْدِلُوْا» دېگەن كەلىمە «العدل» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن «هُوَ» دېگەن زىمىر قايتىدىغان «العدل» دېگەن ئىسىم مەنەن زىكىر قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ ، ﴿قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ﴾ دېگەن مىسالدا «هُوَ» دېگەن زىمىر زېھنىدىكى «اللهُ» دېگەن ئىسىمغا قايتقانلىقتىن «اللهُ» دېگەن ئىسىم ئىلگىرى بىر قېتىم زىكىر قىلىنغان ھۆكۈمدە بولىدۇ .

موتتەسىلگە كەلسەك ئۇ ئۆزى ئايرىم ئىشلىتىلمەيدىغان (بەلكى باشقا كەلىمىلەرگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان) زىمىردۇر. بۇ «ضَرَبَ إلى ضَرَبْنَا» قاتارلىقلاردىكى زىمىرلارغا ئوخشاش رەفئىلىك بولىدۇ ياكى«ضَرَبَهُ إلى ضَرَبَنَا، و إنَّهُ إلى إنَّنَا» قاتارلىقلاردىكى زىمىرلارغا ئوخشاش نەسبىلىك بولىدۇ ۋە ياكى «غلامه إلى غلامنَا و لَهُ إلى و لَنَا» قاتارلىقلاردىكى زىمىرلارغا ئوخشاش مەجرۇر بولىدۇ.

مۇنپەسىلگە كەلسەك ئۇ (باشقا كەلىمىلەرگە تۇتاشمىغان ھالدا) ئۆزى ئايرىم ئىشلىتىلىدىغان زىمىردۇر. بۇ ياكى «هُوَ إلى نَحْنُ» دېگەنگە ئوخشاش رەفئىلىك بولىدۇ ياكى «إيَّاهُ إلى إيَّانَا» دېگەنگە ئوخشاش نەسبىلىك بولىدۇ . بۇ زىمىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئاتمىشتۇر.

تەنبىھ: (ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ) غائىب مۇزەككەر ۋە غائىب مۇئەننەسنىڭ مازىدىكى بىرلىك شەكىللىرىدە رەفئىلىك زىمىرلار يوشۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن : «ضَرَبَ»؛ «ضَرَبَتْ». بۇنىڭ يوشۇرۇن زىمىرى «هُوَ»؛ «هِيَ» دۇر.

ئۇ زىمىر مۇزارىئەنىڭ مۇتەكەللىم سىيغىلىرىدىمۇ يوشۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن : «أَضْرِبُ»؛ «نَضْرِبُ» بۇنىڭ يوشۇرۇن زىمىرى «أَنَا»؛ «نَحْنُ» دۇر.

ئۇ زىمىر مۇخاتەبنىڭ (مۇزارىئەدىكى) بىرلىك شەكىللىرىدىمۇ يوشۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن : «تَضْرِبُ» بۇنىڭدىكى يوشۇرۇن زىمىر «أَنْتَ» دۇر.

و اعلم أن المرفوعَ المتصلَ خاصةً يكون مستترًا في الماضي للغائب و الغائبة كضَرَبَ أي هُوَ و ضَرَبَتْ أي هِيَ ، و في المضارعِ المتكلمِ مطلقًا نحو أَضْرِبُ أي أَنَا و نَضْرِبُ أي نَحْنُ ، و للمخاطب كتَضْرِبُ أي أَنْتَ ، و للغائب و الغائبة كيَضْرِبُ أي هُوَ و تَضْرِبُ أي هِيَ ، و في الصفةِ أعْني اسمَ الفاعلِ و المفعولِ و غيرِهما مطلقا .

و لا يجوز استعمالُ المنفصلِ إلا عند تعذرِ المتصلِ نحو﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ﴾ و ما أنتَ إلا قائمًا و ما ضربكَ إلا أَنَا ، و أَنَا زيدٌ .

ئۇ زىمىر غائىب مۇزەككەر ۋە غائىب مۇئەننەسنىڭ (مۇزارىئەدىكى) بىرلىك شەكىللىرىدىمۇ يوشۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن : «يَضْرِبُ»؛ «تَضْرِبُ»، بۇنىڭ يوشۇرۇن زىمىرى «هُوَ»؛ «هِيَ» دۇر.

ئىسىم پائىل ۋە ئىسىم مەپئۇل قاتارلىق سۈپەت خاراكتېرلىك ئىسىملار ئۆز پېئىلىنىڭ ئەمىلىنى قىلغاندا زىمىرى يوشۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: «زيدٌ ضَارِبٌ»، ئۇنىڭ يوشۇرۇن زىمىرى «هُوَ» دۇر.

مۇنپەسىل زىمىرلار پەقەت مۇتتەسىل زىمىرلارنى ئىشلىتىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدىلا ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن : ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ﴾؛ «ما أنتَ إلا قائمًا»؛ «ما ضربكَ إلا أَنَا»؛ «أَنَا زيدٌ».

بىرىنچى مىسالدا زىمىر ئۆزىنىڭ ئامىلىدىن ئىلگىرى كەلگەنلىكتىن مۇتتەسىل كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىدى . چۈنكى، زىمىر مۇتتەسىل بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئامىلىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىشى زۆرۈر بولىدۇ.

ئىككىنچى مىسالدا مەرفۇ زىمىرلار پېئىلدىن باشقىغا مۇتتەسىل بولۇپ كەلمەيدىغان بولغانلىقتىن ئۇنىڭ «مَا» بىلەن تۇتۇشۇشى مۇمكىن بولمىدى.

ئۈچىنچى مىسالدا خاسلىقنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە «إلا» دىن كېيىن كەلتۈرۈلگەنلىكتىن مۇتتەسىل كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىدى.

تۆتىنچى مىسالدا «أَنَا» دېگەن زىمىرنىڭ تۇتۇشۇپ كېلىشىگە تېگىشلىك پېئىل ھەزىپ قىلىنىپ كېتىپ ئۇنى مۇبتەدا قىلىپ دەسستىلگەنلىكتىن ئۇنىڭ مۇتتەسىل بولۇشى مۇمكىن بولمىدى.

تەنبىھ: گىراماتىكا ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا ئۆزىنى تەپسىر قىلىپ بېرىدىغان جۈملىدىن ئىلگىرى كېلىدىغان يەنە بىر تۈرلۈك زىمىر بار بولۇپ، بۇ مۇزەككەردە (ئىشلىتىلگەندە) «ضمير الشأنِ» دەپ ئاتىلىدۇ، مۇئەننەستە (ئىشلىتىلگەندە بولسا) «ضميرُ القصةِ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ﴾؛ «إِنَّهَا زينبُ قائمةٌ».

و اعلم أنَّ لهم ضميرًا يقع قبل جملة تُفَسِّرُهُ و يُسمى ضميرَ الشأنِ في المذكر ، وضميرَ القصةِ في المؤنث نحو﴿قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ ﴾ و إِنَّهَا زينبُ قائمةٌ . و يدخل بين المبتداءِ والخبرِ صيغةُ مرفوعٍ منفصلٍ مطابقٍ للمبتدأ إذا كان الخبر معرفةً أو أَفْعَلَ مِنْ كَذَا و يسمي فصلا لأنه يفصل بين الخبرِ و الصفةِ نحو زيدٌ هُوَ القائمُ وكان زيد هُوَ أَفْضَلُ مِنْ عمرٍو ، و قال اللهُ تعالى ﴿كُنتَ أَنْتَ الرَّقِيْبَ عَلَيْهِمْ﴾ المائدة١١٧ .

يەنە خەۋەر مەرىفە بولغاندا ياكى «أَفْعَلَ مِنْ كَذَا» شەكلىدە كەلگەندە مۇبتەداغا ماس ھالدا «المرفوع المنفصل» زىمىر شەكلىدە مۇبتەدا بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىدىغان بىر تۈرلۈك زىمىر بولۇپ، بۇ خەۋەرنى سۈپەتتىن پەرقلەندۈرۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن «ضميرُ الفصلِ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «زيدٌ هُوَ القائمُ»؛ «كان زيد هُوَ أَفْضَلُ مِنْ عمرٍو»؛ ﴿كُنتَ أَنتَ الرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ﴾ .

بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى مىسالدا خەۋەر مەرىفە بولغانلىقتىن «هُوَ» دېگەن زىمىر كەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ مۇبتەدانىڭ سۈپىتى ياكى خەۋىرى ئىكەنلىكىنى ئايرىش قىيىن بولۇپ قالاتتى، ئۇ كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ خەۋەر ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

ئىككىنچى مىسالدا «مِنْ» بىلەن ئىشلىتىلگەن ئىسىم تەفزىيل ھۆكمەن مەرىفە دەپ قارالغانلىقتىن ئەگەر «هُوَ» دېگەن زىمىر كەلمىگەن بولسا، بۇنىڭمۇ سۈپەت ياكى خەۋەر ئىكەنلىكىنى ئايرىش قىيىن بولۇپ قالاتتى . ئەمما، ئۇ كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ خەۋەر ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

ئىككىنچى پەسىل «أسماء الإشارات»(كۆرسىتىش ئالماشلىرى) : بۇ كۆرسىتىلگۈچىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن ئىسىم بولۇپ ، ئالتە تۈرلۈك مەنىنى (ئىپادىلەش) ئۈچۈن (ئىشلىتىلىدىغان) بەش تۈرلۈك سۆزدۇر . ئۇلار (بىرىنچى) مۇزەككەرنىڭ بىرلىك شەكلى ئۈچۈن « ذَا » . (ئىككىنچى) ئىككىلىك شەكلى ئۈچۈن «ذَانِ و ذَيْنِ». (ئۈچىنچى) مۇئەننەسنىڭ بىرلىك شەكلى ئۈچۈن «تَا و تِی و ذِي و تِهِ و ذِهِ و تِهِي و ذِهِي». (تۆتىنچى) ئىككىلىك شەكلى ئۈچۈن «تَانِ و تَيْنِ» . (بەشىنچى) مۇزەككەر ۋە مۇئەننەسنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئۈچۈن «أُوْلَآءِ» قاتارلىقلاردۇر. «بالمدِّ» دېگىنىمىز، سوزۇپ ئوقۇلىدىغان«أُوْلَآءِ» نى ، «بالقصرِ» دېگىنىمىز، قىسقا ئوقۇلىدىغان «أُوْلى» نى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇزەككەر ۋە مۇئەننەسنىڭ كۆپلۈك شەكىللىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

> فصل أسماء الإشارات ما وضع ليدل على مشار إليه و هى خمسة ألفاظ لستة معان و ذالك ذَا للمذكر و ذَانِ و ذَيْنِ لمثناه و تَا و تِی و ذِي و تِهِ و ذِهِ و تِهِي و ذِهِي للمؤنث ، و تَانِ و تَيْنِ لمثناه و أُوْلَآءِ بالمدّ و القصرِ لجمعهما . و قد يلحق بأوائلها هاءُ التنبيهِ نحو هٰذَا و هٰذَانِ و هٰؤُلَآءِ ،

گاھىدا مۇخاتەبنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا تەنبىھنىڭ «ہ» سى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن :

«هٰذَا و هٰذَانِ و هٰؤُلَآءِ».

گاھدا ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا (مۇخاتەبنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى ۋە ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان) خىتابنىڭ ھەرپلىرى قېتىلىپ كېلىدۇ. بۇمۇ ئالتە خىل مەنىنى (ئىپادىلەش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بەش خىل سۆزدۇر. مەسىلەن : «كَ ،كُمَا، كُمْ ، كِ ،كُنَّ» .

(دېمەك ئىشارەت ھەرپلىرى بەش تۈرلۈك، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە قېتىلىپ كېلىدىغان خىتابنىڭ ھەرپلىرىمۇ بەش تۈرلۈك بولغانلىقتىن) ئۇلار بەشنى بەشكە كۆپەيتىشتىن ھاسىل بولغان يىگىرمە بەش (تۈرلۈك سۆز) دۇر . ئۇلار «ذَاكَ إلى ذَاكُنَّ و ذَانكَ إلى ذَانكُنَّ» قاتارلىقلاردۇر.

و يتصل بأواخرها حرفُ الخطابِ و هو أيضا خمسةُ ألفاظٍ لستّة معانٍ نحو كَ ،كُمَا، كُمْ ، كِ ،كُنَّ ،فذالك خمسةٌ و عشرونَ الحاصلُ مِن ضَرْبِ خمسةٍ في خمسةٍ و هى ذَاكَ إلى ذَاكُنَّ و ذَانكَ إلى ذَانكُنَّ ، و كـذالك البـواقي . و اعلـم أنَّ ذَا للقريـب و ذَالِـكَ للبعيـد و ذَاكَ للمتوسط .

تەنبىھ : «ذَا» يېقىندىكى نەرسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن «ذَالِكَ» يىراقتىكى نەرسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن «ذَاكَ» بولسا ئوتتۇراھال يەردىكى نەرسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇلاردىكى «ذَا» قاتارلىق ئىشارەت ھەرپلىرى كۆرسىتىلگۈچىنىڭ سانىنى ۋە ئەر ياكى ئاياللىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەمما «كَ» قاتارلىق خىتاب ھەرپلىرى مۇخاتەبنىڭ سانىنى ۋە ئەر ياكى ئاياللىقىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن:

بىر ئايالغا بىر ئەرنى كۆرسەتمەكچى بولسىڭىز «ذَاكِ» دەيسىز. ئىككى ئايالغَا بىر ئەرنى كۆرسەتمەكچى بولسىڭىز «ذَاكُمَا» دەيسىز .

كۆپ ئاياللارغا بىر ئەرنى كۆرسەتمەكچى بولسىڭىز «ذَاكُنَّ» دەيسىز. ئەگەر، بىر ئەرگە بىر ئايالنى كۆرسەتمەكچى بولسىڭىز «تَاكَ» دەيسىز.

ئىككى ئەرگە بىر ئايالنى كۆرسەتمەكچى بولسىڭىز «تَاكُمَا» دەيسىز. كۆپ ئەرگە بىر ئايالنى كۆرسەتمەكچى بولسىڭىز «تَاكُمْ» دەيسىز.

قالغانلىرىنى مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

مۇزەككەر ۋە مۇئەننەسنىڭ ئىككىلىك شەكلىنى ئىپادىلەيدىغان «ذَانِ ، تَانِ» قاتارلىقلار رەفئىلىك ھالەتتە ئاشۇ خىل ھالىتىگە ۋە نەسبى، جەرلىك ھالىتىدە «ذَيْنِ ، تَيْنِ» قاتارلىق شەكىللەرگە مەبنى دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەرپىكە ئوخشاپ قالغانلىقتىن مۆئرەب ھېسابلانمايدۇ.

ئۈچىنچى پەسىل «الموصول» (نىسپىي ئالماشلار) : ئىسىم مەۋسۇل دېگىنىمىز، ئۆزىدىن كېيىنكى بېقىندى جۈملىگە تايىنىش ئارقىلىقلا جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولالايدىغان ئىسىمدۇر. ئۇ بېقىندى جۈملە «جملةٌ خبريةٌ» بولۇپ ئۇنىڭدا مەۋسۇلغا يانىدىغان زىمىرنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : «جاء الّذِي أبوه قائم أو قامَ أبوه» .

بۇ جۈملىدىكى «الّذِي» دېگەن ئىسىم مەۋسۇل ئۆزىدىن كېيىنكى «أبوه قائم» ياكى «قامَ أبوهُ» دېگەن بېقىندى جۈملىگە تايىنىش ئارقىلىقلا جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى ھېسابلىنىدىغان پائىل بولالىدى ۋە ئۇ جۈملىلەر «جملةٌ خبريةٌ» بولۇپ ئۇلاردا مەۋسۇلغا يانىدىغان «هُ» دېگەن زىمىر بولدى .

«الذي» ئەرلەرنىڭ بىرلىك شەكلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، «اللذانِ و اللذينِ» ئىككىلىك شەكلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، «التي» ئاياللارنىڭ بىرلىك شەكلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، «اللتانِ و اللتينِ» ئىككىلىك شەكلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، «الذينَ و الْأُلِي» ئەرلەرنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، «اللاتِي و اللَوَاتي و الْلاء و اللائي» ئاياللارنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

مەۋسۇل بولغان «ما و مَنْ» قاتارلىق ئىككىسىنىڭ سان ۋە ئەر ـ ئاياللىق ئايرىمىسى يوق بولۇپ، ھەممىگە ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ . ئەمما، «ما» ئەقىلسىز نەرسىلەرگە، «مَنْ» ئەقىللىقلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

> فصل الموصول اسمٌ لا يَصْلَحُ أن يكون جُزْأً تامًّا مِن جملة إلا بصلة بعده . و الصلة جملةٌ خبريةٌ و لا بد من عائد فيها يعود إلي الموصول
>
> مثاله الذي في قولنا جاء الّذِي أبوه قائم أو قام أبوه .
>
> و الذي للمذكر، و اللذانِ و اللذينِ لمثناه ، و التي للمؤنث و اللتانِ و اللتينِ لمثناها، و الذينَ و الْأُلِي لجمع المذكر ، و الْلاتِي و الْلَوَاتِي و الْلاءِ و اللائِي لجمع المؤنث ، و ما، و مَنْ ، و أيٌّ ، وأيّةٌ ،

«أيٌّ» ۋە «أيّةٌ» (دىن ئىبارەت بۇ ئىككىسى) ئاشكارا ياكى تەقدىرەن بار دېيىلىدىغان مەرىفە ئىسمغا مۇزاپ بولغاندىلا ئىسىم مەۋسۇل بولىدىغان بولۇپ، «أيٌّ» بولسا «الذي» مەنىدە، «أيّةٌ» بولسا «التي» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ مەسىلەن : ﴿ ثُمَّ لَنَنْزِعَنَّ مِنْ كُلِّ شِيْعَةٍ أُيُّهم أَشَدُّ عَلي الرَّحْمنِ عِتِيًّا ﴾؛ «أيّة أحسنُ مِنْ هند عندى» بۇنىڭ ئەسلىسى «أيَّتُهُنَّ أحسنُ مِنْ هند عندى» ئىدى .

«ذُوْ» بولسا بەنى تەي قەبىلىسىنىڭ تىلىدا «الذي» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن : «فإنَّ الماءَ ماءُ أَبِي و جَدِّي ، و بِئْرِي ذُوْ حَفَرْتُ و ذُوْ طَوَيْتُ» (بۇ سۇ ئاتا - بوۋامنىڭ سۈيى، قۇدۇق بولسا مەن قازغان ۋە قاشالىغان قۇدۇق) . بۇ جۈملىدىكى ھەر ئىككى «ذُوْ» بەنى تەي قەبىلىسىنىڭ شۇئىسگە ئاساسەن «الذي» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن .

و ذُوْ بمعني الذي في لغة بَنى طَيٍّ كقول الشاعر .

شعر : فإنَّ المَاءَ مَاءُ أَبِي و جَدِّي ، و بِئْرِي ذُوْ حَفَرْتُ و ذُوْ طَوَيْتُ .أي الذي حَفَرْتُهُ و الذي طَوَيْتُه .

و الألفُ و اللامُ بمعني الذي صِلَتُهُ اسمُ الفاعل و اسمُ المفعول نحو جاءني الضَارِبُ زيدا أي الذي يضرب زيدا ، أو جاءني المَضْرُوْبُ غلامُهُ .

و يجوز حذف العائد من اللفظ إن كان مفعولا نحو قام الذي ضربتُ أي الذي ضربتُه .

و اعلم أَنَّ أَيًّا و أَيَّةً معربةٌ إلا إذا حُذِفَ صَدْرُ صِلَتِها كقوله تعالى﴿ ثُمَّ لَنَنْزِعَنَّ مِنْ كُلِّ شِيْعَةٍ أَيُّهم أَشَدُّ عَلي الرَّحْمنِ عِتِيًّا ﴾ مريم٦٩ ، أي هو أشد .

سىلىسى ئىسىم پائىل ياكى ئىسىم مەپئۇل بولغان «ال» مۇ ئىسىم مەۋسۇل بولۇپ، بۇنىڭ سان ۋە ئەر - ئاياللىق پەرقى بولمايدۇ. شۇڭا، سىلىسگە ماس ھالدا مەنە بېرىلىدۇ. مەسىلەن : «جاءني الضَارِبُ زيدًا»، بۇ «جاءني الذي يَضْرِبُ زيدًا» دېگەنلىكتۇر؛ «جاءني المَضْرُوْبُ غلامُهُ» بۇ «جاءني الذي يُضْرَبُ غلامُهُ» دېگەنلىكتۇر.

ئەگەر، يېقىندىكى جۈملىدىكى مەۋسۇلغا ياندىغان زىمىر مەپئۇل بولسا ئۇنى ھەزىپ قىلىۋېتىشمۇ دۇرۇس . مەسىلەن : «قام الذي ضربتُ»، بۇ «الذي ضربتُه» دېگەنلىك بولۇپ ئۇنىڭدىن «ه» ھەزىپ قىلىنىپ كەتتى.

تەنبىھ : «أيٌّ ، و أَيَّةٌ» قاتارلىقلار مۆئرەب بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ سىلىلىرىنىڭ بېشى ھەزىپ قىلىنىپ كەتسە مەبنى بولىدۇ. مەسىلەن : ﴿ثُمَّ لَنَنْزِعَنَّ مِنْ كُلِّ شِيْعَةٍ أَيُّهم أَشَدُّ عَلي الرَّحْمنِ عِتِيًّا﴾ (ئاندىن ھەر بىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدىن مەرھەمەتلىك اللەغا ئەڭ ئاسىي بولغانلىرىنى تارتىپ چىقىرىمىز)، بۇ «ثُمَّ لَنَنْزِعَنَّ مِنْ كُلِّ شِيْعَةٍ أَيُّهم هو أَشَدُّ عَلي الرَّحْمنِ عِتِيًّا» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ «هو أَشَدُّ عَلي الرَّحْمنِ عِتِيًّا» دېگەن سىلىسىنىڭ بېشى بولغان «هو» ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەنلىكتىن زەممىگە مەبنى قىلىنغان .

تۆتىنچى پەسىل «أسماء الأفعال»(پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىملار) : ئۇ ئەمىر ياكى مازى مەنىسىدە كەلگەن ئىسىملاردۇر . مەسىلەن : «رُوَيْدَ زيدًا»(زەيدكە مۆھلەت بەرگىن!). «هَيْهَاتَ زيدٌ» (زەيد يىراقلاشتى) ياكى ئۇ ئەمىر مەنىسىدىكى «فَعَالِ» ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ، سۇلاسى مۇجەررەت بولغان كەلىمىلەرنى مۇشۇ ۋەزنىدە خالىغانچە ياساپ ئىشلىتىشكە بولۇشتىن ئىبارەت قائىدە ئاساسىغا ئىگىدۇر . مەسىلەن : «نَزَالِ»(چۈش!). «تَرَاكِ»(تاشلا!) قاتارلىقلارغا ئوخشاش . ئۇنىڭغا مەرىفە بولغان مەسدەر ھالىتىدىكى «فَعَالِ» قوشۇلۇپ بۇمۇ مەبنى قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «فَجَارِ» دېگەنگە ئوخشاش، بۇ «الفُجُوْرِ» مەنىسىدە ياكى (ئۇنىڭغا) مۇئەننەس ئۈچۈن سۈپەت بولغان ھالەتتىكى «فَعَالِ» قوشۇلىدۇ دە بۇمۇ مەبنى بولىدۇ. مەسىلەن : «يا فَسَاقِ». بۇ «فاسقةٍ» مەنىسىدە، «لَكَاعِ»، بۇ «لاَكِعَةٍ»(پەسكەش ئايال) مەنىسىدە.
ياكى (ئۇنىڭغا) مۇئەييەن بىر مۇئەننەسلەر ئۈچۈن ئەلەم ئىسىم بولغان «فَعَالِ» قوشۇپ قويۇلىدۇ دە بۇمۇ مەبنى بولىدۇ. مەسىلەن : «قَطَامِ ، و غَلَابِ ، و حَضَارِ»، مانا بۇلارمۇ «فَعَالِ» ۋەزنىدە كەلگەنلىكى ئۈچۈن مەبنى قىلىنغان.

> فصل أسماء الأفعال هو كلّ اسم بمعنى الأمر و الماضي نحو رويد زيدًا أي أمهله ،و هيهات زيد أي بعد ، أو كان على وزن فعال بمعنى الأمر و هو من الثلاثي قياس كنزال بمعنى إنزل ، و تراك بمعنى أترك ، و يلحق به فعال مصدرًا معرفةً كفجار بمعنى الفجور أو صفةً للمؤنث نحو يا فساق بمعنى فاسقة ، و لكاع بمعنى لاكعة ، أو علمًا للاعيان المؤنثة كقطام ، و غلاب ، و حضار . و هذه الثلاثة ليست من اسماء الافعال و إنما ذكرت ههنا للمناسبة .
>
> فصل الأصوات كلّ لفظ حكي به صوت كغاق لصوت الغراب أو صوّت به البهائم كنخّ لإناخة البعير .

مەسدەر ، سۈپەت ۋە ئەلەم بولغان، بۇ ئۈچى گەرچە «أسماء الأفعال» بولمىسىمۇ، مەبنى بولغان «فَعَالِ» غا ۋەزنى جەھەتتىن ئوخشاپ قالغانلىقى ۋە شۇ ئاساستا مەبنى قىلىنغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ يەردە ئۇمۇ زىكرى قىلىندى .

بەشىنچى پەسىل «الأصواتُ»(ئىملىق سۆزلەر) : ئۇ قاغىنىڭ ئاۋازى ھېكايە قىلىنىپ «غاق» دېيىلگەنگە ياكى تۆگىنى چۆكتۈرۈش ئۈچۈن «نَخِّ» دېيىلگەنگە ئوخشاش لەۋزىلەردۇر.

قوشۇمچە : «أيٌّ» تۆۋەندىكىدەك بەش خىل رولدا كېلىدۇ:

بىرىنچى، ئۇ شەرت ۋاستىسى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «أيُّهم يَضْرِبْ أَضْرِبْهُ».

ئىككىنچى، ئىستىفهام مەنىسىدىكى ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «أيُّهم رجلٍ يَضْرِبُ ؟».

ئۈچىنچى، مەۋسۇل بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «إِضْرِب أيُّهم لَقِيْتَ!».

تۆتىنچى، مەۋسۇپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «يا أيُّها الرجلُ» . بۇنىڭدىكى «أيٌّ» مەرىفە بولغان مۇنادا بولۇپ، رەفئىنىڭ بەلگىسىگە مەبنى بولدى. «ها» بولسا تەنبىھنىڭ «ها» سىدۇر، «الرجلُ» بولسا «أيٌّ» نىڭ سۈپىتى بولۇپ ئېئرابتا لەۋزەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى .

بەشىنچى، سۈپەت بولۇپ كېلىدۇ . بۇ چاغدا «كامىل» دېگەنگە ئوخشاش مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «زيدٌ رجلٌ أيُّ رجلٍ» (زەيىت ئەر ئىچىدىكى كامىل ئەردۇر).

«مَا» ئىسىم بولغاندا تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل رولدا كېلىدۇ:

بىرىنچى، شەرت ۋاستىسى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن : «مَا تَصْنَعْ أَصْنَعْ» .

ئىككىنچى، مەۋسۇل بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن : «عَرَفْتُ مَا إِشْتَرَيْتَهُ» .

ئۈچىنچى، ئىستىفهام مەنىسىدىكى ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «مَا عِنْدَكَ ؟» .

تۆتىنچى، مەۋسۇپ بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن : «مَرَرْتُ بِمَا مُعْجِبٌ لَكَ»، بۇ «مَرَرْتُ بِشَيْئٍ يُعْجِبُكَ» دېگەنلىك بولىدۇ .

بەشىنچى، «شَيْئٌ» مەنىسىدىكى كامىل ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : ﴿فَنِعِمَّا هِيَ﴾ (بۇ ياخشىدۇر) بۇ «نِعْمَ شَيْئًا هِيَ» دېگەنلىك بولىدۇ .

ئالتىنچىسى، سۈپەت بولۇپ كېلىدۇ . بۇ چاغدا «مەلۇم بىر تۈرلۈك» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن : «إِضْرِبْهُ ضَرْبًا مَا» (ئۇنى مەلۇم بىر تۈرلۈك ئۇرۇشتا ئۇرغىن!) .

ئەمما «مَا» ھەرپ بولغاندا ياكى «إِنَّمَا زيدٌ قائمٌ» دېگەنگە ئوخشاش «إِنَّ» نىڭ ئەمىلىنى بىكار قىلىدىغان «مَا» بولىدۇ ياكى «مَا رَأَيْتُهُ أمْسِ» «مَا زيدٌ قائمًا» دېگەنلەرگە ئوخشاش نەفى قىلغۇچى ھەرپ بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا لەۋزى جەھەتتىن گاھى ئورۇنلاردا ئەمەل قىلىدۇ ، گاھى ئورۇنلاردا ئەمەل قىلمايدۇ .
گاھىدا «سَأَعْمَلُ كَمَا عَمِلْتَ»(كَعَمَلِكَ) دېگەنگە ئوخشاش مەسدەر ھەرپى بولۇپ كېلىدۇ.

«مَنْ» تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك رولدا كېلىدۇ .

بىرىنچى، مەۋسۇل بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن : «أَكْرَمْتُ مَنْ جاءَكَ» .

ئىككىنچى، ئىستىفهام مەنىسىدىكى ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن : «مَنْ غُلَامُكَ؟» .

ئۈچىنچى، شەرت ۋاستىسى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «مَنْ تَضْرِبْ أَضْرِبْ» .

تۆتىنچى، مەۋسۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «مَنْ جاءَكَ قَدْ أَكْرَمْتُهُ»(سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەن كىشى مەن ھۆرمەتلىگەن كىشىدۇر). بۇ جۈملىدىكى «مَنْ» مەۋسۇپ بولۇپ، «جاءَكَ» دېگەن جۈملە ئۇنىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەن .

ئالتىنچى پەسىل «المركبات»(بىرىككەن سۆز) : ئۇ ئارىسىدا تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بولمىغان ھالدا ئىككى كەلىمىدىن بىرىكتۈرۈلگەن ئىسىملاردۇر. مەسىلەن : «بَعْلَبَكُّ»(يۇرت نامى ) . بۇ ئىسىم «بَعْلَ» ۋە « بَكُّ » دىن ئىبارەت ئىككى ئىسىمدىن بىرىكتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تەۋەلىك مۇناسىۋىتى يوق . ئەمما، «عبد الله» دېگەن ئىسىمنى بىرىكتۈرۈشتە «عبد » دېگەن ئىسىمنى «الله» دېگەن ئىسىمغا تەۋە قىلىپ بېرىش بولغانلىقتىن ئۇ بىز دەۋاتقان مۇرەككابات ھېسابلانمايدۇ .

ئەگەر، (بۇ ئىككى كەلىمىنىڭ) ئىككىنچىسى ھەرپىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالسا ئۇ ئىككىسىنىڭ فەتھەگە مەبنى بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ . مەسىلەن : «أَحَدَ عَشَرَ» دىن «تِسْعَةَ عَشَرَ» گىچە، لېكىن «إِثْني عَشَرَ» بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ ئۇ تەسنىگە ئوخشاش ئېئراب بېرىلگۈچىدۇر.

> فصل المركبات كل اسم رُكب من كلمتين ليستْ بينهما نسبةٌ فان تضمن الثاني حرفا يجب بناؤُهما علي الفتح كأَحَدَ عَشَرَ إلى تِسْعَةَ عَشَرَ إلا إِثْني عَشَرَ فإنها معربة كالمثنى ، و إن لم يتضمن ذالك الحرفَ ففيها لُغَاتٌ أفصحُها بِنَاءُ الأولِ علي الفتح و إعرابُ الثاني غيرَ منصرفٍ كَبَعْلَبَكَّ نحو جاءني بَعْلَبَكُّ و رأيتُ بَعْلَبَكَّ ومررتُ بِبَعْلَبَكَّ .

ئەگەر، ئۇ (ئىككىنچى كەلىمە) ھەرپىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالماي قالسا بۇ ھەقتە ھەر خىل شىۋىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ پاساھەتلىكرەكى بىرىنچى كەلىمنى فەتھەگە مەبنى قىلىش، ئىككىنچىسىگە (غەيرىي مۇنسەرىفكە ئوخشاش) ئېئراب بېرىشتۇر. مەسىلەن : «جاءني بَعْلَبَكُّ»؛ «رأيتُ بَعْلَبَكَّ»؛ «مررتُ بِبَعْلَبَكَّ» .

يەتتىنچى پەسىل «الكنايات»(كىنايە) : ئۇ «كَمْ وكَذَا» قاتارلىق مۇبھەم سانلارغا ياكى «كَيْتَ و ذَيْتَ» قاتارلىق مۇبھەم سۆزلەرگە دالالەت قىلىدىغان سۆزلەردۇر. مەسىلەن : «كَمْ رَجُلًا عندَك؟»؛ «أعطاه كَذَا دِرْهَمًا»؛ «قال زيدٌ كَيْتَ كَيْتَ» (زەيد ئۇنى ـ بۇنى دەپ كەتتى)؛ «قُلْتُ لَهُ ذَيْتَ ذَيْتَ»(ئۇنىڭغا ئۇنى ـ بۇنى دېدىم) .

تەنبىھ : «كَمْ» ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: (بىرىنچىسى) ئىستىفھامىيە بولۇپ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسىم تەمىيزلىككە بىنائەن نەسبى ئوقۇلغۇچى مۇفرەت ئىسىمدۇر. مەسىلەن : «كَمْ رَجُلًا عندَك»•

(ئىككىنچىسى) خەۋەرىييە بولۇپ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسىم «كَمْ مَالٍ أَنْفَقْتُهُ» دېگەن جۈملىدىكىگە ئوخشاش مۇفرەت مەجرۇر بولىدۇ ياكى «كَمْ رِجَالٍ لَقِيتُهُمْ» دېگەن جۈملىدىكىگە ئوخشاش جەمئىي مەجرۇر شەكلىدە بولىدۇ . ئۇ «كم خبريةٌ» نۇرغۇن دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

> فصل الكنايات هي أسماء تدل على عدد مُبْهَمٍ و هى كَمْ و كَذَا أو حَدِيْثٍ مبهمٍ و هو كَيْتَ و ذَيْتَ .
>
> و اعلم أنَّ كَمْ على قسمينِ استفهاميةٌ و ما بعدها منصوبٌ مفردٌ علي التمييز نحو كَمْ رَجُلًا عندَكَ ، وخبريةٌ و ما بعدها مجرورٌ مفردٌ نحو كَمْ مَالٍ أَنفقتُهُ ، أو مجموعٌ نحو كَمْ رِجَالٍ لَقِيْتُهُمْ و معناه التكثيرُ . و تدخل مِنْ فيهما تقول كَمْ مِنْ رَجُلٍ لقيتَهُ و كَمْ مِنْ مَالٍ أنفقتَهُ . و قد يحذف التمييز لقيام قرينة نحو كَمْ مَالُكَ أي كَمْ دِيْنَارًا مَالُكَ ، و كَمْ ضربتُ أيْ كم ضربةً ضربتُ .

«كم استفهاميةٌ» ۋە «كم خبريةٌ» دىن ئىبارەت ھەر ئىككىلىسىنىڭ تەمىيزىنىڭ ئالدىغا گاھىدا «مِنْ» كېلىدۇ. مەسىلەن : «كَمْ مِنْ رَجُلٍ لقيتَهُ و كَمْ مِنْ مَالٍ أنفقتُهُ»•

گاھىدا قەرىنە بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ تەمىيزى ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن : «كَمْ مَالُكَ» ، يەنى «كَمْ دِيْنَارًا مَالُكَ» ئىدى . «كَمْ ضربتُ» بۇنىڭ ئەسلىيسى «كم ضربةً ضربتُ» ئىدى.

تەنبىھ : ھەقىقەتەن «كَمْ» (ئىستفھامى ۋە خەۋەرىدىن ئىبارەت) ھەر ئىككى خىل ھالەتتە ئىشلىتىلگەندە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭ زەمىرىغا ئەمەل قىلىشقا يۈزلىنىۋالمىغان ھالەتتىكى پېئىل كەلسە، «كم رجلا ضربتُ و كم غلامٍ ملكتُ» دېگەنگە ئوخشاش (پېئىل «مفعول به» نى تەقەززا قىلغاندا) ئۇ «مفعول به» بولغان ئاساستا نەسىبلىك بولىدى دەپ قارىلىدۇ ۋە «كم ضربةً ضربتَ»؛ «كم ضربةٍ ضربتُ» دېگەنگە ئوخشاش (پېئىل «المفعول المطلق» نى تەقەززا قىلغان) ئەھۋالدا مەسدەر بولغان ئاساستا نەسىبلىك دەپ قارىلىدۇ «كم يَوْمًا سِرْتَ»؛ «كم يَوْمًا صُمْتُ» دېگەنگە ئوخشاش (پېئىل «مفعول فيه» نى تەقەززا قىلغان) ئەھۋالدا «مفعول فيه» بولغان ھالدا نەسىبلىك دەپ قارىلىدۇ.

ئەگەر، «كَمْ» نىڭ ئالدىدا جەر ھەرپى بولسا ياكى مۇزاپ بولسا ئۇ مەجرۇر دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن : «بِكَمْ رجلاً مررتَ»؛ «عَلى كم رجلٍ حَكَمْتُ»؛ «غلامَ كَمْ رجلا ضربتَ»؛ «مالَ كَمْ رجلٍ سلبتُ».

و اعلم أن كم في الوجهين يقع منصوبا إذا كان بعده فعلٌ غير مشتغل عنه بضميره نحوكم رجلا ضربتُ و كم غلامٍ ملكتُ ، مفعولا به و نحو كم ضربةً ضربتَ و كم ضربةٍ ضربتُ ، مصدرًا و كم يَوْمًا سِرْتَ ، و كم يَوْمٍ صُمْتُ ، مفعولا فيه و مجرورًا إذا كان قبله حرفُ جرٍ أو مضافٌ نحو بِكَمْ رجلاً مررتَ ، و عَلى كم رجلٍ حَكَمْتُ ، و غلامَ كَمْ رجلا ضربتَ ، و مالَ كَمْ رجلٍ سلبتُ ، و مرفوعًا إذا لم يكن شيئًا من الأمرَين مبتدأً إن لم يكن ظرفا نحو كم رجلا أخوك و كم رجلٍ ضربتُهُ ، و خبرا إن كان ظرفا نحو كم يومًا سَفَرُكَ ، و كم شهرٍ صَوْمِي .

ئەگەر، يۇقىرىقى (نەسىبلىك ۋە جەرلىك بولۇشتىن ئىبارەت) ھەر ئىككىلىسىلا بولمىسا ۋە زەرىپ بولمىسا مۇبتەدا بولغان ھالدا رەفئىلىك ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن : «كم رجلا أخوك»؛ «كم رجلٍ ضربتُهُ» .

ئەگەر زەرىپ بولۇپ قالسا خەۋەر بولغان ھالدا (رەفئىلىك بولىدۇ) مەسىلەن: «كم يومًا سَفَرُكَ»؛ «كم شهرٍ صَوْمِي».

تەنبىھ : «كم» مەبنى ئىسىم بولغانلىقتىن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ رەفئىلىكى، نەسىبلىكى ۋە جەرلىكى مەھەللەن بولىدۇ.

سەككىزىنچى پەسىل «الظروفُ المبنيةُ» (مەبنى رەۋىشلەر) : مەبنى زىرىۋپلار بىر قانچە قىسىم (ئون ئۈچ قىسىم) بولىدۇ .

بىرىنچىسى، «المضافُ إليه» نى ھەزىپ قىلىش سەۋەبىدىن ئىزاپەتتىن ئۈزۈلگەن «قَبْلُ، و بَعْدُ ، و فَوْقُ ، و تَحْتُ» قاتارلىقلارغا ئوخشاش زەرىپلەردۇر. مەسىلەن: ﴿للّهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلُ و مِنْ بَعْدُ﴾ . بۇنىڭ ئەسلىسى «للّهِ الْأَمْرُ مِنْ قبلِ كلِ شيئ و مِن بعدِ كلِ شيئ» بولۇپ، بۇ يەردىكى «قبلِ» ۋە «بعدِ» دېگەن زەرىپلەر ئۆزىدىن كېيىنكى «المضافُ إليه» نىڭ ھەزىپ قىلىنىشى سەۋەبىدىن ئىزاپەتتىن ئۈزۈلۈپ زەممىگە مەبنى بولۇپ قالغان. (ئۇلارنى مەبنى قىلىشتىن ئىبارەت) بۇ ئىش مۇتەكەللىم «المضافُ إليه» نى مەقسەتلىك ھالدا ھەزىپ قىلىۋەتكەندە (شۇنداق) بولىدۇ. ئەگەر، ئۇنداق بولماي ئۇنتۇپ قېلىش سەۋەبىدىن ھەزىپ قىلىنغان بولسا «المضافُ إليه» بارلىقى مەقسەت قىلىنمىسا ئۇلار مۇئرەب بولىدۇ . شۇڭا، يۇقىرىقى ئايەت ﴿للّهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلٍ و مِنْ بَعْدٍ﴾ دەپمۇ ئوقۇلىدۇ. بۇنداق ئىزاپەتتىن ئۈزۈلگەن زەرىپلەر «الغاياتُ» دەپ ئاتىلىدۇ.

فصل الظروفُ المبنيةُ على أقسام .

منها ما قُطِعَ عن الإضافة بأنْ حُذِفَ المضافُ إليه كقَبْلُ ، و بَعْدُ ، و فَوْقُ ، و تَحْتُ ،قال اللّٰه تعالي ﴿للّهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلُ و مِنْ بَعْدُ﴾ الروم٤ أي مِن قبلِ كلِ شيئ و مِن بعدِ كلِ شيئ. هذا إذا كان المحذوف مَنْوِيًّا للمتكلم و إلا لَكانتْ معربةً. و على هذا قرئ ﴿ للّهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلٍ و مِنْ بَعْدٍ ﴾ . وتسمى الغاياتِ .

ئىككىنچىسى، كۆپىنچە ھاللاردا جۈملىگە مۇزاپ بولۇپ كېلىشتىن خالىي بولالمىغانلىقتىن «الغاياتُ» لارغا ئوخشىتىلىپ مەبنى قىلىنغان «حَيْثُ» دۇر. مەسىلەن : ﴿سَنَسْتَدْرِجُهُمْ مِنْ حَيْثُ لا يَعْلَمُوْنَ﴾ (تۇيدۇرماستىن ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىمىز).

ئۇ گاھىدا مۇفرەتكە مۇزاپ بولۇپمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن : «أمَا ترى حَيث سُهَيْلٍ طالعًا »(سۇھەيىنىڭ ئۆز ئورنىغا چىققانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟).

و منها حَيْثُ بُنِيَتْ تَشْبِيْهًا لها بالغايات لملازمتها الإضافةَ إلي الجملة في الأكثر . قال الله تعالى ﴿سَنَسْتَدْرِجُهُمْ مِنْ حَيْثُ لا يَعْلَمُوْنَ﴾ الأعراف١٨٢ . و قد يضاف إلى المفرد كقول الشاعر. شعر : أمَا ترى حَيث سُهَيْلٍ طالعًا أي مكانَ سهيلٍ فحَيْثُ هذا بمعنى مكانٍ .و شرطه أن يضاف إلى الجملة نحو إجلسْ حيث يجلس زيد .

و منها إذَا و هى للمستقبل و إذا دخلتْ على الماضي صارَ مستقبلا نحو ﴿إذَا جَاءَ نَصْرُ اللهِ﴾ . و فيها معنى الشرط و يجوز أنْ تقع بعدها الجملةُ الاسميةُ نحو آتِيْكَ إذَا الشمسُ طالعةٌ ، و المختارُ الفعليةُ نحو آتِيْكَ إذا طلعتْ الشمسُ . و قد تكون للمفاجاة فيختار بعدها المبتدأُ نحو خرجتُ فإذا السبُعُ وَاقِفٌ .

«حَيْثُ» نىڭ (مەبنى بولۇشىنىڭ) شەرتى ئۇنىڭ «إجلسْ حيث يجلس زيد» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىگە مۇزاپ بولۇپ كېلىشىدۇر . شۇ سەۋەبتىن مۇفرەتكە مۇزاپ بولغان «حَيْثُ» نى بەزىلەر مۇئرەب قىلىمىز دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇ مەبنى بولغان «حَيْثُ» غا شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشاپ قالغانلىقتىن بۇنىمۇ شۇنىڭغا قېتىپ مەبنى قىلىمىز دەپ قارىغان بولۇپ مۇشۇ خىل قاراش مەشھۇرراقتۇر.

ئۈچىنچىسى، «إذَا» بولۇپ بۇ كېلەچەك زامان ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر، ئۇ مازىينىڭ ئالدىغا كەلسە (ئۇنىڭ مەنىسى) كېلىدىغان زامان (مەنىسىگە) ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن : ﴿إذَا جَاءَ نَصْرُ اللهِ﴾ .

ئۇ «إذَا» دا شەرت مەنىسىمۇ بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن «آتِيْكَ إذَا الشمسُ طالعةٌ» دېگەنگە ئوخشاش ئىسمىلىق جۈملىنىڭ كېلىشى دۇرۇس بولسىمۇ، شۇنداقتىمۇ پېئىللىق جۈملىنىڭ كېلىشى ياخشى سانىلىدۇ. مەسىلەن : «آتِيْكَ إذا طلعتْ الشمسُ».

ئۇ گاھىدا ئۇشتۇمتۇتلۇق (مەنىسى ئىپادىلەش) ئۈچۈنمۇ كېلىدۇ ـ دە ئۇنىڭدىن كېيىن مۇبتەدانىڭ كېلىشى ياخشى سانىلىدۇ . مەسىلەن : «خرجتُ فإذا السَبُعُ وَاقِفٌ».

ئۆتىنچىسى ، «إِذْ» بولۇپ بۇ ئۆتكەن زامان ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ . (ئەگەر ئۇ كېلەچەك زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالسىمۇ ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆتكەن زامان مەنىسىگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ) ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىيە ۋە پېئىلىييەدىن ئىبارەت ئىككى خىل جۈملە كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن: «جِئْتُكَ إِذْ طلعتْ الشمسُ»؛ «إِذْ الشمسُ طالعةٌ».

بەشىنچىسى، «أينَ و أنّى» بولۇپ، بۇلار «أينَ تمشى»؛ «أنّى تقعدُ» دېگەنگە ئوخشاش ئىستىفهام مەنىسى بىلەن (بىرلىشىپ كەتكەن) ئورۇن (مەنىسى ئىپادىلەش) ئۇچۇن ياكى «أينَ تَجلِسْ أجلِسْ»؛ «أنّى تقمْ أقُمْ» دېگەنگە ئوخشاش شەرت مەنىسى بىلەن (بىرلىشىپ كەتكەن) ئورۇن (مەنىسىنى ئىپادىلەش) ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ .

ئالتىنچىسى، «مَتى» بولۇپ بۇ شەرت ياكى ئىستىفهام (مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) زامان (مەنىسىنى ئىپادىلەش) ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «مَتى تَصُمْ أصُمْ»؛ «مَتى تُسافِرُ؟» .

يەتتىنچىسى، «كَيفَ» بولۇپ بۇ هال سوراش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «كَيفَ أنت»، بۇ «في أيِّ حالٍ أنت» دېگەنلىك بولىدۇ.

| |
|---|
| و منها إذْ و هي للماضي و تقع بعدها الجملتانِ الاسميةُ و الفعليةُ نحو جِئْتُكَ إذْ طلعتْ الشمسُ و إذْ الشمسُ طالعةٌ. |
| ومنها أينَ وأنّى للمكان بمعنى الاستفهام نحو أينَ تمشى،و أنّي تقعدُ .و بمعني الشرط نحو أينَ تَجْلِسْ أجلِسْ،وأنّيتقمْ أقُمْ . |
| و منها مَتى للزمان شرطا أو استفهاما نحو مَتي تَصُمْ أصُمْ ، و مَتي تُسافِرُ ؟ . |
| و منها كَيْفَ للاستفهام حالًا نحو كَيْفَ أنت أيْ في أيِّ حالٍ أنت . |
| و منها أيّانَ للزمان استفهامًا نحو﴿يَسْئَلُونَ أَيَّانَ يَوْمُ الدِّينِ﴾ الذاريات١٢ . |

سەككىزىنچىسى، «أيّانَ» بولۇپ بۇ ۋاقىتنى سوراش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿يَسْئَلُونَ أَيَّانَ يَوْمُ الدِّينِ﴾.

بۇنىڭ بىلەن «مَتى» نىڭ ئاساسلىق پەرقى ئۇ كېلەچەك زامان ئۇچۇن ۋە چوڭ ئىشلار ئۇچۇنلا ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما «مَتى» بولسا ھەممىگە ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.

توققۇزىنچىسى، «مُذْ ، مُنْذُ» بولۇپ بۇلار «مَتى» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولالىسا دەسلەپكى ۋاقىت مەنىسىدە بولىدۇ . مەسىلەن : «زەيدنى قاچاندىن بېرى كۆرمىدىڭ؟» دەپ سورىغان كىشىگە جاۋابەن «ما رأيتُهُ مُذْ يومِ الجمعةِ»؛ «ما رأيتُهُ مُنْذُ يومِ الجمعةِ»(مەن ئۇنى جۈمە كۈنىدىن باشلاپ كۆرمىدىم) دەپ جاۋاب بەرگىنىڭىزگە ئوخشاش.

ئەگەر، ئۇلار «كَمْ» دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلەلىسە ئومۇمىي مۇددەت مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «سىزنىڭ زەيدنى كۆرمىگىنىڭىزگە قانچىلىك بولدى؟» دەپ سورىغان كىشىگە جاۋابەن «ما رأيتُهُ مُذْ يومانِ» (مېنىڭ ئۇنى كۆرمىگىنىمگە ساق ئىككى كۈن بولدى) دەپ جاۋاب بەرگىنىڭىزگە ئوخشاش.

ئونىنچىسى، «لَدى ، لَدُنْ» بولۇپ بۇلار «عندَ» (يېنىدا) دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «المَالُ لَدَيْكَ» .

«مُذْ ، مُنْذُ» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىسىم جەر ھەرپى بولغان «مُذْ ، مُنْذُ» غا ئوخشاپ قالغانلىقتىن مەبنى قىلىنغان .

بۇ ئىككىسىنىڭ «عندَ» بىلەن بولغان ئاساسلىق پەرقى «عندَ» دە يېنىدا بولۇش شەرت قىلىنمايدۇ. شۇڭا ئۆيىدىكى پۇلنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ «عندَي عشرونَ درهمًا» دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما «لَدى ، لَدُنْ» لاردا يېنىدا بولۇش شەرت قىلىنىدۇ شۇڭا ئۆيىدىكى پۇلنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ «لَدى عشرينَ درهمًا» دېيىشكە بولمايدۇ .

و منها مُذْ ، و مُنْذُ ، بمعنى أولِ المدة إن صَلَحَ جوابا لِمَتى نحو ما رأيتُهُ مُذْ أو مُنْذُ يومِ الجمعةِ ، في جواب مَن قال مَتى ما رأيتَ زيدا أيْ أول مدة انقطاعِ رويتي إياه يومُ الجمعةِ . و بمعنى جميع المُدَّةِ إنْ صلحَ جوابا لِكَمْ نحو ما رأيتُهُ مُذْ أو مُنْذُ يومانِ في جواب مَن قال كَمْ مُدَّةً ما رأيتَ زيدا ، أي جميع مدة ما رأيتُهُ يومانِ .

و منها لَدى ، و لَدُنْ ، و هما بمعنى عندَ ،نحو المَالُ لَدَيْكَ. و الفرق بينهما أنَّ عِنْدَ لا يشترط فيه الحضورُ و يشترط ذالك في لَدى ، و لَدُنْ . و جاء فيه لغَاتٌ أُخَرُ لَدْنِ ، و لُدْنَ ، و لُدْنِ ، و لَدَنْ ، و لَدْ ،و لُدْ ، و لُدُ .

و منها قَطُّ للماضي المنفى نحو ما رأيتُه قَطُّ .

و منها عَوْضُ للمستقبل المنفى نحو لا أَضربُهُ عَوْضُ .

بۇئىككىسى يۇقىرىقىدىن باشقا تۆۋەندىكى شەكىللەردىمۇ سۆزلىنىدۇ. «لَدْنِ،وُلدْنَ،و لُدْنِ، و لَدَنْ، و لَدْ، و لُدْ ، و لُدُ».

ئون بىرىنچىسى، «قَطُّ» بولۇپ، بۇ مەنپىي قىلىنغان مازى ئۆچۈن ئىشلىتىلىپ ئومۇمىي مۇددەت مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن : «ما رأيتُه قَطُّ»(مەن ئۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان) .

ئون ئىككىنچىسى، «عَوْضُ» بولۇپ بۇ نەفى قىلىنغان مۇستەقبەل ئۆچۈن ئىشلىتىلىپ ئومۇمىي مۇددەت مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : «لا أَضربُهُ عَوْضُ»(مەن ئۇنى ھەرگىز ئۇرمايمەن) .

تەنبىھ : (يۇقىرىدا سانالغان مەبنى زۇرۇپلاردىن باشقا) مۇئرەب زۇرۇپلارمۇ جۇملىگە ياكى «إِذْ» غا مۇزاپ

قىلىنسا ئۇلارنى فەتھەگە مەبنى قىلىش دۇرۇس. مەسىلەن : ﴿هذَا يَوْمَ يَنْفَعُ الصّدِقِيْنَ صِدْقُهُمْ﴾؛ «يَوْمَئِذٍ و حِيْنَئِذٍ».

و اعلم انه إذا أضيف الظروف إلي الجملة أوْ إلى إذْ جازَ بناؤُها على الفتح كقوله تعالى﴿ هذَا يَوْمَ يَنْفَعُ الصّدِقِيْنَ صِدْقُهُمْ ﴾ المائدة١١٩، و كَيَوْمَئِذٍ و حِيْنَئِذٍ و كذالك مثلُ و غيرُ مع ما ، و أنْ ، و أنَّ ، تقول ضربتُهُ مثلَ ما ضربَ زيدٌ و مثلَ أنْ ضربَ زيدٌ و غيرَ أنَّ ضربَ زيدٌ . و منها أمْسِ بالكسر عند أهل الحجاز .

يەنە شۇنىڭدەك «ما ، و أنْ ، و أنَّ» قاتارلىق ھەرپلەر بىلەن بىرگە كەلگەن «مثلُ» ۋە «غيرُ» قاتارلىقلارنىمۇ فەتھەگە مەبنى قىلىش دۇرۇس. مەسىلەن : «ضربتُهُ مثلَ ما ضربَ زيدٌ»؛ « ضربتُهُ غيرَ أنَّ ضربَ زيدٌ»؛ « ضربتُهُ مثلَ أنْ ضربَ زيدٌ».

ئون ئۈچىنچىسى، «أمْسِ» بولۇپ، بۇ ۋاقىتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . ھىجاز شىۋىسىدە كەسرەگە مەبنى قىلىنىدۇ.

ئىسىملارنىڭ مۇئرەب ۋە مەبنى بولۇش جەھەتتىكى ھۆكۈملىرى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى. تۆۋەندە ئۇنىڭ باشقا جەھەتتىكى ھۆكۈملىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

## بىرىنچى بابنىڭ خاتىمىسى

بىرىنچى بابنىڭ خاتىمىسى ئىسىملارنىڭ ۋە ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان كەلىمىلەرنىڭ مۆئرەب ۋە مەبنى بولۇشتىن باشقا جەھەتتىكى ھۆكۈملىرى ھەققىدە بولۇپ، بۇ خاتىمىدە بىر قانچە پەسىل بار.

بىرىنچى پەسىل «المعرفة و النكرةُ» (ئېنىق ۋە ئېنىقسىز ئىسىملار) : ئىسىملار مەرىفە ۋە نەكىرىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ .

> و الخاتمة في سائر أحكام الاسم ولواحقه غير الإعراب والبناء وفيها فصول .
>
> فصل اعلم أنَّ الاسم على قسمين معرفةٌ ونكرة المعرفة اسم وضع لشيئ معينٍ و هى ستة أقسامٍ المضمراتُ و الاعلامُ و المبهماتُ أعْني أسماءَ الإشاراتِ و الموصولاتِ و المعرفُ باللام و المضافُ إلى احدها إضافةً معنويةً و المعرفُ بالنداءِ .
>
> و العلم ما وضع لشيئ معين لا يتناول غيرَه بوضعٍ واحدٍ و أعْرَفُ المعارفِ المضمرُ المتكلمُ نحو أَنَا و نَحْنُ ، ثم المخاطبُ نحو أنتَ ، ثم الغائبُ نحو هُوَ ، ثم العَلَمُ ، ثم المبهماتُ ، ثم المعرفُ باللام،ثم المعرفُ بالنداء،والمضافُ في قوة المضاف إليه.
>
> و النكرةُ ما وضع لشيئ غير معينٍ كرجلٍ و فرسٍ.

مەرىفە دېگىنىمىز، مۇئەييەن بىر نەرسىنى (ئىپادىلەش) ئۈچۈن تەيىنلەنگەن ئىسىمدۇر. ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئالتە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ . (بىرىنچىسى) زىمىرلار ، (ئىككىنچىسى ) خاس ئىسىملار، (ئۈچىنچىسى ) مۇبھەم ئىسىملار، يەنى ئىشارەت ئىسىملىرى ۋە ئىسىم مەۋسۇل قاتارلىقلار ، (تۆتىنچىسى) «ال» بىلەن مەرىفە قىلىنغان ئىسىملار، (بەشىنچىسى) يۇقىرىقىلاردىن بىرەرىگە مەنىۋى تەرىقىدە مۇزاپ قىلىنغان ئىسىملار، (ئالتىنچىسى) چاقىرىش بىلەن مەرىفە بولغان ئىسىملاردىن ئىبارەت .

ئەلەم (خاس ئىسىم) دېگىنىمىز، مۇئەييەن بىر نەرسە ئۈچۈن بىر تەيىنلەشتىلا باشقا نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە تەيىنلەنگەن ئىسىمدۇر. مەسىلەن : «زيد» دېگەنگە ئوخشاش، بۇ ئىسىم شۇ كىشىگە تۇنجى قويۇلغاندا شۇ كىشىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغۇدەك دەرىجىدە پەقەت شۇ كىشى ئۈچۈنلا خاس قىلىپ تەيىنلەنگەن ۋە شۇ بىر قېتىملىق تەيىنلەشتە شۇ كىشىنىلا كۆرسەتكەن . ئەمما، بۇ ئىسىم ئىككىنچى قېتىم باشقا بىرىگە تەيىنلەنگەن بولسا بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تەيىنلىنىشى بولغانلىقتىن ئۇ ئىسىم بىر تەيىنلەش بىلەن مۇئەييەن ئىككى نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېسابلانمايدۇ.

دېمەك، ئەلەم دېگىنىمىز، مۇئەييەن نەرسىنىڭ خاس نامىدىن ئىبارەتتۇر.

مەرىفىلەرنىڭ ئەڭ مەرىفىرەكى «أَنَا و نَحْنُ» دېگەنگە ئوخشاش مۇتەكەللىم زىمىر، ئۇنىڭدىن كېيىن «أنتَ» دېگەنگە ئوخشاش مۇخاتەب زىمىر، ئۇنىڭدىن كېيىن «هُوَ» دېگەنگە ئوخشاش غائىب زىمىر، ئاندىن ئەلەم ئىسىملار، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇبھەم ئىسىملار، ئۇنىڭدىن كېيىن «ال» بىلەن مەرىفە قىلىنغان ئىسىملار، ئۇنىڭدىن كېيىن نىدا بىلەن مەرىفە قىلىنغان ئىسىملاردۇر. مۇزاپىنىڭ مەرىفىلىك دەرىجىسى مۇزاپۇن ئىلەيىنىڭ مەرىفىلىك دەرىجىسىگە ماس ھالدا بولىدۇ. مەسىلەن : مۇتەكەللىمنىڭ زىمىرىغا مۇزاپ بولغان ئىسىم مۇخاتەبنىڭ زىمىرىغا مۇزاپ بولغان ئىسىمدىن مەرىفىرەك بولىدۇ، مۇخاتەبنىڭ زىمىرىغا مۇزاپ بولغان ئىسىم غائىبنىڭ زىمىرىغا مۇزاپ بولغىنىدىن مەرىفىرەك بولىدۇ. قالغانلىرىمۇ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بولىدۇ .

نەكىرە دېگىنىمىز، مۇئەييەن بولمىغان نەرسە ئۈچۈن تەيىنلەنگەن ئىسىمدۇر. مەسىلەن : «رجلٌ»؛ «فرسٌ».

ئىككىنچى پەسىل«أسماء العدد» (سانلار) : «أسماء العدد» دېگىنىمىز، شەيئىلەرنىڭ سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن ئىسىمدۇر . ئەرەب تىلىدىكى سانلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كەلىمىلەر ئون ئىككى خىل كەلىمە بولۇپ، ئۇلار «واحدةٌ» دىن «عشرةٍ» غىچە ئون كەلىمە ۋە «مائةٌ و ألفٌ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

فصل أسماء العددِ ما وُضِعَ ليدل على كمية أحاد الأشياء . و أصولُ العدد إثْنَتَا عَشَرَةَ كلمةً واحدةٌ إلى عشرةٍ و مِائةٌ و ألفٌ . و استعمالُهُ مِنْ واحدٍ إلى إثْنَيْنِ على القياسِ أعنى للمذكر بدون التاء و للمؤنث بالتاء تقول في رجلٍ واحدٌ و في رجلينِ إثنانِ و في إمرأةٍ واحدةٌ و في امرأتينِ اثنتانِ و ثنتانِ، و مِنْ ثلثةٍ إلى عشرةٍ على خلاف القياسِ أعنى للمذكر بالتاء تقول ثلثة رجالٍ إلى عشرة رجالٍ و للمؤنث بدونِها تقول ثلث نسوةٍ إلى عشر نسوةٍ .

سانلارنىڭ بىردىن ئىككىگىچە ئىشلىتىلىشى قائىدىگە ئۇيغۇن ھالدا بولىدۇ، يەنى مۇزەككەر ئۈچۈن «ةٌ» سىز، مۇئەننەس ئۈچۈن «ةٌ» بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : بىر ئەرنى ئىپادىلىمەكچى بولسىڭىز «واحدٌ» دەيسىز ، ئىككى ئەرنى ئىپادىلىمەكچى بولسىڭىز «إثنانِ» دەيسىز، بىر ئايالنى ئىپادىلىمەكچى بولسىڭىز« واحدةٌ » دەيسىز، ئىككى ئايالنى ئىپادىلىمەكچى بولسىڭىز «اثنتانِ و ثنتانِ» دەيسىز. ئۈچتىن ئونغىچە سانلارنىڭ ئىشلىتىلىشى يۇقىرىقى قائىدىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، يەنى «ثلثة رجالٍ إلى عشرة رجالٍ» دېگەنگە ئوخشاش مۇزەككەر ئۈچۈن «ة» بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، مۇئەننەس ئۈچۈن «ثلث نسوةٍ إلى عشر نسوةٍ» دېگەنگە ئوخشاش «ة» سىز ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئوندىن ئون توققۇزغىچە «أَحدَ عشرَ رجلا و إِثْنَا عشرَ رجلا و ثلثَةَ عشرَ رجلا إلى تسعةَ عشرَ رجلا و إِحدي عشرةَ إمرأةً و إِثْنَتَا عشرةَ إمرأةً و ثلثَ عشرةَ إمرأةً إلى تسعَ عشرةَ امرأةً» دەيسىز، ئون توققۇزدىن توقسانغىچە «عِشْرُوْنَ رجلا وعشرونَ امرأةً - تِسْعِيْنَ رجلا و تِسْعِيْنَ إمرأةً» دەپ ئەر - ئايالنى پەرقلەندۇرمەي سۆزلەيسىز ، يەنە «أَحَدٌ وعشرونَ رجلا و إِحدى وعشرونَ إمرأةً» دىن تاكى «تِسْعَةٍ و تِسْعِيْنَ رجلا و تسعٍ و تسعينَ إمرأةً» غىچىلىك يۇقىرىقىدەك سانايسىز. ئۇنىڭدىن كېيىن «مائةُ رجلٍ و مِائةُ إمرأةٍ و أُلفُ رجلٍ و أَلفُ امرأةٍ و مِائتا رجلٍ و مِائتا امرأةٍ و أُلْفَا رجلٍ و أُلْفَا امرأةٍ» دەپ ئەر - ئايالنى پەرقلەندۇرمەي سۆزلەيسىز.

يۈز ۋە مىڭدىن ئاشقان سانلار يۇقىرىدا سىز تونۇشقان قائىدە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ .

و بعد العشرة تقول أَحدَ عشرَ رجلا و إِثْنَا عشرَ رجلا و ثلثَةَ عشرَ رجلا إلى تسعةَ عشرَ رجلا و إِحدي عشرةَ إمرأةً و إِثْنَتَا عشرةَ إمرأةً و ثلثَ عشرةَ إمرأةً إلى تسعَ عشرةَ امرأةً. و بعد ذالك تقول عِشْرُوْنَ رجلا و عشرونَ امرأةً بلا فَرْقٍ بين المذكرِ و المؤنث إلى تِسْعِيْنَ رجلا و إمرأةً و أَحَدٌ و عشرونَ رجلا و إِحدى وعشرونَ إمرأةً و اثنانِ و عشرون رجلا و إثنتانِ و عشرون امرأةً و ثلثةٌ و عشرونَ رجلا و ثلثٌ و عشرون امرأةً إلى تِسْعَةٍ و تِسْعِيْنَ رجلا و تسعٍ و تسعينَ إمرأةً ثم تقول مائةُ رجلٍ و مِائةُ إمرأةٍ و أَلفُ رجلٍ و أَلفُ امرأةٍ و مِائتا رجلٍ و مِائتا امرأةٍ و أُلْفًا رجلٍ و أُلْفًا امرأةٍ بلا فرقٍ بين المذكرِ و المؤنث فإذا زادَ على المائة و الألف يستعمل على قياسِ ما عرفتَ .

و يُقَدَّمُ الألفُ على المائة و المائةُ على الأحادِ والأحادُ على العشرات تقول عندي أُلْفٌ ومائةٌ و أَحَدٌ وعشرونَ رجلا،و ألفانِ و مائتانِ و إثنانِ و عشرونَ رجلا ، و أربعةُ آلافٍ و تِسْعُمائةٍ و خمسٌ و أربعونَ إمرأةً. و عليك بالقياس .

مىڭلار خانىسى يۈزلەر خانىسىدىن ئىلگىرى، يۈزلەر خانىسى بىرلەر خانىسىدىن ئىلگىرى، بىرلەر خانىسى ئونلار خانىسىدىن ئىلگىرى كېلىدۇ . مەسىلەن : «عندي أُلْفٌ ومِائةٌ و أَحَدٌ وعشرونَ رجلا،و ألفانِ ومِائَتانِ و إثنانِ وعشرونَ رجلا، و أربعةُ آلافٍ و تِسْعُمِائَةٍ وخمسٌ و أربعونَ إمرأةً». قالغانلىرىنى مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ.

تەنبىھ : بىر ۋە ئىككىدىن ئىبارەت ساناق سانغا تەمىيز قوللىنىلمايدۇ. چۈنكى، سانالغۇچىنى سۆزلەشنىڭ ئۆزى (كىشىنى) سانىنى تىلغا ئېلىشتىن بىھاجەت قىلىدۇ . مەسىلەن : «عندي رجلٌ و رجلانِ». ئەمما، باشقا سانلار ئۈچۈن تەمىيزنىڭ كېلىشى زۆرۈر بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۈچتىن ئونغىچە بولغان سانلارنىڭ تەمىيزنى جەر ئوقۇلىدىغان جەمئىي شەكلىدە كەلتۈرۈپ «ثلثةُ رجالٍ و ثلثُ نسوةٍ» دەيسىز، لېكىن «المائة» تەمىيز بولۇپ

و اعلم أنَّ الواحد و الاثنينِ لا مُمَيِّزَ لهما لانَّ لفظ المُمَيِّزِ يغنى عن ذكر العدد فيهما تقول عندي رجلٌ و رجلانِ ، و أمَّا سائرُ الأعداد فلا بدَّ لها من مُمَيِّزٍ فتقول مُمَيِّزَ الثلثة إلى العشرةِ مخفوضٌ مجموعٌ تقول ثلثةُ رجالٍ و ثلثُ نسوةٍ إلا إذا كان المميز لفظَ المائة فحِيْنَئذٍ يكون مخفوضا مفردًا تقول ثلثُ مائةٍ و تسع مائةٍ و القياس ثلث مآتٍ أو مئِيْنَ . و مُمَيِّزُ احدَ عشرَ إلى تسعةٍ و تسعينَ منصوبٌ مفردٌ تقول أحدَ عشرَ رجلا و إحدى عشرةَ امرأةً و تسعة و تسعون رجلا و تسع و تسعون امرأةً و مميز مائةٍ و ألفٍ و تثنيتِهما و جمعِ الألف مخفوضٌ مفردٌ تقول مائةُ رجلٍ و مِائةُ امرأةٍ و ألفُ رجلٍ و ألفُ امرأةٍ و مِائَتا رجلٍ و مائَتا امرأةٍ و ألفَا رجلٍ و ألفَا امرأةٍ و ثلثةُ آلافِ رجلٍ و ثلثُ آلافِ امرأةٍ . و قِسْ على هذا .

كەلسە ئۇنى جەر ئوقۇلغۇچى مۇفرەت شەكلىدە كەلتۈرۈپ «ثلثُ مائةٍ و تسع مائةٍ» دەيسىز، قائىدە بويىچە بولغاندا ئۇنى «ثلث مآتٍ أو مئِيْنَ» دېيىشىڭىز كېرەك ئىدى .

ئون بىردىن توقسان توققۇزغىچە بولغان سانلارنىڭ تەمىيزنى نەسبى ئوقۇلغۇچى مۇفرەت شەكلىدە كەلتۈرۈپ «أحدَ عشرَ رجلا و إحدى عشرةَ امرأةً و تسعة و تسعون رجلا و تسع و تسعون امرأةً» دەيسىز.

يۈز ۋە مىڭنىڭ، بۇلارنىڭ تەسنىلىرىنىڭ ۋە مىڭنىڭ جەمئىيسىنىڭ تەمىيزنى جەرلىك مۇفرەت شەكلىدە كەلتۈرۈپ «مائةُ رجلٍ و مائةُ امرأةٍ و ألفُ رجلٍ و ألفُ امرأةٍ و مائَتا رجلٍ و مائَتا امرأةٍ و ألفَا رجلٍ و ألفَا امرأةٍ و ثلثةُ آلافِ رجلٍ و ثلثُ آلافِ امرأةٍ» دەيسىز . قالغانلىرىنى مۇشۇنىڭغا قىياس قىلسىڭىز بولىدۇ.

ئۈچىنچى پەسىل «المذكر و المؤنثُ» (ئەرلىك ۋە ئاياللىق جىنسى تۈرىدىكى ئىسىملار) : ئىسىم مۇزەككەر ياكى مۇئەننەس بولىدۇ.

مۇئەننەس دېگىنىمىز، ئۆزىدە لەۋزەن ياكى تەقدىرەن مۇئەننەسلىكنىڭ بەلگىسى بولغان ئىسىمدۇر، مۇزەككەر دېگىنىمىز، ئۇنىڭ ئەكسىدۇر. مۇئەننەسلىكنىڭ بەلگىسى ئۈچ بولۇپ (ئۇلار) «طلحةُ» دېگەندىكىگە ئوخشاش، «ةُ» ۋە «حُبْلى» دېگەندىكىگە ئوخشاش قىسقا ئوقۇلىدىغان ئەلىف، «حَمْرَاءَ» دېگەندىكىگە ئوخشاش سوزۇپ ئوقۇلىدىغان ئەلىف قاتارلىقلاردۇر. (بۇ ئۈچىدىن) تەقدىر قىلىنىدىغىنى پەقەت «ةُ» دۇر. مەسىلەن : «أرضٍ و دارٍ»، بۇلارنىڭ «أُرَيْضَةٌ و دُوَيْرَةٌ» دېگەن تەسغىر قىلىنغان ھالىتىدە «ةً» نىڭ بولغانلىقىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا «ةً» نى تەقدىر قىلىمىز.

مۇئەننەسكە كەلسەك ئۇ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

(بىرىنچىسى) ھەقىقي مۇئەننەس بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىدە جانلىقلارنىڭ ئەركىكى بار بولغان مۇئەننەستۇر . مەسىلەن : «امرأةٍ و ناقةٍ»، بۇلاردىكى ئايالنىڭ قارشى تەرىپىدە ئەر كىشى بار، چىشى تۆگىنىڭ قارشى تەرىپىدە ئەكەك تۆگە بار.

فصل الاسمُ إما مذكرٌ و إما مؤنثٌ فالمؤنثُ ما فيه علامةُ التأنيث لفظا أو تقديرا و المذكر ما بخلافه . و علامة التأنيث ثلثةٌ التاءُ كطلحةَ ، و الألفُ المقصورةُ كحُبْلى ، و الألفُ الممدودةُ كحَمْرَاءَ ، و المقدرةُ إنما هو التاءُ فقط كأرضٍ و دارٍ بدليل أُرَيْضَةٍ و دُوَيْرَةٍ .

ثم المؤنث على قسمينِ حقيقيٌّ و هو ما بإزائه ذكرٌ من الحيوانِ كامرأةٍ و ناقةٍ ، و لفظيٌّ و هو ما بخلافه كظلمةٍ و عينٍ ، و قد عرفتَ أحكامَ الفعل إذا أُسند إلى المؤنث فلا نعيدها .

(ئىككىنچىسى) لەۋزى مۇئەننەس بولۇپ، بۇ يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە (ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىدە ئەركىكى يوق مۇئەننەستۇر)، مەسىلەن : «ظُلْمَةٌ»؛ «عَيْنٌ»، بۇ ئىككىسى گەرچە لەۋزىدە مۇئەننەس بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە ئەركىكى يوق. شۇڭا، بۇ لەۋزى مۇئەننەس ھېسابلىنىدۇ.

مۇئەننەسلەرگە ئىسناد قىلىنغان پېئىلنىڭ ھۆكمىنى يۇقىرىدا ئىگىلەپ بولدىڭىز. شۇڭا، بۇ يەردە ئۇلارنى قايتا تىلغا ئالمايمىز.

تۆتنچى پەسل «الاسمُ المثنى» (ئىككىلىك شەكىلدىكى ئىسىملار) : تەسنى ئىسىم دېگىنىمىز، ئۆزىگە ئوخشاش نەرسىدىن يەنە بىرىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاخىرىغا ئەلىف ياكى ئالدى فەتھەلىك «ي» ۋە كەسرەلىك «ن» قوشۇلغان ئىسىمدۇر. مەسىلەن : «رجلان»؛ «رجلين». بۇ سەھىھنىڭ مىسالىدۇر، ئەمما مەقسۇر ئىسىملاردا ئەگەر ئەلىف «و» دىن يۆتكەلگەن بولسا ۋە (ئۇ ئىسىم) ئۈچ ھەرپلىك بولسا (ئۇ ئەلىف) ئەسلىگە قايتۇرۇلۇپ (ئاندىن تەسنى قىلىنىدۇ). مەسىلەن : «عصا» نى تەسنى قىلىشتا «عصوان» قىلىنغانغا ئوخشاش. ئەگەر، (ئۇ ئەلىف)«ي» دىن ياكى «و» دىن (يۆتكەلگەن) بولۇپ (ئۇ ئىسىم) ئۈچ ھەرپلىكتىن كۆپ بولسا ياكى (ئۇ ئەلىف) ھېچ نەرسىدىن يۆتكەلمىگەن (ئەسلىي ئەلىف بولسا ئۇنى «ي» غا يۆتكەيمىز . مەسىلەن : «رَحى» (تۈگمەن) نى تەسنى قىلىشتا ئەلىف «ي» دىن يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈن «رَحَيَان» دېگىنىمىزگە ئوخشاش، «مَلْهى» (كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبى) نى تەسنى قىلىشتا ئەلىفنىڭ «و» دىن يۆتكەلگەنلىگى ۋە ئۇ ئىسىمنىڭ ھەرپ سانىنىڭ ئۈچتىن ئارتۇق بولغانلىقى سەۋەبىدىن «مَلْهَيَان» دېگىنىمىزگە ئوخشاش ۋە «حُبارى» (ياۋا غاز) دېگەن سۆزنى ۋە «حُبْلى» دېگەن سۆزنى تەسنى قىلىشتا ئەلىف ئەسلى ھەرپ بولغانلىقتىن «حُبارَيان» ۋە «حَبْليان» دېگىنىمىزگە ئوخشاش . ئەمما، سوزۇپ ئوقۇلىدىغان ئىسىملاردىكى ھەمزە ئەسلىي ھەرپ بولسا ئۆز ھالىدا قالىدۇ. مەسىلەن : «قُرّاء» نى تەسنى قىلىشتا «قُرّاان» دېگىنىمىزگە ئوخشاش . ئەگەر، ئۇ ھەمزە مۇئەننەسنىڭ ھەمزىسى بولسا «و» غا يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن : «حمراءَ» نى تەسنى قىلىشتا «حَمْراوانِ» دېگىنىمىزگە ئوخشاش .

ئەگەر، ئۇ ھەمزە «و» ياكى «ي» ھالىتىدىكى ئەسلىي ھەرپلەردىن يۆتكەلگەن بولسا (ھەمزىنى ئۆز پېتى قويۇپ تەسنى قىلىش ياكى ئۇلارنى ئەسلىي ھەرپلەرگە يۆتكەپ ئاندىن تەسنى قىلىشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل ئۇسۇل دۇرۇس بولىدۇ . مەسىلەن : ئەسلىسى «كساوٌ» بولغان «كساءٌ»(كىيىم) نى تەسنى قىلىشتا «كساوان» ياكى «كساءَآن» قىلغىنىمىزغا، ئەسلىيسى «ردايٌ» بولغان «رداءٌ»(يەكتەك) نى تەسنى قىلىشتا «رِداءَآنِ» ياكى «رِداوَانِ» دېگىنىمىزگە ئوخشاش .

فصل المثنى اسمٌ أُلْحِقَ بآخره ألفٌ أو ياء مفتوحٌ ما قبلها و نونٌ مكسورةٌ ليدل على أنَّ معه آخرَ مثلَه نحو رجلانِ و رجلينِ هذا في الصحيح أما المقصورُ فان كانت ألفه منقلبةً عن واوٍ و كان ثلاثيا رُدَّ إلى أصله كعصوانِ في عصا ، و إن كانت عن ياءٍ أو واوٍ و هو أكثر مِن الثلاثى أو ليستْ منقلبةً عن شيء تُقلَب ياءً كرَحَيَانِ في رَحى و مَلْهَيَانِ في مَلْهى و حُبارَيانِ في حُبارى و حُبْلَيانِ في حُبْلى و أمَّاالممدودُ فان كانت همزته أصلية تثبتُ كقُرَّاانِ في قُرَّاءٍ و إن كانت للتأنيث تُقلب واوًا كحَمْراوانِ في حمراءَ و إن كانت بَدَلًا مِن أصل واوٍ أو ياءً جاز فيه الوجهان ككساوانِ و كساآن .

تەسنىنىڭ نۇنى (تەسنى بولغان شۇ ئىسىم) مۇزاپ بولغاندا چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن : «جاءني غلاما زيدٍ»؛ «مسلما مصرٍ».

يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش «الخُصْيَةُ» ۋە «الأُلْيةُ» (كاسا) دېگەن ئىككى ئىسىم تەسنى قىلىنغاندا ئۇلاردىكى «ة» مۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن : «خصيانِ ، أليانِ». چۈنكى، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىككى نەرسە بولغانلىقتىن بىرنەرسىگە ئوخشاش دەپ قارىلىدۇ.

تەنبىھ : تەسنى ئىسمنى تەسنى ئىسمغا ئىزاپەت قىلىش ئىرادە قىلىنغاندا ئاۋۋالقىسى جەمئىي شەكىلدە كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : ﴿فَقَدْ صَغَتْ قُلُوبُكُمَا﴾ (ئىككىڭلارنىڭ دىلىڭلار بۇرۇلۇپ كەتتى) و﴿فَاقْطَعُوا أَيدِيَهُمَا﴾، بۇنداق بولۇشى شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىكى مۇناسىۋەتى كۈچىيىپ كەتكەن نەرسىدە تەسنى بولغان ئىككى سۆزنى بىرگە كەلتۈرۈش مەكروھ بولغانلىقتىندۇر.

بۇ يەردە قەلب بىلەن مۇزاپۇن ئىلەي قىلىنىدىغان تەسنى ئىسمىدىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ مۇزاپ، يەنە بىرىنىڭ مۇزاپۇن ئىلەي بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەكىل جەھەتتىكى مۇناسىۋەت كۈچىيىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. قەلبنىڭ ئادەمدىن ئايرىلمايدىغان ئەزا بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى كۈچىيىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

و يجب حذف نونِه عند الإضافة تقول جاءني غلاما زيدٍ و مسلما مصرٍ و كذالك تحذف تاءُ التأنيثِ في تثنيةِ الخُصْيَةِ و الأُلْيَةِ خاصةً تقول خصيانِ و أَلْيانِ لأنهما متلازمانِ فكأنهما شئٌ واحدٌ .

و اعلم أنه إذا أُرِيد إضافةُ مثنى إلى المثنى يعبر عن الأول بلفظ الجمع كقوله تعالى﴿ فَقَدْ صَغَتْ قُلُوبُكُمَا ﴾ التحريم٤ و﴿ فَاقْطَعُوا أَيدِيَهُمَا ﴾ المائدة٣٨،و ذالك لكراهة اجتماعِ تَثْنِيَتَيْنِ فيما تأكد الاتصالُ بينهما لفظا ومعنى.

بەشىنچى پەسىل «الجموع» (كۆپلۈك شەكىلدىكى ئىسىملار) : جەمئىي دېگىنىمىز، بىرلىك (شەكلى) مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىرىش ئارقىلىق (بىرلىك شەكلى بىلەن) مەقسەت قىلىنغان بىر قانچە نەرسىنى ئىپادىلىگەن ئىسىمدۇر. (ئۇنىڭ بىرلىك شەكىلدىكى ھەرپلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى) ياكى «رجل» نىڭ ھەرپىنى ئۆزگەرتىپ «رجال» دېگەنگە ئوخشاش شەكلەن بولىدۇ ياكى تۆۋەندىكىدەك مۆلچەرلەش بىلەن بولىدۇ . مەسىلەن : «فُلْكٌ»، بۇ «أُسْدٌ»(يولۋاسلار) ۋەزنىدە دەپ قارىلىدۇ . بۇنىڭ بىرلىك شەكلىمۇ «فُلْكٌ» بولۇپ، بۇ «قُفْلٌ» (قۇلۇپ) ۋەزنىدە دەپ قارىلىدۇ، ئۇنىڭ بىرلىك شەكلىدىكى ھەرپلىرىنىڭ شەكلى «فُلْكٌ» ۋەزنىدىن «أُسْدٌ» ۋەزنىگە ئۆزگەردى دەپ مۆلچەرلىنىدۇ .

«قَوْمٌ و رَهْطٌ» دېگەن ئىسىملار گەرچە بىر قانچىلىگەن شەخسنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بىرلىك شەكلى بولمىغانلىقتىن (بىرلىك شەكلى ئۆزگىرىشى كېرەك دېگەن شەرت تېپىلمىغان دەپ قارىلىپ) جەمئىي ھېسابلانمايدۇ.

جەمئى ئىسىملار تۆۋەندىكىدەك ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچىسى، «مصححٌ» بولۇپ بۇ بىرلىك شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلمەي (ئاخىرىغا «و» بىلەن «نَ» نى ياكى «ي» بىلەن «نَ» نى ۋە ياكى «ا» بىلەن «ت» نى قوشۇش ئارقىلىق) جەمئىيلەنگەن ئىسىمدۇر . مەسىلەن : «مسلمونَ ، مسلمِيْنَ ، مسلماتٌ».

فصل الجموع اسمٌ دلَّ على أحادٍ مقصودةٍ بحروفٍ مفردةٍ بتغيرًّا إما لفظي كرجالٍ في رجل أو تقديري كفُلْكٍ على وَزْنِ أُسْدٍ فانَّ مفردَهُ أيضا فُلْكٌ لكنه على وزن قُفْلٍ ، فقَوْمٌ و رَهْطٌ و نحوُهُ و إنْ دل على آحادٍ لكنه ليس بجمع إذ لا مفرد له .

ثم الجمع على قسمينِ .

الأوَّلُ مصححٌ و هو ما لم يتغير بناءُ واحدِهِ و الثاني مكسرٌ و هو ما يتغير فيه بناءُ واحدِهِ .

ئىككىنچىسى، «مكسرٌ» بولۇپ، بۇ «رجالٌ ، مساجدُ» دېگەنگە ئوخشاش بىرلىك شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلىپ جەمئىيلەنگەن ئىسىمدۇر.

«مصححٌ» بولغان جەمئىي مۇزەككەر ۋە مۇئەننەستىن ئىبارەت ئىككى قىسمغا بۆلۈنىدۇ .

مۇزەككەر دېگىنىمىز، «مسلمُوْنَ» دېگەنگە ئوخشاش ئۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ جىنسىدىن بولغان كۆپ نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاخىرىغا ئالدى زەممەلىك «وْ» بىلەن فەتھەلىك «نَ» قوشۇلغان ياكى «مسلمِيْنَ» دېگەنگە ئوخشاش ئاخىرىغا ئالدى كەسرەلىك «يْ» بىلەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش فەتھەلىك «نَ» قوشۇلغان ئىسىمدۇر.

يۇقىرىقى مىساللار سەھىھ ئىسىملارغا بېرىلگەن مىساللار بولۇپ، مەنقۇس ئىسىملارغا كەلسەك (ئۇلارنى جەمئىيلىگەندە) ئۇلارنىڭ (ئاخىرقى ھەرپى بولغان) «ي» سى ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: «قاضُوْنَ و داعُوْنَ»، بۇلارنىڭ ئەسلىيسى «قاضِيُوْنَ و داعِيُوْنَ» ئىدى.

[و المصحح على قسمين مذكرٌ و مؤنثٌ .

أمَّا المذكرُ فهو ما أُلحِقَ بآخِرِهِ واوٌ مضمومٌ ما قبلها و نونٌ مفتوحةٌ كمسلمُوْنَ أو ياءٌ مكسورٌ ما قبلها و نونٌ كذالك ليدل على أن معه أكثرَ منه نحو مسلمِيْنَ و هذا في الصحيح أما المنقوصُ فتحذفُ ياؤُهُ مثل قاضُوْنَ و داعُوْنَ .

و المقصورُ يحذف ألفُهُ و يُبقى ما قبلها مفتوحا ليدل على آلف محذوفةٍ مثل مُصْطَفَوْنَ ، و يختص بأُوْلِى العلمِ و أما قولهم سِنُوْنَ و أَرْضُوْنَ و ثُبُوْنَ و قُلُوْنَ فشَاذٌّ و يجب أن لا يكون أَفْعَلَ مؤنثُهُ فَعْلاءَ كأحمرَ و حَمْرَاءَ و لا فَعْلانَ مؤنثُهُ فَعْلى كسَكْرَانَ و سَكْرى و لا فَعِيْلًا بمعنى مفعولٍ كجَرِيْحٍ بمعنى مَجْرُوْحٍ و لا فَعُوْلًا بمعنى فاعلٍ كصَبُوْرٍ بمعنى صَابِرٍ .

و يجب حذف نونه بالإضافة نحو مسلمُوْ مصرٍ .

ئەمما، مەقسۇر ئىسىمغا كەلسەك ئۇنىڭ «ا» پى ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەنلىكىگە دالالەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ (ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى) فەتھەلىك ھالىدا قالىدۇ. مەسىلەن: «مُصْطَفَوْنَ».

(بۇنداق «مصححٌ» تەرىقىسىدە جەمئىيلەش) پەقەت ئىلىم ئۆگىنەلەيدىغان (شەيئىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەن) ئىسىملارغىلا خاستۇر. ئەمما، ئەرەبلەرنىڭ «سِنُوْنَ و أَرْضُوْنَ و ثُبُوْنَ (ئاتلار توپى) و قُلُوْنَ (تاياقچىلار)» دېگەن سۆزلىرى كەم ئۇچرايدىغان سۆزلەر بولۇپ قائىدە تورغۇزۇشتا ئېتىبارغا ئېلىنىشقا ئەرزىمەيدۇ.

يەنە (بىز جەمئىلىمەكچى بولغان ئىسىم) «أحمرَ» دېگەنگە ئوخشاش مۇئەننىسى «فُعْلاءَ» ۋەزنىدە كېلىدىغان «أفْعَلَ» ۋەزنىدىكى ئىسىم بولماسلىقى ۋە «سَكْرَانَ» نىڭ مۇئەننىسى «سَكْرِي» بولغىنىغا ئوخشاش مۇئەننىسى «فَعْلى» ۋەزنىدە كېلىدىغان «فَعْلانَ» ۋەزنىدىكى ئىسىمۇ بولماسلىقى ۋە «جَرِيْح» نىڭ «مَجْرُوْحٍ» مەنىسىدە كەلگىنىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئىسىم مەپئۇلنىڭ مەنىسىدە كەلگەن «فَعِيْلًا» ۋەزنىدىكى ئىسىم بولماسلىقى، شۇنداقلا «صَبُوْر» نىڭ «صَابِر» مەنىسىدە كەلگىنىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئىسىم پائىلىنىڭ مەنىسىدە كەلگەن «فَعُوْلًا» ۋەزنىدىكى ئىسىمۇ بولماسلىقى كېرەك. شۇڭا، بۇلار «مصححٌ» تەرىقىدە جەمئىيلەنمەيدۇ .

ئىزاپەتنىڭ سەۋەبىدىن جەمئىينىڭ «نَ» نى ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: «مسلمُوْ مصرٍ» .

(جەمئىي) مۆئەننەس دېگىنىمز، ئاخىرىغا «ا» بىلەن «ت» قوشۇلغان ئىسىمدۇر. مەسىلەن : «مسلماتٌ» دېگەنگە ئوخشاش.

(مۆئەننەس ئىسىملارنىڭ بۇ خىل شەكىلدە جەمئىيلىنىشىنىڭ) شەرتى، ئەگەر ئۇ ئىسىم سۈپەت خاراكتېرلىك ئىسىم بولۇپ، مۇزەككىرى بولسا ئۇ مۇزەككەر «مسلمُوْنَ» دېگەنگە ئوخشاش «و» ۋە «نَ» بىلەن جەمئىيلەنگەن مۇزەككەر بولۇشى كېرەك.

و أمَّا المؤنثُ فهو ما أُلْحِقَ بآخِرِه ألفٌ و تاءٌ نحو مسلماتٌ و شرطه إن كان صفةً و له مذكرٌ أن يكون مذكرُهُ قد جُمِعَ بالواوِ و النونِ نحو مسلمُوْنَ و إن لم يكن له مذكرٌ فشرطه أن لا يكون مؤنثًا مجردًا عن التاءِ كالحائضِ و الحاملِ ، و إن كان اسمًا غيرَ صفة جُمِعَ بالألف و التاءِ بلا شرطٍ كهِنْدَاتٍ .

و الثَّانِي مكسرٌ صيغتُهُ في الثلاثي كثيرةٌ تُعرفُ بالسماع كرجالٍ و أفْرَاسٍ و فُلُوْسٍ ، و في غير الثلاثي على وزنِ فَعَالِلٍ و فَعَالِيْلٍ قياسًا كما عرفتَ في التصريف .

ئەگەر، ئۇنىڭ مۇزەككىرى بولمىسا بۇنداق سۈپەتلەرنىڭ (يۇقىرىقى ئۇسۇلدا جەمئىيلىنىشىنىڭ) شەرتى، ئۇ سۈپەت «ة» دىن خالىي هالدىكى مۆئەننەس (ئىسىم) بولماسلىقى كېرەك. مەسىلەن : «الحائضِ و الحاملِ» دېگەنگە ئوخشاش . بۇ ئىككىسى «ة» دىن خالىي بولغانلىقتىن «مصححٌ» تەرىقىدە جەمئىيلەنمەيدۇ.

ئەگەر، ئۇ ئىسىم سۈپەت بولمىسا «ات» بىلەن شەرتسىز جەمئىيلىنىۋېرىدۇ . مەسىلەن : «هِنْدَات» دېگەنگە ئوخشاش.

جەمئىينىڭ ئىككىنچى قىسمى «مكسرٌ» دۇر. بۇنىڭ سۇلاسى مۇجەررەت ئىسىملاردىكى ۋەزىنلىرى كۆپ بولۇپ، (بۇنىڭ قايسى ۋەزىندە كېلىشى ئەرەبلەردىن) ئاڭلاش يولى ئارقىلىق بىلىنىدۇ . مەسىلەن : «رِجالٍ و أفْرَاسٍ و فُلُوْسٍ» دېگەنگە ئوخشاش. سۇلاسى مۇجەررەتتىن باشقا بابلاردىن سىز سەرپتە تونۇشقىنىڭىزدەك قائىدىلىك هالدا «فَعَالِلٍ و فَعَالِيْلٍ» ۋەزىنلىرىدە كېلىدۇ .

جەمئىي يەنە بىر جەھەتتىن «قلةٍ» ۋە «كثرةٍ» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . ئەمما، جەمئىي قىللەتكە كەلسەك ئۇ ئون ۋە ئوندىن تۆۋەن (ساندىكى نەرسىلەرگە قارىتا) سۆزلىنىدىغان جەمئىيدۇر. ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرى «أَفْعُلٌ ، و أَفْعَالٌ ، و أَفْعِلَةٌ ، و فِعْلَةٌ» ۋە «مسلمونَ ، مسلمَات» دىگەنگە ئوخشاش «ال» دىن خالىي ھالدىكى «مصححٌ» بولغان جەمئىيدۇر.

ئەمما، جەمئىي كەسرەتكە كەلسەك، ئۇ ئوندىن يۇقىرى (ساندىكى نەرسىلەرگە قارىتا) سۆزلىنىدىغان جەمئىيدۇر.

ثم الجمع أيضا على قسمين جمعُ قلةٍ و جمعُ كثرةٍ .

أمَّا جمعُ قلةٍ فهو ما يطلق على العشرة فما دونَها و أبنيتُهُ أَفْعُلٌ ، و أَفْعَالٌ ، و أَفْعِلَةٌ ، و فِعْلَةٌ ، و جَمْعًا الصحيحِ بدونِ اللامِ كزيدينَ و مسلمَاتٍ .

وأمَّا جمعُ كثرةٍ و هو ما يطلق على ما فوق العشرة و أبنيتهُ ما عدَا هذه الأبنيةِ.

يۇقىرىدىكى جەمئىي قىللەتنىڭ ۋەزىنلىرىدىن باشقا بارلىق ۋەزىنلەر جەمئىي كەسرەتنىڭ قۇرۇلمىلىرىنىڭ ۋەزىنلىرى ھېسابلىنىدۇ .

ئالتىنچى پەسىل «المصدر» (ئىسىمداش) :  مەسدەر دېگىنىمىز، پەقەت يۈز بېرىش مەنىسىگىلا دالالەت قىلىدىغان ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭدىن پېئىللار ئىشتىقاق قىلىنىدۇ . مەسىلەن : «الضرْبُ»؛ «النصْرُ» دېگەنگە ئوخشاش. سۇلاسى مۇجەررەتتە ئۇنىڭ ۋەزىنلىرى قېلىپلاشتۇرۇلمىغان بولۇپ، (پەقەت ئەرەبلەردىن) ئاڭلاش ئارقىلىقلا ئۇقۇلىدۇ ۋە سۇلاسى مۇجەررەتتىن باشقىلىرىدىن قېلىپلاشتۇرۇلغان بولىدۇ . مەسىلەن : «الإفْعَالِ و الإنْفِعَالِ و الإسْتِفْعَالِ و الفَعْلَلَةِ و التَفَعْلُلِ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

فصل المصدر اسمٌ يدل على الحَدَثِ فقط و يشتق منه الأفعالُ كالضرْبِ و النصْرِ مثلا و أبنيتُهُ من الثلاثي المجردِ غير مضبوطةٍ تعرف بالسماع و مِن غيره قياسيةٌ كالإفْعَالِ و الإنْفِعَالِ و الإسْتِفْعَالِ و الفَعْلَلَةِ و التَفَعْلُلِ مثلا .

فالمصدرُ إن لم يكن مفعولا مطلقا يعمل عملَ فعله أعنى يرفع الفاعلَ إن كان لازمًا نحو أعجبني قيامٌ زيدٌ ، و ينصب مفعولًا أيضا إن كان متعديا نحو أعجبني ضربُ زيدٍ عمرًا ، و لا يجوز تقديمُ معمولِ المصدرِ عليه فلا يقال أعجبني زيدٌ ضربٌ عمرًا ، و لا عمرًا ضربٌ زيدٌ ، و يجوز إضافتُه إلى الفاعل نحو كرهتُ ضربَ زيدٍ عمرًا ، أو إلى المفعول به نحو كرهتُ ضربَ عمرٍو زيدٌ .

و أما إن كان مفعولا مطلقا فالعملُ للفعل الذي قبله نحو ضربتُ ضَرْبًا عمرًا . فعَمْرٌو منصوبٌ بضربتُ .

مەسدەر «مفعول مطلق» بولۇپ كەلمىسە، ئۇ ئۆز پېئىلى ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلىدۇ، يەنى ئەگەر، لازىم پېئىلنىڭ مەسدىرى بولسا ئۆزىنىڭ پائىلىنى رەفئى قىلىدۇ. مەسىلەن : «أعجبني قيامٌ زيدٌ». ئەگەر، مۇتەئەددى پېئىلنىڭ مەسدىرى بولۇپ قالسا «مفعول» نىمۇ نەسبى قىلىدۇ. مەسىلەن : «أعْجَبَنِي ضربٌ زيدٌ عمرًا».

مەسدەرنىڭ مەئمۇلىنىڭ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ، شۇڭا «أعجبني زيدٌ ضربٌ عمرًا» دېيىشكىمۇ ۋە «عمرًا ضربٌ زيدٌ» دېيىشكىمۇ بولمايدۇ.

ئۇ مەسدەرنى «كرهتُ ضربَ زيد عمرًا» دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ پائىلىغا مۇزاپ قىلىش ياكى «كرهتُ ضربَ عمرو زيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ مەپئۇلىغا مۇزاپ قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

ئۇ مەسدەر «مفعول مطلق» بولغان بولسا ئەمەل قىلىش ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پېئىل ئۈچۈن بولىدۇ، يەنى «مفعول مطلق» نىڭ پېئىلى، ئامىل بولىدۇ، بۇ چاغدا «مفعولا مطلقا» بولۇپ كەلگەن مەسدەر ئەمەل قىلالمايدۇ . مەسىلەن : «ضربتُ ضَرْبًا عمرًا»، بۇ جۈملىدىكى «عمرًا» دېگەن ئىسىم «ضربتُ» دېگەن پېئىلنىڭ سەۋەبىدىن نەسبى ئوقۇلغان ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر، پېئىل چۈشۈپ قالسا ئەمەل «مفعول مطلق» ئۈچۈن بولسىمۇ ياكى چۈشۈپ قالغان پېئىل ئۈچۈن بولسىمۇ بولىدۇ . مەسىلەن : «تركاالاهمال» (سۇسلۇقنى تاشلا!) بۇنىڭ ئەسلىيسى «أترك تركاالاهمالَ» ئىدى .

يەتتىنچى پەسىل «اسم الفاعل» (ئىنىق سۆپەتداش) : ئىسىم پائىل دېگىنىمىز، پېئىل ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن كىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەسدەردىن ئىشتىقاق قىلىنغان سادىر بولۇش مەنىسىدىكى ئىسىمدۇر. بۇنىڭ سىيغىلىرى سۇلاسى مۇجەررەتتىن «فاعِلٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «ضَارِبٌ»؛ «ناصر» دېگەنگە ئوخشاش.

فصل اسم الفاعل اسمٌ مشتقٌ من فعل ليدل على مَنْ قام به الفعلُ بمعنى الحُدُوْثِ و صيغته من الثلاثي المجردِ على وزن فاعلٍ كضاربٍ و ناصرٍ ، و مِنْ غيره على صيغة المضارع من ذالك الفعل بميمٍ مضمومٍ مكانَ حرفِ المضارعةِ و كسر ما قبل الآخر كمُدْخِلٍ و مُسْتَخْرِجٍ و هو يعمل عملَ فعلِهِ المعروفِ إن كان بمعنى الحالِ أو الاستقبال و معتمدًا على المبتدأ نحو زيدٌ قائمٌ أبوه أو ذي الحالِ نحو جاءني زيدٌ ضاربًا أبوه عمرًا ، أو موصولٍ نحو مررتُ بالضاربِ أبوه عمرًا ، أو موصوفٍ نحو عندي رجلٌ ضاربٌ أبوه عمرًا ، أو همزةِ الاستفهامِ نحو أ قائمٌ زيدٌ ، أو حرفِ النفي نحو ما قائمٌ زيدٌ .

سۇلاسى مۇجەررەتتىن باشقا بابلاردىن مۇزارىئە ھەرپىنىڭ ئورنىدا زەممەلىك «مُ» نىڭ بولۇشى ۋە كەلىمىنىڭ ئاخىرىنىڭ ئالدىنىڭ كەسرەلىك بولۇشى بىلەن بولغان ھالدىكى مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ۋەزنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «مُدْخِلٌ»؛ «مُسْتَخْرِجٌ» .

ئىسىم پائىل ھازىرقى ۋە كېلەچەك زامان مەنىسىدە بولۇپ «زيدٌ قائمٌ أبوه» دېگەنگە ئوخشاش مۇبتەداغا تايانسا ياكى «جاءني زيدٌ ضاربًا أبوه عمرًا» دېگەنگە ئوخشاش ھالنىڭ ئىگىسىگە تايانسا ياكى «مررتُ بالضاربِ أبوه عمرًا» دېگەنگە ئوخشاش مەۋسۇلغا تايانسا، ياكى «عندي رجلٌ ضاربٌ أبوه عمرًا» دېگەنگە ئوخشاش مەۋسۇپقا تايانسا ياكى «أ قائمٌ زيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش ئىستىفھامنىڭ «أ» سىگە تايانسا ۋە ياكى «ما قائمٌ زيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش نەفىنىڭ ھەرپىگە تايانسا ئۆزىنىڭ مەلۇم پېئىلى ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلىدۇ.

تەنبىھ : «و هو يعمل عملَ فعلِهِ» دېگەن جۈملىدىكى «عملَ فعلِهِ» نىڭ جۈملىدىكى ئورنى «مفعول مطلق» دۇر.

ئەگەر، ئۇ ئۆتكەن زامان مەنىسىدە بولسا (ئۇنى) مەنىۋى تەرىقىدە مۇزاپ قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن: «زيدٌ ضاربُ عمرٍو أمسِ».

ئىسىم پائىل ھازىرقى ۋە كېلەچەك زامان مەنىسىدە كەلگەندە ئۆز پېئىلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ دېگەن بۇ شەرتىمىز ئۇنىڭ نەكرە بولغان ھالىتىگە قارىتىلغان سۆزدۇر. ئەمما، ئۇ مەۋسۇل بولغان «ال» بىلەن مەرىفە قىلىنغاندا ئۈچ زامان ئۇنىڭ ھەققىدە پەرقسىز بولۇپ كېتىدۇ- دە ئۆز پېئىلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىۋېرىدۇ.

فان كان بمعنى الماضي وجبت الإضافةُ معنى نحو زيدٌ ضاربُ عمرٍو أمسِ . هذا إذا كان مُنكّرًا، أما إذا كان مُعَرَّفًا باللام يستوي فيه جميعُ الأزمنةِ نحو زيدٌ الضاربُ أبوه عمرًا الآنَ أو غَدًا أو أمسِ.

فصل اسم المفعول اسمٌ مشتقٌ مِن فعلٍ متعدٍ ليدل على مَنْ وقعَ عليه الفعلُ . و صيغته مِن مجرد الثلاثى على وزن مفعولٍ لفظا كمَضْرُوْبٍ أو تقديرًا كمَقُوْلٍ و مَرْمِيٍّ ، و مِن غيره كاسم الفاعلِ بفتحِ ما قبل الآخر كمُدْخَلٍ و مُسْتَخْرَجٍ . و يعمل عملَ فعلهِ المجهولِ بالشرائطِ المذكورةِ في اسمِ الفاعلِ نحو زيدٌ مَضْرُوْبٌ غلامُهُ الآنَ أو غَدًا أو أمسِ.

مەسىلەن : «زيدٌ الضاربُ أبوه عمرًا الآنَ أو غدًا أو أمسِ» .

سەككىزىنچى پەسىل «اسم المفعول» (مەجھۇل سۈپەتداش) : ئىسىم مەپئۇل دېگىنىمىز، پائىلىنىڭ ئىش- ھەرىكىتى ئۇستىگە چۈشكەن كىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇتەئەددى مەسدەردىن ئىشتىقاق قىلىنغان ئىسىمدۇر.

ئۇنىڭ سىيغىلىرى سۇلاسى مۇجەررەتتىن «مَضْرُوْبٌ» دېگەنگە ئوخشاش لەۋزەن ياكى «مَقُوْلٌ و مَرْمِيٌّ» دېگەنگە ئوخشاش تەقدىرەن «مفعولٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بابلاردىن ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپى فەتھەلىك بولۇش بىلەن بولغان ( شۇ بابنىڭ) ئىسىم پائىلىنىڭ ۋەزنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «مُدْخَلٌ»؛ «مُسْتَخْرَجٌ».

بۇ (ئىسىم مەپئۇل) ئىسىم پائىلدا زىكرى قىلىنغان شەرتلەر ئاساسىدا ئۆزىنىڭ مەجھۇل پېئىلى ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلىدۇ. مەسىلەن : «زيدٌ مَضْرُوْبٌ غلامُهُ الآنَ أو غدًا أو أمسِ».

توققۇزىنچى پەسىل «الصفةُ المشبهةُ»(يېرىم سۈپەتداش) : سۈپىتى مۇشەببەھ دېگىنىمىز، پېئىل ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن كىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن لازىم پېئىللاردىن ئىشتىقاق قىلىنىدىغان سۈبۇت(ئىزچىللىق) مەنىسىدىكى ئىسىمدۇر.

ئۇنىڭ سىيغىلىرى ئىسىم پائىل ۋە ئىسىم مەپئۇلنىڭ سىيغىلىرىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، پەقەت ئەرەبلەردىن ئاڭلاش يولى ئارقىلىقلا ئىگىلىنىدۇ . مەسىلەن : «حَسَنٌ و صَعْبٌ و ظَرِيْفٌ» دېگەنگە ئوخشاش .

ئۇ مەلۇم بىر زاماندا بولۇش قەيتىدىن خالىي هالدا، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان تايىنىش شەرتى ئاساسىدا ئۆز پېئىلى ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلىدۇ.

ئۇنىڭ مەسىلىلىرى ئون سەككىز قىسىم بولىدۇ. چۈنكى، سۈپىتى مۇشەببەھ ياكى «ال» بىلەن ئىشلىتىلىدۇ ۋە ياكى «ال» سىز ئىشلىتىلىدۇ . ئۇ ئىككىسىدىن ھەر بىرىنىڭ مەئمۇلى ياكى مۇزاپ بولۇپ كېلىدۇ ياكى «ال» بىلەن كېلىدۇ ۋە ياكى ئۇلاردىن خالىي هالدا كېلىدۇ . مانا بۇ ئالتە قىسىمدۇر . بۇ ئالتە قىسىمدىن ھەر بىرىنىڭ مەئمۇلى ياكى رەفئىلىك بولىدۇ، ياكى نەسبىلىك بولىدۇ ۋە ياكى جەرلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئون سەككىز قىسىم بولىدۇ .

> فصل الصفةُ المشبهةُ اسمٌ مشتقٌ منْ فعلٍ لازمٍ ليدل على مَنْ قامَ به الفعلُ بمعنى الثُبُوْتِ . و صيغتُها على خلافِ صيغةِ اسمِ الفاعلِ و المفعولِ و إنما تُعرف بالسماع كحَسَنٍ و صَعْبٍ و ظَرِيْفٍ . و هي تعمل عملَ فعلِها مطلقًا بشرطِ الاعتمادِ المذكورِ .
>
> و مسائلُها ثمانيةَ عشرَ لان الصفة إما باللام أو مجردةٌ عنها و معمولُ كلِ واحدٍ منهما إما مضافٌ أو باللام أو مجردٌ عنهما فهذه ستةٌ ، و معمولُ كلٍ منها إما مرفوعٌ أو منصوبٌ أو مجرورٌ فذالك ثمانيةَ عشرَ .

بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر. «جاءَني زيدٌ الحَسَن وَجْهَهُ ، الحَسَنُ الوَجْهَ ، الحَسَنُ وَجْهً ، حَسَنٌ وَجْهَهُ ، حَسَنُ الوَجْهَ ، حَسَنُ وَجْهً». بۇلار بەش تۈرلۈك بولۇپ بىرىنچىسى، ئىشلىتىش چەكلىنىدىغان شەكىل. مەسىلەن: «الحَسَنُ وَجْهٍ ، الحَسَنُ وَجْهِهِ» ئىككىنچىسى، ئىشلىتىش ھەققىدە ئالىملارنىڭ قارشى بىردەك بولمىغان شەكىل. مەسىلەن : «حَسَنُ وَجْهِهِ» ئۈچىنچىسى، ئىشلىتىلىشى ناھايىتى ياخشى دەپ قارالغان شەكىل بولۇپ، بۇ ئۆزىدە پەقەت بىرلا زىمىر بولغان شەكىلدۇر. مەسىلەن: «زيدٌ الحَسَنُ وَجْهُهُ»؛ «زيدٌ حَسَنٌ وَجْهُهُ»؛ «زيدٌ الحَسَنُ الوَجْهَ»؛ «زيدٌ الحَسَنُ وَجْهً »؛ «زيدٌ حَسَنٌ الوَجْهَ»؛ «زيدٌ حَسَنٌ وَجْهً» ، تۆتىنچىسى، ئىشلىتىلىشى ياخشى دەپ قارالغان شەكىل بولۇپ، بۇ ئۆزىدە ئىككى دانە زىمىر بولغان شەكىلدۇر. مەسىلەن: «زيدٌ الحَسَنُ وَجْهَهُ»؛ «زيدٌ حَسَنٌ وَجْهَهُ» ، بەشىنچىسى ئىشلىتىلىشى ياخشى ئەمەس دەپ قارالغان شەكىل بولۇپ، بۇ ئۆزىدە زىمىر يوق شەكىلدۇر. «زيدٌ الحَسَنُ الوَجْهُ»؛ «زيدٌ الحَسَنُ وَجْهٌ»؛ «زيدٌ حَسَنُ الوَجْهُ»؛ «زيدٌ حَسَنٌ وَجْهٌ»؛ «زيدٌ الحَسَنُ الوَجْهِ»؛ «زيدٌ حَسَنُ الوَجْهِ»؛ «زيدٌ حَسَنُ وَجْهٍ».

> و تفصيلها نحو جاءَني زيدٌ الحَسَن وَجْهَهُ ، ثلثةُ أَوْجُهٍ ، و كذالك الحَسَنُ الوَجْهَ ، و الحَسَنُ وَجْهً ، و حَسَنٌ وَجْهَهُ ، و حَسَنُ الوَجْهَ ، و حَسَنٌ وَجْهً ، و هي على خمسة أقسامٍ منها ممتنعٌ الحَسَنُ وَجْهٍ ، و الحَسَنُ وَجْهِهِ ،و مختلفٌ فيه حَسَنُ وَجْهِهِ ، و البَوَاقى أَحْسَنُ إن كان فيه ضميرٌ واحدٌ ، و حَسَنٌ إن كان فيه ضميرانِ ، و قَبِيْحٌ إن لم يكن فيه ضميرٌ . و الضابطةُ أنك متى رفعتَ بها معمولَها فلا ضميرَ في الصفة نحو جاءَني زيدٌ الحَسَنُ الوَجْهُ ، و متى نَصَبْتَ أو جَرَرْتَ فَفِيْهَا ضميرُ الموصوفِ نحو زيدٌ حَسَنٌ وَجْهَهُ ، زيدٌ حَسَنُ وَجْهِهِ .

بۇنىڭدىكى ئاساسىي قائىدە سۈپەتنى مۇشەببەھنىڭ سەۋەبىدىن ئۇنىڭ مەئمۇلىنى رەفئى قىلسىڭىز سۈپەتنى مۇشەببەھنىڭ ئۆزىدە زىمىر بولمايدۇ. مەسىلەن : «زيدٌ الحَسَنُ الوَجْهُ» ئەگەر، نەسبى ياكى جەر قىلسىڭىز ئۇنىڭدا مەۋسۇپنىڭ زىمىرى بولىدۇ. مەسىلەن : «زيدٌ الحَسَنُ وَجْهَهُ»؛ «زيدٌ حَسَنُ وَجْهِهِ» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇلارنىڭ تۆۋەنـدىكى بىرىنچى تـىك قـۇردىكىلىرى پـائىل دەپ قـارىلىپ رەفئـى ئوقـۇلغان، ئىككىنچى تـىك قۇردىكىلىرىنىڭ مەرىپىلىرى «المفعول به» غا ئوخشاپ قالغانلىقتىن نەسبى ئوقۇلغان، نەكىرىلىرى بولسا تەمىيز دەپ قارالغـانلىقتىن نەسىبى ئوقـۇلغان، ئۈچىنچى تـىك قـۇردىكىلىرى بولسـا «المضافٌ إليـه» دەپ قـارىلىپ جەر ئوقۇلغان.

بۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئەڭ ياخشى دەپ قارالغـانلىرى ئالـدىغا «١» دېگـەن رەقـەم قويۇلغانلىرىـدۇر. ئىشلىتىلىشى ياخشى دەپ قارالغانلىرى ئالدىغا «٢» دېگەن رەقەم قويۇلغانلىرىدۇر. ئىشلىتىلىشى ھەققىدە ئىختىلاپ بارلىرى ئالدىغا «٣» دېگەن رەقەم قويۇلغانلىرىدۇر. ئىشلىتىلىشى چەكلىنىدىغانلىرى ئالدىغا «٤» دېگەن رەقەم قويۇلغانلىرىدۇر. ئىشلىتىلىشى قەبىھ سانالغانلىرىن ئالدىغا «٥» دېگەن رەقەم قويۇلغانلىرىدۇر.

| | | | |
|---|---|---|---|
| الصفة التى يُسْتَعْمَلُ باللام | ١ الحَسَنُ وَجْهُهُ ٠ | ٢ الحَسَنُ وَجْهَهُ | ٤ الحَسَنُ وَجْهِهِ |
| | ٥ الحَسَنُ الوَجْهُ | ١ الحَسَنُ الوَجْهَ | ٥ الحَسَنُ الوَجْهِ |
| | ٥ الحَسَنُ وَجْهٌ | ١ الحَسَنُ وَجْهًا | ٤ الحَسَنُ وَجْهٍ ، |
| الصفةُ المجردةُ عن اللام | ١ حَسَنٌ وَجْهُهُ | ٢ حَسَنٌ وَجْهَهُ | ٣ حَسَنُ وَجْهِهِ |
| | ٥ حَسَنُ الوَجْهُ | ١ حَسَنٌ الوَجْهَ | ٥ حَسَنُ الوَجْهِ |
| | ٥ حَسَنٌ وَجْهٌ | ١ حَسَنٌ وَجْهًا | ٥ حَسَنُ وَجْهٍ |

ئونىنچى پەسىل «اسم التفضيلِ»(ئاشۇرما سۈپەتداش) : ئىسىم تەفزىل دېگىنىمىز، باشقىلاردىن ئالاھىدە بولۇش بىلەن سۈپەتلەنگۈچىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەسدەردىن ئىشتقاق قىلىنىدىغان ئىسىمدۇر .

ئۇنىڭ سىيغىسى «أفْعَلُ» ۋەزنىدە كېلىدۇ. ئۇ رەڭ ۋە ئەيىب (مەنىسىدە) بولمىغان سۈلاسى مۇجەررەتتىن باشقا بابلاردىن كەلمەيدۇ، يەنى رەڭ ۋە ئەيىب مەنىسىدە بولمىغان سۈلاسى مۇجەررەتتىن ئىشتقاق قىلىنىدۇ.
مەسىلەن : «زيدٌ أفْضَلُ الناسِ» .

فصل اسم التفضيلِ اسمٌ مشتقٌ مِن فعلٍ ليدل على الموصوف بزيادةٍ على غيره . و صيغته أفْعَلُ فلا يُبنى إلا من الثلاثي المجردِ الذي ليس بلَوْنٍ و لا عيبٍ نحو زيدٌ أفْضَلُ الناسِ . فإنْ كان زائدًا على الثلاثي أو كان لونًا أو عيبًا يجب أنْ يُبنى أفْعَلُ مِن ثلاثي مجردٍ ليدل على مبالغةٍ و شدةٍ و كثرةٍ ثم يُذكر بعده مصدرُ ذالك الفعلِ منصوبًا على التمييزِ كما تقول هو أشَدُّ إسْتِخْرَاجًا و أقْوى حُمْرَةً و أقْبَحُ عَرَجًا .

ئەگەر، (ئىسىم تەفزىيلنى چىقىرىش مەقسەت قىلىنغان پېئىلنىڭ ئەسلىي ھەرپى) ئۈچ ھەرپتىن كۆپرەك بولسا ياكى ئۇ پېئىل رەڭ ياكى ئەيىب مەنىسىدىكى پېئىل بولسا كۆپلۈك، قاتتىقلىق ۋە مۇبالىغىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سۈلاسى مۇجەررەتتىن «أفْعَلُ» ۋەزنىدىكى ياردەمچىدىن بىرى ياسىلىپ، ئىسىم تەفزىيل چىقارماقچى بولغان پېئىلنىڭ مەسدىرى تەمىيزلىككە بىنائەن نەسبى قىلىنغان ھالەتتە ئۇنىڭدىن كېيىن زىكرى قىلىنىدۇ . مەسىلەن : «هو أشَدُّ إسْتِخْرَاجًا »؛ «هو أقْوى حُمْرَةً»؛ «هو أقْبَحُ عَرَجًا ».

بىرىنچى مىسالدا «إستفعال» بابىدىن ئىسىم تەفزىيل مەنىسىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە سۈلاسى مۇجەررەتتىن «أشَدُّ» دېگەن ياردەمچى پېئىلنى ياسىدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بابنىڭ مەسدىرى بولغان «إسْتِخْرَاجًا» نى تەمىيزلىككە بىنائەن نەسبىلىك قىلغان ھالدا زىكرى قىلدۇق.

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى مىسالدا رەڭ ۋە ئەيىب مەنىسىدىكى مەسدەردىن ئىسىم تەفزىيل مەنىسىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە سۈلاسى مۇجەررەتتىن «أقْوى» ۋەزنىدىكى «أقْبَحُ» دىن ئىبارەت ئىككى دانە ياردەمچى پېئىلنى ياسىدۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسىم تەفزىيل چىقارماقچى بولغان شۇ پېئىللارنىڭ مەسدىرىنى تەمىيزلىككە بىنائەن نەسبىلىك ھالەتتە زىكرى قىلدۇق.

ئۇنىڭ (ئىشلىتىلىشى) ئاساسەن پائىلنىڭ (ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش) ئۈچۈن بولسىمۇ، گاھىدا مەپئۇلنىڭ (ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش) ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن : «أَعْذَرُ» (ئۆزرىلىكرەك). «أَشْغَلُ» (مەشغۇل قىلىنغۇچىراق). «أَشْهَرُ» (مەشھۇرراق).

ئىسم تەفزىيلىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۈچ خىل بولۇپ، ئۇ ياكى «زيدٌ أَفْضَلُ القومِ» دېگەنگە ئوخشاش مۇزاپ بولۇپ كېلىدۇ، ياكى «زيدٌ الأَفْضَلُ» دېگەنگە ئوخشاش «ال» بىلەن مەرىفە قىلىنىپ كېلىدۇ ۋە ياكى «زيدٌ أَفْضَلُ مِنْ عمرٍ» دېگەنگە ئوخشاش «مِنْ» بىلەن ئىشلىتىلىدۇ .

ئاۋۋالقى شەكىلدە (مۇزاپ بولغىنىدا) ئىسم تەفزىيلنى مەۋسۇپقا ماسلاشتۇرۇش ياكى مۇفرەت كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى يول دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن : «زيدٌ أَفْضَلُ القَوْمِ»؛ «الزيدانِ أَفْضَلُ القومِ و أَفْضَلَا القومِ»؛ «الزيدونَ أَفْضَلُ القومِ و أَفْضَلُوْا القومِ».

> و قياسُه أن يكون للفاعل كما مَرَّ ، و قد جاء للمفعول قليلاً نحو أَعْذَرُ ، و أَشْغَلُ ، و أَشْهَرُ .
>
> و استعمالُه على ثلثة أَوْجُهٍ إما مضافٌ كزيدٌ أَفْضَلُ القومِ ، أو معرفٌ باللام نحو زيدٌ الأَفْضَلُ ، أو بمِنْ نحو زيدٌ أَفْضَلُ مِنْ عمرٍو.
>
> و يجوز في الأولِ الإفرادُ و مطابقةُ اسمِ التفضيلِ للموصوفِ نحو زيدٌ أَفْضَلُ القَوْمِ ، و الزيدانِ أَفْضَلُ القومِ و أَفْضَلَا القومِ ، والزيدونَ أَفْضَلُ القومِ و أَفْضَلُوْا القومِ .
>
> و في الثاني يجب المطابقةُ نحو زيدٌ الأَفْضَلُ ، و الزيدانِ الأَفْضَلَانِ ، و الزيدونَ الافْضَلُوْنَ .

ئىككىنچىسىدە («ال» بىلەن ئىشلىتىلگەن شەكىلدە) ئىسم تەفزىيلنى مەۋسۇپقا ماسلاشتۇرۇش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : «زيدٌ الأَفْضَلُ»؛ «الزيدانِ الأَفْضَلَانِ»؛ «الزيدونَ الافْضَلُوْنَ».

ئۇچىنچىسىدە (« مِنْ » بىلەن ئىشلىتىلگىنىدە) ھەر قاچان مۇزەككەر مۇفرەت شەكلىدە كەلتۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ . مەسىلەن : « زيدٌ و هِنْدٌ و الزيدانِ و الهندانِ و الزيدونَ و الهنداتُ أَفْضَلُ مِنْ عَمْرٍو » .

(يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان) ئۈچ خىل ئىشلىتىلىشتە ئىسىم تەفزىيلنىڭ پائىلى زىمىر بولىدۇ، ئۇ ئىسىم تەفزىل ئادەتتە ئاشكارا ئىسىمدا ئەمەل قىلمىسىمۇ، لېكىن ئەرەبلەرنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە ئوخشاش ئەھۋالدا ئاشكارا ئىسىمدا ئەمەل قىلىدۇ. مەسىلەن:

و في الثالث يجب كونُهُ مفردًا مذكرًا أبدًا نحو زيدٌ و هِنْدٌ و الزيدانِ و الهندانِ و الزيدونَ و الهنداتُ أَفْضَلُ مِنْ عَمْرٍو . و على الأوجه الثلثة يضمرُ فيه الفاعلُ و هو يعمل في ذالك المضمرِ و لا يعمل في المظهرِ أصلا إلا في مثل قولهم ما رأيتُ رجلًا أَحْسَنَ فِي عَيْنِه الكُحْلُ مِنْهُ فِي عَيْنِ زيدٍ . فإنَّ الكحلَ فاعلٌ لأَحْسَنَ . و ههنا بحث.

« ما رأيتُ رجلًا أَحْسَنَ فِي عَيْنِه الكُحْلُ مِنْهُ فِي عَيْنِ زيدٍ » (كۆزىدىكى سۈرمىسى چىرايلىقراق، ئۇنىڭدىنمۇ زەيدنىڭ كۆزىدىكى چىرايلىقراق بولغان كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم) .

ئىسىم تەفزىيلنىڭ ئاشكارا ئىسىمدا ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن، بىرىنچىدىن ئۇ نەفى قىلىنغان بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ھالىتى ياكى خەۋىرى ۋە ياكى سۈپىتى بولۇش ئارقىلىق ئۇ نەرسىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ كەلسە ۋە مەنە جەھەتتە شۇ نەرسە بىلەن ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىگە ئورتاق بولغان « الكُحْلُ » غا ئوخشاش بىر تەرەپتىن قارىسا، ئالاھىدە بولغۇچى بولغان يەنە بىر تەرەپتىن قارىسا، ئۇنىڭدىنمۇ باشقا نەرسە ئالاھىدە قىلىنغان نەرسىنىڭ سۈپىتى بولۇشى كېرەك. مەسىلەن : « ما رأيتُ رجلًا أَحْسَنَ فِي عَيْنِه الكُحْلُ مِنْهُ فِي عَيْنِ زيدٍ »، بۇ مىسالدىكى « أَحْسَنَ » دېگەن ئىسىم تەفزىيلنىڭ « ما » ئارقىلىق نەفى قىلىنغانلىقى ۋە لەۋزى جەھەتتىن « رجلًا » نىڭ سۈپىتى بولغانلىقى ۋە مەنە جەھەتتىن ئۇ ئەرنىڭ كۆزىدە بولۇش جەھەتتىن قارىغاندا ئالاھىدە ھېسابلانسىمۇ، « زيدٍ » نىڭ كۆزىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەن تۇرغان « الكُحْلُ » نىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇ ئاشكارا ئىسىمدا ئەمەل قىلالىدى.

## ئىككىنچى قىسىم پېئىل ھەققىدە

قَالَ رَسُولُ اللَّه صَلَّى اللَّهُ عَلَيْه وَسَلَّمَ « وَإِنَّ الْعَالِمَ لَيَسْتَغْفِرُ لَهُ مَنْ فِي السَّمَوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ حَتَّى الْحِيتَانُ فِي الْمَاءِ وَفَضْلُ الْعَالِمِ عَلَى الْعَابِدِ كَفَضْلِ الْقَمَرِ عَلَى سَائِرِ الْكَوَاكِبِ » وَرَوَاهُ مسلم.

بۇ (پېئىل) نىڭ تەرىپىي يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ مازى، مۇزارىئە ۋە ئەمىر دىن ئىبارەت ئۈچ (قىسىم) دۇر.

بىرىنچىسى «الماضِي»(ئۆتكەن زامان پېئىلى) : ئۇ سىزنىڭ (گەپ قىلىۋاتقان ) ۋاقتىڭىزدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا دالالەت قىلىدىغان پېئىلدۇر.

ئۇ ئەگەر، رەفئىلىك بولغان ھەرىكەتلىك زىمىر بىلەن ۋە (جەمئىنىڭ «وَ») سى بىلەن بىللە بولمىسا فەتھەگە مەبنى بولىدۇ . مەسىلەن: «ضَرَبَ» .

ئەگەر رەفئى بولغان ھەركەتلىك زىمىر بىلەن بىللە بولسا ساكىنغا (مەبنى بولىدۇ). مەسىلەن : «ضَرَبْتُ» .

ئەگەر، (جەمئىينىڭ «وَ») سى بىلەن بىللە بولسا زەممىگە (مەبنى بولىدۇ). مەسىلەن: «ضَرَبُوا».

ئىككىنچىسى، «المضارِعُ»(ھازىرقى زامان پېئىلى) : ئۇ «يَضْرِبُ و يَسْتَخْرِجُ - ضَارِبٌ و مُسْتَخْرِجٌ» دېگەنگە ئوخشاش ئالدىدا «أَتَيْنَ» ھەرپلىرىنىڭ (بولغانلىقى) سەۋەبىدىن ھەرىكەت ۋە ساكىنلىرىنىڭ ئوخشاش بولۇشى جەھەتلەردە ياكى «إِنَّ زيدًا لَيَقُوْمُ - إِنَّ زيدًا لَقَائِمٌ» دېگەنگە ئوخشاش ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئالدىغا تەكىتنىڭ «لَ» سىنىڭ كىرىشى جەھەتلەردە ۋە ياكى ھەرپ سانىنىڭ تەڭ بولۇشى جەھەتلەردە (ئىسىم پائىل بىلەن) شەكىل جەھەتتىن ئوخشىشىپ قالغان، يەنە ھازىرقى ۋە كېلەچەك زامان ئارىسىدا ئورتاق (ئىشلىتىلىش) جەھەتتە ئىسىم پائىل بىلەن مەنە جەھەتتىن ئوخشىشىپ قالغان پېئىلدۇر. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن گىراماتىكا ئالىملىرى ئۇنى «المضارِعُ» (ئوخشاپ قالغۇچى) دەپ ئاتىغان .

القسم الثاني في الفعل

وقد سبق تعريفه . و أقسامُه ثلثةٌ ماضٍ و مضارعٌ و أمرٌ.

الأولُ الماضِي و هو فعلٌ دلَّ على زمانٍ قبلَ زمانكَ . و هو مَبْنِيٌّ على الفتح إن لم يكن معه ضميرٌ مرفوعٌ متحركٌ و لا واوٌ كضَرَبَ ، ومع الضمير المرفع المتحرك على السكون كضَرَبْتُ ، و على الضمِ مع الواو كضَرَبُوا .

والثاني المضارِعُ و هو فعلٌ يشبَهُ الاسمَ بإحدى حروف أَتَيْنَ في أوله لفظا في إتفاقِ الحركاتِ و السكنات نحو يَضْرِبُ و يَسْتَخْرِجُ كضَارِبٍ و مُسْتَخْرِجٍ ، و في دخول لامِ التأكيد في أولهما تقول إنَّ زيدًا لَيَقُوْمُ كما تقول إنَّ زيدًا لَقَائِمٌ ، و في تساوِيهما في عدد الحروفِ ، و مَعْنًى في أنه مشتركٌ بين الحالِ و الاستقبالِ كإسم الفاعلِ ، و لذالك سَمَّوهُ مضارعًا .

«س و سَوْفَ» قاتارلىقلار ئۇنى كېلەچەك زامانغا خاسلاشتۇرىدۇ . مەسىلەن : «سَيَضْرِبُ ، و سَوْفَ يَضْرِبُ».

فەتھەلىك « لَ » بولسا ئۇنى ھازىرقى زامانغا خاسلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن : «لَيَضْرِبُ»(ئۇرۇۋاتىدۇ) .

تۆت ھەرپلىك (پېئىللاردا) مۇزارىئە ھەرپى زەممەلىك بولىدۇ . مەسىلەن : «يُدَحْرِجُ»؛ «يُخْرِجُ». بۇنى تۆت

و السِيْنُ و سَوْفَ تُخَصِّصُهُ بالاستقبال نحو سَيَضْرِبُ ، و سَوْفَ يَضْرِبُ ، و اللامُ المفتوحةُ بالحال نحو لَيَضْرِبُ .

و حروف المضارعة مضمومةٌ في الرباعي نحو يُدَحْرِجُ ، و يُخْرِجُ ، لإنَّ أَصلَهُ يُأَخْرِجُ ، و مفتوحةٌ في ما عَدَاهُ كَيَضْرِبُ و يَسْتَخْرِجُ . و إنما أعربُوه مع أنَّ أصلَ الفعلِ البِنَاءُ لِمُضَارِعَتِهِ أيْ لِمُشَابِهَتِهِ الاسمَ في ما عرفتَ و أصلُ الاسمِ الإعرابُ ، و كونُ الفعلِ معربةً إذا لم يتصل به نونُ تأكيدٍ و لا نونُ جمعِ المؤنثِ .

و إعرابُهُ ثلثةُ أنواعٍ رفعٌ و نصبٌ و جزمٌ نحو هو يَضْرِبُ ، و لَنْ يَضْرِبَ ، و لَمْ يَضْرِبْ .

ھەرپلىك دېيىشىمىز ئۇنىڭ ئەسلىيسى «يُأَخْرِجُ» بولغانلىقتىندۇر.

تۆت ھەرپلىك پېئىللاردىن باشقىلىرىدا مۇزارىئە ھەرپى فەتھەلىك بولىدۇ. مەسىلەن : «يَضْرِبُ»؛ «يَسْتَخْرِجُ».

پېئىل ئەسلىدە مەبنى بولىدىغان تۇرۇقلۇق ئالىملارنىڭ مۇزارىئە پېئىلنى مۆئرەب قىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ سىز يۇقىرىدا تونۇشقان ئىشلاردا ئىسىمغا ئوخشاپ قالغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. چۈنكى، ئىسىم ئەسلىدە مۆئرەب بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالغان نەرسىمۇ مۆئرەب بولىدۇ.

پېئىل جەمئىي مۇئەننەسنىڭ ۋە تەكىتنىڭ نۇنلىرى تۇتاشمىغان ئەھۋالدىلا مۆئرەب ھېسابلىنىدۇ.

پېئىلنىڭ ئېئرابى رەفئى، نەسبى ۋە جەزمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ . مەسىلەن : « هـو يَضْرِبُ »؛ « لَنْ يَضْرِبَ »؛ « لَمْ يَضْرِبْ ».

بىرىنچى پەسىل «أصناف إعرابِ الفعلِ» (پېئىلنىڭ ئىئرابىنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە) : ئۇ تۆت تۈرلۈكتۇر:

بىرىنچىسى، رەفئىلىكىنىڭ زەممە بىلەن، نەسبىلىكىنىڭ فەتھە بىلەن، جەزمىلىكىنىڭ ساكىن بىلەن بولۇشىدۇر.

بۇ خىل ئىئراب مۇخاتەبتىن باشقا مۇفرەت سەھىھ ( بولغان پېئىللارغا) خاستۇر . مەسىلەن : «هو يَضْرِبُ»؛ «لَنْ يَضْرِبَ»؛ «لَمْ يَضْرِبْ».

فصل في أصناف إعرابِ الفعلِ و هي أربعةٌ .

الأولُ أن يكون الرفعُ بالضمة ، و النصبُ بالفتحة ، و الجزمُ بالسكون ، و يُخْتَصُّ بالمفرد الصحيحِ غيرَ المخاطبةِ تقول هو يَضْرِبُ ، و لَنْ يَضْرِبَ ، و لَمْ يَضْرِبْ .

و الثاني أن يكون الرفعُ بِثُبُوْتِ النونِ ، و النصبُ و الجزمُ بِحَذْفِهَا و يختص بالتثنية ، و جمعِ المذكرِ ، و المفردةِ المخاطبةِ صحيحًا كانَ أو غيرَهُ تقول هما يفعلانِ ، و هم يفعلونَ ، و أنت تَفْعَلِيْنَ . و لَنْ يَفْعَلا ، و لَنْ يَفْعَلُوْا ، و لَنْ تَفْعَلِيْ . و لَمْ تَفْعَلا ، و لَمْ تَفْعَلُوْا ، و لَمْ تَفْعَلِيْ .

ئىككىنچىسى، رەفئىلىكىنىڭ «نَ» نىڭ بولۇشى بىلەن، نەسبى ۋە جەزمىلىكىنىڭ «نَ» نىڭ ھەزىپ قىلىنىشى بىلەن بولۇشىدۇر. بۇ خىل ئىئراب سەھىھ بولۇش بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر مۇفرەت «مۇخاتەبە» بولغان، «جەمئىي مۇزەككەر» بولغان ۋە «تەسنى» بولغان پېئىللارغا خاستۇر. مەسىلەن : «هما يفعلانِ»؛ «هم يفعلونَ»؛ «أنت تَفْعَلِيْنَ»؛ «لَنْ يَفْعَلا»؛ «لَنْ يَفْعَلُوْا»؛ «لَنْ تَفْعَلِيْ»؛ «لَمْ تَفْعَلا»؛ «لَمْ تَفْعَلُوْا»؛ «لَمْ تَفْعَلِيْ».

ئۈچىنچىسى، رەفئىلىكىگە زەممىنى تەقدىر قىلىش بىلەن، نەسبىلىكىگە فەتھەنى ئاشكارا كەلتۈرۈش بىلەن، جەزمىلىكىگە «ل» نىڭ ئۈدۈلىدىكى ھەرپىنى ھەزىپ قىلىۋېتىش بىلەن بولىشىدۇر. بۇ خىل ئىئراب «مۇخاتەبە»، «جەمئىي» ۋە «تەسنى» بولمىغان ھالەتتىكى «ناقىس يايى» ۋە «ناقىس ۋاۋى» بولغان پېئىللارغا خاستۇر. مەسىلەن: «هو يَرْمِيْ»؛ «يَغْزُوْ»؛ «لَنْ يَرْمِيَ»؛ «يَغْزُوَ»؛ «لَمْ يَرْمِ»؛ «يَغْزُ».

و الثالثُ أن يكون الرفعُ بتقدير الضمةِ ، و النصبُ بالفتحة لفظا ، و الجزمُ بحذف اللامِ ويختص بالناقص اليَائِيِّ و الوَاوِيِّ غيرَ تثنيةٍ و جمعٍ و مخاطبةٍ تقول هو يَرْمِيْ ، و يَغْزُوْ . و لَنْ يَرْمِيَ ، و يَغْزُوَ . و لَمْ يَرْمِ ، و يَغْزُ .

و الرابع أن يكون الرفعُ بتقدير الضمةِ و النصبُ بتقدير الفتحة و الجزمُ بحذف اللامِ و يختص بالناقص الأَلِفِيِّ غير تثنيةٍ و جمعٍ و مخاطبةٍ نحو هو يَسْعى ، و لَنْ يَسْعى ، و لَمْ يَسْعَ .

فصل المرفوعُ عامِلُهُ مَعْنَوِيٌّ و هو تَجَرُّدُهُ عن الناصبِ و الجازمِ نحو هو يَضْرِبُ ، و يَغْزُوْ ، و يَرْمِيْ ، و يَسْعى .

تۆتىنچىسى، رەفئىلىكىگە زەممىنى تەقدىر قىلىش بىلەن، نەسبىلىكىگە فەتھەنى تەقدىر قىلىش بىلەن، جەزمىلىكىگە («فَعَلَ» دىكى) «لَ» نىڭ ئۈدۈلىدىكى ھەرپىنى ھەزىپ قىلىۋېتىش بىلەن بولۇشىدۇر. بۇ خىل ئىئراب «مۇخاتەبە» بولمىغان ۋە «تەسنى»، «جەمئىي» مۇ بولمىغان ھالەتتىكى «ناقىس ئەلفى» بولغان پېئىللارغا خاستۇر. مەسىلەن: «هو يَسْعى»؛ «لَنْ يَسْعى»؛ «لَمْ يَسْعَ».

ئىككىنچى پەسىل

«المرفوعُ» (رەفئى ئوقۇلغۇچى): رەفئى ئوقۇلغۇچى پېئىلنىڭ ئامىلى مەنىۋى بولۇپ ۋە ئۇ مەنىۋى ئامىل ئۇنىڭ نەسبى ۋە جەزمى قىلغۇچى ئامىلدىن خالىي بولۇشىدۇر. مەسىلەن: «هو يَضْرِبُ»؛ «يَغْزُوْ»؛ «يَرْمِيْ»؛ «يَسْعى».

قىسقىسى نەسبى ۋە جەزمى قىلغۇچى ئامىللار ئالدىغا كەلمىگەن ھەرقانداق مۇزارىئە پېئىلى رەفئى ئوقۇلىدۇ.

ئۈچىنچى پەسىل «المنصوبُ»(نەسبى ئوقۇلغۇچى پېئىل) : نەسبى ئوقۇلغۇچى پېئىلنىڭ ئامىلى بەش خىل ھەرپ بولۇپ، ئۇلار «أنْ ، و لَنْ ، و كَيْ ، و إذَنْ ، و أنْ المقدرة» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . مەسىلەن : «أُرِيْدُ أنْ تُحْسِنَ إلَيَّ»؛ «أنا لَنْ أضْرِبَكَ»؛ «أسْلَمْتُ كَيْ أدْخُلَ الجنةَ»؛ «إذَنْ يَغْفِرَ اللهُ لَكَ» .

فصل المنصوبُ عاملُهُ خمسةُ أحرفٍ أنْ ، و لَنْ ، و كَيْ ، و إذَنْ ، و أنْ المقدرة نحو أُرِيْدُ أنْ تُحْسِنَ إلَيَّ ، و أنا لَنْ أضْرِبَكَ ، و أسْلَمْتُ كَيْ أدْخُلَ الجنةَ ، و إذَنْ يَغْفِرَ اللهُ لَكَ .

و تُقَدَّرُ أنْ في سبعةِ مواضعَ بعدَ حَتّى نحو أسْلَمْتُ حَتّى أدْخُلَ الجنةَ ، و لامِ كَيْ نحو قام زيد لِيَذْهَبَ ، و لامِ الجُحُدِ نحو ﴿مَا كَانَ اللهُ لِيُعَذِّبَهُمْ﴾ الأنفال٣٣ و الفاءِ الواقعةِ في جوابِ الأمرِ و النَهى و الاستفهامِ و النَفي و التَمني و العَرَضِ نحو أسْلِمْ فَتَسْلَمَ ، و لا تَعْصِ فَتُعَذَّبَ ، و هَلْ تَعَلَّمُ فَتَنْجُوَ ، و ما تَزُوْرُنَا فَنُكْرِمَكَ ، و لَيْتَ لِي مالًا فَأُنْفِقَهُ ، و ألَا تَنْزِلُ بِنَا فَتُصِيْبَ خيرًا .

«أنْ» تۆۋەندىكىدەك يەتتە ئورۇندا تەقدىر قىلىنىدۇ: (بىرىنچىسى) «أسْلَمْتُ حَتّى أدْخُلَ الجنةَ» دېگەنگە ئوخشاش «حَتّى» دىن كېيىن؛ (ئىككىنچىسى) «قام زيد لِيَذْهَبَ» دېگەنگە ئوخشاش «كَيْ» مەنىسىدىكى «لِ» دىن كېيىن؛ (ئۈچىنچىسى) ﴿مَا كَانَ اللهُ لِيُعَذِّبَهُمْ﴾ دېگەنگە ئوخشاش «لامِ الجُحُدِ» (نەفىدىن كېيىن كېلىپ ئۇنىڭ نەفسىنى كۈچەيتىدىغان«لِ») دىن كېيىن؛ (تۆتىنچىسى) «أسْلِمْ فَتَسْلَمَ»؛ «لا تَعْصِ فَتُعَذَّبَ»؛ «هَلْ تَعَلَّمُ فَتَنْجُوَ»؛ «ما تَزُوْرُنَا فَنُكْرِمَكَ»؛ «لَيْتَ لِي مالًا فَأُنْفِقَهُ»؛ «ألَا تَنْزِلُ بِنَا فَتُصِيْبَ خيرًا» دېگەنلەرگە ئوخشاش ئەمىر، نەھى، ئىستىفھام، نەفى، ئارزۇ ۋە تەكەللۇپ قاتارلىقلارنىڭ جاۋابىدا كەلگەن «فَ» دىن كېيىن؛

(بەشىنچىسى) «أَسْلِمْ وَ تَسْلِمَ ، إلى آخره» دېگەنگە ئوخشاش يۇقىرىقىلارنىڭ جاۋابىدا كەلگەن «و» دىن كېيىن؛ (ئالتىنچىسى) «لَأَحْبِسَنَّكَ أَوْ تُعْطِيَنِي حَقِّي» دېگەنگە ئوخشاش «إلى أنْ» ياكى «إلّا أنْ» مەنىسىدىكى «أَوْ» دىن كېيىن؛ (يەتتىنچىسى) «أَعْجَبَنِي قِيَامُكَ وَ تَخْرُجَ» دېگەنگە ئوخشاش مەتۇفۇن ئەلەيھى ئاشكارا ئىسىم بولغان

و بعد الواو الواقعة في جواب هذه المواضع كذلك نحو أَسْلِمْ وَ تَسْلِمَ ، إلى آخره . و بعد أَوْ بمعنى إلى أَنْ ، أَوْ إلّا أَنْ نحو لَأَحْبِسَنَّكَ أَوْ تُعْطِيَنِي حَقِّي . و واوِ العطفِ إذا كان المعطوفُ عليه اسمًا صريحًا نحو أَعْجَبَنِي قِيَامُكَ وَ تَخْرُجَ .

ويجوز إظهارُ أَنْ مع لامِ كَيْ نحو أَسْلَمْتُ لِأَنْ أَدْخُلَ الجنةَ،و مع واوِ العطفِ نحوأعجبني قيامُك وأَنْ تَخْرُجَ

و يجب إظهارُ أَنْ في لامِ كَيْ إذا اتصلتْ بلا النافيةِ نحو﴿لِئَلّا يَعْلَمَ ﴾ الحديد٢٩ .

چاغدىكى ئەتفىنىڭ «و» سىدىن كېيىن .

«لامِ كَيْ» بىلەن (بىللە كېلىدىغان) «أنْ» نى ئاشكارا كەلتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ . مەسىلەن: «أَسْلَمْتُ لِأَنْ أَدْخُلَ الجنةَ» .

يەنە مەتۇفۇن ئەلەيھى ئاشكارا ئىسىم بولغاندا ئەتفىنىڭ «و» سىدىن كېيىنمۇ «أنْ» نى ئاشكارا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن : «أعجبني قيامُك و أَنْ تَخْرُجَ».

نەفى بىلەن تۇتۇشۇپ كەلگەن چاغدىكى «لامِ كَيْ» (نىڭ كەينىدىكى) «أنْ» نى ئاشكارا كەلتۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : «لِئَلّا يَعْلَمَ». بۇ مىسالدىكى «لِ» نەفىنىڭ «لا» سى بىلەن بىرگە كەلگەنلىكتىن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىر قىلىنىدىغان «أنْ» نى ئاشكارا كەلتۈردۇق ۋە «نْ» نى «لا» غا ئىدغام قىلىۋەتتۇق .

تەنبىھ : «العلمُ» (ۋە ئۇنىڭ مۇشتاقلىرى) دىن كېيىن كەلگەن «أنْ» مۇزارىئە پېئىلىنى نەسبى قىلغۇچى (ئامىل) ئەمەس، (بەلكى) ئۇ پەقەت مۇسەققەل بولغان «أنَّ» دىن يەڭگىللىتىلگەن «أنْ» دۇر. مەسىلەن: «عَلِمْتُ أنْ سَيَقُوْمُ»؛ ﴿عَلِمَ أنْ سَيَكُوْنُ مِنْكُمْ مَرْضى﴾.

و اعلم أنَّ أنْ الواقعةَ بعدَ العلمِ ليستْ هي الناصبةَ للفعل المضارعِ و إنما هي المُخَفَّفَةُ مِنْ المُثَقَّلَةِ نحو عَلِمْتُ أنْ سَيَقُوْمُ قال الله تعالى ﴿عَلِمَ أنْ سَيَكُوْنُ مِنْكُمْ مَرْضى﴾ المزمل٢٠ .

و أنْ الواقعةَ بعدالظنِ جاز فيه الوجهانِ النصبُ بها وأنْ تجعلها كالواقعة بعد العلمِ نحو ظَنَنْتُ أنْ سَيَقُوْمُ

فصل المجزومُ عامله لَمْ ، و لَمَّا ، و لامُ الأمرِ ، و لا في النهي ، و كَلِمِ المجازاتِ و هي إنْ ، و مَهْمَا ، و إذْمَا ، و حَيْثُمَا ، و أينَ ، و مَتي ، و ما ، و مَنْ ، و أيٌّ ، و أنى ، و إنْ المقدرةُ نحو لم يَضْرِبْ ، و لَمَّا يَضْرِبْ ،و لِيَضْرِبْ ،و لا تَضْرِبْ ، و إنْ تَضْرِبْ أَضْرِبْ ، آه .

«الظنُ» (ۋە ئۇنىڭ مۇشتاقلىرىدىن) كېيىن كەلگەن «أنْ» نىڭ سەۋەبىدىن (ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇزارىئەنى) نەسبى ئوقۇشقىمۇ ياكى ئۇنىڭغا «العلمُ» دىن كېيىن كەلگەن «أنْ» گە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن : «ظَنَنْتُ أنْ سَيَقُوْمُ».

تۆتىنچى پەسىل «المجزومُ» (جەزمە ئوقۇلغۇچى پېئىل): ئۇنىڭ ئامىلى «لَمْ ، ولَمَّا ، ولامُ الأمرِ ، ولا في النهي» قاتارلىقلار ۋە شەرت مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «إنْ ، و مهما ، و إذْما ، و حَيْثُمَا ، و أينَ ، و متي ، و ما ، و مَنْ ، و أيٌّ ، و أنّى ، و إنْ المقدرةُ» قاتارلىقلاردۇر. مەسىلەن : «لَمْ يَضْرِبْ»؛ «لَمَّا يَضْرِبْ»؛ «لِيَضْرِبْ»؛ «لا تَضْرِبْ»؛ «إنْ تَضْرِبْ أَضْرِبْ». ئاخىرىغىچە مۇشۇ قائىدە بويىچە بولىدۇ .

تەنبىھ : «لم» مۇزارىئەنىڭ (مەنىسىنى) مازى مەنفىيگە ئۆزگەرتىدۇ.

«لَمَّا» مۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، لېكىن بۇنىڭدا (ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنىڭ) تېخىچە داۋاملىشىۋاتقانلىق مەنىسى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىشىنىڭ مۇمكىنچىلىق مەنىسىدىن ئىبارەت مەنىلەر بولىدۇ . مەسىلەن : «قامَ الأميرُ لَمَّا يَرْكَبْ» (پادىشاھ تېخىچە ئاتقا مىنمىدى). يەنە (ئۇنىڭدىن كېيىنكى) پېئىلنى ھەزىپ قىلىۋېتىش دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن : «نَدِمَ زيدٌ و لَمَّا». بۇنىڭ ئەسلىيسى «و لَمَّا يَنْفَعْهُ النَّدَمُ» بولۇپ «لَمَّا» دىن كېيىنكى «يَنْفَعْهُ» دېگەن پېئىل ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن، (ئەمما «لم» دىن كېيىنكى پېئىلنى ھەزىپ قىلىۋېتىش دۇرۇس بولمايدۇ)، شۇڭا «نَدِمَ زيدٌ و لَمْ» دېيىشكە بولمايدۇ.

شەرت مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەلىمىلەرگە كەلسەك ئۇلارنىڭ ئىسىم ياكى ھەرپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئاۋۋالقى جۈملىنىڭ ئىككىنچى جۈملە ئۈچۈن سەۋەب ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىككى جۈملىگە كىرىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى شەرت ۋە ئىككىنچىسى جازا دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر شەرت ۋە جازادىن ئىبارەت (ھەر ئىككىسى) مۇزارىئە بولسا ئۇنى لەۋزەن جەزمە ئوقۇش زۆرۈر بولىدۇ . مەسىلەن : «تُكْرِمْني أُكْرِمْكَ».

ئەگەر ئۇ ئىككىسى مازى پېئىلى بولۇپ قالسا ئۇ كەلىمىلەر بۇ ئىككىسىدە لەۋزەن ئەمەل قىلالمايدۇ. مەسىلەن : «إن ضربتَ ضربتُ» .

ئەگەر جازانىڭ ئۆزىلا مازى بولۇپ قالسا شەرتنى جەزمە ئوقۇش زۆرۈر. مەسىلەن : «إن تَضْرِبْني ضَرَبْتُكَ» .

ئەگەر، شەرتنىڭ ئۆزىلا مازى بولۇپ قالسا جازانى ئىككى خىل ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن: «إن جِئْتَنِي أُكْرِمُكَ».

و اعلم أنَّ لم ، تُقْلِبُ المضارعَ ماضِيًا مَنْفيًا ، و لَمَّا كذالك إلا أنَّ فيها تَوَقُّعًا بعده و دَوَامًا قَبْلَهُ نحو قامَ الأميرُ لَمَّا يَرْكَبْ ، و أيضا يجوز حذفُ الفعلِ بعد لَمَّا خاصةً تقول نَدِمَ زيدٌ و لَمَّا ،أيْ و لَمَّا يَنْفَعْهُ النَّدَمُ ، و لا تقول نَدِمَ زيدٌ و لَمْ .

و أما كَلِمُ المجازاتِ حرفًا كانت أو اسمًا فهي تدخل على الجملتينِ لِتَدُلَّ على أن الأُوْلى سببٌ للثانية ، و تُسمي الأولى شرطًا و الثانيةَ جزاءً . ثم إن كان الشرط و الجزاءُ مضارعينِ يجب الجزمُ فيهما لفظا نحو إن تُكْرِمْني أُكْرِمْكَ ، و إن كانَا ماضيينِ لم تعمل فيهما لفظا نحو إن ضربتَ ضربتُ ، و إن كان الجزاءُ وَحْدَهُ ماضيًا يجب الجزمُ في الشرط نحو إن تَضْرِبْني ضَرَبْتُكَ ، و إن كان الشرط وَحْدَهُ ماضيًا جاز في الجزاءِ الوجهانِ نحو إن جِئْتَني أُكْرِمُكَ .

تەنبىھ : جازا «قَدْ» سىز كەلگەن مازى بولسا ئۇنىڭغا «ف» (نىڭ كىرىشى) دۇرۇس بولمايدۇ. مەسىلەن: «إن أَكْرَمْتَنِي أَكْرَمْتُكَ». بۇ مىسالدىكى «أَكْرَمْتُكَ» دېگەن جازانىڭ ئالدىدا «قَدْ» بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭ ئالدىغا «ف» كەلتۈرۈلمىگەن .

و اعلم أنه إذا كان الجزاء ماضيًا بغير قَدْ ، لم يجز الفاءُ فيه نحو إن أَكْرَمْتَنِي أَكْرَمْتُكَ قال الله تعالى ﴿وَمَنْ دَخَلَهُ كَانَ آمِنًا﴾ آل عمران٩٧، و إن كان مضارعًا مثبتًا أو منفيًا بِلا جازَ فيه الوجهانِ نحو إن تَضْرِبْنِي أَضْرِبْكَ أو فَأَضْرِبُكَ ، و إن تَشْتُمْنِي لا أَضْرِبْكَ أو فَلا أَضْرِبُكَ.

و إن لم يكن الجزاءُ أحدَ القسمينِ المذكورينِ فيجب الفاءُ فيه و ذالك في أربع صورٍ

الأولى أن يكون الجزاءُ ماضيًا مع قَدْ ، كقوله تعالى ﴿إِنْ يَسْرِقْ فَقَدْ سَرَقَ أَخٌ لَهُ مِنْ قَبْلُ﴾ يوسف٧٧ .

و الثانية أن يكون مضارعًا منفيًا بغير لا ، كقوله تعالى﴿وَمَنْ يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلَامِ دِينًا فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْهُ﴾ آل عمران٨٥ .

ئەگەر، (ئۇ جازا) بولۇشلۇق مۇزارىئە بولسا ياكى «لا» بىلەن بولۇشسىز قىلىنغان مۇزارىئە بولسا ئۇنىڭ ھەققىدە ئىككى خىل يول دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن : «إن تَضْرِبْنِي أَضْرِبْكَ أو فَأَضْرِبُكَ»؛ «إن تَشْتُمْنِي لا أَضْرِبْكَ أو فَلا أَضْرِبُكَ».

ئەگەر جازا يۇقىرىقى ئىككى قىسىمدىن ھېچ قايسىسى بولمىسا ئۇنىڭغا «ف» نىڭ كىرىشى زۆرۈر بولىدۇ. بۇ (تۆۋەندىكىدەك) تۆت خىل شەكىلدە بولىدۇ:

بىرىنچىسى، جازانىڭ «قَدْ» بىلەن (بىرگە كەلگەن) مازى بولۇشىدۇر. مەسىلەن: ﴿إِنْ يَسْرِقْ فَقَدْ سَرَقَ أَخٌ لَهُ مِنْ قَبْلُ﴾. ئىككىنچىسى، جازانىڭ «لا» دىن باشقا كەلىمە بىلەن نەفى قىلىنغان مۇزارىئە بولۇشىدۇر . مەسىلەن: ﴿وَمَنْ يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلَامِ دِينًا فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْهُ﴾ .

ئۈچىنچىسى ، (جازانىڭ) جۈملە ئىسمىييە بولۇشىدۇر. مەسىلەن : ﴿مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا﴾ .

تۆتىنچىسى، (جازانىڭ) ياكى ﴿قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّوْنَ اللهَ فَاتَّبِعُوْنِي﴾ دېگەنگە ئوخشاش ئەمىر بولۇش ئارقىلىق ۋە ياكى ﴿فَإِنْ عَلِمْتُمُوْهُنَّ مُؤْمِنَاتٍ فَلَا تَرْجِعُوْهُنَّ إِلَى الْكُفَّارِ﴾ دېگەنگە ئوخشاش نەھى بولۇش ئارقىلىق جۈملە ئىنشائىييە بولۇشىدۇر .

گاھىدا جۈملە ئىسمىييەدە «ف» نىڭ ئورنىغا «إِذَا» كېلىدۇ. مەسىلەن :

و الثالثة أن يكون جملةً اسميةً كقوله تعالى ﴿ مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا ﴾ الأنعام١٦٠ .

و الرابعة أن يكون جملةً إنشائيةً إمَّا أمرًا كقوله تعالى ﴿ قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّوْنَ اللهَ فَاتَّبِعُوْنِي ﴾ آل عمران٣١، و إمَّا نَهْيًا كقوله تعالى ﴿ فَإِنْ عَلِمْتُمُوْهُنَّ مُؤْمِنَاتٍ فَلا تَرْجِعُوْهُنَّ إِلى الْكُفَّارِ ﴾ .

و قد يقع إذَا مع الجملةِ الاسميةِ مَوْضِعَ الْفَاءِ كقوله تعالى ﴿ وَ إِنْ تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ بِمَا قَدَّمَتْ أَيدِيْهِمْ إِذَا هُمْ يَقْنَطُوْنَ ﴾ الروم٣٦ .

﴿وَ إِنْ تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ بِمَا قَدَّمَتْ أَيدِيْهِمْ إِذَا هُمْ يَقْنَطُوْنَ﴾ .

تەقدىر قىلىنىدىغان «إنْ» پەقەت بەش تۈرلۈك پېئىلدىن كېيىنلا تەقدىر قىلىنىدۇ، ئۇلار: (بىرىنچى) ئەمىردىن كېيىن؛ مەسىلەن : «تَعَلَّمْ تَنْجُ»، بۇنىڭ ئەسلىيسى «تَعَلَّمْ إنْ تَعَلَّمْ تَنْجُ» ئىدى دەپ مۆلچەرلىنىدۇ. (ئىككىنچى) نەھىدىن كېيىن؛ مەسىلەن : «لا تَكْذِبْ يَكُنْ خيرًا لَكَ»، بۇنىڭ ئەسلىيسى «لا تَكْذِبْ إنْ لا تَكْذِبْ يَكُنْ خيرًا لَكَ» ئىدى دەپ مۆلچەرلىنىدۇ . (ئۈچىنچى) ئىستىفهامدىن كېيىن؛ مەسىلەن : «هَلْ تَزُوْرُنَا نُكْرِمْكَ»، بۇنىڭ ئەسلىيسى «هَلْ تَزُوْرُنَا إنْ تَزُرْنَا نُكْرِمْكَ» ئىدى دەپ مۆلچەرلىنىدۇ. (تۆتىنچى) ئارزۇدىن كېيىن؛ مەسىلەن: «لَيْتَكَ عِنْدِي أَخْدِمْكَ»، بۇنىڭ ئەسلىيسى «لَيْتَكَ عِنْدِي إنْ تَكُنْ عِنْدِي أَخْدِمْكَ» دەپ مۆلچەرلىنىدۇ. (بەشىنچى) تەكەللۇپتىن كېيىن، مەسىلەن : « أَلَا تَنْزِلُ بِنَا تُصِبْ خيرًا »، بۇنىڭ ئەسلىيسى «أَلَا تَنْزِلُ بِنَا إنْ تَنْزِلْ بِنَا تُصِبْ خيرًا » ئىدى دەپ مۆلچەرلىنىدۇ.

بەزى ئورۇنلاردا نەفىدىن كېيىنمۇ « إنْ » تەقدىر قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «لاتَفْعَلُ شرًّا يَكُنْ خيرًا لَكَ»، بۇنىڭ ئەسلىيسى «لا تَفْعَلُ شرًّا إنْ لا تَفْعَلْ شرًّا يَكُنْ خيرًا لَكَ» ئىدى دەپ مۆلچەرلىنىدۇ.

و إنما تُقَدَّرُ إنْ بعد الأفعالِ الخمسةِ التي هي الأمرُ نحو تَعَلَّمْ تَنْجُ ، و النهيُ نحو لا تَكْذِبْ يَكُنْ خيرًا لَكَ ، و الاستفهامُ نحو هَلْ تَزُوْرُنَا نُكْرِمْكَ ، و التمنّي نحو لَيْتَكَ عِنْدِي أَخْدِمْكَ ، و العرضُ نحو أَلَا تَنْزِلُ بِنَا تُصِبْ خيرًا ، و بعد النفي في بعض المواضع نحو لا تَفْعَلُ شرًّا يَكُنْ خيرًا لَكَ . و ذالك إذا قُصِدَ أنَّ الأول سببٌ للثاني كما رأيتَ في الأمثلة فإنَّ معنى قولِنا تَعَلَّمْ تَنْجُ ، هو إنْ تَتَعَلَّمْ تَنْجُ ، و كذالك البواقي فلذالك إمتنعَ قولُك لا تَكْفُرْ تَدْخُلْ النَّارَ لِإمتناعِ السببيةِ إذ لا يصح أنْ يقال إنْ لا تَكْفُرْ تَدْخُلْ النَّارَ .

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى سىز يوقىرىدا تونۇشقان جۈملىلەردىكىدەك مۇتەكەللىم، ئاۋۋالقىسى (ئىككىنچىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ) سەۋەبى ئىكەنلىكىنى مەقسەت قىلغاندا شۇنداق بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن «لا تَكْفُرْ تَدْخُلْ النَّارَ» دېيىشكىز چەكلىنىدۇ. (بۇنداق بولۇشى كاپىر بولماسلىقنىڭ دوۋزاخقا كىرىشكە) سەۋەب بولۇشىنىڭ دۇرۇس بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، «إنْ لا تَكْفُرْ تَدْخُلْ النَّارَ» دېيىش دۇرۇس ئەمەس .

و الثالثُ الأمرُ و هو صيغةٌ يُطْلَبُ بها الفعلُ مِن الفاعل المخاطبِ بأَنْ تَحْذِفَ مْن المضارعِ حرفُ المضارعةِ ثم تَنْظر فإنْ كان ما بعد حرفِ المضارعةِ ساكنًا زِدْتَ همزةَ الوصلِ مضمومةً إنْ إنْضَمَّ ثالثُهُ نحو أُنْصُرْ ، و مكسورةً إنْ إنْفَتَحَ أو إنْكَسَرَ كاِعْلَمْ ، و إضْرِبْ ، و إسْتَخْرِجْ ، و إنْ كان مُتَحَرِّكًا فلا حاجةَ إلى الهمزة نحو عِدْ ، و حَاسِبْ . و الأمرُ مِن باب الإفْعَالِ مِن القسمِ الثانِي . و الأمرُ مبنيٌّ على علامة الجزم كإضربْ ، و أُغْزُ ، و إرْمِ ، و إسْعَ ، و إضْرِبَا ، و إضْرِبُوْا ، و إضْرِبِيْ .

ئۈچىنچىسى ، «الأمرُ» (بۇيرۇق پېئىلى) : ئەمر دېگىنىمىز، مۇخاتەبتىن مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سىيغىدۇر. (ئۇنىڭ ياسىلىشى) مۇزارىئە پېئىلىدىن مۇزارىئە ھەرپىنى ئېلىپ تاشلىشىڭىز، ئاندىن قاراپ بېقىپ ئەگەر مۇزارىئە ھەرپىدىن كېيىنكى ھەرپ ساكىنلىق بولۇپ ئۈچىنچى ھەرپ زەممەلىك بولسا «أُنْصُرْ» دېگىنىمىزگە ئوخشاش (كەلىمىنىڭ ئالدىغا) زەممەلىك ھالەتتىكى ھەمزە ۋەسلىينى كەلتۈرۈشىڭىز ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ئەگەر ئۈچىنچى ھەرپ كەسرەلىك ياكى فەتھەلىك بولسا «إعْلَمْ ، و إضْرِبْ ، و إسْتَخْرِجْ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش (كەلىمىنىڭ ئالدىغا) كەسرەلىك ھالەتتىكى ھەمزە ۋەسلىينى كەلتۈرۈشىڭىز ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ئەگەر (مۇزارىئە ھەرپىدىن كېيىنكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولسا ھەمزىنى كەلتۈرۈشكە موھتاج بولمىغان ھالدا «عِدْ ، و حَاسِبْ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ. «الإفْعَالُ» بابىدىن (ئېلىنىدىغان) ئەمر (يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ھەمزە كەلتۈرۈش ۋە كەلتۈرمەسلىكتىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنىڭ ھەمزە ۋەسلىيەنى كەلتۈرمەسلىكتىن ئىبارەت) ئىككىنچى قىسمىغا مەنسۇپتۇر . چۈنكى، ئۇنىڭدا مۇزارىئە ھەرپىدىن كېيىنكى «أ» ھەرىكەتلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۆز ھالىدا قالىدۇ.

ئەمر پېئىلى جەزمىنىڭ بەلگىلىرىگە مەبنىدۇر. مەسىلەن : «إضربْ ، و أُغْزُ ، و إرْمِ ، و إسْعَ ، و إضْرِبَا ، و إضْرِبُوْا ، و إضْرِبِيْ».

بەشىنچى پەسىل «فعلُ ما لم يسمَّ فاعلُه»(مەجھۇل دەرىجىدىكى پېئىل) : ئۇ پائىلى ھەزىپ قىلىنىپ ئۇنىڭ ئورنىغا مەپئۇلى تۇرغۇزۇلغان پېئىلدۇر. بۇ مۇتەئەددى پېئىللارغىلا خاستۇر .

ئۇنىڭ مازىدىكى بەلگىسى ئۇنىڭ ئالدىنىڭ زەممەلىك بولۇشى ۋە ئالدىلىرىدا زائىت (ھېسابلىنىدىغان) «ت» ۋە ھەمزە ۋەسلي بولمىغان بابلاردىكى (مازىدا) ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ كەسرەلىك بولۇشىدۇر. مەسىلەن : «ضُرِبَ »؛ «دُحْرِجَ»؛ «أُكْرِمَ» .

ۋە ئالدىدا زائىت ھېسابلىنىدىغان «ت» بولغان (مازىدا) ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ھەرپىنىڭ زەممەلىك ۋە ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ يۇقىرىقىغا ئوخشاش (كەسرەلىك) بولۇشىدۇر. مەسىلەن : «تُفُضِّلَ »؛ «تُضُوْرِبَ».

فصل فعلُ ما لم يسمَّ فاعلُه هو فعلٌ حُذِفَ فاعلُه و أُقِيْمَ المفعولُ مقامَهُ و يختص بالمتعدي.

و علامتُه في الماضي أن يكون أولُه مضمومًا فقط و ما قبل آخرِه مكسورًا في الأبواب التي ليستْ في أوَائِلِهَا همزةُ وَصْلٍ و لا تاءٌ زائدةٌ نحو ضُرِبَ ، و دُحْرِجَ ، و أُكْرِمَ ، و أن يكون أولُه وثانيه مضمومًا و ما قبل آخرِه كذالك فيما في أوله تاءٌ زائدةٌ نحو تُفُضِّلَ ، و تُضُوْرِبَ ، وأن يكون أولُه و ثالثُه مضمومًا و ما قبل آخرِه كذالك في ما في أوَّلِه همزةُ وَصْلٍ نحو اُسْتُخْرِجَ ، و أُقْتُدِرَ ، و الهمزةُ تتبع المضمومَ إن لم تُدْرَجْ .

يەنە ئالدىدا ھەمزە ۋەسلىيە بولغان (مازىدا) ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى ھەرپىنىڭ زەممەلىك ۋە ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ يۇقىرىقىغا ئوخشاش (كەسرەلىك ) بولۇشىدۇر. مەسىلەن : «اُسْتُخْرِجَ»؛ «أُقْتُدِرَ» . بۇلاردىكى ھەمزە لەبزىدىن چۈشۈپ كەتمىگەن ئەھۋالدا زەممە ئوقۇلىدۇ.

ئۇنىڭ مۇزارىئەدىكى بەلگىسى مۇزارىئە ھەرپىنىڭ زەممەلىك بولۇشى ۋە ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ فەتھەلىك بولۇشىدۇر. مەسىلەن : «يُضْرَبُ»؛ «يُسْتَخْرَجُ» . ئەمما «المُفَاعَلَةِ و الإفْعَالِ و التَّفْعِيْلِ و الفَعْلَلَةِ» قاتارلىق بابلاردا ۋە ئۇلارغا تەۋە بولىدىغان سەككىز بابتا (ئۇلارنىڭ مۇزارىئە ھەرپلىرى ئەسلىدىلا زەممەلىك بولغانلىقتىن مەجھۇللۇقنىڭ بەلگىسى ئۇلارنىڭ) ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ فەتھەلىك بولۇشىدۇر. مەسىلەن: «يُحَاسَبُ»؛ «يُدَحْرَجُ».

و علامتُه في المضارع أن يكون حرف المضارعة مضمومًا و ما قبل آخره مفتوحًا نحو يُضْرَبُ ، و يُسْتَخْرَجُ إلا في باب المُفَاعَلَةِ و الإفْعَالِ و التَّفْعِيْلِ و الفَعْلَلَةِ و مُلْحَقَاتِهَا الثَّمَانِيَةِ فان العلامة فيها فَتْحُ ما قبل الآخرِ نحو يُحَاسَبُ ، و يُدَحْرَجُ .

و في الأَجْوَفِ ماضِيةِ قِيْلَ ، و بِيْعَ ، و بِالْإشْمَامِ قُيْلَ ، و بُيْعَ ، و بالواوِ قُولَ ، و بُوعَ ، و كذالك بابُ أُخْتِيْرَ ، و أُنْقِيْدَ ، دونَ أُسْتُخْيِرَ ، و أُقِيْمَ ، لِفَقْدِ فُعِلَ فيهما .

و في مضارعهِ تقلب العينُ أَلِفًا نحو يُقَالُ ، و يُبَاعُ ، كما عرفتَ في التصريف مُسْتَقْصًى .

مازى بولغان ئەجۋەپتە «قِيْلَ ، و بِيْعَ» دېيىلىدۇ، ياكى «يْ» نى «و» غا مايىل قىلىپ «قُيْلَ و بُيْعَ» دېيىلىدۇ ۋە ياكى ئوتتۇرىسىغا «و» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق «قُولَ و بُوِعَ» قىلىپ سۆزلىنىدۇ. «أُخْتِيْرَ و أُنْقِيْدَ» بابلىرىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ھۆكۈمدە بولىدۇ، لېكىن «أُسْتُخِيْرَ و أُقِيْمَ» قاتارلىقلار «فُعِلَ» ۋەزنىدە بولمىغانلىقتىن بۇلار يۇقىرىقىدەك ئۈچ خىل ئوقۇلمايدۇ. بۇ پېئىللارنىڭ «ع» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ئەسلىدە ھەرىكەتلىك بولمىغانلىقتىن بۇلار «فُعِلَ» ۋەزنىدە بولمىغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەجۋەپ پېئىلنىڭ مۇزارىئەلىرىدە خۇددى سەرپتە يېتەرلىك تونۇشقىنىڭىزغا ئوخشاش «ع» نىڭ ئۇدۇلىدىكى ھەرپ «ا» كە يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن : «يُقَالُ»؛ «يُبَاعُ» .

ئالتىنچى پەسىل «المتعدى و اللازمُ»(ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللار) : پېئىل ياكى مۆتەئەدى، ياكى لازىم بولىدۇ.

مۆتەئەددى دېگىنىمىز، مەنىسىنىڭ (تولۇق) چۈشىنىلىشى پائىلدىن سىرت «المفعول به» گە ئوخشاش ئۆزىگە ئالاقىدار بىر نەرسىنىڭ كېلىشىگە قاراشلىق بولۇپ قالىدىغان پېئىلدۇر. مەسىلەن : «ضَرَبَ» .

لازىم پېئىل دېگىنىمىز، يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچىدۇر. مەسىلەن : «قَعَدَ»؛ «قَامَ» .

مۆتەئەددى پېئىللار گاھىدا پەقەت بىرلا مەپئۇلغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «ضَرَبَ زيدٌ عَمْرًوا».

گاھىدا ئىككى مەپئۇلغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «أَعْطي زيدٌ عمرًوا دَرْهَمًا».

ۋە گاھى چاغدا ئىككى مەپئۇلنىڭ بىرىنى قىسقارتىۋېتىش دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن : «أعْطَيْتُ زيدًا» دېگەنگە، ياكى «أعْطَيْتُ دَرْهَمًا» دېگەنگە ئوخشاش. ئەمما، «عَلِمْتُ» بابى ئۇنىڭ ئەكسىچىدۇر. چۈنكى، بۇ بابنىڭ ئىككى مەپئۇلىنىڭ بىرىنى قىسقارتىش دۇرۇس بولمايدۇ .

گاھىدا ئۈچ مەپئۇلغا تەسىر كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن : «أَعْلَمَ اللهُ زيدًا عمرًوا فاضلًا» .

فصل الفعلُ إما مُتَعَدٍّ و هو ما يتوقف فَهْمُ معناه على مُتعلقٍ غيرِ الفاعلِ كضَرَبَ ، و إما لازِمٌ و هو ما بخلافه كقَعَدَ ، و قَامَ .

و المتعدى قد يكون إلى مفعولٍ وَاحدٍ كضَرَبَ زيدٌ عَمْرًوا ، و إلى مفعولَينِ كأعْطي زيدٌ عمرًوا دَرْهَمًا ،و يجوز فيه الإقتصارُ على أحد مفعولَيه كأعْطَيْتُ زيدًا ، و أعْطَيْتُ دَرْهَمًا بخلاف بابِ عَلِمْتُ .و إلى ثلثةِ مَفَاعِيْلِ نحو أَعْلَمَ اللهُ زيدًا عمرًوا فاضلًا ،

يەنە «أرى ، و أَنْبَأَ ، و نَبَّأَ ، و أَخْبَرَ ، و خَبَّرَ ، و حَدَّثَ» دېگەنلەرمۇ (ئاشۇ ئۈچ مەپئۇلغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پېئىللارنىڭ) جۈملىسىدىندۇر. بۇ يەتتىسىنىڭ بىرىنچى مەپئۇلى بىلەن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى مەپئۇلىنى قىسقارتىشنىڭ دۇرۇس بولۇش - بولماسلىقى جەھەتتە «أَعْطَيْتُ» بابىنىڭ ئىككى مەپئۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر، يەنى يۇقىرىقى پېئىللارنىڭ بىرىنچى مەپئۇلى «أَعْطَيْتُ» نىڭ بىرىنچى مەپئۇلىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

و منه أرى ، و أَنْبَأَ ، و نَبَّأَ ، و أَخْبَرَ ، و خَبَّرَ ، و حَدَّثَ ، و هذه

السبعةُ مفعولُها الأولُ مع الآخيرينِ كمفعولَىْ أَعْطَيْتُ في جوازِ الاقتصارِ

على احدهما تقول أَعْلَمَ اللهُ زيدًا ، و الثاني مع الثالثِ كمفعولَيْ عَلِمْتُ

في عدمِ جوازِ الاقتصارِ على أحدهما فلا تقول أَعْلَمْتُ زيدًا خيرَ الناسِ

بل تقول أَعْلَمْتُ زيدًا عمرًوا خيرَ الناسِ .

ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى مەپئۇلى «أَعْطَيْتُ» نىڭ ئىككىنچى مەپئۇلىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ . شۇڭا، ئۇلارنىڭ مەپئۇلىنى ھەزىپ قىلماقچى بولساق ياكى بىرىنچى مەپئۇلىنى ھەزىپ قىلىپ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى مەپئۇلىنى ساقلاپ قالىمىز ۋە ياكى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى مەپئۇلىنى ھەزىپ قىلىۋېتىپ بىرىنچى مەپئۇلىنى ساقلاپ قالىمىز. مەسىلەن : «أَعْلَمَ اللهُ زَيدًا »، بۇ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى مەپئۇلىنى ھەزىپ قىلىۋەتكەننىڭ مىسالى بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلىيسى «أَعْلَمَ اللهُ زَيدًا عَمْرًا فَاضِلًا » ئىدى. بىرىنچى مەپئۇلنى ھەزىپ قىلىۋەتكەننىڭ مىسالى «أَعْلَمَ اللهُ عَمْرًا فَاضِلًا »، بۇنىڭ ئەسلىيسى «أَعْلَمَ اللهُ زَيدًا عَمْرًا فَاضِلًا » ئىدى.

(ئۇ پېئىللارنىڭ ) ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى مەپئۇلىنىڭ، ئىككىسىنىڭ بىرىنى ھەزىپ قىلىشنىڭ دۇرۇس بولماسلىقىدا «عَلِمْتُ» بابىنىڭ ئىككى مەپئۇلىغا ئوخشاشتۇر. شۇڭا، «أَعْلَمْتُ زيدًا خيرَ الناسِ» دېمەستىن، «أَعْلَمْتُ زيدًا عمرًوا خيرَ الناسِ» دېيىشىڭىز كېرەك.

يەتتىنچى پەسىل «أفعال القلوبِ»(قەلب پېئىللىرى) : ئۇلار: «عَلِمْتُ ، و ظَنَنْتُ ، و حَسِبْتُ ، و خِلْتُ ، و رَأَيتُ ، و وَجَدْتُ ، و زَعَمْتُ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت يەتتىدۇر. بۇلار مۇبتىدا ۋە خەۋەر( بولالايدىغان كەلىمى) گە كىرىپ ئۇ ئىككىسىنى (ئۆزىنىڭ مەپئۇلى قىلغان ئاساستا) نەسبىلىك قىلىدىغان پېئىللاردۇر . مەسىلەن : «عَلِمْتُ زيدًا عالِمًا» .

تەنبىھ : بۇ پېئىللارنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل خۇسۇسىيىتى بار:

بىرىنچى، «أعْطَيْتُ» بابىنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئىككى مەپئۇلىنىڭ ھېچقايسىسىنى ھەزىپ قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، «عَلِمْتُ زيدًا» دېسەڭىز بولمايدۇ.

> فصل أفعال القلوبِ عَلِمْتُ ، و ظَنَنْتُ ، و حَسِبْتُ ، و خِلْتُ ، و رَأَيتُ ، و وَجَدْتُ ، و زَعَمْتُ ، و هي أفعالٌ تدخل على المبتدإ و الخبرِ فتنصبُهما على المفعوليةِ نحو عَلِمْتُ زيدًا عالِمًا .
>
> و اعلم أنَّ لِهذه الأفعالِ خواصَّ .
>
> منها أن لا تُقْتَصَرَ على أحد مفعولَيْهَا بخلاف باب أعْطَيْتُ فلا تقول عَلِمْتُ زيدًا .
>
> و منها جوازُ الإلْغَاءِ إذا تَوَسَّطَتْ نحو زيدٌ ظَنَنْتُ قائمٌ أو تَأَخَّرَتْ نحو زيدٌ قائمٌ ظَنَنْتُ .

ئىككىنچىسى، ئەگەر ئۇ پېئىللار «زيدٌ ظَنَنْتُ قائمٌ» دېگەنگە ئوخشاش (مۇبتىدا ۋە خەۋەرنىڭ) ئوتتۇرىسىدا كەلسە ياكى «زيدٌ قائمٌ ظَنَنْتُ» دېگەنگە ئوخشاش ئۇ ئىككىسىدىن كېيىن كەلسە ئۇلارنىڭ ئەمىلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئۇلار «عَلِمْتُ أ زَيدٌ عِنْدَكَ أَمْ عَمْرٌو» دېگەنگە ئوخشاش ئىستىفهامدىن ئىلگىرى كەلگەندە ياكى «عَلِمْتُ ما زيدٌ في الدارِ» دېگەنگە ئوخشاش نەفىدىن ئىلگىرى كەلگەندە، ۋە ياكى«عَلِمْتُ لَزَيدٌ مُنطلقٌ» دېگەنگە ئوخشاش «لَ» دىن ئىلگىرى كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئەمىلى پەقەت لەۋزىدىلا بىكار بولۇپ كېتىپ، مەنە جەھەتتە ئۇ ئىككىسى يەنىلا مۇشۇ پېئىللارنىڭ مەپئۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئىككىنچى خوسۇسىيەتتە ئۇلارنىڭ ئەمىلى مەنە ۋە لەۋزى جەھەتلەردىن بىراقلا بىكار بولۇپ كېتىپ ئۇ پېئىللار زەرىپ بولۇپ كەلگەن مەسدەر مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، «زيدٌ ظَنَنْتُ قائِمٌ» نىڭ مەنىسى «زيدٌ قائِمٌ فِى ظَنِّيْ» دېگەنلىك بولىدۇ.

تۆتىنچىسى، ئۇلارنىڭ پائىل ۋە مەپئۇلىنىڭ بىرلا نەرسىگە قايتىدىغان ئىككى زىمىر بولۇشى دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن : «عَلِمْتُنِيْ مُنطلقًا »؛ «ظَنَنْتَكَ فاضِلًا ».

و منها أَنَّها تُعَلِّقُ إذا وقعَتْ قبل الاستفهامِ نحو عَلِمْتُ أ زَيدٌ عِنْدَكَ أَمْ عَمْرٌو ، و قبل النفي نحو عَلِمْتُ ما زيدٌ في الدارِ ، و قبل لامِ الابتداءِ نحو عَلِمْتُ لَزَيدٌ مُنطلقٌ .

ومنها أَنَّها يجوز أَن يكون فاعلُها و مفعولُها ضميرينِ لِشَيْءٍ واحدٍ نحو عَلِمْتُنِيْ مُنطلقًا، و ظَنَنْتَكَ فاضلًا

و اعلم أنه قد يكون ظَنَنْتُ بمعنى إِتَّهَمْتُ ، و عَلِمْتُ بمعنى عَرَفْتُ ، و رَأَيتُ بمعنى أَبصَرْتُ ، و وَجَدْتُ بمعنى أَصَبْتُ الضَّالَّةَ ، فتنصب مفعولًا واحِدًا فقط فلا تكون حِينَئِذٍ مِن أَفْعَالِ القلوبِ.

تەنبىھ : گاھىدا «ظَنَنْتُ» دېگەن پېئىل «إِتَّهَمْتُ» (تۆھمەت قىلدىم) دېگەن مەنىدە، «عَلِمْتُ» دېگىنى «عَرَفْتُ» (تونۇدۇم) دېگەن مەنىدە، «رَأَيتُ» دېگىنى «أَبصَرْتُ»(كۆردۈم) دېگەن مەنىدە، «وَجَدْتُ» دېگىنى «أَصَبْتُ الضَّالَّةَ» (يىتكەن نەرسىنى تاپتىم) دېگەن مەنىدە كېلىپ پەقەت بىرلا مەپئۇلنى نەسبىلىك قىلىدۇ. ئۇلار بۇ چاغدا قەلب پېئىللىرى ھېسابلانمايدۇ.

سەككىزىنچى پەسىل «الأفعالُ الناقصةُ»(كەمتۈك پېئىللار) : ئۇ ئۆزىنىڭ مەسدىرىنىڭ سۈپىتىدىن باشقا سۈپەت ئۈستىدە پائىلىنى بەرقارار قىلىش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن پېئىلدۇر. مەسىلەن : «كانَ زيدٌ قائمًا »، بۇ مىسالدىكى «كانَ» ئۆزىنىڭ مەسدىرىنىڭ سۈپىتى بولمىغان «قائمًا» دېگەن سۈپەت ئۈستىدە «زيدٌ» دېگەن پائىلىنى بەرقارار قىلدى. ئەمما، «ضربَ زيدٌ عمرًوا» دېگەن مىسالدىكى «ضربَ» دېگەن پېئىل «زيدٌ» دېگەن پائىلىنى ئۆزىنىڭ مەسدىرىنىڭ سۈپىتى بولغان «ئۇرماق» دېگەن سۈپەت ئۈستىدە بەرقارار قىلدى.

ئۇ پېئىللار«كانَ ، و صارَ ، و ظَلَّ ، و باتَ» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئۆزىنىڭ مەنىسىنىڭ ھۆكمىنى ئىسىملىق جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتكە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ ئاۋۋالقىسىنى رەفئىلىك، ئىككىنچىسىنى نەسبىلىك قىلىدۇ. مەسىلەن : «صارَ زيدٌ قائمًا».

بۇ مىسالدىكى «صارَ» ئۆزىنىڭ مەنىسىنىڭ ھۆكمى بولغان «يۆتكىلىش» نى ئۇ جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت (خەۋەر) گە سىڭدۈرگەن .

«كانَ» تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ : بىرىنچىسى، ناقىس پېئىل بولۇپ كېلىپ ﴿كَانَ اللهُ عَلِيْمًا حَكِيْمًا﴾ دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ پائىلىغا خەۋىرىنىڭ دائىم سابىت بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى «كانَ زيدٌ شَابًّا» دېگەنگە ئوخشاش ئۈزۈلگەن ھالدا سابىت بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچىسى، «ثَبَتَ و حَصَلَ» مەنىسىدىكى مۇكەممەل پېئىل بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «كانَ القتالُ». بۇ «حَصَلَ القتالُ» دېگەن مەنىدىدۇر.

ئۈچىنچىسى، ئارتۇقچە كەلتۈرۈلگەن پېئىل بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چۈشۈپ كېتىشى سەۋەبىدىن جۈملىنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ . مەسىلەن : «جِيَادُ ابْنِيْ أَبِي بكرٍ تَسَامى على كانَ الْمُسَوَّمَةِ الْعِرَابِ» (ئوغلۇم ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارغىماقلىرى ئەرەب ئاتلىرىدىن ئۈستۈن كېلىدۇ) . بۇنىڭ ئەسلىيسى «جِيَادُ ابْنِيْ أَبِي بكرٍ تَسَامى على الْمُسَوَّمَةِ الْعِرَابِ» ئىدى .

فصل الأفعالُ الناقصةُ هي أفعالٌ وُضِعَتْ لتَقْرِيْرِ الفاعلِ على صفةٍ غيرِ صفةِ مصدرِها و هي كانَ ، و صارَ ، و ظَلَّ ، و باتَ إلى آخرِها تدخل على الجملة الاسمية لإِفَادَةِ نِسْبَتِهَا حكم معناها فترفع الأول و تَنْصِبُ الثانيَ فتقول صارَ زيدٌ قائمًا .

و كانَ على ثلثة أقسامٍ .

الأول ناقصةٌ و هي تدل على ثبوت خبرِها لِفَاعِلِهَا فِي الماضي إما دائمًا نحو ﴿كَانَ اللهُ عَلِيْمًا حَكِيْمًا﴾ النساء٢٤ ، أو مُنْقَطِعًا نحو كانَ زيدٌ شَابًّا .

والثاني تامةٌ بمعنى ثَبَتَ ، و حَصَلَ نحو كانَ الْقِتَالُ أي حَصَلَ الْقِتَالُ .

والثالث زائدةٌ لا يَتَغَيَّرُ بإسقاطِها معنى الجملة كقول الشاعر . شعر:

جِيَادُ ابْنِيْ أَبِي بكرٍ تَسَامى على كانَ الْمُسَوَّمَةِ الْعِرَابِ . أي على المسومة.

«صَارَ» بولسا بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن : «صَارَ زيدٌ غَنِيًّا» (زەيد باي بولۇپ قالدى).

«أَصْبَحَ و أَمْسى و أَضْحى» قاتارلىقلار جۈملىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئاشۇ ۋاقىتلارغا يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن : «أَصْبَحَ زيدٌ ذَاكِرًا» . بۇنىڭ مەنىسى «كَانَ ذَاكِرًا فِي وَقْتِ الصُبْحِ» دېگەنلىك بولىدۇ .

و صَارَ للانتقال نحو صَارَ زيدٌ غَنِيًّا .

و أَصْبَحَ ، و أَمْسى ، و أَضْحى تدل على إقْتِرَانِ مضمونِ الجملة بتلك الأوقاتِ نحو أَصْبَحَ زيدٌ ذَاكِرًا أَي كانَ ذَاكِرًا فِي وَقْتِ الصُبْحِ . و بمعنى صَارَ نحو أَصْبَحَ زيدٌ غَنِيًّا . و تامّةٌ بمعنى دَخَلَ فِي الصباحِ و الضُحى و الْمَسَا .

و ظَلَّ ، و بَاتَ ، يَدُلَّانِ على إقترانِ مضمونِ الجملة بِوَقْتَيْهِمَا نحو ظَلَّ زيدٌ كاتبًا . و بمعنى صَارَ.

و مَازَالَ ، و مَا فتى ، و مَابَرِحَ ، و مَا انْفَكَّ ، تدل على استمرارِ ثبوتِ خبرِها لِفَاعِلِها مُذْ قَبِلَهُ نحو مَازَالَ زيدٌ أَمِيْرًا . و يلزمها حرفُ النفيِ .

ئۇلار گاھىدا «صَارَ» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن : «أَصْبَحَ زيدٌ غَنِيًّا» دېگەنگە ئوخشاش. يەنە «دَخَلَ فِي الصباحِ و الضُحى و الْمَسَا» مەنىسىدىكى مۇكەممەل پېئىل بولۇپمۇ كېلىدۇ.

«ظَلَّ و بَاتَ» قاتارلىقلار جۈملىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ ۋاقتىغا يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن : «ظَلَّ زيدٌ كاتبًا» (زەيد پۈتۈن كۈن يېزىۋەردى). «بَاتَ الْبَدْرُ مُنِيْرًا» (ئاي كېچىدە نۇرلىنىپ كەتتى). «ظَلَّ» كۈندۈزدىكى ئىشلار ئۈچۈن، «بَاتَ» كېچىدىكى ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

بۇلار گاھىدا «صَارَ» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

«مَازَالَ ، و مَا فتى ، و مَابَرِحَ ، و مَا انْفَكَّ» قاتارلىق پېئىللار پائىللىرى خەۋەرلىرىنى قبۇل قىلغاندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ مۇشۇ پېئىللارنىڭ پائىللىرىغا سابىت بولۇشىنىڭ داۋاملاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن «مَازَالَ زيدٌ أَمِيْرًا».

بۇ مىسالدىكى «زيدٌ» دېگەن پائىل «أَمِيْرًا» دېگەن خەۋەرنى قوبۇل قىلغاندىن باشلاپ ئۇ خەۋەرنىڭ ئاشۇ پائىلغا سابىت بولۇشىنىڭ داۋاملاشقانلىقىنى «ما زَالَ» دېگەن پېئىل ئىپادىلىگەن. بۇ پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىكى نەفىنىڭ ھەرپىدىن ئايرىلمايدۇ.

«مَادَامَ» ئۆزىنىڭ پائىلىغا خەۋىرىنىڭ سابىت بولۇشىنىڭ مۇددىتى ئارقىلىق مەلۇم بىر ئىشنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلىگەنلىككە دالالەت قىلىدۇ. مەسىلەن : «أَقُوْمُ مَادَامَ الأَمِيْرُ جَالِسًا» (پادىشاھ  قاچانغىچە ئولتۇرسا مەن شۇ چاغقىچە ئۆرە تۇرىمەن). بۇ مىسالدىكى «الأمير» دېگەن پائىلىغا «جَالسًا» دېگەن خەۋەرىنىڭ سابىت بولۇشىنىڭ مۇددىتى ئارقىلىق «أَقُوْمُ» دېگەن پېئىلنىڭ داۋاملىشىش مۇددىتى بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلەش «مَادَامَ» دېگەن پېئىل ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقتى .

تەنبىھ : «مَادَامَ» نىڭ ئالدىدىكى «مَا» زەرىپ مەنىسىدىكى مەسدەر خاراكتېرلىك ھەرپتۇر.

«لَيْسَ» جۈملىنىڭ مەنىسىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى بولۇشسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ . بەزىلەر «مەيلى قايسى زاماندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۈملىنىڭ مەنىسىنىڭ بولۇشسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدا يەنىلا ئاۋۋالقى قاراش كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ .

> و مَادَامَ يدل على تَوْقِيْت أمرٍ بمدة ثُبُوت خبرِها لِفَاعلِهَا نحو أَقُوْمُ مَادَامَ الأَمِيْرُ جَالِسًا .
>
> و لَيْسَ يدل على نفيِ معنى الجملةِ حالًا  . و قِيْلَ مُطْلَقًا . و قَدْ عَرَفْتَ بَقِيَّةَ أحكامِهَا في القسم الأولِ فلا نُعِيْدُهَا .

بۇ پېئىللارنىڭ يۇقىرىقىدىن باشقا ھۆكۈملىرىنى بىرىنچى قىسىمدا ئۆگىنىپ بولدىڭىز. شۇڭا، بۇ يەردە قايتا تىلغا ئالمايمىز.

توققۇزىنچى پەسىل «أفعال المقاربة» (يېقىنلىشىش پېئىللىرى) : ئۇ پائىلىغا خەۋىرىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن پېئىللار بولۇپ ئۇ ئۈچ قىسىمدۇر:

بىرىنچىسى، ئۈمىد مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن «عَسى» بولۇپ، بۇ مازىدىن باشقىسىغا ئىشلىتىلمەيدىغان جامىد پېئىلدۇر .

ئۇ ئەمەل قىلىشتا «كادَ» گە ئوخشىسىمۇ ئۇنىڭ خەۋىرىنىڭ «عَسى زيدٌ أنْ يَقُوْمَ» دېگەنگە ئوخشاش «أنْ» بىلەن كەلگەن مۇزارىئە پېئىلى بولۇشى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ .

ئۇنىڭ خەۋىرىنىڭ ئىسمىدىن ئىلگىرى كېلىشى دۇرۇس بولىدۇ ۋە گاھىدا ئۇنىڭ خەۋىرىدىكى «أنْ» ھەزىپ قىلىنىپمۇ كېتىدۇ. مەسىلەن : «عَسى زيدٌ يقومُ» .

ئىككىنچىسى، ئىش - ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن «كادَ» بولۇپ، ئۇنىڭ خەۋىرى «كادَ زيدٌ يقومُ» دېگەنگە ئوخشاش «أنْ» سىز كەلگەن مۇزارىئە بولىدىغان بولسىمۇ، گاھىدا «أنْ» كىرىپمۇ قالىدۇ. مەسىلەن: «كادَ زيدٌ أنْ يقومَ».

ئۈچىنچىسى، ئىش - ھەرىكەتكە تۇتۇش قىلىش ۋە باشلاش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن پېئىللار بولۇپ، ئۇ «طَفِقَ وجَعَلَ وكَرَبَ وأخَذَ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . بۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى «كادَ» نىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن ئوخشاشتۇر. مەسىلەن : «طَفِقَ زيدٌ يَكْتُبُ» (زەيت يېزىشقا باشلىدى). يەنە ئاشۇ ئۈچىنچىسىنىڭ قاتارىدا «أوْشَكَ» مۇ بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىشلىتىلىشى «عَسى» ۋە «كادَ» نىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن ئوخشاشتۇر .

فصل أفعال المقاربةِ هي أفعالٌ وُضِعَتْ للدلالة على دُنُوِّ الخبرِ لِفَاعِلِهَا . و هي ثلثة أقسام .

الأولُ للرِّجَاءِ و هو عَسى ، و هو فعلٌ جَامِدٌ لا يستعمل منه غيرُ الماضي و هو في العمل مثل كادَ إلا أن خبره فعلٌ مضارعٌ مَعَ أنْ نحو عَسى زيدٌ أنْ يَقُوْمَ . و يجوز تقديمُ الخبرِ على اسمه نحو عسى أنْ يقوم زيدٌ . و قد يحذف أنْ نحو عَسى زيدٌ يقومُ .

و الثاني للحصول و هو كادَ ، و خبره مضارعٌ دونَ أنْ نحو كادَ زيدٌ يقومُ ، و قد تدخل أنْ نحو كادَ زيدٌ أنْ يقومَ .

و الثالث للأخذ و الشروعِ في الفعل و هو طَفِقَ ، و جَعَلَ ، وكَرَبَ ، و أخَذَ ، و استعمالها مثل كادَ نحو طَفِقَ زيدٌ يَكْتُبُ .

و أوْشَكَ و استعمالها مثلُ عَسى ، و كادَ .

ئونىنچى پەسىل «فِعلا التعجبِ» (تەئەججۇپ پېئىللىرى) : ئۇ ئەجەبلىنىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن پېئىل بولۇپ ئۇنىڭ ئىككى خىل سىيغىسى بار .

بىرىنچىسى «مَا أَفْعَلَهُ» دۇر . مەسىلەن : «مَا أَحْسَنَ زيدًا». بۇنىڭ مەنىسى «أَيُّ شَيْءٍ أَحْسَنَ زيدًا» دۇر.

«أَحْسَنَ» دە مۇستەتىر زىمىر بار بولۇپ، بۇ زىمىر ئۇنىڭ پائىلىدۇر.

ئىككىنچىسى «أَفْعِلْ بِهِ» دۇر. مەسىلەن : «أَحْسِنْ بِزيدٍ» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ ئىككىسى پەقەت ئىسىم تەفزىيلنى ياساش مۇمكىن بولىدىغان پېئىللاردىنلا ياسىلىدۇ ۋە ياسىلىشى چەكلەنگەن پېئىللاردا ئىسىم تەفزىيلدە تونۇشۇپ ئۆتكىنىمىزدىكىدەك ئاۋۋالقىسىدا «مَا أَشَدَّ استخراجًا» نىڭ ئوخشىشى بىلەن، ئىككىنچىسىدە «أَشْدِدْ بِاسْتِخْرَاجِهِ» نىڭ ئوخشىشى بىلەن مەقسەتكە يېتىلىدۇ .

فصل فِعلا التعجبِ ما وُضِعَ لِإنْشَاءِ التعجبِ . و له صيغتانِ .

الأولُ مَا أَفْعَلَهُ نحو مَا أَحْسَنَ زيدًا أيْ أيُّ شَيْءٍ أَحْسَنَ زيدًا ، و في أَحْسَنَ ضميرٌ و هو فاعلُهُ.

و الثاني أَفْعِلْ بِهِ نحو أَحْسِنْ بِزيدٍ و لا يُبْنَيَانِ إلا مِمَّا يُبنى منه أَفْعَلُ التفضيلِ ، و يُتَوَصَّلُ في الممتنع بمثل ما أَشدَّ استخراجًا في الأول ، وأَشْدِدْ بِاسْتِخْرَاجِهِ في الثاني كما عرفتَ في اسم التفضيل ، و لا يجوز التَصَرُّفُ فيهما بِتَقْدِيْمٍ و لا تأخيرٍ، و لا فصلٍ، و المازني أَجَازَ الفصلَ بالظرف نحو مَا أَحْسَنَ اليومَ زيدًا .

ئۇ پېئىللارنىڭ مەپئۇلى ۋە مەجرۇرىنى ئىلگىرى قىلىپ پېئىلنى كېيىن كەلتۈرۈش ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش دۇرۇس بولمايدۇ.

«المازني» دېگەن ئالىم «مَا أَحْسَنَ اليومَ زيدًا» دېگەن مىسالدىكىگە ئوخشاش ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى زەرىپ بىلەن ئايرىۋېتىشنى دۇرۇس سانىغان .

ئون بىرىنچى پەسىل «أفعال المدحِ و الذمِّ»(مەدھىيىلەش ۋە ئەيىبلەش پېئىللىرى) : ئۇ ئەيىبلەش ياكى مەدھىيىلەشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن پېئىلدۇر.

ماختاشقا كەلسەك ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل پېئىلى بار:

فصل أفعال المدحِ و الذمِّ ما وُضِعَ لإِنْشَاءِ مدحٍ أو ذمٍّ .

أما المدحُ فلَهُ فِعْلانِ .

الأول نِعْمَ و فاعله اسمٌ مُعَرَّفٌ باللام نحو نِعْمَ الرجلُ زيدٌ ، أو مضافٌ إلى المعرف باللام نحو نِعْمَ غلامُ الرجلِ زيدٌ ، و قد يكون فاعله مضمرًا و يجب تمييزُهُ بنكرةٍ منصوبةٍ نحو نِعْمَ رجلًا زيدٌ ، أو بِمَا نحو قوله تعالى ﴿ فَنِعِمَّا هِيَ ﴾ البقرة٢٧١ ، أي نِعْمَ شَيْئًا هِيَ . و زيدٌ يسمى المخصوصَ بالمدح .

بىرىنچىسى، «نِعْمَ» بولۇپ، ئۇنىڭ پائىلى «نِعْمَ الرجلُ زيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش «ال» بىلەن مەرىفە قىلىنغان ئىسىم بولىدۇ ياكى «نِعْمَ غلامُ الرجلِ زيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش «ال» بىلەن مەرىفە قىلىنغان ئىسىمغا مۇزاپ بولغان ئىسىم بولىدۇ، گاھىدا مۇستەتىر زىمىر ئۇنىڭ پائىلى بولۇپمۇ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنى نەسىبلىك نەكرە ئىسىم بىلەن تەمىيزلەش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : «نِعْمَ رجلًا زيدٌ»، بۇ جۈملىدىكى «زيدٌ» مۇبتەدائى مۇئەخخەر، ئۇنىڭ ئالدىدىكى جۈملە خەۋىرى مۇقەددەم بولغانلىقتىن «نِعْمَ» نىڭ پائىلى ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى زىمىر شۇ بولۇپ ، بۇ زىمىرنى «رجلًا» دېگەن تەمىيز بىلەن تەمىيزلىدۇق دەيمىز. گاھىدا ئۇ پائىلنى «مَا» بىلەنمۇ تەمىيزلەيمىز. مەسىلەن : ﴿ فَنِعِمَّا هِيَ ﴾، بۇنىڭ مەنىسى «نِعْمَ شَيْئًا هِيَ» دېگەنلىك بولىدۇ. يۇقىرىقى مىساللاردىكى «زيدٌ» مەدھىيىلەنگۈچى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچىسى «حَبَّذَا» دۇر . مەسىلەن : «حَبَّذَا زيدٌ»، بۇنىڭدىكى «حَبّ» مەدھىيە پېئىلى، «ذَا» ئۇنىڭ پائىلى، «زيدٌ» بولسا مەدھىيىلەنگۈچىدۇر. بۇ مەدھىيىلەنگۈچىدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن «حَبَّذَا رجلًا زيدٌ»؛ «حَبَّذَا زيدٌ رجلًا» دېگەنلەرگە ئوخشاش تەمىيزنىڭ كېلىشى ۋە «حَبَّذَا رَاكِبًا زيدٌ»؛ «حَبَّذَا زيدٌ رَاكِبًا» دېگەنلەرگە ئوخشاش ھالنىڭ كېلىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ .

ئەمما، ئەيىبلەشكە كەلسەك، ئۇنىڭمۇ تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل پېئىلى بار:

بىرىنچىسى، «بِئْسَ» دۇر. مەسىلەن : «بِئْسَ الرجلُ عمرٌو»؛ «بِئْسَ غلامُ الرجلِ عمرٌو»؛ «بِئْسَ رجلًا عمرٌو».

ئىككىنچىسى، «سَاءَ» دۇر. مەسىلەن : «سَاءَ الرجلُ زيدٌ»؛ «سَاءَ غلامُ الرجلِ زيدٌ»؛ «سَاءَ رجلًا زيدٌ».

و الثاني حَبَّذَا نحو حَبَّذَا زيدٌ . حَبَّ فعلُ المدحِ و فاعله ذَا و المخصوصُ بالمدح زيدٌ .و يجوز أنْ يقع قبلَ مخصوصٍ أو بعده تمييزٌ نحو حَبَّذَا رجلًا زيدٌ ، و حَبَّذَا زيدٌ رجلًا، أو حالٌ نحو حَبَّذَا رَاكِبًا زيدٌ ، و حَبَّذَا زيدٌ رَاكِبًا .

و أما الذمُّ فَلَهُ فعلانِ أيضًا .

الأول بِئْسَ نحو بِئْسَ الرجلُ عمرٌو ، و بِئْسَ غلامُ الرجلِ عمرٌو ، و بِئْسَ رجلًا عمرٌو.

و الثاني سَاءَ نحو سَاءَ الرجلُ زيدٌ ، و سَاءَ غلامُ الرجلِ زيدٌ ، و سَاءَ رجلًا زيدٌ ، و سَاءَ مثلُ بِئْسَ في سائر الأقسام.

«سَاءَ» باشقا ھۆكۈملەردە «بِئْسَ» بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئىككى پېئىل ۋە پائىللىرىنىڭ قانداق بولۇشى جەھەتتىكى ھۆكمى «نِعْمَ» نىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.

# ئۈچىنچى قىسىم ھەرپ ھەققىدە

قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ « مَثَلُ عِلْمٍ لَا يُنْتَفَعُ بِهِ كَمَثَلِ كَنْزٍ لَا يُنْفَقُ مِنْهُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ » . وَرَوَاهُ أحمد و الدارمى .

ئۇنىڭ تەرىپى يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئون يەتتە تۈرلۈكتۇر: (بىرىنچىسى) جەر قىلغۇچى ھەرپلەر؛ (ئىككىنچىسى) پېئىلغا ئوخشىتىلغۇچى ھەرپلەر؛ (ئۈچىنچىسى) ئەتفە ھەرپلىرى؛ (تۆتىنچىسى) ئاگاھلاندۇرۇش ھەرپلىرى؛ (بەشىنچىسى) چاقىرىش ھەرپلىرى؛ (ئالتىنچىسى) جاۋاپ بېرىش ھەرپلىرى؛ (يەتتىنچىسى) ئارتۇقچە بولۇپ كېلىدىغان ھەرپلەر؛ (سەككىزىنچىسى) تەپسىرلەش ھەرپلىرى؛ (توققۇزىنچىسى) مەسدەر ھەرپلىرى؛ (ئونىنچىسى) قىزىقتۇرۇش ھەرپلىرى؛ (ئون بىرىنچىسى) كۈتۈش ھەرپلىرى؛ (ئون ئىككىنچىسى) ئىستىفھامنىڭ ئىككى ھەرپى؛ (ئون ئۈچىنچىسى) شەرت ھەرپلىرى؛ (ئون تۆتىنچىسى) رەت قىلىش ھەرپلىرى؛ (ئون بەشىنچىسى) مۇئەننەسنىڭ ساكىنلىق«ة» سى؛ (ئون ئالتىنچىسى) تەنۋىن؛ (ئون يەتتىنچىسى) تەكىتنىڭ ئىككى خىل نۇنى قاتارلىقلاردۇر.

> ## القسم الثالث في الحروف
>
> و قد مضى تعريفُهُ.
>
> و أقسامه سبعةَ عشرَ حروفُ الجرِ ، و الحروفُ المشبهةُ بالفعل ، و حروفُ العطفِ ، و حروفُ التنبيه ، و حروفُ النداءِ ، و حروفُ الإيجابِ ، و حروفُ الزيادة ، و حرفَا التفسيرِ ، و حروفُ المصدرِ ، و حروفُ التحضيضِ ، و حروفُ التَوَقّعِ ، و حرفَا الاستفهامِ ، و حروفُ الشرطِ ، و حرفُ الردْعِ ، و تاءُ التأنيثِ الساكنةُ ، و التَنْوِيْنُ ، و نُوْنَا التأكيدِ .
>
> فصل حروف الجرِ حروفٌ وُضِعَتْ لإفضاءِ الفعلِ أو شبهِهِ أو معنى الفعلِ إلى ما تَلِيْهِ.
>
> نحو مَرَرْتُ بِزيدٍ ، و أَنَا مَارٌّ بِزيدٍ، و هذا فِي الدار أَبوكَ أي أُشِيْرُ إليه فيها .

بىرىنچى پەسىل «حروف الجرِ»(جەر ئوقۇتقۇچى قوشۇمچىلار) : ئۇ پېئىلنى ياكى شۇبھى پېئىلنى ۋە ياكى پېئىلنىڭ مەنىسىنى ئۆزىگە ياندىشىپ كەلگەن كەلىمىگە ئالاقىدار قىلىش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن ھەرپلەردۇر. مەسىلەن : «مَرَرْتُ بِزيدٍ »؛ «أَنَا مَارٌّ بِزيدٍ »؛ «هذا فِي الدار أُبوكَ».

بىرىنچى مىسالدىكى «بِ» دېگەن جەر ھەرپى «مَرَرْتُ» دېگەن پېئىلنى ئۆزىدىن كېيىنكى «زيدٍ» گە ئالاقىدار قىلدى .

ئىككىنچى مىسالدىكى «بِ» دېگەن جەر ھەرپى «مَارٌّ» دېگەن شۇبھى پېئىلنى ئۆزىدىن كېيىنكى «زيدٌ» غا ئالاقىدار قىلدى.

جەر ھەرپلىرى تۆۋەندىكىدەك ئون توققۇز تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى، «مِنْ» بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

1) ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغا ئىگە بولغان باشلىنىش مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن: «سِرْتُ مِنْ البَصْرَةِ إلى الكُوْفَةِ». (بۇنداق رولدا كەلگەن «مِنْ» نى تونۇشنىڭ) بەلگىسى ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە ئاخىرلىشىش (مەنىسىنىڭ بولۇشىنىڭ) دۇرۇس بولۇشىدۇر. مەسىلەن : «سِرْتُ مِنْ البَصْرَةِ إلى الكُوْفَةِ».

2) بايان مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . (بۇنداق رولدا كەلگەن «مِنْ» نى تونۇشنىڭ) بەلگىسى ئۇنىڭ ئورنىغا «الذي» دېگەن سۆزنى قويۇشنىڭ دۇرۇس بولۇشىدۇر. مەسىلەن : ﴿فاجتنبوا الرِّجْسَ مِنْ الْأَوْثَانِ﴾.

3) گاھىدا قىسمەنلىك مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. (بۇنداق رولدا كەلگەن «مِنْ» نى تونۇشنىڭ) بەلگىسى ئۇنىڭ ئورنىغا «بعض» دېگەن سۆزنى قويۇشنىڭ دۇرۇس بولۇشىدۇر. مەسىلەن: «أَخَذْتُ مِنْ الدَّرَاهِم» .

4) گاھىدا ئارتۇقچە ھەرپ بولۇپمۇ كېلىدۇ. (بۇنداق رولدا ئىشلىتىلگەن «مِنْ» نى تونۇشنىڭ ) بەلگىسى ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش سەۋەبىدىن مەنىگە تەسىر يەتمەسلىكتۇر. مەسىلەن: «ما جاءني مِنْ أحَدٍ». بۇ «مِنْ» بولۇشلۇق جۈملىلەردە زىيادە بولۇپ كەلمەيدۇ .

بۇ ھەقتە «الكوفيينَ» لارنىڭ قارىشى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.

و هي تسعةَ عشرَ حرفًا .

مِنْ ، و هي لِابتداءِ الغايةِ و علامته أن يصح في مُقَابَلَتِه الانتهاءُ كما تقول سِرْتُ مِنْ البَصْرَةِ إلى الكُوْفَةِ .

و للتَّبيِيْنِ و علامته أن يصح وَضْعُ لفظِ الذي مكانَه كقوله تعالى ﴿ فاجتنبوا الرِّجْسَ مِنْ الْأَوْثَانِ ﴾ الحج٣٠ .

و للتَّبْعِيْضِ و علامته أن يصح لفظُ بعضٍ مكانَه نحو أَخَذْتُ مِنْ الدَّرَاهِمِ .

و زَائِدَةٌ و علامته أن لا يختلَّ المعنى بإسقاطها نحو ما جاءني مِنْ أحَدٍ و لا تزاد مِنْ في الكلام الموجب خلافا للكوفيينَ و أما قولهم قَدْ كانَ مِنْ مَطَرٍ ، و شُبْهُهُ فمُتَأَوَّلٌ .

و إلى و هي لانتهاء الغاية كما مرَّ.

و بمعنى مَعَ قليلا كقوله تعالى ﴿ فاغْسِلُوْا وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ ﴾ المائدة٦

ئەمما، «قَدْ كانَ مِنْ مَطَرٍ» ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش جۈملىلەرنى «قَدْ كانَ شيئٌ مِنْ مَطَرٍ» دەپ تەۋىل قىلىمىز، بۇ چاغدىكى «مِنْ» بايان مەنىسىدە كەلگەن بولىدۇ .

ئىككىنچىسى، «إلى» بولۇپ بۇ يۇقىرىدا ئۆتكەندەك ئاخىرقى نۇقتا مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. گاھىدا «مَعَ» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿فاغسلوا وُجُوْهَكُمْ وَ أَيدِيَكُمْ إلى المَرَافِقِ﴾ .

ئۈچىنچىسى «حَتّى» بولۇپ، ئاخىرقى نۇقتا مەنىسىنى ئىپادىلەشتە «إلى» بىلەن ئوخشاش رولدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «نُمْتُ البارحةَ حَتّى الصَبَاحِ».

و حَتّى و هي مثل إلى نحو نُمْتُ البارحةَ حَتّى الصَبَاحِ .

و بمعنى مَعَ كثيرا نحو قَدِمَ الحَاجُّ حَتّى المشاةِ و لا تدخل إلا على الظاهر فلا يقال حَتّاهُ خلافا لِلمُبَرَّدِ . و قول الشاعر .

شعر: فَلا وَ اللهِ لا يبقي أُناسٌ فَتًى حَتّاكَ يا ابنَ أَبِي زيادٍ ، شاذٌّ .

و فِيْ و هي للظرفية نحو زيد فِيْ الدار ، و الماءُ فِيْ الكوزِ .

و بمعنى عَلى قليلا نحو قوله تعالى﴿ وَ لَأُصَلِّبَنَّكُمْ فِيْ جُذُوْعِ النَّخْلِ ﴾ طه٧١ .

و الباء و هي للإلْصَاقِ نحو مررتُ بزيدٍ أي إلْتَصَقَ مُرُوْرِي بِمَوْضِعٍ يَقْرَبُ مِنْهُ زيدٌ .

و للاستعانة نحو كَتَبْتُ بِالْقَلَمِ .

كۆپىنچە «مَعَ» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «قَدِمَ الحَاجُّ حَتّى المشاةِ». ئۇ ئاشكارا ئىسىمدىن باشقىغا كىرمەيدۇ. بۇ ھەقتە مۇبەررەدنىڭ ئوخشىمىغان قارشى بولۇپ، ئۇ «فَلا وَ اللهِ لا يبقي أُناسٌ فَتًى حَتّاكَ يا ابن أَبِى زيادٍ» دېگەن شېئىرنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ «زىمىرلارغا كىرىشمۇ بولىۋېرىدۇ» دەپ قارايدۇ. بىز «حَتّى» نىڭ بۇ شېئىردىكىگە ئوخشاش زىمىرغا كىرىشى ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال. شۇڭا، قائىدە بېكىتىشتە ئېتىبارغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايمىز.

تۆتىنچىسى، «فِيْ» بولۇپ ئۇ زەرپىيەت مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «زيد فِيْ الدار»؛ «الماءُ فِيْ الكوزِ»، شۇنداقلا قىسمەن چاغلاردا «عَلى» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ﴿ وَ لَأُصَلِّبَنَّكُمْ فِيْ جُذُوْعِ النَّخْلِ ﴾ .

بەشىنچىسى، «بِ» بولۇپ بۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پېئىلنى ئۆزىنىڭ مەجرۇرى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «مررتُ بِزيدٍ». بۇنىڭ مەنىسى «إلْتَصَقَ مُرُوْرِي بِمَوْضِعٍ يَقْرَبُ مِنْهُ زيدٌ» دۇر.

ئۇ گاھىدا ئۆزىنىڭ مەجرۇرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنداشتىكى قورال ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «كَتَبْتُ بِالْقَلَمِ».

«بِ» گاھىدا سەبەبىيەت مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ إِنَّكُمْ ظَلَمْتُمْ أَنْفُسَكُمْ بِاتِّخَاذِكُمُ الْعِجْلَ ﴾.

گاھىدا ھەمراھلىق مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «خَرَجَ زيدٌ بِعَشِيْرَتِه».

گاھىدا ئالماشتۇرۇش مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «بِعْتُ هذا بِذَاكَ».

گاھىدا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پېئىلنى مۇتەئەددى قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «ذَهَبْتُ بِزيدٍ».

گاھىدا زەرپىيەت مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «جَلَسْتُ بِالْمَسجدِ».

گاھىدا قىياسى ھالدا «ما زيدٌ بِقائمٍ» دېگەنگە ئوخشاش نەفىنىڭ خەۋىرىدە ياكى «هل زيد بِقائمٍ» دېگەنگە ئوخشاش ئىستىفھامنىڭ خەۋىرىدە زىيادە بولۇپ كېلىدۇ.

و قد يكون للتعليل كقوله تعالى ﴿ إِنَّكُمْ ظَلَمْتُمْ أَنْفُسَكُمْ بِاتِّخَاذِكُمُ الْعِجْلَ ﴾ البقرة٥٤ .

و للمصاحبة كخَرَجَ زيدٌ بِعَشِيْرَتِه .

و للمقابلة كبِعْتُ هذا بِذَاكَ .

و للتعدية كذَهَبْتُ بِزيدٍ .

و للظرفية كجَلَسْتُ بِالْمَسجدِ .

و زائدةٌ قِيَاسًا في خبر النفي نحو ما زيدٌ بِقائمٍ و في الاستفهام نحو هل زيد بِقائمٍ و سِمَاعًا في المرفوع نحو﴿ وَكَفَى بِاللهِ شَهِيْدًا ﴾النساء٧٩، أي كفى اللهُ . بِحَسْبِكَ زيدٌ أي حَسْبُكَ زيدٌ . و في المنصوب نحو أَلْقَى بِيَدِهِ أي أَلْقَى يَدَهُ .

ئۇ «بِ» سېمائى ھالدا رەفئى ئوقۇلغۇچىلاردا زىيادە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَكَفَى بِاللهِ شَهِيْدًا ﴾ بۇ «كفى اللهُ شَهِيْدًا»، دېگەن مەنىدىدۇر. «بِحَسْبِكَ زيدٌ»، بۇ ئەسلىدە «حَسْبُكَ زيدٌ» دېگەنلىك ئىدى .

يەنە نەسبى ئوقۇلغۇچىدىمۇ زىيادە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «أَلْقَى بِيَدِهِ»، بۇ ئەسلىدە «أَلْقَى يَدَهُ» دېگەنلىك ئىدى.

ئالتىنچىسى، «لِ» بولۇپ بۇ مەلۇم نەرسىنىڭ مەلۇم ئادەم ياكى نەرسىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . مەسَلەن : «الجُلُّ للفرس ، و المالُ لزيد » .

گاھىدا پېئىلنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى بايانَ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «ضربتُهُ للتأديب».

گاھىدا ئارتۇقچە بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن : ﴿رَدِفَ لَكُمْ﴾ .بۇنىڭ مەنىسى «رَدِفَكُمْ» دېگەنلىكتۇر.

ئۇ گاھىدا «القول» بىلەن بىرگە ئىشلىتىلىپ «عَنْ» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن : ﴿قَالَ الَّذِيْنَ كَفَرُوا لِلَّذِيْنَ آمَنُوْا لَوْ كَانَ خَيْرًا مَا سَبَقُوْنَا إِلَيْه﴾ . بۇ مىسالدىكى «لِ» نىڭ «عَنْ» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە ئوخشىمايدىغان قاراشلارمۇ بارَ.

و اللام و هي للاختصاص نحو الجُلُّ للفرسِ ، و المالُ لِزيدٍ .

و للتعليل كضربتُهُ لِلتأديبِ.

و زائدةٌ كقوله تعالى﴿ رَدِفَ لَكُمْ ﴾ النمل٧٢ ، أي رَدِفَكُمْ.

و بمعنى عَنْ إذا استعمل مَعَ القولِ. كقوله تعالى ﴿قَالَ الَّذِيْنَ كَفَرُوا لِلَّذِيْنَ آمَنُوْا لَوْ كَانَ خَيْرًا مَّا سَبَقُوْنَا إِلَيْهِ﴾ الأحقاف١١ و فيه نظرٌ.

و بمعنى الواوِ في القَسَمِ للتعجب نحو لِلّهِ لا يُؤَخَّرُ الأجَلُ . لِلّهِ يَبْقى على الأيَامِ ذو حِيَدٍ بِمُشْمَخِرٍّ بِهِ الظَّيَانُ و الآسُ .

و رُبَّ و هي للتقليل كما أنّ كَمْ الخبريةَ للتكثير و تستحقُّ صدرَ الكلام و لا تدخل إلا على نكرةٍ موصوفةٍ نحو رُبَّ رَجُلٍ كَرِيْمٍ لَقِيْتُهُ ، أو مضمرٍ مبهمٍ مفردٍ مذكرٍ أبدًا مميزٍ بنكرةٍ منصوبةٍ نحو رُبَّهُ رجلاً ، و رُبَّهُ رجلينِ ، و رُبَّهُ رِجَالًا ، و رُبَّهُ امرأةً كذالك . و عند الكوفيينَ يجب المطابقةُ نحو رُبَّهُمَا رجلينِ ، و رُبَّهُمْ رِجَالًا ، و رُبَّهَا امرأةً .

گاھىدا تەئەججۈپنى ئىپادىلەيدىغان قەسەمدە قەسەمنىڭ «وِ» سىنىڭ مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «لِلّه لا يُؤَخَّرُ الأجَلُ» ؛ للّه يَبْقى على الأيام ذو حيَد بمُشْمَخِرٍّ به الظَّيَانُ و الآسُ (قەسەم خۇداغىكىم قالمايدىكەن ئارقارمۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بىر تاغ چوققىسىدىكىم باردۇر ئۇنىڭدا ياۋا چىلان گۈل ھەم ياسىمەن) . بۇ شېئىردىكى «يَبْقى» نىڭ ئەسلىيسى «لا يَبْقى» بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى«لا» ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن.

ذو حيَد - شاخسىمان مۈنگۈزلۈك ئارقار. مُشْمَخِرٍّ - تاغ چوققىسى. الظَّيَانُ - ياسىمەن گۈل. الآسُ- ياۋا چىلان گۈل.

يەتتىنچىسى، «رُبَّ» بولۇپ بۇ خۇددى «كَمْ الخبرية» ئۆزىنىڭ تەمىيزىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش ئۆزى ئالاقىدار بولغان پېئىلنىڭ ئاز يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ ۋە ئۇ جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشكىلا مۇناسىپ كېلىدۇ، شۇنداقلا «رُبَّ رَجُلٍ كَرِيْمٍ لَقِيْتُهُ» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەنگەن نەكرە ئىسىمدىن باشقىغا ياكى نەسىبە ئوقۇلغۇچى نەكرە ئىسىمَ بىلەن ئېنىقلانغان ھالەتتىكى (تەمىيزىنىڭ قانداق كېلىشىدىن قەتئىينەزەر) ھەرقاچان بىرلىك شەكىلدە كېلىدىغان (ۋە قايتىدىغان يېرى ئېنىق بولمىغان) مۇبھەم مۇزەككەر زىمىردىن باشقىغا كىرمەيدۇ. مەسىلەن: «رُبَّهُ رجلاً»؛ «رُبَّهُ رجلينِ»؛ «رُبَّهُ رِجَالًا»؛ «رُبَّهُ امرأةً» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ مىسالدىكى «هُ» دېگەن زىمىرنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى نەسَبە ئوقۇلغان «رجلاً، رجلينِ ، رجَالًا، امرأةً» قاتارلىق نەكرە ئىسىملار بىلەن ئېنىقلانغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ياندىغان يېرى بولمىغانلىقتىن مۇبھەم ھېسابلانغانلىقى، شۇنداقلا ئۇ ئىسىملار ھەر خىل ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، بۇ زىمىر ئۆزگەرمەي بىر خىللا تۇرۇۋەرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا «رُبَّ» نىڭ كېلىشى دۇرۇس بولغان. كۇفەلىكلەر «ئۇ زىمىر ئۆزىنىڭ تەمىيزىگە ماس ھالدا ئۆزگىرىپ كېلىشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: «رُبَّهُمَا رجلينِ»؛ «رُبَّهُمْ رِجَالًا»؛ «رُبَّهَا امرأةً».

گاھىدا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ جەر قىلىشتىن ئىبارەت ئەمىلىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان «ما» قوشۇلۇپ كېلىدۇ ـ دە ئىسمىيە ۋە پېئىلىيىدىن ئىبارەت ئىككى خىل جۈملىگە كىرىۋېرىدۇ. مەسىلەن: «رُبَّمَا قامَ زيدٌ»؛ «رُبَّمَا زيدٌ قائمٌ».

«رُبَّ» يۈز بەرمەسلىك ئېھتىمالى بولمىغان تەقلىلنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكتىن ئۇنىڭ بۇنداق تەقلىلى ئۇنىڭسىز بارلىققا كەلمەيدىغان مازى پېئىلغا مۇتەئەللىق بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ، يەنى «رُبَّ» نىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغان تەقلىلنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە بۇنداق چوقۇملۇقنى پەقەت مازى پېئىللا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ھەرقاچان مازى پېئىلغا ئالاقىدار بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ. چۈنكى مازىدىن باشقا پېئىللارنىڭ يۈز بېرىش ــ بەرمەسلىك ئېھتىمالى بولىدۇ.

كۆپىنچە ئۇ پېئىل ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: «ھل لَقِيْتَ مَنْ أُكْرَمَكَ؟» دېگەن كىشىگە جاۋابەن «رُبَّ رجلٍ أُكْرَمَنِي» دېگىنىمىزگە ئوخشاش. بۇنىڭ ئەسلىيسى «رُبَّ رجلٍ أكرمني لَقِيْتُهُ» بولۇپ، «أُكْرَمَنِي» دېگەن پېئىل «رجلٍ» نىڭ سۈپىتى، «لَقِيْتُهُ» دېگەن پېئىل «رُبَّ» مۇتەئەللىق بولىدىغان پېئىل بولۇپ ئۇ ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن. كېيىنكى ئىسىملار لەۋزى جەھەتتىن مەجرۇر بولسىمۇ مەنە جەھەتتىن مۇبتەدا ھېسابلىنىدۇ.

و قد تُلْحَقُهَا ما الكافةُ فتدخل على الجملتين نحو رُبَّمَا قامَ زيدٌ ، و رُبَّمَا زيدٌ قائمٌ ، و لا بُدَّ لها مِن فعلٍ ماضٍ لإنَّ رُبَّ للتقليل المحققِ و هو لا يتحقق إلا به و يُحذفُ ذالك الفعلُ غالبًا كقولك رُبَّ رجلٍ أُكْرَمَنِي في جواب مَنْ قال هل لَقِيْتَ مَنْ أُكْرَمَكَ؟ أي رُبَّ رجلٍ أكرمني لَقِيْتُهُ ، فأَكْرَمَنِي صفةُ الرجلِ و لَقِيْتُهُ فعْلُهَا و هو محذوفٌ.

و وَاوُ رُبَّ و هى الواوُ التي تُبْدأ بها في أول الكلام كقول الشاعر. شعر: وِ بَلْدَةٍ ليس بها أنِيْسٌ إلا اليَعَافِيْرَ و إلا العِيْسَ.

و وَاوُ القسمِ و هي تختص بالظاهر. نحو وَاللهِ وَالرحمنِ لَأَضْرِبَنَّ فلا يُقال وَكَ .

سەككىزىنچىسى، «رُبَّ» مەنىسىدە كەلگەن «و» بولۇپ ئۇ جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان «و» دۇر. مەسىلەن: «وِ بلدة ليس بها أنِيْسٌ إلا اليَعَافِيْرَ و إلا العِيْسَ»(قىسمەن شەھەرلەر باركى ئۇنىڭدا كىيىكلەر ۋە تۆگىدىن باشقا ھال ـ مۇڭ يوق) .

توققۇزىنچىسى، قەسەمنىڭ «وَ» سى بولۇپ بۇ ئاشكارا ئىسىملارغىلا خاستۇر. مەسىلەن: «وَاللهِ وَالرحمنِ». شۇڭا، «وَكَ» دېيىشكە بولمايدۇ.

ئونىنچىسى، قەسەمنىڭ «تَ» سى بولۇپ بۇ پەقەت «الله» دېگەن ئىسمىغىلا خاستۇر . شۇڭا، «تَالرحمنِ» دېيىشكە بولمايدۇ . ئەمما، ئەرەبلەرنىڭ «تَرَبِّ الكعبةِ» دېگەن سۆزى كەم ئۇچرايدىغان سۆزدۇر.

ئون بىرىنچىسى، قەسەمنىڭ«بِ» بولۇپ بۇ ئاشكارا ئىسىملارغا ۋە زىمىرلارغا كىرىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

و تَاءُ القسمِ و هي تختص بِالله وَحْدَهُ فلا يقال تَالرحمنِ و قَوْلُهُمْ تَرَبِّ الكعبةِ شاذٌ.

و باءُ القسم و هي تدخل على الظاهر و المضمرِ نحو بِاللهِ و بِالرحمنِ و بِكَ.

و لا بُدَّ للقسم مِن الجواب و هي جملة تسمى المقسَمُ عليها، فان كانت موجبةً يجب دخول اللام في الاسمية و الفعليةِ نحو وَاللهِ لَزيدٌ قائمٌ ، و وَاللهِ لَأَفْعَلَنَّ كذا و إنَّ في الاسمية نحو وَاللهِ إنَّ زيدًا لَقَائمٌ .

و إنْ كانت منفيةً وَجَبَ دخولُ ما و لا نحو وَاللهِ ما زيدٌ بقائمٍ ، و وَاللهِ لا يقوم زيدٌ .

«بِاللهِ»؛ «و بِالرحمنِ»؛ «و بِكَ».

ھەرقانداق قەسەم ئۆزىنىڭ جاۋابىنىڭ بولۇشىدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ، بۇنداق جاۋاب بولۇپ كەلگەن جۈملە «المقسَمُ عليها» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر، بولۇشلۇق جۈملە جاۋاب بولۇپ كەلسە «وَاللهِ لَزيدٌ قائمٌ»؛ «وَاللهِ لَأَفْعَلَنَّ كذا» دېگەنگە ئوخشاش جاۋاب بولۇپ كەلگەن جۈملە ئىسمىييە ۋە پېئلىييەلەرگە «لَ» نىڭ كىرىشى ۋە «وَاللهِ إنَّ زيدًا لَقَائمٌ» دېگەنگە ئوخشاش جۈملە ئىسمىييەگە «إنَّ» نىڭ كىرىشى زۆرۈر بولىدۇ.

ئەگەر، ئۇ (جاۋاب بولۇپ كەلگەن) جۈملە مەنفىي بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا «ما و لا» نىڭ كىرىشى زۆرۈر بولىدۇ.

مەسىلەن : «وَاللهِ ما زيدٌ بقائمٍ»؛ « وَاللهِ لا يقوم زيدٌ».

تەنبىھ : گاھىدا ئارىلىشىپ كېتىش ئېھتىمالىنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن نەفىنىڭ ھەرپى ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن : ﴿ تَاللهِ تَفْتَؤُ تَذْكُرُ يُوْسُفَ ﴾ (ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يۇسۇپنى ئەسلەۋېرىپ)، بۇنىڭ ئەسلىيسى «تَاللهِ ما تَفْتَؤُ تَذْكُرُ يُوْسُفَ» ئىدى.

ئەگەر، «زيدٌ قائمٌ وَاللهِ» دېگەن جۈملىدىكى «زيدٌ قائمٌ» گە ئوخشاش قەسەمنىڭ جاۋابىغا دالالەت قىلىدىغان نەرسىنىڭ زىكرىسى ئۆتكەن بولسا ياكى «زيدٌ وَاللهِ قائمٌ» دېگەن جۈملىدىكىدەك «المقسمُ عليها» نىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن بولسا قەسەمنىڭ جاۋابى ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ.

ئون ئىككىنچىسى، «عَنْ» بولۇپ بۇ بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىدىن ئۆتۈپ كېتىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : «رَمَيْتُ السَهْمَ عَنْ القَوْسِ إلى الصَّيْدِ».

ئون ئۈچىنچىسى، «عَلى» بولۇپ بۇ مەلۇم بىر نەرسىنىڭ باشقا بىر نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «زيد على السطح».

و اعلم أنه قد يُحذف حرفُ النفي لزوال اللبس كقوله تعالى ﴿ تَاللهِ تَفْتَؤُ تَذْكُرُ يُوْسُفَ ﴾ يوسف٨٥ ، أي لا تَفْتَؤُ.

و يحذف جوابُ القسم إنْ تقدم ما يدل عليه نحو زيدٌ قائمٌ وَاللهِ أو توسط القسمُ نحو زيدٌ وَاللهِ قائمٌ.

و عَنْ للمجاوزة نحو رَمَيْتُ السَهْمَ عَنْ القَوْسِ إلى الصَّيْدِ .

و عَلى للاستعلاء نحو زيد علي السطح ، و قد يكون عن ، و على ، إسمين إذا دخلَ عليهما مِنْ ، كما تقول جلستُ مِنْ عَنْ يَمِيْنِهِ ، و نَزَلَتُ مِنْ عَلي الفرسِ.

«عَنْ» بىلەن «عَلى» غا «مِنْ» كىرگەندە ئۇ ئىككىسى ئىككى ئىسىم بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن : «جلستُ مِنْ عَنْ يَمِيْنِهِ»؛ «نَزَلَتُ مِنْ عَلي الفرسِ». بىرىنچى مىسالنىڭ مەنىسى «جلستُ مِنْ جانبِ يَمِيْنِهِ» دۇر. ئىككىنچى مىسالنىڭ مەنىسى «نَزَلَتُ مِنْ فَوْقِ الفرسِ» دۇر .

ئون تۆتىنچىسى، «كَ» بولۇپ بۇ بىرنەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئوخشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «زيدٌ كَعمرٍو».

گاھىدا زائىت بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَيسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ﴾.

گاھىدا ئىسىم بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: «يَضْحَكْنَ عَنْ كَالْبَرْدِ الْمُنْهَمِ» (ئۇ ئاياللار تۆكۈلگەن مۆلدۈرگە ئوخشاش كۈلىدۇ). بۇ مىسالدىكى «كَ» بۇ چاغدا «مِثْل» مەنىسىدە كېلىدۇ.

| |
|---|
| و الكاف للتشبيه نحو زيدٌ كَعمرٍو. |
| و زائدةٌ كقوله تعالى﴿ لَيسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ﴾ الشورى١١ . |
| و قد تكون اسمًا كقول الشاعر. |
| شعر: يَضْحَكْنَ عَنْ كَالْبَرْدِ الْمُنْهَمِّ. |
| و مُذْ ، و مُنْذُ للزمان إمَّا للابتداء في الماضي كما تقول في شَعْبَانَ ما رَأَيْتُهُ مُذْ رَجَبَ او للظرفية في الحاضرِ نحو ما رَأَيْتُهُ مُذْ شَهْرِنَا ، و مُنْذُ يَوْمِنَا أيْ في شَهْرِنَا و في يومِنا . |
| و خَلَا ، و عَدَا ، و حَاشَا للاستثناء نحو جاءني القومُ خَلَا زيدٍ و حَاشَا عمرٍو و عَدَا بكرٍ. |

ئون بەش ۋە ئون ئالتىنچىسى، «مُذْ، و مُنْذُ» بولۇپ ئۇلار ۋاقىت مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاقىت ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى ياكى «ما رَأَيْتُهُ مُذْ رَجَبَ» دېگەنگە ئوخشاش ئۆتكەن زامانىدا يۈز بەرگەن باشلىنىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ياكى «ما رَأَيْتُهُ مُذْ شَهْرِنَا»؛ «مُنْذُ يَوْمِنَا» دېگەنگە ئوخشاش ھازىرقى زامانىدىكى زەرپىيەت مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسمىنىڭ بىر قىسمى گەرچە ئۆتكەن زامانغا تەۋە بولسىمۇ ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان دەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئىككىسى «فِي» مەنىسىدە بولىدۇ.

ئون يەتتىنچىسى، «خَلَا» (باشقا)، ئون سەككىزىنچىسى، «عَدَا» (باشقا)، ئون توققۇزىنچىسى، «حَاشَا» (باشقا) بولۇپ بۇلار ئىستىسنا مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «جاءني القومُ خَلَا زيدٍ»؛ «جاءني القومُ حَاشَا عمرٍو»؛ «جاءني القومُ عَدَا بكرٍ».

ئىككىنچى پەسىل «الحروف المشبهة بالفعل» (پېئىلغا ئوخشاپ كەتكۈچى قوشۇمچىلار) : ئۇ «إنَّ ، أنَّ ، كَأنَّ ، لكِنَّ ، لَيْتَ و لَعَلَّ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئالتە ھەرپتۇر. بۇ ھەرپلەر ئىسىملىق جۈملە بولالايدىغان ئىككى كەلىمىگە كىرىپ «المبتدأ» خاراكتېرىگە ئىگە ئىسىمنى نەسبلىك، «الخبر» خاراكتېرلىكنى رەفئىلىك قىلىدۇ.

مەسىلەن : «إنَّ زيدًا قائمٌ».

فصل الحروف المشبهة بالفعل ستّةٌ إنَّ ، و أنَّ ، و كَأنَّ ، و لكِنَّ ، و لَيْتَ ، و لَعَلَّ هذه الحروف تدخل على الجملة الاسمِيةِ تَنصب الاسمَ و تَرفع الخبَرَ كما عرفتَ نحو إنَّ زيدًا قائمٌ .

و قد يُلحقها ما الكافة فَتَكُفُّهَا عن العمل و حِيْنَئِذٍ تدخل على الأفعال تقول إِنَّمَا قامَ زيدٌ .

و اعلم أنَّ إنَّ المكسورةَ الهمزةُ لا تغيّرُ معنى الجملةِ بَلْ تُؤكدها ، و أنَّ المفتوحةَ الهمزةُ مع ما بعدها مِن الاسم و الخبرِ في حكم المفردِ و لذالك يجب الكسرُ إذا كان في ابتداء الكلام نحو إنَّ زيدًا قائم .

و بعد القول كقوله تعالى﴿يَقُوْلُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ﴾ البقرة٦٨ .

و بعد الموصول نحو ما رأيتُ الذي إِنَّهُ في المساجد .

و إذا كان في خبرها اللامُ نحو إنَّ زيدا لَقائمٌ.

گاھىدا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئەمەلىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان «مَا» قوشۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى ئەمەل قىلىشتىن چەكلەپ قويىدۇ. بۇ چاغدا پېئىللارغىمۇ كىرىۋېرىدۇ. مەسىلەن :«إِنَّمَا قامَ زيدٌ».

تەنبىھ : ھەمزىسى كەسرەلىك «إنَّ» جۈملىنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ ، بەلكى تېخى ئۇنى تەكىتلەيدۇ . ھەمزىسى فەتھەلىك «أنَّ» ئۆزىدىن كېيىنكى جۈملە بىلەن قوشۇلۇپ مۇفرەت بىر ئىسىمنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىسمىسىغا «مضاف إليه» نىڭ مەنىسىنى بېرىشى دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن : «بَلَغَنِيْ أنَّ زيدًا قائمٌ»، بۇ «بَلَغَنِيْ قِيامُ زيد» مەنىسىدە.

ئۇلار يۇقىرىقىغا ئوخشاش پەرقلىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ ھەمزىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ئەھۋالدا كەسرە ئوقۇش زۆرۈر بولىدۇ:

بىرىنچىسى، جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەندە. مەسىلەن : «إنَّ زيدًا قائم».

ئىككىنچىسى، «القول» دىن كېيىن كەلگەندە. مەسىلەن : ﴿يَقُوْلُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ﴾.

ئۈچىنچىسى، مەۋسۇلدىن كېيىن كەلگەندە. مەسىلەن : «ما رأيتُ الذي إِنَّهُ في المساجد».

تۆتىنچىسى، خەۋىرىدە «لَ» بولغاندا. مەسىلەن : «إنَّ زيدا لَقائمٌ»؛ ﴿إِذَا جَاءَكَ الْمُنَافِقُوْنَ قَالُوْا نَشْهَدُ إِنَّكَ لَرَسُوْلُ اللهِ وَاللهُ يَعْلَمُ إِنَّكَ لَرَسُوْلُهُ وَاللهُ يَشْهَدُ إِنَّ الْمُنَافِقِيْنَ لَكَاذِبُوْنَ﴾ .

ھەمزىنى تۆۋەندىكىدەك يەتتە خىل ئەھۋالدا فەتھە ئوقۇش زۆرۈر بولىدۇ:

بىرىنچىسى، پائىل بولۇپ كەلگەندە. مەسىلەن : «بَلَغَنِي أَنَّ زيدا قائم».

ئىككىنچىسى، مەپئۇل بولغاندا. مەسىلەن : «كَرِهْتُ أَنَّكَ قائم».

و يجب الفتحُ حيث يقع فاعلا نحو بَلَغَنِي أَنَّ زيدا قائم .

و حيث يقع مفعولا نحو كَرِهْتُ أَنَّكَ قائم.

و حيث يقع مبتدأ نحو عندي أَنَّكَ قائم.

و حيث يقع مضافا إليه نحو عجبتُ مِن طولِ أَنَّ بكرًا قائم .

و حيث يقع مجرورًا نحو عجبتُ مِن أَنَّ بكرا قائم .

و بعد لَوْ ، نحو لَوْ أَنَّكَ عندنا لأكرمتُكَ .

و بعد لَوْلَا نحو لَوْلَا أَنَّهُ حاضرٌ لَغَابَ زيدٌ.

و يجوز العطفُ على اسمِ إنَّ المكسورةِ بالرفعِ و النصبِ باعتبار المحلِ و اللفظِ مثل إنَّ زيدًا قائم و عمرٌو و عمرًوا.

ئۈچىنچىسى، مۇبتەدا بولغاندا. مەسىلەن : «عندي أَنَّكَ قائم».

تۆتىنچىسى، مۇزاپۇن ئىلەي بولغاندا. مەسىلەن: «عجبتُ مِن طولِ أَنَّ بكرًا قائم».

بەشىنچىسى، مەجرۇر بولۇپ كەلگەندە. مەسىلەن : «عجبتُ مِن أَنَّ بكرا قائم».

ئالتىنچىسى، «لَوْ» دىن كېيىن كەلگەندە. مەسىلەن : «لَوْ أَنَّكَ عندنا لأكرمتُكَ».

يەتتىنچىسى، «لَوْلَا» دىن كېيىن كەلگەندە. مەسىلەن: «لَوْلَا أَنَّهُ حاضرٌ لَغَابَ زيدٌ».

ھەمزىسى كەسرەلىك «إنَّ» نىڭ ئىسمىنىڭ ئەسلي ئورنىنىڭ رەفئىلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەتفە قىلىنغان ئىسمنى رەفئى ئوقۇش ۋە ياكى ھازىرقى ئورنىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەتفە قىلىنغان ئىسمنى نەسبى ئوقۇش دۇرۇس. مەسىلەن : «إنَّ زيدًا قائم و عمرٌو و عمرًوا».

تەنبىھ : ئەسلىدە ھەمزىسى كەسرەلىك «إنَّ» نىڭ خەۋىرىگە «لَ» نىڭ كىرىشى دۇرۇس بولسىمۇ، گاھىدا (ئۇنىڭ «نَّ» نى ساكىنلىق قىلىش ئارقىلىق) يېنىكلىتىلگەنلىكتىن ئۇنىڭ خەۋىرىگە «لَ» نىڭ كىرىشى زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن : ﴿و إنْ كُلًّا لَمَّا لَيُوَفِّيَنَّهُمْ﴾ (پەرۋەردىگارىڭ ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ). بۇنداق چاغدا «إنَّ» نىڭ ئەمەلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىمۇ دۇرۇس بولىدۇ .

و اعلم أنَّ إنَّ المكسورةَ يجوز دخولُ اللامِ على خبرها و قد تُخَفَّفُ فيلزمها اللامُ كقوله تعالى ﴿و إنْ كُلًّا لَمَّا لَيُوَفِّيَنَّهُمْ﴾ هود١١١ ، وحينئذ يجوز إلغاؤها كقوله تعالى ﴿وَ إنْ كُلٌّ لَمَّا جَمِيْعٌ لَدَيْنَا مُحْضَرُوْنَ﴾ يس٣٢ .

و يجوز دخولها على الأفعال على المبتدأ و الخبرِ نحو قوله تعالى ﴿وَإنْ كُنْتَ مِنْ قَبْلِهِ لَمِنَ الْغَافِلِيْنَ﴾ يوسف٣ ، ﴿وَ إنْ نَظُنُّكَ لَمِنَ الْكَاذِبِيْنَ﴾ الشعراء١٨٦ .

و كذالك أنَّ المفتوحةَ قد تُخفف فحينئذ يجب إعمالُها في ضميرِ شأنٍ مُقَدَّرٍ فتدخل على الجملةِ اسميةً كانتْ نحو بلغني أنْ زيدٌ قائمٌ ، أو فعليةً نحو بلغني أنْ قَدْ قامَ زيدٌ . و يجب دخول السينِ أو سَوْفَ أو قد أو حرفُ النفي على الفعل كقوله تعالى ﴿ عَلِمَ أنْ سَيَكُوْنُ مِنْكُمْ مَرْضَى﴾ المزمل٢٠ ، والضميرُ الْمُقَدَّرُ اسمُ أنَّ ، والجملةُ خبرُها .

مەسىلەن : ﴿وَ إنْ كُلٌّ لَمَّا جَمِيْعٌ لَدَيْنَا مُحْضَرُوْنَ﴾ (بۇ جۈملىدىكى «لَمَّا» نىڭ «لَ» سى تەكىتنىڭ «لَ» سىدۇر، «ما» بولسا زائىت ھەرپتۇر).

يەنە ئۇ «إنْ» نىڭ مۇبتەدا ۋە خەۋەرگە كىرىدىغان پېئىللارغا كىرىشىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن ﴿وَ إنْ كُنْتَ مِنْ قَبْلِهِ لَمِنَ الْغَافِلِيْنَ﴾ ؛ ﴿وَ إنْ نَظُنُّكَ لَمِنَ الْكَاذِبِيْنَ﴾ (سېنى بىز ھەقىقەتەن يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمىز).

ھەمزىسى كەسرەلىك «إنَّ» يەڭگىللىتىلگەندەك ھەمزىسى فەتھەلىك «أنَّ» مۇ يەڭگىللىتىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تەقدىر قىلىنىدىغان «ضمير شان» دە ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولىدۇ - دە «بلغني أنْ زيدٌ قائمٌ» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملىق جۈملە بولسۇن ياكى «بلغني أنْ قَدْ قامَ زيدٌ» دېگەنگە ئوخشاش پېئىللىق جۈملە بولسۇن ھەر ئىككىسىگە كىرىدۇ. پېئىللىق جۈملىلەرگە كىرگەندە ئۇ پېئىلنىڭ ئالدىدا «س ، سوف ، قد ، حرفُ النفي» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرىنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : ﴿عَلِمَ أنْ سَيَكُوْنُ مِنْكُمْ مَرْضَى﴾ (اللە بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر). بۇ مىسالدىكى «أنْ» نىڭ كەينىدە بار ئىدى دەپ قارىلىدىغان يوشۇرۇن زىمىر ئۇنىڭ ئىسمىسى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملە ئۇنىڭ خەۋىرى ھېسابلىنىدۇ .

«كَأَنَّ» بولسا ئوخشتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : « كَأَنَّ زيدًا الأسدُ ». ئۇ ئوخشىتىشنى ئىپادىلەيدىغان «كَ» بىلەن ھەمزىسى كەسرەلىك «إِنَّ» دىن بىرىكتۈرۈلگەن بولۇپ، «إِنَّ» نىڭ ھەمزىسى «كَ» نىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانلىقى سەۋەبىدىن فەتھە ئوقۇلغان دەپ قارىلىدۇ. ئۇ مىسالنىڭ ئەسلىيسى «إِنَّ زيدًا كالأسدِ » ئىدى.

گاھىدا ئۇمۇ يەڭگىللىتىلىدۇ ـ دە ئەمىلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ . مەسىلەن : «كَأَنْ زيدٌ أسدٌ».

و كَأَنَّ للتشبيه نحو كَأَنَّ زيدًا الأسدُ . و هو مركب مِن كاف التّشبيه و إنَّ المكسورةِ و إنما فُتِحَتْ لتقدم الكافِ عليها ، تقديره إنَّ زيدًا كالأسدِ ، و قد تخفف فتُلغى نحو كَأَنْ زيدٌ أسدٌ .

و لكِنَّ للاستدراك و يتوسط بين كلامينِ مُتَغَايِرَيْنِ في المعنى نحو غابَ زيدٌ لكِنَّ بكرًا حاضرٌ ، و يجوز معها الواوُ نحو قامَ زيد وَ لكِنَّ عمروا قاعدٌ ، و قد تخفف فتُلغى نحو مَشى زيد لكِنْ بكرٌ عندَنَا .

و لَيتَ للتمني نحو لَيْتَ هِنْدًا عندَنَا و أجَازَ الفراءُ لَيتَ زيدًا قائمًا بمعنى أَتَمَنّى .

«لكِنَّ» بولسا ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىگە كېچىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ۋەھىمىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، مەنا جەھەتتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن : «غابَ زيدٌ لكِنَّ بكرًا حاضرٌ». بۇ مىسالدىكى «لكِنَّ» مۇتەكەللىم «غابَ زيدٌ» دېگەندە ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىگە كېچىپ قالىدىغان «بكرًا» مۇ يوق ئوخشايدۇ دەيدىغان ۋەھىمىنى تۈگىتىش ئۈچۈن زىكرى قىلىنىپ «بكرًا» نىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

«لكِنَّ» بىلەن «وَ» نىڭ بىللە كېلىشىمۇ دۇرۇس بولىدۇ . مەسىلەن : «وَ لكِنَّ عمروا قاعدٌ».

گاھىدا ئۇمۇ يەڭگىللىتىلىدۇ ـ دە ئۇنىڭ ئەمىلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن :«مَشى زيد لكِنْ بكرٌ عندَنَا ».

«لَيْتَ» بولسا ئارزۇ ـ ئىستەك مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «لَيْتَ هِنْدًا عندَنَا ». «الفراءُ» دېگەن ئالىم ئۇنى «أَتَمَنّى» دېگەن پېئىلنىڭ مەنىسىدە دەپ قاراپ «لَيْتَ زيدًا قائمًا» دېيىشنىمۇ دۇرۇس سانىدى.

«لَعَلَّ» بولسا ئۈمىد مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «أُحبُّ الصالحِيْنَ و لَسْتُ منهم لَعَلِ اللهُ يَرْزُقُنِي صَلَاحا ». ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسىمنى جەر ئوقۇش كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن : «لَعَلَّ زيدٍ قائمٌ».

«لَعَلَّ» نىڭ «عَلَّ ، عَنَّ ، أنَّ ، لَأنَّ و لَعَنَّ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بىر قانچە خىل شەكلى بار. «المبرد» دېگەن ئالىمنىڭ قارشىچە ئۇنىڭ ئەسلىيسى «عَلَّ» بولۇپ ئۇنىڭغا «لَ» زىيادە قىلىنغاندۇر. قالغانلىرى ئۇنىڭ قوشۇمچە شەكىللىرىدۇر.

و لَعَلَّ للتَرَجِّي كقول الشاعر .

شعر: أُحِبُّ الصالحِيْنَ و لَسْتُ منهم لَعَلِ اللهُ يَرْزُقُنِي صَلَاحًا . و شَذَّ الجرُّ بها نحو لَعَلَّ زيدٍ قائمٌ .

و في لَعَلَّ لُغَاتٌ عَلَّ ، و عَنَّ ، و أنَّ ، و لَأنَّ ، و لَعَنَّ ، و عِنْدَ المبرِدِ أصله عَلَّ زِيْدَ فيه اللامُ و البواقي فُرُوعٌ .

فصل حروف العطف عشرةٌ الواوُ ، و الفاءُ ، و ثُمَّ ، و حَتّى ، و أوْ ، و إمَّا ، و أمْ ، و لَا ، و بَلْ ، و لكِنْ . فالأربعةُ الأُوَلُ للجمعِ .

فالواوُ للجمع مطلقا نحو جاءني زيدٌ وِ عمرٌو، سواءٌ كانَ زيد مقدمًا في المَجِيْءِ أو عمرٌو .

ئۈچىنچى پەسىل «حروف العطف »(باغلىغۇچى قوشۇمچىلار) : ئەتفە هەرپلىرى ئون بولۇپ، ئۇلار: «الواوُ ، و الفاءُ ، ثُمَّ ، حَتّى ، أوْ ، إمَّا ، أمْ ، لَا ، بَل ، و لكِنْ» قاتارلىقلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقى تۆتى مەئتۇپ ۋە مەئتۇپۇن ئەلەيىنىڭ هۆكۈمدە ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى بولغان «و» ئۇ ئىككىسىنىڭ هۆكۈمدە ئورتاق ئىكەنلىكىنىلا ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: «جاءني زيدٌ وِ عمرٌو». بۇ جۈملىدە «زيدٌ» بىلەن «عمرٌو» نىڭ قايسىسىنىڭ بۇرۇن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، «كېلىش» دېگەن هۆكۈم هەر ئىككىسىدىن سادىر بولغان، شۇڭا بۇ ئىككىسى «كېلىش» دېگەن هۆكۈمدە ئورتاق بولغان بولىدۇ.

قوشۇمچە : «و» ئون ئۈچ خىل رولدا كېلىدىغان بولۇپ بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى سەككىز خىل رولدا كېلىشى كۆپ ئۇچرايدۇ:

1) «لَا تَأْكُلِ السَمَكَ وَ تَشْرَبُ اللَّبَنَ» دېگەنگە ئوخشاش ئىستىنافىيە بولۇپ كېلىدۇ. 2) «ضَرَبْتُ زيدًا وَِ أنا قائمٌ» دېگەنگە ئوخشاش هالىيە بولۇپ كېلىدۇ. 3) «جِئتُ أَنَا وِ زيدًا » دېگەنگە ئوخشاش «مع» مەنىسىدە كېلىدۇ . 4) «جاءنى زيدٌ و عمرٌو» دېگەنگە ئوخشاش ئەتفە هەرپى بولۇپ كېلىدۇ . 5) «وِ اللهِ لَزيدٌ قائمٌ» دېگەنگە ئوخشاش قەسەم هەرپى بولۇپ كېلىدۇ . 6) «وِ بلدة ليس بها أنِيْسٌ إلا اليُعَافِيْرَ و إلا العِيْسَ» دېگەنگە ئوخشاش «رُبَّ» مەنىسىدە كېلىدۇ . 7)« أضربُ زيدًا وَِ إنْ كنتَ عِنْدِي» دېگەنگە ئوخشاش ۋەسلىيە بولۇپ كېلىدۇ . 8) «إنَّنِيْ وَِ اللهُ يَعْلَمُ حَرِيْصٌ عَلى صَدَاقَتِكَ» دېگەنگە ئوخشاش ئېئتىرازىيە بولۇپ كېلىدۇ .

ئۇلارنىڭ ئىككىنچىسى بولغان «فَ» ئۇ ئىككىسىنىڭ ھۆكۈمدە ئورتاقلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاۋۋالقىسىغا ئىككىنچىسىنىڭ ئۇلىشىپلا يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : «جاء زيد فَعَمْرٌو». بۇ جۈملىدە «كېلىش» دېگەن ھۆكۈم ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدىن سادىر بولغان بولسىمۇ، ئاۋۋال «زيد» تىن سادىر بولۇپ ئارقىدىنلا «عَمْرٌو» دىن سادىر بولغان .

قوشۇمچە : «فَ» تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل رولدا كېلىدۇ.

1) ئەتفى ھەرپى بولۇپ كېلىدۇ ۋە بۇ چاغدا «كَتبتُ الرسائلَ فأرسلتُها» دېگەنگە ئوخشاش ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئۇلىشىپلا يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە تەرتىپ مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى «أَحَبَّ زيدٌ فاطمةَ فَتَزَوَّجَهَا» دېگەنگە ئوخشاش سەۋەبىيەت مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ياكى «كانَ الطلابُ يدرسونَ بأنفسِهم فبعضُهم درسونَ الدرسَ و بعضُهم يستمعون الى الشريط التسجيل» دېگەنگە ئوخشاش تەپسىلىي بايان قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ .

2) شەرت بىلەن جازانىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلىغۇچى ھەرپ بولۇپ كېلىدۇ مەسىلەن : «إنْ جاءَني زيدٌ فأكرمتُهُ».

3) سۆز باشلاش ھەرپى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : ﴿ يَقُولُ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ ﴾ .

4) زائىت ھەرپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «زيدٌ فلا تضرِبْهُ» .

ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان «ثُمَّ» ئۇ ئىككىسىنىڭ ھۆكۈمدە ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاۋۋالقىسى يۈز بېرىپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : «جاء زيدٌ ثُمَّ عمرٌو» . بۇ جۈملىدە «كېلىش» دېگەن ھۆكۈم ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدىن سادىر بولغان بولسىمۇ ئاۋۋال «زيدٌ» تىن سادىر بولۇپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن «عمرٌو» دىن سادىر بولغان.

ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسى بولغان «حَتّى» تەرتىپ ۋە مۆھلەت جەھەتتە «ثُمَّ» گە ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۆھلىتى «ثُمَّ» نىڭ مۆھلىتىدىن ئازراق بولىدۇ ۋە مەئتۇپنىڭ مەئتۇپۇن ئەلەيھنىڭ بىر قىسمى بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ .

بۇ «ماتَ الناسُ حَتّى الأنبياءُ» دېگەنگە ئوخشاش مەئتۇپتىكى كۈچلۈكلۈكنى ياكى «قَدِمَ الحاجُّ حَتّى المشاةُ» دېگەنگە ئوخشاش ئاجىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

و الفاءُ للترتيب بلا مهلةٍ نحو جاء زيد فَعَمْرٌو ، و إذا كان زيد متقدمًا و عمرٌو متأخرًا بِلا مهلةٍ .

و ثُمَّ للترتيب بمهلةٍ نحو جاء زيدٌ ثُمَّ عمرٌو ، إذا كان زيد متقدمًا و بينهما مهلةٌ .

و حَتّى كَثُمَّ في الترتيب و المهلةِ إلا أن مهلتَها أَقَلُّ مِن مهلةِ ثُمَّ ، و يشترط أن يكون معطوفُها داخلًا في المعطوف عليه و هي تُفيد قوةً في المعطوف نحو ماتَ الناسُ حَتّى الأنبياءُ . أو ضَعْفًا نحو قَدِمَ الحاجُّ حَتّى المشاةُ.

«أوْ ، إمَّا و أمْ» قاتارلىق ئۈچ ھەرپ ھۆكۈمنىڭ (مەلۇم بىر نەرسىنىڭ) ئۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى ئىككى نەرسىنىڭ بىرىگە مۇبھەم ھالەتتە سابىت بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : «مررتُ بِرجلٍ أوْ امرأةٍ». بۇ مىسالدا مۇتەكەللىم ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن «ئۆتتۈش» دېگەن ھۆكۈم ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە مۇبھەم ھالدا سابىت بولغان .

ئۇ «إمَّا» ئۆزىدىن بۇرۇن يەنە بىر «إمَّا» كەلگەندىلا ئەتفە ھەرپى بولالايدۇ. مەسىلەن : «العَدَدُ إمّا زَوْجٌ و إمَّا فَرْدٌ» . بۇ جۈملىدىكى ئاۋۋالقى «إمَّا» شەكنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ بولسىمۇ، ئىككىنچى «إمَّا» ئەتفە ھەرپى بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى كەلىمە مەئتۇپ، ئەۋۋەلقى «إمَّا» دىن كېيىنكى كەلىمە مەئتۇپۇن ئەلەيدۇر ۋە يەنە ئىككىنچى «إمَّا» نىڭ ئالدىدىكى «وَ» مۇ، ئەتپە ھەرپى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى «إمَّا» مەئتۇپ ، ئاۋۋالقى «إمَّا» مەئتۇپۇن ئەلەيدۇر.

يەنە «إمَّا» دىن بۇرۇن «أوْ» نىڭ كېلىشىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن: «زيدٌ إمَّا كاتبٌ أوْ أمِّيٌّ».

«أمْ» بولسا مۇتتەسىل ۋە مۇنقەتىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

> و أوْ ، و إمَّا ، و أمْ ثلثُها لثبوتِ الحكمِ لأَحدِ الأمرينِ مُبْهَمًا لا بِعَيْنِه نحو مررتُ بِرجلٍ أوْ امرأةٍ . و إمَّا إنما تكون حرفَ العطفِ إذا تقدمتْها إمَّا أخرى نحو العَدَدُ إمّا زَوْجٌ و إمَّا فَرْدٌ . و يجوز أن يتقدم إمَّا على أوْ نحو زيدٌ إمَّا كاتبٌ أوْ أمِّيٌّ .
>
> و أمْ على قسمينِ متصلةٌ و منقطعةٌ .
>
> أمَّا المتصلةُ فهى ما يُسئَل بها عن تعيين أحد الأمرينِ و السائلُ بها يعلم ثبوتَ أحدِهما مبهمًا بخلاف أوْ ، و إمَّا، فانَّ السائل بهما لا يعلم ثبوتَ أحدِهما أصلا.

مۇتتەسىل بولغان «أمْ» دېگىنىمىز، مەئتۇپ ۋە مەئتۇپۇن ئەلەيدىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا ھۆكۈمنىڭ سابىت بولغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە سابىت بولغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغان كىشى ئىككىسىنىڭ بىرىنى تەيىن قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ھەرپتۇر. ئۇ دەل مۇشۇ جەھەتتە «أوْ وَ إمَّا» دىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككىسى ئارقىلىق سۇئال سورىغان كىشى مەئتۇپ ۋە مەئتۇپۇن ئەلەيدىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ بىرىگە ھۆكۈمنىڭ سابىت بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

مۇتتەسىل بولغان «أمْ» تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەرت ئاساسىدا ئىشلىتىلىدۇ:

بىرىنچىسى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھەمزىنىڭ بولۇشىنىڭ شەرت بولۇشى. مەسىلەن : «أ زَيدٌ عندك أمْ عمرٌو» .

ئىككىنچىسى، ھەمزىگە ئۇلىشىپلا كەلگەن سۆزگە ئوخشاش سۆزنىڭ «أمْ» گىمۇ ئۇلىشىپ كېلىشىنىڭ شەرت بولۇشى، يەنى يۇقىرىدا ئۆتكەن «أَ زيدٌ عِنْدَكَ أَمْ عمرٌو» دېگەنگە ئوخشاش «أَ» دىن كېيىن ئىسىم بولسا «أمْ» دىن كېيىنمۇ ئىسىمنىڭ بولۇشىنىڭ شەرت بولۇشى، ئەگەر «أ قام زيد أمْ قَعَدَ» دېگەنگە ئوخشاش ھەمزىدىن كېيىن پېئىل بولسا «أمْ» دىن كېيىنمۇ پېئىلنىڭ بولۇشىنىڭ شەرت بولۇشىدۇر. شۇڭا، «أ رأيتَ زيدا أم عمرًوا» دېيىشكە بولمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، باراۋەر بولغان ئىككى ئىشنىڭ بىرىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى مۇتەكەللىمگە ئېنىق بولۇشىنىڭ زۆرۈر بولۇشىدۇر. بۇ چاغدىكى سوئال«نَعَمْ» ياكى «لَا» دەپ جاۋاپ بېرىدىغان سوئال ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىرىنى تەيىن قىلىپ بېرىش ھەققىدە سورالغان سوئال بولىدۇ. شۇڭا، «أ زيد عندك أم عمرٌو؟» دېيىلگەن چاغدا ئۇنىڭ جاۋابى «نَعَمْ» ياكى «لَا» دېيىش ئەمەس، بەلكى «زيد» ياكى «عمرٌو» دەپ ئىككىنىڭ بىرىنى تەيىن قىلىپ بېرىش بولىدۇ. ئەمما، «أوْ» ياكى «إمَّا» ئارقىلىق سوئال سورالغاندا، «نَعَمْ» ياكى «لَـا» ئۇلارغا جاۋاب بولالايدۇ.

ئەمما، مۇنقەتى بولغان «أوْ» دېگىنىمىز، ئىستىفھامنىڭ ھەمزىسى بىلەن بىرگە كەلگەن «بَلْ» مەنىسىدىكى ھەرپتۇر . بۇخۇددى سىزنىڭ يىراقتىن بىر كۆلەڭگىنى كۆرۈپ ئىشەنچلىك ھالدا «أنَّها لَإبلٌ» دېگىنىڭىزدىن كېيىن، سىزدە ئۇ قوي ئوخشايدۇ دەيدىغان شەك پەيدا بولۇپ، ئاۋۋالقى بەرگەن خەۋىرىڭىزدىن يېنىۋېلىپ باشقا بىر سوئالنى سورىغان ھالدا «أمْ هي شاةٌ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «بَلْ أَ هي شاةٌ» (بەلكى قويمىتى يا ؟) دۇر.

و هي تُستعمل بثلثة شرائطَ.

الأول أنْ يقعَ قبلَها همزةٌ نحو أ زَيدٌ عندك أمْ عمرٌو.

و الثاني أنْ يَليَها لفظُ مثْلُ ما يلي الهمزةَ أعني إنْ كان بعد الهمزة اسمٌ فكذلك بعدَ أمْ ، كما مرَّ ، و إنْ كان بعد الهمزة فعلٌ فكذلك بعدَها نحو أ قام زيد أمْ قَعَدَ ، فلا يقال أ رأيتَ زيدا أم عمرًا .

و الثالث أن يكون أحدُ الأمرينِ المستويينِ محققا و إنما يكون الاستفهام عن التعيينِ فلذلك يجيب أن يكون جوابُ أم بالتعيينِ دونَ نَعَمْ ، أو لَا ، فإذا قيْلَ أ زيد عندك أم عمرٌو؟ فجوابُه بتعيينِ أحدِهما أمَّا إذا سئِل بأوْ ، و إمَّا فجوابُهُ نَعَمْ ، أو لَا .

و أمَّا المنقطعةُ و هي ما تكون بمعنى بَلْ مَعَ الهمزة كما رأيتَ شُبْحًا مِنْ بَعيْدٍ قلتَ إنَّها لَإبْلٌ على سبيل القطعِ ثم حَصَلَ لكَ شَكٌّ أنَّها شاةٌ فقلتَ أمْ هي شاةٌ تَقصد الإعراضَ عن الأخبار الأَولِ و الإستينافَ بسؤالٍ آخرَ ، معناه بَلْ أَ هي شاةٌ.

تەنبىھ : مۇنقەتى بولغان «أمْ» پەقەت يۇقىرىقى مىساللاردىكىگە ئوخشاش خەۋەرلەردە ۋە «أ عندك زيد أم عمرٌ» دېگەنگە ئوخشاش ئىستىفهاملاردىلا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ مىسالدا ئاۋۋال «زيد» نىڭ ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا بار ـ يوقلۇقىنى سورىدىڭىز، ئاندىن ئاۋۋالقى سوئالدىن ۋاز كېچىپ «عمرٌ» نىڭ ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا بار ـ يوقلۇقى ھەققىدىكى ئىككىنچى سوئالنى سوراپ «أم عمرٌ» دېدىڭىز. بۇنىڭ مەنىسى «بَلْ عمرٌ» دېگەنلىكتۇر.

و اعلم أنَّ أمْ المنقطعةَ لا تستعمل إلا في الخبر كما مَرَّ و في الاستفهام نحو أ عندك زيد أمِ عمرٌ ، و سَأَلتَ أولًا عن حصول زيدٍ ثم أضْرَبْتَ عن السؤال الأولِ و أخَذْتَ في السؤال عن حصول عمرٍو .

و لَا ، و بَلْ ، و لكِنْ جميعُها لثبوت الحكم لِأَحدِ الأمرينِ مُعَيَّنًا .

أمَّا لَا فلنفي ما وجبَ للأول عن الثاني نحو جاءني زيد لاَ عمرٌو .

و بَلْ للإضراب عن الأول و الإثباتِ للثاني نحو جاءني زيد بَلْ عمرٌو ، ومعناه بل جاءني عمرٌو ، و ما جاءَ بكر بَلْ خالدٌ ، معناه بل ما جاءَ خالدٌ .

و لكِنْ للاستدراكِ و يَلْزَمُها النفيُ قبلها نحو ما جاءني زيد لكِنْ عمرٌو جاءَ ، أو بعدها نحو قامَ بكر لكِنْ خالدٌ لَمْ يَقُمْ .

«لَا ، بَلْ ، و لكِنْ» قاتارلىق ھەرپلەر بولسا ھۆكۈمنىڭ ئىككى نەرسىنىڭ بىرىگە مۇئەييەن بولغان ھالدا سابىت بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئەمما، «لَا» غا كەلسەك ئۇ ئۆزىنىڭ مەئتۇپۇن ئەلەيگە سابىت بولغان ھۆكۈمنى مەئتۇپىدىن نەفى قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «جاءني زيد لاَ عمرٌو».

«بَلْ» گە كەلسەك، ئۇ مەئتۇپۇن ئەلەيگە سابىت بولغان ھۆكۈمنى داۋاملىق ئۇنىڭغا ئىسپاتلاۋېرىشتىن ۋاز كېچىپ ئۇ ھۆكۈمنى مەئتۇپقا ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «جاءني زيد بَلْ عمرٌو»، بۇنىڭ مەنىسى «بل جاءني عمرٌو» بولىدۇ. ۋە يەنە «ما جاءَ بكر بَلْ خالدٌ» دېگەنگە ئوخشاش، بۇنىڭ مەنىسى «بل ما جاءَ خالدٌ» دېگەنلىك بولىدۇ، نەفىدىن كېيىن كەلگەن مۇشۇ شەكىل ھەققىدە ئالىملارنىڭ قارىشى پەرقلىق بولۇپ، كۆپ سانلىق ئالىملار «ئۇ نەفى ۋە نەھيلەردىن كېيىن كەلگەندە تۈزىتىۋېلىشنى ئىپادىلەيدۇ» دەپ قارايدۇ، بۇ خىل قاراشقا ئاساسلانغاندا يۇقىرىقى جۈملىنىڭ مەنىسى : «بل جاءَ خالدٌ» بولىدۇ.

«لكِنْ» غا كەلسەك ئۇ مۇخاتەبنى توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ ۋە «ما جاءني زيد لكِنْ عمرٌو جاءَ» دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى سۆزنىڭ مەنفي بولۇشىنى ياكى «قامَ بكر لكِنْ خالدٌ لَمْ يَقُمْ» دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىدىن كېيىنكى سۆزنىڭ مەنفي بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

تۆتىنچى پەسىل «حروف التنبيه»(ئاگاھلاندۇرغۇچى قوشۇمچىلار) : ئاگاھلاندۇرۇش ھەرپلىرى مۇخاتەبنىڭ دىققەت قىلماسلىق سەۋەبىدىن مەلۇم سۆز ـ ئىبارىلەردىن بىخەۋەر قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش مەقسىتىدە تەيىنلەنگەن «أَلَا، و أَمَا ، و هَا» قاتارلىق ئۈچ ھەرپتۇر .

«أَلَا و أَمَا» دىن ئىبارەت بۇ ئىككىسى ئىسىملىق جۈملىگىمۇ كىرىدۇ . مەسىلەن : ﴿ أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ الْمُفْسِدُوْنَ﴾؛ «أَمَا و الذي أَبْكى و أَضحكَ و الذي أَماتَ و أَحْيى و الذي أَمرُهُ الأمرُ».

فصل حروف التنبيهِ ثلثةٌ أَلَا، و أَمَا ، و هَا وضعتْ لتنبيه المخاطبِ لئلا يَفُوْتَهُ شَيْءٌ مِن الكلام .

فأَلَا ، و أَمَا لا يدخلان إلا على الجملة اسميةً كانتْ نحو قوله تعالى﴿ أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ الْمُفْسِدُوْنَ ﴾ ، و قول الشاعر. شعر: أَمَا و الذي أَبْكى و أَضحكَ و الذي أَماتَ و أَحْيى و الذي أَمرُهُ الأَمرُ ، أو فعليةً نحو أَمَا لا تفعلُ ، و أَلَا تضربُ .

و الثالث هَا تدخل على الجملة الاسميةِ نحو هَا زيدٌ قائمٌ ، و المفردِ نحو هذا ، و هؤلاء .

فصل حروف النداء خمسةٌ يَا ، و أَيا ، و هَيَا ، و أَيْ ، و الهمزةُ المفتوحـــــــــــــــــــــــــــــــــــــــــةُ .

فأَيْ و الهمزةُ للقريب و أَيا ، و هَيَا للبعيد و يَا لهما و للمتوسط . و قد مَرَّ أحكامُ المنادي .

يەنە پېئىللىق جۈملىگىمۇ كىرىدۇ . مەسىلەن : «أَمَا لا تفعلُ»؛ «أَلَا تضربُ». («أَلَا ، و أَمَا» دىن ئىبارەت بۇ ئىككىسى مۇفرەتكە كىرمەيدۇ.)

ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان «هَا» ئىسىملىق جۈملىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: «هَا زيدٌ قائمٌ». يەنە مۇفرەتكىمۇ كىرىدۇ. مەسىلەن: «هذا و هؤلاء».

بەشىنچى پەسىل «حروف النداء»(چاقىرىش قوشۇمچىلىرى) : چاقىرىش ھەرپلىرى بەش بولۇپ ئۇلار «يَا ، أَيا ، هَيَا، أَيْ و أَ» قاتارلىقلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «أَيْ و أَ» قاتارلىقلار يېقىندىكى كىشىنى چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. «أَيَا، و هَيَا» يىراقتىكى كىشىنى، «يَا» بولسا يىراق ۋە يېقىندىكى كىشىنى ۋە ئوتتۇراھال يەردىكى كىشىنى چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . بۇلارنىڭ چاقىرغۇچىلىرى ھەققىدىكى ھۆكۈم يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا، بۇ يەردە قايتا زىكرى قىلمايمىز.

**ئالتىنچى پەسىل «حروف الإيجابِ»(جاۋاپ بېرىش) : جاۋاپ بېرىش ھەرپلىرى «نَعَمْ ، و بَلى ، و أجَلْ ، و جَيْرِ ، و إنَّ ، و أيْ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئالتىدۇر.**

فصل حروف الإيجابِ ستةٌ نَعَمْ ، و بَلى ، و أجَلْ ، و جَيْرِ ، و إنَّ ، و إيْ .

أمَّا نَعَمْ فلتقرير كلامٍ سابقٍ مثبتًا كان أو مَنفيًا نحو أ جاء زيد ؟ قلتَ نَعَمْ . و أ ما جاء زيد ؟ قلتَ نَعَمْ .

و بَلى تُخْتَصُّ بإيجاب ما نُفِىَ استفهامًا كقوله تعالى﴿ أ لَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوْا بَلى ﴾ الأعراف١٧٢ ، أو خبرًا كما يقال لَمْ يقم زيد قلتَ بَلى أي قد قامَ زيدٌ .

و إيْ للإثبات بعد الاستفهام و يلزمها القسمُ كما إذا قِيْلَ هَلْ كانَ كذا ؟ قلتَ إيْ و اللهِ.

و أجَلْ و جَيْرِ و إنَّ لتصديق الخبَرِ كما إذا قِيل جاء زيد قلتَ أجَلْ أو جَيْرِ أو إنَّ ، أيْ أُصدقُكَ في هذا الخبر.

«نَعَمْ» بولسا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى جۈملىنىڭ مۇسبەت ياكى مەنفىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى مۇقەررەرلەشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «أ جاء زيد ؟» دېسىمۇ «نَعَمْ» دەپ جاۋاب بەرسىڭىز بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «شۇنداق، ئۇ كەلدى» دېگەنلىك بولىدۇ. يەنە «أ ما جاء زيد ؟» دېسىمۇ «نَعَمْ» دەپ جاۋاب بەرسىڭىز بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «شۇنداق، ئۇ كەلمىدى» دېگەنلىك بولىدۇ.

ۋە «بَلى» غا كەلسەك ئۇ ﴿أ لَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوْا بَلى﴾ دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىستىفھام بولغان ھالەتتە نەفى قىلىنغان جۈملىنى مۇسبەتكە ئۆزگەرتىشكە ياكى خەۋەر بولغان ھالەتتە نەفى قىلىنغان جۈملىنى مۇسبەتكە ئۆزگەرتىشكە خاستۇر. مەسىلەن : «لَمْ يقم زيد» دېسە «بَلى» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش، بۇنىڭ مەنىسى «قد قامَ زيدٌ» دېگەنلىكتۇر.

«إيْ» غا كەلسەك ئىستىفھامدىن كېيىن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى جۈملىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەم بىلەن بىرگە كېلىدۇ. مەسىلەن : «هَلْ كانَ كذا ؟» دېيىلسە «إيْ واللهِ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش . بۇنىڭ مەنىسى «الله بىلەن قەسەمكى، شۇنداق بولدى» دېگەنلىك بولىدۇ.

«أجَلْ ، جَيْرِ ، إنَّ» قاتارلىقلارغا كەلسەك، بۇلار خەۋەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تەستىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن : ئەگەر سىزگە «جاء زيد» دېيىلسە «أجَلْ» ياكى « جَيْرِ» ۋە ياكى «إنَّ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش، بۇنىڭ مەنىسى «سېنىڭ مۇشۇ خەۋىرىڭنىڭ راستلىقىنى تەستىقلايمەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

يەتتىنچى پەسىل «حروف الزيادة»(ئارتۇقچە قوشۇمچىلار) : زىيادە بولۇپ كېلىدىغان ھەرپلەر «إنْ ، أنْ ، مَا ، لَا ، مِنْ ، بَ ، لَ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت يەتتە ھەرپتۇر.

فصل حروف الزيادة سبعةٌ إنْ ، و أنْ ، و مَا ، و لَا ، و مِنْ ، و الْبَاءُ ، و اللّامُ .

فإنْ تُزَادُ مع مَا النافيةِ نحو مَا إنْ زيدٌ قائمٌ ، و مع مَا المصدريةِ نحو إنتظرْ مَا إنْ يجلسُ الأميرُ ، و مع لَمَّا نحو لَمَّا إنْ جلستَ جلستُ .

و أنْ تُزَادُ مع لَمَّا كقوله تعالى﴿ فَلَمَّا أنْ جَاءَ الْبَشِيْرُ﴾ يوسف٩٦ ،

و بين لَوْ و القسم المتقدمِ عليها نحو و اللهِ أنْ لَوْ قمتَ قمتُ .

«إنْ» بولسا «مَا إنْ زيدٌ قائمٌ» دېگەنگە ئوخشاش نەفىنىڭ «مَا» سى بىلەن بىرگە كەلگەندە ، «إنتظرْ مَا إنْ يجلسُ الأميرُ» دېگەنگە ئوخشاش مەسدەرىيىە بولغان «مَا» بىلەن بىرگە كەلگەندە ۋە يەنە «لَمَّا إنْ جلستَ جلستُ» دېگەنگە ئوخشاش «لَمَّا» بىلەن بىرگە كەلگەندە زىيادە بولۇپ كېلىدۇ.

«أنْ» بولسا «لَمَّا» بىلەن بىرگە كەلگەندە زىيادە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : ﴿فَلَمَّا أنْ جَاءَ الْبَشِيْرُ﴾. يەنە ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن قەسەم بىلەن «لَوْ» نىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەندىمۇ زىيادە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «و اللهِ أنْ لَوْ قمتَ قمتُ» .

«مَا» بولسا شەرت مەنىسىدە كەلگەن «إِذَا ، مَتَى ، أَيٍّ ، أَنَّى ، أَيْنَ ، إِنْ» قاتارلىق ھەرپلەر بىلەن بىرگە كەلگەندە زىيادە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «إِذَا مَا صمتَ صمتُ». قالغانلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

يەنە قىسمەن جەر قىلغۇچى ھەرپلەردىن كېيىنمۇ زىيادە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : ﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنْ اللهِ﴾؛ ﴿وَعَمَّا قَلِيلٍ لَّيُصْبِحُنَّ نَادِمِيْنَ﴾؛ ﴿وَمِمَّا خطيئتهم أُغْرِقُوْا فَأُدْخِلُوْا نَارًا﴾؛ «زيد صديقي كَمَا أَنَّ عمرًوا أَخِي».

«لا» بولسا نەفىدىن كېيىن كەلگەن «و» بىلەن بىرگە كەلگەندە زىيادە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : «ما جاءني زيد ولا عمر». مەسدەرىيە بولغان «أَنْ» دىن كېيىنمۇ زىيادە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : ﴿مَا مَنَعَكَ أَنْ لَّا تَسْجُدَ﴾ . يەنە قەسەمدىن ئىلگىرىمۇ زىيادە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : ﴿لَا أُقْسِمُ بِهٰذَا الْبَلَدِ﴾ مانا بۇ «أُقْسِمُ بِهٰذَا الْبَلَدِ» مەنىسىدە.

و مَا تُزَادُ مع إِذَا ، و مَتَى ، و أَيٍّ ، و أَنَّى ، و أَيْنَ ، و إِنْ شرطياتٍ كما تقول إِذَا مَا صمتَ صمتُ ، و كذا البواقي .

و بعد بعض حروفِ الجرِ نحو قوله تعالى ﴿ فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنْ اللهِ ﴾ آل عمران١٥٩، ﴿ وَعَمَّا قَلِيْلٍ لَّيُصْبِحُنَّ نَادِمِيْنَ ﴾ المؤمنون٤٠ ، ﴿ وَ مِمَّا خَطِيْئَتِهِمْ أُغْرِقُوْا فَأُدْخِلُوْا نَارًا ﴾ نوح٢٥ ، و زيد صديقي كَمَا أَنَّ عمرًا أخِي .

و لا، تُزَادُ مع الواوِ بعدَ النفي نحو ما جاءني زيد و لَا عمرٌو ، و بعدَ أَنْ المصدريةِ نحو قوله تعالى ﴿ مَا مَنَعَكَ أَنْ لَّا تَسْجُدَ ﴾ ص٧٥، و قبلَ القسم كقوله تعالى ﴿ لَا أُقْسِمُ بِهٰذَا الْبَلَدِ ﴾ البلد١ ، بمعنى أُقْسِمُ .

و أَمَّا مِنْ ، و الْبَاءُ و اَللَّامُ فقد مَرَّ ذكرُها في حروف الجرِ فلا نُعِيْدُهَا .

ئەمما، «مِنْ ، الْبَاءُ ، اَللَّامُ» قاتارلىقلارغا كەلسەك بۇلارنىڭ قانداق ئورۇنلاردا زىيادە بولۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھۆكۈملەر جەر قىلغۇچى ھەرپلەر ھەققىدىكى پەسىلدە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلۇپ بولدى. شۇڭا، بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمىز .

فصل حَرْفَا التفسيرِ أيْ ، و أنْ .

فأيْ كقوله تعالى﴿ وَ اسْئَلِ الْقَرِيَةَ ﴾ يوسف٨٢ ، أيْ أهلَ القريةِ ، كأنَّكَ تُفَسِّرُهُ أهلَ القريةِ .

و أنْ إنما يُفَسَّرُ بها فعلٌ بمعنى القولِ كقوله تعالى ﴿ وَنَادَيْنهُ أَنْ يَا إِبْرَاهِيْمُ ﴾ الصافات١٠٤، فلا يقال قلتُ له أنْ أُكْتُبْ ، إذ هو لفظ القولِ لا معناهُ.

فصل حروف المصدرِ ثلثةٌ مَا ، و أنْ ، و أنَّ .

فالأُوْلَيَانِ للجملة الفعليةِ كقوله تعالى ﴿ وَضَاقَتْ عَلَيْهِمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ﴾ التوبة٢٥ ، أيْ بِرُحْبِهَا .وقول الشاعر : يسر المرء مَا ذهبَ الليالى ، وكان ذهابُهنَّ له ذَهَابًا .

و أنْ نحو قوله تعالى ﴿ فَمَا كَانَ جَوَابُ قَوْمِهِ إِلَّا أَنْ قَالُوْا ﴾ الأعراف٨٢ ، أيْ قولِهِمْ.

و أنَّ للجملة الاسميةِ نحو علمتُ أنكَ قائمٌ ، أي قِيَامَكَ .

سەككىزىنچى پەسىل «حَرْفَا التفسيرِ»(بايان قىلغۇچى قوشۇمچىلار) : تەپسىرلەپ بەرگۈچى ئىككى ھەرپ «أيْ ، أنْ» دىن ئىبارەتتۇر .

«أيْ» گە كەلسەك بۇ خۇددى «الله» نىڭ ﴿وَ اسْئَلِ الْقَرِيَةَ﴾ دېگەن سۆزىنى «وَ اسْئَلْ أهلَ القريةِ» دەپ تەپسىرلىگىنىڭىزگە ئوخشاش ئۆزىدىن ئىلگىرىكى سۆزنى تەپسىرلەيدۇ.

«أنْ» بىلەن پەقەت «القول» نىڭ مەنىسىدىكى سۆزلەرلا تەپسىرلىنىدۇ . مەسىلەن : ﴿وَ نَادَيْنهُ أَنْ يَا إِبْرَاهِيْمُ﴾ . شۇڭا «قلتُ له أنْ أُكْتُبْ» دەپ «قلتُ» دېگەن سۆزنى ئۇنىڭ بىلەن تەپسىرلەشكە بولمايدۇ . چۈنكى، ئۇ سۆز «القول» نىڭ مەنىسى ئەمەس، بەلكى «القول» نىڭ ئۆزىدۇر. ئەمما «نَادَيْنهُ» دېگەن سۆز «القول» مەنىسىدىكى سۆزدۇر.

توققۇزىنچى پەسىل «حروف المصدر»(مەسدەر قىلغۇچى قوشۇمچىلار): مەسدەر ھەرپلىرى «مَا ، أنْ ، أنَّ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچتۇر. بۇلارنىڭ ئاۋۋالقى ئىككىسى پېئىللىق جۈملىنى مەسدەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَ ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ﴾ (شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلدى). «يُسرُّ المرءَ مَا ذهبَ الليالى ، وكان ذهابُهنَّ له ذَهَابًا »(كېچىلەرنىڭ ئۆتۈشى كىشىنى خۇش قىلىدۇ، ۋەھالەنكى كېچىلەرنىڭ ئۆتۈشى ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۆتۈشىدۇر).

بىرىنچى مىسالدىكى «مَا» دېگەن ھەرپ ئۆزىدىن كېيىنكى «رَحُبَتْ» دېگەن پېئىلنى مەسدەرگە ئۆزگەرتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەنىسى «بِرُحْبِهَا»(كەڭ تۇرۇغلۇق) دېگەنلىك بولىدۇ. «أنْ» گە بېرىلگەن مىسال ﴿فَمَا كَانَ جَوَابُ قَوْمِهِ إِلَّا أَنْ قَالُوْا﴾ بولۇپ، بۇنىڭدىكى «أنْ» ئۆزىدىن كېيىنكى «قَالُوْا» دېگەن پېئىلنى مەسدەرگە ئۆزگەرتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەنىسى «قولِهِمْ» دېگەنلىك بولىدۇ.

«أنَّ» بولسا ئىسىملىق جۈملىنى مەسدەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «علمتُ أنَّكَ قائمٌ»، بۇنىڭ مەنىسى «علمتُ قِيَامَكَ» دېگەنلىكتۇر.

ئونىنچى پەسىل «حروف التَحْضِيْضِ»( قىزىقتۇرۇش قوشۇمچىلىرى) : قىزىقتۇرۇش ھەرپلىرى «هَلَّا ، أَلَّا ، لَوْلَا ، لَوْمَا» دىن ئىبارەت تۆت بولۇپ، جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. بۇلار مۇزارىئە پېئىلىغا كىرسە شۇ پېئىلنى قىلىشقا قىزىقتۇرۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : «هَلَّا تَأْكُلُ» (يېمەمسەن !؟).

ئەگەر، مازىغا كىرسە ئۇلارنىڭ مەنىسى ئەيىبلەش بولىدۇ . مەسىلەن : «هَلَّا ضَربتَ زيدًا» (زەيدنى ئۇرماپسەنغۇ!؟). بۇ چاغدا پەقەت قولدىن كېتىپ قالغان پېئىلنى (قىلىشقا قىزىقتۇرۇش تەرىپىنى) ئېتىبارغا ئالغاندىلا ئۇ ھەرپلەر قىزىقتۇرۇش ھەرپى بولالايدۇ. چۈنكى، بۇ ھەرپلەر مۇخاتەبنى ئۆتكەن زاماندا قىلمىغان بولسىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىشلاردا ئەيىبلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ مۇخاتەبنى بۇنداق ئىشلاردا ئەيىپلەش خۇددى ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا قىزىقتۇرغانغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر . مانا مۇشۇ تەرەپ ئېتىبارى بىلەن ئۇ ھەرپلەر مازىيدىمۇ قىزىقتۇرۇش ھەرپى بولالايدۇ .

بۇ ھەرپلەر يۇقىرىقى مىساللاردىكىدەك پېئىللارغىلا كىرىدۇ . ئەگەر، ئۇلاردىن كېيىن ئىسىم كېلىپ قالسا ئۇ ئىسىم ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان پېئىلنىڭ سەۋەبىدىن مەئمۇل بولغان ئىسىم ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن : بۇ خۇددى بىر قوۋمنى ئۇرغان كىشىگە «هَلَّا زيدا» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلىيسى «هَلَّا ضربتَ زيدا» دېگەنلىك بولىدۇ.

> فصل حروف التَحْضِيْضِ أربعةٌ هَلَّا ، و أَلَّا ، و لَوْلَا ، و لَوْمَا لها صدرُ الكلامِ و معناها حَضٌّ على الفعل إنْ دَخَلَتْ على المضارع نحو هَلَّا تَأْكُلُ ، و لَوْمٌ إنْ دخلتْ على الماضي نحو هَلَّا ضربتَ زيدًا . و حينئذ لا تكون تحضيضا إلا باِعْتِبَارِ مَا فَاتَ . و لا تدخل إلا على الفعل كما مَرَّ ، و إنْ وقعَ بعدها اسمٌ فَبِإِضْمَارِ فعلٍ كما تقول لِمَنْ ضَرَبَ قومًا هَلَّا زيدًا ؟ أيْ هَلَّا ضربتَ زيدا ؟ .
>
> و جميعُها مركبةٌ ، جزؤُها الثاني حرفُ النفي و الأولُ حرفُ الشرطِ أو الاستفهامِ أو حرفُ المصدر .
>
> و للَوْلَا معنى آخرُ هو امتناعُ الجملةِ الثانيةِ لِوُجُوْدِ الجملة الأُوْلى نحو لَوْلَا عَلِيٌّ لَهَلَكَ عُمَرُ ، و حينئذ تحتاج إلى الجملتين أُولهُمَا اسميةً أبدا .

ئۇ ھەرپلەرنىڭ ھەممىسى بىرىكتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىنچى جۈزئىسى نەفىنىڭ ھەرپى، ئاۋۋالقى جۈزئىسى بولسا ياكى شەرت ھەرپى ياكى ئىستىفھام ھەرپى ۋە ياكى مەسدەر ھەرپىدۇر.

«لَوْلَا» نىڭ يەنە بىر تۈرلۈك مەنىسىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئاۋۋالقى جۈملىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى سەۋەبىدىن ئىككىنچى جۈملىنىڭ بارلىققا كەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتۇر. مەسىلەن : «لَوْلَا عَلِيٌّ لَهَلَكَ عُمَرُ».

بۇ جۈملىدە «عَلِيٌّ» نىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى سەۋەبىدىن «عُمَرُ» نىڭ ھالاك بولۇشى بارلىققا كەلمىدى، بۇنداق چاغلاردا ئاۋۋالقىسى ئىسىملىق جۈملە بولۇپ كەلگەن ئىككى جۈملىنىڭ بولۇشىغا موھتاج بولىدۇ.

ئون بىرىنچى پەسىل «حروف التَّوَقُّعِ»(كۈتۈش قوشۇمچىلىرى ) : «قَدْ» تەۋەققۇ ھەرپى بولۇپ، مازىيدا كەلگەندە ئۇنى ھالغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولىدۇ. مەسىلەن : «قَدْ رَكِبَ الأَمِيرُ»(پادىشاھ تېخى ھېلىلا ئاتقا مىنگەندى)، بۇ مىسالدىكى «قَدْ» دېگەن ھەرپ «رَكِبَ» دېگەن ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتىنى ھال زامانغا يېقىنلاشتۇرغان بولۇپ، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ «قَدْ» (يېقىنلاشتۇرۇش ھەرپى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

فصل حرف التَّوَقُّعِ قَدْ و هي في الماضي لِتقريب الماضِي إلى الحالي نحو قَدْ رَكِبَ الأَمِيرُ ، أي قُبَيْلَ هذا . و لِأَجْلِ ذالك سُمِّيَتْ حرفَ التقريبِ أيضا و لهذا تَلْزِمُ الماضِيَ لِيَصْلِحَ أَنْ يقع حالًا . و قد تجئ للتأكيد إذا كان جوابًا لِمَنْ يَسأَلُ هَلْ قامَ زيد ؟ تقول قَدْ قامَ زيدٌ .
و في المضارع للتقليل نحو إنَّ الكَذُوْبَ قَدْ يَصْدُقُ و إنَّ الجَوادَ قَدْ يَبخَلُ ، و قَدْ تجئ للتحقيق كقوله تعالى ﴿قَدْ يَعْلَمُ اللّٰهُ الْمُعَوِّقِيْنَ مِنْكُمْ﴾ الأحزاب١٨ .
و يجوز الفصل بينها و بين الفعل بالقسم نحو قَدْ وَ اللهِ أَحْسَنْتَ ، و قد يحذف الفعلُ بعد قَدْ عندَ القرينةِ كقول الشاعر .
شعر: أَفِدَ الْتَرَحُّلُ غيرَ أَنَّ رِكَابَنَا لَمَّا تَزُلْ بِرِحَالِنَا وَكَأَنْ قَدِنْ ؛ أي و كَأَنْ قد زالتْ .

«قَدْ» مازىيدا كەلگەندە ئۇنى ھالغا يېقىنلاشتۇرىدىغان رولى بولغانلىقتىن مازىينىڭ ھالەت بولۇپ كېلىشى «قَدْ» سىز دۇرۇس بولمايدۇ.
گاھىدا ئۇ تەكىت ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «هَلْ قامَ زيد ؟» دەپ سورىغان كىشىگە جاۋابەن «قَدْ قامَ زيدٌ» دېگىنىمىزگە ئوخشاش.
بۇ «قَدْ» مۇزارىئەدە كەلگەندە قىسمەنلىك مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «إنَّ الكَذُوْبَ قَدْ يَصْدُقُ و إنَّ الجَوادَ قَدْ يَبخَلُ».
گاھىدا جەزمىيەت مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿قَدْ يَعْلَمُ اللّٰهُ الْمُعَوِّقِيْنَ مِنْكُمْ﴾(اللّٰهُ ئىچىڭلاردىكى توسقۇنلۇق قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ) .
«قَدْ» بىلەن ئۇنىڭ پېئىلىنىڭ ئارىسىنى قەسەم ئارقىلىق ئايرىۋېتىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن : «قَدْ وَ اللهِ أَحْسَنْتَ» .

قەرىنە بولغان ئەھۋالدا ئۇنىڭ پېئىلى ھەزىپ قىلىنىپمۇ كېتىدۇ. مەسىلەن : «أَفِدَ الْتَرَحُّلُ غيرَ أَنَّ رِكَابَنَا لَمَّا تَزُلْ بِرِحَالِنَا وَكَأَنْ قَدِنْ» (مېڭىش ۋاقتى يېقىنلىشىپمۇ قالدى. لېكىن، ئۇلاغلىرىمىز يۈك - تاقلىرىمىزنى ئېلىپ ماڭمىغان بولسىمۇ، گوياكى ماڭىدىغاندەكلا تۇراتتى)، بۇنىڭ ئەسلىيسى «أَفِدَ الْتَرَحُّلُ غيرَ أَنَّ رِكَابَنَا لَمَّا تَزُلْ بِرِحَالِنَا وَكَأَنْ قد زالتْ» ئىدى.

ئون ئىككىنچى پەسىل «حرفا الاستفهامِ»(سوئال ئۇلانمىسى) : ئىستىفهامنىڭ «أَ ، هَلْ» دىن ئىبارەت ئىككى هەرپى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . بۇلار «أ زيدٌ قائم» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملىق جۈملىلەرگىمۇ «هَلْ قامَ زيد» دېگەنگە ئوخشاش پېئىللىق جۈملىلەرگىمۇ كىرىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئىسىم ئارقىلىق سوئال سوراشتىن پېئىل ئارقىلىق سوئال سوراش ياخشى بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ پېئىلغا كىرىشى كۆپرەك بولىدۇ .

«أَ» گاھىدا «هَلْ» نىڭ كېلىشى دۇرۇس بولمايدىغان ئورۇنلاردىمۇ كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن : «أ زيدًا ضربتَ»؛ «أ تَضرب زيدًا و هو أخوك»؛ «أ زيدٌ عندكَ أمْ عمرٌو»؛ «أ ومَنْ كانَ»؛ «أ فمَنْ كانَ»؛ ﴿أَ ثمَّ إذَا مَا وَقَعَ آمَنْتُمْ بِهِ﴾ {(الله نىڭ ئازابى يۈز بەرگەندە ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشەندىڭلارمۇ؟}، مانا بۇ ئورۇنلاردا «هَلْ» نىڭ كېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

ئون ئۈچىنچى پەسىل «حروف الشرط»(شەرت قوشۇمچىلىرى) : شەرت هەرپلىرى «إنْ ، لَوْ ، أَمَّا» قاتارلىقلار بولۇپ بۇلار جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. بۇلار ئىككى جۈملىنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىككىسى ياكى ئىسىملىق جۈملە بولىدۇ، ياكى پېئىللىق جۈملە بولىدۇ ۋە ياكى بىرى ئىسىملىق يەنە بىرى پېئىللىق جۈملە بولىدۇ.

تەنبىھ : «ئۇ ئىككىسى ئىسىملىق جۈملە بولىدۇ» دېگەن سۆزنى تەتبىقلىساق تۆۋەندىكى يەكۈنگە ئېرىشىمىز :

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «إنْ» ۋە «لَوْ» دىن ئىبارەت ئىككىسى ئىسىمنىڭ بېشىغا كەلسە كۆرۈنۈشتە ئىسىملىق جۈملىگە كىردى دېيىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە پېئىللىق جۈملىگە كىرگەن بولىدۇ . مەسىلەن : ﴿وَإِنْ أَحَدٌ مِّنَ الْمُشْرِكِيْنَ اسْتَجَارَكَ﴾ (ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە) التوبة٦ ، ﴿لَوْ أَنْتُمْ تَمْلكُوْنَ خَزَائِنَ رَحْمَةِ رَبِّيْ﴾ (ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا) الإسراء١٠٠ ، بۇلار ئەسلىدە «وَإِنْ اسْتَجَارَكَ أَحَدٌ مِّنَ الْمُشْرِكِيْنَ اسْتَجَارَكَ» ، «لَوْ تَمْلكُوْنَ أَنْتُمْ تَمْلكُوْنَ خَزَائِنَ رَحْمَةِ رَبِّيْ» ئىدى دەپ مۆلچەرلىنىدۇ . دېمەك «إنْ» ۋە «لَوْ» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى هەرپ، جۈملە ئىسمىييەگە كىرمەيدۇ. بۇنى ئاپتورنىڭ كېيىنكى بەتتىكى «بۇ ئىككى هەرپ، ئۆزىدىن كېيىن لەۋزەن ياكى تەقدىرەن پېئىلنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ» دىگەن سۆزىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«إنْ» بولسا كېلەچەك زامان مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، مازى پېئىلنىڭ ئالدىغا كىرگەن هالەتتىمۇ، ئۇنىڭ مەنىسىنى كېلەچەك زامان مەنىسىگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. مەسىلەن : «إنْ زُرْتَنِي أكرمتُك».

---

فصل حرفا الاستفهامِ الهمزةُ و هَلْ ، لهما صدرُ الكلام و تدخلانِ على الجملةِ اسميةً كانت نحو أ زيدٌ قائم ، أو فعليةً نحو هَلْ قامَ زيد .

و دخولُهما على الفعلية أكثر إذ الاستفهام بالفعل أولى و قد تدخل الهمزةُ في مواضعَ لا يجوز دخول هَلْ فيها نحو أ زيدًا ضربتَ ، و أ تَضرب زيدًا و هو أخوك ، و أ زيدٌ عندكَ أمْ عمرٌو، و أ وَمَنْ كانَ ، و أ فَمَنْ كانَ ، و ﴿أَ ثمَّ إذَا مَا وَقَعَ آمَنْتُمْ بِهِ﴾ يونس٥١ ، و لا تستعمل هَلْ في هذه المواضعِ . و ههنا بحث.

فصل حروف الشرطِ إنْ ، و لَوْ ، و أمَّا لها صدرُ الكلام و يدخل كلٌّ واحدٍ منها على الجملتينِ اسميتينِ كانتَا أو فعليتينِ أو مختلفتينِ .

فإنْ للاستقبال و إنْ دخلتْ على الماضي نحو إنْ زرْتني أكرمتُك .

---

«لَوْ» بولسا ئۆتكەن زامان مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆتكەن زامان مەنىسىگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. مەسىلەن: «لَوْ تَزُوْرُنِي أَكرمتُك» .

بۇ ئىككى ھەرپ يۇقىرىدا ئۆتكىنىدەك ئۆزىدىن كېيىن ئاشكارا زىكرى قىلىنغان پېئىلنىڭ بولۇشىنى ياكى بار ئىدى دەپ مۆلچەرلىنىدىغان پېئىلنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. مەسىلەن: «إِنْ أَنت زَائِرِي فَأَنَا أُكرِمُك»، بۇنىڭ ئەسلىسى «إِنْ كُنتَ زَائِرِي فَأَنَا أُكرِمُك» ئىدى دەپ مۆلچەرلىنىدۇ، بۇنىڭدىن «كُنتَ» دېگەن پېئىل ھەزىپ قىلىنىپ كېتىپ، ئۇنىڭ پائىلى بولغان زىمىر «تَ» مۇنپەسىل قىلىنىپ يۇقىرىقى شەكىلگە ئۆزگەرگەن دەپ قارىلىدۇ.

تەنبىھ: «إِنْ» پەقەت يۈز بېرىشى شەك قىلىنىدىغان ئىشلاردىلا ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا، «آتِيكَ إِنْ طَلَعَتْ الشمسُ» دېيىشكە بولمايدۇ، بەلكى «آتِيك إِذا طلعتْ الشمسُ» دېيىلىدۇ.

«لَوْ» بولسا ئاۋۋالقى جۈملىنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئىككىنچى جۈملىنىڭمۇ يۈز بەرمىگەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللهُ لَفَسَدَتَا﴾ . بۇ مىسالدىكى «كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللهُ» دېگەن بىرىنچى جۈملىنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى، يەنى «اللهُ» دىن باشقا ئىلاھ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن «لَفَسَدَتَا» دېگەن ئىككىنچى جۈملە يۈز بەرمىدى، يەنى ئاسمان ـ زېمىن بۇزۇلۇپ كەتمىدى.

ئەگەر، قەسەم جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، ئالدىغا شەرت ھەرپى كەلگەن پېئىلنىڭ «وَاللهِ إِنْ أَتَيْتَنِي لَأكرمتُك» دېگەنگە ئوخشاش لەۋزى جەھەتتىن مازى ھېسابلىنىدىغان پېئىل بولۇشى ياكى «وَ اللهِ إِنْ لم تأتني لَأَهْجُرَنَّكَ» دېگەنگە ئوخشاش مەنە جەھەتتىن مازى ھېسابلىنىدىغان پېئىل بولۇشى كېرەك.

و لَوْ للماضي و إنْ دخلتْ على المضارع نحو لَوْ تَزُوْرُنِي أكرمتُك ، و يلزمهما الفعلُ لفظًا كما مَرَّ أو تقديرًا نحو إنْ أنت زَائِرِي فَأَنَا أُكْرِمُكَ .

و اعلم أنَّ إنْ لا تستعمل إلا في الأمورِ المشكوكةِ فلا يقال آتِيْكَ إنْ طَلَعَتْ الشمسُ ، بَلْ يقال آتِيك إذا طلعتْ الشمسُ .

و لَوْ تدل على نفي الجملةِ الثانيةِ بسببِ نفيِ الجملةِ الأولى . كقوله تعالى﴿ لَوْ كَانَ فِيْهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللهُ لَفَسَدَتَا ﴾ الأنبياء٢٢ .

و إذا وقعَ القَسَمُ في أولِ الكلامِ و تقدمَ على الشرط يجب أن يكون الفعلُ الذي تدخل عليه حرفُ الشرطِ ماضِيًا لفظًا نحو وَاللهِ إنْ أتَيْتَنِي لأكرمتُك ، أو معنى نحو وَ اللهِ إنْ لم تأتني لأهْجُرَنَّكَ .

بۇ چاغدا ئىككىنچىسى لەۋزى جەھەتتىن شەرتنىڭ جازاسى ئەمەس، بەلكى قەسەمنىڭ جاۋابى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن سىزنىڭ يۇقىرىقى ئىككى مىسالدا كۆرگىنىڭىزگە ئوخشاش ئۇ جۈملىدە قەسەمنىڭ جاۋابى ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغان «لَ» گە ئوخشاش ھەربلەرنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ.

و حِيْنَئِذٍ تكون الجملةُ الثانيةُ في اللفظ جوابًا لِلقَسَمِ ، لا جزاءً للشرط فلذلك وجبَ فيها ما وجبَ في جوابِ القسم مِن اللامِ و نحوِها، كما رأيتَ في المثالين ، أمّا إنْ وقعَ القسمُ في وسطِ الكلامِ جازَ أنْ يُعْتَبَرَ القَسَمُ بأن يكون الجوابُ له نحو إنْ أَتَيْتَنِي وَ اللهِ لَاتِيَنَّكَ ، و جازَ أن يُلغى نحو إنْ تأْتني وَ اللهِ آتِكَ .

ئەگەر، قەسەم جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىپ قالسا (جۈملىدە) ئۇنىڭ جاۋابىنى بار دەپ قاراپ، ئۇ قەسەمنى ئېتىبارغا ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: «إِنْ أَتَيْتَنِي وَ اللهِ لَاتِيَنَّكَ». ياكى ئۇنىڭ جاۋابىنى يوق دەپ قاراپ بۇ قەسەمنى بىكارچى قىلىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: «إِنْ تَأْتِنِي وَ اللّهِ آتِكَ».

ئاۋۋالقى مىسالدىكى ئىككىنچى جۈملىنى قەسەمنىڭ جاۋابى دەپ قارىشىمىز ئۈنىڭغا «لِ» قاتارلىقلارنىڭ تۇتۇشۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئىككىنچى مىسالدىكى ئىككىنچى جۈملىنى قەسەمنىڭ جاۋابى دەپ قارىماسلىقىمىز، ئۇنىڭدا قەسەمنىڭ جاۋابىدا بولۇشقا تېگىشلىك بولغان «لَ» قاتارلىق ھەرپلەرنىڭ بولمىغانلىقىدىندۇر.

«أَمَّا» بولسا يۇقىرىدا مۇجمەل زىكرى قىلىنغان نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «النَّاسُ سَعِيْدٌ و شَقِيٌّ أَمَّا الذينَ سَعِدُوا فَفِي الجنة و أَمَّا الذينَ شَقُوْا فَفِي النَّار».

«أَمَّا»نىڭ جاۋابىدا «فَ» نىڭ كېلىشى ۋە ئاۋۋالقى جۈملىنىڭ ئىككىنچى جۈملە ئۈچۈن سەۋەب بولۇشى، شۇنداقلا شەرت ھەرپى پېئىلدىن ئايرىلمايدىغان تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ پېئىلىنىڭ ھەزىپ قىلىنىپ كېتىشى زۆرۈر بولىدۇ. بۇنداق ھەزىپ قىلىنىپ كېتىشىنىڭ زۆرۈر بولۇشى «أَمَّا» نى سۆزلەشتىن مەقسەت ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان ئىسمنىڭ ھۆكمنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن: «أَمّا زيدٌ فَمُنْطلقٌ» . بۇ مىسالنىڭ ئەسلىيسى « مَهْمَا يَكُنْ مِنْ شَيْءٍ فَزَيدٌ مُنطلقٌ » بولۇپ، «أَمَّا» نى سۆزلەشتىن مەقسەت ئۇنىڭدىن كېيىنكى «زيدٌ» دېگەن ئىسمنىڭ «مُنطلقٌ» دېگەن ھۆكمنى بايان قىلىش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن «يَكُنْ» دېگەن پېئىل ۋە «مِنْ شَيْءٍ» دېگەن جار ۋە مەجرۇر ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن ۋە «مَهْمَا» نىڭ ئورنىغا «أَمَّا» تۇرغۇزۇلغان، ئاخىرىدا «أمّا فَزيدٌ مُنْطلقٌ» قالغان. بۇ چاغدا «أمّا» دېگەن شەرت ھەرپىنىڭ «فَ» دېگەن جازا ھەرپىنىڭ ئالدىغا كىرىشى مۇناسىپ بولماي قالغان.

و أمَّا لتفصيل ما ذُكِرَ مجملًا نحو النَّاسُ سَعِيْدٌ و شَقِيٌّ أَمَّا الذينَ سَعِدُوا فَفِي الجنة و أَمَّا الذينَ شَقُوْا فَفِي النَّارِ ، و يجب في جوابها الفاءُ ، و أن يكون الأولُ سببًا للثاني و أن يحذف فعلُها مع أنَّ الشرطَ لا بد له مِن فعلٍ ، و ذالك ليكون تَنْبِيْهًا على أنَّ المقصودَ بها حكمُ الاسمِ الواقعِ بعدَها نحو أمّا زيدٌ فَمُنْطلقٌ ، تقديره مَهْمَا يَكُنْ مِنْ شَيْءٍ فَزَيدٌ مُنطلقٌ فَحُذِفَ الفعلُ و الجارُّ و المجرورُ و أُقِيْمَ أمّا مقامَ مَهْمَا ، حَتّى بَقِى أمّا فَزَيدٌ مُنطلقٌ ، و لَمَّا لمْ يُنَاسِبْ دخولُ حرفِ الشرطِ على فاءِ الجزاءِ نَقَلَ النُحَاةُ الفاءَ إلى الجزءِ الثاني و وَضَعُوْا الجزءَ الأولَ بَيْنَ أمَّا و الفاءِ عوَضًا عَنْ الفعلِ المحذوفِ ثم ذالك الجزءُ الأولُ إنْ كان صَالحًا للابتداءِ فهو مبتدأٌ كما مَرَّ و إلا فَعَامِلُهُ ما يكونُ بعدَ الفاءِ كأمَّا يَوْمَ الجُمُعَةِ فزَيدٌ مُنطلقٌ ، فَمُنطلقٌ عاملٌ في يومِ الجمعةِ على الظَرْفِيَّةِ .

شۇڭا، نەھۋى ئالىملىرى «فَ» نى «مُنْطلقٌ» دېگەن ئىككىنچى جۈزئىنىڭ ئالدىغا يۆتكىگەن ۋە ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن پېئىلدىن ئېۋەز بولۇشى ئۈچۈن ئاۋۋالقى جۈزئى بولغان «زيدٌ» نى «فَ» بىلەن «أمّا» نىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلتۈرگەن .

ئەگەر، ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئاۋۋالقى جۈزئىسى مۇبتەدا بولۇشقا يارىسا يۇقىرىدا ئۆتكىنىدەك مۇبتەدا بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا «فَ» دىن كېيىنكى نەرسە ئۇنىڭ ئامىلى بولىدۇ. مەسىلەن : «أَمَّا يَوْمَ الجُمُعَةِ فَزَيدٌ مُنطلقٌ»، بۇ مىسالدىكى زەرىپ بولغان ھالەتتىكى «يَوْمَ الجُمُعَةِ» نىڭ ئامىلى «مُنطلقٌ» دۇر.

ئون تۆتىنچى پەسىل «حرف الردعِ»( رەت قىلىش قوشۇمچىلىرى) : رەت قىلىش ھەرپى مۇتەكەللىمگە رەددىيە بېرىش ۋە ئۇنى قىلىۋاتقان سۆزىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن «كَلَّا» دۇر. مەسىلەن : ﴿وَأَمَّا إِذَا مَا ابْتَلَاهُ فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُ فَيَقُولُ رَبِّيْ أَهَانَنِ كَلَّا﴾، بۇ جۈملىدىكى «كَلَّا» نىڭ مەنىسى «ئۇنداق دېمىسۇن! ئىش ئۇنداق ئەمەس» دېگەنلىكتۇر .

«كَلَّا» نىڭ رەددىيە ئۈچۈن تەيىنلىنىشى (يۇقىرىقىدەك) خەۋەردىن كېيىن بولسىمۇ گاھىدا بۇيرۇقتىن كېيىنمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن : سىزگە «اضرِبْ زيدًا!» دېيىلگەندە «كَلَّا» دەپ قويغىنىڭىزغا ئوخشاش، بۇنىڭ مەنىسى «مەن زەيدنى قەتئىي ئۇرمايمەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇ گاھىدا «ھەقىقەتەن» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن : ﴿كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُوْنَ﴾. بۇ چاغدا ئۇ «كَلَّا» نى ھەرپ بولغان ھالەتتىكى «كَلَّا» غا ئوخشاپ قالغانلىقتىن، مەبنى قىلىنغان ئىسىم بولىدۇ دېسەك، بەزىلەر جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن كېلىدىغان «إِنَّ» مەنىسىدىكى ھەرپ بولىدۇ دەپ ﴿كَلَّا إِنَّ الْإِنْسَانَ لَيَطْغَى﴾ دېگەن مىسالنى كەلتۈرۈپ، بۇنىڭدىكى «كَلَّا» نى «إِنَّ» مەنىسىدە كەلگەن دېگەن .

فصل حرف الردعِ كَلَّا وُضِعَتْ لِزَجْرِ المتكلمِ و رَدْعِهِ عَمَّا يتكلم به . كقوله تعالي ﴿وَأَمَّا إِذَا مَا ابْتَلَاهُ فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَهَانَنِ كَلَّا﴾الفجر١٦ ، أي لا يتكلم بهذا فانه ليس كذالك. و وَضْعُ كَلَّا لِزَجْرِ بعدَ الخبرِ ، و قد تجئ بعدَ الأمر أيضا كما إذا قِيْلَ لَكَ اضربْ زيدًا ! فقلتَ كَلَّا ، أي لا أَفْعَلُ هذا قط ، و قد تجئ بمعنى حَقًّا كقوله تعالى﴿ كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُوْنَ﴾ التكاثر٣ ، و حينئذٍ تكون اسمًا يُبْنى لكونه مشابهًا لِكَلَّا حرفًا، و قيل تكون حرفا أيضا بمعنى إِنَّ لتحقيقِ الجملةِ نحو ﴿كَلَّا إِنَّ الْإِنْسَانَ لَيَطْغَى﴾العلق٦ ، بِمَعنى إِنَّ.

ئون بەشىنچى پەسىل «تاءُ التّأنيث الساكنةُ»(ئايالّلىق جىنسىي تۇرنىڭ «تْ» سى) : مۇئەننەسنىڭ ساكىنلىق«تْ» سى پېئىل ئىسنات قىلىنغان پائىلنىڭ مۇئەننەس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مازىينىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدۇ . مەسىلەن : «ضربتْ هندٌ».

ئۇنىڭ قېتىلىشى زۆرۈر بولىدىغان ئورۇنلارنى پائىل ھەققىدىكى پەسىلدە ئۆگىنىپ بولدىڭىز. شۇڭا، بۇ يەردە ئۇ ھەققتە توختالمايمىز .

> فصل تاءُ التّأنيث الساكنةُ تُلحق الماضيَ لتدل على تأنيث ما أُسند إليه الفعلُ نحو ضربتْ هندٌ ، و قد عرفتَ مواضعَ وجوبِ إلحاقها ، و إذا لَقِيَهَا ساكنٌ بعدها وَجَبَ تحريكُها بالكسر لأن الساكن إذا حُرِّكَ حُرِّكَ بالكسر نحو قد قَامَتِ الصَّلوةُ ، و حركتُها لا توجب رَدَّ ما حُذفَ لأجْل سكونها فلا يقال رَمَاتِ المرأةُ ، لأن حركتها عارضيةٌ واقعةٌ لرفع إلْتقَاءِ الساكنين فقولهم المرأَتانِ رَمَاْتَا ضَعِيْفٌ ، و أما إلْحَاقُ علامةِ التثنيةِ و جمعِ المذكرِ و جمعِ المؤنث فَضَعِيْفٌ فلا يقال قَاْمَا الزيدانِ ، و قامُوْا الزيدونَ ، و قُمْنَ النساءُ ، و بتقدير الإلحاق لا تكون الضمائرَ لئلا يلزم الإضْمَارُ قبل الذكرِ بَلْ علاماتٍ دالَّةً على أحوال الفاعلِ كتَاءِ التّأنيثِ .

ئەگەر، ئۇنىڭدىن كېيىن ساكىنلىق ھەرپ كېلىپ قېلىپ ئۇنى ھەرىكەتلىك قىلىشقا توغرا كەلسە كەسرەلىك قىلىمىز. مەسىلەن : «قد قَامَتِ الصَّلوةُ» بۇنىڭ ھەرىكىتى ئەسلىدە ساكىنلىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن ھەرپىنى قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. شۇڭا، «رَمَاتِ المرأةُ» دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ساكىنلىق ئىككى ھەرپىنىڭ بىر يەردە ئۇچرىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن كەلگەن ۋاقىتلىق ھەرىكەتتۇر. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن «المرأَتانِ رَمَاْتَا» دېيىش ياخشى ئەمەس.

«قَاْمَا الزيدانِ»؛ «قامُوْا الزيدونَ»؛ «قُمْنَ النساءُ» دېگەنگە ئوخشاش پېئىللارغا تەسنىيەنىڭ، جەمئىي مۇزەككەرنىڭ ۋە جەمئىي مۇئەننەسنىڭ ئالامەتلىرىنى قېتىشقا كەلسەك بۇمۇ ياخشى ئەمەس. يۇقىرىقى مىساللاردىكىدەك قېتىلىپ قالغان چاغدا بىر نەرسىنى زىكرى قىلىشتىن بۇرۇن زىمىر كەلتۈرگەنلىك بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ بەلگىلەر زىمىر ھېسابلانمايدۇ، بەلكى مۇئەننەسنىڭ «تْ» سىگە ئوخشاش پائىلنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەلگە ھېسابلىنىدۇ.

ئون ئالتىنچى پەسىل «التنوينُ»(تەنۋىن) : تەنۋىن دېگىنىمىز، كەلىمىلەرنىڭ ئاخىرىنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ كېلىدىغان ۋە پېئىلنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدىغان ساكىنلىق نۇندىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرلۈك رولى بار:

بىرىنچىسى، ئىسىملارنىڭ مۇتەمەككىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش رولى بار ، بۇنداق تەنۋىن ئۆزى كىرگەن ئىسىمنىڭ ئىسىملىق خۇسۇسىيىتىدە چىڭ تۇرغان ئىسىم ئىكەنلىكىگە، يەنى ئۇنىڭ مۇنسەرىپ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان تەنۋىندۇر. مەسىلەن : «زيدٌ»؛ «رجلٌ». بۇلارنىڭ تەنۋىنلىرى ئىسىمنىڭ تەقەززاسى مۇنسەرىپ بولۇش، پېئىلنىڭ تەقەززاسى مۇنسەرىپ بولماسلىق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مۇنسەرىپ بولۇشتىن ئىبارەت ئىسىملىقنىڭ خۇسۇسىيىتىدە چىڭ تۇرغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەن.

ئىككىنچىسى، ئىسىملارنىڭ نەكىرە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش رولى بار، بۇ خىل تەنۋىن ئۆزى كىرگەن ئىسىمنىڭ نەكىرە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ .مەسىلەن: «صَهٍ». بۇنىڭ مەنىسى «مەلۇم بىر ۋاقىتتا مەلۇم مۇددەت شۈك تۇرغىن!» دېگەنلىك بولىدۇ .ئەمما، ئۇ «صَهْ» دەپ تەنۋىنسىز كەلسە «ھازىر شۈك تۇرغىن» دېگەن مەنىدە كېلىپ مەرىفە بولۇپ قالىدۇ.

بەزىلەر بۇنداق تەنۋىن ئەسۋات بىلەن ئەسمائۇل ئەپئاللارغىلا خاس دەپمۇ قارايدۇ. شۇڭا «زيدٌ و رجلٌ» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملاردىكى تەنۋىن ئۇلارنىڭ مۇنسەرىپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەن ھېسابلىنىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئورنىدا كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەش رولى بار، بۇنداق تەنۋىن مۇزاپۇن ئىلەيھنىڭ ئورنىدا كەلگەن بولىدۇ. مەسىلەن : «حِيْنَئِذٍ»؛ «سَاعَتَئِذٍ»؛ «يَوْمَئِذٍ». بۇلارنىڭ ئەسلىيسى «حِيْنَ إذا كانَ كذا»؛ «سَاعَةَ إذا كانَ كذا»؛ «يَوْمَ إذا كانَ كذا» بولۇپ، بۇنىڭدىكى «يَوْمَ» دېگەن كەلىمە «إذا» نىڭ مۇزاپى ۋە «إذا» بولسا ئۆزىدىن كېيىنكى جۈملىنىڭ مۇزاپى بولۇپ، ئىخچام سۆزلەش ئۈچۈن ئۇ جۈملە ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا تەنۋىن كەلتۈرۈلۈپ «إذا» غا قوشۇلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۈملە «يَوْمَئِذٍ» بولۇپ قالغان .

فصل التنوينُ نونٌ ساكنةٌ تتبعُ حركةَ آخرِ الكلمةِ لا لتأكيد الفعلِ وهى خمسة أقسام .

الأول للتَمَكُّنِ و هو ما يدل على أنَّ الاسم مُتمكنٌ في مقتضى الاسميةِ أي أنه منصرفٌ نحو زيدٌ و رجلٌ.

و الثاني للتَنْكِيْرِ و هو ما يدل على أن الاسمَ نكرةٌ نحو صَهٍ أي أُسْكُتْ سُكُوْتًا ما في وقتٍ مَّا ، و أمَّا صَهْ بالسكون فمعناه أُسْكُتْ السكوتَ الآنَ .

و الثالث للعِوَضِ و هو ما يكون عِوَضًا عن المضاف إليه نحو حِيْنَئِذٍ ، و سَاعَتَئِذٍ ، و يَوْمَئِذٍ أي حِيْنَ إذا كانَ كذا .

تۆتىنچىسى، ئۆزىنىڭ مەلۇم بىرنەرسىنىڭ قارشىسىدا كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەش رولى بار، بۇ جەمئىي مۆئەننەس سالىمدىكى تەنۋىندۇر. مەسىلەن : «مسلماتٍ»، بۇنىڭدىكى «ا» بىلەن « ت» بولسا «مسلمونَ» دىكى«و» نىڭ قارشىسىدا كەلگەن، تەنۋىن بولسا «نَ» نىڭ قارشىسىدا كەلگەن .

تەنۋىننىڭ يۇقىرىقى تۆت خىل رولى پەقەت ئىسىملارغىلا خاس بولسىمۇ، تۆۋەندىكى بەشىنچى خىل رولى ئىسىم ۋە پېئىللارغا ئورتاق بولىدۇ.

بەشىنچىسى، «التَّرَنُّمِ» (سايراش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇ خىل تەنۋىن بېيت ۋە مىسرالارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان تەنۋىندۇر. مەسىلەن : «أَقِلِّي اللَّوْمَ عَاذِلٌ و العِتَابَنْ»؛ «قُولِي إِنْ أَصَبْتُ لَقَدْ أَصَابَنْ» (مالامەتچى ئازراق ئەيىبلەپ ئازراق_كايىغىن، ئەگەر قىلغىنىم توغرا بولسا دەل تاپتىڭ دېگىن!)؛ «يَا أَبَتَا عَلَّكَ أَوْ عَسَاكَنْ».

گاھىدا باشقا بىر ئەلەم ئىسمىغا مۇزاپ بولغان «إِبْنٍ أو إِبْنَةٍ» بىلەن سۈپەتلەنگەن ئەلەم ئىسىملاردىنمۇ تەنۋىن ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن : «جاءني زيدُ بْنُ عَمْرٍو و هندُ ابْنَةُ بكرٍ». بۇ قائىدە پەقەت ئۇ «إِبْنٍ أو إِبْنَةٍ» قاتارلىقلار سۈپەت بولغاندىلا ئىشلەيدۇ. ئەمما، ئۇلارنى ئەتفە بايان ياكى بەدەل دېسەك تەنۋىن ھەزىپ قىلىنمايدۇ. مەسىلەن : «جاءني زيدٌ ابْنُ عَمْرٍو و هندٌ ابْنَةُ بكرٍ».

و الرابع للمُقابَلَةِ و هو التنوينُ الذي في جمع المؤنثِ السالمِ نحو مسلماتٍ ، و هذه الأربعة تختص بالاسم.

و الخامس للتَّرَنُّمِ و هو الذي يلحق آخرَ الأبياتِ و المصاريعِ كقول الشاعر.

شعر: أَقِلِّي اللَّوْمَ عَاذِلُ و العِتَابَنْ ، و قُولِي إِنْ أَصَبْتُ لَقَدْ أَصَابَنْ و كقوله. شعر: يَا أَبَتَا عَلَّكَ أَوْ عَسَاكَنْ

و قد يحذف مِن العَلَمِ إذا كانَ موصوفاً بِإِبْنٍ أو إِبْنَةٍ مضافاً إلى عَلَمٍ آخَرَ نحو جاءني زيدُ بْنُ عَمْرٍو و هندُ ابْنَةُ بكرٍ .

ئون يەتتىنچى پەسىل «نونُ التأكِيد»(تەكىتنىڭ «ن» نى) : تەكىتنىڭ نۇنى مازىينى «قَدْ» بىلەن تەكىتلىگەنگە ئوخشاش، ئۆزىدە تەلەپ مەنىسى بار ئەمرنى ۋە مۇزارىئەنى تەكىتلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئىككى قىسىم بولىدۇ. (بىرىنچىسى) خەفىفە (دائىم ساكىن ئوقۇلىدىغان ) نۇندۇر. مەسىلەن: «إضْرِبَنْ». يەنە بىرى، سەقىلە ( بولۇپ ئۇ ئالدىدا «ا» بولمىسا دائىم فەتھە ئوقۇلىدىغان تەشتىلىك) نۇندۇر.مەسىلەن: «إضْرِبَنَّ». ئەگەر، ئالدىدا «ا» بولۇپ قالسا كەسرەلىك ئوقۇلىدىغان نۇندۇر. مەسىلەن: «إضْرِبَانِّ»؛ «إضْرِبْنَانِّ».

تەكىتنىڭ نۇنلىرى ئەمىر، نەھى، ئىستىفهام، تەمەننى، ۋە ئەرەز لەرنىڭ ئالدىغا دۇرۇس تەرىقىدە كىرىدۇ. چۈنكى، بۇلاردا تەلەپ مەنىسى بار. مەسىلەن : «إضْرِبَنْ»؛ «إضْرِبَنَّ»؛ «لا تَضْرِبَنْ»؛ «لا تَضْرِبَنَّ»؛ «هَلْ تَضْرِبَنْ»؛ «هَلْ تَضْرِبَنَّ»؛ «لَيْتَكَ تَضْرِبَنْ»؛ «لَيْتَكَ تَضْرِبَنَّ»؛ «ألّا تَنْزِلَنْ بِنَا فَتُصِيْبَ خيرًا»؛ «ألّا تَنْزِلَنَّ بِنَا فَتُصِيْبَ خيرًا».

فصل نونُ التأكيدِ و هى وضعتْ لتأكيد الأمرِ و المضارعِ إذا كان فيه طَلَبٌ بإزاءِ قَدْ لتأكيد الماضي . و هى على ضربينِ خَفِيْفَةٌ أي ساكنةٌ أبدا نحو إضرِبَنْ ، و ثَقِيْلَةٌ أي مُشَدَّدَةٌ مفتوحةٌ أبدا إن لم يكن قبلها ألِفٌ نحو إضْرِبَنَّ ، و مكسورةٌ إن كان قبلها ألِفٌ نحو إضْرِبَانِّ ، و إضْرِبْنَانِّ ، و تدخل في الأمر و النهيِ و الاستفهامِ و التمني والعَرَضِ جوازًا لأن في كلٍ منها طلبًا نحو إضْرِبَنْ ، إضْرِبَنَّ ، و لا تَضْرِبَنْ ، لا تَضْرِبَنَّ ، و هَل تَضْرِبَنْ ، هَلْ تَضْرِبَنَّ ، و لَيْتَكَ تَضْرِبَنْ ،لَيْتَكَ تَضْرِبَنَّ ، و ألّا تَنْزِلَنْ بِنَا فَتُصِيْبَ خيرًا ، ألّا تَنْزِلَنَّ بِنا فَتُصِيْبَ خيرًا .

و قد تدخل في القسم وُجُوبًا لوقوعه على ما يكون مطلوبًا للمتكلم غالبًا فأرادُوا أن لا يكون آخِرُ القسمِ خاليًا عن معنى التأكيدِ كما لا يخلو أولُهُ منه نحو وَاللهِ لأَفْعَلَنَّ كذا .

گاھىدا قەسەمگە ۋاجىپ تەرىقىدە كىرىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇ قەسەمنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى كۆپىنچە ھاللاردا مۇتەكەللىمنىڭ ئۈمىدى بولىدىغانلىقتىن ئەرەبلەر قەسەمنىڭ بېشى تەكىتتىن خالىي بولمىغىنىدەك، ئاخىرىنىڭمۇ تەكىتتىن خالىي بولماسلىقىنى ياخشى سانىغانلىقتىندۇر. مەسىلەن : «وَاللهِ لَأَفْعَلَنَّ كذا».

تەنبىھ :جەمئىي مۇزەككەر سالىمدا ئۇ نۇنلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ زەممەلىك بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن: «إضْرِبُنْ»؛ «إضْرِبُنَّ» . بۇنداق بولۇشى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن «و» غا دالالەت قىلىشى ئۈچۈندۇر.

مۇخاتىبە سىيغىسىدا ئۇ نۇنلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ كەسرەلىك بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : «إضْرِبِنْ ، إضْرِبِنَّ» . بۇنداق بولۇشى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن «ي» غا دالالەت قىلىشى ئۈچۈندۇر.

و اعلم أنه يجب ضَمُّ ما قبلها في جمع المذكرِ نحو إضْرِبُنْ ، إضْرِبُنَّ ليدل على الواوِ المحذوفةِ .

و كسرُ ما قبلها في المخاطبة نحو إضْرِبِنْ ، إضْرِبِنَّ ليدل على الياءِ المحذوفةِ و فتحُ ما قبلها في ما عَدَاهُمَا أمَّا في المفرد فلأنه لَوْ ضُمَّ لَٱلْتَبَسَ بجمع المذكرِ و لَوْ كُسِرَ لَٱلْتَبَسَ بالمخاطبةِ و أمَّا في المثنى و جمعِ المؤنث فلأنَّ ما قبلها أَلِفٌ نحو إضْرِبَانِّ و إضْرِبْنَانِّ .

و زِيدَتْ أَلِفٌ قبلَ النونِ في جمع المؤنثِ لكراهةِ إجتماعِ ثلثِ نوناتٍ نونُ الضميرِ و نونَا التأكيدِ .

و نون الخفيفة لا تدخل في التثنية أصلا و لا في جمع المؤنث . لأنه لو حَرَّكْتَ النونَ لم تبق خفيفةً فلم تكن على الأصل و إن أَبْقَيْتَهَا ساكنةً يلزم إلتقاءُ الساكنينِ على غيرِ حَدِّهِ و هو غيرُ حَسَنٍ .

يۇقىرىقى ئىككى خىل ئورۇندىن باشقا ئورۇنلاردا ئۇنى فەتھە ئوقۇش زۆرۈر بولىدۇ . ئەمما، مۇفرەتتە زۆرۈر بولۇشى ئەگەر ئۇ زەممە ئوقۇلسا جەمئىيگە ئارىلىشىپ كېتىدىغانلىقى، كەسرەلىك ئوقۇلسا مۇخاتىبەگە ئارىلىشىپ كېتىدىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. ئەمما، تەسنىدە ۋە جەمئىي مۇئەننەستە فەتھەنىڭ زۆرۈر بولۇشى ئۇنىڭ ئالدىدىكى نەرسىنىڭ «ا» بولغانلىقىدىندۇر . مەسىلەن : «إضْرِبَانِّ»؛ «إضْرِبْنَانِّ» . جەمئىي مۇئەننەستە نۇندىن ئىلگىرى «ا» نىڭ زىيادە قىلىنىشى تەكىتنىڭ ئىككى نۇنى بىلەن زىمىرنىڭ نۇنىدىن ئىبارەت ئۈچ نۇننىڭ بىر يەردە كېلىشى مەكروھ بولغانلىقتىندۇر.

نۇنى تەكىت خەفىيفە جەمئىي مۇئەننەسكە ۋە تەسنىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئەگەر نۇنغا ھەرىكەت بەرسىڭىز ئۇ خەفىيفە بولماي قېلىپ ئەسلىي ھالىتىدە تۇرمىغان بولۇپ قالىدۇ، ئەگەر ساكىنلىق ھالىتىدە قويۇۋەرسىڭىز قائىدىسىز ھالدا ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالىدۇ، بۇنداق بولۇشى ياخشى ئەمەستۇر.

تمت بتوفيق الله تعالى .

الأسماء المؤنثات السماعية

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ١. العَيْنُ | كۆز | ١٩. اليَدَانِ | ئىككى قول | ٣٧. ضَرَبٌ | ئاق ھەسەل |
| ٢. الأُذُنَانِ | ئىككى قۇلاق | ٢٠. الغَوْلُ | ئىزىتقۇ | ٣٨. اليَنْبُوْعُ | بۇلاق |
| ٣. النَّفْسُ | جان، روھ | ٢١ .الفِرْدَوْسُ | جەننەت | ٣٩. دِرْعُ الْحَدِيْدِ | ساۋۇت |
| ٤. الدَّارُ | ھويلا | ٢٢ . الفُلْكُ | كېمە | ٤٠. القَدَمَانِ | ئىككى پۇت |
| ٥. الدَّلْوُ | چېلەك | ٢٣.عَرُوْضُ شِعْرٍ | شېئىر ۋەزنى | ٤١. الكَبِدُ | جىگەر |
| ٦. السِّنُّ | چىش | ٢٤. الذِّرَاعُ | غۇلاچ، بىلەك | ٤٢. الكَرِشُ | ئۈچەي |
| ٧. الكَفَّانِ | ئىككى ئالىقان | ٢٥. ثَعْلَبٌ | تۈلكە | ٤٣. أَفْعى | زەھەرلىك يىلان |
| ٨. جَهَنَّمُ | دوزاخ | ٢٦. الْمِلْحُ | تۇز | ٤٤. الشَّمْسُ | قۇياش |
| ٩. السَّعِيْرُ | دوزاخ | ٢٧. الفَأْسُ | پالتا | ٤٥. العَقِبَانِ | ئىككى تاپان |
| ١٠. عَقْرَبُ | چايان | ٢٨. الوَرِكَانِ | ئىككى ساغرا | ٤٦. الفَرَسُ | ئات |
| ١١. الأَرْضُ | زېمىن | ٢٩ . القَوْسُ | پاچاق | ٤٧. الكَأْسُ | جام، قاچا، پىيالە |
| ١٢. الإِسْتُ | مەقئەت | ٣٠.الْمَنْجَنِيْقُ | مەنچاناق | ٤٨. السَّقَرُ | دوزاخ |
| ١٣. العَضُدَانِ | يۇقىرىقى ئىككى بىلەك | ٣١. أَرْنَبٌ | توشقان | ٤٩. الْحَرْبُ | جەڭ |
| ١٤. الْجَحِيْمُ | دوزاخ | ٣٢. الْخَمْرُ | ھاراق | ٥٠. الثَّدِيَانِ | ئىككى ئەمچەك |
| ١٥. النَّارُ | ئوت | ٣٣. البِئْرُ | قۇدۇق | ٥١. العَنْكَبُوْتُ | ئۆمۈچۈك |
| ١٦. العَصى | ھاسا | ٣٤. الْخَدَّانِ | ئىككى مەڭىز | ٥٢. الْمُوْسى | ئۇستىرا |
| ١٧. الرِّيْحُ | شامال | ٣٥. ذَهَبٌ | ئالتۇن | ٥٣. اليَمِيْنُ | ئوڭ قول |
| ١٨. اللَّظَى | ئوت ئۇچقىنى | ٣٦. التِّبْرُ | ئالتۇن رۇدىسى | ٥٤. الإِصْبَعُ | بارماق |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ٥٥ . الرِّجْلُ | پۇت | ٦١. الفَخِذُ | يوتا | ٦٧. الكُرَاعُ | ھايۋانلارنىڭ پاچىقى |
| ٥٦. السَّرَاوِيْلُ | ئىشتان | ٦٢. البَغْلُ | خېچىر | ٦٨. القَدُوْمُ | كەكە |
| ٥٧. الشِّمَالُ | سول قول | ٦٣. الإِبِلُ | تۆگە | ٦٩. العُقَابُ | تاز قارا (قۇش) |
| ٥٨. الضَّبُعُ | يوغان قورساق بۆرە | ٦٤. الغَنَمُ | قوي | ٧٠. الْجَزُوْرُ | سېمىز تۆگە |
| ٥٩. الكَتِفُ | مۇرە، تاغاق | ٦٥. الْخَيْلُ | ئاتلار توپى، يىلقا | ٧١. النَّعْلاَنِ | بىر جۈپ ئاياغ |
| ٦٠. السَّاقَانِ | ئىككى پاچاق | ٦٦. البَعِيْرُ | ئەركەك تۆگە | | |

الأسماءُ التي يجوز تأنيثُهُ و تذكيرُهُ

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ١. السُّلَّمُ | شوتا | ١٠. السَّمَاءُ | ئاسمان | ١٩. أَمْتِيْنُ | قاتتىق زېمىن |
| ٢. القِدْرُ | قازان | ١١. السَبِيْلُ | يول | ٢٠. السُّوْقُ | بازار |
| ٣. الْمِسْكُ | ئىپار | ١٢. الضُّحَى | چاشكا ۋاقتى | ٢١. السُّلْطَانُ | پادىشاھ |
| ٤. الْحَالُ | ھالەت | ١٣. الصَّلَاحُ | ياخشىلىنىش | ٢٢. الصِّرَاطُ | تۈز يول |
| ٥. البَيْتُ | ئۆي | ١٤. القَفَا | گەدەن | ٢٣. السِّلَاحُ | قورال |
| ٦. الطَرِيْقُ | يول | ١٥. رَحْمٌ | بالياتقۇ | ٢٤. الْمَنُوْنُ | مىننەت |
| ٧. الثَّرى | نەم توپا | ١٦. السِّكِّيْنُ | پىچاق | ٢٥. الطَاغُوْتُ | شەيتان |
| ٨. العُنُقُ | گەدەن | ١٧. السَرَطَانُ | قىسقۇچ پاقا | ٢٦. القَوْمُ | كىشىلەر توپى |
| ٩. اللِّسَانُ | تىل | ١٨. الْهُدى | توغرا يول | ٢٧. الذَّنُوْبُ | قۇيرۇق |

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

قَالَ اللَّه تَعَالَى ﴿ إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ ﴾ .

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

قَالَ اللَّه تَعَالَى ﴿ إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ ﴾ .

قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ « إِنَّ الْعُلَمَاءَ وَرَثَةُ الْأَنْبِيَاءِ إِنَّ الْأَنْبِيَاءَ لَمْ يُوَرِّثُوا دِينَارًا وَلَا دِرْهَمًا إِنَّمَا وَرَّثُوا الْعِلْمَ فَمَنْ أَخَذَ بِهِ أَخَذَ بِحَظٍّ وَافِرٍ » وَرَوَاهُ مسلم .

الحمدلله الذي قصرتْ عبارةُ البلغاءِ عن الإحاطة بمعاني آياتِهِ ، وعجزتْ أَلسُنُ الفُصَحَاءِ عن بيانِ بدائعِ مَصنوعاتِهِ . والصلاةُ والسلامُ على مَن ملكَ طرفي البلاغة إطنابًا وإيجازًا . وعلى آله وأصحابه الفاتحينَ بهديهم إلى الحقيقة مجازا .

قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ « إِنَّ الْعُلَمَاءَ وَرَثَةُ الْأَنْبِيَاءِ إِنَّ الْأَنْبِيَاءَ لَمْ يُوَرِّثُوا دِينَارًا وَلَا دِرْهَمًا إِنَّمَا وَرَّثُوا الْعِلْمَ فَمَنْ أَخَذَ بِهِ أَخَذَ بِحَظٍّ وَافِرٍ » وَرَوَاهُ مسلم .

الحمد لله الذي رفع العلماء العارفين درجات و شرفهم بفهم كلامه المعجزات و الصلاة والسلام على رسوله الذي جاء بالخيرات و على آله و أصحابه المخيرات .

بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار، بالاغەت ئالىملىرىنىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرى، ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئېلىشتىن قىسقا كەلگەن ۋە پاساھەت ئالىملىرىنىڭ تىللىرى، ئۇنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن نەرسىلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى بايان قىلىشقا ئاجىز كەلگەن بۈيۈك «اللّٰه» غا بولسۇن ! شۇنداقلا دۇرۇت ۋە سالاملار، بالاغەتنىڭ ئىيجاز ۋە ئىتناپتىن ئىبارەت ئىككى تەرىپىگە ئىگە بولغان زاتقا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا ۋە ھەقىقەتكە بولغان ھىدايىتى ئارقىلىق ماجازنى ئاچقان ساھابىلىرىغا بولسۇن !

## كىرىش سۆز

سەرپ ئىلمى سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى نەزەرىيۋى بىلىملەر(نى تەتقىق قىلىش) ئۈچۈن، نەھۋى ئىلمى بولسا ئاشۇ سۆزلەردىن بىرىكتۈرۈلگەنلىرىنىڭ ئىئرابى ھەققىدىكى نەزەرىيۋى بىلىملەر (نى تەتقىق قىلىش) ئۈچۈن تەيىنلىنىۋىدى، بالاغەت ئىلمى مۇشۇ بىرىكمىنىڭ ( ھالنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقى، بايان قىلىنىشىنىڭ ئوبرازلىق بولغان ـ بولمىغانلىقى ۋە تىلىنىڭ گۈزەل بولغان ـ بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت) ئەھۋالى ھەققىدىكى نەزەرىيۋى بىلىملەر (نى تەتقىق قىلىش) ئۈچۈن تەيىنلەندى .

بالاغەت ئىلمى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ پەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

بىرىنچىسى ئۇ ئارقىلىق، مەقسەت قىلىنغان مەنىنى ئىپادىلەشتە خاتا كېتىشتىن ساقلىنىلىدىغان ئىلىم بولۇپ، بۇ «علم المعانى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئىلىم، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنىڭ ھالنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبىكتى قىلىدۇ.

ئىككىنچىسى ئۇ ئارقىلىق، جۈملىنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىنى رۇشەن ئىپادىلىمەيدىغان «التعقيد المعنوي» (مەنىۋى چىگىشلىك) بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىلىدىغان ئىلىم بولۇپ، بۇ «علم البيان» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئىلىم، مەقسەتنى ئوخشاش بولمىغان يوللار ئارقىلىق تىخىمۇ ئوبرازلىق بايان قىلىشنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبىكتى قىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى ئۇ ئارقىلىق، جۈملىنى گۈزەللەشتۈرۈشنىڭ يوللىرى تونۇلىدىغان ئىلىم بولۇپ، بۇ «علم البديع» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئىلىم، جۈملىنى گۈزەللەشتۈرۈش يوللىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبىكتى قىلىدۇ.

كۆپۈنچە كىشىلەر يۇقارقى ئۈچ پەننى ئومۇملاشتۇرۇپ «علم البيان» دەپ ئاتايدۇ.

### تمهيد

لَمَّا وُضِعَ « علمُ الصرف » للنظرِ في أبنيةِ الألفاظ ، و وُضِعَ « علمُ النحو » للنظرِ في إعرابِ مَا تركَّبَ منها ، وُضِعَ « عَلم البلاغة » للنظرِ في أمرِ هذا التَّركِيب ، وَ هو ثلاثةُ علومٍ :

الأول مَا يحترز بهِ عن الخطأ في تأديةِ المعني المراد، أيْ الذي يُريده المتكلمُ لإيصاله إلى ذهن السامع ، ويُسمى « علم المعاَني » .

الثاني ما يحترز به عنِ التعقيد المعنوي ، أي عن أن يكون الكلامُ غيرَ واضحِ الدلالة على المعنى المُراد ، ويسمى « علم البيان » .

الثالث ما يعرف به وجوهُ تحسينَ الكلام ، ويسمى « علم البديع » .

وكَثِيرٌ من الناس يسمى الجميعَ « عَلم البيان » .

والكلامُ باعتباره المعاني والبيان يقال إنه « فَصِيْحٌ » من حَيْثُ اللفظ ، لأنَّ النظرَ في الفصاحة إلى مجرد اللفظ دون المعاني ، و « بَلِيْغٌ » من حَيْثُ اللفظ و المعني جميعا ، لأنَّ البلاغَةَ يُنْظَرُ فيها إلى الجانبين، و أما باعتبار البدِيع فلا يقال إنه فصيحٌ ولا بليغٌ ، لأن البديعَ أمرٌ خارجِيٌّ يراد به تحسينُ الكلام لاغيرُ .

إذا تقرر ذلك وَجَبَ على طالب البلاغة أن يعرفَ قبلَ الشروعِ فيها معني الفصاحةِ والبلاغةِ ، لأنهما محْوَرُها وإليهما مَرجعُ أَبْحاثِها .

جۈملە «المعاني» ۋە «البيان» ئېتىبارى بىلەن لەبزىگە قارىتا «فَصِيْحٌ» دېيىلىدۇ، چۈنكى پاساھەتتە پەقەت لەبزىلا نەزەردە تۇتىلىدۇ، لەبزى ۋە مەنىگە قارىتا «بَلِيْغٌ» دېيىلىدۇ، چۈنكى بالاغەتتە لەبزى ۋە مەنىدىن ئىبارەت ھەر ئىككىلىسى نەزەردە تۇتىلىدۇ ، ۋە «البديع» ئېتىبارى بىلەن «فَصِيْحٌ» مۇ ۋە «بَلِيْغٌ» مۇ دېيىلمەيدۇ. چۈنكى «البديعَ» لىك ماھىيەتتىن تاشقىرى ئىش بولۇپ ئۇ ئارقىلىق پەقەت جۈملىنى گۈزەللەشتۈرۈشلا ئىرادە قىلىنىدۇ.

ئىش مۇشۇنداق بولىدىكەن بالاغەت ئىلمىنى ئۆگەنمەكچى بولغان كىشىگە بۇ ئىلمىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى پاساھەت ۋە بالاغەتنىڭ مەنىسىنى بىلىشى زۆرۈر بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككىسى بالاغەت ئىلمىنىڭ نىشانى ۋە تەتقىقات ئوبىكتىدۇر.

مۇقەددىمە

بالاغەت ۋە پاساھەتنىڭ تەرىپى ھەققىدە

پاساھەت

پاساھەتنىڭ لۇغەت مەنىسى ئاشكارا بولۇش ۋە بايان قىلىش دېگەنلىك بولۇپ بالاغەت ئالىملىرىنىڭ ئىستىلاسىدا( ئاتالغۇسىدا )، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئارىسىدا ئىشلىتىلىپ ئادەتلىنىلگەن، چۈشۈنۈشلۈك، مەنىسى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاسان بولغان سۆزلەردىن ئىبارەتتۇر.

پاساھەت كەلىمە، جۈملە ۋە مۇتەكەللىم قاتارلىقلار ئۈچۈن سۈپەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : « كَلِمَةٌ فَصِيْحَةٌ »،« كَلامٌ فَصِيْحٌ » ۋە « متكلمٌ فَصِيْحٌ » دېگەنلەرگە ئوخشاش . شۇڭا كەلىمىگە قارىتا پاساھەتلىك كەلىمە ئېكەن دېيىش، جۈملىگە قارىتا پاساھەتلىك جۈملىكەن دېيىش ۋە مۇتەكەللىمگە قارىتا پاساھەتلىك مۇتەكەللىم ئېكەن دېيىش مۇمكىن بولىدۇ.

مقدمة

في معرفة الفصاحة والبلاغة

الفصاحة

الفصاحةُ في اللغة : الظهورُ والبيانُ ، و في الاصطلاح : عبارةٌ عن الألفاظ السهلة البينة الظاهرة في معناها المتبادرة إلى الفهم المأنُوسَة الاستعمَال بين الكُتّابَ والشعراءَ .

وهي تقع وَصْفًا للكلمَة والكلامَ والمتكلمِ .

فصاحة الكلمة :

ففصاحةُ الكَلِمَة : خُلُوصُها مِن تَنَافُرِ الحُرُوْفِ ومخالفةِ القِيَاسِ والغرابة .

فالتنافرُ : وَصْفٌ في الكلمة يُوجبُ ثقلَها على اللسان وعَسْرَ النطق بها نحوِ : الفَدَوْكَسُ للموضع الأَسَدِ، والمُسْتَشْزَرُ بمعني المُرْتفعِ للشَّعْرِ المَفْتُولِ .

ومخالفةُ القياس : كونُ الكلمة غيرَ جارية على القانون الصرفيّ كجمع بُوْق على بُوْقات ، إذ القياسُ في جَمْعه للقِلّة أبواقٌ . ومثل الأَجْلَل في قوله : الحمد لله العَليّ الأَجْلَل ، فإنّ القِيَاسَ الأَجَلّ بالإدغام .

والغرابةُ : كونُ الكلمة غيرَ ظاهرة المعنى ولا مألوفة الاستعمالِ عندَ العرب الفصحاء نحو : تكأكأَ بمعنى اجْتَمَعَ .

كەلىمىنىڭ پاساھەتلىك بولۇشى:

كەلىمىنىڭ پاساھەتلىك بولۇشى دېگىنىمىز، كەلىمىنىڭ ( مەنىسىنى ئېنىقلاش قىيىن بولىدىغان دەرىجىدىكى ) كەم ئۇچرايدىغان كەلىمە بولۇپ قېلىش، قائىدىگە ئۇيغۇن بولماي قېلىش ۋە ھەرپلىرىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى قىيىن بولۇپ قېلىش قاتارلىق كەمچىلىكلەردىن خالىي بولۇشىدۇر.

« فالتنافرُ » دېگىنىمىز، كەلىمىدىكى سۈپەت بولۇپ ئۇ، شۇ كەلىمىنىڭ تىلغا ئېغىر ۋە تەلەپپۇز قىلىنىشىنىڭ قىيىن بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: « الأسدِ » دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدىغان ئورۇندا، تەلەپپۇز قىلىنىشى قىيىن بولغان « الفَدَوْكَسُ »( يولۋاس ) دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنگە ۋە يۇقىرىغا پۈرلىتىپ قالغان چاچنى ئىپادىلەش ئۈچۈن « المُسْتَشْزَرُ » دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنگە ئوخشاش.

« مخالفة القياس » دېگىنىمىز، كەلىمىنىڭ « بُوْق » نىڭ ( قائىدىگە خىلاپ ھالدا ) « بُوْقَات » غا جەمئىلەنگىنىگە ئوخشاش سەرپ قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولماي قېلىشىدۇر. چۈنكى « بُوْق » نىڭ جەمئى قىللەت (نى ئىپادىلەش) ئۈچۈن جەمئىلىنىشىدىكى قائىدە « أبوَاقٌ » غا جەمئىلىنىشتۇر. يەنە بىر مىسال شائىرنىڭ « الحمد لله العَليّ الأَجْلَل » دېگەن مىسرادىكى « الأَجْلَل » دېگەن سۆزى بولۇپ بۇمۇ قائىدە بويىنچە ئىككى « ل » ئىدغام قىلىنىش ئارقىلىق « الأَجَلّ » بولۇشى كېرەك ئىدى.

« والغرابةُ » دېگىنىمىز، كەلىمىنىڭ مەنىسىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى بىلەن بىرگە، پاساھەتلىك ئەرەبلەرنىڭ ھوزورىدا ئىشلىتىلىشى ئومۇملاشمىغان بولۇشىدۇر. مەسىلەن : « تَكَأْكَأَ »، بۇ « اِجْتَمَعَ » مەنىسىدىدۇر.

جۈملىنىڭ پاساھەتلىك بولىشى :

جۈملىنىڭ پاساھەتلىك بولىشى دىگىنىمىز، جۈملىنىڭ، كەلىمىلىرى پاساھەتلىك تۇرۇغلۇق، جۈغلانغاندا تەلەپپۇز قىلىنىشى قىيىن، بىرىكتۇرىلىشى ئاجىز ۋە چىگىش بولۇپ قىلىش قاتارلىق كەمچىللىكلەردىن خالى بولۇشىدۇر.

«التنافرُ» دىگىنىمىز، بىر يەرگە جۈغلاشقان چاغدىكى كەلىمىلەرگە قارتىلغان سۈپەت بولۇپ، بۇ سۈپەت جۈملىنىڭ بارلىق كەلىمىلىرى (ئايرىم تۇرغاندا) پاساھەتلىك بولسىمۇ (بىر يەرگە جۈغلاشقاندىن كىيىن) كەلىمىلەرنىڭ تىلغا ئېغىر بولۇپ قىلىشىنى ۋە راۋان سۆزلەشنىڭ قىيىن بولۇپ قىلىشىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ. كەلىمىلەردىكى تەناپۇرنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى ھەرىپلىرىنىڭ (مەخرەجلىرى) يىقىن بولغان كەلىمىلەرنىڭ ئارقىمۇ ـ ئارقا كىلىشى ياكى بىر كەلىمىنىڭ تەكرارلىنىشىدۇر.

فصاحةُ الكلامِ :

وفصاحة الكلام : خُلُوْصُهُ مِن تَنَافُرِ الكلماتِ مُجْتَمِعَةً ، ومن ضَعْفِ التَّأْلِيْفِ ، ومن التَّعْقِيْدِ مَعَ فَصَاحَةِ كلماته .

فالتنافرُ : وَصْفٌ يَعرض للكلمات مجتمعةً يوجب ثِقْلَها على اللسانِ وصعوبةَ أدائها ، وإن كان كلٌّ منها فصيحةً . ومَنْشَأُهُ تَجَاوُرُ كلماتٍ مُتقاربةِ الحروفِ ، أو تكريرُ كلمةٍ واحدةٍ . نحو وليس قُرْبَ قَبْرِ حَرْبٍ قَبْرٌ . و نحو كَرِيْمٌ مَتى أَمْدَحْهُ أَمْدَحْهُ وَالْوَرَى مَعِي وَإِذَا لُمْتُهُ لُمْتُهُ وَحْدِي .

وضَعْفُ التأليفِ : كونُ الكلمةِ غيرَ جارٍ على القانونِ النحوي المشهورِ كالإضمارِ قبلَ الذكرِ لَفْظًا و رُتْبَةً و حُكْمًا نحو ضَرَبَ غلامُهُ زيدًا .

مەسىلەن: «وليس قُرْبَ قَبْرِ حَرْبٍ قَبْرٌ» (ھەربىنىڭ قەبرىسىنىڭ يىقىن ئەتراپىدا قەبرە يوق). «كَرِيْمٌ مَتى أَمْدَحْهُ أَمْدَحْهُ وَالْوَرَى مَعِي وَإِذَا لُمْتُهُ لُمْتُهُ وَحْدِي» (ئۇ شۇنداق سېخىيكى مەن ئۇنى ماختىسام، خەلقىمۇ بىلەن بىرگە ماختايدۇ، تىللىسام ئۆزۈملا تىللاپ قالىمەن).

بىرىنچى مىسالدا «قُرْبَ قَبْرِ حَرْبٍ قَبْرٌ» قاتارلىق كەلىمىلەرنىڭ ھەرىپلىرىنىڭ مەخرەجلىرى يىقىن بولۇش بىلەن بىرگە بۇ كەلىمىلەر ئارقىمۇ ـ ئارقا كەلگەنلىكتىن ئۇلارنى تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولۇپ قالغان .

ئىككىنچى مىسالدا «أَمْدَحْهُ» دىگەن كەلىمە تەكرار كەلگەنلىكتىن ئۇلارنى تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولۇپ قالغان.

«ضَعْفُ التأليف» دىگىنىمىز، كەلىمىلەرنىڭ (جۈملە تەركىۋىگە كىرىشىنىڭ)، مەشھۇر نەھۋى قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولماي قىلىشىدۇر. خۇددى قايتىدىغان ئورنىنى لەبزەنمۇ، مەرتىبەتەنمۇ ۋە ھۆكمەنمۇ زىكىر قىلماي تۇرۇپ، زىمىر كەلتۇرگەنگە ئوخشاش. مەسىلەن : «ضَرَبَ غلامُهُ زيدًا». بۇ مىسالدىكى «غلامُهُ» دىكى «هُ» دىگەن زىمىر لەبزەنمۇ، مەرتىبەتەنمۇ ۋە ھۆكمەنمۇ ئۆزىدىن كىيىنكى ھىساپلىنىدىغان «زيدًا» كە يېنىپ قالغانلىقتىن بۇ كەلىمىلەرنىڭ جۈملە تەركىۋىگە كىرىشى مەشھۇر نەھۋى قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولماي قالغان ھىساپلىنىدۇ.

تەنبىھ : زىمىرنىڭ قايتىدىغان ئورنىنىڭ لەبزەن ياكى مەرتىبەتەن ۋە ياكى ھۆكمەن ئىلگىرى زىكىر قىلىنىدىغانلىق ئەھۋالىغا قىزىقسىڭىز «هداية النحو» نىڭ 186 ـ بىتىدىكى تەپسىلاتلارغا قاراڭ .

«التعقيدُ» دىگىنىمىز، جۈملىنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىگە دالالەت قىلىشىنىڭ تۇتۇق بولۇپ قېلىشىدۇر.

والتعقيدُ : أن يكونَ الكلامُ خَفي الدلالةِ على المعني المرادِ . والخفاءُ إمّا مِن جهةِ اللفظِ ، وهو أن يختلَّ نظمُ الكلامِ بسببِ تقديمِ الكلماتِ أو تأخيرِها عن مَوَاطِنِها الْأَصْلِيَّة ، أو بالفصلِ بيِن الكلماتِ التي يجب أنْ تتجاورَ ويتصلَ بعضُها ببعضٍ ، أو بالحذفِ أو غيرِ ذلك مما يُوجب صَعُوبَةَ فَهْمِ الْمُرَادِ ، ويسمى تعقيدًا لَفْظِيًّا . فإذا قلتَ : « ما قَرَأَ إلّا وَاحِدًا محمدٌ مَعَ كِتَابًا أخِيهِ » كان هذا الكلامُ غيرَ فَصِيْحٍ لِضَعْفِ تأليفِهِ ، إذْ أصْلُهُ : « ما قَرَأَ محمدٌ مَعَ أخِيهِ إلّا كِتَابًا وَاحِدًا» ، فَقُدِّمَتْ الصفةُ على الْمَوْصُوفِ ، وفُصِّلَ بين المتلازمَيْنِ وهما أداةُ الاستثناءِ والمستثني ، والمضافُ والمضافُ إليه .

بۇنداق تۇتۇقلۇق ياكى لەبزى جەھەتتىن ھاسىل بولىدۇ (ۋە ياكى مەنى جەھەتتىن بولىدۇ). ۋە ئۇنىڭ لەبزى جەھەتتىن بولغىنى، كەلىمىلەرنىڭ ئەسلى ئورۇنلىرىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن قىلىنىشى سەۋەبىدىن ياكى بەزىسى بەزىسىگە ئۇلۇشۇپ بىر يەردە كېلىشى زۆرۈر بولغان كەلىمىلەرنىڭ ئوتتىرىسىنىڭ ئايرىۋېتىلىشى سەۋەبىدىن ياكى جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكىنىڭ ھەزىپ قىلىنىپ كېتىشى سەۋەبىدىن ۋە ياكى مەقسەتنى چۈشىنىشكە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىغان يۇقارقىلاردىن باشقا نەرسىلەر سەۋەبىدىن جۈملىنىڭ تۈزىلىشىگە دەخلە يېتىشىدۇر. مانا بۇ «تعقيد لَفْظِيّ» دېيىلىدۇ.

مەسىلەن«ما قَرَأَ إلّا وَاحِدًا محمدٌ مَعَ كِتَابًا أخِيهِ» دېسىڭىز، بۇ جۈملىنىڭ قۇراشتۇرۇلىشى مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن پاساھەتلىك ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلىسى «ما قَرَأَ محمدٌ مَعَ أخِيهِ إلّا كِتَابًا وَاحِدًا» بولۇپ، ئۇ جۈملىدە «وَاحِدًا» دىگەن سۈپەت «كِتَابًا» دىگەن مەۋسۇپتىن ئىلگىرى قىلىنىدى ۋە ئۆز ئارا ئايرىلمايدىغان ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتىرىسى ئايرىۋېتىلدى. ئۇ ئىككى نەرسە «إلّا» دىگەن ئىستىسنا ھەرپى بىلەن «كِتابًا» دىگەن مۇستەسنا ئىدى، ۋە يەنە «مَعَ» دىگەن «مضافُ» بىلەن «أخِي» دىگەن «مضافُ إليه» ئىدى .

ۋە ياكى ئۇنى سۆزلەشتىكى مەقسەتنى چۈشىنىش قىيىن بولغان كىنايە ۋە ماجازلارنى ئىشلىتىش سەۋەبىدىن مەنى جەھەتتىن تۇتۇقلۇق ھاسىل بولىدۇ . چىگىشلىكنىڭ مەنى جەھەتتىن بولىشى دىگىنىمىز، مۇتەكەللىمنىڭ مەلۇم مەننى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىپ، كەلىمىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىلىرىدىن باشقا مەندە ئىشلىتىشى ۋە ئۆزى مەقسەت قىلغان مەننى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن كەلىمىلەرنى تاللىشىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىپادىلىشىنىڭ قالايمىقانلىشىشى ۋە ئاڭلىغۇچىغا نىسبەتەن مەقسەتنىڭ ئوچۇق بولماي قىلىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

وإمَّا مِن جهةِ المعنى بِسببِ استعمالِ مَجَازَاتٍ وكِنَايَاتٍ لا يُفهَمُ المرادُ بِها ، وهو أن يَعْمِدَ المتكلمُ إلى التعبيرِ عن معنى فَيَسْتَعملُ فيه كلماتٍ في غيرِ معانيها الحقيقيةِ فَيُسِيءُ اختيارُ الكلماتِ للمعنى الذي يُريدهُ ، فَيَضْطَرِبُ التَعبيرُ و يَلتبسُ الأمرُ على السامعِ ، ويسمى تعقيدًا معنويًّا .

مثال ذلك أنَّ كلمةَ « اللِسَانِ » تُطلق أحْيانًا و يُرادُ بها اللُغَةُ ، فإذا استعملَ إنسانٌ هذه الكلمةَ في الجاسُوْسِ و قال : « بَثَّ الحاكِمُ أَلْسِنَتَهُ في الْمَدِيْنَةِ » كان مُخْطِئًا ، وكان في كلامِه تعقيدٌ معنويٌّ ، و الصوابُ : بثَّ عُيُونَهُ .

فصاحةُ المتكلمِ :

وفصاحة المتكلم : ملكةٌ يقتدرُ بها على التعبيرِ عن المقصودِ بكلامٍ فَصِيْحٍ في أيِّ غَرَضٍ كانَ .

مەسىلەن : « اللِّسَانِ » دىگەن سۆز گاھىدا سۆزلىنىپ، بۇ ئارقىلىق « سۆز » ئىرادە قىلىنىپ قالىدۇ، شۇڭا بىرەر كىشى بۇ سۆزنى جاسۇسنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىپ « بَثَّ الحَاكِمُ أَلْسِنَتَهُ فِى الْمَدِيْنَةِ » دىسە ئۇ كىشى خاتالاشقان ۋە ئۇنىڭ جۈملىسى « تعقيدٌ معنويٌّ » بولغان بولىدۇ . توغرىسى « بَثَّ الحَاكِمُ عُيُونَهُ فِى الْمَدِيْنَةِ » دىيىشتۇر. چۈنكى « عُيُونَ » دىگەن سۆز گاھىدا جاسۇسنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىسمۇ « أَلْسِنَة » دىگەن سۆز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ « أَلْسِنَة »دىگەن سۆزدىن كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىنىڭ جاسۇس ئىكەنلىكىنى بىلىش قىيىن بولۇپ قالىدۇ .

مۇتەكەللىمدىكى پاساھەت (مۇتەكەللىمنىڭ پاساھەت جەھەتتىكى ئىقتىدارى)

مۇتەكەللىمدىكى پاساھەت دىگىنىمىز، قانداق غەرەزدە بولىشىدىن قەتئى نەزەر، مۇتەكەللىم ئۇ ئارقىلىق مەقسەتنى پاساھەتلىك جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە قادىر بولىدىغان ئىقتىداردىن ئىبارەتتۇر. يەنى ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەننى پاساھەتلىك جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەشتىكى ئىقتىدارنى كۆرسىتىدۇ.

بالاغەتنىڭ لۇغەت مەنىسى يېتىش، ئاخىرلىشىش بولۇپ، ئۇ ئىستىلادا پەقەت جۈملە ۋە مۇتەكەللىم ئۈچۈنلا سۈپەت بولۇپ كېلىدۇ.

جۈملىنىڭ بالاغەتلىك بولىشى :

جۈملىنىڭ بالاغەتلىك بولىشى دىگىنىمىز، ئۇ جۈملىنىڭ سۆزلىرىنىڭ پاساھەتلىك بولىشى بىلەن بىرگە، ھالنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن بولىشىدۇر. يەنى ھەرقانداق جۈملىنىڭ سۆزلەنگەن ئورۇنغا ۋە سۆز قىلىنغان كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىشىدۇر.

البلاغة

البلاغةُ في اللغة : الوصولُ والانتهاءُ ، وتقعُ في الاصلاحِ وَصْفًا للكلامِ و المتكلمِ فقط .

<u>بلاغة الكلام :</u>

فبلاغةُ الكلامِ مُطابقتُهُ لمُقتضى الحال مَعَ فصاحة أَلْفاظه ، أيْ مُلائمةُ كلِّ كلامٍ للموطنِ الذي يُقال فيه و الأشخاص الذينَ يُخاطبونَ .

والحالُ (و يُسمى بالمقام ) هو الأمرُ الحاملُ للمتكلم على أنْ يردَ عبارتَهُ على صورة مخصوصة.

والمقتضى ( ويسمى بالاعتبارِ المُناسبِ ) هو الصورةُ المخصوصةُ التي تُوردُ عليها العبارةُ .

ومقتضى الحال مُختلفٌ فإنَّ مقامات الكلام مُتفاوتةٌ ، مثلًا كونُ المخاطب مُنْكرًا للحكم حالٌ تقتضي تأكيدَ الحكمِ ، والتأكيدُ هو مقتضى الحالِ . والمدحُ حالٌ يَدْعُوْ لإيراد العبارة على صورة الإطناب ، والإطنابُ هو مقتضى الحالِ . وذكاءُ المخاطب حالٌ يَدْعُوْ لإيرادها على صورةِ الإيجاز، و الإيجازُ هو مقتضى الحال . فإيرادُ الكلامِ مؤكدًا أو على صورةِ الإطنابِ أو الإيجازِ مطابقة للمقتضى .

ھال دىگىنىمىز، مۇتەكەللىمنى ئۆزىنىڭ سۆزىنى مەخسۇس شەكىلدە سۆزلەشكە مەجبۇرلىغۇچى ئىشتۇر. ئۇ گاھىدا «المقام» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مۇقتەزا دىگىنىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىبارەت سۈرۈلىدىغان مەخسۇس شەكىلدۇر . بۇ گاھىدا «الاعتبار المُناسب» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ھالنىڭ تەقەززاسى ھەر خىل بولىدۇ، شۇڭا جۈملىلەرنىڭ ئورنىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن : مۇخاتەپنىڭ ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىدىغان كىشى بولىشى، شۇ ھۆكۈمنى تەكىتلەشنى تەقەززا قىلىدىغان ھالدۇر. ۋە تەكىتلەشنىڭ ئۆزى ھالنىڭ تەقەززاسىدۇر. ۋە ماختاشمۇ سۆزلەرنى تەپسىلى شەكىلدە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ھالدۇر. تەپسىلى شەكىلدە كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزى ھالنىڭ تەقەززاسىدۇر. ۋە يەنە مۇخاتەپنىڭ زىرەك بولىشى سۆزلەرنى ئىخچام شەكىلدە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ھالدۇر. ئىخچام كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزى ھالنىڭ تەقەززاسىدۇر. دىمەك جۈملىنى تەكىتلەنگەن ھالدا كەلتۈرۈش ياكى تەپسىلى شەكىلدە كەلتۈرۈش ۋە ياكى ئىخچام شەكىلدە كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، ھالنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈندۇر.

شۇنىڭدەك نەكىرە كەلتۈرۈش، مۇتلەق كەلتۈرۈش، ئىلگىرى قىلىش، زىكىر قىلىش، پەسلى(ئەتىپسىز) كەلتۈرۈش، ۋە ئىخچام كەلتۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ھەر بىرىنىڭ ئورنى، ئۆزىنىڭ قارشىسى بولغان (مەرىپە كەلتۈرۈش، قەيىت قىلىپ كەلتۈرۈش، كېيىن كەلتۈرۈش، ھەزىپ قىلىش، ۋەسلى (ئەتىپە) قىلىپ كەلتۈرۈش ۋە تەپسىلى كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ) ئورنى بىلەن ئالاھىدە پەرىقلىنىدۇ. ۋە يەنە شۇنىڭدەك مازى بىلەن كەلگەن شەرت ۋاستىلىرىدىن ھەر بىرىنىڭ (ئۆزىگە ماس ھالدىكى) ئورنى بولۇپ ئۇلارنىڭ مۇزارىئە بىلەن كېلىشى مۇۋاپىق بولمايدۇ. ۋە قالغانلىرىمۇ مۇشۇ قائىدە ئاساسىدا بولىدۇ.

جۈملىنىڭ گۈزەل ۋە مەقبۇل بولۇش جەھەتتىكى ئەھۋالىنىڭ ئۈستۈن بولىشى، ئۇنىڭ ھالىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن بولىشى بىلەن، تۆۋەن بولىشى بولسا ئۇيغۇن بولماسلىقى بىلەن بولىدۇ.

مۇتەكەللىمدىكى بالاغەت دىگىنىمىز، قانداق مەنىنى مەقسەت قىلىشىدىن قەتئى نەزەر، مۇتەكەللىم ئۇ ئارقىلىق مەقسىتىنى بالاغەتلىك جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە قادىر بولىدىغان ئىقتىداردىن ئىبارەتتۇر. يەنى ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىنى بالاغەتلىك جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارنى كۆرسىتىدۇ.

جۈملىنىڭ پاساھەتلىك بولىشى، ئۇنىڭ بالاغەتلىك بولىشىدىكى شەرتتۇر. بالاغەتلىك بولغان ھەرقانداق جۈملە پاساھەتلىكتۇر، ئەمما پاساھەتلىك جۈملىنىڭ ھەممىسى بالاغەتلىك بولمايدۇ.

مۇلاھىزە :

« التنافرُ » ساغلام ئىستىتىك تۇيغۇ ئارقىلىق، « مخالفةُ القياسِ » سەرىف ئىلمى ئارقىلىق، « ضَعْفِ التَّأْلِيْفِ » ۋە « التَّعْقِيْدِ اللَفْظِيِّ »لەر نەھۋى ئىلمى ئارقىلىق، « الغرابةُ » ئەرەپ جۈملىلىرىدىن كۆپرەك خەۋەردار بولۇش ئارقىلىق، « التعقيدُ المعنويُّ » ئىككىنچى پەن ئارقىلىق، ھاللار ۋە ئۇلارنىڭ تەقەززالىرى بىرىنچى پەن ئارقىلىق تونۇلىدۇ. شۇڭا بالاغەت مۇتەكەللىم بولۇشنى ئىستىگەن كىشىگە، ئەرەپ جۈملىلىرىدىن كۆپرەك خەۋەردار بولۇش ۋە ساغلام ئىستىتىك زوقتا ئىگە بولىشى بىلەن بىرگە، لىكسىكا، فونتىكا، سىنتاكسىس ۋە ئىستىلىستىكا ئىلىملىرىنى ئۆگىنىش زۆرۈر بولىدۇ.

وهكذا مَقامُ كلٍ من التنكيرِ والإطلاقِ والتقديمِ والذكرِ والفصلِ والإيجازِ يُبَايِنُ مَقامَ خلافِهِ . وكذا لكلٍ من أدَواتِ الشرطِ مع الماضِي مَقامٌ ليس له مع المضارِعِ ، و على هٰذا القِياسِ .

وإرْتفاعُ شأنِ الكلامِ فِي الحُسْنِ والقَبولِ بمُطابَقتِهِ لمقتضى الحالِ ، و إنحطَاطُهُ بعَدَمِ مُطابَقتِهِ لهُ .

بلاَغةُ المتكلِّمِ :

وبلاغةُ المتكلِّمِ : مَلَكَةٌ يَقْتَدِرُ بِها على التعبيرِ عن المقصودِ بكلامٍ بَلِيْغٍ فِي أيِّ معنى قَصْدُهُ .

ففَصَاحَةُ الكلامِ شرطٌ فِي بلاغتِهِ ، وكلُّ كلامٍ بَلِيْغٍ فَصِيْحٌ ، وليسَ كلُّ فَصِيْحٍ بَلِيْغًا .

ملاحظة :

ويُعرفُ التنافرُ بالذوقِ السليمِ ، ومخالفةُ القِياسِ بعلْمِ الصَّرْفِ ، وضَعْفُ التَّأْلِيفِ والتَّعْقِيْدُ اللفْظِيّ بعلمِ النَّحْوِ ، والغرابةُ بكَثْرَةِ الاطّلاعِ على كلامِ العربِ ، والتَّعقِيدُ المعنويُّ بعلمِ البَيانِ ، والأَحْوَالُ و مُقتَضياتُها بعلمِ المَعانِيّ .

فوَجَبَ على طالبِ البلاغةِ معرفةُ اللغةِ والصرفِ والنحوِ والمعانِيِّ و البيانِ مع كونِهِ سَلِيْمَ الذوْقِ كَثِيْرَ الاطّلاعِ على كلامِ العربِ .

«علم المعانى» دىگىنىمىز، ئەرەپچە سۆزلەرنىڭ ھالىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇنلۇشۇش ئەھۋاللىنى تونۇشتۇرىدىغان ئىلىمدۇر.

«علم المعانى» دا سۆزلىنىدىغان مەقسەت توققۇز باپقا يىغىنچاقلىنىدۇ.

## علم المعانى

هو عِلْمٌ تُعْرَفُ بِهِ أحوالُ اللفظِ العربي التي بِها يُطابقُ الكلامُ مقتضَى الحالِ .

ويَنْحَصِرُ المقصودُ مِن عِلْمِ المعاني في تسعةِ أبوابٍ :

### الباب الأول

### الخبر والإنشاء

كلُّ كلامٍ هو إمَّا خَبَرٌ أو إنْشَاءٌ .

فالخبرُ ما يَحْتَمِلُ الصدقَ والكذْبَ لذَاتِه . نحو سَافَرَ مُحمدٌ ، وعَلِيٌّ مُقِيْمٌ .

والإنْشَاءُ بِضدّه نحو بِعْتُ هذا بِذَاكَ ، وأَقِمْ يا عَلِيُّ .

والمُرَادُ بِصدْقِ الخبرِ مُطَابَقَتُهُ لِلْوَاقِعِ ، وبِكذْبِهِ عَدَمُ مُطابقَتِه للواقِعِ .

### بىرىنچى باپ

### خەۋەر ۋە ئىنشا

ھەرقانداق جۈملە ياكى خەۋەرى بولىدۇ ۋە ياكى ئىنشائى بولىدۇ.

جۈملە خەۋەرى دىگىنىمىز، ئۆزىنىڭ راس ـ يالغانغا ئېھتىمالى بولغان جۈملىدۇر. مەسىلەن:« سَافَرَ مُحمدٌ »، « عَلِيٌّ مُقِيْمٌ ». بۇ ئىككى جۈملىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ « بۇ راستمىدۇ ياكى يالغانمىدۇ؟ » دەپ ئويلىشى مۇمكىن بولىدۇ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ راست ـ يالغانغا ئېھتىمالىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

تەنبىھ : ئاپتۇرنىڭ « لِذَاتِهِ » نى ئالاھىدە زىكىر قىلىشى، راس ـ يالغانغا ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىشتا سۆزلىگۈچىنىڭ ھالىغا ئەمەس بەلكى جۈملىنىڭ ئۆزىنىڭ ھالىغا قارىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈندۇر.

جۈملە ئىنشائى دىگىنىمىز، جۈملە خەۋەرىنىڭ ئەكسىچە (ئۆزىنىڭ راس ـ يالغانغا ئېھتىمالى بولمىغان جۈملە) دۇر. مەسىلەن : « بِعْتُ هذا بِذَاكَ »( بۇنى ئانىڭغا تېگىشىمەن)، « أَقِمْ يَا عَلِيُّ ». بۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئاڭلىغان كىشىنىڭ مۇتەكەللىمنىڭ راست ياكى يالغان سۆزلەۋاتقانلىقى ھەققىدە ئىككىلىنىشى مۇمكىن بولسىمۇ ئەمما جۈملىنىڭ ئۆزىنىڭ راست ياكى يالغانلىقى ھەققىدە ئىككىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بىرىنچى جۈملىدىكى « سېتىش » دىگەن پېئىل ئۆزىنىڭ پائىلىغا پەقەت تەلەپپۇز قىلىش جەھەتتىنلا مەنسۇپ قىلىنغان بولۇپ، نىسپەتنىڭ يۈز بىرىپ بولغانلىقى ياكى يۈز بىرىۋاتقانلىقى ۋەياكى يۈز بىرىدىغانلىقى قاتارلىقلاردىن ھېچ بىرى مەقسەت قىلىنمىغان. شۇڭا ئۇنىڭ راست ـ يالغانغا ئېھتىمالى بولمىغان. شۇنداقلا ئىككىنچى جۈملىمۇ شۇنداق بولغان . مانا بۇ ئۇلارنىڭ راست ـ يالغانغا ئېھتىمالىنىڭ يوقلۇقىدىن ئىبارەتتۇر.

خەۋەرنىڭ راس بولىشى دىگەندىن مۇرات ئۇنىڭ ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن بولىشى،ئۇنىڭ يالغان بولىشى دىگەندىن مۇرات ئۇنىڭ ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقىدۇر. دىمەك ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان خەۋەر راس، ئۇيغۇن بولمىغىنى يالغاندۇر.

جۇملە خەۋەرى ۋە جۇملە ئىنشائىدىن ئىبارەت ھەر قانداق جۇملىنىڭ ئىككى باش بۆلىكى بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈملەنگۈچى ۋە ھۆكۈملىگۈچىدىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنىڭ ئەۋۋەلقىسى «مُسْنَدٌ إليه»، ئىككىنچىسى «مُسْنَدٌ» دەپ ئاتىلىدۇ.

«مُسْنَدٌ» ۋە «مُسْنَدٌ إليه» گە قوشۇپ كەلتۈرۈلگەن مەپئۇللار، ھال، تەمىيز، تابىلار، «كانَ» گە ئوخشاش ناسىخ قىلغۇچى پېئىللار، شەرت ۋاستىلىرى، نەپى ۋە مۇزاپۇن ئىلەي قاتارلىق نەرسىلەر قەيىت ھېساپلىنىدۇ.

«مُسْنَدٌ إليه» نىڭ كېلىش ئورۇنلىرى پائىل، نائىب پائىل، خەۋىرى بولغان مۇبتەدا، ۋە «كانَ» ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئىسمىسىغا ئوخشاش ئەسلىسى مۇبتەدا بولغان نەرسىلەردۇر. يەنى جۇملىدە پەقەت مۇشۇلارلا «مُسْنَدٌ إليه» بولۇپ كېلەلەيدۇ.

«مُسْنَدٌ» نىڭ كېلىش ئورۇنلىرى مۇكەممەل پېئىللار، («ما قائمٌ زيدٌ» دىكى «قائمٌ» غا ئوخشاش) ئۆزىنىڭ رەپئى قىلىنىشى بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان مۇبتەدا، «كانَ» ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ خەۋىرىگە ئوخشاش ئەسلىسى خەۋەر بولغان كەلىمە، ئىسىم پېئىل ۋە ئەمىر پېئىلدىن ئورۇن باسار بولغان مەسدەرقاتارلىقلاردۇر. يەنى پەقەت مۇشۇلارلا «مُسْنَدٌ» بولۇپ كېلەلەيدۇ.

ولكل جملة مِنْ جُمَلِ الخبرِ والْإِنْشَاءِ رُكْنَانِ : مَحْكُوْمٌ عَلَيْهِ وَمَحْكُومٌ بِهِ ، وَيُسمى الأولُ مسندًا إليه والثاني مسندًا ، وما زَادَ على المسندِ إليه والمسندِ مِنَ الْمَفَاعِيْلِ والحالِ والتميزِ والتوابعِ والنواسخِ وأدواتِ الشرطِ والنفي والمضاف إليهِ فَهُوَ قَيْدٌ .

ومَوَاضِعُ المسندِ إليه هي : الفاعِلُ ونائِبُهُ ، والمبتدأُ الذي لَهُ خَبَرٌ ، وما أَصْلُهُ المبتدأُ كَاسْمِ كانَ وأخواتِها .

ومَوَاضِعُ المسندِ هِيَ الفعلُ التامُّ ، والمبتدأُ الْمُكْتَفِي بِمَرْفُوْعِهِ ،وخَبَرُ المبتدِأ وما أَصْلُهُ خبرُ المبتدأ كخبرِ كانَ وأخواتِها ، واسمُ الفِعْلِ ، والمصدرُ النائبُ عَن فعْلِ الْأَمْرِ .

تەنبىھ : ئەمىر پېئىلدىن ئورۇن باسار بولغان مەسدەرنىڭ مىسالى : «تركا الاهمال» (سۇسلۇقنى تاشلا!) بۇلۇپ، بۇنىڭ ئەسلىسى «أترِكْ تركا الاهمالَ» ئىدى. بۇنداق «المفعول المطلق» نىڭ ئالدىدىكى پېئىل ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەندە ھەزىپ قىلىنغان پېئىل ۋە «المفعول المطلق» بولغان مەسدەردىن ئىبارەت ھەر ئىككىسىنىڭ ئامىل بولۇشى دۇرۇس بولغانلىقتىن ئەمەل قىلىشنى مەسدەرگە بەرسەك ئۇ، «مُسْنَدٌ» بولغان بولىدۇ.

جۈملە خەۋەرىنى پېئىللىق ۋە ئىسىملىق جۈملىگە تەقسىم قىلىش :

جۈملە خەۋەرى، ياكى جۈملە پېلىيىە بولىدۇ ۋە ياكى جۈملە ئىسمىيىيە بولىدۇ.

الكلام على الخبر

تَقْسِيْمُ الخبرِ إلى جملةٍ فعليةٍ واسميةٍ :

والخبرُ إمَّا جملةٌ فعليةٌ وإمَّا جُملةٌ اسميةٌ .

فالجملةُ الفعليةُ مَوْضُوْعَةٌ لإِفَادَةِ التَجَدُّدِ والحُدُوْثِ في زَمَنٍ مَخْصُوْصٍ مع الإِخْتِصَارِ ، وقَدْ تُفِيْدُ الإسْتِمرَارَ التجدديَّ بِالقَرَائِنِ إذا كانَ الفعلُ مُضَارِعًا كقوله تعالى ﴿إِنَّا سَخَّرْنَا الْجِبَالَ مَعَهُ يُسَبِّحْنَ بِالْعَشِيِّ وَالْإِشْرَاقِ﴾ ، فَالْقَصْدُ الدَلَالَةُ على حُدُوْثِ التسبيحِ مِن الجبالِ آنًا بَعْدَ آنٍ و حَالًا بَعْدَ حَالٍ .

جۈملە پېلىيىە، ئىخچام سۆز بىلەن مەخسۇس بىر زاماندىكى سادىر بولۇش ۋە يېڭىلىنىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەندۇر. ئەگەر ئۇ پېئىل، مۇزارىئە پېئىلى بولسا ئارقىمۇ ـ ئارقا يۈز بېرىش بىلەن يېڭىلىنىپ تۇرۇشۋاتقان داۋاملىششنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : ﴿إِنَّا سَخَّرْنَا الْجِبَالَ مَعَهُ يُسَبِّحْنَ بِالْعَشِيِّ وَالْإِشْرَاقِ﴾ (بىز ھەقىقەتەن تاغلارنى داۋۇتقا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار داۋۇت بىلەن ئەتىگىنى ۋە ئاخشىمى تەسبىھ ئېيتاتتى). «الله» نىڭ بۇ ئايەتتە « يُسَبِّحْنَ » دىگەن پېئىلنى مۇسنەد قىلىپ كەلتۈرۈشتىكى مەقسىدى تاغلار تەرىپىدىن ئېيتىلىۋاتقان تەسبىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئارقىمۇ ـ ئارقا يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا ئىشارەت قىلىشتۇر.

خەۋەرى مۇپرەت ياكى ئىسىملىق جۈملە بولغان چاغدىكى جۈملە ئىسمىييە، «الْمسند» نىڭ «الْمسند إليه» گە سابىت بولغانلىقىنىلا ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەندۇر. مەسىلەن : «عَلىٌّ مُسَافرٌ». بۇ جۈملىنىڭ «مُسَافرٌ» دىگەن خەۋىرى مۇپرەت بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىن مۇساپىرلىقتىن ئىبارەت «الْمسند» نىڭ «عَلىٌّ» دىگەن «الْمسند إليه» گە سابىت بولغانلىقىلا ئىپادىلىگەن، يەنە بىر مىسال: ﴿إنَّ الْمُنَافقينَ يُخَادعُونَ اللّهَ وَهُوَ خَادعُهُمْ﴾ (شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار «اللّهَ»نى ئالدىماقچى بولىشىدۇ، «اللّهَ» ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بىرىدۇ). بۇ مىسالدىكى «يُخَادعُونَ» دىگەن پېئىللىق جۈملە، ئىش ـ ھەركەتنىڭ قايسى زاماندا يۈز بەرگەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان قەرىنىگە مۇھتاج بولماستىنلا، ھۆكۈمنى ئۈچ زاماننىڭ بىرىگە قەيت قىلغان ھالدا ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئارقىمۇ ـ ئارقا يېڭىلىنىپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ئەمما، «وَهُوَ خَادعُهُمْ» دىگەن ئىسىملىق جۈملە بولسا، مەخسۇس بىرەر زامانغا قارىماستىنلا ئىش ـ ھەركەتنىڭ مۇتلەق ھالدا يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

جۈملە ئىسمىييە، خەۋىرىدە پېئىل بولمىغان ئەھۋالدا ئارقىمۇ ـ ئارقا يۈز بىرىش سەۋەبىدىن ھاسىل بولغان ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشنىمۇ ئىپادىلەيدۇ، خۇددى ئۇنىڭ، ماختاش ياكى ئەيىپلەش مەقسەت قىلىنغان سورۇندا كەلگىنىگە ئوخشاش. مەسىلەن : «العلْمُ نَافعٌ» (ئىلىم مەنپەئەت بەرگۈچىدۇر)، يەنە بىر مىسال: ﴿وَإنَّكَ لَعَلى خُلُق عَظيم﴾ (سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەقلاقىقا ئىگە سەن)، يەنە بىر مىسال: «لَايَألَفُ الدرْهَمُ الْمَضْرُوْبُ صُرَّتَنَا * لَكنْ يَمُرُّ عَلَيْهَا وَهُوَ مُنْطَلقٌ» (قۇيما داچانلار ھەميانلىرىمىزغا كۆنەلمەيۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن توختاۋسىز چىقىپ تۇرىۋاتىدۇ). شائىر، بۇ شېئىردا «مُنْطَلقٌ» دىگەن ئىسىمنى خەۋەر قىلىپ كەلتۈرۈش ئارقىلىق دەرھەملەرنىڭ ھەميانىدىن ھەمىشە چىقىپ كېتىپ تۇرىغانلىقىنى ئىپادىلەش مەقسىدىگە يەتكەن، چۈنكى ئىسىمدا ھەمىشە سابىت بولۇش مەنىسى بولىدۇ، پېئىلدا بولسا يېڭىدىن پەيدا بولۇش مەنىسى بولىدۇ.

ئەمما، جۈملە ئىسمىييەنىڭ خەۋىرى پېئىللىق جۈملە بولۇپ قالسا بۇ، ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئۈچ زاماننىڭ بىرىگە قەيت قىلىنغان ھالدا يېڭىلىنىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ۋە بۇ چاغدا مۇشۇ جەھەتتە پېئىللىق جۈملە بىلەن ئوخشاش ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن : «الوَطَنُ يَسْعُدُ بأَبْنَائه» (ۋەتەن ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن بەخت قۇچىدۇ).

> والجملة الاسمية مَوْضُوْعَةٌ لمُجَرَّد ثُبُوْت المسند للْمُسند إليه إذا كانَ خبرُها مُفردًا أو جملة اسمية نحو عَليٌّ مُسَافرٌ . وكقوله تعالى ﴿إنَّ الْمُنَافقينَ يُخَادعُونَ اللّهَ وَهُوَ خَادعُهُمْ﴾ النساء١٤٢، فإنَّ «يُخَادعُونَ» يُفيْدُ التجددَ مرةً بَعْدَ أُخْري مُقَيّدًا بالزَّمَان دونَ حَاجَة إلى قرينة تدُلُّ عليه ، وقوله « وَهُوَ خَادعُهُمْ » يُفيْدُ الثُّبُوْتَ مُطْلَقًا منْ غَيْر نَظَر إلى زمانٍ مخصوص . وقدْ تُفيْدُ الدوامَ و الاستمرارَ بالقرائن إذا لم يكنْ في خبرها فعْلٌ كَأَنْ يكونَ في مَعْرَض الْمَدْح أو الذمّ أو نحو ذلك نحو العلْمُ نافعٌ . وكقوله تعالى ﴿وَإنَّكَ لَعَلى خُلُق عَظيم﴾ القلم٤ وكقول النضر بن جوبرية يَتَمَدَّحُ بالغني والكرم :
>
> لَايَألَفُ الدرْهَمُ الْمَضْرُوْبُ صُرَّتَنَا * لكنْ يَمُرُّ عَلَيْهَا وَهُوَ مُنْطَلقٌ .
>
> يَعْنى أنَّ الإنْطلاقَ منَ الصُّرَّة ثَابتٌ للدرْهَم دائمًا .
>
> وأَمَّا إذا كانَ خبرُها جملةً فعْليَّةً فإنها تُفيْدُ التجددَ مُقَيَّدًا بأَحَد الْأَزْمنَة الثَّلَاثَة .

خەۋەر بېرىشتىكى مەقسەت :

خەۋەر ھەققىدىكى ئەسلى قائىدە، ئۇ خەۋەرنىڭ (تۆۋەندىكىدەك) ئىككى خىل مەقسەتنىڭ بىرىنىڭ سەۋەبىدىن بايان قىلىنىشىدۇر.

الغرضُ مِن إِلْقَاءِ الخبرِ :

الأَصْلُ فِي الخبرِ أَنْ يُلْقِي لِأَحَدِ غَرَضَيْنِ :

١) إِفَادَةُ الْمُخَاطَبِ الحكمَ الذي تَضَمَّنَتْهُ الجملةُ إِنْ كانَ جاهِلًا بِهِ ،

وَيُسمى ذلك فائدةَ الخبرِ نحو الدينُ الْمُعَامَلَةُ .

٢) إِفادةُ المخاطبِ أَنَّ المتكلمَ عالِمٌ بهذا الحكمِ ، إن كانَ المخاطبُ عالِمًا به ، ويسمى ذلك لازمَ الفائدةِ نحو أَنتَ حَضَرْتَ أَمْسِ . وأَنتَ طالبٌ في هذه المدرسةِ .

بىرىنچىسى مۇخاتەپ ھۆكۈمدىن بىخەۋەر بولسا، جۈملە ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمنى مۇخاتەپكە ئىپادىلەپ بېرىش بولۇپ، بۇ «فائدةَ الخبرِ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «الدينُ الْمُعَامَلَةُ»(دىن دېگەن مۇئامىلىدۇر). بۇ يەردە مۇخاتەپ ھۆكۈمدىن بىخەۋەر بولغانلىقتىن جۈملە ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنىنىڭ مۇئامىلە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھۆكۈم مۇخاتەپكە ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

ئىككىنچىسى مۇخاتەپ ھۆكۈمدىن خەۋەردار بولسا، مۇتەكەللىمنىڭ ئۆزىنىڭ شۇ ھۆكۈمنى بىلىدىغانلىقىنى مۇخاتەپكە ئىپادىلەپ بېرىش بولۇپ، بۇ «لازمَ الفائدةِ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «أَنتَ حَضَرْتَ أَمْسِ»(سىز تۈنۈگۈن كەلدىڭىز) ؛ «أَنتَ طالبٌ فى هذه المدرسةِ»(سىز بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى) دېگەنلەرگە ئوخشاش. بىرىنچى مىسالدا مۇخاتەپ ئۆزىنىڭ ئاخشام كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ھۆكۈمنى بىلىدۇ، شۇڭا مۇتەكەللىمنىڭ بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا قىلىشتىكى مەقسىدى مۇشۇ ھۆكۈمنى ئۆزىنىڭمۇ بىلىدىغانلىقىنى مۇخاتەپكە ئۇقتۇرۇپ قويۇشتۇر. ئىككىنچى مىسالمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

خەۋەر گاھدا يۇقارقىدىن سىرت، جۈملىنىڭ سۆزلىنىشىدىن ئىپادىلىنىدىغان، تۆۋەندىكىدەك مەقسەتلەر سەۋەبىدىنمۇ بايان قىلىنىدۇ.

1 ـ ھەسرەتنى ئىزھار قىلغانغا ئوخشاش . مەسىلەن : ئىمراننىڭ ئايالىنىڭ (ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ خىزمىتىگە ئاتىيالمىغىنىغا ھەسرەتلەنگەن ھالدا قىلغان) سۆزىدىن ھىكايە قىلىنىپ سۆزلەنگەن، تۆۋەندىكى ئايەتكە ئوخشاش: ﴿ رَبِّ إِنِّي وَضَعْتُهَا أُنْثَى ﴾ (ئى پەرۋەردىگارىم قىز تۇغۇپ قالدىم دىدى). بۇ يەردە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىز تۇغقانلىقىنى ئۆزىمۇ ۋە مۇخاتەپ بولغان «الله» مۇ بىلىدىغان تۇرۇقلۇق بۇ خەۋەرنى بايان قىلىشى، ئۆزىنىڭ ھەسرىتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈندۇر.

2 ـ ئاجىزلىقنى ئىزھار قىلغانغا ئوخشاش. مەسىلەن : تۆۋەندىكى ئايەتتىكى زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىغا دىگەن سۆزىگە ئوخشاش: ﴿قَالَ رَبِّ إِنِّي وَهَنَ الْعَظْمُ مِنِّي وَاشْتَعَلَ الرَّأْسُ شَيْباً﴾ (ئۇ «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى» دىدى) . بۇ ئەھۋال مۇتەكەللىم ۋە مۇخاتەپتىن ئىبارەت ھەر ئىككىلىسىگە ئېنىق بولسىمۇ، زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈنلا بۇ خەۋەرنى بايان قىلغان .

3 ـ پەخىرلەنگەنگە ئوخشاش. مەسىلەن : «إِنَّكَ شَمْسٌ والْمُلُوكُ كَواكِبُ * إذا طلعتْ لَمْ يَبْدُ مِنْهُنَّ كَوْكَبٌ»(سەن قۇياشسەن، باشقا پادىشالار يۇلتۇزدۇر، قۇياش چىققاندا ئۇلاردىن بىرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ).

4 ـ تىرىشىشقا قىزىقتۇرغانغا ئوخشاش . مەسىلەن : «الجزاءُ على قَدْرِ العَمَلِ»(مۇكاپات قىلغان ئىشنىڭ مىقدارىغا قاراپ بولىدۇ) .

ۋە يەنە خۇشاللىق، تىتىكلىشىش، ماختاش، كايىش، ئىبرەت قاتارلىقلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقىلارنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈنمۇ خەۋەر بايان قىلىنىدۇ. بۇلارنى تونۇشتا مۇراجەت قىلىنىدىغان مەنبە، ئىستىتىك تۇيغۇ ۋە ساغلام ئەقىلدۇر.

وقد يُلقي الخبرُ لأغْراضٍ أُخْري تُسْتَفادُ من سِيَاقِ الكلامِ :

١ – كإظهارِ التَحْسرْ ، كقوله تعالى حِكايَةً عن امرأةِ عِمْرانَ : ﴿ رَبِّ إِنِّي وَضَعْتُهَا أُنْثَى ﴾ .

٢– وإظْهارِ الضَعْفِ ، كقول زَكَرِيَا عليه السلام يُخَاطِبُ رَبَّهُ : ﴿قَالَ رَبِّ إِنِّي وَهَنَ الْعَظْمُ مِنِّي وَاشْتَعَلَ الرَّأْسُ شَيْباً ﴾ .

٣– والفخرِ ، كقول الشاعر : إنَّكَ شَمْسٌ والْمُلُوكُ كَواكِبُ * إذا طلعتْ لَمْ يَبْدُ مِنْهُنَّ كَوكَبٌ .

٤– والْحَثّ على السَّعْيِ و الجِدّ نحو الجزاءُ على قَدْرِ العَمَلِ .

وكإظهارِ الفَرَحِ ، والتَّنْشِيْطِ ، والمدحِ ، والتوبيخِ ، والعِظَةِ والاعتبارِ إلى غيرِ ذلك مِنْ أغْراضٍ أُخْري . والمرجعُ في معرفةِ ذلك إلى الذَوْقِ والعَقْلِ السَّلِيْم .

**خەۋەرنى بايان قىلىشنىڭ تۈرلىرى :**

خەۋەر بەرگۈچىنىڭ خەۋەر بېرىشتىكى مەقسىدى، مۇخاتەپكە مەلۇم بىرئىشنى خەۋەر قىلىش بولغاندا، ئورۇنسىز سۆزنىڭ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئېھتىياجدىن ئاشۇرۇۋېمۇۋەتمىگەن ۋە مەقسەتكە دەخلە يەتمەسلىك ئۈچۈن ئېھتىياجدىن قىسقارتىپمۇۋەتمىگەن ھالدا بىرىكمىدىن مەلۇم بىر جۈزئىنى ئېھتىياجغا قاراپ قىسقارتىشى لازىم.

كَيْفِيَّةُ إِلْقَاءِ الخبرِ ( أَضْرُبُ الخبرِ ) :

حَيْثُ كانَ قَصْدُ الْمُخبِرِ بِخَبَرِهِ إفادةَ المخاطَبِ أحدَ الأَمْرَيْنِ ، يَنْبغي أنْ يقتصِرَ مِن التركيبِ على قَدْرِ الحاجةِ ، لا زائدًا عليه لِئَلَّا يكونَ عَبَثًا ، ولا ناقِصًا عَنها لِئَلَّا يَخِلَّ بِالغرضِ ، لِهذا تختلفُ صُوَرُ الكلامِ باختلافِ أحوالِ الْمُخاطَبِ .

١ – فإنْ كان المخاطبُ خالِيَ الذهْنِ مِن الحكمِ أُلقِيَ إليه الخبرُ مُجردًا عنِ التأكيدِ نحو أخُوكَ قادمٌ .

٢– وإنْ كانَ مُتَرَدِّدًا في ثُبُوتِ الحكمِ وعَدَمِه، طالِبًا لِمعرفتِه حَسُنَ تَوْكِيْدُهُ بِمؤكدٍ وَاحِدٍ نحو إِنَّ أخاكَ قادمٌ .

٣– وإنْ كانَ مُنكرًا لِلحكمِ وَجَبَ توكيدُهُ بمؤكدٍ أو مؤكدَيْنِ أو أكْثرَ حَسْبَ درجةِ الإنكارِ نحو إِنَّ أخاكَ قادمٌ ، أو إِنَّ أخاكَ لَقَادِمٌ ، أو وَاللهِ إِنَّ أخاكَ لَقَادِمٌ.

شۇڭا جۈملىنىڭ شەكلى مۇخاتەپنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەگىشىپ (تۆۋەندىكىدەك) ئۆزگىرىدۇ.

1 ـ ئەگەر مۇخاتەپ ھۆكۈمدىن بىخەۋەر بولسا، خەۋەر ئۇنىڭغا تەكىتسىز بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «أخُوكَ قادِمٌ».

2 ـ ئەگەر مۇخاتەپ ھۆكۈمنىڭ يۈز بەرگەن ـ بەرمىگەنلىگى ھەققىدە ئىككىلەنسە ۋە ئۇنى بىلىشكە قىزىقسا ھۆكۈمنى بىر تەكىت بىلەن تەكىتلەش ياخشىدۇر. مەسىلەن : «إِنَّ أخاكَ قادِمٌ».

3 ـ ئەگەر مۇخاتەپ ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىدىغان كىشى بولسا ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە قارىتا ھۆكۈمنى، بىر ياكى ئىككى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك تەكىت بىلەن تەكىتلەش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : «إِنَّ أخاكَ قادِمٌ»؛ «إِنَّ أخاكَ لَقَادِمٌ»؛ «وَاللهِ إِنَّ أخاكَ لَقَادِمٌ».

دىمەك خەۋەر تەكتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ـ ئالمىغانلىقىغا قارىتا (يۇقىرىقىدەك) ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى «إِبْتِدَائِيّ»، ئىككىنچىسى «طَلَبِيّ»، ئۈچىنچىسى «إِنْكَارِيّ» دەپ ئاتىلىدۇ.

خەۋەرنى تەكىتلەشنىڭ ۋاستىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندىكىلەرمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر: «إِنَّ ، وأَنَّ ، وأدواتُ القَسَمِ ، ولامُ الابتداءِ ، ونونا التوكيدِ ، وأحرفُ التنبيهِ ، والحروفُ الزائدةُ ، وقَدْ ، وأَمَّا الشرطيةُ ، والقَصْرُ ، وضَمِيْرُ الفَصْلِ ، والتَكْرَارُ».

فالخبرُ بالنسبة لخُلُوِّه من التوكيد واشْتِمَاله عليه ثلاثةُ أُضْرُبٍ ، ويسمى الضربُ الأول إِبْتِدَائِيًّا ، والثاني طَلَبِيًّا ، والثالثُ إِنْكارِيًّا .

ولتَوْكِيدِ الخبرِ أَدْواتٌ كثيرةٌ ، منها : إنَّ ، وأنَّ ، وأدواتُ القَسَمِ ، ولامُ الابتداءِ ، ونونا التوكيدِ ، وأحرفُ التنبيه ، والحروفُ الزائدةُ ، وقَدْ ، وأمَّا الشرطيةُ ، والقَصْرُ ، وضَمِيْرُ الفَصْلِ ، والتَكْرَارُ.

وإِلْقَاءُ الخبرِ على الأَضْرُبِ السابِقَةِ يُسمى إخراجَ الكلامِ على مقتضى الظاهِرِ .

إِخْراجُ الكلامِ على خلافِ مقتضى الظاهِرِ :

وقَدْ يَغُضُّ المتكلمُ النظرَ عن ظاهرِ حالِ المخاطبِ ، ويَعتبرُ فيه حالًا أُخْرى لسَبَبٍ مَّا ، ويُخاطبُهُ على هذا الاعتبارِ . ويسمى ذلك إخراجَ الكلامِ على خِلافِ مقتضى الظاهرِ و من ذلك ما يَأْتِي :

١– أَنْ يُنْزِلَ العالمُ بالحكمِ ولازمه مَنْزِلَةَ الجاهلِ بهمَا ، لعَدَمِ جَرْيِه على مقتضى عِلْمِه وهو العَمَلُ بِه كَقولكَ للمُسْلمِ التَّارِكِ للصَّلاة : الصَّلاةُ وَاجِبَةٌ .

خەۋەرنى يۇقىرىقى يوللارغا ئاساسەن بايان قىلىش زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن جۈملە تۈزۈش دەپ ئاتىلىدۇ.

ھالنىڭ تەقەززاسىنىڭ ئەكسىچە جۈملە تۈزۈش:

گاھىدا مۇتەكەللىم مۇخاتەپنىڭ ھالىنىڭ زاھىرى تەرىپىدىن نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ ۋە مەلۇم سەۋەپتىن ئۇ كىشىنىڭ ھەققىدىكى باشقا بىر ھالنى ئېتىبارغا ئالىدۇ دە مۇشۇ ئېتىبارغا ئاساسەن ئۇنىڭغا سۆز قىلىدۇ. مانا بۇ «ھالنىڭ تەقەززاسىنىڭ ئەكسىچە جۈملە تۈزۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بىرىنچىسى ھۆكۈم ۋە ئۇنىڭ لازىمىنى بىلىدىغان كىشىنىڭ شۇ بىلىمىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن ئىش تۇتمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ ئىككىسىنى بىلمەيدىغان كىشىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلىشى. ئۇ بىلىمىنىڭ تەقەززاسى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتۇر. مەسىلەن : نامازنى تەرك ئەتكەن مۇسۇلمانغا «الصَّلَاةُ وَاجِبَةٌ »(ناماز پەرىزدۇر) دىگىنىڭىزگە ئوخشاش. بۇ يەردە مۇخاتەپ نامازنىڭ پەرىز ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇشۇ بىلىمىنىڭ تەقەززاسى لايىق ئىش قىلمىغانلىقتىن نامازنىڭ پەرىزلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلگەن .

ئىككىنچىسى جۈملىدە خەۋەرنىڭ ھۆكمىگە ئىشارەت قىلىدىغان نەرسە ئىلگىرى ئۆتكەن چاغدا ھۆكۈمدىن خەۋىرى يوق كىشىنىڭ ھۆكۈم ھەققىدە ئىككىلىنىپ سوئال سورىغان كىشىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلىشى. مەسىلەن : ﴿وَلاَ تُخَاطِبْنِي فِي الَّذِينَ ظَلَمُواْ إِنَّهُم مُّغْرَقُونَ﴾ (زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن !). بۇ مىسالدا خەۋەرنىڭ ھۆكمى بولغان «إِنَّهُم مُّغْرَقُونَ» دىگەن سۆزگە ئىشارەت قىلىدىغان، كىمە ياساش ھەققىدىكى «الله» نىڭ پەرمانىنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەنلىگى ۋە ئارقىدىن ئۇلارغا شاپائەت تىلىمەسلىك ھەققىدىكى «وَلاَ تُخَاطِبْنِي فِي الَّذِينَ ظَلَمُواْ» دىگەن ئايەتنىڭ نازىل بولغانلىقى سەۋەبىدىن نوھ ئەلەيھىسسالام گەرچە «الله» دىن سوئال سورىمىغان بولسىمۇ، ئۇ «ئۇلار غەرق قىلىنامدۇ؟» دەپ سوئال سورىغان كىشىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا «إِنَّهُم مُّغْرَقُونَ» دەپ جۈملىنى تەكىتلەش ئارقىلىق سۆز قىلىنغان.

ئۈچىنچىسى ئىنكارنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرەر نەرسە كۆرۈلگەن چاغدا ئىنكار قىلمىغان كىشىنىڭ ئىنكار قىلغان كىشىگە ئوخشۇتۇلىشىدۇر. مەسىلەن: كىشىلەر ئۆلۈمنى ئىنكار قىلمىغان بولسىمۇ ئۇلار ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلماي، غەپلەتتە يۈرگەنلىكتىن «الله» ئۇلارنى ئۆلۈمنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ ﴿ثُمَّ إِنَّكُمْ بَعْدَ ذَلِكَ لَمَيِّتُونَ﴾ دىگىنىگە ئوخشاش.

تۆتىنچىسى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ ئەتراپىدا ئويلۇنۇپ كۆرسە ئۆزىنىڭ ئىنكارىدىن يىنىپ كىتىدىغان دەرىجىدىكى دەلىل ۋە پاكىتلار بولسا، ئىنكار قىلغۇچىنىڭمۇ ئىنكار قىلمىغان كىشىگە ئوخشاش قىلىنىشىدۇر. مەسىلەن : «الله» نىڭ ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىغا قارىتا ھۆكۈمنى تەكىتلىمەستىنلا ﴿وَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ﴾ دىگىنىگە ئوخشاش، چۈنكى ئۇ ئىنكار قىلغۇچى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى پاكىتلارنى ئويلانسا ئۆزىنىڭ ئىنكارىدىن ياندۇ.

ۋە يەنە ھۆكۈم ھەققىدە ئىككىلەنگۈچىنى ھۆكۈمدىن بىخەۋەر كىشىنىڭ ئورنىغا، ئىككىلەنگۈچىنى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ ئورنىغا ۋە ئىنكار قىلغۇچىنى ئىككىلەنگۈچىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرگەنگە ئوخشاش . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھالنىڭ تەقەززاسىنىڭ ئەكسىچە جۈملە تۈزگەنلىك ھىساپلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بولۇشلۇق جۈملىنىڭ ئېتىبارىغا ئاساسەن بولغان مىساللار بولۇپ، بولۇشسىز جۈملىنىڭ ئېتىبارىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

٢- أنْ يُنْزَلَ خاليُّ الذهْنِ مَنْزِلَةَ السَائِلِ الْمُتَرَدِّد ، إذا تَقَدَّمَ في الكلامِ مَا يُشيْرُ إلى حُكْمِ الْخَبَرِ . كقوله تعالى : ﴿ وَلاَ تُخَاطِبْنِي فِي الَّذِينَ ظَلَمُوا إِنَّهُم مُّغْرَقُونَ ﴾ .

٣- أنْ يُجْعَلَ غيرُ الْمُنكرِ كالمنكرِ ، إذا ظَهَرَ عليه شيءٌ مِن أَمَارَاتِ الْإِنْكَارِ . كقوله تعالى ﴿ ثُمَّ إِنَّكُمْ بَعْدَ ذَلِكَ لَمَيِّتُونَ ﴾ .

٤- أن يُجْعَلَ المنكرُ كغَيْرِ المنكرِ إنْ كانَ لدَيْه دَلَائِلُ وشَوَاهِدُ لَوْ تَأَمَّلَهُ لَارْتَدَعَ عن إنكارِه ، كقوله تعالى يخاطبُ مُنكري وَحْدَانِيَتِه : ﴿ وَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ ﴾ . و كقولكَ لمَن يُنْكِرُ حقيةَ الإسلامِ : الإسْلامُ حَقٌّ . ومثله : العلمُ أَفْضَلُ منَ الْمَالِ .

و كَتَنْزِيلِ الْمتردد مَنزِلَةَ الْخَالِيِ ، وتنزيلِ المتردد مَنزلةَ المنكرِ ، وتنزيلِ المنكرِ منزلةَ المتردد .

وهذا كلُّهُ اعتباراتُ الْإِثْبَاتِ ، وكذا إعْتِبَارَاتُ النَّفي .

## جۇملە ئىنشائى ھەققىدە

ئىنشا ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، تەلەبى ۋە غەيرى تەلەبىدىن ئىبارەتتۇر.

تەلەبى دېگىنىمىز، تەلەب قىلىنغان ۋاقىتتا يوق نەرسىنىڭ ھاسىل بولۇشى، ئۇ ئارقىلىق تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسىدۇر. مەسىلەن : «إِضْرِبْ زيدًا ». مۇشۇ سۆزنى قىلغان مۇتەكەللىم ئۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا ئۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىش تېخى يۈز بەرمىگەن بولۇپ، مۇتەكەللىم «إِضْرِبْ» دېگەن سۆز ئارقىلىق يۈز بەرمىگەن شۇ ئىشنىڭ ھاسىل بولۇشىنى تەلەپ قىلغان .

الكلام على الإنشاء

الإنشاءُ نَوْعَانِ : طَلَبِيٌّ وغيرُ طَلَبِيٍّ

فالطلبيُّ ما يُطْلَبُ بِه حُصُوْلُ شَيْئٍ لم يَكُنْ وقتَ الطلبِ .

وغيرُ الطلبيِّ ما لا يُطْلَبُ بِه شَيْئٌ ، وله صِيَغٌ مِنْها : التعجبُ ، والْمَدْحُ ، والذَّمُّ ، والقَسَمُ ، وأفعالُ الرجاءِ ، وصِيَغُ العُقُوْدِ . وهذا النوع ليس مِنْ مَبَاحِثِ عِلْمِ الْمَعَانِي لِأَنَّ أَكْثَرَ صِيَغِه في الأَصْلِ أَخْبَارٌ نُقِلَتْ إلى الإنشاءِ .

ويكون الطلبيُّ بِخَمْسَةِ أَشْيَاءٍ : الأَمْرُ والنَّهْيُ والإِسْتفهامُ والتَّمَنِّيُّ والنداءُ .

غەيرى تەلەبى دېگىنىمىز، ئۇ ئارقىلىق ھېچ نەرسە تەلەپ قىلىنمايدىغان نەرسىدۇر. ئۇنىڭ بىر قانچىلىغان سىغىسى بولۇپ «التعجبُ والْمَدْحُ والذَّمُّ والقَسَمُ وأفعالُ الرجاءِ وصِيَغُ العُقُوْدِ» قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن : «مَا أَحْسَنَ زيدًا »(زەيت نېمە دېگەن ياخشى)؛ «نِعْمَ الرجلُ زيدٌ »(زەيت نېمە دېگەن ياخشى كىشى ھە؟!)؛ «بِئْسَ الرجلُ عمرٌو »(ئەمرى نېمە دېگەن ناچار كىشى ھە؟!)؛ «لِلَّهِ لا يُؤَخَّرُ الأَجَلُ»(«الله» بىلەن قەسەمكى ئەجەل كېچىكتۈرۈلمەيدىكەن)؛ «عَسَى محمدٌ أَنْ يعودَ »(مۇھەممەت قايتىپ كېلىشى مۇمكىن)؛ «بِعْتُ هذا بِذَاكَ»(بۇنى ئانىڭغا تېگىشىمەن).

ئىنشانىڭ غەيرى تەلەبى بولغان بۇ تۈرى «علم المعانى» نىڭ تەتقىقات ئوبيېكتلىرىدىن ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ سىغىلىرىنىڭ كۆپرەكى ئىنشاغا يۆتكەلگەن خەۋەردۇر.

تەلەبى بەش نەرسە ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلار «الأَمْرُ والنَّهْيُ والإِسْتفهامُ والتَّمَنِّيُّ والنِداءُ» قاتارلىقلاردۇر.

## ئەمىر

ئەمىر دېگىنىمىز، ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇش ئاساسىدا (باشقىلاردىن) ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنداشنى تەلەپ قىلىشتۇر. بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك سىغىسى بولىدۇ.

بىرىنچىسى بۇيرۇق پېئىلى . مىسلەن : ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾ (ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرىغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن!).

ئىككىنچىسى ئەمىرنىڭ «لِ» سىغا تۇتاشتۇرۇلغان مۇزارىئە. مەسلەن: ﴿لِيُنفِقْ ذُو سَعَةٍ مِّن سَعَتِهِ﴾ (باي كىشى ئايالىنى ۋە بالىسىنى ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن!).

ئۈچىنچىسى ئەمىر مەنىسىدە كەلگەن «اسمُ فِعْلِ» لار . مەسىلەن : «حَيَّ على الفَلاحِ» (نىجاتلىققا كېلىڭلار!)؛ «عَلَيْكَ بالصَّبْرِ» (سەبرنى لازىم تۇت!) .

تۆتىنچىسى بۇيرۇق پېئىلغا ئورۇن باسار بولغان مەسدەرلەر. مەسىلەن : «سَعْيًا فى الْخَيْرِ» (ياخشىلىققا تىرىشقىن!) .

گاھىدا بۇيرۇق سىغىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ۋاجىپ قىلىشتىن ئىبارەت ئەسلى مەنىلىرىدىن ئەھۋاللارنىڭ قەرىنىسى ۋە جۈملىنىڭ سۆزلىنىشىدىن ئىپادىلىنىدىغان باشقا مەنىلەرگىمۇ چىقىپ كېتىدۇ. تۆۋەندىكىلەر مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا دۇئا ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «رَبِّ اغْفِرْ لِيْ» (پەرۋەردىگارىم مىنى مەغپىرەت قىلغىن) .

2 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا ئىلتىماس ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ئۆزىڭىز بىلەن مەرتىۋە جەھەتتە تەڭ كىشىگە «سَاعِدْنِيْ على إتْمَامِ هذا العَمَلِ» (بۇ ئىشنى تۈگىتىشىمگە ياردەم قىلغىن) دېگىنىڭىزگە ئوخشاش.

### الأمر

الأمْرُ طَلَبُ الفعْلِ على وَجْه الْإسْتْعْلاء ، وَلَهُ أَرْبَعُ صِيَغٍ :

١- فعْلُ الأمْرِ كقوله تعالى ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾ الأعراف١٩٩ .

٢- الْمُضارِع الْمَقْرُوْنُ بِلامِ الأمْرِ كقوله تعالى ﴿لِيُنفِقْ ذُو سَعَةٍ مِّن سَعَتِهِ﴾ الطلاق ٧ .

٣- اسمُ فِعْلِ الأمْرِ نحو حَيَّ على الفَلاحِ ، وعَلَيْكَ بالصَّبْرِ .

٤- الْمَصْدَرُ النَّائبُ عن فِعْلِ الأمرِ نحو سَعْيًا في الْخَيْرِ .

وقد تَخْرُجُ صِيَغُ الأمْرِ عن مَعْنَاهَا الْأَصْلِيّ وهو الْإيجَابُ والإلْزَامُ إلى مَعَانٍ آخَرَ تُسْتَفَادُ من سِيَاقِ الكلامِ وقَرَائِنِ الأحْوَالِ ، منْها :

١- الدُّعَاءُ ، نحو رَبِّ اغْفِرْ لِيْ .

٢- الإلْتِمَاسُ ، كقولكَ لِمَنْ يُسَاوِيْكَ رُتْبَةً : سَاعِدْنِيْ على إتْمَامِ هذا العَمَلِ .

3 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا يول ـ يورۇق ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيْنٍ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى فَاكْتُبُوهُ وَلْيَكْتُب بَّيْنَكُمْ كَاتِبٌ بِالْعَدْلِ ﴾(ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆز ئارا قەرز بىرىشسەڭلار ئۇنى هۆججەت قىلىپ يىزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى كەم ـ زىيادە قىلماي ئادىللىق بىلەن يازسۇن).

4 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا نەسىھەت ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «وكُنْ على حَذَرٍ للناسِ تَسْتُرُهُ * ولا يَغُرَّكَ مِنْهُمْ ثغْرٌ مُبْتَسِمٍ »(كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېھتىياتچان بول، ئۇنى يوشۇر، سىنى ئۇلاردىن كۈلۈمسىرىگەنلىرىنىڭ چىشىنىڭ ئىقى ئالداپ كەتمىسۇن) .

5 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا ئارزۇ ـ ئىستەك ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «أَلَا أَيُّهَا اللَّيْلُ الطَوِيْلُ أَلَا انْجَلِي »(ئى ئۇزۇن كىچە يورىساڭچۇ!) .

6 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا تەھدىد ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿قُلْ تَمَتَّعُواْ فَإِنَّ مَصِيرَكُمْ إِلَى النَّارِ ﴾(ئۇلارغا: دۇنيانىڭ نىمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاقتۇر دىگىن).

7 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا قارشى تەرەپنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈش ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُواْ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ ﴾(بەندىمىز مۇھەممەدكە نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بىقىڭلار).

8 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا بەرىبىر ئىكەنلىكنى ئىپادىلەش ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ فَاصْبِرُوا أَوْ لَا تَصْبِرُوا سَوَاءٌ عَلَيْكُمْ ﴾(مەيلى سەبرى قىلىڭلار مەيلى سەبرى قىلماڭلار، سىلەرگە بەرىبىردۇر).

٣- الْإِرْشَادُ ، كقوله :

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيْنٍ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى فَاكْتُبُوهُ وَلْيَكْتُب بَّيْنَكُمْ كَاتِبٌ بِالْعَدْلِ ﴾البقرة ٢٨٢ .

٤ - النَّصْحُ ، نحو

وكُنْ على حَذَرٍ للناسِ تَسْتُرُهُ * ولا يَغُرَّكَ مِنْهُمْ ثغْرٌ مُبْتَسِمٍ .

٥ - التَّمَنِّى ، كقوله : أَلَا أَيُّهَا اللَّيْلُ الطَوِيْلُ أَلَا انْجَلِي * بِصُبْحٍ وما الْإِصْبَاحُ مِنْكَ بِأَمْثَلِ .

٦- التَّهْدِيدُ ، كقوله تعالى ﴿ قُلْ تَمَتَّعُواْ فَإِنَّ مَصِيرَكُمْ إِلَى النَّارِ ﴾إبراهيم٣٠ .

٧ - التَّعْجِيزُ كقوله تعالى ﴿وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُواْ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ ﴾البقرة٢٣ .

٨ - التَسْوِيَّة كقوله تعالى ﴿ فَاصْبِرُوا أَوْ لَا تَصْبِرُوا ﴾ الطور١٦ .

9 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا دۇرۇسلۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَكُلُواْ وَاشْرَبُواْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَكُمُ الْخَيْطُ الأَبْيَضُ مِنَ الْخَيْطِ الأَسْوَدِ مِنَ الْفَجْرِ﴾ (تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا يەنى تاڭ يورىغانغا قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار).

10 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا مەسخىرە قىلىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿فَلَمَّا عَتَوْاْ عَن مَّا نُهُواْ عَنْهُ قُلْنَا لَهُمْ كُونُواْ قِرَدَةً خَاسِئِينَ﴾ (ئۇلار نەھى قىلىنغان نەرسىنى تەرك ئىتىشتىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا: خار مايمۇن بولۇپ كىتىڭلار دىدۇق).

11 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا ھاقارەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿قُل كُونُواْ حِجَارَةً أَوْ حَدِيداً أَوْ خَلْقاً مِّمَّا يَكْبُرُ فِي صُدُورِكُمْ﴾ {سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تىخىمۇ قىيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (الله سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ)}.

12 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا ئىختىيارلىق بىرىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : « تَزَوَّجْ هِنْدًا أَوْ أُخْتَهَا » (ھىندىخان بىلەن ياكى ئۇنىڭ ھەمشىرىسى بىلەن توي قىل) .

13 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا ئىبرەت ئىلىش كىرەكلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿ انظُرُواْ إِلِى ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ ﴾ (ئۇلارنىڭ يىڭى تۇتقان مىۋىسىگە قاراڭلار).

14 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا ئەجەپلىنىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿انظُرْ كَيْفَ ضَرَبُواْ لَكَ الأَمْثَالَ﴾ (ئۇلارنىڭ سىنىڭ توغراڭدا بىردەم سىھرىگەر، بىردەم شائىر ۋە بىردەم مەجنۇن دىگەندەك نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگىنىگە قارىغىنا!؟).

٩ـ الإِبَاحَةُ كقوله تعالى ﴿ وَكُلُواْ وَاشْرَبُواْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَكُمُ الْخَيْطُ الأَبْيَضُ مِنَ الْخَيْطِ الأَسْوَدِ مِنَ الْفَجْرِ ﴾البقرة١٨٧ .

١٠ـ التَّسْخِيْرُ ، كقوله تعالى ﴿فَلَمَّا عَتَوْاْ عَن مَّا نُهُواْ عَنْهُ قُلْنَا لَهُمْ كُونُواْ قِرَدَةً خَاسِئِينَ ﴾الأعراف١٦٦ .

١١ـ الإِهَانَةُ والتَّحْقِيْر ، كقوله تعالى ﴿قُل كُونُواْ حِجَارَةً أَوْ حَدِيداً أَوْ خَلْقاً مِّمَّا يَكْبُرُ فِي صُدُورِكُمْ﴾الإسراء٥١ – ٥٠ .

١٢ـ التَّخْيِيْرُ كقولك : تَزَوَّجْ هِنْدًا أَوْ أُخْتَهَا .

١٣ـ الإِعْتِبَارُ ، كقوله تعالى ﴿ انظُرُواْ إِلِى ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ ﴾الأنعام٩٩ .

١٤ـ التَّعَجُّبُ كقوله تعالى ﴿انظُرْ كَيْفَ ضَرَبُواْ لَكَ الأَمْثَالَ ﴾الإسراء٤٨ .

١٥ـ الإِمْتِنَانُ ، كقوله تعالى ﴿فَكُلُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ اللّهُ ﴾النحل١١٤ .

١٦ـ الإِذْنُ ، كقولكَ لِمَنْ يَطْرُقُ الْبَابَ : اُدْخُلْ .

١٧ـ الإِكْرَامُ كقوله تعالى ﴿ادْخُلُوهَا بِسَلَامٍ آمِنِينَ ﴾الحجر٤٦

15 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا مەمنۇن بولغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿فَكُلُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ اللّهُ﴾ (« الله » سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن يەڭلار).

16 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا رۇخسەت قىلغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ئىشىكنى چەككەن كىشىگە « اُدْخُلْ » دىگىنىڭىزگە ئوخشاش .

17 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا ھۆرمەتلىگەنلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿ادْخُلُوهَا بِسَلَامٍ آمِنِينَ﴾ (ئۇلارغا جەننەتكە ئامان ـ ئىسەن، تىنىچ كىرىڭلار! دىيىلىدۇ).

## نەهى

نەهى دىگىنىمىز، ئۈزىنى ئۈستۈن تۇتۇش ئاساسىدا (باشقىلاردىن) ئىش ـ ھەركەتنى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىشتۇر. بۇنىڭ بىرلا سىغىسى بولۇپ، ئۇ چەكلىگۈچى «لا» بىلەن بىللە كەلگەن مۇزارىئەدۇر. مەسىلەن: ﴿وَلَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَاحِهَا﴾ («اللہ» پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار).

نەھىنىڭ سىغىسى گاھىدا ئۆزىنىڭ ۋاجىپ قىلىشتىن ئىبارەت ئەسلىي مەنىسىدىن، ئەھۋاللارنىڭ قەرىنىسى ۋە جۈملىنىڭ سۆزلىنىشىدىن ئۇقۇلىدىغان باشقا مەنىلەرگىمۇ چىقىپ كىتىدۇ. تۆۋەندىكىلەر مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

### النهي

النَّهْيُ طَلَبُ الْكَفِّ عن الفعلِ على وَجْه الاستعلاء ، ولهُ صيْغَةٌ وَاحدَةٌ وهي المضارعُ مع لَا الناهيةِ . كقوله تعَالى ﴿وَلَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَاحِهَا﴾الأعراف٥٦ .

وقدْ تَخْرُجُ صيغتُهُ عن معناها الأَصْلي إلى مَعانٍ آخَرَ تُفْهَمُ من سِياقِ الكلام وقرَان الأحْوال . منها :

١- الـدُّعَاءُ ، كقولـه تعـالى ﴿ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا ﴾البقرة٢٨٦ .

٢- الإلْتِمَاسُ، كقولك لمَنْ يُسَاوِيكَ: لا تَبْرَحْ مَكَانَكَ حَتى أَعُودَ إِلَيْكَ .

٣- التَّمَنِّي ، نحو لا تُمْطِرِي أَيَّتُهَا السَّمَاءُ .

٤- التَّهْدِيدُ ، كقولك لخادمك : لا تُطِعْ أَمْرِي .

٥- الإِرْشَادُ ، كقوله تعالى ﴿يَا أَيُّهَا الذينَ آمَنُوا لَا تَسْأَلُوا عَنْ أَشْيَاء إِن تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ ﴾المائدة١٠١

٦- التَّيْئِيسُ ، كقوله تعالى ﴿يَا أَيُّهَا الَّذينَ كَفَرُوا لَا تَعْتَذِرُوا الْيَوْمَ إِنَّمَا تُجْزَوْنَ مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴾التحريم٧ .

٧- التَّوْبِيخُ ، نحو لا تَجْهَدْ نَفْسَكَ فِيمَا تَعبُ فيه الكرامُ .

1 ـ نەھىنىڭ سىغىسى گاھىدا دۇئا ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا﴾ (پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنۇتساق ياكى خاتالاشساق بىزنى جازاغا تارتمىغىن).

2 ـ بۇيرۇق سىغىلىرى گاھىدا ئىلتىماس ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆزىڭىز بىلەن مەرتىۋە جەھەتتە تەڭ كىشىگە «لا تَبْرَحْ مَكَانَكَ حَتى أَعُودَ إِلَيْكَ» (مەن قايتقىچە ئورنىڭىدىن ئايرىلما!) دىگىنىڭىزگە ئوخشاش.

3 ـ نەھىنىڭ سىغىسى گاھىدا ئارزۇ ـ ئىستەك ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «لا تُمْطِرِي أَيَّتُهَا السَّمَاءُ» (ئى ئاسمان! يامغۇر ياغدۇرمىساڭچۇ) .

4 ـ نەھىنىڭ سىغىسى گاھىدا تەھدىد ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : خىزمەتكارىڭىزغا «لا تُطِعْ أَمْرِي» (بۇ يرۇقۇمغا بويسۇنماي باقە) دىگىنىڭىزگە ئوخشاش.

5 ـ نەھىنىڭ سىغىسى گاھىدا يول ـ يورۇق ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿يَا أَيُّهَا الذينَ آمَنُوا لَا تَسْأَلُوا عَنْ أَشْيَاء إِن تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ﴾ (ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق پەيغەمبەردىن سورىماڭلار).

6 ـ نەھىنىڭ سىغىسى گاھىدا ئۈمۈتسىزلەندۈرۈش ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿يَا أَيُّهَا الَّذينَ كَفَرُوا لَا تَعْتَذِرُوا الْيَوْمَ إِنَّمَا تُجْزَوْنَ مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ (ئى كاپىرلار! بۈگۈن ئۆزرە ئېيتماڭلار سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنىلا تارتىسىلەر).

7 ـ نەھىنىڭ سىغىسى گاھىدا كايىش ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «لا تَجْهَدْ نَفْسَكَ فِيمَا تَعبَ فيه الكرامُ» (ئۇلۇغلار قىينىلىپ قالغان نەرسىگە ئۆزىڭنى ئارتۇقچە زورلىمىغىن!).

## ئىستىپھام

ئىستىپھام دىگىنىمىز، تېخىچە مەلۇم بولمىغان نەرسىنى بىلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىشتۇر. ئۇنىڭ ۋاستىلىرى «أ ، وهَلْ ، ومَا ، ومَنْ ، ومَتى ، وأَيَّانَ ، وكَيْفَ ، وأَيْنَ ، وأَنَّى ، وكَمْ ، وأَيٌّ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.
بۇ ۋاستىلار تەلەپ قىلىنىشنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ.
1 ـ ئۇ ئارقىلىق بىر قىتىم تەسەۋۋۇر يەنە بىر قىتىم تەستىق ھەققىدە سورۇلىدىغىنى بولۇپ، بۇ ھەمزىدۇر.
2 ـ ئۇ ئارقىلىق پەقەت تەستىق ھەققىدىلا سورۇلىدىغىنى بولۇپ، بۇ «هَلْ» دۇر.
3 ـ ئۇ ئارقىلىق پەقەت تەسەۋۋۇر ھەققىدىلا سورۇلىدىغىنى بولۇپ، بۇ يۇقىرىقى ئىككىسىدىن باشقىلىرىدۇر.
تۆۋەندە بۇ ئۈچى بىلەن تەپسىلى تونۇشۇپ ئۆتىمىز.
1 ـ ھەمزە :

الاستفهام

الإِسْتِفْهَامُ طَلَبُ الْعِلْمِ بِشَيْءٍ لم يكنْ مَعْلومًا مِنْ قَبْلُ . وأدواتُهُ : الهمزةُ ، وهَلْ ، ومَا ، ومَنْ ، ومَتى، وأَيَّانَ ، وكَيْفَ، وأَيْنَ، وأَنَّى، وكَمْ ، وأَيٌّ .

وهذه الأدواتُ تَنْقَسِمُ بِحَسْبِ الطَّلَبِ إلى ثلاثةِ أَقْسَامٍ :

١) ما يُطْلَبُ به التَّصَوُّرُ تارَّةً والتَّصْدِيْقُ تارَّةً أُخْرى ، وهو الهمزةُ .

٢) ما يُطْلَبُ به التَّصديقُ فقطْ ، وهو هَلْ .

٣) ما يُطلبُ به التصورُ فقطْ وهو بَقِيَّةُ أَلْفَاظِ الإِسْتِفهامِ.

١- الهَمْزَةُ :

فالهمزةُ يُطْلَبُ بِها التصورُ أو التصديقُ .

والتصورُ هو إِدْرَاكُ المُفْرَدِ ، والمَسْؤُلُ عنهُ في هذه الحالِ ما يلي الهمزةَ ، سَواءٌ أَكَانَ مُسندًا إليه نحو أ عَلِيٌّ بَنى هذه الدارَ ؟، أم مسندًا نحو أ أَكْرَمْتَ مَحْمُودًا ؟، أم مفعلًا نحو أ إِيَّايَ تُرِيْدُ ؟، أم حالًا نحو أ راكبًا جِئْتَ ؟ ، أم ظرفًا نحو أ يومَ الجمعةِ قَدِمْتَ ؟، أ في المسجدِ صَلَّيْتَ؟ وهكذا .

ھەمزە ئارقىلىق تەسەۋۋۇر، ياكى تەستىق سورۇلىدۇ. مەسىلەن : «أَ قَامَ زيدٌ أَمْ قَعَدَ ؟»، «أ قَدِمَ زيدٌ ؟». بىرىنچى مىسالدا سۇئال سورىغۇچى، زەيدنىڭ ئولتۇرۇش ياكى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلغانلىقىنى (يەنى نىسبەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى) بىلىسىمۇ قايسىنى قىلغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن ئىككىنىڭ بىرىنى تەيىن قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئىككىنچى مىسالدا سۇئال سورىغۇچى، «كىلىش» تىن ئىبارەت ئىشنى «زيدٌ» نىڭ قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى (يەنى نىسبەتنىڭ يۈز بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىنى) بىلمىگەنلىكتىن ئىشنىڭ يۈز بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىنى سورىغان، شۇڭا بۇ سۇئالغا، زەيد كەلدى دىمەكچى بولسا «نَعَمْ» دىيىش ئارقىلىق، كەلمىدى دىمەكچى بولسا «لا» دىيىش ئارقىلىق جاۋاپ بىرىدۇ.
تەسەۋۋۇر دىگىنىمىز، پەقەت مۇپرەتنىلا بىلىشتۇر. مەسىلەن : «أَ زيدٌ قَامَ أَمْ عمرٌو؟». بۇ مىسالدا سۇئال سورىغۇچى، «ئورنىدىن تۇرۇش» تىن ئىبارەت ئىشنىڭ يۈز بېرىپ بولغانلىقىنى بىلسىمۇ ئۇنىڭ كىم تەرىپىدىن يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سورىغان. دىمەك يۇقىرىقى ئىككى مىسالدا ئىش ـ ھەركەتنىڭ يۈز بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىنى سورىغانلىقتىن بۇ سوئال تەستىق ھەققىدىكى سوئال ھىسابلانغان ئەمما، كېيىنكى مىسالدا ئىش ـ ھەركەتنىڭ كىم تەرىپىدىن يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدە سورالغانلىقتىن بۇ سوئال تەسەۋۋۇر ھەققىدىكى سوئال ھىسابلارنغان.
بۇنداق (ھەمزە ئارقىلىق تەسەۋۋۇر ھەققىدە سورالغان) ئەھۋالدا ھەمزىگە ئۇلىشىپلا كەلگەن نەرسە ئۆزى ھەققىدە سورالغان نەرسىنە بولىدۇ. ھەتتا «أ عَلِيٌّ بَنى هذه الدارَ؟» دىگەنگە ئوخشاش مۇسنەدۇن ئىلەي بولىشىدىن ياكى «أَ قَامَ زيدٌ؟» دىگەنگە ئوخشاش مۇسنەد بولىشىدىن ياكى «أ إِيَّايَ تُرِيْدُ؟» دىگەنگە ئوخشاش مەپئۇل بولىشىدىن ياكى «أ راكبًا جِئْتَ؟» دىگەنگە ئوخشاش ھال بولىشىدىن ۋە ياكى «أ يومَ الجمعةِ قَدِمْتَ؟»؛ «أ في المسجد صَلَّيْتَ» دىگەنلەرگە ئوخشاش زەرىپ بولىشىدىن قەتئى نەزەر ھەمزىدىن كىيىن كەلگەن نەرسە ئۆزى ھەققىدە سورالغۇچى ھىساپلىنىدۇ.

ھەمزىنىڭ، كۆپىنچە «أَمْ» دىن كېيىن زىكىر قىلىنىدىغان قارشى تەرىپى بولىدۇ. مەسىلەن : «أ أنت المسافرُ أَمْ أخوك ؟ »؛ «أ راكبا جئت أم ماشيا ؟ »؛ «أ يومَ الجمعةِ يَسْتَرِيحُ العَمَّالُ أم يومَ الأَحَدِ ؟ ». ئۇ قارشى تەرەپ گاھىدا ھەزىپ قىلىنىپمۇ كېتىدۇ. مەسىلەن : ﴿قَالُوا أَأَنتَ فَعَلْتَ هَذَا بِآلِهَتِنَا يَا إِبْرَاهِيمُ﴾ (ئۇلار: «ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟» دېدى).

يۇقىرىقى مىساللاردا جۈملىدىكى نىسبەت سۇئال سورىغان كىشىگە ئېنىق بولغانلىقتىن ئۇ نىسبەتنى سورىمىغان، بەلكى مۇپرەتنى سورىغان ۋە ئۇنى تەيىن قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. شۇڭا بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن «أَمْ» ئەسلىي ھۆكۈمنىڭ سابىت بولغىنىدىن كېيىن قارىمۇ-قارشى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنى تەيىن قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن «أَمْ» ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئادەتتە «أَمْ الْمُتَّصِلَةُ» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەستىق دېگىنىمىز، جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىسپەتنى بىلىشتۇر. بۇنداق (ھەمزە ئارقىلىق تەستىق ھەققىدە سورالغان) ئەھۋالدا ھەمزىدىن كېيىنكى كەلىمىنىڭ قارشى تەرىپىنى زىكىر قىلىش چەكلىنىدۇ ۋە يەنە ئۇ ھەمزىنىڭ پېئىللىق جۈملىگە كىرىشى كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن: «أ قَدِمَ زيدٌ؟ »؛ «أ تَتَحَرَّكُ الأرضُ ؟ » مۇتەكەللىم بۇ يەردە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىسپەتنىڭ يۈز بەرگەن-بەرمىگەنلىكى ھەققىدە ئىككىلىنىپ قالغان ۋە مۇشۇ سەۋەپتىن نىسپەتنى بىلىشنى تەلەپ قىلغان، شۇڭا بۇ كىشىگە بېرىلىدىغان جاۋاپ نىسپەتنى ئىسپاتلاش ئىرادە قىلىنسا «نَعَمْ» دېيىش ئارقىلىق، ئىسپاتلىماسلىق ئىرادە قىلىنسا «لا» دېيىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئەگەر «أَمْ» تەستىقنىڭ ھەمزىسىدىن كېيىن كېلىپ قالسا ئۇ مۇنقەتىئە دەپ مۆلچەرلىنىدۇ ۋە بۇ چاغدا «بَلْ» مەنىسىدە بولىدۇ. مەسىلەن : «أ جاء إِبْلٌ أَمْ شاةٌ»(تۆگە كەلدىمۇ؟ بەلكى قوي كەلگەنمىتى يا؟!) دېگىنىڭىزگە ئوخشاش.

و يكون للهمزةِ مُعَادلٌ يُذْكَرُ بعد أَمْ غالبًا نحو أ أنت المسافرُ أَمْ أخوك ؟ وأ راكبا جئت أم ماشيا ؟ و أيوم الجمعة يَسْتَرِيحُ العَمَّالُ أم يومَ الأَحَدِ ؟ وقَدْ يُحْذَفُ الْمُعَادِلُ نحو ﴿قَالُوا أَأَنتَ فَعَلْتَ هَذَا بِآلِهَتِنَا يَا إِبْرَاهِيمُ﴾ الأنبياء ٦٢، ففي هذه الأَمْثِلة لا يُطْلَبُ مَعْرِفَةُ النِّسْبَةِ لأَنَّها مَعْرُوفَةٌ له ، ولكنَّه يَسْأَلُ عن مُفْرَد ويطلب تَعْيِيْنَهُ ، ولِذَا يُجَابُ بِالتَّعْيِيْنِ . وتُسمى أَمْ هذه مُتَّصِلَةً ، لأَنَّها لِتَعْيِينِ أَحَدِ الْمُعَادِلَيْنِ بَعْدَ ثُبُوتِ أَصْلِ الْحُكْمِ .

والتصديقُ هو إِدْرَاكُ النِّسْبَةِ ، وفي هذه الحال يَمْتَنِعُ ذِكْرُ الْمُعَادِلِ ، ويَكْثُرُ دُخُولُها على الجملة الفعلية نحو أ قَدِمَ زيدٌ؟ وأ تَتَحَرَّكُ الأرضُ ؟ والْمُتَكلمُ هُنَا مُتَرَدِّدٌ بينَ ثبوت النسبة ونفيها ، ولذلك يَطلبُ معرفةَ النسبةِ ، ويكونُ جوابُهُ بِنَعَمْ إنْ أُرِيدَ الإثباتُ ، و بلا إنْ أُرِيدَ النَّفي .

فإنْ جاءتْ أَمْ بعدَ همزةِ التصديقِ قُدِّرَتْ مُنْقَطِعَةً ، وتكون بمعنى بَل .

**2 -** هل :

«هَلْ» ئارقىلىق پەقەت تەستىقلا سورىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپنى زىكىر قىلىش چەكلىنىدۇ. ئۇ «هَلْ» پېئىلىيە ۋە ئىسمىيەدىن ئىبارەت ئىككى خىل جۈملىگە كىرىدۇ. مەسىلەن : «هَلْ قَدِمَ أَخُوكَ ؟»؛ «هَلْ أَخُوكَ قَادِمٌ ؟». «هَلْ» ئارقىلىق سورالغان سوئالغا «نَعَمْ» ياكى «لَا» دېيىش ئارقىلىق جاۋاپ بېرىلىدۇ.

٢- هل :

وهَلْ يُطْلَبُ بِهَا التصديقُ فقطْ ، ويَمْتَنِعُ مَعَها ذكْرُ الْمُعَادِل ، وتَدخُلُ على الْجُمْلَتَيْنِ نحو هَلْ قَدِمَ أَخُوكَ ؟ وهَلْ أَخُوكَ قَادِمٌ ؟ ويُجَابُ بِنَعَمْ أوْ لَا .

<u>الفَرْقُ بينَ الهمزة وهَلْ :</u>

بَيْنَ الهمزةِ وهَلْ فُرُوْقٌ ، فَهَلْ لا تَدخلُ على النفي ، ولا على الْمضارع الذي للحالِ ، ولا على الشرطِ ، ولا على إنَّ ، ولا على حَرْفِ العطفِ ، بخلافِ الهمزةِ فإنَّها تَدخل على جَمِيْعِ ما ذُكِرَ .

٣- بقيةُ أدوات الاستفهام :

وبقيةُ أدواتِ الإسْتفهامِ لطَلَبِ التصورِ فَقَطْ ، فيُسْأَلُ بها عن مَعْنَاهَا ، و يكون الجوابُ معها بتَعْيِيْنِ المَسؤولِ عنه .

فـ ( مَنْ ) يُطلب بها تعيينُ أفْرادِ العُقلاء كقولك : مَنْ في الدار ؟

و(مَا) يُطلب بها شَرْحُ الإسْمِ أو حقيقةُ الْمُسَمَّى نحو ما الكري ؟ وما الإنسانُ؟ ويسأل بها عن الوصفِ .

<u>هەمزە بىلەن «هَلْ» نىڭ ئوتتىرىسىدىكى پەرىق :</u>

هەمزە بىلەن «هَلْ» نىڭ ئوتتىرىسىدا نۇرغۇن پەرىقلەر بولۇپ، «هَلْ» نەپى، هال مەنىسىدىكى مۇزارىئە، شەرت، «إِنَّ» ۋە ئەتپى هەرپلىرى قاتارلىقلارغا كىرمەيدۇ. مانا بۇ ئەھۋاللار هەمزىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، هەمزە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغانلارنىڭ هەممىسىگە كىرىۋېرىدۇ.

**3 -** ئىستىپھام ۋاستىلىرىنىڭ يۇقىرىقى ئىككىسىدىن باشقىلىرى:

ئىستىپھام ۋاستىلىرىنىڭ قالغانلىرى پەقەت تەسەۋۋۇرنى سوراش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىپ، شۇ ۋاستىلارنىڭ مەنىسى سورىلىدۇ. ئۇلارغا بېرىلىدىغان جاۋاپمۇ سورالغان نەرسىنى تەيىن قىلىپ بېرىش ئارقىلىق بولىدۇ.

«مَنْ» ئارقىلىق ئەقىللىقلەرنىڭ بىرەرسىنى تەيىن قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «مَنْ فى الدار؟».

«مَا» ئارقىلىق ئىسمنى شەرھلەپ بېرىش ياكى تىلغا ئېلىنغان نەرسىنىڭ ماهىيىتىنى بايان قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «ما الكري ؟»(كەرا دېگەن نېمە؟)، «وما الإنسانُ؟»(ئىنسان دېگەن نېمە؟). بىرىنچى مىسالدا سوئال سورىغۇچى «الكري» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلەلمەي ئۇنى چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىنغانلىقتىن ئۇنىڭغا «تۆگە قۇشنىڭ ئىسمى» دەپ جاۋاپ بېرىلىدۇ، ئىككىنچى مىسالدا «الإنسانُ» دېگەن سۆزنىڭ ماهىتىنى چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىنغانلىقتىن ئۇنىڭغا «إنه حَيْوَانٌ نَاطِقٌ» دەپ جاۋاپ بېرىلىدۇ. ۋە يەنە ئۇ ئارقىلىق مەلۇم بىر نەرسىنىڭ سۈپىتى هەققىدىمۇ سورىلىدۇ. مەسىلەن : «ما زيدٌ؟» دېگەن كىشىگە «طويلٌ» دەپ جاۋاپ بەرگەنگە ئوخشاش.

«مَتَى» ئارقىلىق مازى ياكى مۇستەقبەل بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ۋاقىتنى تەيىنلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.
مەسىلەن : «متى جئتَ؟»؛ «متى تَذهبُ؟».
«أَيَّانَ» ئارقىلىق پەقەت كېلەچەك زامانىنى تەيىنلەشلا تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنى مۇبالىغە ئورۇنلىرىدىلا ئىشلىتىلىدۇ دەيدىغان قاراشمۇ بار. مەسىلەن : ﴿يَسْأَلُ أَيَّانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ﴾ (ئۇ : قىيامەت كۈنى قاچان بولىدۇ دەپ سورايدۇ).
«كيف» ئارقىلىق ئەھۋالنى تەيىنلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن :«كَيْفَ أنتَ؟».

و (مَتَى) يُطلب بها تعيينُ الزمانِ ، مَاضِيًا كان أو مُستقبلا نحو متى جئتَ ؟ ومتى تذهبُ ؟
و (أَيَّانَ) يُطلب بها تعيينُ الزمانِ الْمُستقبلِ خاصةً ، وقيْلَ تُستعمَلُ في مَواضِعِ التفخيمِ والتهويلِ ، كمَا في قولِه تعالى ﴿يَسْأَلُ أَيَّانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ﴾ القيامة٦ .
و (كَيفَ) يطلب بها تعيينُ الحالِ نحو كَيْفَ أنتَ ؟
و (أين) يطلب بها تعيينُ المكَانِ نحو أينَ بَيْتُكَ ؟ وأينَ تَذْهَبُ ؟
و (أَنَّى) تَأْتِى لمعَانٍ عدَّة ، فتكون بمعنى (كَيْفَ) كقوله تعالى ﴿قَالَ أَنَّى يُحْيِي هَٰذِهِ اللَّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا﴾ البقرة٢٥٩ . وبمعنى (مِنْ أينَ) كقوله تعالى ﴿قَالَ يَا مَرْيَمُ أَنَّى لَكِ هَٰذَا﴾ آل عمران٣٧، وبمعنى (متى) نحو أنى يَحضرُ الغائبونَ ؟
و(كَمْ) يطلب بها تعيينُ العدد المبهمِ نحو كَمْ لَبِثْتُمْ ؟
و (أيٌّ) يطلب بها تعيينُ أَحدِ الْمُتشاركَيْنِ في شئٍ يَعُمُّهُمَا نحو أيُّ الأخوينِ أكْبَرُ سِنًّا ؟ ويُسألُ بهَا عن الزمانِ والمَكَانِ والحالِ والعددِ والعاقلِ وغيرِه حَسْبَ ما تُضاف إليه ، ولذَا تأخذ أيٌّ معناها ممَّا تُضاف إليه .

«أَيْنَ» ئارقىلىق ئورۇننى تەيىنلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «أَينَ بَيْتُكَ؟»؛ «أَينَ تَذْهَبُ ؟».
«أَنَّى» بىر قانچىلىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدىغان بولۇپ، ﴿قَالَ أَنَّىٰ يُحْيِي هَٰذِهِ اللَّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا﴾ (ئۇ: «اللّٰه بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر» دېدى) دىگەنگە ئوخشاش «كَيْفَ» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ، ۋە ﴿قَالَ يَا مَرْيَمُ أَنَّىٰ لَكِ هَٰذَا﴾ (ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى) دىگەنگە ئوخشاش «مِنْ أَينَ» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ، شۇنداقلا «أنى يَحضرُ الغائبونَ ؟» (يوقلار قاچان كېلىدۇ؟) دىگەنگە ئوخشاش «متى» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ.
«كَمْ» ئارقىلىق نامەلۇم بولغان سانىنى تەيىنلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «كَمْ لَبِثْتُمْ ؟» (قانچىلىك تۇردۇڭلار).

«أيٌّ» ئارقىلىق ھەر ئىككىسىگە ئورتاق بولغان نەرسىدە شېرىكلىشىپ قالغان ئىككى شېرىكنىڭ بىرىنى تەيىنلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «أيُّ الأخوين أكْبَرُ سِنًّا؟» (ئىككى قېرىنداشنىڭ قايسىسىنىڭ يېشى چوڭ؟). ۋە يەنە «أيٌّ» غا ئىزاپ قىلىنغان نەرسىگە قاراپ ئۇ ئارقىلىق ۋاقىت، ئورۇن، ھال،سان، ئاقىل ۋە غەيرى ئاقىللارنىڭ ھەممىسى ھەققىدە سورىلىدۇ. شۇڭا «أيٌّ» ئۆزىنىڭ مەنىسىنى ئۆزىگە ئىزاپ قىلىنغان نەرسىدىن ئالىدۇ دەيمىز. چۈنكى بۇ «أيٌّ» ھەرىپتۇر.

يۇقىرىقى ئىستىپھام ۋاستىلىرىنىڭ، «نامەلۇمنى بىلىشنى تەلەپ قىلىش» تىن ئىبارەت ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىدىن باشقا مەنىلەردە ئىشلىتىلىشى :

ئىستىپھام ۋاستىلىرى گاھىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىدىن جۈملىنىڭ سۆزلىنىشىدىن ئىپادىلىنىدىغان باشقا مەنىلەرگە چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1 - دوكىلات بەرگۈزۈش ئۈچۈن . مەسىلەن : ﴿وَإِذْ قَالَ اللّهُ يَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ أَأَنتَ قُلتَ لِلنَّاسِ اتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَـهَيْنِ مِن دُونِ اللّهِ﴾ (ئۆز ۋاقتىدا اللّهُ ئېيتتى:«ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، اللّهُ نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار دېدىڭمۇ؟»).

2 - نەپىي ئۈچۈن . مەسىلەن : ﴿هَلْ جَزَاء الْإِحْسَانِ إِلَّا الْإِحْسَانُ﴾ (ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ). بۇ ئايەتتىكى «هَلْ» نەپىي مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

3 - ئىنكار ئۈچۈن. مەسىلەن : ﴿قُلْ أَرَأَيْتُكُم إِنْ أَتَاكُمْ عَذَابُ اللّهِ أَوْ أَتَتْكُمُ السَّاعَةُ أَغَيْرَ اللّهِ تَدْعُونَ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾ (ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار ئېيتىپ بېقىڭلار، ئەگەر سىلەرگە اللّهُ نىڭ ئازابى ياكى قىيامەت كەلسە، اللّهُ دىن غەيرىگە ئىلتىجا قىلامسىلەر؟»). بۇ ئايەتتىكى «أ» ئىنكار مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

استعمالُ هذه الأدوات في غير معناها الحقيقي (الأصلي وهو طلب العلم بمجهول ) .

وقَدْ تَخْرُجُ أَلْفاظُ الإسْتفهامِ عن مَعَانِيْهَا الأَصْلِيَّة ( الحقيقية ) إلى مَعانٍ أُخْرى تُسْتَفَادُ مِن سياقِ الكلامِ ، منها :

١- التقريرُ ، كقوله تعالى ﴿وَإِذْ قَالَ اللّهُ يَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ أَأَنتَ قُلتَ لِلنَّاسِ اتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَـهَيْنِ مِن دُونِ اللّهِ﴾المائدة١١٦ .

٢- النَّفـي ، كقوله تعالى ﴿هَـلْ جَـزَاء الْإِحْسَـانِ إِلَّـا الْإِحْسَانُ﴾الرحمن٦٠ .

٣- الإنْكارُ ، كقوله تعالى ﴿قُلْ أَرَأَيْتُكُم إِنْ أَتَاكُمْ عَذَابُ اللّهِ أَوْ أَتَتْكُمُ السَّاعَةُ أَغَيْرَ اللّهِ تَدْعُونَ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾الأنعام٤٠ .

٤- الأمْرُ ، كقوله تعالى ﴿إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاء فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ اللّهِ وَعَنِ الصَّلاَةِ فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ﴾المائدة٩١ أي انتهوا .

4 - بۇيرۇق ئۈچۈن . مەسىلەن : ﴿إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاء فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ اللّهِ وَعَنِ الصَّلاَةِ فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ﴾ (شەيتان ھاراق ۋە قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە اللّهُ نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى ھاراق ۋە قىماردىن يانامسىلەر؟). بۇ ئايەتتىكى «هَلْ» ئىنكار مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

5 ـ نەھى ئۇچۇن . مەسىلەن : ﴿أَلَا تُقَاتِلُونَ قَوْمًا نَّكَثُوا أَيْمَانَهُمْ وَهَمُّوا بِإِخْرَاجِ الرَّسُولِ وَهُم بَدَءُوكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ أَتَخْشَوْنَهُمْ فَاللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَوْهُ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾( قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچماسىلەر؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار ، قورقۇشۇڭلارغا اللہ ئەڭ لايىقتۇر). بۇ ئايەتتىكى «أَ» نەھى مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

6 ـ بەرىبەرلىك ئۇچۇن .

مەسىلەن : ﴿قَالُوا سَوَاءٌ عَلَيْنَا أَوَعَظْتَ أَمْ لَمْ تَكُن مِّنَ الْوَاعِظِينَ﴾(ئۇلار ئېيتتى: «نەسىھەت قىلامسەن، قىلمامسەن بىزگە بەرىبىر»). بۇ ئايەتتىكى «أَ» بەرىبەرلىك مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

7 ـ ئارزۇ ـ ئىستەكنى ئىپادىلەش ئۇچۇن .

مەسىلەن : ﴿فَهَل لَّنَا مِن شُفَعَاءَ فَيَشْفَعُوا لَنَا﴾(بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟). بۇ ئايەتتىكى «هَل» ئارزۇ ـ ئىستەك مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

8 ـ ئۇچۇن . مەسىلەن : ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ﴾(ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازاپتىن قۇتقۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟). بۇ ئايەتتىكى «هَل» قىزىقتۇرۇش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

9 ـ چوڭ كۆرسىتىش ئۇچۇن . مەسىلەن : ﴿الْحَاقَّةُ مَا الْحَاقَّةُ﴾(قىيامەت . قىيامەت نىمىدۇر؟). بۇ ئايەتتىكى «مَا» چوڭ كۆرسىتىش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

10 ـ كۆزگە ئىلماسلىقنى ئىپادىلەش ئۇچۇن . مەسىلەن : «أَ هذا الذي مَدَحْتَهُ كَثِيْرًا؟»(سەن كۆپ ماختىغان كىشى ئېشۇمۇ؟). بۇ ئايەتتىكى «أَ» كۆزگە ئىلماسلىق مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

٥- النَّهىُ ، كقوله تعالى ﴿أَلَا تُقَاتِلُونَ قَوْمًا نَّكَثُوا أَيْمَانَهُمْ وَهَمُّوا بِإِخْرَاجِ الرَّسُولِ وَهُم بَدَءُوكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ أَتَخْشَوْنَهُمْ فَاللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَوْهُ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾التوبة١٣ .

٦- التَّسْوِيَةُ ، كقوله تعالى ﴿قَالُوا سَوَاءٌ عَلَيْنَا أَوَعَظْتَ أَمْ لَمْ تَكُن مِّنَ الْوَاعِظِينَ﴾الشعراء١٣٦ .

٧- التمني ، كقوله تعالى ﴿فَهَل لَّنَا مِن شُفَعَاءَ فَيَشْفَعُوا لَنَا﴾الأعراف٥٣ .

٨- التَّشْوِيقُ ، كقوله تعالى ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ﴾الصف١٠ .

٩- التعظيمُ ، كقوله : ﴿الْحَاقَّةُ مَا الْحَاقَّةُ﴾ الحاقة٢ - ١

١٠- التحقيرُ ، كقولك : أَ هذا الذي مَدَحْتَهُ كَثِيْرًا ؟

11 ـ تەئەججۈپنى ئىپادىلەش ئۈچۈن . مەسىلەن : ﴿وَقَالُوا مَالِ هَذَا الرَّسُولِ يَأْكُلُ الطَّعَامَ وَيَمْشِي فِي الْأَسْوَاقِ﴾ (مۇشرىكلار «بازارلاردا تاماق يەيدىغان ۋە ئۇنىڭدا مىڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟» دېدى). بۇ ئايەتتىكى «مَا» تەئەججۈپ مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

12 ـ يىراق ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن . مەسىلەن : ﴿أَنَّى لَهُمُ الذِّكْرَى وَقَدْ جَاءَهُمْ رَسُولٌ مُّبِينٌ ثُمَّ تَوَلَّوْا عَنْهُ وَقَالُوا مُعَلَّمٌ مَّجْنُونٌ﴾ (ئۇلار قانداقمۇ ئىبرەت ئالسۇن، ھالبۇكى، ئۇلارغا رۇشەن پەيغەمبەر كەلدى. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆردى ۋە : «ئۇ ئۈگىتىلگەندۇر، مەجنۇندۇر» دېدى). بۇ ئايەتتىكى «أَنَّى» يىراق ساناش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

13 ـ ئاستا دەپ قارىغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن . مەسىلەن : ﴿مَّسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللَّهِ قَرِيبٌ﴾ (سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەر ئىغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۈچىتىۋېتىلگەن ئىدى ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: «اللّٰه نىڭ يارىدىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى). بۇ ئايەتتىكى «مَتَى» ئاستا دەپ قارىغانلىق مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

14 ـ قورقۇتۇش ئۈچۈن . مەسىلەن : ﴿أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِعَادٍ﴾ (پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئادنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟). بۇ ئايەتتىكى «أَ» قورقۇتۇش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

15 ـ ئىزا تارتقۇزۇش ۋە مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن . مەسىلەن : ﴿قَالُوا يَا شُعَيْبُ أَصَلَاتُكَ تَأْمُرُكَ أَن نَّتْرُكَ مَا يَعْبُدُ آبَاؤُنَا﴾ (ئۇلار:«ئى شۇئەيب! سىنىڭ نامىزىڭ سىنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا بۇيرۇمدۇ؟» دېدى). بۇ ئايەتتىكى «أَ» ئىزا تارتقۇزۇش ۋە مەسخىرە قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

16 ـ مۇخاتەپنىڭ ئىزىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىتا تەنبىھ بېرىش ئۈچۈن . مەسىلەن : ﴿فَأَيْنَ تَذْهَبُونَ﴾ (قەيەرگە بارىسىلەر؟). بۇ ئايەتتىكى «أَيْنَ» تەنبىھ بېرىش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

ۋە يەنە بۇلاردىن باشقا مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

١١- التعجبُ ، كقوله تعالى ﴿وَقَالُوا مَالِ هَذَا الرَّسُولِ يَأْكُلُ الطَّعَامَ وَيَمْشِي فِي الْأَسْوَاقِ﴾ الفرقان٧.

١٢- الإسْتِبْعَادُ ، كقوله تعالى ﴿أَنَّى لَهُمُ الذِّكْرَى وَقَدْ جَاءَهُمْ رَسُولٌ مُّبِينٌ ثُمَّ تَوَلَّوْا عَنْهُ وَقَالُوا مُعَلَّمٌ مَّجْنُونٌ﴾ الدخان١٣- ١٤

١٣ - الإسْتِبطاءُ ، كقوله تعالى ﴿مَّسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللَّهِ قَرِيبٌ﴾ البقرة٢١٤.

١٤- الوَعِيْدُ، كقوله تعالى ﴿أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِعَادٍ﴾ الفجر٦.

١٥- التَّهَكُّمُ والإسْتِهزاءُ ، كقوله تعالى ﴿قَالُوا يَا شُعَيْبُ أَصَلَاتُكَ تَأْمُرُكَ أَن نَّتْرُكَ مَا يَعْبُدُ آبَاؤُنَا﴾ هود٨٧.

١٦- التَّنْبِيْهُ على ضَلالِ المُخَاطَبِ ، كقوله تعالى ﴿فَأَيْنَ تَذْهَبُونَ﴾ التكوير٢٦.

إلى غيرِ ذلك مِن المعاني التي لم يردْ فيه الإستفهامُ الحقيقيُّ .

«التمني» دېگىنىمىز، مۇمكىنچىلىگىنىڭ بولمىغانلىقى ياكى يۈز بېرىشى ئېھتىمالدىن يىراق بولغانلىقى سەۋەبىدىن ھاسىل بولۇشى ئۈمۈت قىلىنمايدىغان ياخشى كۆرۈلگۈچى نەرسىنى تەلەپ قىلىشتۇر. ئەۋۋەلقى (مۇمكىنچىلىكى بولمىغان) نىڭ مىسالى: «لَيْتَ الشَّبَّابُ يَعُودُ»(كاشكى ياشلىق قايتىپ كەلسىكەن) ، ئىككىنچى (يۈز بېرىشى ئېھتىمالدىن يىراق بولغان) نىڭ مىسالى: قىيىنچىلىقتا قالغان كىشىنىڭ «لَيْتَ لِيْ أُلْفَ دِيْنَار !»(كاشكى مېنىڭ مىڭ تەڭگەم بولسىكەن) دېگەن سۆزىگە ئوخشاش .

## التمني

التمني طَلَبُ شئ مَحْبوب لا يُرْجي حصولُهُ ، لكونه مُستحيلًا أو بَعيْدَ الوُقوعِ . الأول كَقوله : لَيْتَ الشَّبَّابَ يَعُوْدُ ، والثاني كَقول الْمُعْسِرِ : لَيْتَ لِي أُلْفَ دِيْنَار !

و الأَداةُ الأَصْلِيَّةُ للتَّمني هي لَيْتَ .

وقَدْ يَتمَنَّي بِـ هَلْ ولَوْ ولَعَلَّ ، كَقوله تعالى ﴿ فَهَلْ لَنَا مِن شُفَعَاءَ فَيَشْفَعُوا لنَا ﴾الأعراف٥٣ . و ﴿ فَلَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَكُونَ مِنَ الْمُؤْمنِينَ ﴾الشعراء١٠٢ . و ﴿ وَقَالَ فِرْعَوْنُ يَا هَامَانُ ابْنِ لِي صَرْحًا لَعَلِّي أَبْلُغُ الْأَسْبَابَ أَسْبَابَ السَّمَاوَاتِ فَأَطَّلِعَ إِلَى إِلَٰهِ مُوسَىٰ وَإِنِّي لَأَظُنُّهُ كَاذِبًا ﴾غافر٣٧ – ٣٦ .

و إذا كانَ الأَمْرُ الْمَحبوبُ ممَّا يُرجي حُصولُهُ كان طلبُهُ تَرْجِيًّا ، ويُعَبَّرُ فيه بِعَسَى ولَعَلَّ ، كَقوله تعالى ﴿ فَعَسَى اللَّهُ أَن يَأْتِيَ بِالْفَتْحِ ﴾المائدة٥٢ . و ﴿ لَعَلَّ اللَّهَ يُحْدِثُ بَعْدَ ذَٰلِكَ أَمْرًا ﴾الطلاق١ .

وقَدْ يُسْتَعْمَلُ فيه لَيْتَ ، لِغَرَضٍ وهو إبْرَازُ الْمَرْجُوِّ في صورةِ الْمُستحيْلِ ، مُبَالغةً في بُعُدِ نَيْلِه .

ئارزۇ ـ ئىستەكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن ئەسلى ۋاستە، «لَيْتَ» دۇر.

گاھىدا «هَلْ ولَوْ ولَعَلَّ» قاتارلىقلار ئارقىلىقمۇ ئارزۇ قىلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿ فَهَلْ لَنَا مِن شُفَعَاءَ فَيَشْفَعُوا لَنَا ﴾(بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟). ﴿ فَلَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَكُونَ مِنَ الْمُؤْمنِينَ ﴾ (ئەگەر بىزگە دۇنياغا قايتىش پۇرستى بولسا ئىدى بىز ئەلۋەتتە مۆئمىنلەردىن بولاتتۇق) .

﴿ وَقَالَ فِرْعَوْنُ يَا هَامَانُ ابْنِ لِي صَرْحًا لَعَلِّي أَبْلُغُ الْأَسْبَابَ أَسْبَابَ السَّمَاوَاتِ فَأَطَّلِعَ إِلَى إِلَٰهِ مُوسَىٰ وَإِنِّي لَأَظُنُّهُ كَاذِبًا ﴾ (پىرئەۋن «ئى ھامان! ماڭا ئېگىز بىر بىنا سالغىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن دەرۋازىلارغا ـ ئاسمانىنىڭ دەرۋازىلىرىغا يېتىشىم مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرەي، مەن ھەقىقەتەن مۇسانى يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمەن»دېدى).

ئەگەر ياخشى كۆرۈلگۈچى، ھاسىل بولۇشى ئۈمۈت قىلىنىدىغان ئىش بولسا ئۇنى تەلەپ قىلىش ئۈمۈت قىلىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، بۇ «عَسى» ۋە «لَعَلَّ» قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿ فَعَسَى اللَّهُ أَن يَأْتِيَ بِالْفَتْحِ ﴾(اللَّهَ غەلبە ئاتا قىلىدۇ). ﴿ لَعَلَّ اللَّهَ يُحْدِثُ بَعْدَ ذَٰلِكَ أَمْرًا ﴾( اللَّهَ شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرىشى مۇمكىن).

ئۈمۈتنى ئىپادىلەشتە مەقسەتلىك ھالدا «لَيْتَ» مۇ ئىشلىتىلىپ قالىدۇ. ئۇنى ئىشلىتىشتىكى مەقسەت، ئېرىشىش مۇمكىنچىلىگىنىڭ يىراقلىقىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن، ئېھتىمالى بار نەرسىنى ئېھتىمالى يوق سۈرەتتە كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

## نىدا

«النداءُ» دىگىنىمىز، «أدْعُو» نىڭ ئورنىدا كەلگەن ھەرىپ ئارقىلىق ئۆزىگە، مۇخاتەپنىڭ ئالدىنى قىلىشىنى تەپەپ قىلىشتۇر.

ئۇنىڭ ۋاستىلىرى سەككىز بولۇپ، ئۇلار «أ وأيْ ويَا و آ وآيْ وأَيَا وهَيَا و وَا» قاتارلىقلاردۇر. بۇلاردىن «أ» بىلەن «أيْ» يېقىننى چاقىرىش ئۈچۈن، قالغانلىرى يىراقنى چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

### النداءُ

النداءُ طلبُ إقْبَالِ الْمُخَاطَبِ عَليه بِحَرْفٍ نائبٍ مَنَابَ أدْعُو .

وأَدْوَاتُهُ ثَمَانيةٌ : الهمزةُ وأيْ ويَا و آ وآيْ وأَيَا وهَيَا و وَا . فالهمزةُ وأيْ لنِدَاءِ القَرِيبِ ، وغيرُهما لنِدَاءِ البَعِيْدِ .

وقدْ يُنزَلُ البَعِيْدُ مَنْزِلَةَ القَرِيْبِ فيُنَادى بِالهمزةِ وأَيْ ، إشارةً إلى أنَّه لشدَّةِ استحضارِهِ في ذهْنِ الْمتكلمِ صارَ كالحاضرِ مَعَهُ.

وقدْ يُنْزَلُ القَرِيْبُ مَنْزِلَةَ البَعِيْدِ فيُنادى بإحْدي أدواتِ البعيدِ لعللٍ :

١- للدلالةِ على عُلُوِّ مَرتبتِه ، فيُنْزَلُ بُعدُ دَرَجَتِه مَكانَ بُعدِ الْمَسَافَةِ نحو : يَا رَبِّ إنْ عَظُمَتْ ذُنُوْبِي كَثْرَةً * فَلَقَدْ عَلِمْتُ بِأَنَّ عَفْوَكَ أَعْظَمُ .

٢- للإشَارَةِ إلى إنْحِطَاطِ مَرتبتِه كقولِك لِمَنْ هو بين يديْك : يَا هَذا لا تَتَكَلَّمْ حَتّى يُؤذَنَ لكَ .

گاھدا يىراق، يېقىننىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلىدۇ دە چاقىرىلغۇچىنىڭ مۇتەكەللىمنىڭ زېھنىدە دائىم ھازىر بولۇپ تۇرىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ مۇتەكەللىم بىلەن بىللە تۇرغاندەك بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشارەت قىلىشى يۈزىسىدىن يىراقتىكى مۇنادالارمۇ «أ» ۋە «أيْ» لەر ئارقىلىق چاقىرىلىدۇ ۋە يەنە تۆۋەندىكىدەك سەۋەپلەر بولغانلىقتىن گاھدا يېقىن، يىراقنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلىدۇ دە يىراقنى چاقىرىدىغان ۋاستىلارنىڭ بىرەرى ئارقىلىق يېقىندىكى كىشى چاقىرىلىدۇ.

1 ـ چاقىرىلغۇچىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈنلىگىگە دالالەت قىلىش ئۈچۈن يېقىن، يىراقنى چاقىرىدىغان ۋاستەئارقىلىق چاقىرىلىدۇ، شۇڭا چاقىرغۇچى بىلەن چاقىرىلغۇچىنىڭ ئارىسىدىكى دەرجە يىراقلىقى ئورۇن جەھەتتىكى يىراقلىقنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلىدۇ.

مەسىلەن : «يَا رَبِّ إنْ عَظُمَتْ ذُنُوْبِي كَثْرَةً * فَلَقَدْ عَلِمْتُ بِأَنَّ عَفْوَكَ أعْظَمُ»(ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىم كۆپىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەلبەتتە مەن سىنىڭ مەغپىرىتىڭنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى بىلىمەن). شائىر بۇ شېئىردا، چاقىرىلغۇچى بولغان «رَبِّ» مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈنلىگىگە دالالەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنى «يَا» ئارقىلىق چاقىرغان.

2 ـ چاقىرىلغۇچىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ تۆۋەنلىگىگە دالالەت قىلىش ئۈچۈن يېقىن، يىراقنى چاقىرىدىغان ۋاستە ئارقىلىق چاقىرىلىدۇ. مەسىلەن : يېنىڭىزدىكى كىشىگە «يَا هَذا لا تَتَكَلَّمْ حَتّى يُؤذَنَ لَكَ»(ھەي ئادەم ساڭا رۇخسەت قىلىنغىچە گەپ قىلما!) دېگىنىڭىزگە ئوخشاش.

3 ـ چاقىرىلغۇچىنىڭ زېھنىنىڭ گال ئىكەنلىكىنى ۋە غەپلەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن سورۇندا يوقتېكىدەك قارىلىپ گەرچە يېقىندا بولسىمۇ، يىراقنى چاقىرىدىغان ۋاستە ئارقىلىق چاقىرىلىدۇ. مەسىلەن: يېنىڭىزدىكى كىشىگە «يَا هَذا لا تَتَكَلَّمْ حَتّى يُؤْذَنَ لَكَ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. يەنە بىر مىسال: « أَيَا جامعَ الدُّنْيَا لغَيْرِ بَلَاغَة * لمَنْ تَجْمَعُ الدنيا وأَنتَ تَمُوتُ »(ئى يېتەلمەيدىغان ئۆمۈر ئۈچۈن دۇنيا توپلىغۇچى، سەن ئۆلۈپ كېتىۋېتىپ دۇنيانى كىم ئۈچۈن توپلاۋاتىسەن؟).

« النداءُ » نىڭ سىغىلىرى گاھىدا ئەسلىي مەنىلىرىدىن، قەرىنىنىڭ سەۋەبىدىن بىلىنىدىغان باشقا مەنىلەرگىمۇ چىقىپ كېتىدۇ. تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

٣- للإشْعَار بغفْلَة السَّامع و شُرُود ذهْنه ، فيُعْتَبَرُ كأنه غيرُ حاضر في الْمَجْلس كقوله : أَيَا جامعَ الدُّنْيَا لغَيْر بَلَاغَة * لمَنْ تَجْمَعُ الدنيا وأَنْتَ تَمُوتُ .

وقَدْ تَخْرجُ صيغُ النداء عن معناها الأصْلي إلى مَعَانٍ أُخْرى تُفْهَمُ من القَرائن ، ومنْ ذلك :

١- الإغْرَاءُ ، كقولك لمَنْ أَقْبَلَ يتظلم : يَا مَظْلُومُ تَكَلَّمْ .

٢- التَّحْسرُ ، كقوله تعالى ﴿ وَيَقُولُ الْكَافِرُ يَا لَيْتَنِي كُنتُ تُرَابًا ﴾النبأ ٤٠ .

٣- الزَّجْرُ والْمَلَامَةُ ، كقوله : أَ فُؤَادي مَتى الْمَتَابُ أ لَمَّا * تَصْحُ والشَّيْبُ فَوْق رَأْسيْ أَلَمَّا .

٤- الاستغاثةُ نحو يا لله للمسلمينَ.

٥- التعجبُ نحو يا للمَاء .

٦- الاختصاصُ كقوله تعالى ﴿ رَحْمَتُ اللّه وَبَرَكَاتُهُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الْبَيْت إنَّهُ حَميدٌ مَّجيدٌ ﴾هود ٧٣ .

1 ـ كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : زارلىنىپ كېلىۋاتقان كىشىگە كۈشكۈرتۈش مەقسىدىدە «يَا مَظْلُومُ تَكَلَّمْ »(ئەي زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى گەپ قىل) دېگىنىڭىزگە ئوخشاش .

2 ـ ھەسرەتلىنىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ وَيَقُولُ الْكَافِرُ يَا لَيْتَنِي كُنتُ تُرَابًا ﴾(كاپىرلار «كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ! » دەيدۇ).

3 ـ تاپا ـ تەنە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «أَ فُؤَادي مَتى الْمَتَابُ أ لَمَّا * تَصْحُ والشَّيْبُ فَوْقَ رَأْسيْ أَلَمَّا »(ئى يۈرەك تەۋبە قاچان ؟! قىرلىق بېشىمغا چۈشۈۋاتسىمۇ تېخىچە ھوشۇڭنى تاپمايۋاتامسەن؟).

4 - «الاستغاثة» ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «يا للّه للمسلمينَ»(ئى الله مۇسۇلمانلارنى قۇتقاز!!!).

5 - « التعجب » ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن :« يا للْمَاء »(ئوھوي ئاۋۇ سۇنى!).

6 ـ خاسلاشتۇرۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿ رَحْمَتُ اللّه وَبَرَكَاتُهُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الْبَيْت إنَّهُ حَميدٌ مَّجيدٌ ﴾(اللّه نىڭ رەھمىتى ۋە بەركەتلىرى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا نازىل بولسۇن، اللّه ھەقىقەتەن مەدھىلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر). بۇ ئايەتتىكى «أَهْلَ الْبَيْت» نىڭ ئالدىكى ھەرپ قىلىنىپ كەتكەن ندا ھەرپى ئۇنى «كُمْ» دىن خاسلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن.

تەنبىھ :

خەۋەر گاھىدا ئىنشائىنىڭ ئورنىدا كېلىدىغان بولۇپ، بۇنداق بولىشى «اَللّٰهُمَّ وَفِّقْهُ لِلتَّقْوَى» دېگەننىڭ ئورنىغا «وَفَّقَكَ اللهُ لِلتَّقْوِي» دېيىش ئارقىلىق مازى لەپزىدىن پايدىلىنىپ خۇش پال ئېلىش ئۈچۈن ياكى ئېھتىرام ۋە ئەدەپ

تَنْبِيْهٌ :

ثُمَّ الخبرُ قدْ يَقَعُ مَوْقِعَ الإنشاءِ ، إمَّا لِلتَّفَاؤلِ بِلفظِ الْماضي نحو " وَفَّقَكَ اللهُ لِلتَّقْوِي " في مَقَامِ اَللَّهُمَّ وَفِّقْهُ لِلتَّقْوَي . وإمَّا لِلإحْتِرَازِ عن صورةِ الأَمْرِ تأدبًا واحْتِرامًا نحو "رَحِمَ اللهُ فُلانًا " في مَقامِ اللهمَّ ارْحَمْ فُلانًا .

وإمَّا لِلمُبَالَغَةِ في الطَّلَبِ لِلتَّنْبِيْهِ على سُرْعَةِ الْإمْتِثالِ كقوله تعالى ﴿وَإذْ أَخَذنَا مِيثَاقَكُمْ لاَ تَسْفِكُونَ دِمَاءَكُمْ ﴾البقرة٨٤، لَمْ يَقُلْ " لا تَسْفِكُوا" قَصْدًا لِلمُبَالَغَةِ في النهي حَتى كأَنَّهم نُهُوا فَامْتَثَلُوا ثُمَّ أَخْبَرَ عَنْهُمْ بِالإمْتِثالِ .

يۇزىسىدىن «اللّهمَّ ارْحَمْ فُلاَنًا» دېگەننىڭ ئورنىغا «رَحِمَ اللهُ فُلاَنًا» دېيىش ئارقىلىق بۇيرۇق شەكلىدە سۆزلەشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياكى تېزراق ئىجرا قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇش يۈزىسىدىن تەلەپنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن : ﴿وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَكُمْ لاَ تَسْفِكُونَ دِمَاءَكُمْ﴾(ئۆز ۋاختىدا بىر - بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە ... چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق). «اللهُ» بۇ يەردە، ئۇلار قان تۆكۈشتىن چەكلەنگەن، ئۇلارمۇ بوي سۇنغان ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بوي سۇنغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندەك دەرىجىدە (سۆزلەش ئارقىلىق) نەھىنى مۇبالىغە قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقتىن «لا تُسْفِكُوا» دېمەستىن مۇزارىئە سىغىسى ئارقىلىق «لاَ تَسْفِكُونَ دِمَاءَكُمْ» دېگەن.

مەلۇم بىر نەرسىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئىنشائى گاھىدا خەۋەرنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

مەسىلەن : ﴿ قُلْ أَمَرَ رَبِّي بِالْقِسْطِ وَأَقِيمُواْ وُجُوهَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ ﴾ (ئېيتقىنكى،« پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرىدى، ھەر بىر سەجدە قىلغاندا الله غا يۈزلىنىڭلار »). بۇ يەردە « وَأَقِيمُواْ وُجُوهَكُمْ » دىگەن جۈملە « الْقِسْطِ » گــــــه ئەتپـــــــه قىلىنىدىغانلىقتىن « إقامةِ وُجُـــوهِكم » دىيىلىشـــى ئەسلي بولسىمۇ نامازغا بۇيرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگـــەنلىكنى ھېـــس قىلدۇرۇش ئۈچۈن « وَأَقِيمُواْ وُجُـــوهَكُمْ » دەپ ئىنشـــا شەكلىدە كەلتۈرۈلگەن .

والإنشاءُ قدْ يَقعُ مَوْقعَ الخبرِ ، لإظْهارِ العِنايةِ بشَيءٍ كقوله تعالى ﴿ قُلْ أَمَرَ رَبِّي بِالْقِسْطِ وَأَقِيمُواْ وُجُوهَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ ﴾ الأعراف٢٩، لَمْ يَقُلْ " وإقامةِ وُجُوهِكُمْ " إشعارًا بالعنايةِ بأمْرِ الصلاةِ . و إمَّا للتحاشي والاحْترازِ عن مُساواةِ اللاحقِ بالسابِقِ كقوله تعالى ﴿ قَالَ إِنِّي أُشْهِدُ اللّهَ وَاشْهَدُواْ أَنِّي بَرِيءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ ﴾ هود٥٤، لَمْ يَقُلْ " وَأُشْهِدُكُمْ " تَحاشِيًا وفِرارًا مِن مساواةِ شهادتِهم بشهادةِ اللهِ تعالى .

كېينكىنـــى ئەۋۋەلقىگـــە تەڭلەشـــتۇرۇپ قويۇشـــتىن چەتنـــەش ۋە ســـاقلىنىش ئۈچۈنمـــۇ ئىنشـــا گـــاھىدا خەۋەرنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. مەسىلەن : ﴿ قَالَ إِنِّي أُشْهِدُ اللّهَ وَاشْهَدُواْ أَنِّي بَرِيءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ ﴾ (ھـود ئېيتتـى: « مـەن ھەقىقەتـەن « الله » نـى گـۇۋاھ قىلىمەن،ســىلەرمۇ گـۇۋاھ بولۇڭلاركى،مـەن ســىلەرنىڭ « الله » نـى قويـۇپ شـېرىك كەلتۈرگـەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن) . ھود ئەلەيھىسسالام ئەتپە ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى « الله » نىڭ گۇۋالىقى بىلەن ئەتپە ھەرپىدىن كېيىن زىكىر قىلىنغان قەۋمىنىڭ گۇۋالىقىنى تەڭلەشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن « إِنِّي أُشْهِدُ اللّهِ وَأُشْهِدُكُمْ » دىمىدى .

## ئىككىنچى باپ

## زىكىر قىلىش ۋە ھەزىپ قىلىش ھەققىدە

مۇخاتەپكە ھۆكۈمنى ئىپادىلەپ بېرىش مەقسەت قىلىنغاندا، سۆزلەرنىڭ قايسىسى جۈملىدىكى مەنىگە دالالەت قىلسا، شۇ سۆز ئارقىلىق باشقىلارغا ئىپادىلەش مەقسەت قىلىنغان مەنىنى تولۇق ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى زىكىر قىلىش ئەسلىي ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن : «العِلْمُ خَيْرٌ مِن الْمَالِ»(ئىلىم مالدىن ياخشىدۇر)، «الأَدَبُ خيرٌ مِن العلم»(ئەدەپ ئىلىمدىن ياخشىدۇر) .

ۋە قانداقلىكى سۆز، ئۆزىگە دالالەت قىلغۇچىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن جۈملىنىڭ سىياقىدىن بىلىنىپ تۇرسا، ئورۇنسىز سۆزلەشتىن ساقلىنىش ۋە ئىخچام سۆزلەش ئۈچۈن زاھىرى ھالغا ئاساسەن ئۇنى ھەزىپ قىلىۋېتىش ئەسلىي ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿فَأَقْبَلَتِ امْرَأَتُهُ فِي صَرَّةٍ فَصَكَّتْ وَجْهَهَا وَقَالَتْ عَجُوزٌ عَقِيمٌ﴾(ئىبراھىمنىڭ ئايالى سۈرەن سېلىپ كىلىپ، يۈزىنى كاچاتلاپ: «مەن تۇغماس موماي تۇرسام» دېدى). بۇ ئايەتتىكى «عَجُوزٌ» نىڭ ئالدىدىكى «أَنَا» دىگەن سۆز جۈملىنىڭ سىياقىدىن مەلۇم بولغانلىقتىن ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن . ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەننىڭ يەنە بىر مىسالى : ﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ﴾(ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى؟»دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «اللّـه» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ). بۇ ئايەتتىمۇ «اللَّـهُ» بىلەن «لَيَقُولُنَّ» نىڭ ئوتتىرىسىدىكى «خَلَقَهُنَّ» دىگەن سۆز جۈملىنىڭ سىياقىدىن مەلۇم بولغانلىقتىن ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن . ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەننىڭ يەنە بىر مىسالى : ﴿أَنَّ اللَّهَ بَرِيءٌ مِّنَ الْمُشْرِكِينَ وَرَسُولُهُ﴾. بۇ ئايەتتىمۇ «وَرَسُولُهُ» دىن كېيىنكى «بريءٌ منه أيضًا» دىگەن سۆز جۈملىنىڭ سىياقىدىن مەلۇم بولغانلىقتىن ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن .

الباب الثاني

في الذكر والحذف

إذا أُرِيدَ إفادةُ السامعِ حكمًا فأيُّ لفظٍ يَدل على معنى في الكلام فالأصل ذِكْرُهُ لتأْدِيَةِ المعنى المرادِ به نحو العِلْمُ خَيْرٌ مِن الْمَالِ ، والأدبُ خيرٌ مِن العلم .

و أيُّ لفظٍ عُلِمَ مِن الكلامِ لِوُجُودِ الدالِّ عليه الأصْلُ حَذْفُهُ ، للاخْتصارِ والاحْترازِ عن العَبْثِ بِناءً على الظاهرِ كقوله تعالى ﴿فَأَقْبَلَتِ امْرَأَتُهُ فِي صَرَّةٍ فَصَكَّتْ وَجْهَهَا وَقَالَتْ عَجُوزٌ عَقِيمٌ﴾الذاريات٢٩ ، أيْ أنا عَجُوزٌ ، وكقوله تعالى ﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ﴾لقمان٢٥ ، أي خلقهنَّ اللهُ . وكقوله تعالى ﴿أَنَّ اللَّهَ بَرِيءٌ مِّنَ الْمُشْرِكِينَ وَرَسُولُهُ﴾التوبة٣، أيْ ورسُولُه بريءٌ منه أيضًا .

و إذا تَعارَضَ هذانِ الأصْلانِ فلا يَعْدِلُ عن مقتضى أحدهما إلى مقتضى الآخرِ إلا لِداعٍ .

زىكىر قىلىش ۋە ھەزىپ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئەسلىيلىك ئۆز ئارا قارشىلىشىپ قالسا پەقەت ئېھتىياج سەۋەبىدىنلا بىرىنىڭ تەقەززاسىدىن يەنە بىرىنىڭ تەقەززاسىغا چىقىلىدۇ. يەنى ئېھتىياج بولمىغان ئەھۋالدا زىكىر قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا زىكىر قىلىش، ھەزىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا ھەزىپ قىلىش زۆرۈر بولىدۇ، ئەمما ئېھتىياجلىق بولغاندا زىكىر قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا ھەزىپ قىلىنىدۇ، ھەزىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ.

## زىكىر قىلىش

(تۆۋەندىكىلەر) ھەزىپ قىلىشقا ئىمكان بېرىدىغان قەرىنە تۇرۇقلۇقمۇ زىكىر قىلىش ئېھتىياجىنى كۈچەيتكۈچىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1 ـ تەقرىر ۋە ئىزاھلاشنى زىيادە قىلىش ئۈچۈنمۇ ھەزىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿ أُوْلَئِكَ عَلَى هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ﴾ (ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختتە ئېرىشكۈچىلەردۇر).

> الذكر
>
> ومِنْ مُرَجِّحَاتِ الذِّكْرِ مَعَ قِيَامِ قَرِيْنَةٍ تُمَكِّنُ مِنَ الْحَذْفِ :
>
> ١- زِيادةُ الإِيْضاحِ والتقريرِ ، كقوله تعالى ﴿ أُوْلَـئِكَ عَلَى هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ وَأُوْلَـئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ﴾ البقرة٥ .
>
> ٢- الاحتياطُ لِضَعْفِ الاعْتِمادِ على القرينةِ أو لِضعفِ فَهْمِ السامعِ ، كقوله تعالى ﴿ خَلَقَهُنَّ الْعَزِيزُ الْعَلِيمُ ﴾ الزخرف٩ ، في جواب ﴿ مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ ؟ ﴾ الزخرف٩ .
>
> ٣- إظهارُ التَّعْظِيْمِ إذا كان اللفظ يُفِيْدُ التعظيمَ نحو أَمِيْرُ الْمُؤمنِينَ حاضِرٌ .
>
> ٤- إظهارُ التَّحْقِيْرِ إذا كان اللفظ يُشْعِرُ بالإهانةِ نحو السارِقُ اللَّئِيْمُ حَاضِرٌ .

2 ـ مۇخاتەپنىڭ چۈشۈنۈش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ياكى قەرىنىگە تايىنىشنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئېھتىيات قىلغانلىقتىنمۇ ھەزىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ . مەسىلەن : ﴿ مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ ؟ ﴾ (ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى) دېگەن سۇئالغا جاۋابەن «الْعَزِيزُ الْعَلِيمُ» دېمەستىن ﴿ خَلَقَهُنَّ الْعَزِيزُ الْعَلِيمُ ﴾ دەپ جاۋاب بەرگەنگە ئوخشاش.

3 ـ سۆز ئۇلۇغلۇقنى ئىپادىلەيدىغان بولسا، ئۇلۇغلۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ھەزىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ . مەسىلەن: «هل حَضَرَ أَمِيْرُ الْمُؤمنِينَ» (مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى كەلدىمۇ؟) دېگەن كىشىگە جاۋابەن «أَمِيْرُ الْمُؤمنِينَ حاضِرٌ» دېگەنگە ئوخشاش.

4 ـ سۆز ھاقارەتنى ئىپادىلەيدىغان بولسا، كەمسىتىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ھەزىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «هل حَضَرَ زيدٌ» دېگەن كىشىگە جاۋابەن « السارِقُ اللَّئِيْمُ حَاضِرٌ» دېگەنگە ئوخشاش.

**5 ـ ئاڭلىتىۋېلىش مەقسەت قىلىنغان ئورۇندا گەپنى ئۇزارتىش ئۇچۇنمۇ ھەزىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ . مەسىلەن : مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ، «الله» نىڭ ﴿وَمَا تِلْكَ بِيَمِينِكَ يَا مُوسَى﴾ (ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نىمە ئۇ؟) دىگەن سوئالىغا جاۋابەن** ﴿قَالَ هِيَ عَصَايَ أَتَوَكَّأُ عَلَيْهَا وَأَهُشُّ بِهَا عَلَى غَنَمِي وَلِيَ فِيهَا مَآرِبُ أُخْرَى﴾ **(مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مىنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قىقىپ بېرىمەن، ئۇنىدا مىنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار») دىگىنىگە ئوخشاش .**

**6 ـ تېلغا ئېلىشنى تەبەررۇك سانىغانلىقتىنمۇ ھەزىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ. مەسىلەن :** « هل قالَ هذا القولَ رسولُ اللهِ؟ » **دىگەن كىشىگە جاۋابەن** « النبي صلى الله عليه وسلم قائلٌ هذا » **دىگەنگە ئوخشاش .**

**7 ـ تېنىۋېلىشنىڭ يۈز بەرمەسلىگى ئۇچۇن، ئىقرارنى خاتىرلىۋېلىش ئېھتىياجى سەۋەبىدىنمۇ ھەزىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ . مەسىلەن : ھاكىم، گۇۋاچىلاردىن** « هَلْ أَقَرَّ هذا بِأَنَّ عليهِ كذا ؟ » **دەپ سورىغاندا، گۇۋاچىلارنىڭ، جاۋاپكارنىڭ « گۇۋاچىلار مىنى مەقسەت قىلمىغان ئىدى » دييشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن** « نَعَمْ زَيدٌ هذا أقَرَّ بأنَّ عليه كذا » **دەپ گۇۋالىق بەرگىنىگە ئوخشاش .**

**ياخشى كۆرگەن كىشىنى ياكى ئۇز مەشۇقىنى زىكىر قىلىش ئارقىلىق لەززەتلىنىش، مۇخاتەپنىڭ گالۋاڭلىقىغا ئىشارەت قىلىش، ھەيۋە قىلىش ۋە ئەجەپلىنىش قاتارلىقلارمۇ يۇقارقىلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.**

٥- بَسَطُ الكلامِ حَيْثُ الإِصْغاءُ مَطلوبٌ ، كقول موسى عليه السلام : ﴿قَالَ هِيَ عَصَايَ أَتَوَكَّأُ عَلَيْهَا وَأَهُشُّ بِهَا عَلَى غَنَمِي وَلِيَ فِيهَا مَآرِبُ أُخْرَى﴾طه١٨ ، حِيْنَ سـأله تعـالى : ﴿وَمَا تِلْكَ بِيَمِينِكَ يَا مُوسَى﴾طه١٧ .

٦- التَبَرُّكُ نحو النبي صلى الله عليه وسلم قائلٌ هذا .

٧- التَّسْجِيْلُ على السامعِ حتى لا يَتأتى له الإنكارُ كما إذا قال الحاكمُ لشاهدٍ : هَلْ أقَرَّ هذا بِأنَّ عليه كذا ؟ فَيَقُولُ الشاهدُ : نَعَمْ زَيدٌ هذا أقَرَّ بِأنَّ عليه كذا .

ومِنْهـا : الاسْتِلذاذُ بِذكْرِ الْمَحبوبِ والْمَعْشُوقِ ، والتَّعْرِيْضُ بِغَبَاوَةِ السامعِ، والتَّهْوِيْلُ ، والتَّعَجُّبُ ، ونحوُ ذلكَ .

(تۆۋەندىكىلەر) زىكىر قىلىشقا ئىمكان بېرىدىغان قەرىنە تۇرۇقلۇقمۇ ھەزىپ قىلىش ئېھتىياجىنى كۈچەيتكۈچىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1 - «قَالَ لِي كَيْفَ أَنْتَ ؟ قُلْتُ أَنَا عَلِيلٌ» دېيىشكە تېگىشلىك ئورۇندا «قَالَ لِي كَيْفَ أَنْتَ ؟ قُلْتُ عَلِيلٌ» دىگەنگە ئوخشاش ۋايىساش ۋە زارلىنىش سەۋەبىدىن ياكى «نَحْنُ بِمَا عِنْدَنَا رَاضٍ وأَنْتَ بِمَا * عِنْدَكَ رَاضٍ والرَّأْيُ مُخْتَلِفٌ» دېيىشكە تېگىشلىك ئورۇندا «نَحْنُ بِمَا عِنْدَنَا وأَنْتَ بِمَا * عِنْدَكَ رَاضٍ والرَّأْيُ مُخْتَلِفٌ» دىگەنگە ئوخشاش شېئىرنىڭ ۋەزنىنى ساقلاش سەۋەبىدىن جۈملىنى ئۇزارتىشقا شارائىت يارً بەرمىگەي زىكىر قىلىنىشقا تېگىشلىك سۆز ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ.

2 - پۇرسەتنىڭ كېتىپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىنمۇ، زىكىر قىلىنىشقا تېگىشلىك سۆز ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن : مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئوۋچىغا «هذا غَزَالٌ» دېيىش ئورنىغا «غَزَالٌ» دەپلا قويغىنىغا ئوخشاش.

3 - مۇخاتەپتىن باشقىلاردىن ئىشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، زىكىر قىلىنىشقا تېگىشلىك سۆز ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن : كەلمەكچى بولىۋاتقان كىشىنىڭ كېلىدىغىنىدىن پەقەت مۇخاتەپ بىلەن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بار ئەھۋالدا ئۇنى باشقىلاردىن يوشۇرۇش مەقسىدىدە «أَقْبَلَ زيدٌ» دېيىش ئورنىغا «أَقْبَلَ» دېيىش بىلەنلا چەكلەنگىنىڭىزغا ئوخشاش.

4 - ئېھتىياجلىق بولغاندا ئىنكار قىلىشنىڭ مۇمكىن بولىشى ئۈچۈن، زىكىر قىلىنىشقا تېگىشلىك سۆز ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن : مەلۇم بىر كىشىنىڭ گېپى بولىۋاتقان سورۇندا، «مەن سىنى دىمىگەن» دېيىش ئارقىلىق ئىنكار قىلىش مۇمكىن بولسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىمايلا «لَئِيمٌ خَسِيسٌ» دىگىنىڭىزگە ئوخشاش.

5 - «الْمُسندِ إليه» نىڭ ھەقىقەتەن ياكى ئىددىئاەن مۇئەييەن بولغانلىقى سەۋەبىدىن، زىكىر قىلىنىشقا تېگىشلىك سۆز ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: «عَالِمُ الغَيْبِ والشهادةِ»، «وَهَّابُ الأُلُوفِ». بىرىنچى مىسالنىڭ ئەسلىسى «اللّٰهُ عَالِمُ الغَيْبِ والشَّهادةِ» بولۇپ، «اللّٰهُ» ھەقىقەتەن مۇئەييەن بولغانلىقتىن ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن. ئىككىنچى مىسالنىڭ ئەسلىيسى «زيدٌ وَهَّابُ الأُلُوفِ» بولۇپ، مۇتەكەللىم مىخلاپ ھەدىيە قىلىدىغان كىشى مۇئەييەن، ئۇ زەيدتۇر، دەپ قارىۋالغانلىقتىن ئۇنى ھەزىپ قىلىۋەتكەن.

6 - ئۇلۇغلىغانلىق جەھەتتىن ئۇنى تىلغا ئالمىغانلىقىڭىزنى ياكى ئۇنى ھاقارەتلىگەنلىك جەھەتتىن تىلىڭىزنى ئۇنى سۆزلەشتىن ساقلاپ قالغانلىقىڭىزنى ھىس قىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن زىكىر قىلىنىشقا تېگىشلىك سۆز ھەزىپ قىلىنىپمۇ كېتىدۇ. مەسىلەن : «رُزِقْنَا ومُطِرْنَا»؛ «مُوَسْوِسٌ ورَجِيمٌ». بىرىنچى مىسالدا مۇتەكەللىم «اللّٰه» نى ناھايىتى چوڭ كۆزگەنلىكتىن مىنىڭ بۇ ئەرزىمەس تىلىم «اللّٰه» نىڭ ئىسمىنى بىۋاستە سۆزلەشكە ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى ئاڭلىغۇچىلارغا ھىس قىلدۇرۇش ئۈچۈن پېئىلنى مەجھۇل كەلتۈرگەن، ئىككىنچى مىسالنىڭ ئەسلىيسى «الشيطانُ مُوَسْوِسٌ وَرَجِيمٌ» بولۇپ، مۇتەكەللىم شەيتاندىن ئىبارەت بۇ مەلئۇننى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق تىلىمنى بولغىۋالماي دەيدىغان قارىشىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغۇچىلارغا ھىس قىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن «الشيطانُ» دىگەن لەبزىنى ھەزىپ قىلىۋەتكەن.

الحذف

ومن دواعي الحذف :

١- ضَيْقُ الْمَقام عن إطَالَة الكلام بِسَبَب التَّوَجُّع والتَّضَجُّرِ كقوله : قَالَ لِي كَيْفَ أَنْتَ ؟ قُلْتُ عَلِيلٌ * .أي أنا عليل . أو بِسَبَب مُحَافظَة الوَزْن كقوله : نَحْنُ بِمَا عِنْدَنَا وأَنْتَ بِمَا * عِنْدَكَ رَاضٍ والرَّأْيُ مُخْتَلِفٌ

٢- الخَوْفُ من فَوْت الفُرْصَة كَأَنْ يقولُ رجُلٌ لِصَيَّاد : غَزَالٌ .

٣- إخْفَاءُ الأَمْرِ عن غيرِ الْمُخاطَب .

٤- حُصُولُ الإنكارِ عندَ الحاجة .

٥- تَعْيِنُ الْمُسند إليه حقيقةً أو ادعاءً .

٦- إيهامُ صَوْنِه عن لِسَانِكَ تَعْظِيمًا له أو صَوْنِ لِسَانِكَ عنه تحقيرًا لَهُ .

7 ـ هەزىپ قىلىنىپ كەلگەن ئىستىمالغا ئەگىشىش ئۈچۈن زىكىر قىلىنىشقا تېگىشلىك سۆز هەزىپ قىلىنىپ كىتىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَن نُّؤْمِنَ بِهَذَا الْقُرْآنِ وَلَا بِالَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَلَوْ تَرَى إِذِ الظَّالِمُونَ مَوْقُوفُونَ عِندَ رَبِّهِمْ يَرْجِعُ بَعْضُهُمْ إِلَى بَعْضٍ الْقَوْلَ يَقُولُ الَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا لِلَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا لَوْلَا أَنتُمْ لَكُنَّا مُؤْمِنِينَ﴾ (كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتاپلارغا هەرگىز ئىشەنمەيمىز» دەيدۇ. ئەگەر زالىملارنى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويىلغان چاغدا بەزىسى بەزىسى بىلەن جىدەللىشىۋاتقاندا كۆرسەڭ ئىدىڭ ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق هالنى كۆرەتتىڭ، بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق» دەيدۇ) بۇنىڭ هەزىپ قىلىنمىغان هالىتى «لَوْلَا أَنتُمْ مَوْجُودُونَ لَكُنَّا مُؤْمِنِينَ» ئىدى . يەنە بىر مىسال ﴿قُل لَّوْ أَنتُمْ تَمْلِكُونَ خَزَائِنَ رَحْمَةِ رَبِّي﴾ (ئېيتقىنكى: «ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا») بولۇپ، بۇ ئەسلىدە «قُل لَّوْ تَمْلِكُونَ تَمْلِكُونَ خَزَائِنَ رَحْمَةِ رَبِّي» ئىدى، تەپسىرلەپ بېرىدىغان ئىككىنچى پېئىل مەۋجۇت بولغانلىقتىن بىرىنچى پېئىل هەزىپ قىلىنىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ مۇستەتىر زىمىرى مۇنپەسىل زىمىرغا ئايلاندۇرۇلدى شۇنىڭ بىلەن ئۇ ﴿قُل لَّوْ أَنتُمْ تَمْلِكُونَ خَزَائِنَ رَحْمَةِ رَبِّي﴾ بولۇپ قالدى، بۇ يەردىكى «أَنتُمْ»، مۇبتىدا ئەمەس بەلكى هەزىپ قىلىنغان پېئىلنىڭ پائىلىدۇر. چۈنكى «لَوْ»، پەقەت پېئىلغىلا كىرىدۇ. يەنە بىر مىسال: «خَرَجْتُ فَإِذَا زَيْدٌ» بولۇپ، بۇ يەردە «زَيْدٌ» دىن كېيىن كىلىشكە تېگىشلىك بولغان «مَوْجُودٌ» ياكى «حَاضِرٌ» ۋە ياكى «وَاقِفٌ» دىگەن خەۋەر هەزىپ قىلىنىپ كەتكەن. يەنە بىر مىسال: «إِنَّ مَحَلًّا وَإِنَّ مُرْتَحَلًا» بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلىيسى «إِنَّ لَنَا فِي الدُّنْيَا حُلُولًا وَإِنَّ لَنَا عَنْهَا إِلَى الْآخِرَةِ ارْتِحَالًا» ئىدى، ۋە ياكى ئوخشاشلىرىنىڭ هەزىپ قىلىنىپ كەتكەنلىكىگە ئاساسەن هەزىپ قىلىنىپ كەلگەن ئىستىمالغا ئەگىشىش ئۈچۈنمۇ زىكىر قىلىنىشقا تېگىشلىك سۆز هەزىپ قىلىنىپ كىتىدۇ. خۇددى «مَرَرْتُ بِزَيْدٍ الْهُمَامُ» ( باتۇر زەيدنىڭ قېشىدىن ئۆتتۇم) دىگەن مىسالدا مەدىلەش ئاساسىدا «الهمامُ» نى رەپئى ئوقۇغانغا ۋە «ورأيتُ بَكرًا اللَّئِيمُ» دىگەن مىسالدا ئەيىپلەش ئاساسىدا «اللَّئِيمُ» نى رەپئى ئوقۇغانغا شۇنداقلا «واللهُمَّ ارْحَمْ عَبْدَكَ الْمِسْكِينُ» دىگەن مىسالدا رەھمەت تىلەش ئاساسىدا «الْمِسْكِينُ» نى رەپئى ئوقۇغانغا ئوخشاش. بۇلار ئەسلىدە «مَرَرْتُ بِزَيْدٍ هو الْهُمَامُ»؛ «رأيتُ بَكرًا هو اللَّئِيمُ»؛ «اللهُمَّ ارْحَمْ عَبْدَكَ هو الْمِسْكِينُ» بولۇپ، بۇلاردىكى «هو» دىگەنگە ئوخشاش مۇبتىدالار باشقا ئورۇنلاردىمۇ هەزىپ قىلىنىپ كىتىدىغانلىقتىن بۇ يەردىمۇ شۇ ئىستىمالغا ئەگەشتۈرۈلۈپ هەزىپ قىلىنىپ كەتكەن.

٧- إِتِّبَاعُ الاسْتِعمالِ الوارِدِ بِالْحَذْفِ كقوله تعالى ﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَن نُّؤْمِنَ بِهَذَا الْقُرْآنِ وَلَا بِالَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَلَوْ تَرَى إِذِ الظَّالِمُونَ مَوْقُوفُونَ عِندَ رَبِّهِمْ يَرْجِعُ بَعْضُهُمْ إِلَى بَعْضٍ الْقَوْلَ يَقُولُ الَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا لِلَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا لَوْلَا أَنتُمْ لَكُنَّا مُؤْمِنِينَ﴾ سبأ ٣١ ، أي لولا أنتم مَوْجُودُوْنَ . وقوله تعالى ﴿قُل لَّوْ أَنتُمْ تَمْلِكُونَ خَزَائِنَ رَحْمَةِ رَبِّي﴾ الإسراء ١٠٠ ، أي لو تملكون تملكون ، فحُذِفَ الفعلُ لوُجُوْدِ الْمُفَسِّرِ ثم أُبْدِلَ من الضمير الْمُتَّصِلِ ضَميرٌ مُنْفَصِلٌ فصار " لَّوْ أَنتُمْ تَمْلِكُونَ " . وقوله (أنتم ) ليس بمبتدأٍ بَلْ فاعلُ مَحْذُوْفٍ لأنَّ (لَوْ ) إنَّمَا تَدْخُلُ على الفِعْلِ . ونحو خَرَجْتُ فإذا زيدٌ ، أَيْ زيدٌ مَوْجُودٌ أو حاضرٌ أو وَاقِفٌ . ونحو إنَّ مَحَلًّا وإنَّ مُرْتَحَلًا ، أَيْ إنَّ لَنَا في الدنيا حُلُولًا ، وإنَّ لنا عَنْهَا إلى الآخرة ارْتِحَالًا . ونحو نِعْمَ الزَّعِيْمُ سَعْدٌ ، أي هو سَعْدٌ . أو الوارد على تَرْكِ نَظَائِرِه كمَا في الرَّفْعِ على الْمَدْحِ أو الذمِّ أو الترحم نحو مَرَرْتُ بِزَيْدٍ الهمامُ ، ورأيتُ بَكرًا اللَّئِيْمُ ، واللهُمَّ ارْحَمْ عَبْدَكَ الْمِسْكِيْنُ .

ۋە يەنە قىسقارتىش ئارقىلىق ئومۇمنى ئىپادىلەشمۇ ھەزىپ قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن : ﴿وَاللّٰهُ يَدْعُو إِلَى دَارِ السَّلَامِ ﴾( اللّٰهُ كىشىلەرنى ئامان جايغا دەۋەت قىلىدۇ) يەنى «يَدْعُو جَمِيْعَ عِبَادِهِ»، بەندىلىرىنىڭ ھەممىسىنى جەننەتكە چاقىرىدۇ. چۈنكى مەئمۇلنى ھەزىپ قىلىۋېتىش ئومۇملۇقتىن دېرەك بېرىدۇ.

ۋە يەنە مەقسەتنىڭ مەئمۇلغا ئالاقىسى بولمىغانلىقتىن مۇتەئەددى پېئىلنى لازىم پېئىلنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈشمۇ ھەزىپ قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن : ﴿ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ ﴾( بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ). بۇ ئايەتتىكى «يَعْلَمُونَ» دىگەن پېئىل مۇتەئەددى بولغانلىقتىن ئۇنىڭ مەپئۇلىنىڭ كىلىشى زۆرۈر بولسىمۇ بۇ يەردىكى مەقسەتنىڭ ئۇ مەپئۇلغا ئالاقىسى بولمىغانلىقتىن بۇ پېئىل لازىم پېئىلنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلۈپ لازىم پېئىلنىڭ مەپئۇلى زىكىر قىلىنمىغاندەك بۇنىڭمۇ مەپئۇلى زىكىر قىلىنمىغان.

ۋە يەنە پېئىلنى نائىب پائىلغا ئىسناد قىلىشمۇ شۇ ھەزىپ قىلىشنىڭ جۈملىسىدىن ھىساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن قورققانلىق ياكى ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگەنلىك ياكى ئۇنى بىلگەنلىك ۋە ياكى بىلمىگەنلىك قاتارلىق سەۋەبلەردىن ھەقىقى پائىل ھەزىپ قىلىنىپ كىتىدۇ.

مەسىلەن : ﴿خُلِقَ الإِنسَانُ ضَعِيفاً ﴾(ئىنسان ئاجىز يارىتىلدى)؛ «سُرِقَ الْمَتَاعُ»(مال ئوغۇرلاندى). مۇتەكەللىم، بۇيەردە ئوغرىنىڭ كىملىگىنى بىلسىمۇ ئۇنىڭدىن قورققانلىقتىن ياكى ئۇنىڭغا زىيان يېتىپ قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ۋە ياكى ئۇنىڭ كىملىگىنى بىلمىگەنلىكتىن پېئىلنى مەجھۇل كەلتۈرگەن.

| |
|---|
| و مِن الْحَذفِ : التَعْمِيْمُ بِاخْتِصَارٍ كقوله تعالى ﴿وَاللّٰهُ يَدْعُو إِلَى دَارِ السَّلَامِ ﴾يونس٢٥ ، أي يَدْعُو جَمِيْعَ عِبَادِهِ . لأنَّ حَذْفَ الْمَعْمُولِ يُؤْذِنُ بِالعُمُومِ .<br><br>ومِنْهُ تَنْزِيْلُ الْمُتَعَدّيِ مَنزلةَ اللازِمِ ، لِعَدَمِ تَعَلُّقِ الغَرَضِ بالْمَعْمُولِ كقوله تعالى ﴿ هَلْ يَسْتَوِي الَّذينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذينَ لَا يَعْلَمُونَ ﴾الزمر٩ .<br><br>ويُعَدُّ مِنَ الْحَذْفِ إسْنادُ الفعْلِ إلى نائبِ الفاعلِ ، فيُقال حَذْفُ الفاعلِ للخَوْفِ مِنْهُ أو عَليهِ أو للعِلْمِ بِهِ أو الْجَهْلِ كقوله تعالى ﴿ خُلِقَ الإِنسَانُ ضَعِيفاً ﴾النساء٢٨، ونحو « سُرِقَ الْمَتَاعُ » . |

## ئۈچىنچى باپ

### مەرىپە كەلتۈرۈش ۋە نەكرە كەلتۈرۈش ھەققىدە

مەرىپە ۋە نەكرىدىن ئىبارەت ھەر بىرى مۇئەييەن نەرسىگە دالالەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مەپھۇمىنىڭ بولۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى . لېكىن نەكرىدىن مۇئەييەن زاتلا ئۇقۇلىدۇ ۋە ئۇ زاتنىڭ، ئاڭلىغۇچىغا مەلۇم بولۇش ئۇقۇمى چىقمايدۇ، مەرىپىدىن بولسا مۇئەييەن زاتمۇ ئۇقۇلىدۇ ۋە ئۇ زاتنىڭ، ئاڭلىغۇچىغا مەلۇم بولۇش ئۇقۇمى چىقىدۇ. مەسىلەن : « رجلٌ »؛ « زيدٌ ». بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇئەييەن بىر زاتقا دالالەت قىلىدى ئەمما، « رجلٌ » دېگەن ئىسىم ئاڭلىغۇچىغا نامەلۇم بولغان زاتقا دالالەت قىلىدى، « زيدٌ » دېگەن ئىسىم بولسا ئاڭلىغۇچىغا مەلۇم بولغان زاتقا دالالەت قىلىدى، مانا بۇ مەرىپە بىلەن نەكرىنىڭ تۈپ پەرقىدۇر.

مەرىپىدىكى مۇئەييەنلىك ياكى خاس ئىسىملاردىدەك سۆزنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىلا بولىدۇ، ياكى خاس ئىسىملاردىن باشقا مەرىپىلەردىكىدەك سىرتقى قەرىنىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ. مەسىلەن : « زيدٌ »؛ « غلامُ زيدٍ »؛ « هذاَ ». بىرىنچى مىسالدىكى مۇئەييەنلىك سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا ھاسىل بولغان، ئەمما ئىككىنچى مىسالدىكى « غلامُ » دېگەن ئىسىمنىڭ مۇئەييەنلىكى ئۆزىدىن كېيىنكى « زيدٍ » نىڭ سەۋەبىدىن ھاسىل بولغان، ئۈچىنچى مىسالدىكى « هذاَ » دېگەن ئىسىمنىڭ مۇئەييەنلىكى بولسا ئىشارەت قىلىنغان نەرسىنىڭ مۇخاتەپكە مەلۇم بولۇشىدىن ئىبارەت ھالى قەرىنىنىڭ سەۋەبىدىن ھاسىل بولغان.

الباب الثّالث

في التعريف و التنكيرِ

كُلٌّ مِنَ النكرة والمعرفةِ يدل على مُعَيَّنٍ وإلا امتنع الفهم ،إلا أن النكرةَ يُفهم منها ذاتُ المعينِ فحسب ولا يفهم منها كونُهُ معلومًا للسامع ، والمعرفةَ يُفهم منها ذاتُ المعينِ وكونُهُ معلومًا للسامع .

و التعين في المعرفة إما أن يكون بنفس اللفظ في الأعلام ، وإما بقرينة خارجية كما في غيره من بقية المعارف .

## «المسند إليه» نى مەرىپە كەلتۈرۈش ۋە نەكرە كەلتۈرۈش

«المسند إليه» نى مەرىپە كەلتۈرۈش :

«المسنَد إليه» نىڭ ھەققى مەرىپە بولۇشتۇر. چۈنكى ئۇ ھۆكۈملەنگۈچىدۇر، ھۆكۈمنىڭ (مەقسەتنى) ئىپادىلەيدىغان بولىشى ئۈچۈن «المسند إليه» نىڭ مۇئەييەن بولىشى لازىمدۇر.

«المسند إليه» نى زىمىر ئارقىلىق مەرىپە قىلىش :

### تعريف المسند إليه و تنكيرُهُ

تعريفُ المسند إليه :

حق المسند إليه أن يكون معرفةً لأنه محكوم عليه فينبغى أن يكون متعينا ليكون الحكم مفيدا .

تعريفُ المسند إليه بالإضمار :

يُؤتى بالمسند إليه بالإضْمار، لأنَّ المقامَ إمَّا مَقام التكلم كقوله عليه السلام : أَنَا النبي لا كذب ، أَنَا ابن عبد المطلب . و إما مقام الخطاب كقوله تعالى ﴿أَأَنتَ فَعَلْتَ هذَا بِآلِهَتِنَا يَا إِبْرَاهِيمُ﴾ الأنبياء٦٢ . وإما مقام الغيبة بكون المسند إليه مذكورا لفظا كقوله تعالى ﴿فَاصْبِرُوْا حَتى يَحْكُمَ اللهُ بَيْنَنَا وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِيْنَ﴾ الأعراف٨٧ . أو معنى لدلالة لفظ عليه ﴿ اعْدِلُوْا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوى ﴾ المائدة٨ . لمَا في اعدلوا معنى العدل ، أو لقرينة حال كقوله تعالى ﴿وَلِأَبَوَيْهِ لِكُلِّ وَاحِدٍ مِّنْهُمَا السُّدُسُ مِمَّا تَرَكَ إِنْ كَانَ لَهُ وَلَدٌ﴾النساء١١ .أي لأبوي الميت .

«المسنَد إليه»، زىمىرلار ئارقىلىق (مەرىپە قىلىپ) كەلتۈرىلىدۇ، چۈنكى ئورۇن ياكى مۇتەكەللىمنىڭ ئورنى بولىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىزنىڭ «أَنَا النبي لا كذب ، أَنَا ابنُ عَبْد المطلب»(مەن پەيغەمبەر يالغىنى يوق، مەن «عَبْد المطلب» نىڭ ئوغلى) دىگىنىدىكىگە ئوخشاش، ياكى ئۇ ئورۇن مۇخاتەپنىڭ ئورنى بولىدۇ. مەسىلەن : «الله تعالى» نىڭ ﴿أَأَنتَ فَعَلْتَ هذَا بِآلِهَتِنَا يَا إِبْرَاهِيمُ﴾ (ئۇلار:«ئەي ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟»دىدى) دىگەن سۆزىدىكىدەك، ۋە ياكى ئۇ ئورۇن، «المسند إليه» نىڭ ئاشكارا زىكىر قىلىنىشى بىلەن بولغان غائىپنىڭ ئورنى بولىدۇ. مەسىلەن : ﴿فَاصْبِرُوْا حَتى يَحْكُمَ اللهُ بَيْنَنَا وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِيْنَ﴾ (الله بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغىچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. الله ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر) دىگەنگە ئوخشاش ياكى ئۇ ئورۇن، «المسند إليه» گە دالالەت قىلىدىغان سۆزنىڭ سەۋەبىدىن «المسند إليه» نىڭ مەنەن زىكىر قىلىنىشى بىلەن بولغان غائىپنىڭ ئورنى بولىدۇ. مەسىلەن : ﴿اعْدِلُوْا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوى﴾ دىگەن ئايەتتىكىگە ئوخشاش، بۇ ئايەتتىكى «اعدلوا» نىڭ مەنىسىدە «المسند إليه» گە دالالەت قىلىدىغان «العدلُ» دىگەن مەنىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ «المسند إليه»، مەنەن زىكىر قىلىنغان ھىساپلىنىدۇ ۋە ياكى ئۇ ئورۇن، ھالنىڭ قەرىنىسىنىڭ سەۋەبىدىن «المسند إليه»نىڭ مەنەن زىكىر قىلىنىشى بىلەن بولغان غائىپنىڭ ئورنى بولىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَلِأَبَوَيْهِ لِكُلِّ وَاحِدٍ مِّنْهُمَا السُّدُسُ مِمَّا تَرَكَ إِنْ كَانَ لَهُ وَلَدٌ﴾ (ئەگەر مېيىتنىڭ بالىلىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ) بۇ ئايەتتە «لِأَبَوَيْهِ» دىكى زىمىر، قايتىدىغان ۋاپات بولغان كىشىنىڭ زىكرىسى ھالنىڭ قەرىنىسى ئارقىلىق ئىلگىرى ئۆتكەن ھىسابلاندى.

«المسندِ إليه» نى ئەلەمىيەت يولى ئارقىلىق مەرىپە قىلىش :

ئۆزىدىن باشقا نەرسىلەردىن پەرىقلىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن خاس ئىسمى بىلەن «المسندِ إليه» نى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ زېھنىگە هازىر قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەلەمىيەت يولى ئارقىلىق مەرىپە قىلىمىز. مەسىلەن : «زيدٌ قائمٌ». بۇ مىسالدىكى «زيدٌ» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ باشقىلاردىن پەرىقلىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن خاس ئىسمى بولۇپ، ئۇنى مۇخاتەپكە مۇشۇ ئىسىم بىلەن تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەردە «المسندِ إليه» قىلىپ كەلتۈرۈلگەن.

ۋە مەدھىنى ھەس قىلدۇرىدىغان ئەلەم ئىسىملاردا ئۇلۇغلاشنى، كەمسىتىشنى ھەس قىلدۇرىدىغان ئەلەم ئىسىملاردا ھاقارەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «المسندِ إليه»، ئەلەمىيەت يولى ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «رَكِبَ عليٌّ و هربَ مُعاويةُ»(ئەلى ئاتقا مىنىۋىدى مۇئاۋىيە قېچىپ كەتتى). بۇ مىسادا «عليٌّ» نى «المسندِ إليه» قىلىش، ئەلى دەپ ئاتالغان كىشىنى ئۇلۇغلاشقا دالالەت قىلىشى ئۈچۈندۇر، بۇ ئۇلۇغلاش «العُلُوِّ»(ئۈستۈنلۈك)

> تعريفُ المسندِ إليه بالعلمية :
>
> يُعرَفُ المسندُ إليه بالعَلَميةِ ، لإِحْضَارِهِ في ذِهْنِ السَّامعِ باسْمِهِ الْخَاصِّ لِيمتَازَ عَمَّا عَدَاهُ . وِ للتَعْظِيْمِ في الأَعْلامِ التِي تُشْعِرُ بالْمَدْحِ وللْإِهَانَةِ فِي الأَعْلامِ التِي تُشْعِر بالذَّمِّ نحو رَكِبَ عليٌّ و هربَ مُعاويةُ ، فإتيانُ المسندِ إليه عليًّا للدلالة على تعظيم مسماه فالتعظيم مَأْخُوذَةٌ من لفظ عليٍّ لأخذه مِن العُلُوِّ ، والإهَانةُ مَأْخُوذَةٌ مِن لفظِ مُعاويةِ لأَنَّهُ مَأْخُوذٌ مِن العُوِّ.

دېگەن مەسدەردىن ئېلىنغان «عليٌّ» دېگەن ئىسىمنىڭ سەۋەبىدىندۇر. ۋە ھاقارەتلەش «العُوِّ»(بۆرىنىڭ ھۇلىشى) دېگەن مەسدەردىن ئېلىنغان «مُعاويةِ» دېگەن ئىسىمدىن ئېلىنغاندۇر.

تەنبىھ : يۇقىرىقى مىسالدىكى «عليٌّ» بىلەن «مُعاويةِ» دىن ئىبارەت ئىككى ئىسىمدىن ساھابىلەر ئىرادە قىلىنمايدۇ.

ئۇنى تېلغا ئېلىشنى تەبەررۈك سانىغانلىقتىنمۇ «المسند إليه»، ئەلەمىيەت يولى ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «هلْ أكْرَمَكَ اللهُ ؟» دېگەن كىشىگە جاۋابەن «اللهُ أكْرَمَنِيْ» دېگەنگە ئوخشاش.

خۇش بىشارەت ھېس قىلدۇرىدىغان ئەلەم ئىسىملادا خۇش بىشارەت ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن «المسند إليه» ئەلەمىيەت يولى ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ . مەسىلەن : «جاء سَعْدٌ». بۇ مىسالدىكى «سَعْدٌ» دېگەن ئىسىم، بەخت مەنىسىدىكى ئىسىم بولغانلىقتىن ئۇ، كىشىگە خۇش بىشارەت ھېس قىلدۇرىدۇ شۇڭا بۇ يەردە مۇشۇ ئەلەم ئىسىم «المسند إليه» قىلىشقا تاللانغان.

شۇملۇنۇشنى ھېس قىلدۇرىدىغان ئەلەم ئىسىملادا شۇملۇنۇشنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ «المسند إليه»، ئەلەمىيەت يولى ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «حَرْبٌ في البلد». بۇ مىسالدىكى «حَرْبٌ» دېگەن ئىسىم، جەڭ مەنىسىدىكى ئىسىم بولغانلىقتىن ئۇ، كىشىگە شۇملۇقنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە مۇشۇ ئەلەم ئىسىم «المسند إليه» قىلىشقا تاللانغان.

ئاشىقلارنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مەشۇقلىرىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلغىنىغا ئوخشاش ئۇنى زىكىر قىلىش ئارقىلىق لەززەت ھېس قىلىش ئۈچۈنمۇ «المسند إليه»، ئەلەمىيەت يولى ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ . مەسىلەن : «باللهِ يَا ظَبَيَاتِ الْقَاعِ قُلْنَ لَنَا لَيْلَايَ مِنْكُنَّ أَمْ لَيْلَايَ مِنَ الْبَشَرِ»( الله بىلەن قەسەمكى ئى سايىنىڭ كىيىكلىرى! لەيلاسىم سىلەردىنمۇ ياكى ئىنسانلاردىنمۇ؟) . القَاعِ – تۈزلەڭلىك .

ئەسلىي مەنىسى ئېتىبارى بىلەن مۇناسىپ كېلىدىغان مەنىدىن شۇ ئىسىمنى كىنايە قىلىش ئۈچۈنمۇ «المسند إليه»، ئەلەمىيەت يولى ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «جاء أبو لَهَب». بۇ مىسالدىكى «أبو لَهَب» دېگەن ئەلەم ئىسىم، ئۆزىنىڭ «ئوتنىڭ دادىسى» دېگەندىن ئىبارەت ئەسلى مەنىسىنىڭ ئېتىبارى بىلەن، بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان كىشى (مەنە) نىڭ دەۋزىخى بولغانلىقى سەۋەبىدىن شۇ كىشىگە مۇناسىپ بولدى شۇڭا بۇ ئىسىم، ئۇ كىشىنىڭ دەۋزىخى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ مەنىدىن كىنايە قىلىندى.

> وللتَبَرّكِ به نحو اللهُ أكْرَمَنِيْ ، في جواب مَن قال هلْ أكْرَمَكَ اللهُ ، وللتفاؤل في الأعْلام التي تُشْعِرُ بذلك نحو جاء سَعْدٌ . ولِلْتَشَاؤُم نحو حَرْبٌ في البلدِ . وللاسْتِلْذاذ بِذكرِهِ كما يَذْكُرُ الْمُحِبُّونَ أسماءَ مَن يُحِبُّوْنَهُ . وللكنايَةِ عن معنى يَصْلَحُ العَلَمُ له بِحسب معناه الأصْلي نحو جاء أبو لَهَبٍ، كِنَايَةً عن كونه جَهَنَّمِيًّا .

«المسند إليه» نى ئىشارەت ئىسمى قىلىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىش :

«المسند إليه» نى ئىشارەت ئىسمى قىلىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىشتا كۆپلىگەن مەقسەتلەر بار بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1 - ئىشارەت ئىسىملىرىنى مۇتەكەللىم ۋە مۇخاتەپتىن ئىبارەت ھەر ئىككىلىسى ئۇنىڭ خاس ئىسمىنى بىلمەيدىغان ۋە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچىمۇ بولمىغان ئەھۋالدا، ئاڭلىغۇچىنىڭ زېھنىگە ئىشارەت قىلىنغۇچىنىڭ ئۆز ئەينىنى ھىسسى تەرىقىدە ھازىر قىلىشقا ئىلىپ بارىدىغان يولغا ئىشلىتىش ئۈچۈن «المسند إليه» نى، ئىشارەت ئىسمى قىلىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىمىز. مەسىلەن : ئىسمىنىمۇ ۋە سۈپىتىنىمۇ بىلمەيدىغان نەرسىگە ئىشارەت قىلغان ھالدا «أَ تَبِيْعُ لِيْ هـذا؟»(بۇ ماڭا ئەگەشكۈچىمۇ؟) دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. بۇ مىسالدىكى «هـذا» نىڭ، ئاڭلىغۇچىنىڭ زېھنىگە ئىشارەت قىلىنغۇچىنىڭ ئۆز ئەينىني ھىسسى تەرىقىدە ھازىر قىلىش رولى بار شۇڭا ئۇ بۇ مىسالدا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

2 - «المسند إليه» نى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئوچۇقلاشتۇرىۋېتىش ئۈچۈن «المسند إليه»، ئىشارەت ئىسمى قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «هـذا أبو الصَّقْرِ فـردًا في محاسـنه»(بۇ ياخشىلىقتا يېگانە بولغان «أبو الصَّقْر» دۇر). ئىشارەت ئىسىملىرىنىڭ ئىشارەت قىلىنغۇچىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ قويىۋاتقاندەك ئىپادىلەش رولى بولغانلىقتىن بۇ يەردە «هذا» نىڭ«المسند إليه» قىلىنىشى ئۇنى تېخىمۇ ئوچوقلاشتۇرۇۋەتكەن.

3 - ئاڭلىغۇچىنىڭ ھىسسى نەرسىدىن باشقىنى چۈشۈنەلمىگىدەك دەرىجىدە گالۋاڭ ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن «المسندِ إليه»، ئىشارەت ئىسمى قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «أُوْلئِكَ آبَائِيْ فَجِئْنِيْ بِمِثْلِهِمْ * إِذَا جَمَعْتَنَا يَا جَرِيْرُ الْمَجَامِعُ»(ئەنە ئاۋۇلار مېنىڭ دادىلىرىم ئى جەرىر!، بىزنى سورۇن جەملىگەندە ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ باقە!). شائىر بۇ شېئىردا مۇخاتەپنى ئەقلىي تەپەككۇردىن بىخەۋەر ھالدىكى، ھىسسى نەرسىدىن باشقىنى چۈشۈنەلەيدىغان كىشى سانىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «أُوْلئِكَ» نى «المسندِ إليه» قىلىپ كەلتۈرگەن. چۈنكى ئىشارەت ئىسىملىرى پەقەت ھىسسى نەرسىلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەفھۇمىنى چۈشۈنۈشكە ئەقىل ئىشلىتىش كەتمەيدۇ ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا مەرىپىلەرنىڭ مەفھۇمىنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن ئەقىل ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

4 - «المسندِ إليه» نىڭ يېقىندا ياكى يىراقتا ۋە ياكى ئوتتۇرھال يەردە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھالىنى بايان قىلىش ئۈچۈن «المسندِ إليه»، ئىشارەت ئىسمى قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «هـذا مُحمدٌ»؛ «ذلك مُحَمدٌ»؛ «ذاك مُحمدٌ».

تعريفُ المسندِ إليه باسم الإشارة :

يُؤْتى بالمسند إليه اسمُ إشارةٍ لأغْراض ، منها :

١- تعيينُ الإسمِ الإشارةِ طريقًا إلى إحْضارِ مُشارٍ إليه بِعَيْنِه في ذهْنِ السامعِ بِأنْ يكون حاضِرًا مَحْسُوسًا ، والْمُتكلم والسامع لا يعرفانِ اسْمَهُ الخاصَّ ولا مُعَيَّنًا اخرَ ، كقولك أَ تبيعُ لِيْ هـذا ؟ مُشيرًا الى شيءٍ لا تَعْرِفُ لَهُ اسْمًا و لَا وَصْفًا .

٢- تمييزُ المسندِ إليه أكملَ تَمْييزٍ نحو هذا أبو الصَّقْرِ فردًا في محاسنه.

٣- التعريضُ بغباوةِ السامعِ حتى كأنَّهُ لا يَفْهَمُ غيرَالْمَحْسُوسِ .

٤- بيـانُ حـالِ المسـندِ إليـه في القُـرْبِ أو البُعْـدِ أو التَّوَسُّـطِ ،فيقـال مثلا : هـذا مُحمدٌ ، وذلك مُحَمدٌ ،وذاك مُحمدٌ .

5 ـ يىراق ۋە يېقىننى ئىپادىلەيدىغان ئىشارەت ئىسىملىرى ئارقىلىق ئىشارەت قىلىنغۇچىنى ئۇلۇغلاش ياكى هاقارەت قىلىش ئۈچۈن «المسند إليه»، ئىشارەت ئىسمى قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. ئىشارەت قىلىنغۇچىنى يېقىننى ئىپادىلەيدىغان ئىشارەت ئىسىملىرى ئارقىلىق ئۇلۇغلاشنىڭ مىسالى: ﴿إِنَّ هَـذَا الْقُرْآنَ يِهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ﴾ (بۇ قۇرئان ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ). ئىشارەت قىلىنغۇچىنى يېقىننى ئىپادىلەيدىغان ئىشارەت ئىسىملىرى ئارقىلىق هاقارەتلەشنىڭ مىسالى: ﴿أَهَـذَا الَّذِي يَذْكُرُ آلِهَتَكُمْ﴾ (سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلارنى ئەيىپلەيدىغان كىشى مۇشۇمۇ؟). ئەمما ئىشارەت قىلىنغۇچىنى يىراقنى ئىپادىلەيدىغان ئىشارەت ئىسىملىرى ئارقىلىق ئۇلۇغلاشنىڭ مىسالى: ﴿ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ﴾ بۇ ئايەتتە كىتابنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈنلىكى ۋە دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئارلىقىنىڭ يىراقلىقىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلگەنلىكتىن كىتاب گەرچە يېقىن يەردە بولسىمۇ ئۇنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن «ذَلِكَ» دىن ئىبارەت يىراقنى ئىپادىلەيدىغان ئىشارەت ئىسمى ئارقىلىق ئىشارەت قىلىندى. ئىشارەت قىلىنغۇچىنى يىراقنى ئىپادىلەيدىغان ئىشارەت ئىسىملىرى ئارقىلىق هاقارەتلەشنىڭ مىسالى: ﴿فَذَلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ﴾ بۇ ئايەتتىكى ئىشارەت قىلىنغۇچى «العاص بن وائل» يېقىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىتاب ۋە هازىر بولۇشىنىڭ شەرەپلىك سورۇنىدىن يىراق بولۇشى مۇساپىدىكى يىراقلىقنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلگەنلىكتىن، يىراقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «ذَلِكَ»، ئارقىلىق ئۇنى هاقارەتلەش ئىپادىلەنگەن.

6 ـ بىر قانچىلىغان سۈپەت ئەگەشتۈرۈلگەن مۇسنەدۇن ئىلەيىنىڭ، ئاشۇ سۈپەتلەر سەۋەبىدىن، ئىشارەت ئىسمىدىن كېيىن كەلگەن نەرسىگە ئېرىشىشكە لايىقلىشالايدىغانلىقىنى ئاگاهلاندۇرۇش ئۈچۈن «المسند إليه»، ئىشارەت ئىسمى قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: ﴿ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ وَالَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِالآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ أُوْلَـئِكَ عَلَى هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ وَأُوْلَـئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾. بۇ ئايەتتىكى «لِّلْمُتَّقِينَ» گە، ئۇزىدىن كېيىنكى «الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ» ۋە «الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِالآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ» قاتارلىق ئىككى سۈپەت ئەگەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ سۈپەتلەر ئارقىلىق «أُوْلَـئِكَ» دېگەن ئىشارەت ئىسمىدىن كېيىنكى «عَلَى هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ» دېگەن ئىشقا ئېرىشىشكە لايىق بولالىغان، دەل مۇشۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ يەردە «أُوْلَـئِكَ» دېگەن ئىشارەت ئىسمى «المسند إليه» قىلىپ كەلتۈرۈلگەن.

٥– تعظيم المشار إليه أو تحقيره بالقرب أو البعد. أمّا تعظيمه بالقرب فكقوله تعالى ﴿إِنَّ هَـذَا الْقُرْآنَ يِهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ﴾ الإسراء٩، وتحقيره بالقرب ﴿أَهَـذَا الَّذِي يَذْكُرُ آلِهَتَكُمْ﴾ الأنبياء٣٦. وأمّا تعظيمه بالبعد فكقوله تعالى ﴿الم ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ﴾ تنزيلا لبعد درجته ورفعة محله منزلة بعد المسافة. وتحقيره بالبعد كما يقال: ﴿فَذَلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ﴾ الماعون٢ والحال أنه قريب، تنزيلا لبعده عن ساحة عزّ الحضور والخطاب منزلة بعد المسافة.

٦– التنبيه على أنّ المسند إليه المعقّب بأوصاف جدير لأجل تلك الأوصاف بما يذكر بعد اسم الإشارة كقوله تعالى ﴿ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ وَالَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِالآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ أُوْلَـئِكَ عَلَى هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ وَأُوْلَـئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ البقرة٥-١

«المسندِ إليه» نى مەۋسۇل قىلىش يولى ئارقىلىق مەرىپە قىلىش :

«المسندِ إليه» نى مەۋسۇل قىلىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىشتا سەۋەب كۆپ بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1 - مۇخاتەپنىڭ ئۇ مەۋسۇلنىڭ سىلىسىدىن باشقا خاس ئەھۋالىدىن خەۋىرى بولمىغانلىقتىن «المسندِ إليه»، مەۋسۇل قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «الذي كانَ مَعَنَا أمْس رجلٌ عالِمٌ» (ئاخشام بىز بىلەن بىرگە بولغان كىشى بىلىملىك ئادەمدۇر). بۇ مىسالدا مۇخاتەپنىڭ، «كانَ مَعَنَا أمْس» دېگەندىن باشقا، ئۇ «المسندِ إليه» گە خاس ئەھۋاللاردىن خەۋىرى بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭغا مۇشۇنى ئەسلىتىش يۈزىسىدىن ئۇ «المسندِ إليه»، مەۋسۇل قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدى.

2 - كۆپتۈرۈش ۋە مۇبالىغا قىلىش ئۈچۈن «المسندِ إليه»، مەۋسۇل قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ.

## تَعريفُ المسند إليه بالْمَوْصُولِيَّة :

يُؤتى بالمسند إليه اسمُ المَوْصُول لدواعٍ ، منها :

١- عدمُ علْمِ الْمُخاطب بالْأَحْوال الْمُخْتَصَّة به سوى الصِّلَة نحو الذي كانَ مَعَنَا أمْسِ رجلٌ عالمٌ .

٢- التفخيْمُ والتَّهْوِيْل كقوله تعالى ﴿ فَأَتْبَعَهُمْ فِرْعَوْنُ بِجُنُوده فغشيَهُم مِّنَ الْيَمّ مَا غَشيَهُمْ ﴾ طه٧٨ .

٣- استهجاءُ التصريح بالإسم إذا كانَ مِمَّا لا يَسْتَحْسِنُ ذِكْرُهُ ، كقول العُلَمَاء : نَاقضَةٌ مَا خَرَجَ من السبيلين .

٤- زيادةُ تقرير الغرض الْمَسُوق لَهُ كَلامٌ كقوله تعالى ﴿ وَرَاوَدَتْهُ الَّتِي هُوَ فِيْ بَيْتِهَا عَنْ نَفْسه ﴾ يوسف٢٣ .

٥- تشويقُ الْمُخاطب إلى الخَبَر لِيَتَمَكَّنَ في ذهْنه ، كقوله : الذي حَارَتْ البَرِيَّةُ فيْه * حيوانٌ مستحدثٌ من جمادٍ .

مەسىلەن : ﴿ فَأَتْبَعَهُمْ فِرْعَوْنُ بِجُنُودِهِ فَغَشِيَهُم مِّنَ الْيَمِّ مَا غَشِيَهُمْ ﴾ (پىرئەۋن لەشكەرلىرى بىلەن ئۇلارنى قوغلىۋىدى، ئۇلارنى دېڭىزدا دەھشەتلىك ھالەت ئورىۋالدى). بۇ ئايەتتە ئۇلارنى قانچىلىك نەرسىنىڭ ئورىۋالغانلىقنى ئوچۇق زىكىر قىلماسلىقتىكى سەۋەب «ئۇنى مانچىلىك دەپ بولغىلى بولمايدۇ، ئىش قىلىپ ئۇلارنى ئورىۋالغان نەرسە ئورىۋالدى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر.

3 - زىكىر قىلىش بىئەپ بولىدىغان ئىسىمنى ئاشكارىلاشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن «المسندِ إليه»، مەۋسۇل قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : پەقىھ ئالىملارنىڭ «نَاقِضَةٌ مَا خَرَجَ مِن السبيلين» (ئىككى يولدىن چىققان نەرسە تاھارەتنى سۇندۇرغۇچىدۇر) دېگىنىگە ئوخشاش.

4 - جۈملە ئۇنىڭ ئۈچۈن سۆزلەنگەن مەقسەتنى بەكرەك ئورنىتىۋېتىش ئۈچۈن «المسندِ إليه»، مەۋسۇل قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿ وَرَاوَدَتْهُ الَّتِيْ هُوَ فِيْ بَيْتِهَا عَنْ نَفْسِهِ ﴾ (يۇسۇف تۇرىۋاتقان ئۆيدىكى ئايال يۇسۇپتىن ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى). بۇ جۈملىنىڭ سۆزلىنىشىدىكى مەقسەت زۇلەيخانىڭ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئۆزى بىلەن بىرگە بولۇشقا تەكلىپ قىلغانلىقنى ئىپادىلەش بولۇپ، «الله» مۇشۇ مەقسەتنى بەندىلەرنىڭ زېھنىگە بەكرەك ئورنىتىۋېتىش ئۈچۈن زۇلەيخا دېگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا «الَّتِيْ» نى «المسندِ إليه» قىلىپ كەلتۈرگەن . والله أعلم بالصواب.

5 - خەۋەرنىڭ مۇخاتەپنىڭ زېھنىگە ئورناپ كىتىشى ئۈچۈن ئاشۇ خەۋەرگە قىزىقتۇرۇش يۈزىسىدىن «المسندِ إليه»، مەۋسۇل قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «الذي حَارَتْ البَرِيَّةُ فِيْهِ * حيوانٌ مستحدثٌ مِن جمادٍ» (كىشىلەر ھەيران قىلىۋاتقان نەرسە جانسىز شەيئىدىن پەيدا قىلىنغان جانلىقتۇر). بۇ يەردە «الذي حَارَتْ البَرِيَّةُ فِيْهِ» دېيىلىشى بىلەن تەڭ ئاڭلىغۇچىغا نىمىدۇ ئۇ؟ دېگەن قىزىقىش پەيدا بولىدۇ، دەل شۇ چاغدا «حيوانٌ مستحدثٌ مِن جمادٍ» دېيىلسە بۇ خەۋەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ زېھنىگە ئورناپ كىتىدۇ، مۇشۇ سەۋەپتىن بۇ يەردە «الذي» دىن ئىبارەت مەۋسۇل «المسندِ إليه» قىلىپ كەلتۈرۈلگەن.

**6** ـ مۇخاتەپتىن باشقىلاردىن ئەھۋالنى يوشۇرۇش ئۈچۈن «المسند إليه»، مەۋسۇل قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «وأَخَذْتُ ما جاءَ الأميرُ به * وقَضَيتُ حَاجَاتِي كما أَهْوى »(پادىشا ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى ئالدىم ۋە ھاجەتلىرىمنى خالىغىنىمچە ئادا قىلدىم). بۇ يەردە پادىشانىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىسىدىن مۇخاتەپتىن باشقىلارنىڭ خەۋىرى بولمىغانلىقتىن مۇتەكەللىم ئۇنى باشقىلاردىن يوشۇرۇش مەقسىدىدە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاش ئورنىغا ئۇنى مەۋسۇل شەكلىدە مەرىپە قىلىپ كەلتۈرگەن.

7 ـ ھۆكۈمنى ئۇقتۇرۇش بىرگە خەۋەر ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەنگەن ساۋاپ، جازا، ماختاش، ئەيىپلەش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تەرەپلەرگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن «المسند إليه»، مەۋسۇل قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ.

٦- إخفاءُ الأمْرِ عن غيرِ الْمُخاطَبِ كقوله : وأخذتُ ما جاء الأميرُ به * وقَضيتُ حَاجَاتِي كما أَهْوى .

٧- تعليمُ الحكمِ والإيماءُ إلى الوجهِ الذي يُبْنى عليه الخبرُ من ثوابٍ أو عقابٍ أو مدحٍ أو ذمٍ أوغيرِ ذلكَ كقوله تعالى ﴿ إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَانَتْ لَهُمْ جَنَّاتُ الْفِرْدَوْسِ نُزُلاً ﴾الكهف١٠٧ . وقوله تعالى ﴿ وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ ﴾غافر٦٠ . وقولهم : مَنْ ثَابَرَ وصَبَرَ جَنى أطيبَ الثمرِ . و قولهم : مَن زرَعَ الإهمالَ حَصَدَ الوبالَ .

٨- التنبيهُ على خطأ الْمُخاطَبِ كقوله تعالى ﴿ إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ عِبَادٌ أَمْثَالُكُمْ ﴾الأعراف١٩٤ .

مەسىلەن : ﴿ إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَانَتْ لَهُمْ جَنَّاتُ الْفِرْدَوْسِ نُزُلاً ﴾ . بۇ مىسال ھۆكۈمنى ئۇختۇرۇش بىلەن بىرگە خەۋەر ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەنگەن ساۋاپتىن ئىبارەت ۋەجھى(تەرەپ) نى بايان قىلىپ بەرگەن. ﴿ وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ ﴾ (پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن قوبۇل قىلىمەن، شۈبھىسىزكى مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»). بۇ مىسال ھۆكۈمنى ئۇختۇرۇش بىلەن بىرگە خەۋەر ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەنگەن جازادىن ئىبارەت ۋەجھىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

تەنبىھ : بۇ ئايەتتىكى «أَسْتَجِبْ» دىگەن پېئىل، ئەمىرنىڭ جاۋابىدا كەلگەنلىكتىن ئالدىغا «إِنْ» تەقدىر قىلىنىپ جەزمى ئوقۇلغان.

«مَنْ ثَابَرَ وصَبَرَ جَنى أطيبَ الثمرِ »(داۋاملاشتۇرغان ۋە بەرداشلىق بەرگەن كىشى مېۋىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى يىغىدى). بۇ مىسال ھۆكۈمنى ئۇختۇرۇش بىلەن بىرگە خەۋەر ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەنگەن ماختاشتىن ئىبارەت ۋەجھىنى بايان قىلىپ بەرگەن . «مَن زرَعَ الإهمالَ حَصَدَ الوبالَ »(بىپەرۋالىقنى تېرىغان كىشى ئۇۋالچىلىقنى ئورىدى). بۇ مىسال ھۆكۈمنى ئۇختۇرۇش بىلەن بىرگە خەۋەر ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەنگەن ئەيىپلەشتىن ئىبارەت ۋەجھىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

**8** ـ مۇخاتەپنىڭ خاتالىقىغا تەنبىھ بىرىش ئۈچۈن «المسند إليه»، مەۋسۇل قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿ إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ عِبَادٌ أَمْثَالُكُمْ ﴾(سىلەر «اللّه» نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر).

9 ـ ئۇلۇغلاشقا تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن « المسندِ إليه »، مەۋسۇل قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: « جاء الذي أَدَّبَكَ فَأَحْسَنَ تربيتَكَ »(سىنى ئەدەپلەپ ياخشى تەربىيلىگەن كىشى كەلدى).

10 ـ مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن « المسندِ إليه »، مەۋسۇل قىلىنىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَقَالُواْ يَا أَيُّهَا الَّذِي نُزِّلَ عَلَيْهِ الذِّكْرُ إِنَّكَ لَمَجْنُونٌ﴾(ئۇلار ئېيتتى: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم ! سەن ھەقىقەتەن مەجنۇنسەن»).

« المسندِ إليه » نى، مەۋسۇل قىلىش ئارقىلىق مەرىپە قىلىش قىسمەن چاغلاردا خەۋەرنىڭ كاتتىلىغىنى ئىپادىلەشكە ۋاستە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : « إنَّ الذينَ سَمَكَ السماءَ بَنَى لَنَا بَيْتًا دَعَائِمُهُ أَعَزُّ وأَطْوَلُ »(شەكسىزكى ئاسمانىنى ئۈستۈن قىلغان زات بىزگە تۈۋرۈكلىرى ئېگىز ۋە ئۇلۇغ بىر ئۆينى قۇرۇپ بەردى). بۇ مىسادا « ئاسمانىنى ئۈستۈن قىلغان زات » دېيىش ئارقىلىق « بَنَى لَنَا بَيْتًا دَعَائِمُهُ أَعَزُّ وأَطْوَلُ » دىگەن خەۋەرنى قىلغۇچىنىڭ كاتتىلىغىنى ۋە بۇنداق كاتتا زات قىلغان ئىشنىڭمۇ كاتتا بولىدىغانلىقنى ئىپادىلىگەن.

« المسندِ إليه » نى، مەۋسۇل قىلىش قىسمەن چاغلاردا خەۋەردىن باشقا نەرسىنىڭ كاتتىلىغىنى ئىپادىلەشكىمۇ ۋاستە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿الَّذِينَ كَذَّبُواْ شُعَيْبًا كَانُواْ هُمُ الْخَاسِرِينَ﴾. بۇ مىسادا « المسَندِ إليه » نىڭ، « الَّذِينَ » ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىشى « شُعَيْباً » نىڭ كاتتىلىغىنى ئىپادىلەشكە ۋاستە قىلىنغان.

« المسندِ إليه » نى، مەۋسۇل قىلىش قىسمەن چاغلاردا خەۋەرنىڭ ھالىنىڭ ئاھانەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشكىمۇ ۋاستە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : « إنَّ الذي لايعرف الفقهَ قد صَنَّفَ فيْه كتابًا »(پىقھىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۇ ھەقتە كىتاپ يازدى). بۇ مىسالدا ، « الَّذِينَ » نىڭ « المسندِ إليه » قىلىنىشى كىتاپ يېزىشتىن ئىبارەت خەۋەرنىڭ ھالىنىڭ ئاھانەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشكە ۋاستە قىلىنغان چۈنكى پىقھىنى بىلمەيدىغان كىشىنىڭ ئۇ ھەققىدە كىتاپ يازغانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئۇ كىشىنىڭ بۇ ھەقتە ياخشى كىتاپ يازالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

« المسندِ إليه » نى مەۋسۇل قىلىش قىسمەن چاغلاردا خەۋەردىن باشقا نەرسىنىڭ ھالىنىڭ ئاھانەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشكىمۇ ۋاستە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : « إنَّ الذي يَتبعُ الشيطانَ فهو خاسرٌ ». بۇ مىسالدا « الشيطانَ » نىڭ ھالىنىڭ ئاھانەتلىك ئىكەنلىكىگە ۋاستە قىلىنغان.

« المسندِ إليه » نى مەۋسۇل قىلىش قىسمەن چاغلاردا تەرغىپ قىلىشنى ئىپادىلەشكىمۇ ۋاستە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: « الذي حَسَنَتْ خَصَالُهُ ونَبُلَتْ فعالُهُ مَحْبُوبٌ »(خىسلىتى ياخشى، قىلىقى ئېسىل بولغان كىشى سۆيۈملۈكتۇر).

« المسندِ إليه » نى مەۋسۇل قىلىش قىسمەن چاغلاردا نەپرەتلەندۈرۈشنى ئىپادىلەشكىمۇ ۋاستە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : « الذي شاهَ خَلْقُهُ و سَاءَ خُلُقُهُ مَمْقُوتٌ »(يارىلىشى سەت، ئەخلاقى ناچار بولغان كىشى، يېرگىنىشلىكتۇر).

٩- الحثُّ على التَّعظيم نحو جاء الذي أَدَّبَكَ فَأَحْسَنَ تربيتَكَ .

١٠- التَّهكُّمُ كقوله تعالى ﴿وَقَالُواْ يَا أَيُّهَا الَّذِي نُزِّلَ عَلَيْهِ الذِّكْرُ إِنَّكَ لَمَجْنُونٌ﴾الحجر٦

ورُبَّمَا يُجْعَلُ وسِيْلةً إلى التعريضِ بتَعْظِيْمِ شأنِ الخبرِ نحو إنَّ الذي سَمَكَ السماءَ بَنى لَنَا بَيْتًا دَعَائِمُهُ أَعَزُّ وأَطْوَلُ ، أو تعظيمِ شأنِ غيرِ الخبرِ كقوله تعالى ﴿الَّذِينَ كَذَّبُواْ شُعَيْبًا كَانُواْ هُمُ الْخَاسِرِينَ﴾الأعراف٩٢، أو التعريضِ بإهانة لشأنِ الخبرِ نحو إنَّ الذي لايعرف الفقهَ قد صَنَّفَ فيْه كتابًا . أو إهانة لشأنِ غيرِه نحو إن الذي يتبع الشيطانَ فهو خاسرٌ . وكالترغيب كقولك : الذي حَسَنَتْ خَصَالُهُ ونَبُلَتْ فعالُهُ مَحْبُوبٌ . وكالتنفيرِ نحو الذي شاهَ خَلْقُهُ و سَاءَ خُلُقُهُ مَمْقُوتٌ .

«المسندِ إليه» نى «ال» ئارقىلىق مەرىپە قىلىش :

«ال» ئىپادىلەيدىغان مەنىلەردىن بىرەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «المسند إليه» بولغان ئىسىم «ال» ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدۇ. ئاشۇ «ال» چوڭ جەھەتتىن ئىككىگە بۆلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار «لامُ العهديّ الخارجيّ» ۋە «لامُ الحقيقةِ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

تعريفُ المسندِ إليه بالام :

يؤتى السند إليه معرفًا بالام ، لِإفادة معنى مِن المعانى التى تُفيدُها اللامُ .وذلك أنَّ لامَ التعريفِ على قِسمينِ : لامُ العهديّ الخارجيِ ولامُ الحقيقةِ .

فَلامُ العهدِ الخارجى هي التى يكون مَدخولُها مُعَيَّنًا في الخارج ، وهي ثلثة أنواع : صَرِيحٌ وكِنَائِيٌّ و عِلْمِيٌّ .

١- أما لامُ العهدِ الصريحيّ فهي ما تقدم لِمَدخولِها ذِكْرٌ صَرَاحَةً كقوله تعالى ﴿ إِنَّا أَرْسَلْنَا إِلَيْكُمْ رَسُولًا شَاهِدًا عَلَيْكُمْ كَمَا أَرْسَلْنَا إِلَى فِرْعَوْنَ رَسُولًا فَعَصَى فِرْعَوْنُ الرَّسُولَ ﴾ المزمل١٥ .

«لامُ العهديّ الخارجيّ» دىگىنىمىز ئۇ، كىرگەن ئىسىم ئەمەلىيەتتە مۇئەييەن بار بولغان «ال» دۇر. بۇ خىل «ال» گە ئاشۇ ، ھېلىقى دىگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنىڭ بىرىلىشى مۇناسىپ كېلىدىغان بولۇپ، بۇ «صَرِيحٌ»، «كِنَائِيٌّ» ۋە «عِلْمِيٌّ» دىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1 - «لامُ العهدِ الصريحيّ» دىگىنىمىز، زىكرىسى ئاشكارا ئۆتكەن ئىسىمغا كىرگەن «ال» دۇر.

مەسىلەن : ﴿إِنَّا أَرْسَلْنَا إِلَيْكُمْ رَسُولًا شَاهِدًا عَلَيْكُمْ كَمَا أَرْسَلْنَا إِلَى فِرْعَوْنَ رَسُولًا فَعَصَى فِرْعَوْنُ الرَّسُولَ ﴾ (شۈبھىسىزكى، بىز پىرئەۋنگە بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەنىدەك، سىلەرگە گۇۋاھلىق بەرگۈچى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق). بۇ ئايەتتىكى «ال» كىرگەن «الرَّسُولَ » نىڭ زىكرىسى «فَعَصى فِرْعَوْنُ» نىڭ ئالدىدا ئاشكارا ئۆتكەن.

2 - «لامُ العهدِ الكنائيّ» دىگىنىمىز، زىكرىسى كىنايەتەن ئۆتكەن ئىسىمغا كىرگەن «ال» دۇر. مەسىلەن: ﴿وَلَيْسَ الذَّكَرُ كَالْأُنْثَى﴾. بۇ يەردە «الذَّكَرُ» دىكى «ال»، ئىمراننىڭ ئايالىنىڭ ﴿رَبِّ إِنِّي نَذَرْتُ لَكَ مَا فِي بَطْنِي مُحَرَّرًا﴾ (پەرۋەردىگارىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى ئازات قىلىنغان ھالدا سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم) دېگەن سۆزىدە كىنايەتەن زىكىر قىلىنغان. «كىنايەتەن زىكىر قىلىنغان» دېيىشىمىز ئىمراننىڭ ئايالىنىڭ سۆزىدىكى «مَا» كەلىمىسىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. چۈنكى ئۇلار ئەينى چاغدا بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ خىزمىتىگە پەقەت ئوغۇل بالىنىلا ئاتايتى، شۇڭا «مَا» ئەسلىدە ئوغۇل ۋە قىزدىن ئىبارەت ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولسىمۇ «بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ خىزمىتىگە ئاتىدىم» دېگەن سۆزنىڭ قەرىنىسى بىلەن بۇ «مَا» دىن ئىرادە قىلىنغىنى ئوغۇل بالا ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، شۇڭا «الذَّكَرُ» نىڭ زىكرىسى كىنايەتەن ئىلگىرى ئۆتكەن ھېسابلىنىدۇ.

٢- و لامُ العهدِ الكنائيِّ هي ما تقدم لِمَدخولِها ذكرٌ كنايةً كقوله تعالى ﴿ وَلَيْسَ الذَّكَرُ كَالأُنْثَى ﴾آل عمران٣٦. فاللام في الذكَرِ عائدةٌ إلى ما سَبَقَ ذِكْرُهُ كنايةً في قوله ﴿ رَبِّ إِنِّي نَذَرْتُ لَكَ مَا فِي بَطْنِي مُحَرَّرًا ﴾آل عمران٣٥. فإنه المعنى بِمَا في كلامها ، إذ التحريرُ لِخدمةِ بَيْتِ المقدسِ لم يكن إلا للذكور .

٣- ولامُ العهد العلمي هي ما لم يتقدم لمدخولها ذِكْرٌ مطلقًا ولكن للمخاطب علمٌ به سواء أكان حاضرا أو لا كقوله تعالى ﴿ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ الشَّجَرَةِ ﴾الفتح١٨ . و ﴿ إِذْ هُمَا فِي الْغَارِ ﴾التوبة٤٠. و نحو قولك : خَرَجَ الأَميرُ ، إذا لم يكن في البلد إلا أميرٌ واحدٌ .

3 - «لامُ العهدِ العلميّ» دىگىنىمىز، ئۇ، كىرگەن ئىسىمنىڭ زىكرىسى زادىلا ئۆتمىگەن بولسىمۇ لېكىن مۇخاتەپ سورۇنغا ھازىر بولسۇن - بولمىسۇن ئۇنىڭغا مەلۇملۇق بولغان ئىسىمغا كىرگەن «ال» دۇر. مەسىلەن : ﴿لَقَدْ رَضِيَ اللَّهُ عَنِ الْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ الشَّجَرَةِ﴾ (ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار دەرەخ ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى)، ﴿إِذْ هُمَا فِي الْغَارِ﴾ (ئەينى چاغدا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى). بۇ ئىككى ئايەتتىكى «الشَّجَرَةِ» بىلەن «الْغَارِ» دىن ئىبارەت ئىككى كەلىمىنىڭ زىكرىسى ئۆتمىگەن بولسىمۇ، مۇخاتەپ بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئايەت نازىل بولغاندا بۇ ئىككى يەردە ھازىر بولسۇن - بولمىسۇن ئۇنىڭغا بۇ ئىككىسى مەلۇملۇق بوغانلىقتىن بۇلارغا كىرگەن «ال» نى «لامُ العهدِ العلميّ» دەيمىز. يەنە بىر مىسال: شەھەردە پەقەت بىرلا پادىشا بار ئەھۋالدا «خَرَجَ الأَميرُ» دېگەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

«لامُ الحقيقة» دېگىنىمىز، مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ماھىتىگە تەيىنلەنگەن ئىسىمغا كىرگەن «ال» دۇر. بۇ ئۆزى كىرگەن ئىسىمنىڭ ئېتىبارى بىلەن «لامُ الجِنْسِ»، «لامُ العَهْدِ الذِّهْنِيِّ» ۋە «لامُ الاسْتِغْرَاقِ» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

1 - «لامُ الجِنْسِ» دېگىنىمىز، ئۇ كىرگەن ئىسىم ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەپرادلىرىغا قارىماستىن، پەقەت ئۇنىڭ ھەقىقىتىنىڭ ئۆزىلا مەقسەت قىلىنىنغان «ال» دۇر. مەسىلەن: «الرجلُ خيرٌ مِن الْمَرْأة»(ئەر، ئايالدىن ياخشى)، «شربتُ الماءَ».

بىرىنچى مىسالدىن «بارلىق ئەر، بارلىق ئايالدىن ياخشى» دېگەن مەنىمۇ ۋە «مەلۇم بىر ئەر، مەلۇم بىر ئايالدىن ياخشى» دېگەن مەنىمۇ چىقمايدۇ، بەلكى «ئەرلىك ماھىتىگە ئىگە كىشى ئاياللىق ماھىتىگە ئىگە كىشىدىن ياخشى» دېگەن مەنا چىقىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە «الرجل» ۋە «الْمَرْأة» قاتارلىقلاردىن ئىرادە قىلىنىدىغىنى ئۇلارنىڭ ماھىتىدۇر. ئىككىنچى مىسالمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ھۆرمەتلىك ساۋاقدىشىم ئەگەر سىز مەنتىق ئىلمىدىن ئار-تۇلا خەۋەردار بولسىڭىز يۇقىرىقى سۆزلەر سىزگە چۈشۈنۈشلۈك بولۇپ بولدى ئەمما ئۇ ئىلىمدىن خەۋىرىڭىز بولمىسا بۇ مەزمۇننى ياخشى چۈشۈنۈش ئۈچۈن شۇ ئىلىمگە مۇراجەت قىلىڭ!

2 - «لام العهد الذهني» دېگىنىمىز، قەرىنە بار ئەھۋالدا، زىھىندىكى مەلۇملىقنىڭ ئېتىبارى بىلەن، ئۇ «ال» كىرگەن ئىسىم ئارقىلىق شۇ ئىسىمنىڭ ھەقىقىتىنىڭ ئەپراتلىرىدىن مۇبھەن بولغان بىرى ئىرادە قىلىنغان «ال» دۇر. مەسىلەن: ﴿وَأَخَافُ أَن يَأْكُلَهُ الذِّئْبُ﴾ (ئۇنى بۆرىنىڭ يەپ قويىشىدىن ئەنسىرەيمەن). بۇ يەردە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى قېرىنداشلىرىنىڭ شىكارغا ئېلىپ چىقماقچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت قەرىنە بولغانلىقتىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇ بۆرىنىڭ كىشىلەر زىھنىدىكى مەلۇملىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ «ال» كىرگەن «الذِّئْبُ» دېگەن ئىسىم ئارقىلىق «بۆرە» دېگەن ئىسىمنىڭ ھەقىقىتىنىڭ ئەپراتىدىن مۇبھەم بولغان بىرىنى ئىرادە قىلغان، شۇڭا ئايەتنىڭ مەزمۇنى «ئۇنى بىرەر بۆرىنىڭ يەپ قويىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق «ال» كىرگەن ئىسىملار مەنە جەھەتتە نەكىرىگە ئوخشاشتۇر، شۇڭا گەرچە ئۇنىڭغا لەبزى جەھەتتىن مۇبتەدا بولۇش، زۇلھال بولۇش، مەرىپىگە سۈپەت بولۇش ۋە مەرىپىگە مەۋسۇپ بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت مەرىپىنىڭ ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىسىمۇ مەنە جەھەتتىن نەكىرىنىڭ مۇئامىلىسى قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «وَلَقَدْ أَمُرُّ عَلَى اللَّئِيمِ يَسُبُّنِيْ»(مىنى دۆشكەلەيدىغان مەلئۇننىڭ يېنىدىن چوقۇم ئۆتىمەن). بۇ مىسالدىكى «اللَّئِيم» گە نەكىرىنىڭ مۇئامىلىسى قىلىنغانلىقتىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى «يَسُبُّنِيْ» دېگەن جۈملە ئۇنىڭ سۈپىتى ھىسابلىنىدۇ، ئەگە ئۇنىڭغا نەكىرىنىڭ مۇئامىلىسى قىلىنمىغان بولسا ئۇ جۈملە مەرىپىدىن كېيىن كەلگەن ھىسابلىنىپ «اللَّئِيمِ» نىڭ ھالىتى بولغان بولاتتى.

ولامُ الحقيقةِ هي مايكون مدخولها موضوعا للحقيقة و الماهيةِ ، وتنقسم باعتبار مدخولها إلى ثلاثة أقسام : لامُ الجِنْسِ ولامُ العَهْدِ الذِّهْنِيِّ ولامُ الاسْتِغْرَاقِ .

١- فلامُ الجنسِ هي ما يكون مدخولها مرادا به الحقيقة نفسها بقطع النظر عن الأفراد نحو الرجلِ خير مِن الْمَرْأة ، و نحو شربتُ الماءَ .

٢- ولام العهد الذهني هي مايكون مَدخولُها مرادًا به فردٌ مبهمٌ مِن أفرادِ الحقيقةِ بإعتبار عهديتهِ في الذهنِ إذا قامتْ القرينةُ على ذلك كقوله تعالى : ﴿ وَأَخَافُ أَن يَأْكُلَهُ الذِّئْبُ ﴾يوسف١٣ . وهذا في المعنى كالنكرة فيعامل معاملتَها ، وإن كان في اللفظ يجرى عليه أحكامُ المعارفِ مِنْ وقوعهِ مبتداً و ذَا حالٍ و وصفًا للمعرفةِ و موصوفًا بها .

3 ـ «لامُ الإِسْتِغْرَاق» دېگىنىمىز، ئۇ كىرگەن ئىسىم ئارقىلىق شۇ ئىسىمنىڭ ھەقىقىتىنىڭ ئەپرادلىرىنىڭ ھەممىسى ئىرادە قىلىنغان «ال» بولۇپ، بۇ «لامُ الاسْتِغراقِ الْحَقِيْقِيّ» ۋە «لامُ الاسْتِغراقِ العُرْفِيّ» دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدۇر.

«لامُ الاسْتِغراق الْحَقِيْقِيّ» دېگىنىمىز، ئۇ كىرگەن ئىسىم ئارقىلىق، لەبزى ياكى ھالى بولغان قەرىنىنىڭ ياردىمىدە، لۇغەت ھېساۋى بىلەن بولغان سۆز، ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىنىڭ ھەر بىر ئەپرادى ئىرادە قىلىنغان «ال» دۇر. يەنى لەبزى ياكى ھالى بولغان قەرىنىنىڭ ياردىمىدە سۆزنىڭ لۇغەت جەھەتتىكى مەفھۇمىنىڭ بارلىق ئەپرادى ئىرادە قىلىنغان ئىسىمغا كىرگەن «ال» دۇر. مەسىلەن: ﴿عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ﴾ (الله مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر). بۇ ئايەتتىكى «الْغَيْبِ» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت جەھەتتىكى مەفھۇمى غائىب نەرسىلەر بولۇپ، بۇ يەردە الله نىڭ بىلىشىدىن ئىبارەت ھالى قەرىنىنىڭ ياردىمىدە ئۇ سۆزدىن بارلىق غائىبلار ئىرادە قىلىنغان، شۇڭا بۇنىڭغا كىرگەن «ال» مۇ ئىستىغراق ھەقىقىنىڭ «ال» مى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىدىن كېيىنكى ئىستىسنادىن ئىبارەت لەبزى قەرىنىنىڭ ياردىمىدە ئەپرادلىرىنىڭ ھەممىسى ئىرادە قىلىنغان سۆزگە كىرگەن «ال» نىڭ مىسالى: ﴿إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ﴾ (ھەر بىر ئىنسان زىيان ئىچىدىدۇر). بۇ ئايەتتىكى «الْإِنسَانَ» دېگەن سۆزدىن بارلىق كىشىلەر ئىرادە قىلىنغانلىقتىن ئۇنىڭغا كىرگەن «ال» مۇ ئىستىغراق ھەقىقىنىڭ «ال» مى ھېسابلىنىدۇ.

٣- ولامُ الاسْتِغْرَاقِ هي ما يكون مدخولُها مرادًا به جميعُ أفرادِ الحقيقةِ ، وهي قسمانِ : لامُ الاسْتِغراقِ الْحَقِيْقِيّ و لامُ الاسْتِغراقِ العُرْفِيّ .

فلامُ الإستغراقِ التحقيقى هي مايكون مَدخولُها مرادًا به كلّ فردٍ ممّا يتناوله اللفظُ بحسب اللغةِ بمعونة قرينةٍ حاليةٍ كقوله تعالى ﴿عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ﴾ الرعد٩ . أي كلِّ غائبٍ وشاهدٍ ، أو لفظية كقوله تعالى ﴿إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ﴾ العصر٢ أي كلّ إنسانٍ ، بدليل الاستثناء بعده .

و لامُ الاسْتغراقِ العُرْفِيّ هي ما يكون مَدخولُها مرادًا به كلُّ فردٍ ممّا يتناوله اللفظُ بحسب العُرْفِ و العادةِ كما تقول جَمَعَ الملكُ الوزراءَ ، فإن المقصودَ وزراءُ مَمْلكَتِه لا وزراءُ العالَمِ أجمع .

«لامُ الاسْتِغراقِ العُرْفِيّ» دېگىنىمىز، ئۇ كىرگەن ئىسىم ئارقىلىق، ئۆرپ ـ ئادەت ھېساۋى بىلەن بولغان سۆز ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىنىڭ، ھەر بىر ئەپرادى ئىرادە قىلىنغان «ال» دۇر. مەسىلەن: «جَمَعَ الْمَلِكُ الوزراءَ» (پادىشا بارلىق ۋەزىرلەرنى يىغدى). بۇ يەردە مەقسەت قىلىنىدىغىنى پۈتۈن دۇنيادىكى ۋەزىرلەر ئەمەس بەلكى شۇ پادىشانىڭ مەملىكىتىدىكى ۋەزىرلەردۇر، مانا بۇ «الوزراءَ» نىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ھېساۋى بىلەن بولغان مەنىسىدۇر. ئەگەر لۇغەت ھېساۋى بىلەن بولغان مەنىسى ئىرادەقىلىنغان بولسا پۈتۈن دۇنيادىكى ۋەزىرلەر ئىرادە قىلىنغان بولاتتى، مانا بۇ ئىستىغراقى ئۆرفىنىڭ ئىستىغراقى ھەقىقى بىلەن بولغان تۈپ پەرقىدۇر.

مۇپرەتنىڭ ئىستىغراقى، تەسنى ۋە جەمئىنىڭ ئىستىغراقىدىن ئامراقتۇر. يەنى نەفى ۋە «ال» گە ئوخشاش ئىستىغراق ۋاستىلىرى كىرگەن مۇپرەت بولغان جىنسى ئىسمىنىڭ ئەپرادلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، ئۇ ۋاستىلەر كىرگەن تەسنى ۋە جەمئىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئېلىشىدىن ئامراق بولىدۇ، بۇ ھويلىدا بىر ياكى ئىككى ئەر بار چاغدا «لا رِجَالَ فِي الدارِ» دېيىشنىڭ دۇرۇس بولىشى، ئەمما «لا رَجُلَ فِي الدارِ» دېيىشنىڭ دۇرۇس بولماسلىقىنىڭ دەلىلى بىلەن ئىسپاتلانغاندۇر. مۇپرەتنىڭ ئىستىغراقى، تەسنى ۋە جەمئىنىڭ ئىستىغراقىدىن ئامراق دېگەن سۆزىمىزنىڭ يەنە بىر دەلىلى ئۇنىڭغا ئىستىغراق ھەرپى كىرگەن مۇپرەتنىڭ «مجموعِ الأفرادِ» مەنىسىدە ئەمەس بەلكى «كلِّ فردٍ» مەنىسىدە بولىدىغانلىقىدۇر. شۇڭا «أهْلَكَ الناسَ الدِيْنَارُ الصُفْرُ والدِرْهَمُ البِيْضُ» (سېرىق دىنار ۋە ئاق دىرھەملەر كىشىلەرنى ھالاك قىلىۋەتتى) دېگەن مىسالنىڭ ئوخشىشىدا «الدِيْنَارُ» بىلەن «الدِرْهَمُ» قاتارلىق مۇپرەتلەرنى «الصُفْرُ» بىلەن «البِيْضُ» قاتارلىق جەمئى سۈپەت بىلەن سۈپەتلەش دۇرۇس بولمايدۇ.

«كلِّ فردٍ» دېگىنىمىز، ھۆكۈمنىڭ ئىسىم ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر بىر ئەپراتىغا قارىتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ﴾ (ھەر بىر ئىنسان زىيان ئىچىدىدۇر). مانا بۇ مىسالدا زىيان ئىچىدە بولۇشتىن ئىبارەت ھۆكۈم «الْإِنسَانَ» دېگەن سۆز ئۆز ئىچىگە ئالغان زەيت، ئۆمەر، بەكرى ... قاتارلىق دۇنيادىكى ھەر بىر كىشىگە قارىتىلغاندۇر.

واستغراق المفرد أشمل من المثنى و المجموعِ ، أي اسم الجنسِ المفردِ إذ دخلتْ عليه أداةُ الاستغراقِ كحرف التعريف أو النفي كان شمولُهُ للأفراد وتناولها إياه أكثَرَ مِن شمول المثنى والمجموعِ الداخلةِ عليهما تلك الأداةُ بدليل صحّة « لا رِجَالَ فِي الدارِ » إذا كان فيها رجلٌ أو رجلانِ ، دون « لا رَجُلَ فِي الدارِ » فإنه لايصح إذا كان فيها رجلٌ أو رجلانِ . و لِأَنَّ المفردَ الداخلَ عليه حرفُ الاستغراقِ بمعنى كلِّ فردٍ لا مجموعِ الأفرادِ ، ولهذا امتنعَ وَصْفُهُ بِنَعْتِ الْجَمْعِ فِي نحوِ أهْلَكَ الناسَ الدِيْنَارُ الصُفْرُ والدِرْهَمُ البِيْضُ .

«مجموعِ الأفرادِ» دېگىنىمىز، ھۆكۈمنىڭ، ئىسىم ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەپراتلارنىڭ يىغىندىسىغا قارىتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «لا رِجَالَ فِي الدارِ» (ھويلىدا ئەرلەر يوق). بۇ يەردە ھويلىدا بولماسلىقتىن ئىبارەت ھۆكۈم زەيت، ئۆمەر، بەكرى .... قاتارلىقلارنىڭ يىغىندىسىغا قارىتىلغانلىقتىن بۇ مىسالنىڭ مەنىسى «ھويلىدا جۇغلاشقان ھالەتتىكى ئەرلەر يوق» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرى ياكى ئىككىسى بولغان ھالەتتىمۇ ئۇلارنىڭ بىرلىشىش ھالىتى شەكىللەنمىگەنلىكتىن، بۇ سۆز راس بولىۋېرىدۇ.

«لامُ العهدىِّ الخارجىِّ» دېگىنىمىز ئۇ، كىرگەن ئىسىم ئەمەلىيەتتە مۇئەييەن بار بولغان «ال» دۇر.

«لامُ العهدِ الصريحىِّ» دېگىنىمىز، زىكرىسى ئاشكارا ئۆتكەن ئىسىمغا كىرگەن «ال» دۇر. مەسىلەن: ﴿إِنَّا أَرْسَلْنَا إِلَيْكُمْ رَسُوْلًا شَاهِدًا عَلَيْكُمْ كَمَا أَرْسَلْنَا إِلى فِرْعَوْنَ رَسُوْلًا فَعَصى فِرْعَوْنُ الرَّسُوْلَ﴾.

«لاَمُ العهدِ الكنائيِّ» دېگىنىمىز، زىكرىسى كىنايەتەن ئۆتكەن ئىسىمغا كىرگەن «ال» دۇر. مەسىلەن: ﴿وَلَيْسَ الذَّكَرُ كَالْأُنْثى﴾.

«لامُ العهدِ العلميِّ» دېگىنىمىز، ئۇ، كىرگەن ئىسىمنىڭ زىكرىسى زادىلا ئۆتمىگەن بولسىمۇ لېكىن مۇخاتەپ سورۇنغا ھازىر بولسۇن ـ بولمىسۇن ئۇنىڭغا مەلۇملۇق بولغان ئىسىمغا كىرگەن «ال» دۇر. مەسىلەن: ﴿لَقَدْ رَضِيَ اللَّهُ عَنِ الْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ الشَّجَرَةِ﴾.

«لامُ الحقيقةِ» دېگىنىمىز، مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ماھىتىگە تەيىنلەنگەن ئىسىمغا كىرگەن «ال» دۇر.

«لامُ الجِنْسِ» دېگىنىمىز، ئۇ كىرگەن ئىسىم ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەپرادلىرىغا قارىماستىن، پەقەت ئۇنىڭ ھەقىقىتىنىڭ ئۆزىلا مەقسەت قىلىنغان «ال» دۇر. مەسىلەن: «الرجلُ خيرٌ مِن الْمَرْأةِ».

«لام العهد الذهني» دېگىنىمىز، قەرىنە بار ئەھۋالدا، زېھىندىكى مەلۇملىقىنىڭ ئېتىبارى بىلەن، ئۇ «ال» كىرگەن ئىسىم ئارقىلىق شۇ ئىسىمنىڭ ھەقىقىتىنىڭ ئەپراتلىرىدىن مۇبھەم بولغان بىرى ئىرادە قىلىنغان «ال» دۇر. مەسىلەن: ﴿وَأَخَافُ أَن يَأْكُلَهُ الذِّئْبُ﴾.

«لامُ الإِسْتِغْرَاقِ» دېگىنىمىز، ئۇ كىرگەن ئىسىم ئارقىلىق شۇ ئىسىمنىڭ ھەقىقىتىنىڭ ئەپرادلىرىنىڭ ھەممىسى ئىرادە قىلىنغان «ال» دۇر.

«لامُ الاسْتغراقِ الْحَقِيْقِيِّ» دېگىنىمىز، ئۇ كىرگەن ئىسىم ئارقىلىق، لەبزى ياكى ھالى بولغان قەرىنىنىڭ ياردىمىدە، لۇغەت ھىساۋى بىلەن بولغان سۆز، ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىنىڭ ھەر بىر ئەپرادى ئىرادە قىلىنغان «ال» دۇر. يەنى لەبزى ياكى ھالى بولغان قەرىنىنىڭ ياردىمىدە سۆزنىڭ لۇغەت جەھەتتىكى مەفھۇمىنىڭ بارلىق ئەپرادى ئىرادە قىلىنغان ئىسىمغا كىرگەن «ال» دۇر. مەسىلەن: ﴿عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ﴾.

«لامُ الاسْتغراقِ العُرْفِيِّ» دېگىنىمىز، ئۇ كىرگەن ئىسىم ئارقىلىق، ئۆرپ ـ ئادەت ھىساۋى بىلەن بولغان سۆز ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىنىڭ، ھەر بىر ئەپرادى ئىرادە قىلىنغان «ال» دۇر. مەسىلەن: «جَمَعَ الْملكُ الوزراءَ».



«المسند إليه» نى ئىزاپەت ئارقىلىق مەرىپە قىلىش :

نۇرغۇنلىغان ئارتۇقچىلىقلار سەۋەبىدىن «المسند إليه» ئىزاپەت ئارقىلىق مەرىپە قىلىنىدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1 - «المسند إليه» نى ئىزاپەت ئارقىلىق مەرىپە قىلىشنىڭ «المسند إليه» نى ئاڭلىغۇچىنىڭ زىھنىگە ھازىر قىلىشتىكى ئەڭ ئىخچام يول بولغانلىقىدىندۇر. مەسىلەن : «جاء غلامِي». مانا بۇ «جاء الغلامُ الذي هو لِي» دىگىنىڭىزدىن ئىخچامراقتۇر.

2 - «المسند إليه» نى ئىزاپەت ئارقىلىق مەرىپە قىلىشنىڭ «المضاف» نى ياكى «المضاف إليه» نى ۋە ياكى بۇ ئىككىسىدىن باشقا نەرسىنى ئۇلۇغلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدىندۇر. بىرىنچىسىنىڭ مىسالى: ﴿إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَانٌ﴾ (مىنىڭ بەندىلىرىمگە سىنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ). بۇ مىسالدا «الله» مىنىڭ بەندىلىرىم دىيىش ئارقىلىق بەندىلەرنى ئۇلۇغلىغان چۈنكى پادىشانىڭ قۇلى بىلەن دىھقاننىڭ قۇلىنىڭ مەرتىۋە جەھەتتە پەرقى بولىدۇ، «الله» نىڭ قۇلى بولۇش بەندىگە نىسبەتەن ئۇلۇغلۇق ھىسابلىدۇ. چۈنكى خوجايىننىڭ كاتتا بولىشى قۇلىنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى بولىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىككىنچىسىنىڭ مىسالى: «تلميذِي أميرٌ» دىگىنىڭىزگە ئوخشاش. پادىشاغا ئۇستاز بولۇش مەرتىۋىنىڭ يۇقىرلىقىنى ئىسپاتلايدىغانلىقتىن بۇ مىسالدىكى ئىزاپەت «المضاف إليه» نىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۈچىنچىسىنىڭ مىسالى: «أخو الوزيرِ عندِي»؛ «جَلِيْسُ الأميرِ زارَنِي». بۇ ئىككى مىسالدا ئىزاپەت «المضاف» مۇ ۋە «المضاف إليه» مۇ بولمىغان مۇتەكەللىمدىن ئىبارەت شەخسنى ئۇلۇغلاشنى ئىپادىلىگەن.

تعريف المسْند إليه بالإضافة :

يعرف المسند إليه بالإضافة إلى شيء من المعارف لمَزَايا ، منها :

١- أنها أَخْصَرُ طريقٍ لإحضاره في ذهن السامع نحو جاء غلامِي ، لأنه أَخْصَرُ مِن قولك : جاء الغلامُ الذي هو لِي .

٢- تضمنها تعظيما لشأن المضاف أو المضاف إليه أو غيرهما . مثال الأول قولُهُ تعالى ﴿ إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَانٌ ﴾ . و مثال الثانى قولك : تلميذِي أميرٌ. و مثال الثالث قولك : أخو الوزيرِ عندِي ، وجَلِيْسُ الأميرِ زارَنِي ، تعظيمًا للمتكلم فيهما .

٣- تضمنها تحقيرا لشأن المضاف أو المضاف إليه أوغيرِ هما . مثال الأول قولك : وَلَدُ اللصِّ قادمٌ . و مثال الثانى قولك : رَفِيْقُ زيدٍ لصٌّ. و مثال الثالث قولك : أخو اللصِّ عمرٌو .

٤- تضمنها استهزاء و تهكما نحو قوله تعالى حكايةً عن فرعون مخاطبا قومه : ﴿إِنَّ رَسُوْلَكُمُ الَّذِي أُرْسِلَ إِلَيْكُمْ لَمَجْنُوْنٌ﴾ .

3 - «المسند إليه» نى ئىزاپەت ئارقىلىق مەرىپە قىلىشنىڭ «المضاف» نى ياكى «المضاف إليه» نى ۋە ياكى بۇ ئىككىسىدىن باشقا نەرسىنى تۆۋەن كۆرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدىندۇر. بىرىنچىسىنىڭ مىسالى: «وَلَدُ اللصِّ قادمٌ». ئىككىنچىسىنىڭ مىسالى : «رَفِيْقُ زيدٍ لصٌّ» ئۈچىنچىسىنىڭ مىسالى : «أخو اللصِّ عمرٌو».

4 - « المسند إليه » نى ئىزاپەت ئارقىلىق مەرىپە قىلىشنىڭ زاڭلىق قىلىش ۋە مەسخىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدىندۇر. مەسىلەن : پىرئەۋنىنىڭ سۆزى ھىكايە قىلىنىپ دىيىلگەن ﴿إِنَّ رَسُوْلَكُمُ الَّذِي أُرْسِلَ إِلَيْكُمْ لَمَجْنُوْنٌ﴾ دىگەن ئايەتتىكىگە ئوخشاش .

«المسند إليه» نى نەكىرە كەلتۈرۈش :

نۇرغۇن سەۋەبلەردىن «المسند إليه» نەكىرە كەلتۈرۈلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ موھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر.

1 - «المسند إليه» نەكىرە كەلتۈرۈش مۇتەكەللىمنىڭ ئۇ «المسند إليه» نىڭ ئەلەمىيەر، سىلە ۋە ئۇلاردىن باشقا كىشگە تونۇشلۇقنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تەرەپلىرىدىن بىرەرسىنىمۇ بىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. مەسىلەن : «جاءَ هنا رجلٌ يَسْئَلُ عَنْكَ»( بۇ يەرگە سەن توغرۇلۇق سۇئال سورىغان بىر ئەر كەلدى). مانا بۇ مىسادا مۇتەكەللىم ئۇ ئەرنىڭ ئىسمىنىمۇ ۋە مەرىپىلەشكە يارىغىدەك ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئەھۋالنىمۇ بىلمىگەنلىكتىن «رجلٌ» نى نەكىرە شەكلىدە كەلتۈرگەن .

2 - ئۇنىڭغا جىنس ئىسىم سادىق كېلىدىغان نەرسىدىن مۇئەييەن بولمىغان بىرىنى مەقسەت قىلغانلىق مەقسىدىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ «المسند إليه» نەكىرە شەكلىدە كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَجَاءَ مِنْ أَقْصَى الْمَدِيْنَةِ رَجُلٌ يَسْعى﴾ (شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن بىر كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ). يەنى ئەر جىنسىدىن بىرى كەلدى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى بۇ يەردە مۇئەييەن بىر كىشى مەقسەت قىلىنمىدى.

3 - جىنس ئىسمىنىڭ تۈرلىرىدىن مەخسۇس بىر تۈرنى مەقسەت قىلغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ «المسند إليه» نەكىرە شەكلىدە كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَعَلى أَبْصَارِهِمْ غِشَاوَةٌ﴾ (ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە بىر تۈرلۈك پەردە بار). يەنى پەردىلەردىن ئۆزىگە خاس مەلۇم بىر تۈرلۈك پەردە بار دېگەنلىكتۇر. يەنە بىر مىسال : « لِكُلِّ دَاءٍ دَوَاءٌ »(ھەر بىر تۈرلۈك كېسەلنىڭ بىر تۈرلۈك داۋاسى بار) يەنى ھەر بىر تۈرلۈك كېسەلگە ئۆزىگە خاس بىر تۈرلۈك داۋا بار دېگەنلىكتۇر.

4 - چوڭ كۆرسىتىش ياكى كىچىك كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ «المسند إليه» نەكىرە شەكلىدە كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن :«لَهُ حَاجِبٌ عن كل أمرٍ يُشِيْنُهُ * وَلَيْسَ لَهُ عَنْ طَالِبِ العُرْفِ حَاجِبٌ»( ئۇنىڭ ئۆزىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ھەر بىر ئىشتىن ناھايىتى چوڭ تۇسقۇچىسى بار، ياخشىلىق تەلەپ قىلغۇچىدىن بولسا كىچىككىنىمۇ تۇسقۇچىسى يوق). يەنى ھەر بىر ناچار ۋە قەبىھ ئىشتىن ئۇنى توسىدىغان چوڭ بىر توساق بار، ۋە ياخشىلىق تەلەپ قىلغۇچىدىن ئۇنى توسىدىغان كىچىكنەممۇ توساق يوق.

تنكيرُ المسند إليه :

يورد المسند إليه نكرةً لأسباب ، أهمها :

١- ألا يعلمَ المتكلمُ جهةً من جهات التعريف من عَلَميَّة أو صلَة أو غيرهما ، فيقول مثلا : جاءَ هنا رجلٌ يَسْئَلُ عَنْكَ .

٢- الإفراد ، أي للقصد إلى فرد غير معين مما يصدق عليه اسم الجنس كقوله تعالى ﴿وَجَاءَ مِنْ أَقْصَى الْمَدِيْنَةِ رَجُلٌ يَسْعى﴾ . أي فردٌ من جنسِ الرجالِ ، لان الغرضَ لم يتعلق به معينا .

٣- النوعية ، أي للقصد إلى نوعٍ مخصوص من أنواعِ الجنسِ كقوله تعالى ﴿ وَعَلى أَبْصَارِهِمْ غِشَاوَةٌ ﴾ أي نوعٌ مِنَ الأَغْطِيَةِ. ونحو لكُلِّ دَاءٍ دَوَاءٌ ، أي لكل نوعٍ من الداء نوعٌ من الدواء .

٤- إفادةُ التعظيمِ أو التحقيرِ ، وقد اجتمعا في قول مروان بن أبى حنيفة :

لَهُ حَاجِبٌ عن كل أمرٍ يُشِيْنُهُ * وَلَيْسَ لَهُ عَنْ طَالِبِ العُرْفِ حَاجِبٌ

أيْ له حاجبٌ عن كلِّ قبيحٍ وشينٍ ، وليس له مانعٌ حقيرٌ عن طلابِ الاحسانِ .

5 ـ كۆپلۈكنى ياكى ئازلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ «المسند إليه» نەكرە شەكلىدە كەلتۈرۈلىدۇ. بىرىنچىسىنىڭ مىسالى: ﴿فَلَمَّا جَاء السَّحَرَةُ قَالُوا لِفِرْعَوْنَ أَئِنَّ لَنَا لَأَجْرًا إِن كُنَّا نَحْنُ الْغَالِبِينَ﴾ (سېرىگەرلەر پىرئەۋنىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە پىرئەۋنگە «ئەگەر غەلىبە قىلساق بىزگە چوقۇم كاتتا مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى). ئىككىنچىسىنىڭ مىسالى: ﴿وَرِضْوَانٌ مِّنَ اللّهِ أَكْبَرُ﴾ (اللّه نىڭ كىچىككىنە رازىلىقىمۇ كاتتىدۇر).

اللّه نىڭ ﴿وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ مِّن قَبْلِكَ﴾ دېگەن سۆزىدىكى «رُسُلٌ» دا كۆپلۈك بىلەن ئۇلۇغلۇقنى ئىپادىلەش جەم بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «گەرچە سېنى ئۇلار ئىنكار قىلغان بولسىمۇ قايغۇرمىغىن، سەندىن بۇرۇن، ئۇلۇغ ئايەتلەرگە ئىگە بولغان نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنغان» دېگەنلىك بولىدۇ. «المسند إليه» نىڭ نەكرە شەكلىدە كەلتۈرۈلىشى گاھىدا ئەرزىمەسلىك بىلەن ئازلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: «حَصَلَ لِي مِنْهُ شَيءٌ» (ئۇنىڭدىن ماڭا ئەرزىمەس كىچىككىنە نەرسە ھاسىل بولدى).

5 ـ ئۇنى مۇخاتەپتىن يوشۇرۇش ئۈچۈنمۇ «المسند إليه» نەكرە شەكلىدە كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: «سمعتُ أَنَّ رجلا يَقول إنكَ انْحَرَفْتَ عَن صَوَاب» (بىر ئادەمدىن سېنىڭ توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم). ئۇنىڭغا ئەرزىيەت يېتىپ قالمىسۇن ئۈچۈن بۇ يەردىكى «رجلا» دېگەن ئىسىم نەكرە شەكلىدە كەلتۈرۈلگەن.

﴿وَاللَّهُ خَلَقَ كُلَّ دَابَّةٍ مِن مَّاءٍ﴾ دېگەن ئايەت، بىرلىكنى ۋە تۈرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «المسند إليه» دىن باشقا نەرسىنى نەكرە كەلتۈرگەننىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا ئۇنىڭغا تۈر مەنىسى ئېيتقاندا ئۇنىڭ مەنىسى «اللَّهُ ھەر بىر تۈرلۈك جانىدارنى، بىر تۈرلۈك سۇدىن ياراتتى» دېگەنلىك بولىدۇ، بىر ئىكەنلىك مەنىسى ئېيتقاندا بولسا «اللَّهُ ھەر بىر جانىدارنى، بىر تامچە سۇدىن ياراتتى» دېگەنلىك بولىدۇ.

ۋە يەنە تۆۋەندىكى ئىككى ئايەتمۇ «المسند إليه» دىن باشقا نەرسىنى نەكرە كەلتۈرگەننىڭ جۈملىسىدىندۇر: ﴿فَأْذَنُوا بِحَرْبٍ مِّنَ اللّهِ وَرَسُولِهِ﴾ (اللّه ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى تەرىپىدىن بولغان كاتتا بىر جەڭنى بىلىپ قويۇڭلار)؛ ﴿قُلْتُم مَّا نَدْرِي مَا السَّاعَةُ إِن نَّظُنُّ إِلَّا ظَنًّا﴾ الجاثية٣٢ («قىيامەتنىڭ نېمىلىگىنى بىلمەيمىز، يۈز بېرىدۇمۇ دېمەيمىز لېكىن يۈز بېرىپ قالارمۇ دەپ ئازراقلا ۋەھىملىنىپ قالىمىز» دېدىڭلار).

٥- إفادةُ التكثيرِ أو التقليلِ ، مثال الأول قوله تعالى : ﴿فَلَمَّا جَاء السَّحَرَةُ قَالُوا لِفِرْعَوْنَ أَئِنَّ لَنَا لَأَجْرًا إِن كُنَّا نَحْنُ الْغَالِبِينَ﴾ الشعراء٤١ . مثال الثاني قوله تعالى ﴿وَرِضْوَانٌ مِّنَ اللّهِ أَكْبَرُ﴾ التوبة٧٢ .

وقد اجتمع التعظيم والتكثير في قوله تعالى ﴿وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ مِّن قَبْلِكَ﴾ فاطر٤ . أي رُسُلٌ ذَوُوْ آيات عظامٍ و ذَوُوْ عَدَدٍ كثيرٍ . وقدْ يكون للتحقيرِ والتقليلِ نحو حَصَلَ لِي مِنْهُ شَيءٌ ، أي حَقِيْرٌ قَلِيْلٌ .

٦- قصد إخفائه عن المخاطب نحو سمعتُ أنَّ رجلا يَقول إنَّكَ انْحَرَفْتَ عَن صَوَاب ، تُخْفِى اسْمُهُ حتى لا يَلْحَقَهُ أذى.

ومن تنكير غير المسند إليه للإفراد والنوعية نحو قوله تعالى : ﴿وَاللَّهُ خَلَقَ كُلَّ دَابَّةٍ مِن مَّاءٍ﴾ النور٤٥ .

ومن تنكير غيره للتعظيم أو التحقير كقوله تعالى ﴿فَأْذَنُوا بِحَرْبٍ مِّنَ اللّهِ وَرَسُولِهِ﴾ البقرة٢٧٩ أي حَرْبٍ عظيمٍ . كقوله تعالى ﴿إِن نَّظُنُّ إِلَّا ظَنًّا﴾ الجاثية٣٢ أي نظن بالساعة ظنا حقيرا ضعيفا .

## «المسند» نى مەرىپە قىلىش ۋە نەكرە قىلىش

### «المسند» نى مەرىپە قىلىش :

تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئىشنىڭ بىرىنىڭ سەۋەبىدىن «المسند» مەرىپە قىلىنىدۇ.

**1** ـ مەرىپىنىڭ يوللىرىدىن بىرى ئارقىلىق مۇخاتەپكە مەلۇم بولغان ئىش (المسند إليه) ھەققىدىكى ھۆكۈمنى، مەرىپىنىڭ يوللىرىدىن بىرسى ئارقىلىق ئاشۇ مۇخاتەپكە مەلۇملۇق بولۇشتا ئاشۇ ئىش بىلەن ئوخشاش بولغان يەنە بىر ئىش ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن «المسند» مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «عَليٌّ الخطيبُ». بۇ مىسالدا مەرىپىنىڭ يوللىرىدىن بىرى بولغان ئەلەمىيەت ئارقىلىق مۇخاتەپكە مەلۇم بولغان «عَليٌّ» ھەققىدىكى ھۆكۈمنى، مەرىپىنىڭ يوللىرىدىن بىرى بولغان «ال» نىڭ كىرىشى ئارقىلىق ئاشۇ مۇخاتەپكە مەلۇم بولۇش جەھەتتە ئاشۇ «عَليٌّ» بىلەن ئوخشاش بولغان يەنە بىر ئىش ھىساپلانغان «الخطيبُ» ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ «المسند» مەرىپە قىلىنغان . قىسقىسى مۇخاتەپكە تونۇشلۇق بولغان «المسند إليه» گە قىلىنغان ھۆكۈمنى يەنە شۇ مۇخاتەپكە تونۇشلۇق «المسند» ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، «المسند» مەرىپە شەكلىدە كەلتۈرۈلىدۇ. مۇخاتەپ بۇ يەردە «عَليٌّ» بىلەن «الخطيبُ» دىن ئىبارەت ھەر ئىككىلىسىنى بىلسىمۇ ئەمما ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتىرىسىدىكى ئىسناتتىن بىخەۋەردۇر، شۇڭا مۇخاتەپ ئەلىنى شەخسىيىتى ۋە ئىسمى بىلەن قوشۇپ تونىسا ۋە يەنە شۇ يەردە داڭلىق بىر خەتىپنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلسە لىكىن ئەلىنىڭ ئاشۇ خەتىپنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا «عَليٌّ الخطيبُ»(ئەلى ئاشۇ خەتىپ شۇ) دەيسىز، ئەگەر، مۇخاتەپ شۇ يەردە تونۇلغان بىر خەتىپنىڭ بارلىقىنى بىلسە ئاندىن ئەخمەد دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشىنى بىلسە ۋە لىكىن ئاشۇ خەتىپنىڭ شۇ ئەخمەد ئىكەنلىكىنى بىلمىسە بۇ چاغدا ئۇنىڭغا «الخطيبُ أَحْمَدُ»(ئۇ خەتىپ ئەخمەد شۇ) دەيسىز.

تعريف المسند و تنكيره

تعريف المسند :

يعرف المسند لأحد أمرين :

١- إفادةُ السامعِ حكما على أمرٍ معلومٍ له بإحدى طُرُقِ التعريفِ بآخر مثله في كونه معلوما للسامع بإحدى طُرُقِ التعريف نحو عَليٌّ الخطيبُ ، فإنَّ المخاطبَ قد عَرَفَ عَلَيًّا باسمِهِ وشخصِه ، ثم عَلِمَ أنَّ هُنَاكَ خطيبًا ذائِعَ الصِّيْتِ ، ولكن لايعلم أنَّ عَليًّا هو ذالك الخطيبُ فتقول له حينئذ : عَليٌّ الخطيبُ . واذا عَلِمَ أنَّ ثَمَّ خطيبًا معروفًا ثُمَّ عَرَفَ شخصًا بِعَيْنِهِ يُسَمى أحمدَ ، ولكن لايدرى أن ذالك الخطيب هو هذا الشخصُ فتقول له حينئذ : الخطيبُ أَحْمَدُ .

٢- إفادة السامعِ قَصْرَ المسندِ على المسندِ إليه إذا كان التعريفُ بال الجنسية نحو زيدٌ الأميرُ ، إذا لم يكن أمير سواهُ .

وَأَمَّا تخصيصُهُ بالإضافة والوصف فلكَوْنِ الفائدةِ أَتَمَّ .

**2** ـ «المسند» جىنسنى ئىپادىلەيدىغان «ال» ئارقىلىق مەرىپە قىلىنغاندا، «المسند» نىڭ «المسند إليه» گە قەسىر قىلىنغانلىقىنى مۇخاتەپكە ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن «المسند» مەرىپە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : زەيدتىن باشقا پادىشا يوق ئەھۋالدا «زيدٌ الأميرُ»(زەيدلا پادىشادۇر) دېگىنىڭىزغا ئوخشاش.

ئەمما «المسند» نى ئىزاپەت ۋە سۈپەتلەر بىلەن خاسلاشتۇرۇش مۇخاتەپكە بېرىدىغان پايدىنىڭ تولۇقراق بولىشى ئۈچۈندۇر.

«المسند» نى نەكىرە كەلتۈرۈش :

«المسند» نۇرغۇنلىغان ئىشلار سەۋەبىدىن نەكىرە كەلتۈرۈلىدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1 ـ قەسىر قىلىشنىڭ بولمىغانلىقىدىن «المسند» نەكىرە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «مُحَمَّدٌ كَاتِبٌ». بۇ مىسالدا «كَاتِبٌ» نەكىرە كەلتۈرۈلگەنلىكتىن مۇھەممەت مەلۇم بىر خىل يازغۇچىلىققىلا قەسىر قىلىنىپ قالمىدى.

2 ـ چوڭ كۆرسىتىش ۋە ئۇلۇغلاش ئۈچۈنمۇ «المسند» نەكىرە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِلْمُتَّقِينَ﴾ (بۇ كىتاپتا ھېچ شەك يوقتۇر، تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر) بۇ ئايەتتىكى «هُدًى» نىڭ نەكىرە قىلىنىشى بۇ كىتاپنىڭ ھىدايىتىنىڭ كاتتىلىغى ۋە كامىللىقىغا دالالەت قىلىشى ئۈچۈندۇر.

> ## تنكير المسند :
>
> ينكر المسندُ لِأُمُوْرٍ، مِنْهَا :
>
> ١- عدمُ الحصرِ كقولك : مُحَمَّدٌ كاتِبٌ.
>
> ٢- قصدُ التفخيمِ والتعظيمِ كقوله تعالى ﴿ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِلْمُتَّقِينَ﴾ البقرة٢، فالتنكير للدلالة على فخامةِ هدايةِ الكتابِ و كَمَالِهَا .
>
> ٣- قصدُ التحقيرِ نحو ما زيدٌ شيأً .
>
> ٤- إتباع المسند إليه في التنكير نحو تلميذٌ واقفٌ بالباب .

3 ـ ھاقارەتلەشنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ «المسند» نەكىرە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «ما زيدٌ شيأً» (زەيت ھېچ نەرسە ئەمەس).

4 ـ نەكىرىلىكتە «المسند إليه» گە ئەگەشتۈرۈش ئۈچۈنمۇ «المسند» نەكىرە قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «تلميذٌ واقفٌ بالباب» (ئوقۇغۇچى ئىشىك ئالدىدا تۇرغۇچىدۇر).

## تۆتىنچى باپ
## ئىلگىرى كەلتۈرۈش ۋە كېيىن كەلتۈرۈش ھەققىدە

**1 ـ ئىلگىرى كەلتۈرۈش**

«المسند إليه» نى ئىلگىرى كەلتۈرۈش :

نۇرغۇنلىغان مەقسەتلەردە «المسند إليه»، ئىلگىرى قىلىنىدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

**1** ـ ئۇ ھۆكۈملەنگۈچي بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ھەققىدىكى ئەسلى قائىدە ئىلگىرى كېلىش بولغانلىقى ۋە بۇ قائىدىدىن بۇرۇلۇشنى تەقەززا قىلغۇچىنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ.

**2** ـ شۇ مۇبتەدادا خەۋەرگە قىزىقتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولغانلىقتىن خەۋەرنى ئاڭلىغۇچىنىڭ زېھنىگە ئورنىتىۋېتىش ئۈچۈن «المسند إليه» ئىلگىرى كەلتۈرىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿إنَّ أَكْرَمَكُمْ عندَ الله أَتْقَاكُمْ﴾. بۇ ئايەتتىكى «أَكْرَمَكُمْ» دىگەن «المسند إليه» زىكىر قىلىنغان ھامان ئاڭلىغۇچىلاردا بۇ ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ كىملىكىگە قارىتا قىزىقىش پەيدا بولىدۇ، دەل مۇشۇ پەيتتە «أَتْقَاكُمْ» دىگەن خەۋەر زىكىر قىلىنسا بۇ ئۇلارنىڭ زېھنىگە ئورناپ كېتىدۇ.

**3** ـ «المسند إليه» نىڭ خۇش بىشارەت بېرىش ۋە شۇم پال بېرىش سالاھىيىتى بولغانلىقتىن تېزراق خوش قىلىش ياكى تېزراق خاپا قىلىش ئۈچۈن ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. بىرىنچىسىنىڭ مىسالى : «سَعْدٌ في دارِكَ» (سەئىد ھويلاڭدا). ئىككىنچىسىنىڭ مىسالى : «السَفَّاحُ في دارِ صديقكَ» (جەللات دوستۇڭنىڭ ھويلىسىدا). بىرىنچى مىسالدىكى «سَعْدٌ» دىگەن ئىسىم خۇش بىشارەت بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن ئۇنى جۈملىنىڭ بېشىدىلا زىكىر قىلىپ تېزراق خۇش بىشارەت بېرىش ئۈچۈن ئىلگىرى كەلتۈرۈلگەن، ئىككىنچى مىسالدىكى «السَفَّاحُ» دېگەن ئىسىم شۇم پال بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن بۇنى جۈملىنىڭ بېشىدىلا زىكىر قىلىش ئارقىلىق تېزراق شۇم پال ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىري كەلتۈرۈلگەن. ئېھتىمال سىز كىچىكىنە بۇرۇن زىكىر قىلغان بىلەن كېيىن زىكىر قىلىنغاننىڭ قانچىلىك پەرقى بولاتتى دېيىشىڭىز مۇمكىن، ئەگەر شۇنداق ئويلاۋاتقان بولسىڭىز بۇ سوئالىڭىزنىڭ بېرىدىغان جاۋابىمىز «جۈملە دائىم سىز يۇقىرىدا كۆرگەن ئىككى جۈملىدەك قىسقا بولمايدۇ»، دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

**4** ـ ئۇنى زىكىر قىلىش ئارقىلىق تەبەررۇك ئىستەش ياكى لەززەتلىنىشنى تىزلىتىش ئۈچۈنمۇ «المسند إليه» ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. بىرىنچىسىنىڭ مىسالى : «اسمُ اللهِ اهْتَدَيْتُ بِهِ» («اللهِ» نىڭ ئىسمى ئارقىلىق ھىدايەت تەلەپ قىلدىم). ئىككىنچىسىنىڭ مىسالى : «لَيْلَى جاءت» (لەيلى كەلدى). بىرىنچى مىسالدا «اسمُ اللهِ» دېگەن سۆزنى جۈملىنىڭ بېشىدىلا زىكىر قىلىش ئارقىلىق تەبەررۇك ئىستەشنى تىزلەتكەن، ئىككىنچى مىسالدا «لَيْلَى» نى جۈملىنىڭ بېشىدا زىكىر قىلىش ئارقىلىق لەززەتلىنىشنى تىزلەتكەن.

---

الباب الرابع

في التقديم والتأخير

١- التقديم

تقديمُ المسند إليه :

يُقَدَّمُ المسندُ إليه لأغْراض ، منْها :

١- كَوْنُ التقديمِ الأَصْلَ فيه إذْ هي المَحْكُومُ عليه ، ولا مُقْتضي للعُدول عنه .

٢- تَمَكّينُ الخبرِ في ذهْن السامع ، لأنَّ في المُبتدأ تَشْوِيقًا لَهُ كقوله تعالى ﴿ إنَّ أَكْرَمَكُمْ عندَ الله أَتْقَاكُمْ ﴾ الحجرات١٣ .

٣- تَعْجِيل المسرة أو المساءة لكونه صالحا للتفاؤل والتطير ، مثال الأول قولك : سَعْدٌ في دارِكَ . ومثال الثاني قولك: السَفَّاحُ في دارِ صديقكَ .

٤- تعجيلُ التبركِ بذكره أو التلذذ كقولك في الأول : اسمُ اللهِ اهْتَدَيْتُ به ، وكقولك في الثاني : لَيْلَى جاءت .

5 ـ «المسند إليه» نىڭ مۇتكەللىمگە مەتلۇپ بولغانلىغى سەۋەبىدىن دائىم ئىسىدىن چىقمايدىغانلىغىغا ئىشارە قىلىش ئۈچۈن ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : «رحْمَةُ اللّٰه تُرْجَى »(«اللّٰه» نىڭ رەھمىتى ئۈمۈت قىلىنىدۇ)؛ «نَصْرُ اللّٰه قَرِيْبٌ»(«اللّٰه»نىڭ ياردىمى يېقىن)؛ «الْحَبِيْبُ جاءَ »(مەھبۇب كەلدى).

6 ـ «المسند إليه» نەفىنىڭ ھەرپىدىن كېيىلا كېلىپ، خەۋەر پېئىل بولغاندا خاسلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ «المسند إليه» ئىلگىرى كەلتۈرىلىدۇ. مەسىلەن :«ما أنا قلت هذا» بۇنىڭ مەنىسى «بۇ سۆز دېيىلگەن بولسىمۇ بۇنى مەن دىمىدىم» دىگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر جۈملىدە نەفى ھەرپىنىڭ بولمىغانلىغى ياكى نەفى ھەرپى «المسند إليه» دىن كېيىن بولغانلىغى سەۋەبىدىن «المسند إليه» نەفىدىن كېيىن كەلمىسە شۇنداقلا ئۇ «المسند إليه» مەرپە بولسا ئۇنىڭ ئىلگىرى كېلىشى، ئۆزىنى «المسند» كە خاسلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولغان بولىدۇ ۋە بۇ، پېئىللىق خەۋەرنى شۇ «المسند إليه» دىن باشقا بىرىنى يالغۇز قىلدى دەپ گۇمان قىلغان كىشىگە رەددىيە بەرگەن ياكى باشقا بىرىگە شېرىكلىشىپ قىلدى دەپ گۇمان قىلغان كىشىگە رەددىيە بەرگەن ھالدا كەلگەن بولىدۇ. مەسىلەن : «أنا سَعَيْتُ في حَاجَة زيد »(پەقەت مەنلا زەيتنىڭ ھاجىتىگە كۈچۈدۈم). ئاشۇ پېئىللىق خەۋەرنى شۇ «المسند إليه» دىن باشقا بىرىنى يالغۇز قىلدى دەپ گۇمان قىلغاندىن ئىبارەت بىرىنچى خىل خاتا قاراشقا رەددىيە بەرگەندە ئۇ مىسال «لا غَيْرِيْ» ئارقىلىق تەكىتلىنىپ «أنا سَعَيْتُ في حَاجَة زيد لا غَيْرِيْ» دېيىلىدۇ، ئۇنى باشقا بىرىگە شېرىكلىشىپ قىلدى دەپ گۇمان قىلغان كىشىگە رەددىيە بەرگەندە بۇ مىسال «وَحْدِيْ» ئارقىلىق تەكىتلىنىپ «أنا سَعَيْتُ في حَاجَة زيد وَحْدِيْ» دېيىلىدۇ. ۋە گاھىدا خاسلاشتۇرماستىن ئاڭلىغۇچىنىڭ زېھنىدىكى ھۆكۈمنى تەقرىرلەش ۋە كۈچەيتىشنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : «هو يُعْطِي الْجَزِيْل »(ئۇ ناھايىتى كۆپ بېرىدۇ).

ئەگەر جۈملىدە نەفى ھەرپىنىڭ بولمىغانلىغى ياكى نەفى ھەرپى «المسند إليه» دىن كېيىن بولغانلىغى سەۋەبىدىن «المسند إليه» نەفىدىن كېيىن كەلمىسە ئاندىن كېيىن ئۇ «المسند إليه» نەكىرە بولۇپ قالسا، ئۇ نەكىرىدىن، جىنسىنى خاسلاشتۇرۇشنى ياكى شۇ جىنسىدىن بىرنى خاسلاشتۇرۇشنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل ئارقىلىق خەۋەر بېرىلىدۇ. مەسىلەن : «رَجُل جاءَنِيْ». يەنى «ئەر كەلدى، ئايال ئەمەس» دىگەندە بۇ پېئىل جىنسنى خاسلاشتۇرۇشنى، «بىر ئەر، ئىككى ئەمەس» دىگەندە بولسا شۇ جىنسىدىن بىرنى خاسلاشتۇرۇشنى ئىپادىلىگەن ھېسابلىنىدۇ.

٥– إيهام أنه لا يزول عن القلبِ لكونه مطلوبا نحو رحْمَةُ اللّٰه تُرْجَى ، ونَصْرُ اللّٰه قَرِيْبٌ ، والْحَبِيْبُ جاءَ .

٦– إفادةُ التخصيصِ إذا كانَ الخبرُ فعْلًا و ولَيَ الْمُسندُ إليه حَرْفَ النفي نحو ما أنا قلت هذا . أيْ لَمْ أَقُلْهُ مَعَ انه مَقُولٌ لغَيْرِيْ . فإنْ لَمْ يلِ الْمسندُ إليه حَرْفَ النفي بِأنْ لا يكونَ في الكلامِ حَرْفُ النفي أو يكونَ حَرْفُ النفي مُتَأَخّرًا عن الْمسند إليه فإنْ كانَ مَعْرِفَةً أَفَادَ تَقْدِيْمُهُ تَخْصِيْصَهُ بالْمُسند ، ردًّا على مَن زعَمَ انفرادَ غيرِه بالخبر الفعْليّ أو زعَمَ مُشَارَكَتُهُ فيه كقولك : أنا سَعَيْتُ في حَاجَة زيد . ويُؤَكّدُ على الأول بنَحْو لا غَيْرِيْ ، وعلى الثاني بنحو وَحْدِيْ . وقَدْ يُفِيْدُ تَقْوِيَةَ الْحُكْمِ وتَقرِيرَهُ لَدي السامع بِدُوْنِ تَخْصِيْصه كقولك : هو يُعْطِي الْجَزِيْل .

وإنْ كانَ نكرَةً أُخْبِرَ عَنْهُ بفِعْلٍ أَفَادَ تخصيصَ الجنسِ أو الواحدَ به نحو رَجُلٌ جاءَنِيْ ، أيْ لا امْرأة ولا رجلانِ .

7 ـ نەفىنىڭ ئومۇملىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ «المسند إليه» ئىلگىرى كەلتۈرىلىدۇ. بۇنداق بولىشى، مۇسنەدۇن ئىلەي، نەفى قىلغۇچى ۋاستىلەردىن ئىلگىرى كەلگەن ھالدىكى «كُلّ» ۋە «جَمِيْع» دىلگەنلەرگە ئوخشاش، ئومۇمنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىلەر بولۇپ قاسا ۋە مەنفى پېئىلنىڭ مەئمۇلى بولمىسا بۇ چاغدا نەفى بولۇش ئەسلى پېئىلغا يۈزلىنىدۇ، دە «كُلّ» غا ئىزاپ قىلىنغان نەرسىنىڭ ئەپرادلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن ھۆكۈمنىڭ نەفى قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : «كُلُّ ذلك لم يكنْ» بۇنىڭ مەنىسى «بىرسىمۇ يۈز بەرمىدى» دىگەنلىكتۇر. بۇ مىسالدا مەنفىلىك، ئەسلي پېئىل بولغان «لم يكنْ» دىگەن پېئىلغا يۈزلەنگەنلىكتىن بۇ پېئىل ھەر بىر ئەپرادقا نەپىلىك ھالتى بىلەن يۈزلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ھۆكۈمنى ھەر بىر ئەپرادتىن نەپى قىلغان ھىسابلىنىدۇ ۋە بۇ «شُمُول النفيِ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر نەفى «مَا كُلُّ مَا يَتَمَنَّى الْمَرْءُ يُدْرِكُهُ»(كىشى ئارزۇ قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسگە ئېرىشەلمەيدۇ) دىگەنگە ئوخشاش ئومۇملۇقنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىدىن لەبزەن ئىلگىرى بولسا ياكى «كُلَّ الصَفْحَاتِ لَمْ أَطلعْ»(بەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرمىدىم) دىگەنگە ئوخشاش ئۇ نەفى، مەنپى پېئىلنىڭ مەئمۇلى بولۇش ئارقىلىق تەقدىرەن ئىلگىرى بولسا، نەفىلىك، ئەسلي پېئىلغا ئەمەس بەلكى پەقەت ئومۇملۇققىلا يۈزلىنىدۇ. شۇڭا جۈملە جۈغلامىنىڭ نەفى بولغانلىقىنىلا ئىپادىلەيدۇ، مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ ھەر بىر ئەپرادنى نەفى قىلغانلىقىقا ئىھتىمالى بولغىنىدەك بەزى ئەفرادلارنى نەفى قىلمىغانلىقىمۇ ئىھتىمالى بولىدۇ.

نەفى ئومۇملۇقنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىدىن ئىلگىرى كەلسە نەفى ئەسلي پېئىلغا ئەمەس بەلكى پەقەت ئومۇملۇققىلا يۈزلىنىدۇ، دىگەن مۇشۇ قەبىلىدىن ﴿ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ ﴾(اللّٰهُ مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنىڭ ھىچ بىرىنى ياخشى كۆرمەيدۇ) دىگەن ئايەتتىكىگە ئوخشاش ھۆكۈمنىڭ ھەر بىر ئەپراتتىن نەپى قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە كىلىپ قالسا، بۇ ئەسلي تەيىنلەشنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس بەلكى سىرتقى بىر قەرىنىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ. بۇ ئايەتتىكى سىرتقى قەرىنە مۇتەكەببۇرلىقنىڭ ھاراملىقىدۇر.

٧– إفادةُ تَعْمِيْم النفيِ ( عُمُوْم السَّلْب ) ، وذلك إذا كانَ الْمسند إليه أداةَ عُمُوم ككُلِّ وجَمِيْعٍ ، تَقَدَّمَتْ على أداة النفيِ ولَمْ تكنْ مَعمولةً للفعلِ الْمَنفي ، فيَتَوَجَّهُ النفيُ إذْ ذلك على أَصْل الفعْل ويُفيْدُ نفيَ الحكمِ عن كُلِّ فَرْدٍ من أفرادِ ما أُضيْفَ إليه كُلٌّ نحو كُلُّ ذلك لم يكنْ ، المعنى : لَمْ يَقَعْ هذا ولا ذلك . ويسمى « شُمُول النفيِ » .

فإنْ تَقدمَ النفيُ على أداة عُمُوم لفظًا مثل مَا كُلُّ مَا يَتَمَنَّى الْمَرْءُ يُدْرِكُهُ ، أو تَقْدِيْرًا بأَنْ كانَتْ معمولةً للفعل المنفي كقولك : كُلَّ الصَّفْحَاتِ لَمْ أَطلعْ ، تَوَجَّهَ النفيُ إلى الشمول خاصَّةً دونَ أَصْل الفعلِ ، وأفادَ الكلامُ نَفْيَ المجموعِ (سَلْبَ العُمُوم ) ، فيَحْتَمِلُ ثُبُوتَ البَعْضِ كما يَحْتَمِلُ نَفْيَ كُلِّ فَرْدٍ ، ويُسمى « نَفْيَ الشُمُول » .

فإذا جاءَ من هذا القَبِيْلِ ما يُفِيْدُ عُمُومَ النَّفْيِ أيْ سَلْبَ الْحُكْمِ عن كُلِّ فَرْدٍ كما في قوله تعالى : ﴿ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ ﴾ الحديد٢٣ فلَيْسَ ذلكَ من اصْلِ الوَضْعِ بَلْ من قَرِيْنَةٍ خَارِجِيَّةٍ وهي تَحْرِيْمُ الاخْتِيَالِ .

«المسند» نى ئىلگىرى كەلتۈرۈش :

نۇرغۇنلىغان سەۋەپلەردىن «المسند» ئىلگىرى كەلتۈرىلىدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1 - «المسند» نىڭ ئامىل بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ ئىلگىرى كەلتۈرىلىدۇ. مەسىلەن : «قامَ عَلِيٌّ» .

2 - «المسند» نىڭ جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشنى تەقەززا قىلىدىغان نەرسە بولغانلىقتىن ئىلگىرى كەلتۈرىلىدۇ. مەسىلەن : «أينَ الطريقُ؟». بۇ جۈملىدىكى «أيـنَ» دىگەن مۇسنەد ئىستىپهام ۋاستىسى بولغانلىقتىن جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشى زۆرۈر بولۇپ قالغان چۈنكى ئىستىپهام ۋاستىلىرىنىڭ ھەرقاچان جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشى زۆرۈر بولىدۇ.

تقديم المسند :

يقدم المسند لأسباب ، منها :

١- كونُ المسندِ عاملا نحو قامَ عَلِيٌّ .

٢- كونُ المسندِ ممَّا يُوجبُ صدارةَ الكلامِ نحو أينَ الطريقُ ؟

٣- تخصيصهُ بالمسند إليه ، أيْ قَصْرُ المسند إليه على المسندِ كقوله تعالى ﴿لَا فِيهَا غَوْلٌ﴾ الصافات٤٧ أيْ بِخلافِ خُمُورِ الدنيا فإنَّ فيها غَوْلًا .

٤- التنبهُ من أوّلِ الأمْرِ على أنه خبرٌ لا نَعْتٌ كقوله : لَهُ هِمَمٌ لا مُنْتَهَى لكِبارِهَا .

إذْ لَوْ أُخِّرَ الْمُسندُ وقِيْلَ : هِمَمٌ لَهُ ، لَتَوَهَّمَ ابْتِداءً أنَّ « له » نَعْتٌ لشدَّةِ حاجَةِ النَكِرَةِ إليه .

3 - «المسند» نى «المسند إليه» ئارقىلىق خاسلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇسنەد ئىلگىرى كەلتۈرىلىدۇ، يەنى «المسند إليه» نى «المسند» گە قەسىر قىلىپ بېرىش ئۈچۈن مۇسنەد ئىلگىرى كەلتۈرىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَا فِيهَا غَوْلٌ﴾ يەنى دۇنيانىڭ هاراقلىرىنىڭ ئەكسىچە جەننەتنىڭ هارىقىدا مەس قىلىدىغان نەرسە يوق، دۇنيانىڭكىدە بولسا بار، دىمەك مەس قىلىشنىڭ بولماسلىقى پەقەت ئاشۇ جاننەتكىلا خاس قىلىنغان.

4 - ئىشنىڭ بېشىدىلا ئۇنىڭ سۈپەت ئەمەس بەلكى خەۋەر ئىكەنلىكىنى ئاگاهلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن مۇسنەد ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : «لَـهُ هِمَـمٌ لا مُنْتَهَـي لِكِبارِهَا» (ئۇنىڭ چەكسىز غەيرىتى بار). چۈنكى ئەگەر، بۇ مىسالدا «لَـهُ» دىگەن مۇسنەد كېيىن كەلتۈرۈلۈپ «هِمَـمٌ لَـهُ» دېيىلگەن بولسا، نەكرىنىڭ ئۆزىدىن كېيىن سۈپەتنىڭ كېلىشىگە ئېهتىياجىنى قاتتىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن «لَـهُ» دەماللىققا سۈپەت ئوخشايدۇ دىيىلىپ قالىدۇ.

5 ـ ئاڭلىغۇچىنى خوش قىلىدىغان نەرسىنى ئۇنىڭغا ئاڭلىتىش ئارقىلىق خۇش بىشارەت ئالدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈنمۇ مۇسنەد ئىلگىرى كەلتۈرىلىدۇ. مەسىلەن : كېسەل كىشىگە «فِي عَافِيَةٍ أَنْتَ »(ساغلاملىقتىدۇرسىز) ۋە «فِي تَحَسُّنٍ صِحَّتُكَ »(ياخشىلىنىشتىدۇر ساقلىقىڭىز) دېگىنىڭىزگە ئوخشاش.

6 ـ «المسند إليه» نى، زىكىر قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان بىر ياكى بىر قانچە سۈپەتلەرنى «الْمُسنَدُ » ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن بۇنى ئىلگىرى كەلتۈرۈش ئارقىلىق، «المسند إليه» نىڭ زىكىر قىلىنىشىغا قىزىقتۇرىلىدۇ. مەسىلەن : «لِلّٰهِ دَرُّكَ» (اللّٰهُ ئۈچۈندۇر سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىز) دېگىنىڭىزدە مۇسنەدنىڭ تەئەججۇپنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىغا ئوخشاش ۋە «عظيمٌ أنتَ» دېگىنىڭىزدە مۇسنەدنىڭ ئۇلۇغلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىغا ئوخشاش ۋە «نِعْمَ الرجلُ خَالِدٌ» دېگىنىڭىزدە مۇسنەدنىڭ ماختاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىغا ئوخشاش ۋە «بِئْسَ الرجلُ خَلِيْلٌ» دېگىنىڭىزدە مۇسنەدنىڭ ئەيىپلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىغا ئوخشاش ۋە «فَقِيْرٌ أَخُوْكَ» دېگىنىڭىزدە مۇسنەدنىڭ ئىچ ئاغرىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىغا ئوخشاش ۋە «مُبَارَكٌ وُصُوْلُكَ بِالسَّلامةِ »(سىنىڭ تىنىچ ـ ئامان يېتىپ بېرىشىڭ بەركەتلىكتۇر) دېگىنىڭىزدە مۇسنەدنىڭ دۇئانى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىغا ئوخشاش ۋە باشقىلار.

٥- التفاؤلُ بإسْمَاعِ الْمُخاطبِ ما يَسُرُّهُ كما تقول للمَرِيْضِ : فِي عَافِيَةٍ أَنْتَ ، وفِي تَحَسُّنٍ صِحَّتُكَ .

٦- التشويقُ إلى ذِكْرِ الْمسند إليه بأَنْ يَشْتَمِلَ الْمسندُ على وَصْفٍ أوْ أَوْصَافٍ للمسند إليه تَشَوَّقَ النَّفْسَ إلى ذِكْرِه ، كالتَّعَجُّبِ نحو لِلّٰهِ دَرُّكَ . والتعظيمِ نحو عظيمٌ أنتَ ، والمدحِ نحو نِعْمَ الرجلُ خَالِدٌ . والذمِ نحو بِئْسَ الرجلُ خَلِيْلٌ . والتَّرَحُّمِ نحو فَقِيْرٌ أَخُوْكَ . والدُعَاءِ نحو مُبَارَكٌ وُصُوْلُكَ بِالسَّلامةِ . وغير ذلك .

٢- التَّأخير

ويُؤَخَّرُ الْمُسندُ إليه لاقْتضَاءِ الْمَقَامِ تَقْدِيْمَ الْمُسند . وأَمَّا تَأْخِيْرُ الْمُسند فلَمَا مَرَّ فِي تَقْدِيْمِ الْمُسند إليه . لأَنَّهُ إذا تَقَدَّمَ أَحَدُ رُكْنَيِ الْجُمْلَة تَأَخَّرَ الآخَرُ فهُمَا مُتَلازِمَانِ .

شارائىتنىڭ مۇسنەدنى ئىلگىرى كەلتۈرۈشنى تەقەززا قىلغانلىقى سەۋەبىدىن «المسند إليه»، كېيىن كەلتۈرىلىدۇ. ئەمما مۇسنەدنى كېيىن كەلتۈرۈشكە كەلسەك ئۇ «المسند إليه» نى ئىلگىرى كەلتۈرۈش بابىدا ئۆتكەن سەۋەبلەرنىڭ تۈپەيلىدىن كېيىن كەلتۈرلىدۇ. چۈنكى جۈملىنىڭ ئىككى ئاساسلىق بۆلىكىنىڭ بىرى ئىلگىرى قىلىنسا يەنە بىرى كېيىن كېلىدۇ، شۇڭا بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.

«المسند» نىڭ جۈملە بولىشى :

تۆۋەندىكىدەك ئىككى سەۋەپتىن مۇسنەد جۈملە بولىدۇ :

1 ـ مۇسنەدنىڭ «المسند إليه» گە سابىت بولماسلىقىدىن ئىبارەت ھۆكۈمنىڭ كۈچەيگەنلىگىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇسنەد جۈملە بولىدۇ، بۇنداق بولىشى چوڭ جۈملىدە ئىسنادنىڭ تەكرارلانغانلىقىدىندۇر، بۇ، خەۋەر بولۇپ كەلگەن كىچىك جۈملە مۇبتىدانىڭ زىمىرىغا ئىسناد قىلىنغاندا ئەھۋالدا قارىتىلغاندۇر. مەسىلەن: «سَعْدٌ حَضرَ». بۇ جۈملىدە ئىسنادنى تەكرارلاندى دىيىشىمىز «حَضرَ» دىگەن پېئىلنىڭ ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى مۇستەتىر زىمىرىغا بىر قىتىم ئىسناد قىلىنغانلىقى ۋە خەۋەر بولۇپ كەلگەن بۇ كىچىك جۈملىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇبتىداسى بولغان «سَعْدٌ» غا يەنە بىر قىتىم ئىسناد قىلىنغانلىقىدىندۇر. دىمەك «حَضرَ» دىگەن پېئىلنىڭ ئىسنادى، ئۇنىڭ مۇبتىداغا قايتىدىغان زىمىرغا ئىسناد قىلىنىشى ئارقىلىق تەكرارلاندى، ئىسنادنىڭ مۇشۇنداق شەكىلدە تەكرارلىنىشى ھۆكۈمنى كۈچەيتىدىغانلىقتىن «سَعْدٌ حَضرَ» دىگەن چوڭ جۈملىدىكى ھۆكۈم كۈچەيگەن ھىسابلاندى.

2 ـ مۇسنەدنىڭ «جُمْلَةٌ سَبَبِيَّةٌ» بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسَنەد، جۈملە بولىدۇ. «جُمْلَةٌ سَبَبِيَّةٌ» دىگىنىمىز، «المسند إليه» بولمىغان زىمىر ئارقىلىق مۇبتىداغا ئالاقىدار قىلىنغان جۈملىدۇر. مەسىلەن : «زيدٌ أبوه قائمٌ»؛ «زيدٌ قامَ أبوهُ»؛ «زيدٌ مَرَرْتُ به». بۇ ئۈچ جۈملىنىڭ خەۋەر بولغان ئۈچ جۈملىسى، ئۆزلىرىدىكى «المسند إليه» بولمىغان «هُ» دىگەن زىمىر ئارقىلىق «زيدٌ» دىن ئىبارەت مۇبتىداغا ئالاقىدار قىلىندى.

كونُ الْمُسند جُمْلَةً :

وأمَّا كَوْنُهُ جُمْلَةً :

١) فلإفَادَة تَقْوِيَ الْحُكْم الذي هُوَ ثُبُوْتُ الْمُسند للمُسْنَد إليه أو سَلْبُهُ عَنْهُ . و ذلك لمَا في الْجُمْلَة من تكرار الإسْنَاد ، ويُخَتَصُّ بِمَا يكونُ مسندًا إلى ضَمِيْر الْمُبتدأ نحو سَعْدٌ حَضرَ .

٢) ولكونه سَبَبيًّا ، والْمرادُ بالْمُسند السَّبَبِيّ كُلُّ جُمْلَة عَلَّقَتْ على مُبْتَدأ بعَائد لَمْ يكنْ مسندًا إليه نحو زيدٌ أبوه قائمٌ ، وزيدٌ قامَ أبوهُ ، وزيدٌ مَرَرْتُ به .

وكَوْنُ تلك الجملة اسْمِيَّةً للدَّوَام و الثُّبوت . وكونُها فعْلِيَّةً للتَّجَدُّد و الْحُدُوث ، و الدلالة على أحد الأَزْمنَة الثلاثة على أخْصَر وَجْه .

وكونُها شَرْطيَّةً للاعْتبَارَات الْمُخْتلفَة الْحَاصلة من أدَوَات الشَّرْط .

وكَوْنُهَا ظَرْفيَّةً لاخْتصَار الْفعْليَّة ، إذْ الظرفُ مُتَعَلَّقٌ بالفعْلِ على الأَصَحِّ ، لأَنَّ الفعْلَ هو الأَصْلُ فِي العَمَلِ .

مۇسنەد بولغان شۇ جۈملىنىڭ ئىسىملىق جۈملە بولىشى سابىت بولۇش ۋە داۋاملىشىش مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ پېئىللىق جۈملە بولىشى يۈز بىرىش ۋە يېڭىلىنىشنى شۇنداقلا ئەڭ ئىخچام بولۇش ئاساسىدا ئۈچ زامانىنىڭ بىرىگە دالالەت قىلىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر.

ئۇ جۈملىنىڭ شەرت جۈملىسى بولىشى، شەرت ۋاستىلىرىدىن ھاسىل بولىدىغان ئوخشاش بولمىغان ئېتىبارلار سەۋەبىدىندۇر.

ئۇ جۈملىنىڭ زەرىپ بولىشى، پېئىللىق جۈملىنى ئىخچاملاش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئەڭ سەھى قاراشقا ئاساسلانغاندا زەرىپلەر پېئىلغا ئالاقىدار بولىدۇ. چۈنكى پېئىل ئەمەل قىلىشتا ئەسلىيدۇر.

## بەشىنچى باب
## قەيىت ھەققىدە

الباب الخامس

في التقييد

إذا اقتصر في الجملة على ذِكْرِ جُزْأَيْهَا – الْمُسنَدِ إليه و الْمُسنَدِ فالْحُكْمُ مُطْلَقٌ ، و إذَا زِيْدَ عَلَيْهِمَا شَيْءٌ مِمَّا يَتَعَلَّقُ بِهِمَا أو بِأَحَدِهِمَا فالْحُكْمُ مُقَيَّدٌ ، وذلكَ لِزِيَادَةِ الفَائِدَةِ و تَقْوِيَتِهَا عِنْدَ السَّامِعِ .

والتَّقْيِيْدُ يكونُ بالْمَفَاعِيلِ والْحَالِ و التَّمْيِيْزِ والتَّوَابِعِ والنَّوَاسِخِ و ضَمِيْرِ الْفَصْلِ و أَدْوَاتِ الشَّرْطِ و النَّفْيِ .

جۈملىدە سۆز، «المسند» ۋە «المسند إليه» دىن ئىبارەت جۈملىنىڭ ئىككى جۇزئىسىنى زىكىر قىلىش بىلەن چەكلەنسە ھۆكۈم مۇتلەق ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «قَدِمَ زيدٌ».

ئەگەر «المسند» ۋە «المسند إليه» دىن ئىبارەت بۇ ئىككىسىگە ئۇلارنىڭ بىرىگە ياكى ھەر ئىككىلىسىگە ئالاقىدار نەرسە قوشۇلسا ھۆكۈم قەيىت قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «قَدِمَ زيدٌ الأَدِيْبُ»؛ «قَدِمَ زيدٌ الأَدِيْبُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ». بىرىنچى مىسالدا «زيدٌ» تىن ئىبارەت «المسند إليه» گە ئالاقىدار بولغان «الأَدِيْبُ» دېگەن سۈپەت زىكىر قىلىنغانلىقتىن ھۆكۈم ئەدىيب بولغان زەيدكە قەيىت قىلىندى، ئىككىنچى مىسالدا بولسا ھەر ئىككىلىسىگە ئالاقىدار نەرسە زىكىر قىلىنغانلىقتىن «كېلىش» دېگەن ھۆكۈم ئەدىيب بولغان زەيدتىن جۈمە كۈنىدە سادىر بولۇشقا قەيىت قىلىندى، خۇددى شۇنىڭدەك «إِضْرِبْ» دېيىلسە ھۆكۈم مۇتلەق بولغان بولىدۇ دە ئۇرۇش دېگەن ئىشنى قىلسىلا بۇ بۇيرۇقنى ئورۇندىغان بولىدۇ، ئەمما، «إِضْرِبْ زيدًا يَوْمَ الْجُمُعَةِ» دېيىلسە ھۆكۈم قەيىت قىلىنغان بولىدۇ دە زەيدنى جۈمە كۈنىدە ئۇرمىغىچە بۇ بۇيرۇقنى ئورۇندىغان بولمايدۇ.

بۇنداق قەيىت قىلىش ئاڭلىغۇچىغا مەقسەتنى تولۇقراق ئىپادىلەپ بېرىش ۋە مۇخاتەپنىڭ ھوزورىدىكى ئىپادىلەنگەن نەرسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر.

قەيىت مەپئۇللار، ھال، تەمىيز، تابىلار، «كانَ» گە ئوخشاش نەۋاسىخلار، زىمىرۇلپەسلى، شەرت ۋاستىلىرى ۋە نەفى قاتارلىقلار ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

قەيتنىڭ پايدىلىرى :

**1** ـ مەپئۇللار ئارقىلىق قەيت قىلىش، پېئىلنىڭ تۈرىنى، ياكى پېئىل، ئۈستىگە چۈشكەن نەرسىنى ياكى پېئىلنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقىت ياكى ئورنىنى ياكى پېئىلنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپ بولغان نەرسىنى ۋە ياكى پېئىلنىڭ مەئمۇلىغا ھەمرا بولغۇچىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن : « جلستُ جِلْسَةَ القارِي »؛ « ضرب زيدٌ عمرًا »؛ « أجْلسُ خلفَك غدًا »؛ « ضربتُه تأدِيبًا »؛ « جاءَ البردُ و الجبّات ».

**2** ـ ھال ئارقىلىق قەيت قىلىش، ئۇنىڭ ئامىلىنىڭ قەيت قىلىنغانلىقىنى ۋە ھالنىڭ ئىگىسىنىڭ شەكلىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن : « جاءني زيد راكِبًا ».

## فَوَائِدُ التَّقْيِيْد :

١- التقييدُ بالْمَفاعيلِ : لِبَيَانِ نَوْعِ الفعْلِ أو مَا وَقَعَ عليه أو فيْه أو لأَجْله أو بِمُقَارَنَتِه .

٢- التقييدُ بالْحَال : لِبَيَانِ هَيْئَةِ صَاحِبِهَا وتَقْيِيْد عامِلِهَا .

٣- التقييدُ بالتميز : لِبَيانِ ما خَفِي من ذَات أو نِسْبَة .

٤- التقييدُ بالنَعْت لنكَات ، منها :

١) تَخصيصُ الْمَنْعُوْت إِنْ كَانَ نَكرَةً نحو جاءَنِيْ رَجُلٌ تَاجِرٌ .

٢) تَوْضِيْحُ الْمَنْعُوت إِنْ كَانَ مَعْرِفَة نحو حَضَرَ الصَّانِعُ الْمَاهِرُ .

٣) الكَشْفُ عن حَقِيْقَتِه نحو الْجِسْمُ الطويلُ العَرِيضُ العَمِيْقُ يَحْتَاجُ إلى فَرَاغٍ يَشْغَلُهُ .

٤) التَأْكِيدُ نحو أَمْسِ الدَّابِر كَانَ يَوْمًا عَظِيْمًا .

٥) الْمَدْحُ نحو جاءني محمدٌ الأَدِيْبُ .

٦) الذمُّ نحو جاءني إِبْرَاهِيْمُ الأَحْمَقُ .

٧) التَّرَحُّمُ نحو قَدِمَ زيدٌ الْمِسْكِيْنُ .

**3** ـ تەمىيز ئارقىلىق قەيت قىلىش، زات ياكى نىسپەتتىن ئوچۇق بولمىغان نەرسىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر. « عندي عشرون دِرْهَمًا »؛ « طابَ زيد نَفْسًا ».

**4** ـ سۈپەت ئارقىلىق قەيت قىلىش، نۇرغۇن سەۋەپتىن بولۇپ تۆۋەندىكىلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

**1)** مەۋسۇپ نەكىرە بولسا ئۇنى خاسلاشتۇرۇش ئۈچۈن سۈپەت ئارقىلىق قەيت قىلىنىدۇ. مەسىلەن : « جاءَنِيْ رَجُلٌ تَاجِرٌ ».

**2)** مەۋسۇپ مەرىپە بولسا ئۇنى رۇشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن سۈپەت ئارقىلىق قەيت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: « حَضَرَ الصَّانِعُ الْمَاهِرُ ».

**3)** ماھىتىنى ئېچىش ئۈچۈنمۇ سۈپەت ئارقىلىق قەيت قىلىنىدۇ. مەسىلەن : « الْجِسْمُ الطويلُ العَرِيضُ العَمِيْقُ يَحْتَاجُ إلى فَرَاغٍ يَشْغَلُهُ ». بۇ مىسالدىكى « الطويلُ »؛ « العَرِيضُ »؛ « العَمِيْقُ » قارىتارلىق ئۈچ سۈپەت ئاشۇ جىسمنىڭ ماھىتىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن.

**4)** تەكىتلەش ئۈچۈنمۇ سۈپەت ئارقىلىق قەيت قىلىنىدۇ. مەسىلەن : « أَمْسِ الدَّابِرِ كَانَ يَوْمًا عَظِيْمًا ». بۇ مىسالدىكى « عَظِيْمًا » دىگەن سۈپەت « يَوْمًا » نىڭ تەنۋىنىدىن ئىلىنىدىغان ئۇلۇغلۇق مەنىسىنى تەكىتلىگەن.

**5)** مەدىلەش ئۈچۈنمۇ سۈپەت ئارقىلىق قەيت قىلىنىدۇ. مەسىلەن : « جاءني محمدٌ الأَدِيْبُ ».

**6)** ئەيىپلەش ئۈچۈنمۇ سۈپەت ئارقىلىق قەيت قىلىنىدۇ. مەسىلەن : « جاءني إِبْرَاهِيْمُ الأَحْمَقُ ».

**7)** ئىچ ئاغرىتىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ سۈپەت ئارقىلىق قەيت قىلىنىدۇ. مەسىلەن : « قَدِمَ زيدٌ الْمِسْكِيْنُ ».

5 ـ نۇرغۇنلىغان ئىتىبارلار سەۋەبىدىن تەكىت ئارقىلىق قەيىت قىلىنىدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1) ئاڭلىغۇچىنىڭ بىخەستەلىگىنى سەزگەندە ئۇقۇمنى تەقرىر ۋە تەھقىقلەش ئۈچۈن تەكىت ئارقىلىق قەيىت قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «جاءَ الأميرُ الأَميْرُ».

2) مۇتەكەللىمنىڭ ئىزىپ كەتكەنلىكىنى ياكى ماجاز ئارقىلىق سۆزلەۋاتقانلىقىنى گۇمان قىلىۋاتقان مۇخاتەپنىڭ گۇمانىنى تۈگىتىش بىلەن بىرگە ھۆكۈمنى تەقرىرلەش ئۈچۈن تەكىت ئارقىلىق قەيىت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «جاءَنِي الأميْرُ نَفْسُهُ». بۇ مىسالدىكى «نَفْسُهُ» دىگەن تەكىت، «جاءَنِي الأميْرُ» دىيىلگەندە «ئىزىپ كىتىۋاتامدۇ ياكى پادىشانىڭ پەرمانى كەلسە پادىشا كەلدى دەپ ماجازىي گەپ قىلىۋاتامدۇ؟» دەپ گۇمان قىلىۋاتقان مۇخاتەپنىڭ گۇمانىنى تۈگىتىش بىلەن بىرگە ھۆكۈمنى تەقرىرلەش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن.

3) ئومۇمىيۈزلۈك بولمىغانلىق شۈبھىسىنى تۈگىتىش بىلەن بىرگە تەقرىر قىلىش ئۈچۈن تەكىت ئارقىلىق قەيىت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَسَجَدَ الْمَلَائِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ﴾. بۇ مىسالدىكى «كُلُّهُمْ» دىگەن تەكىت ئارقىلىق «ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەجدە قىلمىغان بولىشى مۇمكىن» دىگەن شۈبھى تۈگىتىلگەن بولۇپ ئۇنىڭدىن كىيىنكى «أَجْمَعُونَ» دىگەن تەكىت ئارقىلىق «ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا قىلغانمۇ سەجدە قىلمىغان بولىشى مۇمكىن» دىگەن شۈبھى تۈگىتىلگەن.

6 ـ ئەتپى بايان ئارقىلىق قەيىت قىلىشنىڭ سەۋەپلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر.

1) ئۆزىگە خاس ئىسمى ئارقىلىق مەتبۇنى رۇشەنلەشتۈرۈپ قويۇشلا مەقسىدىدە ئەتپى بايان ئارقىلىق قەيىت قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «قالَ أَبو الْحَسَنِ عَلِيٌّ كَرَّمَ اللهُ وَجْهَهَ». بۇ مىسالدا «أبو الْحَسَنِ» دىگەن مەتبۇ ئۆزىنىڭ «عَلِيٌّ» دىگەن ئىسمى ئارقىلىق رۇشەنلەشتۈرۈلگەن.

2) مەدىلەش ئۈچۈنمۇ ئەتپى بايان ئارقىلىق قەيىت قىلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿جَعَلَ اللّٰهُ الْكَعْبَةَ الْبَيْتَ الْحَرَامَ قِيَاماً لِّلنَّاسِ﴾ (اللّٰهُ بەيتۇل ھەرەم بولغان كەبىنى كىشىلەر ئۈچۈن تۇتقۇ قىلىپ بەردى). بۇ مىسادا «الْكَعْبَةَ» نى «دەخلىسىز ئامانلىق جاي» دىيىش ئارقىلىق ماختاش ئۈچۈن «الْبَيْتَ» دىگەن سۆز ئۇنىڭغا ئەتپى بايان قىلىپ كەلتۈرۈلدى. قِيَاماً ــ تۇتقۇ .

٥– التقييدُ بالتوْكِيْد لاعْتبَارَات ، منْها :

١) لمُجَرَّدِ التَّقْرِيْرِ وتَحْقِيْقِ الْمَفْهُومِ عِنْدَ الإحْسَاسِ بِغَفْلَةِ السَّامِعِ نحو جاءَ الأَمِيْرُ الأَمِيْرُ .

٢) للتقريرِ مع دَفْعِ تَوَهُّمِ السامعِ تَجَوُّزَ الْمُتَكَلِّمِ أو سَهْوَهُ نحو جاءَنِي الأَمِيْرُ نَفْسُهُ .

٣) للتقريرِ مع دَفْعِ توهمِ عَدَمِ الشُّمُولِ نحو ﴿فَسَجَدَ الْمَلَائِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ﴾ ص٧٣ .

٦– التقييدُ بِعَطْفِ البَيَانِ :

١) لمُجَرَّدِ التَّوْضِيْحِ لِلْمَتْبُوعِ باسْمٍ مُخْتَصٍّ بِهِ نحو قالَ أَبو الْحَسَنِ عَلِيٌّ كَرَّمَ اللهُ وَجْهَهَ .

٢) للمَدْحِ كقوله تعالى ﴿جَعَلَ اللّٰهُ الْكَعْبَةَ الْبَيْتَ الْحَرَامَ قِيَاماً لِّلنَّاسِ﴾ المائدة٩٧ .

البيتَ الحرامَ عَطْفُ البيان على الكَعْبَة لمَدْحِهَا بِأَنَّهَا حَرَمٌ آمِنٌ .

7 ـ نۇرغۇنلىغان سەۋەپلەردىن «عطف النسق» ئارقىلىق قەيت قىلىنىدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1) ئىخچام سۆز ئارقىلىق «الْمسند إليه» نى تەپسىلى بايان قىلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: «جاءَ محمدٌ وعَلِيٌّ». مانا بۇ «جاءَ مُحمدٌ وجاءَ عَليٌّ» دېيىشتىن ئىخچامدۇر.

2) ئىخچام سۆزلەش بىلەن بىرگە «الْمسند» نى تەپسىلى بايان قىلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: «جاءَ محمدٌ فَعَلِيٌّ»؛ «جاءَ محمدٌ ثُمَّ عَلِيٌّ»؛ «جاءَ الأميْرُ حتى الْجُنْدُ». چۈنكى بۇ ئۈچ ھەرىپ «الْمسند» نى تەپسىلى بايان قىلىش ھەققىدە ئورتاق ھۆكۈمگە ئىگە بولغىنى بىلەن، ئەۋۋەلقىسى ئارقىمۇ ـ ئارقا يۈز بېرىش بىلەن بىرگە تەرتىپنى ئىپادىلەيدۇ، ئىككىنچىسى ئەۋۋەلقىسى يۈز بېرىپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە تەرتىپنى ئىپادىلەيدۇ، ئۈچىنچىسى بولسا كۈچلۈكتىن ئاجىزغا يۈزلەنگەن ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى نەرسىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ تەرتىۋىنى ئىپادىلەيدۇ، ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە «ماتَ النَّاسُ حَتَّى الأنْبِيَاءُ» دېگەنگە ئوخشاش ئاجىزدىن كۈچلۈككە يۈزلەنگەن ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى نەرسىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ تەرتىۋىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا ئەتىپى ھەرپلىرىدىن ئىلگىرىكى «كېلىش» بىلەن كېيىنكى «كېلىش» ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى كېلىش ھېسابلىنىپ مۇسنەد تەپسىلى بايان قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ.

3) مۇتەكەللىمنىڭ شەكلىنىشى ياكى مۇخاتەپنى شەككە سېلىش ۋە ياكى بىلمەس بولۇۋېلىش سەۋەبىدىنمۇ «عطف النسق» ئارقىلىق قەيت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَإِنَّا أَوْ إِيَّاكُمْ لَعَلَى هُدًى أَوْ فِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ﴾.

4) ئىخچام سۆزلەش بىلەن بىرگە مۇخاتەپنى توغرا ئۇقۇمغا باشلاش ئۈچۈن «عطف النسق» ئارقىلىق قەيت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «جاءني عَلِيٌّ لا خالدٌ أو لكنْ خالدٌ».

5) ئىختىيارلىق بېرىشنى ياكى دۇرۇسلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «عطف النسق» ئارقىلىق قەيت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «لِيَدْخُلِ الدارَ محمدٌ أو عَلِيٌّ» (ھويلىغا ئەلى ياكى مۇھەممەد كىرسۇن). بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق، دۇرۇسلۇقتا مۇھەممەد ۋە ئەلىدىن ئىبارەت ھەر ئىككىسىنىڭ ھويلىغا كىرىشى دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما ئىختىيارلىقتا مەيلى قايسى بولسۇم ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭلا ھويلىغا كىرىشىگە بولىدۇ.

6) ھۆكۈمنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىش ئۈچۈن «عطف النسق» ئارقىلىق قەيت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «مَا جاءَ محمدٌ بَلْ عليٌّ» (مۇھەممەد كەلمىدى ياق بەلكى ئەلى كەلمىدى).

٧- التقييدُ بعَطْف النَّسَق لدَوَاعٍ، منْها:

١) تَفْصِيْلُ المسند إليه باخْتصارٍ نحو جاءَ محمدٌ وعَلِيٌّ، فإنه أخْصَرُ من جاءَ مُحمدٌ وجَاءَ عَلِيٌّ.

٢) تفصيلُ الْمسند مع الاخْتصار نحو جاءَ محمدٌ فَعَلِيٌّ أو ثُمَّ عَلِيٌّ، أو جاءَ الأمِيْرُ حتى الْجُنْدُ، لأنَّ هذه الأحْرفَ الثلاثة مُشْتركةٌ في تفصيل المسند إلا أنَّ الأول يُفيْدُ الترتيبَ مَعَ التعقيب، والثاني يُفيدُ الترتيبَ مع التراخي، و الثالثُ يُفيدُ ترتيبَ أجزاء ما قبله، ذاهبًا من الأقْوى إلى الأضْعَف، أو بالعَكْس نحو ماتَ النَّاسُ حَتَّى الأنْبِيَاءُ.

٣) الشَّكُّ من الْمتكلم أو التَّشْكِيْكُ للسامع أو التَّجَاهُل كقوله تعالى ﴿وَإِنَّا أَوْ إِيَّاكُمْ لَعَلَى هُدًى أَوْ فِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ﴾ سبأ ٢٤.

٤) رَدُّ السامعِ إلى الصوابِ مع الاخْتصار نحو جاءني عَلِيٌّ لا خالدٌ أو لكنْ خالدٌ.

٥) التخييرُ أو الإباحَة نحو لِيَدْخُلِ الدارَ محمدٌ أو عَلِيٌّ. و الفَرْقُ بينهما أنَّهُ يجوزُ الْجَمْعُ في الإباحة دونَ التَّخْيِيْر.

٦) صَرْفُ الحكمِ إلى آخر نحو مَا جاءَ محمدٌ بَلْ عليٌّ.

٨- التقييدُ بالبَدَلِ : لزيادةِ التقريرِ ، إذْ البدلُ كالتفسيرِ بعدَ الإبهامِ نحو حَضَرَ ابْنِي عَلِيٌّ ، في بدلِ الكلِ . و سافَرَ الجندُ أَغْلَبُهُ ، في بدلِ البعضِ . ونَفَعَنِيْ الأستاذُ عِلْمُهُ ، في بدلِ الاشتمالِ . ووَجْهُكَ بَدْرٌ شَمْسٌ ، في بدل الغلط .

٩- التقييدُ بضميرِ الفصلِ لأغْراضٍ ، منها :

(١) التخصيصُ كقوله تعالى ﴿أَلَمْ يَعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ هُوَ يَقْبَلُ التَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِ﴾ التوبة١٠٤ .

(٢) تأكيدُ التخصيصِ إذا كانَ في التركيبِ مُخَصِّصٌ آخر كقوله تعالى ﴿إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ﴾ الذاريات٥٨ .

(٣) تمييزُ الخبرِ عن الصِفَةِ نحو العالِمُ هو العامِلُ بِعِلْمِهِ .

**8 ـ** بەدەل ئارقىلىق قەيت قىلىش تەقرىرنى زىيادە قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى بەدەل ئىلىش، مۇبھەم سۆزلىگەندىن كېيىن تەپسىرلەپ بەرگەنگە ئوخشاش ئىشتۇر. مەسىلەن : بىر پۈتۈننى بىر پۈتۈندىن بەدەل ئالغاننىڭ مىسالى: «حَضَرَ ابْنِيْ عَلِيٌّ»(ئوغلۇم ئەلى كەلدى)، بەزىسىنى بىر پۈتۈندىن بەدەل ئالغاننىڭ مىسالى: «سافَرَ الجندُ أَغْلَبُهُ»(قوشۇننىڭ كۆپىنچىسى سەپەر قىلدى)، مۇناسىۋەتلىك نەرسىسىنى بىر پۈتۈندىن بەدەل ئالغاننىڭ مىسالى: «نَفَعَنِيْ الأستاذُ عِلْمُهُ»(ئۇستازىمنىڭ ئىلمىسى ماڭا مەنپەئەت قىلدى)، خاتالىقتىن ئىلىنغان بەدەلنىڭ مىسالى: «وَجْهُكَ بَدْرٌ شَمْسٌ»(ھۆزىڭىز ئاي، قۇياشتۇر).

**9 ـ** نۇرغۇنلىغان سەۋەپلەردىن «ضميرُ الفصلِ» ئارقىلىق قەيت قىلىنىدىغان بولۇپ تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

**1)** خاسلاشتۇرۇش ئۈچۈن . مەسىلەن : ﴿أَلَمْ يَعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ هُوَ يَقْبَلُ التَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِ﴾(ئۇلار «اللَّهَ» نىڭلا ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟).

**2)** بىرىكمىدە باشقا بىر خاسلىغۇچى بار چاغدا شۇ خاسلىقنى تەكىتلەش ئۈچۈن . مەسىلەن : ﴿إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ﴾. بۇ ئايەتتىكى «الرَّزَّاقُ» نىڭ مەرىپە كىلىشى خاسلىقنى ئىپادىلىگەنلىكتىن «هُوَ» دىگەن زىمىر ئاشۇ خاسلىقنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن.

**3)** خەۋەرنى سۈپەتتىن ئايرىش ئۈچۈن . مەسىلەن : «العالِمُ هو العامِل بِعِلْمِهِ»(ئالىم دىگەن بىلىمىگە ئەمەل قىلغۇچىدۇر).

## 10 - «النواسخِ» لار ئارقىلىق قەيىت قىلىش :

ئۇلار ئارقىلىق قەيىت قىلىش شۇ لەبزىلەرنىڭ مەنىسى ئورۇندايدىغان مەقسەتلەر سەۋەبىدىن بولۇپ، خۇددى «كانَ» دە داۋاملىشىشنى ۋە مازىدىكى ھالنى ھىكايە قىلغاننى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش، «ظلَّ» ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدا بەلگىلىك ۋاقىت ئارقىلىق بىر نەرسىنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلىگەننى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش، «مَا دَامَ» دە مۇئەييەن ھالەت ئارقىلىق بىر نەرسىنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلىگەنلىكنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش، «كَادَ وكَرُبَ وأوْشَكَ» قاتارلىقلاردا يېقىنلىشىش مەنىسىنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش، «إنَّ وأنَّ» قاتارلىقلاردا تەكىتنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش، «كَأَنَّ» دە ئوخشۇتۇشنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش، «لكِنَّ» دە تۈزىتىشنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش، «لَعَلَّ» دە ئۈمۈتنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش، «لَيْتَ» دە ئارزۇنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش، «وَجَدَ و أُلْفي و دَرَى و عَلِمَ» قاتارلىقلاردا جەزمىيەتنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش، «خَالَ و زَعَمَ و حَسَبَ» قاتارلىقلاردا گۇماننى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش ۋە «اتَّخَذَ و جَعَلَ و صَيَّرَ» قاتارلىقلاردا ئۆزگىرىشنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش.

> ١٠- التقييدُ بالنواسخِ :
>
> التقييدُ بِها لِلأغْراضِ التي تُؤدِيها مَعاني ألفاظِ النواسِخِ ، كالاستمرارِ و حكايةِ الحالِ الْماضيةِ في « كانَ »، و التَوْقِيْت بِزَمنٍ مُعَيَّنٍ في « ظلَّ » و أخواتِها ، و التوقيت بِحالةٍ مُعينةٍ في « مَا دَامَ »، والْمُقاربةِ في « كادَ وكَرُبَ وأوْشَكَ »، و التأكيد في « إنَّ وأنَّ » و التَشْبِيْهِ في « كَأَنَّ »، و الاسْتِدْرَاكِ في « لكِنَّ » ، و الرجاءِ في « لَعَلَّ »، و التَمَنِّي في «لَيْتَ»، واليَقِيْنِ في « وَجَدَ و أُلْفي و دَرَى و عَلِمَ »، و الظَّنِّ في « خَالَ و زَعَمَ و حَسَبَ »، و التَحَوُّلِ في « اتَّخَذَ و جَعَلَ و صَيَّرَ » .

**11 ـ شەرت ئارقىلىق قەيت قىلىش :**

**ئۇ ئارقىلىق قەيت قىلىش، شەرت ۋاستىلىرىنىڭ مەنىلىرى ئورۇندايدىغان مەقسەتلەر سەۋەبىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: «مَتَى» دا ۋاقىت مەنىسىنى، «أينَ» دە ئورۇن مەنىسىنى، «كَيْفَمَا» دا هال مەنىسىنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش، بۇ شەرت ۋاستىلىرى گەرچە نەھۋدە بايان قىلىنىپ بولغان بولسىمۇ لېكىن «إنْ وإذَا ولَوْ» قاتارلىقلارنىڭ بالاغەتنىڭ يوللىرىدىن ھېسابلىنىدىغان ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىنچىكە پەرىقلەرنى بۇ يەردە زىكىر قىلىپ ئۆتىمىز.**

**«إنْ»، «إذا» ۋە «لَوْ» قاتارلىقلارنىڭ پەرقى:**

**«إنْ» ۋە «إذ» قاتارلىقلار كەلگۈسى زاماندىكى شەرت مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن «إنْ» ھەققىدىكى ئەسلي قائىدە ھەمراھىڭىزنىڭ سىزنى ھۆرمەتلىشىگە جەزمە قىلالمايدىغان ئەھۋالدا ئۇنىڭغا «إنْ تُكْرِمْنِيْ أُكْرِمْكَ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش شەرتنىڭ يۈز بېرىشىگە جەزمە قىلالمايدىغان ئورۇندا ئىشلىتىلىشىدۇر، «إذا» بولسا «إذا زَالَتِ الشَّمْسُ آتِيْكَ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش شەرتنىڭ يۈز بېرىشىگە جەزمە قىلالايدىغان ئورۇندا ئىشلىتىلىشىدۇر. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇشۇ پەرىقنىڭ سەۋەبىدىن «إنْ»، مۇزارىئە لەبزى بىلەن كەلتۈرۈلۈپ يۈز بېرىشى كەم بولغان ھۆكۈملەرگە ئىشلىتىلىدىغان ۋاستە بولۇپ قالدى ۋە «إذا» بولسا ئۇنىڭ كېلىشى سەۋەبىدىن مەنىسى كېلەچەك زامان مەنىسىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لەبزى جەھەتتىن قارىغاندا يۈز بېرىشىنىڭ چوقۇملىقىغا دالالەت قىلىدىغان مازى لەبزى بىلەن كېلىپ، يۈز بېرىشى كۆپ بولغان ئەھۋاللارغا ئىشلىتىلىدىغان ۋاستا بولۇپ قالدى.**

١١- التقييدُ بالشرطِ :

التقييدُ به يكونُ للأغْراضِ التي تُؤديها معاني أدواتِ الشرطِ ، كالزمانِ في مَتَى ، و الْمَكانِ في أينَ ، والحالِ في كَيْفَمَا . وقدْ بُيِّنَ ذلكَ في علمِ النحوِ ، لكنْ نَذْكُرُ هنا ما بينَ إنْ وإذَا ولَوْ منَ الفرقِ الدقيقةِ ، لاخْتِصاصِها بمَزايا تُعَدُّ من وُجُوهِ البلاغةِ .

الفرقُ بَيْنَ « إنْ » و « إذا » و « لَوْ » :

فـ « إنْ » و« إذَا » للشرطِ في الاسْتقبالِ ، لكنْ أصْلُ «إنْ» عَدَمُ الجزمِ بِوُقُوعِ الشرطِ ، كما تقولُ لصاحبكَ : إنْ تُكْرِمْنِيْ أُكْرِمْكَ ، وأنتَ لاتَقْطَعُ بأنَّهُ يُكْرِمُكَ . واصْلُ «إذا» الجَزْمُ بِوقوعِ الشرطِ كما تقولُ : إذا زَالَت الشَّمْسُ آتيْكَ . ومِنْ أجْلِ ما بَيْنَهُمَا مِنَ الفَرْقِ كَانَتْ الأَحْكَامُ النادرةُ الوقوعُ مع لفظِ الْمضارعِ مَوَاقِعَ لِإنْ ، و الأَحْوالُ الكثيرةُ الوُقُوعُ ولفظُ الماضِي الدالِّ على تحقيقِ الوُقُوعِ قَطْعًا نظرًا إلى نَفْسِ لفظِه (و إنْ كانَ قَدْ نُقِلَ إلى معنى الاسْتقبالِ مَعَ إذَا ) مَوَاقِعَ لِإذَا .

بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكى ئايەتتە جۇغلاشتى : ﴿فَإِذَا جَاءَتْهُمُ الْحَسَنَةُ قَالُوا لَنَا هَـذِهِ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ يَطَّيَّرُوا بِمُوسَى وَمَن مَّعَهُ﴾ يەنى پىرئەۋنىنىڭ تەرەپدارلىرىغا ئەۋلاتنىڭ كۆپ بولىشى، ساغلاملىق، ئۈنۈمدار زىمىن، ۋە مۇنبەت يايلاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ياخشىلىق كەلسە بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز دەيدۇ، ۋە ئۇلارغا قۇرغاقچىلىق ۋە كىسەل يېتىپ قالسا مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەردىن شۇملىنىدۇ. بۇ يەردە ياخشىلىق تەرەپ «إِذَا» ئارقىلىق ئىپادىلەندى چۈنكى بۇ يەردىكى ياخلىقتىن مۇرات، كەڭ دائىرىلىك ۋە كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن ھاسىل بولىشىغا جەزمە قىلغىلى بولىدىغان مۇتلەق ياخشىلىقتۇر، شۇڭا «الْحَسَنَةُ» جىنسىنى ئىپادىلەيدىغان «الْ» ئارقىلىق مەرىپە قىلىندى ۋە يامانلىق تەرەپ «إِنْ» ئارقىلىق ئىپادىلەندى، چۈنكى يامانلىق، مۇتلەق ياخشىلىققا نىسبەتەن كەم، شۇڭا ئۇنىڭ كەملىگىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «سَيِّئَةٌ» نەكىرە كەلتۈرۈلدى ۋە يەنە ﴿وَإِذَا أَذَقْنَا النَّاسَ رَحْمَةً فَرِحُوا بِهَا وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ إِذَا هُمْ يَقْنَطُونَ﴾ دىگەن ئايەتمۇ يۇقارقىدەك ئىشلىتىلگەنىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يۇقىرىدا ئۆتكەن «إِنْ» بىلەن «إِذَا» نىڭ ئارىسىدىكى پەرقتىن ئىبارەت نەرسىلەر زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسىدۇر.

ۋە گاھىدا ئۇ ۋاستىلەردىن ھەر بىرى يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئورۇنلاردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا «إِنْ»، ئوخشاش بولمىغان مەقسەتلەر سەۋەبىدىن يۈز بىرىشى جەزمەن بولغان شەرتلەردىمۇ ئىشلىتىلىپ قالىدۇ. تۆۋەندىكىلەر بولسا شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

وقدْ اجْتمعَا فِي قوله تعالى ﴿فَإِذَا جَاءَتْهُمُ الْحَسَنَةُ قَالُوا لَنَا هَـذِهِ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ يَطَّيَّرُوا بِمُوسَى وَمَن مَّعَهُ﴾الأعراف١٣١، أيْ إذا جاءَ آلَ فِرْعَوْنَ حَسَنَةٌ من خصْب ورَخَاء و عَافية وكثْرة أوْلاد قالوا نحْنُ أحَقّاءُ بها ، وإذا أصَابَهم جَدْبٌ و مَرَضٌ تشَاءموا من مُوْسى و مَن آمَنَ مَعَهُ . فعُبِّرَ في جانب الحَسَنَة بلفْظ « إذَا » لأنَهُ المُراد الحسنة المُطلقة التي حُصُولها مَقْطُوعٌ به لكثْرته و اتّسَاعه ، ولذلكَ عُرِّفتْ تَعْرِيْفَ الجِنْس .و أتى في جانب السَيِّئَة بلفظ « إنْ » لأنَّ السيئة نادرةٌ بالنسبة إلى الحسنة المطلقة ، ولذلك نُكِّرَتْ للدلالة على القلّة . ومنْهُ قوله تعالى ﴿وَإِذَا أَذَقْنَا النَّاسَ رَحْمَةً فَرِحُوا بِهَا وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ إِذَا هُمْ يَقْنَطُونَ﴾الروم٣٦ .

وما تقَدَّمَ من الفرق بَيْنَ «إنْ و إذا » هو مُقْتَضى الظاهر .

وقدْ تُسْتَعْمَل كُلٌّ من الأدَاتَيْنِ مَوْضِعَ الأخْرى ، فتُسْتَعْمَلُ «إنْ » في الشرط المَجْزُوم بثُبُوته لأَغْرَاض ، منْها :

١) التَّجَاهُل إذا اقتضاهُ المَقامُ نحو قول المُعْتَذِر : إنْ كُنْتُ فعَلْتُ هذا فعَنْ غيْرِ قصْدٍ .

**1** ـ شارائىت تەقەززا قىلغان ئەھۋالدا بىلمەس بولىۋېلىش ئۈچۈنمۇ يۈز بىرىشى جەزمەن بولغان شەرتلەردە ئىشلىتىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن : ئۆزرە ئېيتقان كىشىنىڭ «إِنْ كُنْتُ فَعَلْتُ هذا فَعَنْ غَيْرِ قَصْد» دىگىنىگە ئوخشاش. بۇمىسالدا مۇتەكەللىم شەرتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە جەزمە قىلالايدىغان بولسىمۇ شارائىت تەقەززا قىلغانلىقتىن ئۇنى بىلمەس بولىۋېلىپ «إِذَا» كېلىشكە تېگىشلىك يەردە «إِنْ» نى ئىشلەتكەن.

2 ـ بىلمىنىڭ تەقەززاسىغا خىلاپ ئىش قىلغانلىقتىن مۇخاتەپنى بىلمىسىز كىشىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرگەنلىكتىنمۇ يۈز بېرىشى جەزمەن بولغان شەرتلەردىمۇ ئىشلىتىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن : دادىسىغا ئازار قىلىۋاتقان كىشىگە «إِنْ كَانَ أَبَاكَ فَلا تُؤْذِه» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. بۇ يەردە مۇخاتەپ بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ دادىسىغا ئازار بېرىۋاتقانلىقتىن ئۇنىڭغا ئازار قىلىنىۋاتقان كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىنىڭ مۇئامىلىسى قىلىنىپ «إِنْ» ئارقىلىق سۆز قىلىنغان.

3 ـ «إِنْ»، مەلۇم بىر ئىشقا كايىش ئۈچۈن يۈز بېرىشى جەزمەن بولغان شەرتلەردە ئىشلىتىلىپمۇ قالىدىغان بولۇپ، بۇ كايىش، ئەكسىچە بولۇشنى تەقەززا قىلىدىغان پاكىتلارنىڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن «إِنْ» كىرگەن شۇ ھۆكۈمنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئىش ئىكەنلىكىگە تەنبىھ بېرىپ قويۇش ئۈچۈندۇر، شۇڭا ئۇ ئىشنىڭ مەقسەتلىك ھالدا مۇمكىن ئەمەس نەرسە پەرەز قىلىنغاندەك پەرەز قىلىنىدىغانلىقىغىمۇ تەنبىھ بېرىپ قويۇش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن : «أَن» نى «إِنْ» ئوقۇلغان قىرائەت ئۇسلۇبىدىكى ﴿أَفَنَضْرِبُ عَنكُمُ الذِّكْرَ صَفْحاً أَن كُنتُمْ قَوْماً مُّسْرِفِينَ﴾ (سىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشنى تەرك قىلامدۇق؟) دېگەن ئايەتكە ئوخشاش. بۇ يەردە «إِنْ» نى يۈز بېرىشى جەزمەن بولغان شەرتتە ئىشلىتىلدى دېيىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىسراپخورلىقى ئېنىق بولسىمۇ لېكىن ئۇلارغا كايىش ۋە مۇشۇ ئورۇندا ئىسراپخورلۇقنىڭ ئاقىل كىشىدىن سادىر بولماسلىقىنىڭ زۆرۈرلىكىگە، سادىر بولدى دېگەندىمۇ مۇمكىن ئەمەس نەرسىنى پەرەز قىلغاندەك، پەرەز قىلىش يولىغا ئاساسەن سادىر بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلار ھەققىدە «إِنْ» ئارقىلىق سۆزلەندى. شۇنداقلا شارائىتنىڭ ئاقىل كىشىدىن ئىسراپخورلۇقنىڭ سادىر بولمايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان پاكىتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇ ئىسراپخورلۇق يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس نەرسىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. دېمەك «الله» بۇ ئايەتتە شەكنى ئىپادىلەيدىغان «إِنْ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسراپخورلۇقنى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشنى تەقەززا قىلىدىغان پاكىتلارنىڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن يۈز بېرىپ قالار دەپ پەرەز قىلمىسا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولمايدىغاندەك ئورۇنغا چۈشۈردى ۋە بۇ ناتوغرا قىلمىشقا كايىدى.

٢) تنزيلُ الْمُخاطب مَنزلةَ الجاهل لْمُخالفته مقتضى علْمه كقولك لمَنْ يُؤذي أَباهُ : إِنْ كانَ أَباكَ فلا تُؤْذه .

٣) التوبيخُ على الفعْل ، تنْبيهًا على أنهُ لقيَام البراهين الْمُقتضية وُقُوعَ خلافه كأنَّهُ مَحَال الْوُقُوع ، فيُفْرضُ كمَا يُفرضُ الْمَحَال لغرَض كقوله تعَالى ﴿أَفَنَضْرِبُ عَنكُمُ الذِّكْرَ صَفْحاً أَن كُنتُمْ قَوْماً مُّسْرِفِينَ﴾ الزخرف٥ ، في قراءة إنْ بالكسر ، إذ إسْرافُهُمْ مُحقَّقٌ لكنهُ عُبِّرَ عنه بـ إنْ تَوْبيْخاً لَهُمْ و إشارةً إلى أنَّ الإسْرَافَ من العاقل في هذا الْمَقَامِ يَجبُ أنْ لا يكونَ إلا على سَبيْل الفَرْض والتقدير كالْمَحَالات ، لاشْتمال الْمَقام على الآيات الدالة على أنَّ الإسْرافَ ممَّا لا ينبغي أنْ يَصْدُرَ عن العاقل أصْلًا فهو بمَنْزلة الْمَحَال .

٤) تغْليبُ غيْر الْمُتَّصف بالشرْط على الْمُتصف به ، كما إذا كانَ السفرُ قطْعيَّ الْحُصُول لسَعيْد غيْرَ قطْعيّ لخليْل فتقول : إنْ سَافرْتمَا كانَ كذَا . وقوله تعالى ﴿وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا﴾ البقرة ٢٣ ، يَحْتمِلهُمَا ،أي يَحْتمل أنْ يكونَ للتوبيخ و أنْ يكونَ للتغْليب .

4 ـ شەرت بىلەن سۈپەتلەنمىگەن كىشىنى ئۇنىڭ بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىگە قوشۇۋەتكەنلىك سەۋەبىدىنمۇ يۈز بېرىشى جەزمەن بولغان شەرتلەردە «إِنْ»، ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : سەپەر قىلىشى ئېنىق بولغان سەئىدنى سەپەر قىلىشى ئېنىق بولمىغان خەلىلگە قوشۇپلا «إِنْ سَافَرْتُمَا كَانَ كَذَا» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. ۋە ﴿وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ كايىش ۋە قوشۇۋېتىشتىن ئىبارەت ھەر ئىككىسىگە ئېھتىمالى بار.

تەنبىھ :

«إِنْ» تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئورۇندا ئىستىقبالنىڭ غەيرىدە تەرىقىدە قىياسى ئىشلىتىلىدۇ :

**1)** «كانَ» شەرت پېئىلى بولۇپ كەلسە «إِنْ» ئىستىقبالدىن باشقا مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَإِنْ كُنتُمْ فِي رَيْبٍ﴾البقرة٢٣.

**2)** «إِنْ» تەكىتلەشكە تېگىشلىك ئورۇندا، ھال مەنىسىدىكى «و» دىن كېيىن، شەرت ئۈچۈن ئەمەس بەلكى باغلاش ئۈچۈنلا كەلسە ئىستىقبالدىن باشقا مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «زَيدٌ وإِنْ كَثُرَ مَالُهُ بَخِيلٌ». بۇ جۈملىنىڭ سۆزلىنىش ئورنى زەيدنىڭ بېخىللىقىنى تەكىتلەشكە تېگىشلىك ئورۇن بولۇپ، «إِنْ» مۇشۇنداق ئورۇندا ھال مەنىسىكى «و» دىن كېيىن كەلدى ۋە ئۇ بۇ يەردە شەرت ئۈچۈن ئەمەس بەلكى باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى، شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە ئىستىقبالدىن باشقا مەنىدە ئىشلىتىلدى دەيمىز.

نۇرغۇنلىغان مەقسەتلەر سەۋەبىدىن شەك ئورۇنلىرىدا «إذا» ئىشلىتىلىپ قالىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1 ـ بۇنداق شەرت ھەققىدە شەكلىنىشنىڭ لايىق ئەمەسلىكىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن شەرتنىڭ يۈز بېرىشى شەكلىك بولغان ئورۇندىمۇ «إذا» ئىشلىتىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن : پادىشا ھەدىيە بىلەن بىزگە ئىلتىپات كۆرسىتەرمۇ؟ دېگەن كىشىگە «إذا تَفَضَّلَ عَلَيْكَ فَكَيْفَ يَكُونُ شُكْرُكَ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. بۇ ئورۇن ئەسلىدە شەكلىنىشكە تېگىشلىك ئورۇن بولسىمۇ مۇتكەللىم مۇخاتەپكە «ئۇ پادىشانىڭ ئىلتىپات كۆرسىتىشىدىن شەكلەنمەڭ» دېگەنگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردە «إذا» نى ئىشلەتكەن.

2 ـ مۇخاتەپنىڭ شەلىنىشىنىڭ بولمىغانلىغى سەۋەبىدىن شەرتنىڭ يۈز بېرىشى شەكلىك بولغان ئورۇندا «إذا» ئىشلىتىلىپ قالىدۇ.

3 ـ مۇخاتەپنى كۆڭلىدە شەكلىنىش بولمىغان جەزمە قىلغۇچىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرگەنلىكتىنمۇ شەرتنىڭ يۈز بېرىشى شەكلىك بولغان ئورۇندا «إذا» ئىشلىتىلىپ قالىدۇ.

4 ـ جەزمە قىلغۇچىنى جەزمە قىلمىغان كىشىگە قوشۇۋەتكەنلىك سەۋەبىدىنمۇ شەرتنىڭ يۈز بېرىشى شەكلىك بولغان ئورۇندا «إذا» ئىشلىتىلىپ قالىدۇ.

تنبيه :

قَدْ تُسْتَعْمَلُ « إنْ » في غيرِ الاستقبالِ قِيَاسًا مُطَّرِدًا فِي مَوضِعَيْنِ :

(١) إذا كانَ الشرْطُ لفظُ «كانَ» . (٢) إذَا جِيئَ بِهَا فِي مَقامِ التَّأكِيدِ بَعْدَ وَاوِ الحَالِ لِمُجَرَّدِ الرَّبطِ دونَ الشَرْطِ .

وقَدْ تُسْتعملُ «إذا » في مَواضعِ الشَّكِّ لِأَغْرَضٍ ، أَهَمُّهَا:

١- الإِشارةُ إلى أَنَّ مِثْلَ ذلكَ الشَّرْطِ لا يَنْبَغي أَنْ يكونَ مَشْكُوكًا فِيْه نحو قولكَ لِمَنْ قالَ : لا أَدْرِي أَيَتَفَضَّلُ عَلَيَّ الأَميرُ بِالنَّوَالِ : إذا تَفَضَّلَ عَلَيْكَ فَكَيْفَ يَكونُ شُكْرُكَ .

٢- عَدَمُ شَكِّ الْمُخاطِبِ .

٣- تنزيلُ الْمُخاطبِ مَنزلَةَ الجازِمِ الذي لا شَكَّ عِنْدَهُ .

٤- تَغْلِيْبُ الجازِمِ على غَيْرِ الجازِمِ .

بۇ ئىككى ۋاستە شەرتنى جازاغا ئالاقدار قىلىدىغان بولغۇدى، ئۇلارنىڭ ئىككى جۈملىسىدىن يەنى شەرت ۋە جازادىن ئىبارەت ئىككى جۈملىسىدىن ھەر بىرىنىڭ لەبزەن ۋە مەنەن كېلەچەك زامان پېئىلى بولۇشى زۆرۈر بولىدى. ئەمما شەرتنىڭ بۇنداق بولۇشىغا كەلسەك ئۇ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان نەرسىنىڭ پەرەز قىلىنىشى بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئۆتۈپ بولغان بولۇشى ۋە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن بولمىغانلىقتىندۇر. ئەمما جازانىڭ كېلەچەك زامان پېئىلى بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىگە كەلسەك بۇ ئۇنىڭ ھاسىل بولۇشىنىڭ، كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان شەرتنىڭ ھاسىل بولۇشىغا ئالاقدار بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. چۈنكى يۈز بېرىپ بولغان نەرسىنىڭ ھاسىل بولۇشىنى، كەلگۈسىدە پەيدا بولىدىغان نەرسىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا ئالاقدار قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ، شۇڭا جازا بولغان جۈملىنىڭمۇ كېلەچەك زامان پېئىلى بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ.

بۇ ئىككى جۈملىنىڭ لەبزەن ۋە مەنەن كېلەچەك زامان پېئىلى بولۇشىدىن، پەقەت مەنەنلا كېلەچەك زامان پېئىلى بولۇشىغا، ھاسىل بولمىغان نەرسىنى ھاسىل بولغان نەرسىنىڭ ئورنىدا كۆرسەتكەنگە ئوخشاش ئىنچىكە مەقسەتلەر سەۋەبىدىنلا چىقىلىدۇ. يەنى ئەسلىدە بۇ ئىككى جۈملە لەبزىدىمۇ ۋە مەنىدىمۇ كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ھاسىل بولمىغان نەرسىنى ھاسىل بولغان نەرسىنىڭ ئورنىدا كۆرسەتكەنگە ئوخشاش ئىنچىكە مەقسەتلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن گاھىدا ئۇ پېئىللار لەبزى جەھەتتىن مازى كەلتۈرۈلۈپمۇ قالىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇنىڭ مەنىسى يەنىلا كېلەچەك زامان مەنىسىدە بولىدۇ.

ولَمَّا كانَتْ الأدَاتَان لِتَعْلِيْقِ الْجَزَاءِ بِالشرطِ فِي الاسْتقبال وَجَبَ أنْ يكونَ كُلٌّ مِن جُمْلَتَيْهِمَا يَعْنِى الشَّرْطَ و الجزاءَ فِعْلِيَّةً اسْتقبالِيَّةً لفظًا ومَعْنى . أمَّا الشرطُ فَلأنَهُ مَفْروضُ الْحُصُولِ في الاسْتقبالِ فيَمتنعُ ثُبُوتُهُ ومَضِيُّهُ . و أمَّا الجزاءُ فلأنَّ حُصُولَهُ مُعَلَّقٌ على حُصُولِ الشَّرْطِ فِي الاسْتقبالِ ، و يَمْتنعُ تَعْلِيقُ حُصُولِ الحاصلِ الثابِتِ على حُصُولِ مَا يَحْصلُ فِي الْمُستقبلِ ، ولا يَعْدلُ عن اسْتِقْبالِيَّةِ الْجُمْلَةِ لَفْظًا ومعنى إلى اسْتقبالِيَّتِهَا مَعْنى فقط إلا لِنُكْتَةٍ ، كإبرازِ غيرِ الحاصلِ فِي مَعْرَضِ الحاصلِ ، وذلك :

١- لِقُوَّةِ الأَسْبابِ الْمُجتمعةِ فِي حُصُولِه كقولكَ : إنْ اشتريتُ كانَ كذا ، حالَ انْعقادِ أسباب الاشْتِراءِ .

تۆۋەندىكىلەر، ھاسىل بولمىغان نەرسىنى ھاسىل بولغان نەرسىنىڭ ئورنىدا كۆرسەتكەنلىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

**1** ـ ئۇنىڭ ھاسىل بولۇشى ھەققىدە جۇغلاشقان سەۋەبلەرنىڭ كۈچلۈكلىكى سەۋەبىدىن لەبزەن ۋە مەنەن كېلەچەك زامان پېلى بولۇشقا تېگىشلىك پېئىل لەبزى جەھەتتىن ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : سېتىۋېلىشنىڭ سەۋەبلىرى پۈتكەن ئەھۋالدا «إنْ اشتريتُ كانَ كذا» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. بۇ ئىككى پېئىل لەبزى جەھەتتىن ئۆتكەن زامان پېئىلى بولسىمۇ مەنە جەھەتتىن كېلەچەك زامان پېئىلىدۇر.

2 ـ ئۇنىڭ يۈز بېرىشىگە بولغان قىزىقىشنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈنمۇ لەبزەن ۋە مەنەن كېلەچەك زامان پېلى بولۇشقا تېگىشلىك پېئىل، لەبزى جەھەتتىن ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلتۈرىلىدۇ. چۈنكى ئۈمۈت قىلغۇچىنىڭ مەلۇم بىر ئىش ھەققىدىكى قىزىقىشى كۈچىيىپ كەتسە ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى ئويلىشى كۆپىيىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىسمەن ھاللاردا ئۇ ئىش ئۇنىڭغا ھاسىل بولۇپ بولغاندەك خىيال قىلىنىپمۇ قالىدۇ. مەسىلەن : «إنْ ظَفِرْتُ بِحُسْنِ العاقبَة فَهو الْمُرادُ»؛ ﴿ وَلَا تُكْرِهُوا فَتَيَاتِكُمْ عَلَى الْبِغَاءِ إِنْ أَرَدْنَ تَحَصُّنًا ﴾. بىرىنچى مىسالدا مۇتەكەللىم ئۆزىنىڭ غەلبە قىلىشقا بولغان قىزىقىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلەچەك زامان پېئىلىنى كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك يەردە «ظَفِرْتُ» دەپ ئۆتكەن زامان پېئىلىنى كەلتۈرگەن، ئىككىنچى مىسالدا «اللهُ» ئۆزىنىڭ ئۇ ئاياللارنىڭ پاك بولۇشىنى ئىرادە قىلىشىغا بولغان قىزىقىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلەچەك زامان پېئىلىنى كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك يەردە «أَرَدْنَ» دەپ ئۆتكەن زامان پېئىلىنى كەلتۈرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى پاك بولۇشنى ئىرادە قىلىپ بولغان كۆرسىتىپ، ئايەتنى ئۇلاردىن ھېكايە قىلىنغان شەكىلدە كەلتۈرگەن.

3 ـ مۇتەكەللىم شەرتنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈمۈت قىلغانلىقتىن خۇش پال ئېلىش مەقسىتىدە، لەبزەن ۋە مەنەن كېلەچەك زامان پېلى بولۇشقا تېگىشلىك پېئىلنى لەبزى جەھەتتىن ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن : «إنْ عِشْتُ نَفَعْتُ أُمَّتِيْ و بِلَادِيْ». مۇتەكەللىم بۇ يەردە ئۆزىنىڭ داۋاملىق ياشاپ قىلىشىنى ئۈمۈت قىلغانلىقتىن خۇش پال ئېلىش مەقسىتىدە بۇ ئىككى پېئىلنى ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلتۈرگەن.

4 ـ يۈز بېرىدىغان نەرسىنى يۈز بەرگەندەك كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ لەبزەن ۋە مەنەن كېلەچەك زامان پېلى بولۇشقا تېگىشلىك پېئىل، لەبزى جەھەتتىن ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلتۈرىلىدۇ. مەسىلەن : كېسەل كىشىنىڭ «إنْ مِتُّ كَانَ كذَا» دېگىنىگە ئوخشاش. مۇتەكەللىم بۇ يەردە بۇنىدىن كېيىن بولىدىغان ئۆلۈمنى بولۇپ بولغاندەك كۆرسىتىش مەقسىتىدە بۇ ئىككى پېئىلنى ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلتۈرگەن.

5 ـ دارىتمىلاش ئۈچۈنمۇ لەبزەن ۋە مەنەن كېلەچەك زامان پېلى بولۇشقا تېگىشلىك پېئىل، لەبزى جەھەتتىن ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلتۈرىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿ لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ ﴾الزمر٦٥ ؛ ﴿ وَلَئِنِ اتَّبَعْتَ أَهْوَاءَهُم مِّن بَعْدِ مَا جَاءَكَ مِنَ الْعِلْمِ إِنَّكَ إِذًا لَّمِنَ الظَّالِمِينَ ﴾. بۇ ئىككى مىسالدا پەيغەمبىرىمىزگە خىتاب قىلىنىش ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دارىتمىلانغان بولۇپ، «أَشْرَكْتَ» بىلەن «اتَّبَعْتَ» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى پېئىل مۇشۇ مەقسەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلتۈرۈلگەن.

دارىتمىلاشنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ غەزىۋىنى كۈچەيتىۋەتمەسلىك يولى ئاساسىدا ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئاڭلىتالىشىتۇر، ئۇلارنىڭ غەزىۋىنى كۈچەيتمەيدىغان ئۇ يول ئۇلارنى باتىل ئىشقا مەنسۇپ قىلىشنى ئاشكارىلاشنى تەرك ئېتىش بولۇپ، بۇ يولنىڭ سەمىمى نەسىھەت قىلىشقا بەكرەك يېتەكلەش رولى بولغانلىقتىن ھەقىقەتنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا ياردىمى بولىدۇ. بۇنداق بولىشى مۇتەكەللىم ئۇلارغا پەقەت ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنىلا ياخشى كۆرگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر.

٢- لإظهارِ الرغبةِ في وُقوعِه ، فَإن الطالبَ إذا عَظُمَتْ رغبَتُهُ في حُصُولِ أمْرٍ يَكْثُرُ تَصَوُّرُه إياهُ فَرُبَّمَا يُخَيَّلُ ذالكَ الأمْرُ إليه حاصلا كما تقول : إنْ ظَفِرْتُ بِحُسْنِ العاقبَة فَهو الْمُرادُ . و عليه قوله تعالى ﴿ وَلَا تُكْرِهُوا فَتَيَاتِكُمْ عَلَى الْبِغَاءِ إِنْ أَرَدْنَ تَحَصُّنًا ﴾النور٣٣ .

٣- للتفاؤلِ نحو إنْ عِشْتُ نَفَعْتُ أُمَّتِيْ و بِلَادِيْ .

٤- لأَنَّ ما هو لِلْوُقُوعِ كالواقِعِ كقولِ الْمَرِيضِ : إنْ مِتُّ كَانَ كذَا .

٥- للتعريضِ ، كما في قوله تعالى ﴿ لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ ﴾الزمر٦٥ ، و ﴿ وَلَئِنِ اتَّبَعْتَ أَهْوَاءَهُم مِّن بَعْدِ مَا جَاءَكَ مِنَ الْعِلْمِ إِنَّكَ إِذًا لَّمِنَ الظَّالِمِينَ ﴾البقرة١٤٥ .

ووجْهُ حُسْنِ التعريضِ إسْماعُ المخاطبينَ الْحَقَّ على وجْه لا يُورِثُهُمْ مَزِيدَ غضَب ، وهو تَرْكُ التصريحِ بِنِسْبَتِهِمْ إلى الباطلِ ، وذلكَ يُعِيْنُ على قبولِ الحَقّ لكَوْنه أدْخَلَ في أمْحَاضِ النُّصْحِ ، حَيْثُ لا يُرِيْدُ الْمُتكلِّمُ لَهُمْ إلا ما يُرِيْدُهُ لِنَفسه .

«لَوْ» بولسا شەرتنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە جەزمە قىلىش بىلەن بىرگە، مازىدىكى (يۈز بېرىشى پەرەزى بولغان) شەرت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، شەرت يۈز بەرگەندىلا جازانىڭمۇ يۈز بېرىشىنىڭ مۇمكىنلىكى پەيدا بولىدىغانلىقتىن ئۇنىڭ جازاسىنىڭمۇ يۈز بەرمەسلىكى زۆرۈر بولىدۇ. ئەگەر «لَوْ جِئْتَنِيْ لَأَكْرَمْتُكَ» دېسىڭىز، بۇنىڭدىن كېلىشىنىڭ، ھۆرمەت قىلىشتىكى شەرت ئىكەنلىكى ۋە كېلىش يۈز بەردى دېگەن تەقدىردە ھۆرمەت قىلىشنىڭمۇ يۈز بېرىدىغانلىقى ئۇقۇلىدۇ.

و « لَوْ » لِلشرطِ فِي الْماضِي مع القَطْعِ بِانْتِفاءِ الشَرْطِ فيلزمُ انتفاءُ الجَزَاءِ ، بِمَعنى أَنَّ الجزاءَ كانَ يُمكنُ أَنْ يَقَعَ لَوْ وُجِدَ الشَّرْطُ ، فإذا قُلْتَ : لَوْ جِئْتَنِيْ لأَكْرَمْتُكَ ، فُهِمَ مِنْهُ أَنَّ الْمَجِيَ شَرْطٌ فِي الإِكْرامِ ، و أَنَّهُ على تقديرِ وُقُوعِه يَقَعُ الإِكْرَامُ ، ولهذا قِيلَ : « لَوْ » لامْتِناعِ الثَانِي لامْتِناعِ الأَوَّلِ كقوله تعالى ﴿ وَلَوْ شَاءَ لَهَدَاكُمْ أَجْمَعِينَ ﴾النحل٩ . ويَجِئُ قَلِيْلًا لامْتِناعِ الأَوَّلِ لامْتِناعِ الثانِي كقوله تعالى ﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا ﴾الأنبياء٢٢، لكنْ الاستعمالُ الأَولِ هو الشائِعُ الْمُستفيضُ فِي القرآنِ والحديثِ وأَشْعَارِ العَرَبِ .

ويَجِبُ كَوْنُ جُمْلَتَيْهَا فِعْلِيَّتَيْنِ مَاضَوِيَّتَيْنِ ، وهذا هو مُقتضى الظاهِرِ .

مۇشۇ سەۋەپتىن «لَوْ»، شەرت جۈملىسىدىن ئىبارەت ئەۋۋەلقىسىنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، جازا جۈملىسىدىن ئىبارەت ئىككىنچىسىنىڭمۇ يۈز بەرمىگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، دېيىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَلَوْ شَاءَ لَهَدَاكُمْ أَجْمَعِينَ﴾. بۇ جۈملىدىكى «لَوْ» شەرت پېئىلى بولغان «شَاءَ» نىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن «لَهَدَاكُمْ أَجْمَعِينَ» دېگەن جازانىڭمۇ يۈز بەرمىگەنلىكىنى ئىپادىلەش مەقسەت قىلىنغان جۈملىگە كەلتۈرۈلگەن. قىسمەن ھاللاردا ئىككىنچىسىنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، بىرىنچىسىنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن : ﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا﴾. «لَوْ» بۇ ئايەتتە «لَفَسَدَتَا» دېگەن جازانىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن «كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ» دېگەن شەرتنىڭمۇ يۈز بەرمىگەنلىكىنى ئىپادىلەش مەقسەت قىلىنغان ئورۇندا ئىشلىتىلگەن، لېكىن ئەۋۋەلقى خىل ئىشلىتىلىشى قۇرئان، ھەدىس ۋە ئەرەب شېئىرلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

«لَوْ» نىڭ شەرت ۋە جازاداسىدىن ئىبارەت ھەر ئىككى جۈملىسىنىڭ، مازى بولغان پېئىللىق جۈملە بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ. مانا بۇ زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسىدۇر.

گاھدا جۈملە بۇنىڭ ئەكسىچىمۇ تۈزۈلىدۇ دە مەلۇم نازۇك سەۋەپلەردىن «لَوْ»، مۇزارىئەدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، بۇ نازۇك سەۋەپلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ئارقىمۇ ـ ئارقا يۈز بېرىۋاتقان ئىشتا پېئىلنىڭ داۋاملاشقانلىقىنى ئىپادىلەش مەقسىدىدە «لَوْ»، مۇزارىئەدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّ فِيكُمْ رَسُولَ اللَّهِ لَوْ يُطِيعُكُمْ فِي كَثِيرٍ مِّنَ الْأَمْرِ لَعَنِتُّمْ﴾ (بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا «اللّه» نىڭ ئەلچىسى بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئۇزلۇكسىز ئىتائەت قىلىدىغان بولسا چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار) «اللّه» بۇ يەردە «أَطَاعَكُمْ» دېمەستىن «يُطِيعُكُمْ» دېدى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پائالىيەتلىرى بىز توغرا دەپ قارىغان بويىچە ئۇزلۇكسىز داۋاملىشىشى كېرەك» دەيدىغان قارىشىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىدى.

وقدْ يُخرَجُ الكلامُ على خلافه ، فتَسْتَعْمَلُ في المُضارِعِ لنُكتَةٍ وهي :

(١) قصْدُ استمرار الفعْل فيْمَا مَضى وَقتًا بَعْدَ وَقت ، كقوله تعالى ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّ فِيكُمْ رَسُولَ اللَّهِ لَوْ يُطِيعُكُمْ فِي كَثِيرٍ مِّنَ الْأَمْرِ لَعَنِتُّمْ﴾ الحجرات ٧ ، إنّما قال « يُطِيْعُكُمْ » دُوْنَ « أَطَاعَكُمْ » للدّلالة على أنهُ كانَ في إرادتهِمْ استمرارُ عَمَله على مَا يَسْتَصْوبُوْنَهُ .

(٢) تنزيلُ المضارعِ منزلة المَاضي، لصُدُوره عَمَّنْ لا خلافَ في أخْبَاره والمُستقبل عنْدَهُ كالماضي في تحْقق الوُقُوع كقوله تعالى ﴿وَلَوْ تَرَى إِذْ وُقِفُوا عَلَى النَّارِ فَقَالُوا يَا لَيْتَنَا نُرَدُّ وَلَا نُكَذِّبَ بِآيَاتِ رَبِّنَا وَنَكُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ الأنعام٢٧ .

١٢– التقييدُ بالنفي :

التقييدُ بالنفي يكون لسَلْب النّسْبَة على وَجْه مَخصُوص ممَّا تُفيْدُهُ أحْرُفُ النفي السَّبْعَة وهي : لا ومَا و لاتَ وإنْ ولنْ و لَمْ ولمَّا .

فـ « لا » للنفي مُطْلقًا ، و« مَا و إنْ و لاتَ » لنفي الحال إنْ دَخَلتْ على المُضَارِع ، و « لَنْ » لنفي الاسْتقبال ، و« لَمْ ولمّا » لنفي المُضيّ ، إلا أنّهُ بلمّا يُنْسَحَبُ إلى مَا بَعْدَ زَمنِ التكلم ، ويُخْتَصُّ بالمُتَوقّع .

2 ـ ئۇ ئىش، يۈز بېرىشىنى جەزملەشتۈرۈش جەھەتتە ئۇنىڭغا كېلەچەكمۇ مازىغا ئوخشاش بولغان ۋە سۆزىدە قارىمۇ ـ قارشىلىق بولمىغان «اللّه» دىن سادىر بولغانلىقتىن «لَوْ»، مۇزارىئەدىمۇ ئىشلىتىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَلَوْ تَرَى إِذْ وُقِفُوا عَلَى النَّارِ فَقَالُوا يَا لَيْتَنَا نُرَدُّ وَلَا نُكَذِّبَ بِآيَاتِ رَبِّنَا وَنَكُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ (ئەگەر ئۇلارنى دوزاخ ئۇستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (دەششەتلىك بىر ھالنى كۆرەتتىڭ)، ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ). بۇ ئايەتتىكى قىيامەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇ كۈندە ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت ئىش كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىش بولسىمۇ «اللّه» كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشنى يۈز بېرىپ بولغان ئىشنى جەزملەشتۈرگەندەك جەزملەشتۈرەلەيدىغانلىقتىن بۇ ئايەتتىكى كەلگۈسى زامان پېئىلى ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلگەن.

تەنبىھ : بۇ ئايەتتىكى «لَا نُكَذِّبَ» دىگەن پېئىل، تەمەننىنىڭ جاۋابىدا كەلگەن «وَ» دىن كېيىن كەلگەنلىكتىن ئالدىغا «أَنْ» تەقدىر قىلىنىپ نەسپى ئوقۇلغان.

نەفى ئارقىلىق قەيت قىلىش :

نەفى ئارقىلىق قەيت قىلىش، يەتتە دانە نەفى ھەرپى ئىپادىلىگەن مەنە ئاساسىدا جۈملىدىن نىسبەتنى تارتىۋېتىش (نەفى قىلىش) ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇ ھەرپلەر «لا ومَا و لاتَ وإنْ ولنْ و لَمْ ولمَّا» قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

بۇلاردىن «لا» مۇتلەق نەفى ئۈچۈن، «مَا و إنْ و لاتَ» قاتارلىقلار مۇزارىئەگە كىرسە ھازىرقى زامانىنى نەفى قىلىش ئۈچۈن، «لَنْ» كېلەچەك زامانىنى نەفى قىلىش ئۈچۈن ۋە «لَمْ ولَمَّا» قاتارلىقلار مازىنى نەفى قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن «لَمَّا» دا سۆز قىلغان ۋاقىتتىن كېيىنكى نەرسىگە (يۈز بېرىپ قالار دەپ) تارتىشىش بولىدۇ ۋە بۇ كۈتۈپ تۇرغۇچىغا خاس قىلىنىدۇ.

## ئالتىنچى باب

### پېئىلغا ئالاقىدار بولغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە

بۇ باپتا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئۈچ چوڭ مەزمۇن بار بولۇپ، ئۇلار مەپئۇلنى ھەزىپ قىلىش، مەپئۇلنى پېئىلدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش ۋە پېئىلنىڭ مەئمۇللىرىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

الباب السادس

في أحوال متعلقات الفعل

في هذا البابِ ثلاثةُ مَطالبَ : حَذْفُ الْمَفعولِ ، وتقديمُ الْمَفعولِ على الفعْلِ ، وتقديمُ بَعْضِ مَعْمُولاتِ الفعْلِ على بَعْضٍ .

حَذْفُ الْمَفعولِ :

اعْلَمْ أنَّ للفعلِ ارْتبَاطًا بِكُلٍّ من الفاعلِ و الْمفعولِ ، فَارْتباطُهُ بالفاعلِ من جهَةِ وُقُوعهِ منْهُ ، وارْتبَاطُهُ بالْمفعولِ منْ حَيْثُ وُقُوعه عَلَيْه . ولاخْتلافِ نَوْعِ الارْتباطِ اخْتَلَفَ العَمَلُ ، فَعَمَلُ الفعْلِ في الفاعلِ الرفْعُ و في الْمَفعولِ النصْبُ . أمَّا إذا أُرِيدَ الإخْبارُ بِوُقُوعِ الفعْلِ في ذاته من غَيْرِ إرادةِ أنْ يُعْلَمَ ممَّنْ وقَعَ أو على مَنْ وقَعَ فالعبارةُ التي تدل على ذلك أنْ يُقالَ : كانَ ضَرْبٌ أو وقَعَ أو وَجَدَ ، أو نحو ذلكَ من ألفاظٍ تُفِيدُ الوُجُودَ الْمُجَرَّدَ من غَيْرِ ذكْرِ الفاعلِ أو الْمَفعولِ لكونه عَبَثًا .

مەپئۇلنى ھەزىپ قىلىش:

پېئىلنىڭ، پائىل ۋە مەپئۇلدىن ئىبارەت ھەر ئىكىسى بىلەن ئالاقىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ پائىل بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۆزىنىڭ شۇ پائىلدىن سادىر بولغانلىق تەرىپىدىن بولىدۇ، مەپئۇپ بىلەن بولغان ئالاقىسى بولسا ئۆزىنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنلىكى تەرىپىدىن بولىدۇ. بۇنداق ئالاقىنىڭ تۈرىنىڭ ئوخشىماسلىق سەۋەبىدىن پېئىلنىڭ ئەمەل قىلىشمۇ پەرىقلىق بولىدۇ. شۇڭا پېئىل، پائىلنى رەپئى قىلىدۇ، مەپئۇلنى بولسا نەسبى قىلىدۇ. ئەمما پېئىلنىڭ كىم تەرىپىدىن يۈز بەرگەنلىكىنى ياكى كىمنىڭ ئۈستىگە يۈز بەرگەنلىگىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلماستىن، پېئىلنىڭ ئۆزىنىڭلا يۈز بەرگەنلىگىنى ئۇقتۇرۇش مەقسەت قىلىنغاندا، بۇ مەقسەتكە دالالەت قىلىدىغان سۆز شەكلى، ئالاھىدە تېلغا ئېلىش ئارتۇقچە بولغانلىقتىن پائىل ياكى مەپئۇلنى زىكىر قىلماستىنلا، «كانَ ضَرْبٌ»،«وقَعَ» ۋە «وَجَدَ» دېيىش ئارقىلىق ياكى مۇشۇلارغا ئوخشاش پەقەت يۈز بىرىشنىلا ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى زىكىر ئارقىلىق بولىدۇ.

مۇتەئەددى پېئىل پائىلىغا ئىسناد قىلىنىپ مەپئۇلى زىكىر قىلىنمىسا، بۇنداق ھەزىپ قىلىنىشتىش ئۈچۈن سەۋەپ بولىشى كېرەك، بۇ سەۋەبلەرنىڭ مۇھىمراقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1 ـ ئىخچاملاش بىلەن بىرگە ئومۇملۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇتەئەددى پېئىلنىڭ مەپئۇلى ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَاللَّهُ يَدْعُو إِلَى دَارِ السَّلَامِ﴾، يەنى بەندىلىرىنىڭ ھەممىسىنى جەننەتكە چاقىرىدۇ. بۇ ئايەتتە «يَدْعُو» نىڭ «جَمِيعَ عِبادِهِ» دېگەن مەپئۇلى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن.

2 ـ باشتا زىكىر قىلىنغانلىقىغا تايانغانلىق سەۋەبىدىنمۇ مۇتەئەددى پېئىلنىڭ مەپئۇلى ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن : ﴿يَمْحُو اللَّهُ مَا يَشَاءُ وَيُثْبِتُ وَعِنْدَهُ أُمُّ الْكِتَابِ﴾ («اللَّهُ» خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ ۋە خالىغىنىنى ئۆز جايىدا قالدۇرىدۇ، لەۋھۇلمەھپۇز «اللَّهُ» نىڭ دەرگاھىدىدۇر). بۇ ئايەتتە «يَمْحُو» نىڭ «مَا يَشَاءُ» دېگەن مەپئۇلى بىر قېتىم زىكىر قىلىنغانلىقتىن «يُثْبِتُ» نىڭ «ما يَشَاءُ» دېگەن مەپئۇلى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن.

3 ـ پەقەت ئىخچاملاش ئۈچۈنمۇ مۇتەئەددى پېئىلنىڭ مەپئۇلى ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن : ﴿يَغْفِرُ لِمَن يَشَاءُ﴾ يەنى خالىغان ئادەمنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بۇ ئايەتتە «يَغْفِرُ» نىڭ «الذُّنُوبَ» دېگەن مەپئۇلى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن. يەنە بىر مىسال : ﴿رَبِّ أَرِنِي أَنظُرْ إِلَيْكَ﴾ يەنى ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەت !. بۇ ئايەتتە «أَرِنِي» نىڭ «ذَاتَكَ» دېگەن مەپئۇلى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن.

تەنبىھ : بۇ ئايەتتىكى «أَنظُرْ» دېگەن پېئىل، ئەمرنىڭ جاۋابىدا كەلگەنلىكتىن ئالدىغا «إِنْ» تەقدىر قىلىنىپ جەزمى ئوقۇلغان.

4 ـ مەپئۇل مۇئەييەن بولغانلىقتىنمۇ مۇتەئەددى پېئىلنىڭ مەپئۇلى ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: «رَعَتْ الْمَاشِيةُ» يەنى ئوت ـ چۆپنى يېدى. بۇ ئايەتتە «رَعَتْ» نىڭ «النباتَ» دېگەن مەپئۇلى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن.

---

والفِعْلُ الْمُتعدي إذا أُسْنِدَ على فاعِله ولَمْ يُذكَرْ لَهُ مَفْعُولٌ لابُدَّ فيه مِن داعٍ لهذا الحَذْفِ . و أَهَمُّ دَوَاعِيْه :

١- قَصْدُ التَّعْمِيْمِ مَعَ الاخْتِصارِ ، كقوله تعالى ﴿وَاللَّهُ يَدْعُو إِلَى دَارِ السَّلَامِ﴾يونس٢٥، أيْ يَدْعُو جَمِيْعَ عِبادِه .

٢- الاعْتِمادُ على تَقَدُّمِ ذِكْرِه ، كقوله تعالى ﴿يَمْحُو اللَّهُ مَا يَشَاءُ وَيُثْبِتُ وَعِندَهُ أُمُّ الْكِتَابِ﴾الرعد٣٩، أيْ وَيُثْبِتُ ما يَشَاءُ .

٣- مُجَرَّدُ الاخْتِصارِ ، كقوله تعالى ﴿ يَغْفِرُ لِمَن يَشَاءُ ﴾الفتح١٤، أيْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ . و مِنْها قولُه تعالى ﴿ رَبِّ أَرِنِي أَنظُرْ إِلَيْكَ﴾الأعراف١٤٣ ، أيْ أَرِنِي ذَاتَكَ .

٤- تَعَيُّنُ الْمَفعولِ نحو رَعَتْ الْمَاشِيَةُ ، أَيْ النباتَ .

5 ـ شەرت پېئىلى بولۇپ كەلگەن ۋە ھەزىپ قىلىنغان مەپئۇل بىلەن ئالاقىسى كەم بولمىغان «شَيْئَة»(خالاش) پېئىللىرىدىكىگە ئوخشاش، ئېنىقسىزلىقتىن كېيىن بايان قىلىپ بېرىش ئۇچۇنمۇ مۇتەئەددى پېئىلنىڭ مەپئۇلى ھەزىپ قىلىنىپ كىتىدۇ. مەسىلەن : ﴿فَمَن شَاء فَلْيُؤْمِن﴾ يەنى «كىمكى ئىماننى خالىسا ئىمان ئېيتسۇن !». بۇ ئايەتتىكى «شَاء» دىن ئىبارەت «شَيْئَة» پېئىلى شەرت بولۇپ كەلدى ۋە ئىماننى خالاش ـ خالىماسلىق كۆپ ئۇچرايدىغانلىقتىن ئۇنىڭ ھەزىپ قىلىنغان «الإيمانَ» دىن ئىبارەت مەپئۇل بىلەن بولغان ئالاقىسى كەم بولمىدى، شۇنداقلا باشتا «فَمَن شَاء» دىيىلگەندە نىمىنى خالايدىغاندۇ؟ دەيدىغان بىر ئېنىقسىزلىق پەيدا بولۇۋىدى، «فَلْيُؤْمِن» نى زىكىر قىلىش ئارقىلىق بۇ ئېنىقسىزلىق كۆتىرىۋېتىلدى. يەنە بىر مىسال : ﴿وَلَوْ شَاء لَهَدَاكُمْ أَجْمَعِينَ﴾ يەنى «ئەگەر اللهُ سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلارنى خالىغان بولسا چوقۇم ھەممىڭلارنى ھىدايەت قىلغان بولاتتى».

6 ـ ئۇنى ئاشكارىلاشتىن ئۆزىنى تارتقانلىقتىنمۇ مۇتەئەددى پېئىلنىڭ مەپئۇلى ھەزىپ قىلىنىپ كىتىدۇ. مەسىلەن : ئائىشە رَضِيَ اللهُ عَنْهَا نىڭ «ما رَأَيتُ مِنْهُ ولا رَأَى مِنّي» دېگىنىگە ئوخشاش. يەنى ئەۋرەتنى دىمەكچى.

7 ـ مەقسەتنىڭ مەئمۇلغا ئالاقىسى بولمىغانلىقتىن مۇتەئەددى پېئىلنى لازىم پېئىلنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ مەپئۇلىنى ھەزىپ قىلىۋېتىمىز. مەسىلەن : ﴿هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾. بۇ يەردىكى مەقسەت ئىلىمنىڭ مەلۇم بىر مەپئۇل بىلەن بولغان ئالاقىسىنى مۇلاھىزە قىلىش ئەمەس بەلكى پەقەت ئىلىمنىڭ بولۇش بولماسلىقى ھەققىدىدۇر. يەنى «ئىلىملىك ئادەم بىلەن ئىلىمسىز ئادەم بارابەرمۇ؟!» دىگەنلىكتۇر.

٥- البَيَانُ بَعْدَ الإبهامِ ، كما في فعْلِ المَشيْئَةِ إذا وَقَعَ شَرْطًا و لم يكنْ تَعَلُّقُهُ بـالْمَفعولِ الْمَحْـذُوفِ غَرِيْبًـا كقوله تعـالى ﴿ فَمَـن شَـاء فَلْيُؤْمِن ﴾الكهف٢٩ ، أيْ فَمَنْ شاءَ الإيمانَ . و ﴿ وَلَوْ شَاء لَهَدَاكُمْ أَجْمَعِينَ ﴾النحل٩ ، أي ولَوْ شاءَ اللهُ هدايَتَكُمْ لَهَداكُمْ .

٦- اسْتِهْجَانُ التصريحِ به ، كقولِ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا : « ما رَأَيتُ مِنْهُ ولا رَأَى مِنّي » أيْ العَوْرَةَ .

٧- تَنْزِيلُ الْمُتعَدي مَنزلةَ اللازمِ ، لعَدَمِ تَعَلُّقِ الْغَرَضِ بـالْمَعمولِ كقوله تعالى ﴿ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ ﴾الزمر٩، فالغرَضُ مُجَرَّدُ إثْبَاتِ العلْمِ و نَفْيِه دُوْنَ مُلاحظَةِ تَعَلُّقِه بِمَفْعولٍ مَا ، أيْ هَل يَسْتَوِي مَنْ له علْمٌ ومَن لا علْمَ لَهُ ؟

٨- قَصْدُ الْمُحَافظَةِ على سَجْعٍ أو وَزْنٍ ، وإقامَـةِ الفاصلةِ في قوله تعـالى ﴿ وَالضُّـحَى وَاللَّيْـلِ إِذَا سَـجَى مَـا وَدَّعَـكَ رَبُّـكَ وَمَـا قَلَى ﴾الضحى١-٣ ، أيْ ومَا قَلاكَ .

8 ـ ۋەزىن ياكى قاپىيىگە رىئايە قىلىش ۋە ياكى تۇرۇشلارنى بىر خىللاشتۇرۇش ئۇچۇنمۇ مۇتەئەددى پېئىلنى لازىم پېئىلنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ مەپئۇلىنى ھەزىپ قىلىۋېتىمىز. مەسىلەن : ﴿وَالضُّحَى وَاللَّيْلِ إِذَا سَجَى مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَى﴾(چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى، پەرۋەردىگارىڭ سىنى تاشلىۋەتكىنى يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق). بۇ ئايەتتىكى ﴿وَمَا قَلَى﴾ نىڭ ئەسلىيسى «وَمَا قَلَاكَ» بولۇپ ئۇنىڭدىكى «كَ» تۇرۇشلۇقا رىئايە قىلىش يۈزىسىدىن ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن.

پېئىلغا ئالاقىدار نەرسىلەرنى ئىلگىرى كەلتۈرۈش :

ئامىل ھەققىدىكى ئەسلىي قائىدە ئۆزىنىڭ مەئمۇلدىن ئىلگىرى كېلىشى بولسىمۇ گاھىدا ئەكسىچىمۇ بولۇپ قالىدۇ دە ئورغۇنلىغان مەقسەتلەر سەۋەبىدىن، مەپئۇل ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھېسابلىنىدىغان ھال، تەمىيز، زەرىپ، جار ۋە مەجرۇرلار، ۋە ئۇلاردىن سىرت پېئىلغا ئالاقىدار بولغان نەرسىلەر ئىگىرى كەلتۈرۈلۈپمۇ قالىدۇ. تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1 ـ مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىكى خاتا قاراشقا ياكى ئىش ـ ھەركەتتە ئورتاق دەپ قارىغان خاتا قاراشقا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن پېئىلغا ئالاقىدار نەرسىلەر ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىكى خاتالىقا رەددىيە بېرىشنىڭ مىسالى : «مُحَمدًا كَلَّمْتُ». بۇمىسادىكى كېيىن كېلىشكە تېگىشلىك مەپئۇل ئىلگىرى كەلتۈرۈلگەنلىكتىن خاسلىق پەيدا بولغان، شۇڭا ئۇنىڭ بالاغەتلىك مەنىسى «پەقەت مۇھەممەتكىلا گەپ قىلدىم، ئۇنىڭدىن باشقا كىشىگە گەپ قىلمىدىم» دېگەنلىك بولىدۇ. ئىش ـ ھەركەتتە ئورتاق دەپ قارىغان خاتا قاراشقا رەددىيە بېرىشنىڭ مىسالى : «عَلِيًّا رَأَيتُ» بولۇپ، بۇ مىسالدىمۇ يۇقىرىقىدەك ئىلگىرى كېلىش سەۋەبىدىن خاسلىق پەيدا بولىدۇ، ئەمما مۇخاتەپ بىرىنچى مىسالدا مۇتەكەللىمنى مۇھەممەتتىن باشقا كىشىگە گەپ قىلدى دەپ قارىغانلىقتىن ئۇ تەيىنلەشتىكى خاتالىققا رەددىيە بېرىشنىڭ مىسالى بولدى، ئەمما ئىككىنچى مىسالدا مۇخاتەپ مۇتەكەللىمنى ئەلىنىمۇ كۆردى ۋە باشقىلارنىمۇ كۆردى دەپ قارىغانلىقتىن بۇ ئىش ـ ھەركەتتە ئورتاق دەپ قارىغان خاتا قاراشقا رەددىيە بېرىشنىڭ مىسالى بولدى. جار ۋە مەجرۇرنىڭ ئىلگىرى كەلگىنىنىڭ مىسالى : «بِمُحمدٍ مَرَرْتُ» (مۇھەممەتنىڭلا يېنىدىن ئۆتتۈم). ھالنىڭ ئىلگىرى كەلگىنىنىڭ مىسالى : «ماشِيًا جِئْتُ». تەمىيزنىڭ ئىلگىرى كەلگىنىنىڭ مىسالى : «نَفْسًا طِبْتُ». زەرىپنىڭ ئىلگىرى كەلگىنىنىڭ مىسالى : «يَوْمَ الْجُمُعَة سِرْتُ»؛ «عِنْدَ الأَمِيرِ جَلَسْتُ»؛ «فِي الْمَسْجِدِ صَلَّيْتُ». «الْمفعل له» نىڭ ئىلگىرى كەلگىنىنىڭ مىسالى : «تَأْدِيبًا ضَرَبْتُهُ».

> تقديم متعلقات الفعل :
>
> الأَصْلُ في العامِلِ أَنْ يُقَدَّمَ على الْمَعْمُولِ ، وقدْ يَعكسُ ذلكَ فيُقَدَّمُ الْمَفعولُ و نَحوُهُ مِن الحالِ و التمييزِ و الظرْفِ والجارِ والْمَجرورِ و غيرِها مِن مُتعلقاتِ الفِعْلِ لأَغْرَاضٍ ، منها :
>
> ١- رَدُّ الخطَأِ في التَّعْيِيْنِ أو الاشْتِرَاكِ ، كقولِكَ : مُحَمدًا كَلَّمْتُ ، أيْ لا غَيْرَهُ . وعَلِيًّا رَأَيتُ ، أيْ وَحْدَهُ . ونحو بِمُحمدٍ مَرَرْتُ ، وماشِيًا جِئْتُ ، ونَفْسًا طِبْتُ ، ويَوْمَ الْجُمُعَةِ سِرْتُ ، وعِنْدَ الأَمِيرِ جَلَسْتُ ، وفِي الْمَسْجِدِ صَلَّيْتُ ، وتَأْدِيبًا ضَرَبْتُهُ .
>
> ٢- إفادَةُ التَّخْصِيْصِ ، أيْ قَصْرُ العامِلِ على الْمَعمولِ كقولِه تعالى ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ الفاتحة٥ .

2 ـ خاسلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يەنى ئامىلنى مەئمۇلغا قەسر قىلىش ئۈچۈنمۇ پېئىلغا ئالاقىدار نەرسىلەر ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾. بۇ ئايەتتە «إِيَّاكَ» دىگەن مەپئۇل، ئامىل بولغان پېئىلدىن ئىلگىرى كەلگەنلىكتىن بۇ پېئىللار ئاشۇ مەئمۇلغا خاس بولۇپ كەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ مەنىسى «ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» دىگەنلىك بولىدۇ.

3 ـ ئىلگىرى كەلتۈرۈلگۈچىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىنمۇ پېئىلغا ئالاقىدار نەرسىلەر ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : «حُسْنَ الْخُلُقِ لَزِمْتَ». مۇشۇ سەۋەپتىن «بِسْمِ اللهِ» دىمۇ ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن پېئىل ئۇنىڭ كەينىدە دەپ مۆلچەرلىنىپ ئۇنىڭ ئەسلىيسى «بِسْمِ اللهِ أَقْرَأُ» ئىدى دەپ قارىلىدۇ.

4 ـ ئۇ ئارقىلىق تەبەررۇك ئىستەش ئۈچۈنمۇ پېئىلغا ئالاقىدار نەرسىلەر ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: «محمدًا عليه السلامُ اتَّبَعْتُ»، «قُرْآنًا كَرِيْمًا تَلَوْتُ».

٣– الاهْتِمامُ بالْمُقَدَّمِ نحو حُسْنَ الْخُلُقِ لَزِمْتَ . ولهذا يُقَدَّرُ الْمَحْذُوفُ فِي بِسْمِ اللهِ مُؤَخَّرًا .

٤– التبركُ بِه نحو محمدًا عليه السلامُ اتَّبَعْتُ ، وقُرْآنًا كَرِيْمًا تَلَوْتُ .

٥– التلذذُ بِه نحو لَيْلَى كَلَّمْتُ ، والْحَبِيْبَ قابَلْتُ .

٦– التَّعجيلُ بالْمسرَّةِ أو الْمساءةِ كقولك : خَيْرًا تلْقى ، وشَرًّا يَنَالُ عَدُوُّكَ .

٧– مُوافِقَةُ كَلامِ السامعِ نحو محمدًا دَعَوْتُ ، فِي جَوَابِ « مَنْ دَعَوْتَ ؟ » .

٨– رِعَايَةُ السَجْعِ و الفاصِلَةِ كقوله تعالى ﴿خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ثُمَّ الْجَحِيمَ صَلُّوهُ ثُمَّ فِي سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعاً فَاسْلُكُوهُ﴾ الحاقة ٣٠–٣٢. وكقوله تعالى ﴿فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ وَأَمَّا السَّائِلَ فَلَا تَنْهَرْ﴾ الضحى٩ – ١٠.

٩– أنْ يكونَ الْمُقَدّمُ مَحَطَّ الإنْكارِ ، نحو أَفِي الشَّرِّ تَسْعى وقَدْ جَرَّبَتَ عَوَاقِبَهُ ؟

5 ـ ئۇ ئارقىلىق لەززەتلىنىش ئۈچۈنمۇ پېئىلغا ئالاقىدار نەرسىلەر ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : «لَيْلَى كَلَّمْتُ»؛ «الْحَبِيْبَ قابَلْتُ».

6 ـ خۇشال قىلىش ياكى خاپا قىلىشقا ئالدىرىغانلىقتىنمۇ پېئىلغا ئالاقىدار نەرسىلەر ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : «خَيْرًا تَلْقى»؛ «شَرًّا يَنَالُ عَدُوُّكَ» (دۈشمىنىڭ يامانلىقنى ئالىدۇ).

7 ـ ئاڭلىغۇچىنىڭ سۆزى بىلەن بىردەك بولۇشى ئۈچۈنمۇ پېئىلغا ئالاقىدار نەرسىلەر ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : «كىمنى چاقىردىڭ ؟» دىگەن كىشىگە جاۋابەن، «محمدًا دَعَوْتُ» دىگىنىڭىزگە ئوخشاش.

8 ـ قاپىيە ۋە تۇرۇشلارغا رىئايە قىلىش ئۈچۈنمۇ پېئىلغا ئالاقىدار نەرسىلەر ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : ﴿خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ثُمَّ الْجَحِيمَ صَلُّوهُ ثُمَّ فِي سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعاً فَاسْلُكُوهُ﴾ (ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار، ئاندىن ئۇنى دوزاققا تاشلاڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار)، ﴿فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ وَأَمَّا السَّائِلَ فَلَا تَنْهَرْ﴾ (يېتىمنى خارلىما، سائىلغا قوپاللىق قىلما) .

9 ـ ئىلگىرى قىلىنغىنى ئىنكارنىڭ ئورنىدا كەلگەنلىكتىنمۇ، پېئىلغا ئالاقىدار نەرسىلەر ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : «أَفِي الشَّرِّ تَسْعى وقَدْ جَرَّبَتَ عَوَاقِبَهُ ؟» (ئاقىۋىتىدىن ساۋاق ئالغان تۇرۇپ يامانلىققا كۆچەۋېرەمسەن؟).

پېئىلنىڭ مەئمۇللىرىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش :

پېئىلنىڭ مەئمۇللىرىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش بىرقانچىلىغان سەۋەبتىن بولىدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1 ـ ئىلگىرى كەلتۈرۈشنىڭ ئەسلىي بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇشقا ئېھتىياجنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. خۇددى جۈملىدىكى باش بۆلەكنىڭ پېئىلغا ئۇلۇشۇپلا كېلىشى ھەقلىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن «كَلَّمَ محمدٌ عَلِيًّا» دېگەن مىسالدا، پائىلنى مەپئۇلدىن ئىلگىرى كەلتۈرگەنگە ۋە «أَعْطَيْتُ زيدًا دِرْهَمًا» دېگەن مىسالدىكى بىرىنچى مەپئۇلدا بېرىلگەن نەرسىنى ئالغۇچى بولۇشتىن ئىبارەت پائىللىق مەنىسى بولغانلىقتىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش ئەسلىي ھېسابلىنىپ ئىككىنچى مەپئۇلدىن ئىلگىرى كەلتۈرگەنگە ئوخشاش.

2 ـ ئۇنى زىكىر قىلىش مۇھىمراق ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش كۆپرەك بولغانلىقتىن پېئىلنىڭ مەئمۇللىرىنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. شۇڭا مەلۇم بىر كىشى پادىشاغا ھۇجۇم قىلىپ شەھەردە زومىگەرلىك قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئازار ـ كۆپىيىپ كەتكەن بولسا ئاندىن ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلماقچى بولسىڭىز «قَتَلَ الْخَارِجِيَّ فُلانٌ» دەيسىز. چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسكىلىكىدىن قۇتۇلىدىغانلىقتىن، ئۆلتۈرۈشكە ئالاقىدار بولۇشتا مۇھىمراق كىشى قاتىل ئەمەس بەلكى ئۆلتۈرۈلگەن تاجاۋۇزچىدۇر.

تقديمُ بعضِ معمولاتِ الفعلِ على بعضٍ :

وتقديمُ بعضِ معمولاتِ الفعلِ على بعضٍ لأَسْبابٍ ، منها :

١- أنَّ التقديمَ هو الأَصْلُ ، ولا مُقتضى للعُدولِ عنه ، كتقديمِ الفاعلِ على الْمفعولِ ، لأنهُ عُمْدَةٌ في الكلامِ فَحَقُّهُ أَنْ يَليَ الفعلَ نحو كَلَّمَ محمدٌ عَلِيًّا ، وتقديمِ الْمَفعولِ الأَوَّلِ على الثاني في نحو أَعْطَيْتُ زيدًا دِرْهَمًا ، فإنَّ أَصْلَهُ التقديمُ لِمَا فيه مِن مَعنى الفاعليةِ وهو كونُهُ آخذًا للعَطَاءِ .

٢- أنَّ ذكرَهُ أَهَمُّ و العنايةَ به أَتَمُّ ، فَيُقدمُ الْمفعولُ على الفاعلِ ، إذا كان الغَرَضُ مَعرفةَ وُقوعِ الفعلِ على مَنْ وَقَعَ عليه لا وُقوعِه مِمَّنْ وَقَعَ مِنْهُ ، كما إذا خَرَجَ رجُلٌ على السُلطانِ وعَاثَ في البلادِ وكَثُرَ منهُ الأذى فَقُتِلَ ، وأَرَدْتَ أَنْ تُخْبِرَ بقَتْلِه فتقول : قَتَلَ الْخَارِجِيَّ فُلانٌ ، لأَنَّ الأَهَمَّ في تَعلقِ القَتْلِ هو الخارجيُّ الْمَقتولُ لِيتخلصَ الناسُ مِن شَرِّهِ دونَ القاتلِ .

ۋە يەنە غەرەز، مەلۇم بىر كىشىدىن سادىر بولغان پېئىلنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىش بولغان ئورۇندىمۇ پېئىل، مەپئۇلدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. خۇددى چوڭ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ دەپ قارالمايدىغان مەشھۇر ئەمەس بىر كىشى پايدىلىق بىر نەرسىنى ئىجاد قىلغاندا، بۇ ئىشنى خەۋەر قىلماقچى بولسىڭىز «اخْتَرَعَ فُلَانٌ كَذَا »(پالانى مۇنداق نەرسىنى ئىجات قىلدى) دېگىنىڭىزگە ئوخشاش.

3 ـ كېيىن كەلتۈرۈشتە مەنىگە خەلەل يەتكۈزۈش بولغانلىقتىنمۇ پېئىلنىڭ مەئمۇللىرىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَقَالَ رَجُلٌ مُّؤْمِنٌ مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَكْتُمُ إِيمَانَهُ ﴾(پىرئەۋن خانىدانىغا مەنسۇپ، ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۆمىن ئادەم ئېيتتى:) بۇ ئايەتتە كېيىن كەلتۈرۈش مەنىگە خەلەل يەتكۈزىدۇ دېيىشىمىز، ئەگەر «مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ» ئۆزىدىن كېينكى «يَكْتُمُ إِيمَانَهُ» دىن كېيىن كەلتۈرۈلگەن بولسا ئۇ «يَكْتُمُ» غا ئالاقدار ئىكەن دېگەننى ۋەھىملەندۈرۈپ قويغان بولاتتى دە ئۇ ئەرنىڭ پىرئەۋن جەمەتىدىن ئىكەنلىكى ئىپادىلەنمىگەن بولاتتى. يەنە بىر مىسال «مَرَرْتُ رَاكِبًا بِفُلانٍ». بۇ مىسالدىمۇ «رَاكِبًا» دېگەن ھال كېيىن كەلتۈرۈلگەن بولسا «فُلانٍ» دېگەن مەجرۇرنىڭ ھالتى ئىكەن دېگەننى ۋەھىملەندۈرۈپ قويغان بولاتتى.

> وَيُقدمُ الفاعلُ على الْمفعولِ ، إذا كانَ الغَرَضُ مَعرفةَ وُقُوعِ الفعلِ ممَّنْ وَقَعَ منْهُ ، كما إذا كانَ شَخْصٌ خَامِلَ الذِّكْرِ لا يُظَنُّ بِهِ أَنْ يَقومَ بِعَمَلٍ جَلِيْلٍ فاخْتَرَعَ شَيْئًا مُفيْدًا ، وأَرَدْتَ أَنْ تُخْبِرَ بذلكَ فتَقولُ : اخْتَرَعَ فُلَانٌ كَذَا .
>
> ٣- أَنَّ في التّأخيرِ إخْلالًا بِبيَانِ الْمَعْنى كما في قوله تعالى ﴿وَقَالَ رَجُلٌ مُّؤْمِنٌ مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَكْتُمُ إِيمَانَهُ ﴾غافر٢٨ ، إذ لَوْ أُخِّرَ ﴿ مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ ﴾ عَمَّا بَعْدَهُ لَتَوَهَّمَ أَنَّه مُتعلقٌ بـ يَكْتُمُ ، فلا يُفيدُ أَنَّ ذلك الرجلَ مِنْهُمْ . ونحو مَرَرْتُ رَاكِبًا بِفُلانٍ ، فلو أُخِّرَتْ الحالَ لَتُوُهِّمَ أَنَّها حالٌ مِنْ الْمَجْرُورِ .
>
> ٤- أَنَّ في التّأخيرِ إخْلالًا بالتناسبِ كَرِعَايَةِ الفَوَاصِلِ كقوله تعالى ﴿فَأَوْجَسَ فِي نَفْسِهِ خِيفَةً مُّوسَى ﴾طه٦٧ .

4 ـ كېيىن كەلتۈرۈشتە پاسىللارغا رىئايە قىلغانغا ئوخشاش (كەلىملەرنىڭ ئاخىرىنىڭ) ماسلىشىشىغا خەلەل يەتكۈزۈش بولغانلىقتىنمۇ پېئىلنىڭ مەئمۇللىرىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَأَوْجَسَ فِي نَفْسِهِ خِيفَةً مُّوسَى ﴾(مۇسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھىس قىلدى).

يۇقىرىدا ئۆتكەن ھۆكۈملەردىن ھالنىڭ تەقەززاسىنىڭ زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسىغا بىنائەن يۈرىشىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئەسلىيلىك ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىز. يەنى جۈملىلەرنىڭ ھەرقاچان زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسىغا بىنائەن كەلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلدىڭىز، ئەمما بەزى ئورۇنلاردا مۇتەكەللىمنىڭ كۆرگەن ئەھۋاللىرى سەۋەبىدىن زاھىر ھال تەقەززا قىلغان نەرسىدىن شۇ يەردىكى ھال تەقەززا قىلغان زاھىر ھالنىڭ قارشىسىدىن ئىبارەت نەرسىگە بۇرۇلىدۇ. زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسىنىڭ ئەھۋالىدىن ئىبارەت نەرسىلەرنىڭ زىكرىسى يۇقىرىقى بابلاردا ئۆتۈپ بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭدىن باشقىلىرى زىكىر قىلىنماي قالدى. بۇلار تۆۋەندە زىكىر قىلىنىدۇ.

الخروج عن مقتضى الظاهر

عَلِمْتَ مِمَّا تَقَدَّمَ مِن الأَحْكَامِ أَنَّ مُقتضى الحالِ يَجْرِي على مُقتضى الظاهِرِ، وهذا هو الأَصْلُ . وقدْ يَعْدِلُ عَمَّا يَقْتَضِيْهِ الظاهِرُ إلى خِلافِهِ مِما تَقتضِيْهِ الحالُ في بَعضِ مَقاماتِ الكلامِ لاعْتِباراتٍ يَرَاهَا الْمُتكلم . وقدْ تقدمَ ذِكْرُ شَيْءٍ مِن أحوالِهِ في الأبوابِ السابقةِ . وقدْ بَقِيَ أُمُورٌ أُخْرى :

تەنبىھ : ھالنىڭ تەقەززاسى دېگەن ئومومى ئۇقۇم بولۇپ بۇ زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسى ۋە ئۇنىڭ قارشىسىنىڭ تەقەززاسىدىن ئىبارەت ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسىدىن چىقىپ كىتىشنىڭ بىرىنچىسى «الإِلْتِفَاتُ» تۈر:

ئىلتىپات دىگىنىمىز، مەقسەتنى بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى شەخس ئۇسلۇبىدىن ئىبارەت ئۈچ ئۇسلۇپنىڭ بىرى ئارقىلىق سۆزلەپ كىلىۋىتىپ تۇساتتىنلا باشقا بىر ئۇسلۇپقا يۆتكىلىپ سۆزلەشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ كېيىنكى ئۇسلۇپنىڭ جۈملىنىڭ زاھىرى تەقەززا قىلغان نەرسىنىڭ قارشىسىچە بولۇش شەرتى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَمَا لِيَ لاَ أَعْبُدُ الَّذِي فَطَرَنِي وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ (مەن نىمىشقا مېنى ياراتقان ۋە سىلەر دەرگاھىغا قايتىدىغان «الله» غا ئىبادەت قىلماي؟). مانا ئايەتنىڭ «لاَ أَعْبُدُ الَّذِي فَطَرَنِي» دىگەن قىسمى بىرىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلىنىپ كىلىۋىتىپ «تُرْجَعُونَ» دىگەن يەرگە كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت سۆز ئىككىنچى شەخس ئۇسلۇبىغا يۆتكىلىپ كەتتى ۋە بۇ ئۇسلۇپقا يۆتكىلىش جۈملىنىڭ زاھىري تەقەززاسىنىڭ قارشىسىچە بولدى، چۈنكى جۈملىنىڭ زاھىرى تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا ئاخىرىغىچە بىرىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلىنىشى كىرەك ئىدى.

ئىلتىپاتتا ئاڭلىغۇچىنى قۇلاق سېلىشقا ئۈندەش، ئۇنى تېتىكلەشتۈرۈش ۋە بىر خىل ھالەتتە داۋاملىشىشتىن ئاڭلىغۇچىنىڭ زىرىكىپ قالماسلىقى ئۈچۈن سۆزدە خىلمۇ-خىللىق پەيدا قىلىش قاتارلىقلار بولغانلىقتىن ئاڭلىغۇچى ئۇنىڭغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى يېڭى نەرسىنىڭ ھەرقاندىقى شىرىن بولىدۇ.

الأول – الإِلْتِفَاتُ :

وهو التَّعْبِيْرُ عن معنى بِطَرِيقٍ مِن طُرُقِ التَّكَلُّمِ و الْخِطابِ والغَيْبَةِ بَعْدَ التَّعْبِيرِ عنه بِطَرِيقٍ آخَرَ مِن هذه الطُّرُقِ ، بِشَرْطِ أَنْ يكونَ التعبيرُ الثاني على خِلافِ ما يَقتضيه ظاهرُ السِياقِ و يَتَرَقَّبُهُ السامِعُ ، تَفَنُّنًا في الحديث وتجديدا لِنَشَاطِ السامِعِ و إيقاظًا للإصْغاءِ إليه ، حتى لا يَملَّ السامعُ مِن الْتِزامِ حالةٍ وَاحِدةٍ ، فإنَّ لِكُلِّ جَدِيْدٍ لَذَّةً ، وذلك ستُّ صُوَرٍ :

١) الإلتفاتُ مِن التكلمِ إلى الخِطابِ كقوله تعالى ﴿وَمَا لِيَ لاَ أَعْبُدُ الَّذِي فَطَرَنِي وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ يس٢٢ ، ومقتضى الظاهر : وإليه أُرْجَعُ .

ئىلتىپات تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل شەكىلدە بولىدۇ.

1 ـ بىرىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلەشتىن ئىككىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلەشكە يۆتكىلىش. مەسىلەن: ﴿وَمَا لِيَ لاَ أَعْبُدُ الَّذِي فَطَرَنِي وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾. بۇ، زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا «وإليه أُرْجَعُ» بولىشى كىرەك ئىدى.

2 ـ بىرىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلەشتىن ئۈچىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلەشكە يۆتكىلىش. مەسىلەن: ﴿إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ﴾ (بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن). بۇ، زاھىر ھالىنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا «فَصَلِّ لِرَبِّكَ» بولماستىن بەلكى «فَصَلِّ لَنَا» بولىشى كېرەك ئىدى.

3 ـ ئىككىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلەشتىن بىرىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلەشكە يۆتكىلىش. مەسىلەن: ﴿وَاسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ إِنَّ رَبِّي رَحِيمٌ وَدُودٌ﴾ (پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم تەۋبە قىلغۇچىلارغا مەرھەمەتلىك، ئۇلارنى دوست تۇتقۇچىدۇر). بۇ، زاھىر ھالىنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا «إِنَّ رَبَّكُمْ رَحِيمٌ وَدُودٌ» بولىشى كېرەك ئىدى.

4 ـ ئىككىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلەشتىن ئۈچىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلەشكە يۆتكىلىش. مەسىلەن: ﴿حَتَّى إِذَا كُنتُمْ فِي الْفُلْكِ وَجَرَيْنَ بِهِم بِرِيحٍ طَيِّبَةٍ﴾ (ھەتتا سىلەر كېمىدە ۋە ئۇ كېمە كىشىلەر بىلەن مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقاندا). بۇ، زاھىر ھالىنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا «وَجَرَيْتُمْ بِهَا» بولىشى كېرەك ئىدى.

٢) ومن التكلم إلى الغَيْبَة كقوله تعالى ﴿إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ﴾ الكوثر ١-٢ ، ومقتضى الظاهر : لَنَا دُوْنَ لِرَبِّكَ.

٣) ومِنْ الخطابِ إلى التكلمِ كقوله تعالى ﴿وَاسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ إِنَّ رَبِّي رَحِيمٌ وَدُودٌ﴾ هود٩٠.

٤) ومِنْ الخطابِ إلى الغَيْبَة كقوله تعالى ﴿حَتَّى إِذَا كُنتُمْ فِي الْفُلْكِ وَجَرَيْنَ بِهِم بِرِيحٍ طَيِّبَةٍ﴾ يونس٢٢.

٥) ومِنْ الغيبة إلى التَّكَلُّم كقوله تعالى ﴿وَاللَّهُ الَّذِي أَرْسَلَ الرِّيَاحَ فَتُثِيرُ سَحَابًا فَسُقْنَاهُ إِلَى بَلَدٍ مَّيِّتٍ﴾ فاطر٩.

٦) ومِنْ الغيبة إلى الخطابِ كقوله تعالى ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ إِيَّاكَ نَعْبُدُ﴾ الفاتحة٥-٤.

5 ـ ئۈچىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلەشتىن بىرىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلەشكە يۆتكىلىش. مەسىلەن : ﴿وَاللَّهُ الَّذِي أَرْسَلَ الرِّيَاحَ فَتُثِيرُ سَحَابًا فَسُقْنَاهُ إِلَى بَلَدٍ مَّيِّتٍ﴾ («اللَّهُ» شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، بىز بۇلۇتلارنى ئۆلۈك بىر يەرگە ھەيدەيمىز). بۇ، زاھىر ھالىنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا «فَسَاقَهُ» بولىشى كېرەك ئىدى.

6 ـ ئۈچىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلەشتىن ئىككىنچى شەخس ئۇسلۇبىدا سۆزلەشكە يۆتكىلىش. مەسىلەن: ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ إِيَّاكَ نَعْبُدُ﴾. بۇ، زاھىر ھالىنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا «إِيَّاهُ نَعْبُدُ» بولىشى كېرەك ئىدى.

<u>زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسىدىن چىقىپ كىتىشنىڭ ئىككىنچىسى ئاشكارا كەلىمە كىلىشكە تېگىشلىك ئورۇنغا زىمىر كەلتۈرۈشتۇر :</u>

بۇ تۈۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئورۇندا يۈز بېرىدۇ:

**1)** رەپئىلىك ياكى نەسبىلىك ھالەتتىكى «ضَمِيرُ الشأن» ياكى «ضَمِيرُ القصة» ئىشلىتىلگەن ئورۇنلار ئاشكارا كەلىمە كىلىشكە تېگىشلىك ئورۇنلار بولغانلىقتىن بۇ ئورۇنلاردا زىمىر كەلتۈرۈش ئاشكارا كەلىمە كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئورۇندا زىمىر كەلتۈرگەنلىك ھىساپلىنىدۇ. رەپئىلىك ھالەتتىكى «ضَمِيرُ الشأن» نى كەلتۈرگەننىڭ مىسالى : ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ﴾. نەسبىلىك ھالەتتىكىنىڭ مىسالى: ﴿إِنَّهُ لَا يُفْلِحُ الْكَافِرُونَ﴾ . نەسبىلىك ھالەتتىكى «ضَمِيرُ القصة» ئىشلىتىلگەننىڭ مىسالى: ﴿فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ﴾ (ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ). باشتا زىمىرلار ياندىغان نەرسە زىكىر قىلىنمىغانلىقتىن بۇ مىساللاردىكى زىمىرلارنى كەلتۈرۈش زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسىنىڭ قارشىسىچە بولغان ھىسابلىنىدۇ.

بۇنداق زىمىرلارنى كەلتۈرۈشنىڭ سىرى ئاشۇ زىمىرلارغا ئەگىشىپ كەلگەن نەرسىنى ئاڭلىغۇچىنىڭ زىھنىگە ئورنىتىۋىتىشتۇر. چۈنكى ئاڭلىغۇچى ئۇ زىمىردىن مەنە ئۇقالمىسا جۈملىنىڭ قالغان قىسمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا ئىنتىزار بولىدۇ، شۇڭا ئۇ زىمىردىن كىيىن سۆزلەنگەن نەرسە ئۇنىڭ زىھنىگە ئورناپ كىتىدۇ.

**2)** «نِعْمَ» ۋە «بِئْسَ» قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن ئورۇنلارمۇ ئاشكارا كەلىمە كىلىشكە تېگىشلىك ئورۇنغا زىمىر كەلتۈرۈلگەن ھىسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «نِعْمَ رَجُلا زيدٌ»؛ «بِئْسَ غُلامًا سَعِيْدٌ». بۇ مىساللاردىكى «نِعْمَ» بىلەن «بِئْسَ» دىن ئىبارەت ئىككى پېئىلنىڭ ئاستىدىكى مۇستەتىر زىمىرنىڭ ياندىغان يىرى زىكىر قىلىنمىغانلىقتىن ۋە قەرىنىمۇ بولمىغانلىقتىن بۇ زىمىرلارنىڭ بۇ ئورۇندا كەلتۈرۈلىشىمۇ زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسىنىڭ قارشىسىچە بولغان ھىسابلىنىدۇ. مۇبھەملىك بولغاندا كۆڭۈلنىڭ بۇ مۇبھەملىكنى ئېچىشقا ئىنتىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى بايان قىلىشقا بېرىلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئۇسلۇپتا سۆزلەشكە سەۋەب بولغان نەرسە ماختاش ياكى ئەيىبلەشتە مۇبالىغە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ زىمىرلاردىن كىيىن كەلگەن «رَجُلا» ۋە «غُلامًا» قاتارلىق نەكىرە ئىسىملار تەپسىرلەپ بېرىش ئاساسىدا كەلگەن تەمىيزلاردۇر.

الثاني – وَضْعُ الْمُضْمَرِ مَوْضِعَ الْمُظْهَرِ . وذلكَ في مَوْضِعَيْنِ :

(١) بابُ ضميرِ الشأنِ أو القصة مَرْفُوعًا أو مَنْصوبًا كقوله تعالى ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ﴾الإخلاص١ ، و ﴿إِنَّهُ لَا يُفْلِحُ الْكَافِرُونَ﴾المؤمنون١١٧ ، و ﴿أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَا أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَكِنْ تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ﴾الحج٤٦ . فالإضمارُ على خلافِ مُقتضى الظاهرِ لعَدَمِ تقدُّمِ الذكرِ .

وسِرُّ هذا لِيَتَمَكَّنَ في ذهْنِ السامعِ ما يَعْقُبُ ذلكَ الضميرَ ، لأنَّ السامعَ مَتَى لم يَفْهَمْ من الضميرِ مَعنى بَقِيَ مُنْتَظِرًا لِعَقِبَى الكلامِ كَيْفَ تكونُ ؟ فيَتَمَكَّنُ المَسموعُ بَعدَهُ في ذهْنه .

(٢) بابُ « نِعْمَ » و « بِئْسَ » نحو نِعْمَ رَجُلا زيدٌ ، وبِئْسَ غُلامًا سَعِيْدٌ ، فالإضمارُ في هذا المَقامِ أيضًا على خلافِ مُقتضى الظاهرِ ، لعَدَمِ تقدُّمِ الذكرِ و القَرِيْنَةِ والداعي إليه المُبالَغةُ في المَدْحِ أو الذَّمِّ من حَيْثُ أنه عندَ الإبهامِ يَكونُ للأفئدةِ تطلُّعٌ إلى إيضاحِ المُبْهَمِ و شَغَفٌ إلى بَيانه ، والنكرةُ بعدَهما تجيءُ على جهةِ التفسيرِ .

ئۈچىنچىسى زىمىر كېلىشكە تېگىشلىك ئورۇندا ئاشكارا ئىسىم كەلتۈرۇشتۇر :

ئەگەر ئۇ ئاشكارا ئىسىم «اسم إشارةٍ» بولۇپ قالسا ئۇ تۆۋەندىكىدەك بەش خىل سەۋەبتىن بولغان بولىدۇ:

1 ـ ئۇ كەم ئۇچرايدىغان ھۆكۈمگە خاس بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن زىمىر كېلىشكە تېگىشلىك ئورۇندا ئاشكارا ئىسىم ھېسابلىنىدىغان ئىشارەت ئىسىمى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : «كَمْ عَاقِلٍ عَاقِلٍ أَعْيَتْ مَذَاهِبُهُ * وَجَاهِلٍ جَاهِلٍ تَلْقَاهُ مَرْزُوْقًا، هٰذَا الذِيْ تَرَكَ الْأَوْهَامَ حَائِرَةً * وَصَيَرَ الْعَالِمَ النِحْرِيْرَ زِنْدِيْقًا» (يولى قىيىن بولىۋاتقان نۇرغۇن ئاقىللار بار ۋە سىر، كۆپ رىزىقلاندۇرۇلغان ھالەتتە ئۇچقىتىدىغان نۇرغۇن بىلىمسىلەر بار، مانا بۇ، ئەقىللەرنى ھەيرەتكە سىلىۋاتقان ۋە يېتۈك ئالىملارنى كاپىرغا ئايلاندۇرۇپ قويىۋاتقان نەرسىدۇر). شائىر بۇ شېئىردىكى «هـذا» دېگەن سۆزى ئارقىلىق يۇقىرىدا ئۆتكەن ھېسسى بولمىغان ھۆكۈمگە ئىشارەت قىلغان. ھېسسى بولمىغان بۇ ھۆكۈم، نادانىنىڭ مەھرۇم، ئاقىلنىڭ باياشات بولىۋاتقانلىقىدۇر، شۇڭا ئەسلى قائىدە، بۇ ئورۇندا زىمىر كەلتۈرۈش بولسىمۇ ئىشارەت ئىسىمىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان قىزىقارلىق بەدىئى ھۆكۈم خاس بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇيەردە، ئۇسلۇب زىمىر كەلتۈرۈشتىن ئىشارەت ئىسىمى كەلتۈرۈشكە بۇرالغان. بۇ يەردىكى «كەم ئۇچرايدىغان قىزىقارلىق بەدىئى ھۆكۈم» ئەقىللەرنى ھەيرەتكە سېلىش ۋە يېتۈك ئالىملارنى كاپىرغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتۇر.

2 ـ مۇخاتەپنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنمۇ زىمىر كېلىشكە تېگىشلىك ئورۇندا ئاشكارا ئىسىم ھېسابلىنىدىغان ئىشارەت ئىسىمى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: سىزگە «مَـنْ ضَـرَبَنِي؟» دېگەن ئەما كىشىگە «هَذا ضَـرَبَكَ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. بۇ يەردە، زاھىر ھالىنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا «هُـو زيـدٌ» دېگەنگە ئوخشاش جاۋاب بېرىلىشى كېرەك ئىدى.

3 ـ مۇخاتەپنىڭ ھېسسى نەرسىدىن باشقىنى بىلەلمەيدىغان دەرىجىدىكى گالۋاڭلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈنمۇ زىمىر كېلىشكە تېگىشلىك ئورۇندا ئاشكارا ئىسىم ھېسابلىنىدىغان ئىشارەت ئىسىمى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: «مَـنْ عَـالِمُ الْبَلَـدِ؟» دېگەن كىشىگە ئىشارەت ئىسىملىرى ئەسلىدە ھېسسى نەرسىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقتىن ئۇ كىشىنىڭ ھېسسى نەرسىدىن باشقىنى بىلەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «ذَاكَ زَيْـدٌ» دەپ جاۋاپ بەرگەنكە ئوخشاش، بۇ زاھىر ھالىنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا «هُو زَيْدٌ» بولىشى كېرەك ئىدى.

4 ـ ئۇنىڭ، نەزىرىدە ھېسسى بولمىغان نەرسىلەرمۇ، ھېسسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان دەرىجىدىكى زېرەك مۇخاتەپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ زىمىر كېلىشكە تېگىشلىك ئورۇندا ئاشكارا ئىسىم ھېسابلىنىدىغان ئىشارەت ئىسىمى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : مۇئەللىم قىيىن بىر مەسىلىنى سۆزلەپ بولۇپ «هـو عِنْـدَ إبـراهيمَ ظـاهرٌ» دېيىش ئورنىغا بۇ ئىبراھىمنىڭ ئەقلى تەپەككۇر ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى ھېسسى نەرسىنى بىلگەندەك تېزلا بىلىۋالالايدىغان دەرىجىدىكى زېرەك ئىكەنلىگىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «هذا عِنْدَ إبراهيمَ ظاهرٌ» دېگىنىگە ئوخشاش.

5 ـ ئۇ نەرسىنى ھەتتاكى قاراش ئارقىلىقمۇ ھېس قىلغىلى بولىدىغان دەرىجىدىكى ئاشكارا نەرسە دەپ قارىۋالغانلىقتىنمۇ زىمىر كېلىشكە تېگىشلىك ئورۇندا ئاشكارا ئىسىم ھېسابلىنىدىغان ئىشارەت ئىسىمى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن : داۋالىنىشۋاتقان بىر تەرەپنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىسى قارشى تەرەپنىڭ «ئۇنداق ئەمەس» دەپ ئىنكار قىلىشىغا ئۇچرىغاندا بۇ ئىش ناھايىتى ئېنىق ئىش دەپ قارىۋېلىپ «هي ظاهرة» دېيىش ئورنىغا «هذه ظاهرة» دېگىنىگە ئوخشاش.

الثّالث – وَضْعُ الْمُظهرِ مَوضعَ الْمُضمرِ :

فإنْ كانَ الْمُظهرُ اسمَ إشارة كانَ :

١) لكَمَالِ العنَايَة به لاخْتِصاصه بحُكْمٍ غَرِيْبٍ . كقولِ أَبي الراوندي :

كَمْ عَاقلٍ عَاقلٍ أَعْيَتْ مَذاهِبُهُ * وَجَاهِلٍ جَاهِلٍ تَلْقَاهُ مَرْزُوْقًا ،

هذا الذيْ تركَ الأَوْهَامَ حَائرَةً * وَصَيَّرَ العَالمَ النّحْرِيْرَ زِنْدِيْقًا .

فقولُهُ « هذا» إشَارَةٌ إلى حُكْمٍ سابِقٍ غَيْرِ مَحْسُوسٍ وهو كَوْنُ العاقلِ مَحْرُومًا و الجاهلِ مَرْزُوقًا ، فَكانَ القِيَاسُ فيهِ الإِضْمَارُ ، فَعُدلَ إلى اسمِ الإشَارةِ لاخْتِصاصه بالْحُكمِ العَجِيْبِ البَدِيْعِ وهو تَرْكُهُ الأَوْهَامَ حَائِرَةً وتَصْيِيْرُهُ العالمَ النّحْرِيْرَ زِنْدِيْقًا .

٢) للتّهَكُّمِ بالسامعِ ، كَمَا لَوْ قالَ لكَ الأَعْمى : مَنْ ضَرَبَنِيْ ؟ فَقُلْتَ لَهُ : هَذا ضَرَبَكَ . فكانَ مُقتضى الظاهرِ أَنْ يُقالَ له هُو زيدٌ مَثَلًا .

٣) التّنْبِيْهُ على بَلادَة السامعِ بأَنَّهُ لا يُدْرِكُ غَيْرَ الْمَحْسُوسِ .

٤) التّنْبِيْـهُ علـى كَمَـالِ فطانَتِـه بـأَنَّ غَـيرَ المَحسـوسِ عِنْـدَهُ بِمَنْزِلَـةِ المَحسوسِ .

٥) ادّعَاءُ كَمَالِ ظُهُورِه ، حَتى كأَنَّهُ مَحْسوسٌ بِالْبَصَرِ .

و إذا كانَ الْمُظهرُ غيرَ اسمِ إشارة فَهُوَ :

(١) زيادةُ تَمَكُّنِه في ذِهْنِ السامعِ كقوله تعالى ﴿ قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ اللَّهُ الصَّمَدُ ﴾الإخلاص٢ -١. و ﴿ وَبِالْحَقِّ أَنْزَلْنَاهُ وَبِالْحَقِّ نَزَلَ ﴾الإسراء١٠٥. و ﴿ فَبَدَّلَ الَّذِينَ ظَلَمُواْ قَوْلاً غَيْرَ الَّذِي قِيلَ لَهُمْ فَأَنزَلْنَا عَلَى الَّذِينَ ظَلَمُواْ ﴾البقرة٥٩ .

(٢) إدْخَالُ الرَّوْعَةِ والْمَهَابَةِ في نَفْسِ السَّامِعِ ، كقول الْخَلِيْفَةِ : أَمِيرُ الْمُؤمنِيْنَ يَأمُرُ بكَذا ، أيْ أَنَا آمرُكَ .

(٣) تَقْوِيَةُ داعي الْمَأْمُور ، أيْ إلى امْتِثَال مَا أُمِرَ به نحو ﴿ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ ﴾آل عمران١٥٩ ، أيْ فتَوَكَّلْ عَلَيَّ .

(٤) الاسْتِعطاف نحو قوله :

إلهي عَبْدُكَ الْعَاصِي أَتَاكَا * مُقِرًّا بالذنُوب وَقَدْ دَعَاكَا ،

فَإِنْ تَغفِرْ فَأَنْتَ لذَاكَ أَهْلٌ * وَإِنْ تَطْرُدْ فَمَنْ يَرْحَمْ سِوَاكَا .

لَمْ يَقُلْ : أَنَا العاصي ، لِمَا فِي لَفظِ « عبدك » مِن التَّخَضعِ واسْتِحْقَاق الرَّحْمَةِ و تَرَقُّبِ الشَّفَقَةِ .

ئەگەر زىمىرنىڭ ئورنىغا كەلگەن ئاشكارا ئىسىم «اسم إشارة» بولمىسا ئۇ تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل سەۋەبتىن بولغان بولىدۇ :

1 ـ ئۇنى ئاڭلىغۇچىنىڭ زىھنىگە ئورنىتىپ قويۇش ئۈچۈن زىمىر ئورنىغا ئاشكارا ئىسىم كېلىدۇ. ئۇ ئىسىمنىڭ «المسند إليه» بولغىنىنىڭ مىسالى : ﴿ قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ اللَّهُ الصَّمَدُ ﴾؛ ئۇ ئىسىمنىڭ «المسند إليه» بولمىغىنىنىڭ مىسالى : ﴿ وَبِالْحَقِّ أَنْزَلْنَاهُ وَبِالْحَقِّ نَزَلَ ﴾(بىز قۇرئاننى ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق، قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى)، ﴿ فَبَدَّلَ الَّذِينَ ظَلَمُواْ قَوْلاً غَيْرَ الَّذِي قِيلَ لَهُمْ فَأَنزَلْنَا عَلَى الَّذِينَ ظَلَمُواْ رِجْزاً مِّنَ السَّمَاء بِمَا كَانُواْ يَفْسُقُونَ ﴾(زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە سۆزلەنگەن سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى، زۇلۇم قىلغۇچىلار يولدىن چىققانلىقتىن ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردۇق). زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا بىرىنچى مىسال «قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ هُوَ الصَّمَدُ» بولغان بولاتتى، ئىككىنچى مىسال «وَبِالْحَقِّ أَنْزَلْنَاهُ وَبِهِ نَزَلَ» بولغان بولاتتى، ئۈچىنچى مىسال بولسا «فَبَدَّلَ الَّذِينَ ظَلَمُوا قَوْلاً غَيْرَ الَّذِي قِيلَ لَهُمْ فَأَنْزَلْنَا عَلَيهِ رِجْزاً مِّنَ السَّمَاءِ بِمَا كَانُوا يَفْسُقُونَ» بولغان بولاتتى.

2 ـ ئاڭلىغۇچىنىڭ زىھنىگە ئەنسىزلىك ۋە قورقۇنۇچ سېلىش ئۈچۈنمۇ زىمىر ئورنىغا ئاشكارا ئىسىم كېلىدۇ. مەسىلەن: خەلىپىلەرنىڭ «بۇنى مۇنداق قىل دەۋاتىمەن» دېيىش ئورنىغا «أَمِيرُ الْمُؤمنِيْنَ يَأمُرُكَ بكَذَا».

3 ـ بۇيرۇلغان نەرسىگە چاقىرغۇچىنى كۈچلەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنمۇ زىمىر ئورنىغا ئاشكارا ئىسىم ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ ﴾(بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ «اللَّه» غا تەۋەككەل قىل). «اللَّه» دېگەن سۆز «اللَّه» دىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىشلىتىلمەيدىغان ۋە مۇقەددەس سۈپەتلەرگە ئىگە سۆز بولغانلىقتىن بۇ ئايەتتە «فَتَوَكَّلْ عَلَيَّ» دېيىش ئورنىغا ﴿ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ ﴾ دېيىش ئارقىلىق تەۋەككۇل قىلىشتىن ئىبارەت بۇيرۇققا چاقىرغۇچى «اللَّه» نىڭ كۈچلۈكلىكى ئىپادىلەنگەن.

4 ـ شەپقەت تىلەشنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ زىمىر ئورنىغا ئاشكارا ئىسىم كېلىدۇ. مەسىلەن: «إلهي عَبْدُكَ الْعَاصِي أَتَاكَا * مُقِرًّا بالذنُوب وَقَدْ دَعَاكَا ، فَإِنْ تَغفِرْ فَأَنْتَ لذَاكَ أَهْلٌ * وَإِنْ تَطْرُدْ فَمَنْ يَرْحَمْ سِوَاكَا »(ئىلاھىم! گۇناھىنى ئىقرار قىلغان ۋە دۇئا قىلغان ھالدا ئاسى بەندەڭ كەلدى، ئەگەر مەغپىرەت قىلساڭ، ۋەھالەنكى سەن مەغپىرەت ئىگىسىسەن، ئەگەر قوغلىساڭ سېنىڭدىن باشقا كىممۇ رەھمى قىلار). بۇ يەردە «عبدك» دېگەن سۆزدە شەپقەت كۈتۈش، رەھىم قىلىشنى تىلەش ۋە كەمتەرلىك قاتارلىق مەزمۇنلار بولغانلىقتىن شائىر ئۇنى «أَنَا العاصي» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئىشلەتكەن.

زاهىر هالىنىڭ تەقەززاسىدىن چىقىپ كىتىشنىڭ تۆتىنچىسى ھىكمەتلىك ئۇسلۇپتۇر :

بۇ تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ :

1 ـ ئۇنى مۇرات ـ مەقسەت قىلىشنىڭ ياخشىراق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش يۈزىسىدىن مۇخاتەپنىڭ سۆزىنى ئۇ ئىرادە قىلغان نەرسىدىن باشقىغا يۆكلەش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۇ كۈتكەن نەرسىدىن باشقىنى سۆزلەشمۇ ھىكمەتلىك ئۇسلۇپ ھىسابلىنىدۇ. مەسىلەن : ھەججاج دېگەن پادىشا قەبەئسەرا دېگەن كىشىگە تەھدىد سىلىپ « لَأَحْمِلَنَّكَ على الأدْهَمِ »(ساڭا كىشەن سېپ قويىمەن) دىگەندە قەبەئسەرا « الأدْهَمِ » دىگەن سۆزنىڭ قارا كىشەنگىمۇ ۋە قارا ئاتقىمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇ مەقسەت قىلغان « كىشەن سىلىشتىن » دىن « ئاتقا مىندۈرۈش » كە يۆتكەپ « مِثْلُ الأَمِيْرِ يَحْمِلُ على الأدْهَمِ و الْأَشْهَبِ »(بۇنداق پادىشا دېگەن قارا ئاتقىمۇ ۋە ئالا ئاتقىمۇ مىندۈرۈپ قويىدۇ) دېگەن ۋە بۇ ئارقىلىق پادىشاغا كىشەن سىلىشنى مەقسەت قىلىشتىن ئاتقا مىندۈرۈشنى مەقسەت قىلىشنىڭ لايىقراق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويغان.

2 ـ ئۇنىڭ مۇھىمراق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش يۈزىسىدىن مۇخاتەپنىڭ سۇئالىنى سورىغىنىدىن باشقىغا يۆكلەش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۇ تەلەپ قىلغان نەرسىدىن باشقىنى سۆزلەشمۇ ھىكمەتلىك ئۇسلۇپ ھىسابلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأَهِلَّةِ قُلْ هِيَ مَوَاقِيتُ لِلنَّاسِ وَالْحَجِّ﴾ (سەندىن يېڭى چىققان ئاي توغرۇلۇق سورىشىدۇ،ئېيتقىنكى، « ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلارنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېساپلىشى ئۈچۈندۇر » ). بۇ يەردە ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزدىن ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى،ئاندىن يەنە كىچىكلەيدىغانلىقى ھەققىدە سورىغان بولۇپ « اللّٰهُ » ئۇلارغا ئۇ ئەھۋاللارنى بىلىشتىن مۇشۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلىشنىڭ مۇھىمراق ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا لايىقراق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ سۇئالىنى مۇشۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا يۆكلەش ئارقىلىق ئۇلارغا كۈتۈلمىگەن جاۋاپنى بەرگەن. يەنە بىر مىسال : ﴿يَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلْ مَا أَنفَقْتُم مِّنْ خَيْرٍ فَلِلْوَالِدَيْنِ وَالأَقْرَبِينَ وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ (سەندىن قانداق سەرپ قىلسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، « مال ـ مۈلكىڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئۇنى ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئىبن سەبىللەرگە سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ، ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار « اللّٰهَ » ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ ).

الرابع – الأسلوب الحكيم : وهو نوعان :

١– تلقى الْمُخاطب بغَيْرِ مَا يَتَرَقَّبُ بحَمْلِ كلامه على غيرِ ما يُرِيْدُ ، تَنْبِيْهًا على أَنَّهُ الأَوْلى بالقصدِ و الإرادة ، كقول القبعثرى للحجاج وقَدْ قال لَهُ مُتَوَعِّدًا إياهُ : لَأَحْمِلَنَّكَ على الأَدْهَمِ (القَيْد) : مِثْلُ الأَمِيْرِ يَحْمِلُ على الأَدْهَمِ و الْأَشْهَبِ (الفَرَس ) .

٢– تلقى السائل بغَيْرِ ما يَتَطَلَّبُ بتَنْزِيْلِ سُؤاله مَنزلة غَيْرِه ، تَنْبِيْهًا على أَنَّهُ الأَهَمُّ كقوله تعالى ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأَهِلَّةِ قُلْ هِيَ مَوَاقِيتُ لِلنَّاسِ وَالْحَجِّ﴾البقرة١٨٩، و ﴿يَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلْ مَا أَنفَقْتُم مِّنْ خَيْرٍ فَلِلْوَالِدَيْنِ وَالأَقْرَبِينَ وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾البقرة٢١٥ .

زاهىر هالنىڭ تەقەززاسىدىن چىقىپ كىتىشنىڭ بەشىنچىسى كېلەچەكنى مازى لەبزى ئارقىلىق ئىپادىلەش : يۈز بېرىشىنىڭ شەكسىز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن كېلەچەك مازى لەبزى ئارقىلىق سۆزلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَن شَاءَ اللَّهُ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَى فَإِذَا هُم قِيَامٌ يَنظُرُونَ﴾ (سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى «اللَّهُ» خالىغاندىن باشقا مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار دەس تۇرۇپ قاراپ تۇرىدۇ). بۇ زاهىر هالنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا «صَعِقَ» دېگەن پېئىلنىڭ ئورنىغا «يصعق» دېگەن پېئىل كەلسە بولاتتى.

كېلەچەكنى ئىسىم پائىل ئارقىلىق سۆزلەشنىڭ مىسالى: ﴿وَإِنَّ الدِّينَ لَوَاقِعٌ﴾ (مۇكاپات ـ جازا چوقۇم بولىدىغان ئىشتۇر). بۇ زاهىر هالنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا «وَاقِعٌ» دېگەن پائىلنىڭ ئورنىغا «يَقَعُ» كەلسە بولاتتى.

الخامس - التعبير عن المستقبل بلفظ الماضي

تنبيهًا على تحقق وقوعه كقوله تعالى ﴿وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَن شَاءَ اللَّهُ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَى فَإِذَا هُم قِيَامٌ يَنظُرُونَ﴾الزمر٦٨.

ومثلُهُ التعبيرُ عنهُ باسمِ الفاعِلِ كقوله تعالى ﴿وَإِنَّ الدِّينَ لَوَاقِعٌ﴾الذاريات٦ ، بَدَلَ يَقَعُ .

و التعبيرُ عنه باسْمِ المَفعول كقوله تعالى ﴿ ذَٰلِكَ يَوْمٌ مَّجْمُوعٌ لَّهُ النَّاسُ ﴾هود١٠٣ ، مَكانَ يُجْمَعُ .

ومثلُهُ التعبيرُ عن الماضي بلفظِ المُستقبل ، اسْتِحضارًا لصُورته العَجيبَة الدَّالَة على القُدْرَة البَاهِرَة ، كقوله تعالى ﴿وَاللَّهُ الَّذِي أَرْسَلَ الرِّيَاحَ فَتُثِيرُ سَحَابًا ﴾فاطر٩ ، بَدَلَ فأثَارَتْ .

السادس - القَلْبُ

وهو جعْلُ أحَدِ أجْزاء الكلامِ مَكانَ الآخَر ، والآخَرِ مَكانَهُ ، للمُبالَغة كقولِهم : عَرَضْتُ النَّاقَةَ على الحَوْضِ ، مَكانَ عَرَضْتُ الحَوْضَ على النَّاقَةِ ،. وكقول رؤبة :

و مَهْمَةٍ مُغْبَرَّةٍ أرْجَاؤُهُ * كأنَّ لَوْنَ أرْضِه سَمَاؤُهُ

يُريْدُ كأنَّ لَوْنَ سَمائه لغبرَتها لَوْنُ أرْضه .

كېلەچەكنى ئىسىم مەپئۇل ئارقىلىق سۆزلەشنىڭ مىسالى: ﴿ذَٰلِكَ يَوْمٌ مَّجْمُوعٌ لَّهُ النَّاسُ﴾ (ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىقلار يىغىلىدىغان كۈندۇر). بۇ زاهىر هالنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا «مَّجْمُوعٌ» دېگەن مەپئۇلنىڭ ئورنىغا «يُجْمَعُ» كەلسە بولاتتى.

ئۆتكەن زاماندىكى چەكسىز قۇدرەتكە دالالەت قىلىدىغان ئاجايىپ كۆرىنىشنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن كېلەچەك زامان لەبزى ئارقىلىق ئۆتكەن زامانى سۆزلەشنىڭ مىسالى: ﴿وَاللَّهُ الَّذِي أَرْسَلَ الرِّيَاحَ فَتُثِيرُ سَحَابًا﴾. بۇ زاهىر هالنىڭ تەقەززاسى بويىنچە بولغاندا «فَتُثِيرُ» دېگەن پېئىلنىڭ ئورنىغا «فَأَثَارَتْ» كەلسە بولاتتى. «اللَّهُ» بۇ ئايەتتە چەكسىز قۇدرەتكە دالالەت قىلىدىغان شامالنىڭ بۇلۇتنى ھەيدىشىدىن ئىبارەت ئۆتكەن زاماندىكى ئاجايىپ كۆرىنىشنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن كېلەچەك زامان لەبزى ئارقىلىق ئۆتكەن زاماندىكى ئىشنى ئىپادىلىگەن.

زاهىر هالنىڭ تەقەززاسىدىن چىقىپ كىتىشنىڭ ئالتىنچىسى ئالماشتۇرۇشتۇر. «القَلْبُ» دېگىنىمىز، مۇبالىغە قىلىش يۈزىسىدىن جۈملىنىڭ جۈزئىلىرىدىن مەلۇم بىرىنى ئىككىنچى بىرىنىڭ ئورنىغا، بۇ ئىككىنچىسىنى بىرىنچىسىنىڭ ئورنىغا قويۇشتۇر. مەسىلەن : «عَرَضْتُ النَّاقَةَ على الْحَوْضِ» (تۆگىنى كۆلگە كۆرسىتىپ قويدۇم). مۇتەكەللىم بۇ مىسالدا، «عَرَضْتُ» دېگەن پېئىل ئەسلىدە مىنىش ۋە مايىل بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە نەرسىگە كىرىدىغان بولسىمۇ، تۆگىسىنىڭ ناھايىتى ئارزۇلۇق ئىكەنلىكىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن «عَرَضْتُ الْحَوْضَ على النَّاقَةِ» (كۆلنى تۆگىگە كۆرسىتىپ قويدۇم) دېيىش ئورنىغا يۇقىرىقىدەك دېيىش ئارقىلىق خۇددى تۆگىنى ئەۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن كۆل تۆگىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى سۇغۇرۇپ كېلىدىغاندەك شەكىلدە گەپ قىلغان. يەنە بىر مىسال : «و مَهْمَةٍ مُغْبَرَّةٍ أرْجَاؤُهُ * كَأَنَّ لَوْنَ أَرْضِهِ سَمَاؤُهُ» (پۈتۈن ئەتراپى چاڭ ـ توزاڭ بولۇپ كەتكەن جاڭگالنىڭ زېمىنى ئاسمىنىنىڭ رەڭگىدىدۇر). شائىر بۇ شېئىردا ئاسمانىنىڭ چاڭ بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئاسمانىنىڭمۇ زېمىنىنىڭ رەڭگىدە بولۇپ كەتكەنلىكىنى مۇبالىغە قىلغان ھالدا ئىپادىلەش مەقسىدىدە «و مَهْمَةٍ مُغْبَرَّةٍ أرْجَاؤُهُ * كَأَنَّ لَوْنَ سَمَائِهِ أَرْضُهُ» دېيىش ئورنىغا يۇقىرىقىدەك شەكىلدە سۆزلىگەن.

زاهىر ھالىنىڭ تەقەززاسىدىن چىقىپ كىتىشنىڭ يەتتىنچىسى «التَّغْلِيْبُ» قىلىشتۇر.

«التَّغْلِيْبُ» دېگىنىمىز ئىككى ھەمرانىڭ ياكى ئىككى شەكىلداشنىڭ بىرىگە، ئىككىنچى بىرىنىڭ لەبزىنى ئىشلىتىلىشتىن ئىبارەتتۇر. تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

1 ـ مۇزەككەرنى مۇئەننەسكە تەغلىپ قىلىش. مەسىلەن : ﴿وَكَانَتْ مِنَ الْقَانِتِينَ﴾. بۇ مىسالدا ئەرلەر، ئىتائەت قىلغۇچى ئاياللارغا تەغلىپ قىلىنغانلىق (ئەرلەرگە ئىشلىتىلىدىغان سۆز ئاياللارغىمۇ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلگەنلىك) تىن مەريەم ئەلەيھىسسالام ئەرلەردىن چىققان ئىتائەت قىلغۇچىلارغا قوشۇلۇپ «ۋە ئۇ ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى» دېيىلدى.

السابع – التغلِيْبُ

وهو إعْطاءُ أَحَد الْمُتَصَاحِبَيْنِ أو الْمُتشاكِلَيْنِ حُكْمَ الآخَرِ في إطْلاقِ لَفْظه عليه ، فَمِنْ ذلِكَ :

١- تَغلِيبُ الْمذكرِ على الْمؤنث كقوله تعالى ﴿ وَكَانَتْ مِنَ الْقَانِتِينَ ﴾التحريم١٢، أُدْرِجَتْ مَرْيَمُ في القانِتِيْنَ مِنَ الرِّجَالِ ، تَغْلِيْبًا لَهُمْ على القانِتات .

٢- تَغلِيبُ الكَثِيْرِ على القَلِيْل كقوله تعالى ﴿ فَسَجَدَ الْمَلَائِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ إِلَّا إِبْلِيسَ اسْتَكْبَرَ ﴾ص٧٤ – ٧٣ ، غلب الملائكة على إبليسِ وهو لَيْسَ مِنْهُمْ ، وسمي الجميعُ ملائكةً .

٣- تَغلِيْبُ المَعْنَى على اللفظ كقوله تعالى ﴿ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ تَجْهَلُونَ ﴾النمل٥٥ بَدَل يَجْهَلُونَ .

٤- تَغلِيْبُ الْمُخاطب على الغائب نحو أنتَ وعَلِيٌّ صَنَعْتُمَا كَذَا .

٥- تَغلِيْبُ أَحَد الْمُتَنَاسِبَيْنِ على الآخَرِ كالأَبَوَيْنِ للأب والأُمّ ، والقَمَرَيْنِ للشَّمْسِ والقَمَر .

٦- تَغلِيبُ العُقَلاء على غَيْرِهم كقوله تعالى ﴿ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ﴾الفاتحة٢ .

والادِّعَاءُ في سَبَبِ التغليب كافٍّ .

2 ـ كۆپنى ئازغا تەغلىپ قىلىش. مەسىلەن: ﴿فَسَجَدَ الْمَلَائِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ إِلَّا إِبْلِيسَ اسْتَكْبَرَ﴾ (پەرىشتىلەنىڭ بىرىمۇ قالماي، ھەممىسى سەجدە قىلدى، پەقەت ئىبلىسلا بويۇنتاۋلىق قىلدى). بۇ ئايەتتە كۆپ بولغان مالائىكىلەر ئىبلىسقا تەغلىپ قىلىندى، ۋەھالەنكى ئىبلىس ئۇلاردىن ئەمەس ئىدى شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ مالائىكە دەپ ئاتالدى.

3 ـ مەنىنى لەبزىگە تەغلىپ قىلىش. مەسىلەن : «بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ يَجْهَلُونَ» دېيىش ئورنىغا ﴿بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ تَجْهَلُونَ﴾ (بەلكى سىلەر نادان قەۋمسىلەر). دېگەنگە ئوخشاش.

4 ـ مۇخاتەپنى غائىپقا تەغلىپ قىلىش. مەسىلەن: «أنتَ وعَلِيٌّ صَنَعْتُمَا كَذَا». بۇ مىسالدا «أنتَ» دېگەن مۇخاتەپ «عَلِيٌّ» دېگەن غائىپقا تەغلىپ قىلىنغان.

5 ـ مۇناسىۋەتلىك ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە تەغلىپ قىلىش. مەسىلەن : ئاتا ـ ئانىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «الأَبَوَيْن» دېگەنگە ئوخشاش.

6 ـ ئەقىللىقلەرنى ئەقىلسىز ھايۋانلارغا تەغلىپ قىلىش. مەسىلەن : ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾. ئىنسانىنىڭ بىر ئالەم، يولۋاسنىڭ يەنە بىر ئالەم بولغىنىغا ئوخشاش ھەر بىر خىل جانلىق بىر ئالەم ھېسابلىنىدىغان تۇرۇقلۇق ئەسلىيدە ئەقىللىقلەرگە ئىشلىتىلىدىغان «الْعَالَمِينَ» دېگەن جەمئى سىغا، بۇ يەردە ئەقىللىق ۋە ئەقىلسىزلارغا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن ئەقىللىقلەر ئەقىلسىزلەرگە تەغلىپ قىلىندى دەيمىز.

تەغلىپنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپتۇر.

زاھىر ھالنىڭ تەقەززاسىدىن چىقىپ كىتىشنىڭ سەككىزىنچىسى بىلمەس بولۇۋېلىش :

بىلمەس بولۇۋېلىش دېگىنىمىز نۇرغۇن مەقسەتلەر سەۋەبىدىن مەلۇم بولغان نەرسىنى نامەلۇم شەكىلدە ئىپادىلەشتىن ئىبارەتتۇر.

1 ـ تەئەججۇپنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەلۇم بولغان نەرسە نامەلۇم شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿أَفَسِحْرٌ هَذَا أَمْ أَنتُمْ لَا تُبْصِرُونَ﴾(بۇ ئازاب سېھىرمۇ؟ ياكى سىلەر سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر). بۇ ئايەتتىكى سۆزلەر قىيامەت كۈنىسى كاپىرلار ئازاپنى كۆرگەن چاغدا دېيىلىدىغان سۆزلەر بولۇپ، بۇ ئازاپنىڭ سېھىر ئەمەسلىگى ئېنىق بولسىمۇ تەئەججۇپنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇتەكەللىم بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالغان.

الثامن — تجاهل العارف

وهو سُوْقُ الْمَعْلُوْمِ مَسَاقَ الْمَجْهُوْلِ لِأَغْرَاضٍ :

١– التَّعَجُّبُ نحو قوله تعالى ﴿أَفَسِحْرٌ هَذَا أَمْ أَنتُمْ لَا تُبْصِرُونَ﴾الطور١٥ .

٢– الْمُبَالَغَةُ فِي الْمَدْحِ نحو وَجْهُكَ بَدْرٌ أَمْ شَمْسٌ .

٣– الْمُبَالَغَةُ فِي الذمِّ كقول الشاعر :

وما أدري وسوف إخال أدري * أقوم آل حصن أم نساء .

٤– التَّوْبِيْخُ وشِدَّةُ الْجَزَعِ ، كقول لَيْلَى بِنْت طَرِيْف تَرْثِي أَخَاها الوَلِيْدَ:

أَيَا شَجَرَ الْخَابُورِ مَا لَكَ مُورِقًا * كَأَنَّكَ لَمْ تَجْزَعْ عَلَى ابْنِ طَرِيْفِ .

لِأَنَّ الْجَزْعَ لا يكونُ إلا مِنْ عاقِلٍ فَتَجَاهَلَتْ و أَنْكَرَتْ كونَ هذا الشَّجَرِ نَاضِرًا مُورِقًا مَعَ فَرَطِ حُزْنِهَا .

2 ـ ماختاشتا مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈنمۇ مەلۇم بولغان نەرسە نامەلۇم شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن : «وَجْهُكَ بَدْرٌ أَمْ شَمْسٌ». مۇتەكەللىم بۇ يەردە مۇخاتەپنىڭ يۈزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ ئۇنىڭ يۈزىنىڭ چىرايلىقلىقىنى مۇبالىغە قىلىش يۈزىسىدىن بىلمەس بولۇۋېلىپ «بَدْرٌ أَمْ شَمْسٌ» دېگەن. چۈنكى «أَمْ» دېگەن بۇ ھەرپ شەكنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپتۇر.

3 ـ ئەيىپلەشتە مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈنمۇ مەلۇم بولغان نەرسە نامەلۇم شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن : «وما أدري وسوف إخال أدري * أقوم آل حصن أم نساء».

4 ـ كايىش ۋە پەرىشانلىقنىڭ قاتتىق ئىكەنلىگىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ مەلۇم نەرسە بولغان نامەلۇم شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن : «طَرِيْفٍ» دېگەن كىشىنىڭ قىزى «لَيْلَى» نىڭ ئۆزىنىڭ قېرىندىشى «الوَلِيْدَ» كە ئىچ ئاغرىتىشىنىڭ ناھايىتى قاتتىقلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن دەرەخكە كايىپ «أَيَا شَجَرَ الْخَابُورِ مَا لَكَ مُورِقًا * كَأَنَّكَ لَمْ تَجْزَعْ عَلَى ابْنِ طَرِيْف»(ئى خابۇر دەرىخى! نېمە بولدى ساڭا، گوياكى «ابْنِ طَرِيْفٍ» كە ماتەم تۇتمىغاندەك ھوپۇرماقلاپ تۇرۇپسەن) دېگىنىگە ئوخشاش. چۈنكى قايغۇرۇش پەقەت ئەقىللىق كىشىلەردىنلا سادىر بولىدىغان ئىش بولسىمۇ «لَيْلَى» ئۇنى بىلمەس بولۇۋېلىپ دەرەخكە «كَأَنَّكَ لَمْ تَجْزَعْ» دېدى ۋە ئۇ دەرەخنىڭ قايغۇسى ناھايىتى كۈچلۈك تۇرۇقلۇق يېشىدىن يوپۇرماق چىقىرىشنى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ھېسابلىدى.

## يەتتىنچى باپ
## قەسر قىلىش ھەققىدە

قەسر قىلىش دىگىنىمىز مەخسۇس يول ئارقىلىق بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە خاس قىلىپ بىرىشتۇر.

ئۇنىڭ «مقصور» ۋە «مقصور عليه» دىن ئىبارەت ئىككى تەرىپى بولىدۇ.

قەسرنىڭ تۈرلىرى :

بىرىنچى قەسرنى مۇتەكەللىمنىڭ مەقسىدى ئېتىبارى بىلەن بۆلۈش :

قەسر مۇتەكەللىمنىڭ مەقسىدى ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدىغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقى ۋە ئىزاپىدىن ئىبارەتتۇر.

ھەقىقى دىگىنىمىز تەۋە قىلىنغۇچىنىڭ، ئۆزى خاس قىلىنغان نەرسىگە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىگە خاس قىلىنىپ قالمايدىغان دەرىجىدە ھەقىقەتەن ياكى ئىددىئائەن خاس قىلىنىشىدۇر. ھەقىقەتەن خاس قىلىنغىنىنىڭ مىسالى : ﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ﴾؛ ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾. ئەۋۋەلقى ئايەتتە «إِلَهَ» دىن ئىبارەت خاس قىلىنغۇچى ئۆزى خاس قىلىنغان «اللَّهُ» غا ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىگە خاس قىلىنمايدىغان دەرىجىدە ھەقىقەتەن خاس قىلىنغان. كىينكى ئايەتتە «نَعْبُدُ» ۋە «نَسْتَعِينُ» دىن ئىبارەت ئىككى پېئىل «إِيَّاكَ» گە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىگە خاس قىلىنمايدىغان دەرىجىدە ھەقىقەتەن خاس قىلىنغان. ئىددىئائەن تەۋە قىلىنغىنىنىڭ مىسالى : «لا سَيْفَ إِلَّا ذُو الْفَقَارِ ولا فَتَى إلا عَلِيٌّ». بۇ سۆزنى قىلغان مۇتەكەللىم «زۇلپىقاردىن باشقا قىلىچلارنى ئۇنىڭغا نىسپەتەن قىلىچ دىگىلى بولمايدۇ، ئەلىدىن باشقا ياشلارنىمۇ ياش دىگىلى بولمايدۇ» دەپ قارىۋالغانلىقتىن قىلىچلىقتىن ئىبارەت خاس قىلىنغۇچىنى پەقەت زۇلپىقارغىلا ۋە ياشلىقتىن ئىبارەت خاس قىلىنغۇچىنى ئەلىگىلا خاس قىلىپ بەرگەن.

«ما خَطِيبٌ في البلد إلا عَلِيٌّ» دىگەن سۆزنىڭ، شۇ شەھەردە ئەلىدىن باشقا خەتىپ بولمىسا ھەقىقى بولغان ھالدىكى قەسر ھەقىقى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن خەتىپلەر بولسىمۇ بۇلار ئۇنىڭغا يىتەلمەيدىغان بولسا ئىددىئائى بولغان ھالدىكى قەسر ھەقىقى بولىدۇ.

---

### الباب السابع
### في القصر

هو تَخْصِيصُ شَيْئٍ بِشَيْئٍ بِطَرِيْقٍ مَخْصُوصٍ ، ولَهُ طَرَفَانِ : مَقْصُورٌ ومقصورٌ عليه .

أقسام القصر :

الأول – تَقْسِيْمُ القصرِ باعتبارِ غَرَضِ الْمتكلمِ :

يَنْقَسِمُ القصرُ باعتبارِ غرضِ الْمتكلمِ إلى قِسْمَيْنِ : حَقِيْقِيٌّ وإِضَافِيٌّ .

فالحقيقيُّ : ما اخْتُصَّ فيه المقصورُ بالمقصورِ عليه بِحَيْثُ لا يَتَجَاوَزُهُ إلى غيرِه أصْلا ، حَقِيْقَةً كانَ ذلكَ أو ادّعَاءً . فالأول كقوله تعالى ﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ﴾ محمد١٩ ، وقوله تعالى ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ الفاتحة٥ . والثاني نحو قول الشاعر : لا سَيْفَ إِلَّا ذُو الْفَقَارِ ولا فَتَى إلا عَلِيٌّ . وأمّا قولُكَ : ما خَطِيْبٌ في البلد إلا عَلِيٌّ ، فإذا لَمْ يَكُنْ في البلد خَطِيْبٌ سواهُ فهُوَ قَصْرٌ حَقِيْقِيٌّ حَقِيْقَةً ، و إذا كانَ ثَمَّ خُطَبَاءُ غيرُهُ ولكنَّهُمْ لَمْ يَبْلُغُوا في الخِطَابَةِ مَبْلَغَ عَلِيٍّ فَهُوَ قَصْرٌ حَقِيْقِيٌّ ادّعَائِيًّا .

ئىزاپى دىگىنىمىز، ئۇنىڭدىكى خاسلىق مۇئەييەن بىر نەرسىدىن باشقا بارلىق نەرسىگە نىسبەتەن ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مۇئەييەن نەرسىگە نىسبەتەن بولغان قەسرىدۇر. مەسىلەن : «مَا كَاتِبٌ إلا مُحمدٌ» . بۇنىڭ مەنىسى : «ئەلى ئەمەس بەلكى مۇھەممەتلا كاتىپ» دىگەنلىك بولىدۇ، شۇڭا ئەلىدىن باشقا كىشىنىڭ كاتىپ بولىشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ يەردىكى كاتىپلىقنىڭ مۇھەممەتكە خاس بولىشى پەقەت ئەلىگە نىسبەتەن بولغان، شۇڭا بۇ ھەرگىزمۇ «بۇ سۈپەت مۇھەممەتتىن باشقا ھىچقانداق ئىنساندىن تېپىلمايدۇ» دىگەنلىك ئەمەس، چۈنكى بۇنداق دىيىش ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. يەنە بىر مىسال : «إِنَّما حَسَنٌ شُجَاعٌ»(ھەسەنلا قورقماس، باتۇر). يەنى ئۇ، ئالدىراڭغۇلۇق ۋە قورقۇنچاقلىققا ئىلىپ بارمايدىغان باتۇرلۇقتىن ئىبارەت سۈپەتكە تەۋە قىلىنغۇچى.

والإضافي : ما كانَ الاخْتصاصُ فيه بالإضَافَة إلى شَيْءٍ مُعَيَّنٍ لا إلى جَمِيْعِ مَا عَدَا الشَّيْءِ الْمُعَيَّنِ ، كما تقول : مَا كَاتِبٌ إلا مُحمدٌ ، أيْ لا عَلِيٌّ مثلا ، ويَصِحُّ أنْ تَكونَ لِغَيْرِ عَلِيٍّ ، لأنَّ الغرضَ اخْتِصَاصُها بمُحَمدٍ بالنِسْبَة لِعَلِيٍّ فقطْ ، وليسَ قَصْدُهُ أنَّ هذه الصفةَ لا تُوجَدُ في غيرِ مُحمدٍ مِن جَمِيعِ أفرادِ الإنسانِ ، لأنَّ الواقعَ خِلافُ ذلكَ . ونحو إنَّما حَسَنٌ شُجَاعٌ ، أيْ إنَّهُ مَقْصُورٌ إلى صِفَةِ الشجاعةِ لا يتجاوزُهُ إلى الْجُبْنِ ولا إلى التَّهَوُّرِ مَثلا . وسُمِّيَ هذا القَصْرُ إضافِيًا لأنَّ القصرَ فيه بالإضافةِ إلى شيئٍ معينٍ ، كما رأيتَ .

بۇ خىل قەسرىدە يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك مۇئەييەن بىر نەرسىگە نىسبەتەن خاسلاشتۇرۇش بولغانلىقتىن بۇ «إضافِيًّا» دەپ ئاتالغان.

ئىككىنچىسى قەسرنى ئىككى تەرىپىنىڭ ئېتىبارى بىلەن بۆلۈش :

ھەقىقى ۋە ئىزاپىدىن ئىبارەت ھەر بىرى ئىككى تەرىپىنىڭ ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

1 ـ سۈپەتنى مەۋسۇپقا قەسىر قىلىش. بۇ، «القصرِ الحقيقيِّ» دا ئاشۇ سۈپەتنىڭ ئاشۇ مەۋسۇپتىن باشقا نەرسىگە ئۆتمەسلىكى لىكىن ئۇ مەۋسۇپنىڭ يۇقىرىقىدىن باشقا سۈپەتلىرىنىڭ بولىشىنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن : «لا إلـهَ إلا اللّٰهُ»؛ «لا يَفُوْزُ إلا الْمُجِدُّ». بىرىنچى مىسالدا ئىلاھلىق سۈپىتى «اللّٰهُ» دىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئۆتمەيدۇ، ئەمما «اللّٰهُ» نىڭ ئىلاھلىقتىن باشقا يارىتىش، رىزىق بىرىش ۋە ئۆلتۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن سۈپەتلىرىنىڭ بولىشى دۇرۇس بولىۋېرىدۇ. ئىككىنچى مىسالدا : غەلبە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ سۈپەت تىرىشچان كىشىدىن باشقا نەرسىگە ئۆتمەيدۇ، ئەمما تىرىشچان كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن سۈپەتلىرىنىڭ بولىشى دۇرۇس بولىدۇ.

سۈپەتنىڭ مەۋسۇپقا قەسىر قىلىنىشى، «القصر الإضافي» دا، سۈپەتنىڭ تەۋە قىلىنماسلىقى ئىرادە قىلىنغان نەرسىدىن باشقا نەرسىلەرگە تەۋە قىلىنىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئۆزى خاس قىلىنغان مەۋسۇپتىن ئۆتۈپ، تەۋە قىلىنماسلىقى ئىرادە قىلىنغان ئاشۇ مەۋسۇپقا تەۋە قىلىنىپ قالماسلىقى بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: «لا مُحترم إلا الصادقُ». بۇ يەردىكى مەقسەت ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت سۈپەتنى يالغانچىغا ئەمەس بەلكى راستچىل كىشىگە قەسىر قىلىشتۇر، شۇڭا ئىشەنچىلىك بولۇش قاتارلىقلار ھۆرمەتلىنىشىنى چەكلىمەيدۇ. يەنى: بۇ مىسالدىكى ھۆرمەتلىنىشتىن ئىبارەت سۈپەتنىڭ، ئۆزىنىڭ تەۋە قىلىنماسلىق ئىرادە قىلىنغان يالغانچى كىشىدىن باشقا نەرسىلەرگە خاس قىلىنىشى مۇمكىن بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆزى خاس قىلىنغان راستچىللىقتىن ئىبارەت مەۋسۇپتىن ئۆتۈپ، تەۋە قىلىنماسلىقى ئىرادە قىلىنغان يالغانچىلىقتىن ئىبارەت مەۋسۇپقا خاس قىلىنمىدى.

الثاني – تقسيم القصر باعتبار طرفيه :

يَنقسمُ كلٌّ مِن الحقيقيِّ والإضافيِّ باعتبارِ طَرَفَيْهِ إلى قِسْمَيْنِ :

١– قَصْرُ صِفَةٍ على موصوفٍ ، بأنْ لا تتجاوزَ تلكَ الصفةُ عن ذلك الْمَوصوفِ إلى مَوصوفٍ آخَر أصلا ، لكنْ يَجوزُ أنْ يكونَ لـذلك الْمَوصُوف صِفَاتٌ أُخْرى ( فِي القصرِ الحقيقيِّ ) نحو لا إلـهَ إلا اللّٰهُ ، ونحو لا يَفُوْزُ إلا الْمُجِدُّ ، أو بأنْ لا تتجاوزَ الصفةُ ذلك الْموصوفَ إلى مَوصُوفٍ آخر مَخْصُوصٍ، وإنْ أمْكَنَ أنْ تتجاوزَهُ إلى موصوفٍ غيرَ ذلكَ الْموصوفِ الآخرِ ( في القصر الإضافي ) نحو لا مُحترم إلا الصادقُ ، لأنَّ الْمَقصودَ قَصْرُ الاحْترامِ على الصادقِ لا الكاذبِ ، فلا يَمْنَعُ هذا مِن احْترامِ الأَمينِ ونحو ذلكَ .

تەنبىھ : «الْموصوفِ الآخرِ» دىكى «الْ» زىكرىسى «مَخْصُوصٍ» نىڭ ئالدىدا ئاشكارا ئۆتكەن «لامُ العهدِ الصريحيِّ» دۇر.

2 ـ مەۋسۇپنى سۈپەتكە قەسىر قىلىش. بۇ، مەۋسۇپنىڭ ئاشۇ سۈپەتتىن باشقا سۈپەتكە ئۆتمەسلىكى، لېكىن ئۇ سۈپەتنىڭ باشقا مەۋسۇپ ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن بولىدۇ. ھەقىقى بولغىنىنىڭ مىسالى : «ما عَلِيٌّ إلا تاجِرٌ». سىز بۇ مىسالدا ئەلىنى تىجارەت قىلىشتىن ئىبارەت سۈپەتكە خاسلاشتۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭدا شۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق سۈپەتنىڭ بولماسلىقىنى ئىرادە قىلىدىڭىز. بىر نەرسىنىڭ سۈپىتىنى ئۇنىڭغا ئىسپاتلاپ، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىدىن نەپى قىلىدىغان دەرىجىدە، تەلتۆكۈس بىلىش قىيىن بولغانلىقتىن قەسىرنىڭ بۇ تۈرى ئۇچرىمىغىلى تاس قالىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇ قۇرئاندا كەلمەيدۇ. مەۋسۇپنى سۈپەتكە قەسىر قىلىشنىڭ ئىزاپىدىكى مىسالى: ﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلاَّ رَسُولٌ﴾. بۇ يەردىكى مەقسەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەلچىلىككە خاس قىلىش بولۇپ، بۇ، پەيغەمبىرىمىزنى كىشىلەر چوڭ بىلىپ كىتىۋاتقان ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قېلىشقا ئېلىپ بارمايدۇ ۋە ئۇنىڭ سالامەتلىك ۋە ئويغاقلىق قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشى بىلەنمۇ قارشىلاشمايدۇ.

٢- قَصْرُ مَوصوفٍ على صِفَةٍ ، بأَنْ لا يتجاوزَ موصوفٌ من تلك الصفةِ إلى صفةٍ أخري ، لكنْ يَجوزُ أَنْ تكونَ تلك الصفةُ لِمَوصُوفٍ آخر ، مِثَالُهُ من الْحقيقيّ : ما عَلِيٌّ إلا تاجِرٌ ، تُرِيْدُ قَصْرَهُ على صِفَةِ التجارة و أَنْ لا صفةَ له غيرَها ، وهذا النوعُ مِن القصرِ لا يَكادُ يُوْجَدُ لِتَعَذُّرِ الإحَاطَةِ بِصفات الشيئِ حتى يُمْكِنَ إثباتُ شيئٍ منها ونفيِ ما عَدَاهُ ، و لِذَا لَمْ يَقَعْ فِي التَّنْزِيْلِ . ومِثَالُهُ في الإضافيّ : ﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلاَّ رَسُولٌ﴾ آل عمران١٤٤ ، فالْمقصودُ قَصْرُهُ على الرِّسَالَةِ بأَنْ لا يتعدَّاهُ إلى التَّبَاعُدِ عن الْمَوْتِ الذي اسْتَعْظَمُوهُ ، وهذا لا يُنافِي أَنَّهُ مُتَّصِفٌ بالصِّحَّةِ واليَقْظَةِ ونحوِهما .

و اعْلَمْ أَنَّ الْمُرادَ بالصفة هنا الصفةُ الْمَعْنَوِيَّةُ التي يَدُلُّ على معني قائِمٍ بالغَيْرِ ، سَوَاءٌ دَلَّ عَلَيْه بِلَفْظِ النَّعْتِ النَّحْوِيِّ كَقَائِمٍ ، أو بِغَيْرِهِ كالفعْلِ ونحوِهِ مِن ظَرْفٍ أو جارٍ ومَجْرُوْرٍ .

تەنبىھ : بۇ يەردىكى سۈپەت دىگەن سۆزدىن مۇرات ئۇنىڭ «قَائِم» دىگەنگە ئوخشاش گىراماتىكىلىق سۈپەت بولۇشىدىن ياكى پېئىل، زەرىپ ۋە «جار ۋە مەجرۇر» قاتارلىقلار دالالەت قىلىدىغان مەنا بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، ئۆزىدىن باشقا نەرسىنىڭ سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن مەنىگە دالالەت قىلىدىغان مەنىۋى سۈپەتتۇر.

ئۈچىنچى قەسرنى مۇخاتەپنىڭ ھالىنىڭ ئېتىبارى بىلەن بۆلۈش :

قەسر مۇخاتەپنىڭ ھالىنىڭ ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ :

1 ـ مۇخاتەپ، بىر قانچە نەرسىنى سۈپەتتە ئورتاق دەپ قارىغاندا ئىشلىتىلىدىغان «قصرُ إفْرادٍ» دۇر. مەسىلەن : «الله» نى ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان كىشىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ﴿إِنَّمَا اللَّهُ إِلَـٰهٌ وَاحِدٌ﴾ دېگەنگە ئوخشاش. مانا بۇ مىسالدا «إِلَـٰهٌ» لىق سۈپەتتە ئۈچ زات ئورتاق دەپ قارىغان كىشىگە رەددىيە بېرىلگەن.

2 ـ مۇخاتەپ، مۇتەكەللىم ئىسپاتلىغان ھۆكۈمنىڭ ئەكسىگە ئېتىقات قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان «قَصْرُ قَلْبٍ» دۇر. مەسىلەن: سەپەر قىلغان كىشى ئەلى ئەمەس بەلكى خەلىل دەپ قارىغان كىشىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن «مَا سَافَرَ إلا عَلِيٌّ» دېگەنگە ئوخشاش.

3 ـ «قَصْرُ تَعْيِيْنٍ» بولۇپ بۇ، مۇخاتەپ ھۆكۈم ھەققىدە ئىككىلىنىپ قالغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : يەرنىڭ ھەركەتلىنىشى ھەققىدىكى ھۆكۈمدە شەكلەنگەن ۋە ئىككىلەنگەن كىشىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن «الأرضُ مُتَحَرِّكَةٌ لا ثابِتَةٌ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. ياكى ئۇ «قَصْرُ تَعْيِيْنٍ» مۇخاتەپ مەلۇم بىر نەرسىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن : «مَا زَيْدٌ إلا قَائِمٌ»؛ «ما شَاعِرٌ إلا زَيْدٌ». بىرىنچى مىسالدا مۇخاتەپ، زەيدنىڭ ئۆرە تۇرۇش ۋە ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلغانلىقىنى بىلسىمۇ قايسىنى قىلغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن «زەيد پەقەت ئۆرە تۇردى» دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ھۆكۈم مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ بېرىلگەن. ئىككىنچى مىسالمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

---

الثالث – تَقسيمُ القصرِ باعتبارِ حالِ الْمُخاطبِ :

يَنْقسمُ القصرُ باعتبارِ حالِ الْمُخاطبِ إلى ثلاثةِ أَقْسَامٍ :

١– قصرُ إفْرادٍ ، إذا اعْتَقَدَ الْمُخاطبُ الشَّرْكَةَ كقوله تعالى ﴿ إِنَّمَا اللَّهُ إِلَـٰهٌ وَاحِدٌ ﴾النساء١٧١ ، رَدًّا على مَنْ اعْتَقَدَ أَنَّ اللهَ ثَالِثُ ثَلَاثَةٍ .

٢– قَصْرُ قَلْبٍ ، إذا اعْتَقَدَ المخاطبُ عَكْسَ الْحُكْمِ الذي أَثْبَتَهُ الْمُتكلمُ نحو مَا سَافَرَ إلا عَلِيٌّ ، رَدًّا على مَنْ اعْتَقَدَ أَنَّ الْمُسافرَ خَلِيْلٌ لا عَلِيٌّ .

٣– قَصْرُ تَعْيِيْنٍ ، إذا كان الْمُخاطبُ يَتَرَدَّدُ في الْحُكْمِ نحو قولِكَ : الأرضُ مُتَحَرِّكَةٌ لا ثابِتَةٌ ، رَدًّا على مَنْ شَكَّ وتَرَدَّدَ في ذلكَ الْحُكْمِ . أو إذا اعْتَقَدَ وَاحدًا غَيْرَ مُعَيَّنٍ نحو مَا زَيْدٌ إلا قائِمٌ ، وما شاعِرٌ إلا زَيْدٌ .


القَصْرُ
حَقِيْقِيٌّ
إضَافِيٌّ
قَصْرُ حَقِيْقِيٌّ حَقِيْقَةً
قَصْرُ حَقِيْقِيٌّ ادّعَائِيًّا
قَصْرُ صِفَةٍ على موصوفٍ
قَصْرُ مَوصوفٍ على صِفَةٍ
قَصْرُ صِفَةٍ على موصوفٍ
قَصْرُ مَوصوفٍ على صِفَةٍ
قَصْرُ صِفَةٍ على موصوفٍ
قَصْرُ مَوصوفٍ على صِفَةٍ
قصرُ إفْرادٍ
قَصْرُ قَلْبٍ
قَصْرُ تَعْيِيْنٍ
قصرُ إفْرادٍ
قَصْرُ قَلْبٍ
قَصْرُ تَعْيِيْنٍ

قەسر قىلىشنىڭ يوللىرى :

قەسر قىلىشنىڭ مەشهۇر يوللىرى تۆت بولۇپ ئۇلار : بىرىنچى« نەپى ۋە ئىستىسنا »، ئىككىنچى «إِنَّمَا »، ئۈچۈنچى « كېيىن كېلىشكە تېگىشلىك نەرسىنى ئىلگىرى كەلتۈرۈش »، تۆتىنچى «لَا ياكى بَلْ ۋە ياكى لَكِنْ ئارقىلىق ئەتپە قىلىش » قاتارلىقلاردۇر.

طرق القصر :

طُرُقُ القَصْرِ الْمَشْهُورَةُ أرْبَعَةٌ وهي : النَّفْيُ والإسْتِثْنَاءُ ، وإِنَّمَا ، وتَقْدِيْمُ مَا حَقُّهُ التَّأْخِيْرُ ، والعَطْفُ بِلَا أو بَلْ أو لَكِنْ .

١- النفيُ والاستثناءُ ، والْمَقْصُورُ عليهِ هُنَا هي ما بعدَ أداة الاسْتثناء كقوله تعالى ﴿ وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلاَّ لَعِبٌ وَلَهْوٌ ﴾الأنعام٣٢ ، و ﴿ وَلَا يَحِيقُ الْمَكْرُ السَّيِّئُ إِلَّا بِأَهْلِه ﴾فاطر٤٣ ، ونحو ما أعْجَبَنيْ إلا خُلُقُكَ ، ونحو لا تَتَكَلَّمْ إلا بِخَيْرٍ ، ونحو ما شَوْقِيٌّ إلا شاعِرٌ ، وما شاعِرٌ إلا شَوْقِيٌّ .

والأصْلُ في النفيِ والاسْتثناء أنْ يَجِيءَ لِأَمْرٍ يُنْكِرُهُ الْمُخاطبُ أو يَشُكُّ فيه أو لِمَا هو مُنْزِل هذه الْمَنزلة .

بىرىنچىسى « نەپى ۋە ئىستىسنا » : بۇنىڭدا « الْمَقْصُورُ عليهِ » بولغان نەرسە ئىستىسنا ۋاستىسىدىن كېيىنكى نەرسىدۇر. مەسىلەن: ﴿وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا لَعِبٌ وَلَهْوٌ ﴾ ( دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ۋە غەپلەتتىنلا ئىبارەت)؛ ﴿وَلَا يَحِيقُ الْمَكْرُ السَّيِّئُ إِلَّا بِأَهْلِهِ﴾؛ « ما أعْجَبَنِي إلا خُلُقُكَ »؛ « لا تَتَكَلَّمْ إلا بِخَيْرٍ »؛ « ما شَوْقِيٌّ إلا شاعِرٌ »؛ « ما شاعِرٌ إلا شَوْقِيٌّ ».

« نەپى ۋە ئىستىسنا » دىكى ئەسلىيلىك ئۇنىڭ، مۇخاتەپ ئىنكار قىلىدىغان ياكى شەكلىنىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ۋە ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىدۇر. يەنى « نەپى ۋە ئىستىسنا » ئەسلىدە مۇخاتەپ ئىنكار قىلىدىغان ياكى شەكلىنىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن تەيىنلەنگەندۇر.

قەسىرنىڭ يوللىرىنىڭ ئىككىنچىسى «إِنَّمَا» دۇر. ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن «الْمَقْصُورُ عليه» نىڭ جۈملىدە كېيىن كېلىشى زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾. يەنى ئالىملاردىن باشقىلار ئەمەس. يەنە مەسىلەن: «إِنَّمَا شاعِرٌ شَوْقِيٌّ»؛ «إِنَّمَا شَوْقِيٌّ شاعِرٌ».

«إِنَّمَا كَلَّمَ محمدٌ عَلِيًّا» (مۇھەممەد پەقەت ئەلىگىلا گەپ قىلدى) دەيدىغان ئورۇندا «إِنَّمَا كَلَّمَ عَلِيٌّ محمدًا» دېسەك

٢- إِنَّمَا ، والْمَقْصُورُ عليه مَعَها هو الْمُؤَخَّرُ في الجملة وُجُوبًا كقوله تعالى ﴿ إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ ﴾ فاطر٢٨ ، أيْ لا غَيْرُ العُلَمَاءِ . ونحو إِنَّمَا شاعِرٌ شَوْقِيٌّ ، وإِنَّمَا شَوْقِيٌّ شاعِرٌ .

ولا يجوز تَقديمُ الْمقصور عليه في « إنما» لِلْاِلْتِبَاسِ ، كما إذا قُلْنَا في « إِنَّمَا كَلَّمَ محمدٌ عَلِيًّا » : « إِنَّمَا كَلَّمَ عَلِيٌّ محمدًا »، ولا الْتِبَاسَ في النفيِ و الاسْتِثْنَاءِ .

والأَصْلُ في « إِنَّمَا» أَنْ تَجِيءَ لِأَمْرٍ مَنْ شَأْنُهُ أَلَّا يَجْهَلَهُ الْمُخاطِبُ ولا يُنْكِرُهُ و إِنَّمَا يُرَادُ تَنْبِيْهُهُ فَقَطْ ، أو لِمَا هو مَنْزِلُ هذه الْمَنْزِلَةِ . ومِنْ الأول قوله تعالى ﴿إِنَّمَا يَسْتَجِيبُ الَّذِينَ يَسْمَعُونَ ﴾الأنعام٣٦، ومن الثاني قوله تعالى حكايةً عن اليهود ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لاَ تُفْسِدُواْ فِي الأَرْضِ قَالُواْ إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ ﴾البقرة١١ ، فَهُمْ ادَّعُوا أَنَّ إِصْلاحَهُمْ أَمْرٌ جَلِيٌّ لا شَكَّ فِيْهِ .

ئارلىشىپ كېتىش يۈز بەرگەندەك، ئارلىشىپ كېتىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىق سەۋەبىدىن «إِنَّمَا» دا «الْمَقْصُورُ عليه» بولغان نەرسىنى ئىلگىرى كەلتۈرۈش دۇرۇس بولمايدۇ. «نەپىي ۋە ئىستىسنا» دا بولسا ئارلىشىپ كېتىش يۈز بەرمەيدۇ.

«إِنَّمَا» ئەسلىدە، مۇخاتەپ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدىغان كىشىنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ بۇ ئارقىلىق پەقەت مۇخاتەپنى ئاگاھلاندۇرۇشلا مەقسەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِنَّمَا يَسْتَجِيبُ الَّذِينَ يَسْمَعُونَ﴾. بۇ ئايەتتىكى مۇخاتەپ پەيغەمبىرىمىز بولۇپ، ئۇ گەرچە ئۆزىنىڭ دەۋىتىگە قالاق سالغانلانىڭلا، بۇ دەۋەتكە ئاۋاز قوشىدىغانلىقى، قولاق سالمىغانلارنىڭ ئاۋاز قوشمايدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ «الله» ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ مۇشۇ ئىشى ھەققىدە ﴿إِنَّمَا يَسْتَجِيبُ الَّذِينَ يَسْمَعُونَ﴾ دىگەن.

ۋە يەنە يۇقۇرىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئورۇنلاردىمۇ ئىشلىتىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن: يەھۇدىلاردىن ھىكايە قىلىنىپ سۆزلەنگەن ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لاَ تُفْسِدُواْ فِي الأَرْضِ قَالُواْ إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ﴾ دىگەن ئايەتتىكە ئوخشاش. يەھۇدىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلاھاتچىلىقىنىڭ ئاشكارا ھەم شەكسىز ئىش ئىكەنلىكىنى داۋا قىلغانلىقتىن بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ دەپ قاراپ ﴿إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ﴾ دېگەن.

قەسرنىڭ يوللىرىنىڭ ئۈچىنچىسى «لا»،«بَلْ» ۋە «لكنْ» قاتارلىق ھەرپلەر ئارقىلىق ئەتپە قىلىشتۇر:

ئەگەر ئەتپى «لا» ئارقىلىق قىلىنغان بولسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەرسىنىڭ قارشىسى «الْمقصورُ عليه» بولىدۇ.

مەسىلەن : « الفَخْرُ بالعِلْمِ لا بِالْمَالِ »؛ « الأرضُ مُتحَرِّكَةٌ لا ثابِتَةٌ »؛ « زيدٌ شاعِرٌ لا كاتِبٌ »؛ « زيدٌ شاعِرٌ لا عمرٌو ».

٣- العطفُ بـ لا أو بَلْ أو لكنْ .

فإنْ كانَ العطفُ بلا كانَ الْمقصورُ عليه مُقابِلًا لِمَا بَعْدَهُ نحو الفَخْرُ بالعِلْمِ لا بِالْمَالِ ، والأرضُ مُتَحَرِّكَةٌ لا ثابِتَةٌ ، و زيدٌ شاعِرٌ لا كاتِبٌ ، وزيدٌ شاعِرٌ لا عمرٌو . و شَرْطُ إفادَتِه القَصْرَ أنْ يكونَ ما بعدَهُ مُفردًا ، و أنْ لا يَتَقَدَّمَهَا نَفْيٌ ، و أنْ لا تَقْتَرِنَ بالواوِ العاطِفَةِ ، و أنْ لا تكونَ ما بعدَهَا داخِلًا في عُمُومِ ما قَبْلَهَا كَمَا رَأَيْتَ .

و إذا كَثُرَ النفيُ في العطفِ بلا قِيلَ : لا غَيْرُ ، فتقولُ : محمدٌ تاجِرٌ لا غَيْرُ ، أي لا غير محمدٍ ، فهو قائم مقام قولك : لا علي ولا أحمد ولا محمود ولا غيرهم . ونحو محمدٌ شاعِرٌ لا غَيْرُ ، أيْ لا غَيْرَ شاعِرٍ ، فَهُوَ قائمٌ مَقَامَ قولِكَ : لا فَقِيْهٌ ولا تاجِرٌ ولا كاتِبٌ ولا غيرُ ذلك .

«لا» نىڭ قەسرنى ئىپادىلىشىنىڭ شەرتى، يۇقىرىدا كۆرگىنىڭىزدەك، ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەرسىنىڭ مۇپرەت بولۇشى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نەفى كەلمىگەن بولۇشى، ئەتپىنىڭ «وَ» سىغا يېقىنلاشمىغان بولۇشى ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى نەرسىنىڭ ئومۇمىسىغا كىرمىگەن بولۇشى قاتارلىقلاردۇر.

«لا» ئارقىلىق بولغان ئەتپىدە نەفى كۆپىيىپ كېتىپ قالسا «لا غَيْرُ» دېيىلىدۇ. شۇڭا «محمدٌ تاجِرٌ لا غَيْرُ» دېسىز، بۇ «مۇھەممەتتىن باشقىسى ئەمەس» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇ «محمدٌ تاجِرٌ لا عليٌّ ولا أحمدُ ولا مَحْمودٌ ولا غيرُهم» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. يەنە بىر مىسال : «محمدٌ شاعِرٌ لا غَيْرُ» . بۇ، «شائىردىن باشقا ئەمەس» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا بۇ «محمدٌ شاعِرٌ لا فَقِيْهٌ ولا تاجِرٌ ولا كاتِبٌ ولا غيرُ ذلك» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

ئەگەر ئەتپى «بَلْ» ياكى «لكنْ» ئارقىلىق بولغان بولسا بۇ ئىككىسىدىن كېيىنكى نەرسە «الْمَقصورُ عليه» بولىدۇ. مەسىلەن : «ما الفَخْرُ بالْمَالِ بَلْ بالعِلْمِ»؛ «ما الفَخْرُ بالنَّسَبِ لكنْ بالتَّقْوى»؛ «ما الأرضُ ثابِتَةٌ بَلْ مُتَحَرِّكَةٌ أو لَكِنْ مُتَحَرِّكَةٌ»؛ «ما عَمْرٌو شاعِرًا بَلْ زيدٌ أو لَكِنْ زيدٌ»؛ «ما عَمْرٌو شاعِرًا بَلْ كاتِبًا أو لكنْ كاتِبًا».

وإنْ كانَ العطفُ بـ بَلْ أو لكنْ ، كانَ الْمَقصورُ عليه ما بعدَهما نحو ما الفَخْرُ بالْمَالِ بَلْ بالعلْمِ ، وما الفَخْرُ بالنَّسَبِ لكنْ بالتَّقْوى . ونحو ما الأرضُ ثابِتَةٌ بَلْ مُتَحَرِّكَةٌ أو لَكِنْ مُتَحَرِّكَةٌ . وما عَمْرٌو شاعِرًا بَلْ زيدٌ أو لَكِنْ زيدٌ، و ما عَمْرٌو شاعِرًا بَلْ كاتِبًا أو لكنْ كاتِبًا .

وَيُشْتَرَطُ في كُلٍّ مِنْهُمَا أنْ تُسْبَقَ بِنَفْيٍ أو نَهْيٍ ، وأنْ يكونَ الْمَعطوفُ بهما مُفردًا ، وأنْ لا يَقْتَرِنَ لكنْ بالواوِ .

٤- تَقْدِيْمُ ما حَقُّهُ التَّأْخِيْرِ ، كتقديمِ الخبرِ على الْمُبتدأ الْمَعرفةِ نحو عَرَبِيٌّ أنَا . وتقديمِ بعضِ مَعْمُولاتِ الفعْلِ عليه كقوله تعالى : ﴿إيَّاكَ نَعْبُدُ وإيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ الفاتحة٥، أي لا غيرَكَ . ونحو أنَا كَفَيْتُ مُهِمَّتَكَ ، أيْ وَحْدِيْ . ونحو عِنْدَ البَلَاءِ يُعْرَفُ الصَدِيْقُ.

بۇ ئىككىسىدە ، نەفى ياكى نەھىنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلۈشى ۋە ئۇلارغا ئەتپە قىلىنغۇچىنىڭ مۇپرەت بولىشى شەرتتۇر شۇنداقلا «لكنْ» نىڭ «و» بىلەن بىرگە كەلمەسلىكمۇ شەرتتۇر.

قەسرىنىڭ يوللىرىنىڭ تۆتىنچىسى «كېيىن كېلىشكە تېگىشلىك نەرسىنى ئىلگىرى كەلتۈرۈش» بۇلۇپ، بۇ خۇددى «عَرَبِيٌّ أنَا» (مەن ئەرەپ) دېگەن مىسالدا مەرپە بولغان مۇبتەدادىن، خەۋەرنى ئىلگىرى كەلتۈرگەنگە ۋە ﴿إيَّاكَ نَعْبُدُ وإيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾؛ «أنَا كَفَيْتُ مُهِمَّتَكَ»؛ «عِنْدَ البَلَاءِ يُعْرَفُ الصَدِيْقُ» دېگەنگە ئوخشاش مىساللاردا پېئىلنىڭ مەئمۇللىرىنىڭ بەزىسىنى پېئىلدىن ئىلگىرى كەلتۈرگەنگە ئوخشاش يوللار ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

## سەككىزىنچى باب

### پەسلى ـ ۋەسلى ھەققىدە

ۋەسلى دىگىنىمىز، بىر جۈملىنى يەنە بىر جۈملىگە ئەتپە قىلىش بولۇپ، پەسلى بولسا ئەتپە قىلىشنى تەرىك ئېتىش دىگەنلىكتۇر. «عِلْمِ الْمَعَانِي» دىكى تەتقىقات پەقەت «و» ئارقىلىق قىلىنغان ئەتپى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، مۇتلەق جەمئىلەش ۋە ئورتاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكتىن، ئۆزىدە ئوخشۇشۇپ كىتىش يۈز بىرىدۇ ۋە ئۇنى ئىشلىتىشتىكى ئېھتىياجمۇ مەخپى بولىدۇ. ئەمما باشقا ئەتپە ھەرپلىرىگە كەلسەك ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىدە شەكلىنىش يۈز بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار «فَ» دە تەرتىپ بىلەن ئارقىمۇ ـ ئارقا يۈز بىرىش ئېپادىلەنگەنگە ئوخشاش مەنىگە زىيادىلىك پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ كىلىش ئورۇنلىرىنى بىلىش ئاساندۇر. مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە پەقەت «و» ھەققىدىلا تەتقىقات ئېلىپ بىرىلىدۇ.

الباب الثامن

في الفصل والوصل

الوَصْلُ عَطْفُ جُمْلَةٍ على أُخْري ، والفَصْلُ تَرْكُ هذا العَطْفِ .

والبَحْثُ في عِلْمِ الْمَعَانِي مَقْصُورٌ على العَطْفِ بالواوِ لا غيرُ ، إذْ هي التِي يَقَعُ فيها الاِشْتِبَاهُ و تَخْفَي الحاجَةُ إليها لأَنَّها لِمُطْلَقِ الْجَمْعِ و الاشْتِرَاكِ . و أمَّا غيرُهَا مِن حُروفِ العطفِ فلا يَقَعُ اشْتِباهُ في اسْتعمالِها لأنَّها تُفِيْدُ مَعانيَ زائِدةً كالتَّرتيبِ مَعَ التعقيبِ في الفاءِ ، ومِنْ أجْلِ ذلكَ سَهُلَ إدْرَاكُ مَوَاطِنِهَا ، و لِذا لا يُبْحَثُ هُنَا إلا عَنْ الواوِ .

ولِكُلٍّ مِن الفَصْلِ والوَصْلِ مَوَاضِعٌ خَاصَّةٌ .

پەسلى بىلەن ۋەسلىدىن ئىبارەت ئىككىسىدىن ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى بولىدۇ.

**1 ـ ۋەسلىنىڭ ئورۇنلىرى :**

تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئورۇندا ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتىرىسى ۋەسلى قىلىنىدۇ :

**1)** ئۇ ئىككىسىنى گىراماتىكا جەھەتتىكى ھۆكۈمدە شىرىك قىلىش مەقسەت قىلىنغاندا ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتىرىسى ۋەسلى قىلىنىدۇ. خۇددى «التلميذ يَكتبُ ويَقرأُ» دىگەن جۈملىدىكىدەك ئەۋۋەلقىسى مۇبتىدانىڭ خەۋىرى بولغانغا ياكى «قامَ محمدٌ يَخْطُبُ وَيَشْعُرُ» دىگەن جۈملىدىكىدەك ھال بولغانغا ياكى «مَررتُ بِرَجلٍ يَشْرُبُ وَيطْرُبُ» دىگەن جۈملىدىكىدەك سۈپەت بولغانغا ياكى «أَ لَمْ تَعْلَمْ أَنِّيْ أَحَبَّكَ وأَنِيْ أَجَلَّكَ» (سىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ۋە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىمنى بىلمىدىڭمۇ؟) دىگەن جۈملىدىكىدەك مەپئۇل بولغانغا ئوخشاش، ۋە ياكى ئۇلاردىن باشقا ئىككىنچىسىنى بىرىنچىسىنىڭ ئىرابىنىڭ ھۆكمىگە شىرىك قىلىش ئىرادە قىلىنغان ئەھۋاللارغا ئوخشاش. بۇ چاغدا ئىككىنچى جۈملىنى بىرىنچىسىگە ئەتپە قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. دىمەك بۇ مىساللاردا ئەۋۋەلقىسىنىڭ جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق ئورنى قانداق بولسا ئىككىنچىسىنىڭ گىراماتىكىلىك ئورنىنىمۇ شۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئىككىنچى جۈملە بىرىنچى جۈملىگە ئەتپە قىلىنىدۇ.

١- مَواضع الوصل :

يَجيب الوصلُ بينَ الْجُمْلَتَيْنِ في ثلاثة مَواضِعَ :

١) إذَا قُصِدَ اشْتِراكُهُمَا في الْحُكْمِ الإعْرَابِيِّ كَكَوْنِ الأوْلى خَبَرَ مُبْتَدأٍ نحو التلميذُ يَكتبُ ويَقرأُ ، أو حَالًا نحو قامَ محمدٌ يَخْطُبُ وَيَشْعُرُ ، أو صِفَةً نحو مَررتُ بِرَجلٍ يَشْرُبُ وَيطْرُبُ ، أو مَفعولًا نحو أَ لَمْ تَعْلَمْ أَنِّيْ أَحبَّكَ وأَنِيْ أَجَلَّكَ ، أو غيرَ ذلكَ من كُلِّ جُمْلَتَيْنِ أُرِيْدَ تَشْرِيْكُ الثانيةِ مِنْهُمَا في حُكْمِ إعْرابِ الأوْلي ، و حِيْنَئِذٍ يَجِيبُ عطفُ الثانِيَّة على الأوْلى .

2) ئىككى جۈملە خەۋەرى ۋە ئىنشائى بولۇشتا لەبزەن ۋە مەنەن بىردەك بولسا ياكى پەقەت مەنەن بىردەك بولسا ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «جِهَةٌ جامِعَةٌ» (ئورتاق مۇناسىۋەت) بولسا شۇنداقلا ئەتپە قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغۇچى بولمىسا بۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋەسلى قىلىنىدۇ. ھەر ئىككىلىسى خەۋەرى بولۇشتا بىردەك بولغىنىنىڭ مىسالى: ﴿إِنَّ الْأَبْرَارَ لَفِي نَعِيمٍ وَإِنَّ الْفُجَّارَ لَفِي جَحِيمٍ﴾؛ ﴿وَقُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ﴾. ھەر ئىككىسى ئىنشائى بولغىنىنىڭ مىسالى: ﴿كُلُوا وَاشْرَبُوا وَلَا تُسْرِفُوا﴾؛ ﴿فَلْيَضْحَكُوا قَلِيلًا وَلْيَبْكُوا كَثِيرًا﴾. ئىككى جۈملىنىڭ مەنەن بىردەك بولسىمۇ لەبزەن پەرىقلىق بولغانلىقىنىڭ مىسالى: ﴿إِنِّي أُشْهِدُ اللَّهَ وَاشْهَدُوا أَنِّي بَرِيءٌ مِمَّا تُشْرِكُونَ﴾. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى مەن «اللهِ» نى گۇۋاھ قىلىمەن ۋە سىلەرنىمۇ گۇۋاھ قىلىمەن دېگەنلىك بولىدىغانلىقتىن ئىككىنچى جۈملە لەبزەن ئىنشائى بولسىمۇ، مەنەن خەۋەرى ھېسابلىنىدۇ، يەنە بىر مىسال: «إذهب الى فلان وتقول كذا». بۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنى «إذهب الى فلان وقل له كذا» بولغانلىقتىن ئىككىنچى جۈملە لەبزەن خەۋەرى ، مەنەن ئىنشائى ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا بۇ يەردە ۋەسلى قىلىش زۆرۈر بولىدۇ.

٢) إذا اتَّفَقَتَا في الخبرية أو الإنشائية لفظًا و مَعْنى أو مَعْنى فَقَطْ ، و كانَتْ بَيْنَهُما جِهَةٌ جامِعَةٌ أيْ مُناسَبَةٌ تامَّةٌ ولَمْ يَكُنْ مانِعٌ مِن العطف . فَمَثالُ الخبريتَيْنِ قوله تعالى ﴿إِنَّ الْأَبْرَارَ لَفِي نَعِيمٍ وَإِنَّ الْفُجَّارَ لَفِي جَحِيمٍ﴾الانفطار١٤-١٣، و ﴿وَقُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ﴾الإسراء٨١ . ومَثالُ الإنشائيتَيْنِ قوله تعالى ﴿كُلُوا وَاشْرَبُوا وَلَا تُسْرِفُوا﴾الأعراف٣١ ، و ﴿فَلْيَضْحَكُوا قَلِيلًا وَلْيَبْكُوا كَثِيرًا﴾التوبة٨٢ . ومَثالُ المُخْتَلِفَتَيْنِ لَفْظًا قوله تعالى ﴿إِنِّي أُشْهِدُ اللَّهَ وَاشْهَدُوا أَنِّي بَرِيءٌ مِمَّا تُشْرِكُونَ﴾هود٥٤ ، أيْ إنِّيْ أُشْهِدُ اللهَ و أُشْهِدُكُمْ ، فَتَكُونُ الجملةُ الثانيةُ إنشائيةً لفظًا لكنَّها خبريةٌ معنى ونحو إذهب الى فلان وتقول كذا ،أي قل له كذا، فَتَكُونُ الجملةُ الثانيةُ خبريةً لفظًا و لكنَّها إنشائيةٌ معنى ، ولهذا وَجَبَ الوَصْلُ .

3) ئىككى جۈملە خەۋەرى ۋە ئىنشائى بولۇشتا پەرىقلىق بولسىمۇ ۋەسلى قىلىشنى تەرك ئېتىش مەقسەتنىڭ قارشىسنى ۋەھىملەندۈرۈپ قويىدىغان چاغدىمۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتىرىسى ۋەسلى قىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەن قىلىشىپ بەرگۈدەك ھاجىتىڭىز بارمۇ؟ دېگەن كىشىگە جاۋابەن «لا وبارك الله فيك» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. بۇ يەردە ئەۋۋەلقى جۈملە بولغان «لا» خەۋەرى، ئىككىنچى جۈملە بولسا ئىنشائى بولۇپ، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتىرىسىنى پەسلى قىلىپ «لا بارك الله فيك» دېگەن بولسىڭىز، سىز ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ئاڭلىغۇچى ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ۋەھىمە قىلىپ قالغان بولاتتى. شۇڭا بۇ يەردە پەسلى قىلىشتىن ۋەسلى قىلىشقا بۇرۇلۇش زۆرۈر بولغان. يەنە بىر مىسال: «لا وشفاه الله».

| |
|---|
| ٣) إذا اخْتَلَفَتَا في الخبريةِ والإنشائيةِ ، ولكنْ تَرْكُ الوَصْلِ يُوَهِّمُ خِلافَ الْمَقصودِ كما تقول : « لا وبَارَكَ اللهُ فيْكَ » جوَابًا لِمَنْ قالَ : هَلْ لَكَ حَاجَةٌ أُساعدُكَ في قَضَائِها ؟ فالجملةُ الأولى « لا » خبريةٌ والثانيةُ إنشائيةٌ ، فَلَوْ فَصَّلْتَ فَقُلْتَ : « لا بَارَكَ اللهُ فيْكَ » لَتَوَهَّمَ السامِعُ أَنَّكَ تَدْعُو عَلَيْهِ في حِيْنَ أَنَّكَ تَقْصُدُ الدعاءَ لَهُ ، ولِذلكَ وَجَبَ العُدُولُ عن الفَصْلِ إلى الوَصْلِ . ومِثْلُهُ قولُكَ : « لا وَشَفَاهُ اللهُ » جوَابًا لِمَنْ يَسأَلُكَ : هَلْ بَرِئَ عَلِيٌّ مِن الْمَرضِ ؟ فَتَرْكُ العطفِ يُوهِمُ الدُعَاءَ عَليه ، وغَرَضُكَ الدُعَاءُ لَهُ . |

ئەگەر بۇ مىسالدىمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتىرىسىنى پەسلى قىلىپ «لا شفاه الله» دېگەن بولسىڭىز، سىز ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ئاڭلىغۇچى ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ۋەھىمە قىلىپ قالغان بولاتتى. شۇڭا بۇ يەردىمۇ ۋەسلى قىلىش زۆرۈر بولىدۇ.

جامى :

«و» ئارقىلىق ۋەسلى قىلىشنىڭ شەرتى ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدا «جِهَةٌ جامعَةٌ» نىڭ بولىشىدۇر. ئۇ جامىنىڭ ئەقلى ياكى ۋەھمى ۋە ياكى خىيالى بولىشىدىن قەتئى نەزەر ئۇ تېپىلىسىلا ئەتپى قىلىش دۇرۇس بولىۋېرىدۇ. ۋە بۇ يەردىكى جامى ئۇ ئىككى جۈملىنىڭ «المُسند إليه» لىرى ۋە «المُسند» لىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ. خۇددى «زَيدٌ يَكتبُ ويَشْعُرُ» دېگەن مىسالدىكىگە ئوخشاش. بۇ مىسالدا ھەر ئىككى جۈملىنىڭ «المُسند إليه» لىرى بىر بولۇپ، «المُسند» لىرى ھەر ئىككىلىسىنىڭ «جۈملە تۈزۈش» ئىكەنلىكتىن ئىبارەت ماھىيەتتە بىر بولۇش بىلەن بىرگە ئىككىلىسىنىڭ بىر نەرسىدە تېپىلىشى ئەقلىگە مۇۋاپىق بولغان، شۇڭا بۇلارنىڭ «المُسند إليه» لىرىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت «الجامع العقلي الإتحادي» دەپ ئاتىلىدۇ، «المُسند» لىرىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بولسا «الجامع العقلي التماثلي» دەپ ئاتىلىدۇ. ۋە «زيدٌ يُعْطي و يَمْنَعُ» دېگە مىسالدا «المُسند إليه» لىرى بىر بولۇپ، «المُسند» لىرى قارىمۇ-قارشى بولغان بولۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەت «الجامع الوهمي التضادي» دەپ ئاتىلىدۇ. ۋە ئۇزۇنى بىلمەي تۇرۇپ قىسقىنى بىلىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقتىن «هذا الطريقُ طويلٌ و ذالك الطريقُ قصيرٌ» دېگەن مىسالدىكى «طويلٌ» بىلەن «قصيرٌ» نىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت سېلىشتۇرما مۇناسىۋەت ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق مۇناسىۋەت «الجامع العقلي التضايفي» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمما ئىككى «المُسند إليه»، باشقا-باشقا بولغاندا ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولىشى زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن: «زيدٌ شاعرٌ وعمرٌو كاتبٌ»؛ «زيدٌ طويلٌ وعمرٌو قصيرٌ» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ مىساللاردىكى «زيدٌ» بىلەن «عمرٌو» دىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ ئىنسانلىقتىن ئىبارەت ماھىتى بىر بولۇش بىلەن بىرگە دوسلۇق ياكى دۈشمەنلىك دېگەنگە ئوخشاش مۇناسىۋىتى بولغان ۋە ئۇلارنىڭ مۇسنەدلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۆز ئارا مۇناسىۋەت بولغان. شۇڭا تۆۋەندىكى جۈملىدە «المُسند إليه» لىرىنىڭ ئارىسىدا جامى بولمىغانلىق سەۋەبىدىن «خَلِيْلٌ قادِمٌ والبعيرُ» دېيىشكە بولمايدۇ خۇددى «المُسند» لىرىنىڭ ئارىسىدا جامى بولمىغانلىقتىن «سَعِيْدٌ عالمٌ وخليلٌ قَصِيْرٌ» ۋە «زيدٌ يكتبُ و يمنعُ» دېيىشكە بولمىغىنىغا ئوخشاش.

ۋەسلنى گۈزەللەشتۈرگۈچىلەر:

ئىككى جۈملىنىڭ ئىككىلىسىنىڭ ئىسىملىق جۈملە بولىشى ۋە ئىككىلىسىنىڭ پېئىللىق جۈملە بولىشى ۋە مۇتلەق-مۇقەييەتلىكتە بىردەك بولىشى ۋە ئىككىلىسى پېئىللىق بولغان جۈملىنىڭ ئىككىلىسىنىڭ مازى بولىشىدا ۋە مۇزارىئە بولىشىدا بىردەك بولىشى ۋە ھەرئىككىسى ئىسىملىق بولغان جۈملىدە مۇسنەدنىڭ مۇپرەت، جۈملە ۋە زەرىپ بولۇشى جەھەتتىكى تۈردە بىردەك بولىشى قاتارلىقلار ئەتپە قىلىشقا دۇرۇسلۇغۇچىنىڭ مەۋجۇت بولغىنىدىن كېيىن ۋەسلىگە گۈزەللىكنى زىيادە قىلغۇچى ئامىللارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

الجامع :

وشَرْطُ الوَصْلِ بالواو أنْ يكونَ بينَ الجملتين جهَةٌ جامعَةٌ ، تُصَحّحُ العطفَ سَوَاءٌ كانَ عَقْليَّةً أو وَهْمِيَّةً أو خيَاليَّةً . والجَامعُ باعتبار المُسند إليهما والمُسنَدَيْن جَمِيْعًا ، كالمُوافقَة في نحو زَيْدٌ يَكتبُ وَيَشْعُرُ، وكالمُضادة في نحو زيدٌ يُعْطي و يَمْنَعُ ، و هذا عنْدَ اتحاد المُسند إليهما ، وأمَّا عند تغايُرِهما فلابُدَّ من مُناسبَتِهما نحو زيدٌ شاعرٌ وعمرٌو كاتبٌ ، وزيدٌ طويلٌ وعمرٌو قصيرٌ . فلا يُقال : خَلِيْلٌ قادمٌ والبعيرُ ذاهبٌ ، لعَدَمِ الجامعِ بينَ المُسند إليهما ، كمَا لا يُقال : سَعِيْدٌ عالمٌ وخليلٌ قَصِيْرٌ ، ولا : زيدٌ يكتبُ و يَمنعُ ، لعَدمِ الجامعِ بينَ المُسندَيْن .

محسنات الوصل :

وممَّا يُزِيدُ الوَصْلَ حُسْنًا بَعْدَ وُجُود المُصحّح المُجوّز للعَطْف : اتحادُ الجملتَين في الاسميتَيْن والفعليتَيْن ، واتحادُهُمَا في الإطلاق و التقييد ، و اتحاد الفعليتَيْن في المَاضويَّة و المُضارعيَّة ، واتحادُ الاسميتَيْن في نوْعِ المُسند من حيْثُ الإفراد و الجملة والظرفية . ولا يَحْسُنُ العُدول عن ذلكَ من غَيْر دَاعٍ .

تەنبىھ :

جامى، چوڭ جەھەتتىن ئەقلى، ۋەھمى ۋە خىيالىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

ئەقلى، ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى بىردەكلىك ئارقىلىق، ياكى ئۆز ئارا ئوخشاشلىق ئارقىلىق ۋە ياكى سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى يۇقىرىدا ئۆتتى.

ۋەھمى، تەسەۋۋۇر قىلىنغان ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىدا «التماثلي» غا ئوخشۇشۇپ كېتىشىنىڭ بولىشى ئارقىلىق ياكى قارىمۇ ـ قارشىلىقنىڭ بولىشى ئارقىلىق ۋە ياكى قارىمۇ ـ قارشىلىقتا ئوخشۇشۇپ كېتىشىنىڭ بولىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن : «البياضُ لَوْنٌ محبوبٌ والصُفْرَةُ لونٌ مرغوبٌ»؛ «ذَهَبَ الكفرُ وجاءَ الإيمانُ»؛ «السماءُ مرفوعٌ والأرضُ موضوعٌ». بىرىنچى مىسالدىكى «البياضُ» بىلەن «الصُفْرَةُ» نىڭ ئارىسىدا ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاشلىق بولمىسىمۇ لېكىن ئۇ، كىشىنى «ئۇ ئىككىسى ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش نەرسە بولۇپ سېرىق ئەسلىدە ئاق ئىدى ئازراق دۇغ بولۇپ قالغانلىقتىن سېرىق بولۇپ قالغان، ئاقمۇ ئەسلىيدە سېرىق ئىدى ئۇنىڭغا سۇزۇك نەرسىدىن ئازراق قېتىلغانلىقتىن ئاق بولۇپ قالغان» دېگەن ۋەھىمگە سەپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «التماثلي» غا ئوخشۇشۇپ قېلىش پەيدا بولغان. ئىككىنچى مىسالدىكى «الكفرُ» بىلەن «الإيمانُ» نىڭ ئارىسىدا قارىمۇ ـ قارشىلىق يۈز بېرىپ قالغان. ئۈچىنچى مىسالدىكى «السماءُ» بىلەن «الأرضُ» نىڭ ئارىسىدا تولۇق قارىمۇ ـ قارشىلىق بولمىسىمۇ لېكىن قارىمۇ ـ قارشىلىقتا ئوخشۇشۇپ كېتىش يۈز بېرىپ قالغان.

خىيالى، تەسەۋۋۇر قىلىنغان ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىدا خىيالدىكى يېقىنلىقنىڭ بولىشى ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن : ﴿أَفَلَا يَنظُرُونَ إِلَى الْإِبِلِ كَيْفَ خُلِقَتْ وَإِلَى السَّمَاءِ كَيْفَ رُفِعَتْ وَإِلَى الْجِبَالِ كَيْفَ نُصِبَتْ وَإِلَى الْأَرْضِ كَيْفَ سُطِحَتْ﴾الغاشية ٢٠ – ١٧ . بۇ ئايەتتىكى «الْإِبِلِ»، «السَّمَاءِ»، «الْجِبَالِ» ۋە «الْأَرْضِ» قاتارلىقلارنىڭ ئارىسىدا ئاشكارا مۇناسىۋەت بولمىسىمۇ لېكىن بۇ خىتاپ ئەرەبلەرگە قىلىنغان ھامان بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ خىيالىغا تېزلا جۈغلىنىدۇ. چۈنكى تۆگە ئۇلارنىڭ ھايات كۆچۈرۈشتىكى قورالى، ئاسمان يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغان كۆز تۇمارى، زېمىن بولسا ئۇلاغلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق مەنبەسى ۋە تاغلاربولسا سەل قاتارلىق ئاپەتلەردىن پانالىنىدىغان تۇتىياسىدۇر. ئەمما بۇ نەرسىلەرنىڭ يازغۇچىلىق بىلەن ياكى ياغاچچىلىق بىلەن شۇغۇللانغا كىشىلەرنىڭ خىيالىغا جۈغلىنىشىنىڭ تېز بولىشى ناتايىن چۈنكى يازغۇچى قەلەم، قەغەز ۋە سىيا قاتارلىقلار بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانغانلىقتىن ئۇلارنىڭ خىيالىغا شۇ نەرسىلەرنىڭ جۈغلىنىشى تېزراق بولىدۇ، ياغاچچىنىڭكىگە بولسا كەكە، ھەرە ۋە رەندە قاتارلىقلارنىڭ جۈغلىنىشى تېزراق بولىدۇ. شۇڭ مۇشۇ ئېتىبالار بىلەنمۇ ئەتپە قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.



**2 ـ پەسلىنىڭ ئورۇنلىرى :**

**تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاردا ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىنى پەسلى قىلىش زۆرۈر بولىدۇ :**

**پەسلى قىلىش زۆرۈر بولىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرىنچىسى ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدا تولۇق بىردەكلىكنىڭ بولۇشى بولۇپ بۇ، ئىككىنچى جۈملە، ئەۋۋەلقى جۈملىنى تەكىتلىگۈچى بولۇش ئارقىلىق ياكى ئۇنى بايان قىلىپ بەرگۈچى بولۇش ئارقىلىق ۋە ياكى ئۇنىڭدىن بەدەل بولۇش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدا «كَمَالُ الاتِّصَالِ» بار دېيىلىپ پەسلى قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. تەكىت بولغىنىنىڭ مىسالى: ﴿فَمَهِّلِ الْكَافِرِينَ أَمْهِلْهُمْ رُوَيْداً﴾؛ ﴿مَا هَذَا بَشَراً إِنْ هَذَا إِلاَّ مَلَكٌ كَرِيمٌ﴾.**

**بەدەل بولغانىنىڭ مىسالى :** ﴿بَلْ قَالُوا مِثْلَ مَا قَالَ الْأَوَّلُونَ قَالُوا أَئِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَاباً وَعِظَاماً أَئِنَّا لَمَبْعُوثُونَ﴾؛ ﴿أَمَدَّكُم بِمَا تَعْلَمُونَ أَمَدَّكُم بِأَنْعَامٍ وَبَنِينَ وَجَنَّاتٍ وَعُيُونٍ﴾؛ ﴿اتَّبِعُوا الْمُرْسَلِينَ اتَّبِعُوا مَن لاَّ يَسْأَلُكُمْ أَجْراً وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾. **بايان بولغىنىنىڭ مىسالى :** ﴿يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءكُمْ﴾؛ ﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَى إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى﴾. **يۇقارقى شەكىللەرنىڭ ھەممىسىدە ئەتپى قىلىش تەرك ئېتىلدى، چۈنكى ئىككىنچى جۈملە ئەۋۋەلقى جۈملىنىڭ مەنىسىدە كەلدى ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى ۋەھالەنكى ھېچبىر نەرسە ئۆزىگە ئەتپە قىلىنمايدۇ، شۇنداقلا جۈزئىسىمۇ ئومومىسىغا ئەتپە قىلىنمايدۇ.**

٢- مواضع الفصل:

يَجِبُ الفَصْلُ بينَ الجملتينِ في مَواضِعَ :

الأَولُ - أَنْ يكونَ بينهما اتّحادٌ تامٌّ ، و ذلكَ بأَنْ تكونَ الجملةُ الثانيةُ مُؤكدةً للأُولى أَوْ بَيانًا لَهَا أَو بَدَلًا مِنْها ، ويُقال حِيْنَئذ : إنَّ بَيْنَ الجملتَينِ كَمَالَ الاتّصَالِ فيَجبُ الفَصْلُ . مثَالُ التوكيد قولُه تعالى ﴿فَمَهِّلِ الْكَافِرِينَ أَمْهِلْهُمْ رُوَيْداً﴾ الطارق١٧ ، و ﴿مَا هَذَا بَشَراً إِنْ هَذَا إِلاَّ مَلَكٌ كَرِيمٌ﴾ يوسف٣١ . ومثَالُ البَدَلِ قوله تعالى ﴿بَلْ قَالُوا مِثْلَ مَا قَالَ الْأَوَّلُونَ قَالُوا أَئِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَاباً وَعِظَاماً أَئِنَّا لَمَبْعُوثُونَ﴾ المؤمنون٨٢ - ٨١ ، و ﴿أَمَدَّكُم بِمَا تَعْلَمُونَ أَمَدَّكُم بِأَنْعَامٍ وَبَنِينَ وَجَنَّاتٍ وَعُيُونٍ﴾ الشعراء١٣٤ - ١٣٢ ، و ﴿اتَّبِعُوا الْمُرْسَلِينَ اتَّبِعُوا مَن لاَّ يَسْأَلُكُمْ أَجْراً وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾ يس٢١ - ٢٠ . ومثَالُ البَيَانِ قوله تعالى ﴿يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءكُمْ﴾ البقرة٤٩ ، و ﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَى إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى﴾ النجم٤ - ٣ . يَجيبُ تَرْكُ العطف في هذه الصور لأَنَّ الجملةَ الثانيةَ بمعنى الأَوّلِ أَو جُزْءٌ منها والشيءُ لا يُعْطَفُ على نَفْسِه ، وكذا الجزءُ لايُعطَفُ على كُلِّه .

پەسلى قىلىش زۆرۈر بولىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىككىنچىسى ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدا كۆرىنەرلىك يىراقلىقنىڭ بولىشى ئارقىلىق بولىدىغان بولۇپ بۇ، ئىككى جۈملىنىڭ خەۋەرى ۋە ئىنشائى بولۇش جەھەتتە لەبزەن ۋە مەنەن پەرىقلىنىش ئارقىلىق ياكى پەقەت مەنەنلا پەرىقلىنىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدا مەقسەتنىڭ قارىشىسىنى ۋەھىملەندۈرمەيدىغان «كَمَالُ الانْقِطَاعِ» بار دىيىلىپ پەسلى قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. لەبزەن پەرىقلىق بولغانىنىڭ مىسالى: ﴿ وَأَقْسِطُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ ﴾؛ ﴿إِيَاكَ نَعْبُدُ وإِيَاكَ نَسْتَعِينُ اهدِنَا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ ﴾(ئادىل بولۇڭلار، «اللَّهَ» ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ). پەقەت مەنەنلا پەرىقلىق بولغانىنىڭ مىسالى : «ماتَ فُلانٌ رَحِمَهُ اللهُ». يۇقىرىقى

الثاني – أنْ يكونَ بينَ الجملتينِ تَبَاينٌ تامٌّ ، وذلكَ بأنْ تَخْتَلفَانِ خَبَرًا وإنْشَاءً لَفْظًا ومَعْنى أو مَعْنى فقَطْ ، فيُقالُ حِيْنَئذٍ إنَّ بينَ الجملتينِ كَمَالَ الانْقطَاعِ بِلا إيْهَامٍ خِلافَ الْمُرادِ فيَجبُ الفَصْلُ . مِثَالُ الْمُخْتلفتينِ لفظًا ومعنى قوله تعالى ﴿ وَأَقْسِطُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ ﴾الحجرات٩ ، و ﴿إِيَاكَ نَعْبُدُ وإِيَاكَ نَسْتَعِينُ اهدِنَا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ ﴾الفاتحة٦ – ٥. ومِثَالُ الْمُخْتلفتينِ معنى فقَطْ قَوْلُكَ : ماتَ فُلانٌ رَحِمَهُ اللهُ . فَيَجِبُ تَرْكُ العطفِ في هاتَيْنِ الصُورَتَيْنِ لأنَّ الجملةَ الثانيةَ مُباينةٌ للأوْلى تَمَامَ الْمُبايَنَةِ ، والعطفُ يكون للرَّبطِ ، ولا رَبْطَ بَيْنَ الْمُتَبَايِنَيْنِ .

ئىككى خىل سۆرەتتە ئەتپە قىلىش تەرىك ئېتىلدى، چۈنكى ئىككىنچى جۈملە، بىرىنچى جۈملە بىلەن كۆرىنەرلىك دەرىجىدە پەرىقلىق بولدى ۋەھالەنكى ئەتپى بولسا ئۆز ئارا باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسىدۇر.

ئۆز ئارا كۆرىنەرلىك پەرىقلىنىۋاتقان نەرسىنىڭ ئارىسىدا باغلىنىش بولمايدۇ.

پەسلى قىلىش زۆرۈر بولىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئۈچىنچىسى ئىككى جۈملە خەۋەرى ۋە ئىنشائى بولۇش جەھەتتە بىردەك بولسىمۇ لېكىن مەنا جەھەتتىن مۇناسىۋەتسىز بولۇش ئارقىلىق بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىمۇ پەسلى قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : «عَلِيٌّ كاتبٌ اْلحَمامُ طائِرٌ».

پەسلى قىلىش زۆرۈر بولىدىغان ئورۇنلارنىڭ تۆتىنچىسى ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدا «شِبْهُ كَمَالِ الاتِّصالِ» نىڭ بولىشى ئارقىلىق بولىدىغان بولۇپ بۇ، ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئەۋۋەلقى جۈملە تەقەززا قىلغان سۇئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا ئەۋۋەلقى جۈملە سۇئالنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلۈپ، سۇئال بىلەن جاۋاپنىڭ ئارىسىدا تۇتىشىشچانلىق بولغانلىقتىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسى ئايرىۋېتىلگەنگە ئوخشاش ئەۋۋەلقى جۈملىدىن ئىككىنچى جۈملە ئايرىۋېتىلىدۇ. ۋە بۇنداق ئايرىۋېتىش «اسْتِئْنَافًا» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَمَا أُبَرِّئُ نَفْسِي إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوءِ﴾ (مەن ئۆزەمنى ئاقلىيالمايمەن: نەپسى دېگەن ھەقىقەتەن كۆپ ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ).

الثالثُ – أنْ تتَّفقَا خبَرًا وإنشاءً ، ولكنْ لا تَناسَبَ بيْنَهما في الْمَعنى ، فيَجِبُ الفَصْلُ كقولكَ : عَلِيٌّ كاتبٌ اْلحَمامُ طائِرٌ .

الرابعُ – أنْ يكونَ بينَ الجملتَيْنِ شِبْهُ كَمَالِ الاتِّصالِ ، وذلك بأنْ تكونَ الجملةُ الثانيةُ جوابًا لسُؤالٍ اقْتَضَتْهُ الأولى ، فتُنَزَّلَ الأولى مَنْزِلَةَ السُؤالِ فتفْصَلُ الثانيةُ عَنْهَا ، كما يُفْصَلُ الجوابُ عن السؤالِ لمَا بينهما مِن الاتِّصَالِ ، ويُسمى الفَصْلُ اسْتِئنَافًا كقوله تعالى ﴿وَمَا أُبَرِّئُ نَفْسِي إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوءِ﴾ يوسف٥٣ .

ففِيْ هذا الْمِثالِ ترى أنَّ الجملةَ الثانيةَ قَوِيَّةُ الرابطةِ بالأولى ، لأنَّها وَقَعَتْ جوَابًا لسُؤالٍ نَشأَ مِن الأولى ، فهذه الرابطةُ القويةُ تَمْنَعُ العطفَ ، لأنها أشْبَهَتْ حالةَ اتحادِ الجملتَيْنِ ، وحِيْنَئذٍ يُقال بينَ الجملتَيْنِ شِبْهُ كَمَالِ الاتصالِ .

بۇ مىسالدا ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئەۋۋەلقى جۈملە بىلەن باغلىنىشىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. چۈنكى ئۇ، ئەۋۋەلقى جۈملىدىن پەيدا بولغان «نىمشقا ئۆزەڭنى ئاقلىيالمايسەن؟» دېگەن سۇئالغا جاۋاپ بولۇپ كەلگەندۇر. شۇڭا بۇ خىل كۈچلۈك باغلىنىش ئەتپىنى چەكلەپ قويغان، چۈنكى بۇ خىل ئەھۋال ئىككى جۈملىنىڭ بىردەكلىك ھالىتىگە ئوخشاپ قالغان. بۇ چاغدا ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدا «شِبْهُ كَمَالِ الاتصالِ» بار دېيىلىدۇ.

پەسلى قىلىش زۆرۈر بولىدىغان ئورۇنلارنىڭ بەشىنچىسى ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدا تولۇق ئۈزۈلـ كىسىللىككە ئوخشىشىغۇچىنىڭ بولىشى ئارقىلىق بولىدىغان بولۇپ بۇ، مۇناسىۋەت بولغانلىقتىن بىرىگە ئەتپە قىلىش دۇرۇس بولىدىغان ۋە مەنىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىككىنچى بىرىگە ئەتپە قىلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئىككى جۈملىنىڭ مەلۇم بىر جۈملىدىن ئىلگىرى كېلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ چاغدا ئۇنىڭ، ئەتپە قىلىش دۇرۇس بولمايدىغان مۇشۇ جۈملىگە ئەتپە قىلىنغانلىقىنىڭ ۋەھىمىسىنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن ئەتپە قىلىش تەرك ئېتىلىدۇ. ۋە بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەتپە قىلىشنى چەكلىگۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدا «شِبْهُ كَمَالِ الانقطَاعِ» بار دېيىلىدۇ. مەسىلەن : «وَتَظُنُّ سَلْمَا أَنَّنِيْ أَبْغِي بِهَا * بَدَلًا أَرَاهَا فِي الضَّلَالِ تَهِيْمُ» (سەلما، مېنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنىڭ بولىشىنى ئۈمۈت قىلىۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىپتۇ، مەن ئۇنى ئازغۇنلۇقتا تېخىرقاپ يۈرۈپتۇ دەپ قارايمەن). بۇ مىسالدىكى «تَظُنُّ» بىلەن «أَرَاهَا» دىن ئىبارەت ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدا ئەتپە قىلىش دۇرۇس بولغىدەك ئاشكارا مۇناسىۋەت بولسىمۇ لېكىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ «أَرَاهَا» نى «أَبْغِي بِهَا» دېگەن جۈملىگە ئەتپە قىلىنغان ئوخشايدۇ دەپ ۋەھىملىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەتپە قىلىش تەرك ئېتىلدى. ئەگەر شۇندا بولغان بولسا مەقسەت ئۇنداق ئەمەس تۇرۇقلۇق ئىككىنچى جۈملىمۇ «سَلْمى» نىڭ گۇمانى بولۇپ قالىدىغان ئېھتىمال تۇغۇلۇپ قالاتتى. مانا بۇ مىسالدا «تَظُنُّ سَلْمَا» بىلەن «أَنَّنِيْ أَبْغِي بِهَا * بَدَلًا» دىن ئىبارەت ئىككى جۈملە «أَرَاهَا فِي الضَّلَالِ تَهِيْمُ» دېگەن جۈملىدىن ئىلگىرى كەلگەن بولۇپ، بۇ جۈملىنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى «تَظُنُّ سَلْمَا» دېگەن جۈملىگە ئەتپە قىلىش دۇرۇس ئەمما، مەنىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقى سەۋەبىدىن «أَنَّنِيْ أَبْغِي بِهَا * بَدَلًا» دېگەن جۈملىگە ئەتپە قىلىش دۇرۇس ئەمەس، شۇڭا بىز بۇ جۈملىنىڭ ئالدىغا ئەتپە ھەرپى كەلتۈرۈپ ۋەسلى قىلساق ئارىلىق يېقىن بولغانلىقتىن «بۇ ئەتپە ئەسلىدە ئەتپە قىلىش دۇرۇس بولمىغان مۇشۇ جۈملىگە ئەتپە قىلىنغان ئوخشايدۇ» دەيدىغان ۋەھىمە پەيدا بولۇپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى، دەل مۇشۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەردە پەسلى قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

الخامسُ – أنْ يكونَ بينَ الجملتينِ شِبْهُ كمالِ الانقطاعِ ، وذلك بأنْ تَقَدَّمَ على جُملةٍ جُمْلَتَانِ يَصِحُّ عَطْفُهَا على إحْداهما لِوُجُودِ الْمُناسبَةِ ، ولا يَصِحُّ عطفُهَا على الأخْرى لِفَسَادِ الْمعنى ، فَيُتْرَكُ العطفُ حينئذٍ دَفْعًا لِتَوهُّمِ أَنَّها مَعْطُوْفَةٌ على هذه الأخْرى ، وحينئذٍ يُقال بينَ الجملتينِ شِبْهُ كَمَالِ الانقطَاعِ ، باعْتِبَارِ اشْتِمَالِه على مانِعٍ مِن العطفِ كقولِ الشاعرِ :

وَتَظُنُّ سَلْمَا أَنَّنِيْ أَبْغِي بِهَا * بَدَلًا أَرَاهَا فِي الضَّلَالِ تَهِيْمُ .

فَبَيْنَ الجملتينِ – تَظُنُّ وأَرَاهَا – مُنَاسبَةٌ ظاهِرَةٌ ، لكنْ تُرِكَ العطفُ لِئَلَّا يَتَوَهَّمَ أَنَّهُ عطفٌ على جُملةِ أَبْغِي بِهَا ، فتَكُونُ الجملةُ الثانيةُ مَظْنُونَاتِ سَلْمى مَعَ أنهُ ليس مُرادًا .

پەسلى قىلىش زۆرۈر بولىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئالتىنچىسى ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدا مۇناسىپلىق ۋە باغلىنىش بولسىمۇ ئۇ ئىككىسىنى ھۆكۈمدە ئورتاقلاشتۇرۇش مەقسىدىنىڭ بولماسلىقىدىن ئىبارەت چەكلىگۈچىنىڭ ئولارنىڭ ئەتپە قىلىنىشىنى چەكلەپ تۇرىشى ئارقىلىق بولىدۇ. ۋە بۇ «التوسط بين الكمالين» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن : ﴿ وَإِذَا خَلَوْا إِلَى شَيَاطِينِهِمْ قَالُوا إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِئُونَ اللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ ﴾. بۇ ئايەتتىكى «الله يستهزئ بهم» دېگەن جۈملىنىڭ «إِنَّا مَعَكُمْ» دېگەن جۈملىگە ئەتپە قىلىنىشى دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق بولغاندا ئۇ ئايەتنىڭمۇ مۇناپىقلارنىڭ سۆزى بولۇشى زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ، ۋە ھالەنكى ئۇ ئاللانىڭ سۆزىدۇر. ۋە يەنە ئۇ ئايەتنىڭ «إِذَا» دېگەن زەرپ ئارقىلىق قەيت قىلىشتا شېرىكلىكى ۋە ئاللانىڭ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشىنىڭ ئۇلارنىڭ شەياتۇنلىرى بىلەن بولغان ھالىتىگە قەيت قىلىنىپ قىلىشى ۋەھىملىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن «قالوا» دېگەن جۈملىگە ئەتپە قىلىنىشىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ. مۇشۇ سەۋەپتىن بۇ يەردىمۇ پەسلى قىلىش زۆرۈر بولغان.

السادسُ – أنْ يكون بَيْنَ الجملتَين تَناسبٌ وارْتباطٌ لكنْ يَمْنَعُ مِن عطفِهما مانعٌ وهو عَدَمُ قَصْدِ اشْراكِهما في الْحُكْمِ ويسمى ذلك « التوسط بين الكمالين» . كقوله تعالى ﴿ وَإِذَا خَلَوْا إِلَى شَيَاطِينِهِمْ قَالُوا إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِئُونَ اللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ ﴾البقرة١٥-١٤ ، فَجُمْلَةُ « الله يستهزئ بهم » لا يَصِحُّ عَطفُها على جملةِ « إِنَّا مَعَكُمْ» لاقْتضائه أَنَّه مِن مَقُولِ الْمُنافقِيْنَ والحالُ أَنَّهُ مِن مَقُولِ الله تعالى ، ولا على جُمْلةِ « قالوا» لِئَلا يُتَوَهَّمَ مُشاركَتُهُ لَهُ في التقييدِ بالظرفِ ، وأنَّ استهزاءَ الله تعالى بهم مُقَيَّدٌ بِحَالِ خُلُوِّهِمْ إلى شَيَاطِيْنِهِمْ . ولهذا وَجَبَ الفصلُ .

## توققۇزىنچى باب

## ئېيجاز، ئىتناپ ۋە مۇساۋات ھەققىدە

مەنىلەردىن كۆڭۈلگە كەچكەنلىرىنىڭ ھەرقاندىقىنى ئېيجاز، ئىتناپ ۋە مۇساۋاتتىن ئىبارەت ئۈچ يول ئارقىلىق ئىپادىلەش مۇمكىن بولىدۇ.

### مۇساۋات

مۇساۋات دېگىنىمىز لەبزى مەنىنىڭ مىقدارىغا، مەنىمۇ لەبزىنىڭ مىقدارىغا ئاساسەن بولۇش ئاساسىدا مەقسەت قىلىنغان مەنىنى ئۇنىڭغا باراۋەر كېلىدىغان سۆز ئارقىلىق ئادا تاپتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسى، بەزىسىگە زىيادە بولمايدۇ. مانا بۇ، جۈملىلەرنىڭ كۆپىرەكى شۇ شەكىلدە بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇلىدىغان ئەسلىيلىكتۇر. مەسىلەن: ﴿كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ﴾ (ھەر بىر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دوزاققا مەھبۇستۇر)؛ ﴿وَإِذَا رَأَيْتَ الَّذِينَ يَخُوضُونَ فِي آيَاتِنَا فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ﴾ (بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە ئۇلار ئۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرمىغىن)؛ ﴿وَمَا تُقَدِّمُوا لِأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ اللَّهِ﴾ (ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەرقانداق ياخشى ئەمەل بولسا ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئۇنى تاپىسىلەر)؛ ﴿وَلَا يَحِيقُ الْمَكْرُ السَّيِّئُ إِلَّا بِأَهْلِهِ﴾ (ھىلە ـ مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىلە مىكىرنى ئىشلەتكەن كىشىنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ)؛ «سَتُبْدِي لَكَ الأيَامُ مَا كُنْتَ جاهلًا» (سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى پات ـ يېقىندا كۈنلەر ساڭا ئاشكارىلاپ بېرىدۇ). بۇ مىساللاردا سۆزلەرنىڭ مەنىلەرنىڭ مىقدارىغا ئاساسەن ئىشلىتىلگۈاتقانلىقىنى بايقايسىز، ئەگەر ئۇلارغا سۆز قىتىشقا ئۇرۇنسىڭىز ئۇ سۆز ئارتۇقچە بولۇپ قالىدۇ، ياكى ئۇلاردىن بىرەر كەلىمىنى ساقىت قىلماقچى بولسىڭىز جۈملىگە دەخلى يېتىدۇ. دېمەك سۆزلەر بۇ مىساللاردا مەنىلەرگە باپ ـ بارابەردۇر. شۇڭا جۈملىلەرنىڭ مۇشۇ تەرىقىدە كەلتۈرۈلىشى «مُساواة» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۆلچەمدىن جۈملىگە خەلەل يەتكۈزمەي كەملىگىنى ئېيجاز، مەقسەتلىك زىيادە قىلىنغىنى ئىتناپ بولىدۇ.

الباب التّاسع

في الإيجاز والإطناب والمساواة

كُلُّ ما يَجُول في الصَّدْر من المَعاني يُمْكِنُ أنْ يُعبرَ عنهُ بِثَلَاث طُرُقٍ : المُساواةُ والإيجازُ والإطْنَابُ .

المساواة

وهي تَأديةُ المعنى الْمُراد بعبَارة مُساوِية لَهُ ، بأنْ تكونَ الألفاظُ على قدْر المعاني ، والمعاني على قَدْر الأَلفاظ ، لا يَزِيدُ بَعْضُها على بعض . وهي الأصْلُ الذي يكونُ أكْثرُ الكلام على صُورته ويُقاسُ إليه ، كقَولِه تعالى ﴿كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ﴾المدثر٣٨ ، و ﴿وَإِذَا رَأَيْتَ الَّذِينَ يَخُوضُونَ فِي آيَاتِنَا فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ﴾الأنعام٦٨ ، و ﴿وَمَا تُقَدِّمُوا لِأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ اللَّهِ﴾البقرة١١٠ ، و ﴿وَلَا يَحِيقُ الْمَكْرُ السَّيِّئُ إِلَّا بِأَهْلِهِ﴾فاطر٤٣ ، و نحو سَتُبْدِي لَكَ الأيامُ مَا كُنْتَ جاهلًا .

ففي هذه الأمْثلة تَجدُ الألفاظَ بقَدْر المعاني ، وإنَّكَ لَوْ حَاوَلْتَ أنْ تزِيْدَ فيها لفظًا لجَاءَتْ الزيادةُ فضْلًا ، أَو أَرَدْتَ إسْقاط كلمة لكَانَ ذلك إخْلَالًا ، فالألفاظُ في كُلِّ مثَال مُساوِيةٌ للمعاني ، و لذَلكَ يُسمى أداءُ الكلام على هذا النحْو مُسَاواةً ، فَمَا نقصَ عَنْ هذا الْحَدّ بِدُوْنِ إخْلال فَإيجَازٌ ، و إنْ زادَ لفَائِدَة فإطْنَابٌ .

# ئىيجاز

ئىيجاز دېگىنىمىز كۆزلىگەن مەقسەتنى ئوتتۇرىھال كىشىلەرنىڭ ئادەتلەنگىنىدىن ئىخچامراق سۆز ئارقىلىق تولۇق ئادا تاپتۇرۇشتۇر. ياكى تولۇق ئىپادىلەش ئاساسىدا كۆپ مەنىلەرنى ئاز سۆزگە يىغىنچاقلاشتۇر. مەسىلەن: «إنما الأعمال بالنيات»؛ ﴿وَاسْأَلِ الْقَرْيَةَ﴾ . بىرىنچى مىسال بۇ قىسقىغىنە سۆز ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە زاكات بېرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نىيەتكە باغلىق بولىدىغانلىقىنى جۈملىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ھەزىپ قىلماستىنلا ئىپادىلىگەن، شۇڭا مۇشۇ كۆپ مەنىلەر ئازغىنا سۆزگە يىغىنچاقلانغان ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى مىسالدا بولسا جۈملىنىڭ مەلۇم قىسمى ھەزىپ قىلىنىش ئارقىلىق ئىخچاملانغان بولۇپ، ئەگەر ئۇ ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا «وَاسْأَلْ أَهْلَ الْقَرْيَةِ» بولغان بولاتتى.

| |
|---|
| الإيجاز<br><br>هو تَأْدِيَةُ الْمَعنى بِلَفْظ أَقَلَّ مِن مُتَعَارِفِ أَوْسَاطِ النَّاسِ فِي مُحَاوَرَاتِهِمْ مَعَ وَفَائِه بِالْمُرادِ ، أَو هو جَمْعُ المعاني الْمُتَكاثِرة تَحْتَ اللفظِ القليلِ مَعَ الإِبانَةِ والإِفْصَاحِ نحو « إنما الأعمال بالنيات » . فإِنْ لَمْ يَفِ كانَ إِخْلالًا وحَذْفًا رَدِيًّا ، فَلا يُعَدُّ الكلامُ صَحِيْحًا مَقبولًا . |

ئەگەر سۆز كۆزلىگەن مەنىنى ئادا تاپتۇرالمىسا، بۇ جۈملىگە خەلەل يەتكۈزگەنلىك ۋە نامۇۋاپىق ھەزىپ قىلىنغانلىق ھېسابلىنىپ جۈملە مەقبۇل بولۇشقا ئېرىشەلمىگەن ساغلام جۈملە بولماي قالىدۇ.

ئۇ «إِيْجَازُ قَصْرٍ» ۋە «إِيْجَازُ حَذْفٍ» دىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

1 - «إِيجَازُ قَصْرٍ» :

«إِيجَازُ قَصْرٍ» دېگىنىمىز، ھەزىپ قىلماستىنلا، كۆپ مەنىلەرنى قىسقا سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ بالاغەت ئالىملىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشتىكى مەركىزى نۇقتىسى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىر ـ بىرىدىن پەرىقلىنىدۇ.

وهو نَوْعَانِ : إِيجَازُ قَصْرٍ و إِيجَازُ حَذْفٍ .

١- إيجاز قصر :

هو أَنْ تُؤَدِّي المعانِيَ الكَثِيرَةَ بعبَارَةٍ قَصِيْرَةٍ من غيرِ حَذْفٍ ، وهو مَرْكَزُ عنايَةِ البُلَغَاءِ ، و بِهِ تَتَفَاوَتُ أَقْدَارُهُمْ كقوله تعالى ﴿ خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ ﴾الأعراف١٩٩، فَهَذا الآيَةُ القَصِيْرَةُ جَمَعَتْ مَكَارِمَ الأَخْلاقِ وانْطَوَتْ تَحْتَهَا كُلُّ دَقِيقٍ وجَلِيْلٍ . وكقوله تعالى ﴿ وَلَكُمْ فِي الْقِصَاصِ حَيَاةٌ ﴾البقرة١٧٩، فهي جُمْلَةٌ جامعةٌ تَضَمَّنَتْ سِرًّا مِن أَسْرَارِ التَّشْرِيعِ الْجَلِيْلَةِ التي عَلَيها مَدارُ سَعَادةِ الْمُجْتَمَعِ البَشَرِي في دُنْياهُ وأُخْراهُ . وكقوله تعالى ﴿ أَلَا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ ﴾الأعراف٥٤، فَهَاتَانِ كَلِمَتَانِ أَحَاطَتَا بِجَمِيعِ الأَشْيَاءِ على غَايَةِ الاسْتِقْصَاءِ . و كقوله تعالى في وَصْفِ الْجَنَّةِ : ﴿ وَفِيهَا مَا تَشْتَهِيهِ الْأَنفُسُ وَتَلَذُّ الْأَعْيُنُ ﴾الزخرف٧١ . وهذا الأُسْلوبُ مِن الكلامِ يُسمى إيجازَ قَصْرٍ .

مەسىلەن : ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾ . بۇ قىسقىغىنا ئايەت ئىسىل ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسىنى جەملىگەن ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ۋە نازۇك نۇختىلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن.

﴿وَلَكُمْ فِي الْقِصَاصِ حَيَاةٌ﴾ . بۇ ئايەت، ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادىتى ئۇنىڭغا باغلىق بولغان ئەڭ ئىسىل قانۇننىڭ سىرلىرىدىن ناھايىتى چوڭ بىر سىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇملۇققا ئىگە ئايەتتۇر.يەنە بىر مىسال : ﴿أَلَا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ﴾ . بۇ ئىككى كەلىمە بارلىق شەيئىلەرنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان. ۋە يەنە جەننەنىڭ سۈپىتى ھەققىدىكى ئاللانىڭ ﴿وَفِيهَا مَا تَشْتَهِيهِ الْأَنفُسُ وَتَلَذُّ الْأَعْيُنُ﴾ دېگەن سۆزىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

جۈملىلەردىكى بۇ خىل ئۇسلۇپ «إيجاز قَصْرٍ» دەپ ئاتىلىدۇ.

2 - «إيجازُ حَذْفٍ»:

«إيجازُ حَذْفٍ» دىگىنىمىز، ھەزىپ قىلىنغۇچىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان قەرىنە بار ئەھۋالدا كەلىمىنى ياكى جۈملىنى ۋە ياكى كۆپرەك نەرسىنى ھەزىپ قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغانى بولۇپ بۇ، «إيجازَ حَذْفٍ» دەپ ئاتىلىدۇ. كەلىمىنى ھەزىپ قىلىشنىڭ مىسالى: ﴿وَجَاءَ رَبُّكَ وَالْمَلَكُ صَفًّا صَفًّا﴾. بۇنىڭدا بىرەر نەرسە ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا «وَجَاءَ أَمْرُ رَبِّكَ» بولاتتى. يەنە بىر مىسال: ﴿لِمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ﴾ ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا «لِمَن كَانَ يَرْجُو رَحْمَةَ اللَّهِ» بولاتتى. يەنە بىر مىسال: ﴿يَخَافُونَ رَبَّهُم﴾ ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا «يَخَافُونَ عَذَابَ رَبِّهِم» بولاتتى. يەنە بىر مىسال: ﴿وَاسْأَلِ الْقَرْيَةَ﴾ ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا «وَاسْأَلْ أَهْلَ الْقَرْيَةِ» بولاتتى. يەنە بىر مىسال: ﴿لِلَّهِ الْأَمْرُ مِن قَبْلُ وَمِن بَعْدُ﴾ ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا «لِلَّهِ الْأَمْرُ مِن قبلِ ذلكَ و مِن بَعدِهِ» بولاتتى. يەنە بىر مىسال: ﴿وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَالِحاً﴾ ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا «لِلَّهِ الْأَمْرُ مِن قبلِ ذلكَ و مِن بَعدِهِ وَمَن تَابَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحاً» بولاتتى. يەنە بىر مىسال: ﴿لَا يُسْأَلُ عَمَّا يَفْعَلُ وَهُمْ يُسْأَلُونَ﴾ ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا «لَا يُسْأَلُ عَمَّا يَفْعَلُ وَهُمْ يُسْأَلُونَ عَمَّا يَفْعَلُونَ» بولاتتى.

> ٢- إيجازُ حَذْفٍ :
>
> ويكونُ بِحَذْفِ كَلِمَةٍ أو جُمْلَةٍ أو أَكْثَرَ مَعَ قرينَةٍ تُعَيِّنُ الْمَحذوفَ ، وَيُسمى إيجازَ حَذْفٍ . فَحَذْفُ الكلمة مثْلُ قوله تعالى ﴿وَجَاءَ رَبُّكَ وَالْمَلَكُ صَفًّا صَفًّا﴾ الفجر٢٢ ، أيْ أَمْرُ رَبِّكَ . و ﴿لِمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ﴾ الأحزاب٢١ ، أيْ رَحْمَتَهُ . و ﴿يَخَافُونَ رَبَّهُم﴾ النحل٥٠ ، أيْ عَذَابَهُ . و ﴿وَاسْأَلِ الْقَرْيَةَ﴾ يوسف٨٢ ، أيْ أَهْلَ القريةِ . و ﴿لِلَّهِ الْأَمْرُ مِن قَبْلُ وَمِن بَعْدُ﴾ الروم٤ ، أيْ مِن قبلِ ذلكَ و مِن بَعدِهِ . و ﴿وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَالِحاً﴾ الفرقان٧١ ، أيْ عَمَلًا صَالِحًا ، و ﴿لَا يُسْأَلُ عَمَّا يَفْعَلُ وَهُمْ يُسْأَلُونَ﴾ الأنبياء٢٣ ، أي عَمَّا يَفْعَلُونَ .

جۈملىنى ھەزىپ قىلىشنىڭ مىسالى: ﴿ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ بَلْ عَجِبُوا أَن جَاءَهُمْ مُنذِرٌ مِّنْهُمْ﴾ (قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ ئۆز ئىچىدىن كەلگەنلىكىدىن ئەجەپلەندى). ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا قەسەمنىڭ جاۋابىنىڭ كىلىشى زۆرۈر بولغانلىقتىن « ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ لَتُبْعَثُنَّ بَلْ عَجِبُوا أَن جَاءَهُمْ مُنذِرٌ مِّنْهُمْ » بولاتتى. يەنە بىر مىسال: ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ اتَّقُوا مَا بَيْنَ أَيْدِيكُمْ وَمَا خَلْفَكُمْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا

وحَذْفُ الجملة مثْل قولُهُ تعالى ﴿ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيد بَلْ عَجِبُوا أَن جَاءَهُمْ مُنذِرٌ مِّنْهُمْ فَقَالَ الْكَافِرُونَ هَذَا شَيْءٌ عَجِيبٌ﴾ق٢ -١ ، و التقديرُ : ق والقرآنِ المجيد لَتُبْعَثُنَّ . ومثْلُ ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ اتَّقُوا مَا بَيْنَ أَيْدِيكُمْ وَمَا خَلْفَكُمْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾يس٤٥ ، و التقديرُ : أَعْرَضُوا . ومثْلُ ﴿وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ﴾فاطر٤ ، أيْ وإنْ يُكذِّبُوكَ فَلا تيْأَسْ واصْبِرْ . وقولُهم : أَكَلْتُ فاكِهَةً وماءً ، أيْ وشَرِبْتُ ماءً .

وحَذْفُ الأكثرِ مثْل قولُهُ تعالى ﴿فَأَرْسِلُونِ ، يُوسُفُ أَيُّهَا الصِّدِّيقُ﴾ يوسف٤٥ – ٤٦، أيْ أَرْسِلُوْنِي إلى يُوْسُفَ لأَسْتَعْبِرَ الرُّؤيا ففعَلُوْا فأَتَاهُ وقال لَهُ يا يُوْسُفُ . ومثْلُ ﴿فَقُلْنَا اضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا كَذَلِكَ يُحْيِي اللَّهُ الْمَوْتَى﴾البقرة٧٣ ، أيْ فَضَرَبُوهُ بِهَا فَحَيَى فَقُلْنَا كذلكَ يُحْيى اللّهُ المَوتى .

« وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ اتَّقُوا مَا بَيْنَ أَيْدِيكُمْ وَمَا خَلْفَكُمْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ أَعْرَضُوا » بولاتتى. يەنە بىر مىسال: ﴿وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ﴾ ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا « وإِنْ يُكَذِّبُوكَ فَلا تَيْأَسْ واصْبِرْ فَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ » بولاتتى. يەنە بىر مىسال: « أَكَلْتُ فَاكِهَةً ومَاءً » بۇ ئەسلىيدە « أَكَلْتُ فَاكِهَةً وشَرِبْتُ ماءً » ئىدى.

كۆپرەك نەرسىنىڭ ھەزىپ قىلىنغىنىنىڭ مىسالى: ﴿فَأَرْسِلُونِ ، يُوسُفُ أَيُّهَا الصِّدِّيقُ﴾ ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا « فَأَرْسِلُونِي إلى يُوْسُفَ لأَسْتَعْبِرَ الرُّؤيا فَفَعَلُوْا فَأَتَاهُ وقال لَهُ يا يُوْسُفُ أَيُّهَا الصِّدِّيقُ » بولاتتى. ﴿فَقُلْنَا اضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا كَذَلِكَ يُحْيِي اللَّهُ الْمَوْتَى﴾ (كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار دېدۇق، « اللّهُ » ئۆلۈكنى شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ) ھەزىپ قىلىنمىغان بولسا « فَقُلْنَا اضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا فَضَرَبُوهُ بِهَا فَحَيَى فَقُلْنَا كَذَلِكَ يُحْيِي اللّهُ الْمَوْتَى » بولاتتى.

ھەزىپ قىلىش ئۈچۈن ھەزىپ قىلىنغان نەرسىگە دالالەت قىلغۇچىنىڭ بولىشى زۆرۈر بولىدۇ. ئۇ دالالەت قىلغۇچى ئەقىل، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە «بِسم الله» دىكىگە ئوخشاش ئىش ـ ھەركەتكە تۇتۇش قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق دالالەت قىلغۇچى بولماي قالسا بۇنداق ھەزىپ قىلىش ئورۇنسىز بولىدۇ ۋە جۈملىمۇ قوبۇل قىلىنمايدىغان جۈملە بولۇپ قالىدۇ.

ولابُدَّ لِلحَذْفِ مِن دَلِيْلٍ وهو العَقْلُ ، أو العُرْفُ والعَادَةُ ، أو الشُروعُ في فِعْلٍ كـ بِسم الله ، و إلا كانَ الْحَذْفُ رَدْيًا و الكلامُ غيرَ مَقْبولٍ .

ومِن دواعِي الإيجازِ : تَسْهيلُ الْحِفْظِ ، وإخْفاءُ الأمْرِ عن غيرِ الْمُخاطبِ ، وخَوْفُ فَوْتِ الفُرْصَةِ ، وذكاءُ الْمُخاطبِ ، والاخْتِصارُ ، والضَّجْرُ والسَّآمَةُ .

ومِن مَواطِنِ اسْتِحْسَانِ الإيجازِ : الأَوَامِرُ والنَّواهِي السُّلطانية ، و الشكر ، والاستعطاف ، وشكوى الحال ، والاعتذار ، والتعزية ، والعتاب وغير ذلك .

ئىيجاز قىلىشنىڭ سەۋەپلىرى: يادلاشنى ئاسانلاشتۇرۇش، ئىشنى مۇخاتەپتىن باشقىلاردىن يوشۇرۇش، پۇرسەتنىڭ ئۆتۈپ كىتىشىدىن ئەنسىرەش، مۇخاتەپنىڭ زېرەكلىكى، ئىخچاملاش، تىتتىك بولۇش ۋە زېرىكىش قاتارلىقلاردۇر.

ئىيجاز قىلىش ياخشى بولىدىغان ئورۇنلار : شاھانە بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر، رەھمەت ئېيتىش، شەپقەت تىلەش، ھال ئېيتىش، ئۆزرە ئېيتىش، تەسەللى بىرىش ۋە كايىش قاتارلىق ئورۇنلار ۋە بۇلاردىن سىرىت ئىخچام سۆزلەش زۆرۈر بولىدىغان ئورۇنلاردۇر.

## ئىتناپ

ئىتناپ دىگىنىمىز، مەلۇم بىر مەنىنى مەقسەتلىك ھالدا بالاغەت ئالىملىرىدىن ئورتىھاللىرىنىڭ ئادەتلەنگىنىدىن كۆپرەك ئىبارە ئارقىلىق ئادا تاپتۇرۇشتۇر. ياكى مۇلۇم پايدىنىڭ سەۋەبىدىن لەبزىنى مەنىدىن زىيادە قىلىشتۇر. شۇڭا ئەگەر زىيادە قىلىشنىڭ پايدىسى بولمىسا بۇ ئىتناپ بولمايدۇ بەلكى ئۇ، ئارتۇق نەرسە مۇئەييەن بولمىسا تەتۋىل، مۇئەييەن بولسا ھەشۋى بولىدۇ. بۇ ئىككىلىسى بالاغەت ئالىملىرىنىڭ نىشانىدىن چەتتە قالغان ئورۇنلاردۇر. تەتۋىلنىڭ مىسالى : «و أَلْفَي قَوْلَهَا كَذِبًا و مَيْنًا »(ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ساختا ۋە يالغان ئىكەنلىكىنى بايقىدى). بۇ مىسالدىكى «كَذِبًا» بىلەن «مَيْنًا» بىر مەنىدىكى سۆز بولۇپ، «و» مۇتلەقەن جەمئىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئارتۇقچە بولۇپ قالغانلىقى نامەلۇم بولۇپ قالغان. ھەشۋىنىڭ مىسالى : «و اعْلَمْ عِلْمَ اليَوْمِ والأَمْسِ قَبْلَهُ». بۇنىڭدا «قَبْلَهُ» نىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكى مەلۇم بولغانلىقتىن بۇ ھەشۋى بولۇپ قالغان.

ئىتناپ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچىلىغان ئىشلار سەۋەبىدىن بولىدۇ:

**1** ـ مەنىنى مۇخاتەپنىڭ زىھنىگە ئورنىتىۋېتىش ئۈچۈن مۇبھەمدىن كىيىن ئىزاھلاش ئارقىلىق ئىتناپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَقَضَيْنَا إِلَيْهِ ذَلِكَ الأَمْرَ أَنَّ دَابِرَ هَـؤُلاءِ مَقْطُوعٌ مُّصْبِحِينَ﴾ (سەھەردە بۇلارنىڭ يىلتىزى قۇرۇتىلىدۇ، دىگەن ھۆكۈمنى لوتقا ۋەھى قىلدۇق). بۇ ئايەتتىكى «أَنَّ دَابِرَ هَـؤُلاءِ مَقْطُوعٌ مُّصْبِحِينَ» دىگەن سۆز، «الأَمْرَ» دىگەن سۆز ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇبھەملىكنى ئىزاھلىغۇچىدۇر. بۇ، بىر قىتىم ئىجمالى يەنە بىر قىتىم كونكرىتنى سۆزلەش يولى بىلەن ئۇنى ئىككى قىتىم تىلغا ئىلىش ئارقىلىق، مەنىنىڭ مۇخاتەپنىڭ زىھنىگە ئورنىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر.

> ### الإطناب
>
> هو تَأْدِيةُ الْمعنى بِعِبَارةٍ زائدة عن مُتعارف أَوْسَاطِ البُلغاء لِفَائدة ، أو هو زيادةُ اللفظِ على مَعنى لِفَائدة . فإنْ لَمْ تَكُنْ في الزيادة فائدةٌ لَمْ يَكُنْ إطْنَابًا ، بَل كانَ تَطْوِيلًا إذا كانَ الزائدُ غيْرَ مُتَعَيِّنٍ ، و حَشْوًا إذا كانَ الزائدُ مُتَعَيِّنًا ، وكِلَاهُمَا بِمَعْزِل عن أَهْداف البلاغة . فالتطويلُ نحو و أَلْفَي قَوْلَهَا كَذِبًا و مَيْنًا . والْحَشْوُ نحو و اعْلَمْ عِلْمَ اليَوْمِ والأَمْسِ قَبْلَهُ.
>
> ويكونُ الإطنابُ بِأُمُور عدَّة ، منْهَا :
>
> ١- الإيضَاحُ بَعْدَ الإبهامِ ، لِتَقْرِيرِ الْمعنى في ذهنِ السامع كقوله تعالى ﴿وَقَضَيْنَا إِلَيْهِ ذَلِكَ الأَمْرَ أَنَّ دَابِرَ هَـؤُلاءِ مَقْطُوعٌ مُّصْبِحِينَ﴾الحجر٦٦، فقوله « أن دابر هؤلاء . . . » إِيضَاحٌ للإبهامِ الذي تَضَمَّنَهُ لفظُ الأمْرِ ، و ذلكَ لِزيادة تَقريرِ المَعنى بِذِكْرِه مَرَّتَيْنِ ، مَرَّةً على طَرِيقِ الإجْمالِ و الإبهامِ ، ومَرَّةً على طَرِيقِ الإيضَاحِ و التَّفْصِيلِ .

2 ـ خاسنىڭ ئارتۇقلۇقنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ھەتتاكى سۈپەتتىكى ئوخشىماسلىقنى زاتتىكى ئوخشىماسلىقنىڭ ئورنىغا چۈشۈرگەنلىكتىن ئۇ خاسنىڭ ئامنىڭ جىنسىدىن ئەمەستەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئەتپە قىلىش يولى ئاساسىدا، ئومۇمدىن كېيىن خاسنى زىكىر قىلىش ئارقىلىق ئىتناپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿ تَنَزَّلُ الْمَلَائِكَةُ وَالرُّوحُ فِيهَا ﴾. بۇ ئايەتتىكى «الرُّوحُ» دىن مۇرات جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بولۇپ بۇ، گەرچە مالائىكە دېگەن سۆزنىڭ ئومومى ئۇقۇم دائىرىسىگە كىرسىمۇ ئۇنىڭ ۋەھىي يەتكۈزۈش قاتارلىق سۈپەتتىكى ئوخشىماسلىقى جىنسىدىكى ئوخشىماسلىقنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلگەنلىكتىن بۇ خاسنىڭ، مالائىكىدىن ئىبارەت ئومۇمنىڭ جىنسىدىن ئەمەستەك بولۇپ كەتكەنلىگىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئەتپە قىلىنىپ ئىتناپ ھاسىل قىلىنغان.

3 ـ خاسقا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە، ئومۇملۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەتپە قىلىش يولى ئاساسىدا خاستىن كېيىن ئومۇمنى زىكىر قىلىش ئارقىلىقمۇ ئىتناپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿ رَبِّ اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِمَن دَخَلَ بَيْتِيَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ ﴾. بۇ ئايەتتە نوھ ئەلەيھىسسالام، ئۆزىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە ئۆيىگە كىرگەن مۆئمىنلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە بۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ» دېگەن ئومومى سۆزنى قىلىش ئارقىلىق ئىتناپنى پەيدا قىلغان. يەنە بىر مىسال : ﴿ وَمَا أُوتِيَ مُوسَى وَعِيسَى وَالنَّبِيُّونَ ﴾ (مۇساغا ۋە ئىيساغا شۇنداقلا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن نەرسىگە).

٢- ذِكْرُ الْخَاصِّ بَعْدَ الْعَامِّ على سَبِيْلِ العطف ، لِتَنْبِيْهٍ على فَضْلِ الخَاصِ حتى لَيْسَ مِن جِنْسِ العَامِّ ، تَنْزِيْلًا لِلتَغَايُرِ في الوَصْفِ مَنْزِلَةَ التَّغَايُرِ في الذاتِ كقولِه تعالى ﴿ تَنَزَّلُ الْمَلَائِكَةُ وَالرُّوحُ فِيهَا ﴾ القدر٤ ، والروحُ جبرئيلُ عليه السلامُ وهو دَاخِلٌ في عُمُومِ الْمَلائِكَةِ .

٣- ذِكْرُ العَامِّ بَعْدَ الخَاصِّ على سَبِيْلِ العطف لإِفَادةِ العُمُومِ مَعَ العِنَايَةِ بِشَأْنِ الخَاصِّ كقوله تعالى ﴿ رَبِّ اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِمَن دَخَلَ بَيْتِيَ مُؤْمِناً وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ ﴾ نوح٢٨ ، و نحو ﴿ وَمَا أُوتِيَ مُوسَى وَعِيسَى وَالنَّبِيُّونَ ﴾ آل عمران٨٤ .

4 ـ نۇرغۇن ئېھتىياجلار سەۋەبىدىن تەكرارلاش ئارقىلىقمۇ ئىتناپ قىلىنىدۇ. خۇددى ﴿كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ ثُمَّ كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ﴾؛ ﴿فَإِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْراً إِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْراً﴾ دېگەن مىساللاردا تەكىتلىگەنگە ئوخشاش ۋە «قَرَأْتُ الكتابَ بَابًا بَابًا وفَهِمْتُهُ كَلِمَةً كَلِمَةً» دېگەن مىسالدا تەكىتلىگەنگە ئومۇملىقنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغانلىغا ئوخشاش ۋە يەنە ﴿ثُمَّ إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ هَاجَرُواْ مِن بَعْدِ مَا فُتِنُواْ ثُمَّ جَاهَدُواْ وَصَبَرُواْ إِنَّ رَبَّكَ مِن بَعْدِهَا لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾؛ ﴿إِذْ قَالَ يُوسُفُ لِأَبِيهِ يَا أَبتِ إِنِّي رَأَيْتُ أَحَدَ عَشَرَ كَوْكَباً وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ رَأَيْتُهُمْ لِي سَاجِدِينَ﴾ دېگەن مىساللاردا ئارىلىقنىڭ ئۇزىراپ كەتكىنىگە ئوخشاش.

5 ـ ئىغال قىلىش ئارقىلىقمۇ ئىتناپ قىلىنىدۇ. ئېيغال دېگىنىمىز، ئاشكارىلىمىسىمۇ مەنا تولۇق بولىۋېرىدىغان ئەمما ئاشكارىلىسا نازۇك بىر نوختىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان نەرسە ئارقىلىق جۈملىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتۇر. مەسىلەن : ﴿اتَّبِعُوا الْمُرْسَلِينَ اتَّبِعُوا مَن لاَّ يَسْأَلُكُمْ أَجْراً وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾. بۇ ئايەتتىكى «وَهُمْ مُهْتَدُوْنَ» دېگەن سۆز ئۇنى ئاشكارا زىكىر قىلمىسىمۇ مەنا تولۇق بولىۋېرىدىغان نەرسىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى ئەلچىلەر شەكسىز ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر. لېكىن ئۇ سۆزنى ئىتناپ قىلىپ كەلتۈرۈشتە ئاشۇ ئەلچىلەرگە ئەگىشىشكە تەرغىپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىنچىكە نوختا بار.

٤- التكريرُ لداعٍ ، كالتأكيد نحو قوله تعالى ﴿كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ ثُمَّ كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ﴾التكاثر٤ – ٣، و ﴿فَإِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرا إِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرا﴾ الشرح٥- ٦ . وقَصْد الاسْتيْعَاب نحو قرَأْتُ الكتَابَ بَابًا بَابًا وفَهِمْتُهُ كَلِمَةً كَلِمَةً . وطُوْل الفَصْل كقوله تعالى ﴿ثُمَّ إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ هَاجَرُواْ مِن بَعْدِ مَا فُتِنُواْ ثُمَّ جَاهَدُواْ وَصَبَرُواْ إِنَّ رَبَّكَ مِن بَعْدِهَا لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾النحل١١٠، وكقوله تعالى ﴿إِذْ قَالَ يُوسُفُ لِأَبِيهِ يَا أَبتِ إِنِّي رَأَيْتُ أَحَدَ عَشَرَ كَوْكَباً وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ رَأَيْتُهُمْ لِي سَاجِدِينَ﴾يوسف٤ .

٥- الإيغالُ ، وهو خَتْمُ الكلام بِمَا يُفيْدُ نُكْتَةً يَتِمُّ الْمَعنى بِدُونِ التَّصْرِيْحِ بِها كقوله تعالى ﴿اتَّبِعُوا الْمُرْسَلِينَ اتَّبِعُوا مَن لاَّ يَسْأَلُكُمْ أَجْراً وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾ يس٢٠-٢١ ، فقوله «وَهُمْ مُهْتَدُوْنَ» مِمَّا يُتِمُّ الْمَعنى بِدُوْنِه لأَنَّ الرسولَ مُهْتَدٌ لا مَحالةَ ، إلا أَنَّ فِيه زِيادةَ حَثٍّ على اتباعِ الرسلِ .

6 ـ تەكمىل بولۇپ، بۇ ئىھتىراس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەكمىل دېگىنىمىز، مەقسەتنىڭ قارشىسىنى ۋەھىملەندۈرۈپ قويىدىغان جۈملىدە ئۇنى دەپئى قىلىدىغان نەرسىنى كەلتۈرۈشتۇر. بۇ دەپئى قىلىنغۇچى گاھىدا جۈملىنىڭ ئوتتىرىدا ۋە گاھىدا ئاخىرىدا كېلىدۇ. مەسىلەن : ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ ﴾. ئاللا بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەرنى «أَذِلَّةٍ» دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلىۋىدى، بۇ سۈپەتلەش، «بۇنداق بولىشى ئۇلارنىڭ ئاجىزلىق سەۋەبىدىن ئوخشايدۇ» دېگەن ۋەھىمنى پەيدا قىلىپ قويىدى، شۇڭا «اللّـهُ»، بۇنداق بولىشى ئۇلارنىڭ مۆئمىنلەرگە نىسبەتەن كەمتەرلىكىدىن بولغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن «أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ» دېگەن سۆزنى جۈملىنىڭ ئاخىرىغا كەلتۈرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق بۇ ۋەھىمنى دەپئى قىلغان. ۋە يەنە بىر مىسال : ﴿ اسْلُكْ يَدَكَ فِي جَيْبِكَ تَخْرُجْ بَيْضَاء مِنْ غَيْرِ سُوءٍ ﴾ (قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق دۇغ يوق ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ).

> ٦- التَكْمِيلُ ، ويُسمى الاحْتِرَاسَ أيضًا ، وهو أنْ يُؤتى في كلامٍ يُوهِمُ خِلَافَ الْمَقْصُودِ بِمَا يَدْفَعُهُ ، وذلكَ الدافعُ قَدْ يكونُ في وَسَطِ الكلامِ ، وقَدْ يكونُ في آخرِهِ كقوله تعالى ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ ﴾المائدة٥٤ . لَمَّا وَصَفَهُمْ بِالذِلَّةِ أَوْهَمَ أنْ يكونَ ذلكَ لِضَعْفِهِمْ فَدَفَعَهُ بِقولِهِ : « أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ » تَنْبِيْهًا على أنَّ ذلكَ تَوَاضعٌ مِنْهُمْ للمؤمنِينَ ، وكقوله تعالى ﴿ اسْلُكْ يَدَكَ فِي جَيْبِكَ تَخْرُجْ بَيْضَاء مِنْ غَيْرِ سُوءٍ ﴾القصص٣٢ .

7 ـ تەتمىم بولۇپ ئۇ، مەقسەتنىڭ قارشىسىنى ۋەھىملەندۈرۈپ قويىدىغان جۈملىدە، مۇبالىغە قىلغانغا ئوخشاش ئىنچىكە نوختىنىڭ سەۋەبىدىن مەپئۇل ۋە ھال قارتالىق نەرسىنى كەلتۈرۈشتۇر. مەسىلەن: ﴿ وَيُطْعِمُونَ الطَّعَامَ عَلَى حُبِّهِ مِسْكِيناً وَيَتِيماً وَأَسِيراً ﴾. بۇ ئايەت «حُبِّهِ» دىكى زىمىر، «اللّهُ» غا ئەمەس بەلكى «الطَّعَامَ» غا يانغان ئەھۋالدا تەتمىمنىڭ مىسالى بولىدۇ. شەكسىزكى بۇنداق «ئۆزى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ» دېيىش ئارقىلىق سۆزلەش، ئۇنى دېمەيلا تائام بىرىشتىن ئىبارەت سېخىلىقنى مەدھىلىگەندىن مۇبالىغىرەكتۇر. يەنە بىر مىسال:

٧– التَّتميْمُ ، وهو أنَّ يُؤتى في كلامٍ لا يُوهِمُ خلافَ الْمَقصود بفَضْلَة مثْل مَفعولٍ أو حالٍ أو نحو ذلكَ لنُكْتَة ، كالْمُبالغة في قوله تعالى ﴿ وَيُطعمُونَ الطَّعَامَ عَلَى حُبِّه مسْكِيناً وَيَتِيماً وَأَسِيراً ﴾الإنسان٨ ، على أنْ يكونَ الضميرُ في حُبّه للطعامِ ، ولا شَكَّ أنَّ هذا أبْلَغ في الْمَدْح بالكَرَم من مُجَرَّد إطْعَام الطعامِ . ومثْلُهُ قوله تعالى ﴿ فَخَرَّ عَلَيْهِمُ السَّقْفُ مِن فَوْقِهِمْ ﴾النحل٢٦، دل بقوله « من فَوْقِهِمْ » على الإحَاطَة والشُّمُول .

٨– التَّذْيِيْلُ ، وهو تَعْقيبُ الْجُمْلَة بجُمْلَة أُخْرى تَشْتَمِلُ على مَعْنَاهَا تَوْكِيْدًا لَهَا ، وهو ضَرْبَان :

الأَوَّلُ ضَرْبٌ يَجْري مَجرى الْمَثَلِ إنْ اسْتَقَلَّ مَعْنَاهُ واسْتَغْنَى عَمَّا قَبْلَهُ كقوله تعالى ﴿ وَقُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ إِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقاً ﴾الإسراء٨١ ، فقوله « إِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقاً » تَذْيِيْلٌ لتأْكِيد مَنْطُوق الْجُمْلَة الأُوْلى ، وهو جارٌ مَجرى الْمَثَل ، لاسْتقْلاله بالإفادة بتَضَمُّنه مَعْنى كُلِّيًا وهو أنَّ الباطلَ لا تَقُومُ لَهُ قائمةٌ .

﴿ فَخَرَّ عَلَيْهِمُ السَّقْفُ مِن فَوْقِهِمْ ﴾ (ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھىلە ـ مىكىر بىناسىنىڭ ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى). «اللّهُ» بۇ ئايەتتىكى «مِن فَوْقِهِمْ» دىگەن سۆزى ئارقىلىق ئومۇملىق ۋە تەلتۆكۈسلۈكنى ئىپادىلىگەن.

8 ـ تەزيىل بولۇپ ئۇ، مەلۇم بىر جۈملىگە ئۇنى تەكىتلىگەن ھالدا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان يەنە بىر جۈملىنى ئەگەشتۈرۈشتۇر. بۇ تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ :

بىرىنچىسى گەرچە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نەرسىدىن بىھاجەت ۋە مەنىسى مۇستەقىل بولسىمۇ مەسەلنىڭ ئورنىدا يۈرىشىدىغان تۈردۇر. مەسىلەن : ﴿ وَقُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ إِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقاً ﴾. بۇ ئايەتتىكى «إِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقاً» دىگەن سۆز تەزيىل بولۇپ، بۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى «زَهَقَ الْبَاطِلُ» دىگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى تەكىتلىدى ۋە ئۆزىنىڭ مەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىپادىلەشتىكى مۇستەقىللىقى سەۋەبىدىن مەسەلنىڭ ئورنىدا يۈرۈشتى. بۇ يەردىكى ئومۇمىيۈزلۈك بولغان مەنە باتىلنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالماسلىقىدۇر.

ئىككىنچىسى مەقسەتنى ئىپادىلەشتە مۇستەقىل ئەمەس بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نەرسىگە قاراشلىق بولۇش ئارقىلىق مەسىلىنىڭ ئورنىدا يۈرۈشمەيدىغان تۈردۇر. مەسىلەن : ﴿ذَلِكَ جَزَيْنَاهُم بِمَا كَفَرُوا وَهَلْ نُجَازِي إِلَّا الْكَفُورَ﴾ (ئۇلار كۇپرىلىق قىلغانلىقتىن مۇشۇنداق جازالىدۇق، پەقەت كۇپرۇلۇق قىلغانلارنىلا مۇشۇنداق جازالايمىز). بۇ ئايەتتىكى « وَهَلْ نُجَازِي إِلَّا الْكَفُورَ » دېگەن سۆز تەزيىل بولۇپ، بۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى جۈملىدىن ئىپادىلەنگەن كاپىرلارنى جازالاشتىن ئىبارەت نەرسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭ مەپھۇمى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نەرسىگە قاراشلىق بولۇپ قالغانلىقتىن مەسىلىنىڭ ئورنىدا يۈرۈشمىگەن. « وَهَلْ نُجَازِي إِلَّا الْكَفُورَ » دېگەن ئايەتنىڭ مەپھۇمىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نەرسىگە قاراشلىق بولۇپ قىلىشى ئۇنىڭدىكى جازادىن مۇرات، ئۇلارنىڭ باغلىرىنى ئالماشتۇرىۋېتىش ۋە دەششەتلىك سەل ئەۋەتىشتىن ئىبارەت يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مەخسۇس جازا بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. شۇڭا بۇ ئايەتنىڭ بالاغەتلىك مەنىسى « پەقەت كۇپرۇلۇق قىلغانلارنىلا مۇشۇنداق جازالايمىز » دېگەنلىك بولىدۇ. يەنە بىر مىسال: ﴿وَمَا جَعَلْنَا لِبَشَرٍ مِّن قَبْلِكَ الْخُلْدَ أَفَإِن مِّتَّ فَهُمُ الْخَالِدُونَ كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ﴾. بۇ ئايەتتىكى « أَفَإِن مِّتَّ فَهُمُ الْخَالِدُونَ » دېگەن جۈملە مەسىلىنىڭ ئورنىدا يۈرۈشمىگەن تەزيىل، « كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ » دېگەن جۈملە بولسا مەسىلىنىڭ ئورنىدا يۈرۈشكەن تەزيىلدۇر.

> والثاني ضَرْبٌ غَيْرُ جارٍ مَجْرى الْمَثَلِ بِأَنْ لَمْ يَسْتَقِلَّ بِإِفَادَةِ الْمُرادِ بَلْ يَتَوَقَّفُ على مَا قَبْلَهُ كقوله تعالى ﴿ذَلِكَ جَزَيْنَاهُم بِمَا كَفَرُوا وَهَلْ نُجَازِي إِلَّا الْكَفُورَ﴾ سبأ١٧، فقوله « وَهَلْ نُجَازِي إِلَّا الْكَفُورَ » تَذْيِيلٌ ، جِيئَ بِهِ تَأْكِيدًا لِمَا اسْتُفِيدَ مِن سَابِقِهِ ، ولَمْ يَجْرِ مَجْرى الْمَثَلِ لِتَوَقُّفِهِ على ما قَبْلَهُ ، إِذْ الْمُرادُ بِالْجَزَاءِ في الآيَةِ ذلكَ الْجَزاءُ الْمَخْصُوصُ ، وهو الْمَذكُورُ فِيْمَا قَبْلُ مِن إرسالِ سَيْلِ العَرِمْ وتَبْدِيلِ جَنَّتِهِمْ .
>
> وكقوله تعالى ﴿وَمَا جَعَلْنَا لِبَشَرٍ مِّن قَبْلِكَ الْخُلْدَ أَفَإِن مِّتَّ فَهُمُ الْخَالِدُونَ كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ﴾ الأنبياء٣٥ -٣٤ ، فقوله « أَفَإِن مِّتَّ فَهُمُ الْخَالِدُونَ » تَذْيِيلٌ لَمْ يَجْرِ مجرى الْمَثَلِ . وقوله « كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ » جارٌ مَجْرى الْمَثَلِ .

9 ـ ئىئتىراز بولۇپ ئۇ، بىر ياكى مەنى جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىغا، گىراماتىكىلىق ئورنى بولمىغان بىر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك جۈملىنى كەلتۈرۈشتۇر. بۇنداق كەلتۈرۈش ۋەھمىنى دەپئى قىلغاندىن سىرت تۆۋەندىكىدەك مەقسەتلەر سەۋەبىدىن بولىدۇ.

1 ـ پاكلاش ئۈچۈن مەسىلەن : ﴿وَيَجْعَلُونَ لِلّهِ الْبَنَاتِ سُبْحَانَهُ وَلَهُم مَّا يَشْتَهُونَ﴾ (ئۇلار «اللّهُ» غا قىزلارنى نىسبەت بىرىدۇ، «اللّهُ» بۇنىڭدىن پاكتۇر، ۋە ئۆزلىرىگە بولسا ئارزۇ قىلغانلىرىنى نىسبەت بىرىدۇ).

2 ـ دۇئا قىلىش ئۈچۈن. مەسىلەن : «إِنَّ الثَّمَانِينَ وَقَدْ بُلِّغْتَهَا * قَدْ أَحْوَجَتْ سَمْعِيْ إِلى تُرْجُمَانٍ» (سەكسەن يىل، ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلگەيسەن، جەزمەن مىنىڭ ئاڭلىشىم تەرجىمانغا مۇھتاج بولۇپ قالدى). بۇ مىسالدىكى «وَقَدْ بُلِّغْتَهَا» نىڭ ئوخشىشىدا كەلگەن «وَ» ئەتپىمۇ ۋە ھالىيەمۇ ئەمەس بەلكى ئىئتىرازىدۇر.

٩- الاعتراضُ : هو أنْ يُؤتى في أثْناءِ الكلامِ أو بَيْنَ كَلَامَيْنِ مُتَّصِلَيْنِ مَعْنى بِجُملةٍ أو أكثرَ لا مَحَلَّ لَهَا مِن الإعْرابِ ، وذلكَ لِأَغْرَاضٍ سِوى دَفْعِ الإيهامِ

كالتَّنْزِيهِ ، كما في قوله تعالى ﴿وَيَجْعَلُونَ لِلّهِ الْبَنَاتِ سُبْحَانَهُ وَلَهُم مَّا يَشْتَهُونَ﴾ النحل٥٧ .

والدُّعَاءِ في قولِه : إِنَّ الثَّمَانِيْنَ وَقَدْ بُلِّغْتَهَا * قَدْ أَحْوَجَتْ سَمْعِيْ إِلى تُرْجُمَانٍ .

و الوَاوُ في مِثْلِه اعْتِرَاضِيَّةٌ لَيْسَتْ عاطفَةً و لا حَالِيَّةً .

و التَّنبيهِ في قوله : واعْلَمْ فَعِلْمُ الْمَرْءِ يَنْفَعَهُ * أَنْ سَوْفَ يَأْتِيْ كُلُّ مَا قُدِّرَ .

3 ـ ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن . مەسىلەن : «واعْلَمْ فَعِلْمُ الْمَرْءِ يَنْفَعَهُ * أَنْ سَوْفَ يَأْتِيْ كُلُّ مَا قُدِّرَ».

قَالَ رَسُولُ اللَّه صَلَّى اللَّهُ عَلَيْه وَسَلَّمَ « إِذَا مَاتَ الْإِنْسَانُ انْقَطَعَ عَنْهُ عَمَلُهُ إِلَّا مِنْ ثَلَاثَة إِلَّا مِنْ صَدَقَةٍ جَارِيَةٍ أَوْ عِلْمٍ يُنْتَفَعُ بِه أَوْ وَلَدٍ صَالِحٍ يَدْعُو لَهُ » وَرَوَاهُ مسلم.

« علم البيان » دېگىنىمىز، ھەممىسى ھالىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن بولۇپ تۇرۇقلۇق مەنىگە دالالەت قىلىشى ئوچۇق بولۇش ـ بولماسلىق جەھەتتە پەرقلىق بولغان بىر قانچە خىل يوللار ئارقىلىق بىر مەنىنى ئىپادىلەش تونۇشتۇرۇلىدىغان ئىلىمدۇر. « سىخىلىق » دېگەننى مىسالغا ئالساق بۇنى ئۇنىڭغا دالالەت قىلىشى بەزىسىدىن بەزىسى رۇشەنرەك بولغان بىر قانچە خىل يول ئارقىلىق ئىپادىلەش مۇمكىن، شۇڭا ئۇنى بىر قىتىم تەشبىھ يولى ئارقىلىق ئىپادىلەش مۇمكىن بولىدۇ. مەسىلەن : « مُحمدٌ كالْبَحْرِ في الإِمْدَاد »( مۇھەممەد سېخىلىقتا دېڭىزغا ئوخشاشتۇر)؛ « مُحمدٌ كالبَحْرِ »؛ « مُحمدٌ بَحْرٌ ». بۇلارنىڭ ئەۋۋەلقىسىنىڭ دالالەت قىلىشى ئەڭ رۇشەن بولىدى ئاندىن ئىككىنچىسىنىڭ، ئاندىن ئۈچىنچىسىنىڭ رۇشەن بولىدى.

ۋە يەنە بىر قىتىم ماجاز يولى ئارقىلىق ئىپادىلەش مۇمكىن بولىدۇ. مەسىلەن : مۇھەممەدنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ « رَأَيْتُ بَحْرًا في مَنْزِلنَا » دېگىنىڭىزگە ياكى « لُجَّةُ محمد تَتَلَاطَمُ بالأَمْوَاجِ »( مۇھەممەدنىڭ دېڭىزى دولقۇنلاش ئارقىلىق مەۋج ئۇرىۋاتىدۇ) دېگىنىڭىزگە ۋە ياكى « غَمَرَ محمدٌ بِفَضْلِهِ الأَنَامَ » ( مۇھەممەد ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ئارقىلىق كىشىلەرنى ياپتى) دېگىنىڭىزگە ئوخشاش.

ۋە يەنە بىر قىتىم كىنايە يولى ئارقىلىق ئىپادىش مۇمكىن بولىدۇ. مەسىلەن : « مُحمدٌ كَثِيْرُ الرِّمَادِ »( مۇھەممەد كۈلى كۆپ كىشى)؛ « هو مَهْزُوْلُ الْفَصِيْل »( مۇھەممەد موزىيى ئورۇق كىشى)؛ « هو جُبَّانُ الكَلْبِ »( مۇھەممەد ئىتى يۇۋاش كىشى). بۇ مىساللارنىڭ بىرىنچىسىدە ئۇنىڭ كۈلىنىڭ كۆپ بولىشى ئوتنى كۆپ قالىشىدىن، ئوتنى كۆپ قالىشى مېھمانىنىڭ كۆپلىكىدىن، مېھانىنىڭ كۆپ بولىشى ئۇنىڭ سېخىلىقىدىن كىنايە قىلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ سېخىلىقى ئىپادىلەنگەن، ئىككىنچىسىدە ئۇنىڭ موزىيىنىڭ ئورۇق بولىشى ئانىسىنىڭ سۈتىگە قانمىغانلىقىدىن، سۈتكە قانماسلىق ئانىسىنىڭ كۆپ سىغىلىپ كەتكەنلىكىدىن، كۆپ سىغىلىپ كېتىشى مېھمانىنىڭ كۆپلىكىدىن، مېھمانىنىڭ كۆپلىكى ئۇنىڭ سېخىلىقىدىن كىنايە قىلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ سېخىلىقى ئىپادىلەنگەن، ئۈچىنچىسىدە ئىتىنىڭ يۇۋاش بولىشى، مېھمانىنىڭ كۆپ كېلىشىدىن، مېھمانىنىڭ كۆپ كېلىشى ئۇنىڭ سېخىلىقىدىن كىنايە قىلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ سېخىلىقى ئىپادىلەنگەن. ۋە بۇلارنىڭ بىرىنچىسىنىڭ دالالەت قىلىشى ئەڭ رۇشەن بولغان ئاندىن ئىككىنچىسىنىڭ ئاندىن ئۈچىنچىسىنىڭ رۇشەن بولغان. دېمەك ئۇنىڭ سېخىلىقىدىن ئىبارەت بىرلا مەنانى يۇقارقىدەك ئۈچ خىل يول ئارقىلىق ئىپادىلەش مۇمكىن بولىدۇ، دەل مۇشۇنداق ئىپادىلەش يوللىرى تونۇشتۇرىلىدىغان ئىلىم « علم البيان » دەپ ئاتىلىدۇ.

علم البيان

قَالَ رَسُولُ اللَّه صَلَّى اللَّهُ عَلَيْه وَسَلَّمَ « إِذَا مَاتَ الْإِنْسَانُ انْقَطَعَ عَنْهُ عَمَلُهُ إِلَّا مِنْ ثَلَاثَة إِلَّا مِنْ صَدَقَةٍ جَارِيَةٍ أَوْ عِلْمٍ يُنْتَفَعُ بِه أَوْ وَلَد صَالِحٍ يَدْعُو لَهُ » وَرَوَاهُ مسلم.

هو عِلْمٌ يُعْرَفُ به إِيْرَادُ الْمَعنى الوَاحد بطُرُق مُخْتلفة في وُضُوحِ الدَّلالة عليه مَعَ مُطابَقة كلٍّ منها لمُقتضى الحال.

فالجُوْدُ مَثَلًا يُمْكِنُ أَنْ يُعبَّرَ عَنْهُ بطُرُق مُخْتَلفة بَعْضُهَا أَوْضَحُ دَلَالةً عليه من بَعْضٍ، فتَارَةً من طَرِيْقِ التَّشْبِيْه فتَقُوْلُ : مُحمدٌ كالْبَحْرِ في الإِمْدَاد، وتقول : مُحمدٌ كالبَحْرِ، وتقول : مُحمدٌ بَحْرٌ. فالأَوَّلُ أَظْهَرُ ثُمَّ الثاني ثُمَّ الثالثُ.

وتارةً من طَرِيْقِ الْمَجاز، فتَقُوْلُ : رَأَيتُ بَحْرًا في مَنْزِلنَا ( تُرِيْدُ مُحمدًا مثلا)، وتقول لُجَّةُ محمد تَتَلَاطَمُ بالأَمْوَاجِ، وتقول : غَمَرَ محمدٌ بِفَضْله الأَنَامَ، فالأَوَّلُ أَظْهَرُ ثُمَّ ثُمَّ.

وتارةً أُخْرى من طَرِيْق الكِنَايَة فتقول : مُحمدٌ كَثِيْرُ الرَّمَاد، وهو مَهْزُوْلُ الْفَصِيْلِ. وهو جُبَّانُ الكَلْبِ. فالأَوَّلُ أَظْهَرُ ثُمَّ ثُمَّ.

دالالەت، لەبزى ۋە غەيرى لەبزى دەپ ئىككىگە بولىنىدۇ. لەبزى بولغىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىنچىسى لەبزىنىڭ ئۆزى تەيىنلەنگەن نەرسىنىڭ تامامىغا دالالەت قىلىشى بولۇپ بۇ، «دلالةَ المُطَابِقَة» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن : «الإنْسَانِ» دىگەن لەبزىنىڭ ئۆزى تەيىنلەنگەن «الحيوانِ الناطقِ»(سۆزلىگۈچى جانلىق) قا دالالەت قىلغىنىغا ۋە «الأسَدِ» دىگەن لەبزىنىڭ ئۆزى تەيىنلەنگەن «الحيوانِ المُفْتَرِسِ» قا دالالەت قىلغىنىغا ئوخشاش. بۇ، «وَضْعِيَّةً» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچىسى لەبزىنىڭ ئۆزى تەيىنلەنگەن نەرسىنىڭ بىر قىسمىغا دالالەت قىلىشى بولۇپ بۇ، «دَلَالَةَ التَّضَمُّنِ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن : «الإنْسَانِ» دىگەن لەبزىنىڭ ئۆزى تەيىنلەنگەن «الحيوانِ الناطقِ» نىڭ بىر قىسمى بولغان «الحيوانِ» غىلا ياكى «الناطقِ» قىلا دالالەت قىلغىنىغا ئوخشاش.

ئۈچىنچىسى لەبزىنىڭ مەنىسىنىڭ لازىمىغا دالالەت قىلىشى بولۇپ بۇ، «دلالةَ الالْتِزَامِ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن : «الإنْسَانِ» دىگەن لەبزىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلالايدىغانلىقىغا ياكى خەت يازالايدىغانلىقىغا ۋە ياكى شۇنىڭ ئوخشاش سۈپەتلىرىگە دالالەت قىلغىنىغا ئوخشاش.

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىلىرى «عَقْلِيَّة» دەپ ئاتىلىدۇ.

والدلالة لَفْظِيَّةٌ وغيرُ لَفْظِيَّةٍ ، فاللفْظِيَّةُ أقْسَامٌ ثلاثةٌ :

١- دلالةُ اللفظِ على تَمَامِ مَا وُضِعَ لَهُ، وتُسمى « دلالةَ المُطَابَقَة » كَدَلالةِ الإنْسَانِ على الحيوانِ الناطقِ ، و الأسَدِ على الحيوانِ المُفْتَرِس ، وهذه تُسمى « وَضْعِيَّةً » .

٢- دلالةُ اللفظِ على جُزْءِ مَا وُضِعَ لَهُ ، وتُسمى « دَلَالَةَ التَّضَمُّنِ » كدلالةِ الإنْسَانِ على الحيوانِ أو الناطقِ .

٣- دلالةُ اللفظِ على لازمِ مَعْنَاهُ ، وتُسمى « دلالةَ الالْتِزَامِ » كدَلالةِ الإنْسَانِ على كونِهِ قابِلِ العِلْمِ أو صَنْعَةِ الكِتَابَةِ أو نحو ذلكَ ، والأخيْرَتَانِ تُسَمَّيَانِ عَقْلِيَّتَانِ .

**ماجاز ۋە ھەقىقەت :**

بىلگىنكى لەبزى، «الأَسَـد» نى «الحيـوان الْمُفـترس» نىڭ ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگىنىگە ئوخشاش، ئۆزى تەيىنلەنگەن ئەسلى مەنىدە ئىشلىتىلسە بۇ ھەقىقەت بولىدۇ، ۋە ئەگەر «الأَسَدِ» نىڭ «الرَّجُل الشُّجَّاع» نى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگىنىگە ئوخشاش تەيىنلەنگەن ئەسلى مەنىدىن باشقىغا ئىشلىتىلىپ ئەسلى مەنىسىدە ئىشلىتىشتىن چەكلەيدىغان قەرىنە بولسا بۇ ماجاز بولىدۇ، قەرىنە بولمىسا كىنايە بولىدۇ. مەسىلەن :

«رأيتُ الأَسدَ فَإلْتَجَـأْتُ عنه بِالشَّجَرِ»(مەن يولۋاسنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن دەرەخ ئارقىلىق پانالاندىم) . مانا بۇ مىسالدىكى «الأَسَـدَ» دىگەن لەبزى ئۆز تەيىنلەنگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكتىن ھەقىقەت مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولىدۇ.

«رأيتُ أَسَدًا يَرْمِي»(ئوق ئېتىۋاتقان باتۇرنى كۆردۈم) . بۇ مىسالدىكى «أَسَدًا» دىگەن لەبزى ئۆزى تەيىنلەنگەن يولۋاسنى ئەمەس بەلكى باتۇر بىر كىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكتىن ۋە ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئىرادە قىلىشتىن چەكلەيدىغان «يَرْمِي» دىگەن سۆزدىن ئىبارەت قەرىنە بولغانلىقتىن بۇ ماجاز مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولىدۇ.

«رأيتُ أَسَدًا». بۇ مىسادىكى «أَسَدًا» دىگەن لەبزىمۇ ئۆزى تەيىنلەنگەن يولۋاسنى ئەمەس بەلكى باتۇر بىر كىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئىرادە قىلىشنى چەكلەيدىغان قەرىنىمۇ بولمىدى، شۇڭا ئۇ كىنايە مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولىدۇ.

لەبزى، ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ سەۋەبىدىن ئەسلى مەنىدىن يۆتكىلىپ ماجاز مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسا بۇ «اسْتِعَارَةٌ» بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا «مَجَازٌ مُرْسَلٌ» بولىدۇ. مەسىلەن : «رأيتُ أَسَدًا يَرْمِي»؛ «جارَ النهرُ» (ئۆستەڭ ئاقتى). بىرىنچى مىسالدا ئۇ كىشى باتۇرلۇقتا يولۋاسقا ئوخشىغانلىقتىن «أَسَدًا» دىگەن سۆز، ماجاز مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ بۇ ئادەتتە «اسْتِعَارَةٌ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى مىسالدا «جارَ الْمَاءُ» دىيىش ئورنىغا ئىشلىتىلگەنلىكتىن شۇنداقلا سۇ بىلەن ئۆستەڭنىڭ ئارىسىدا ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى ئەمەس بەلكى سۇنىڭ ئاقىدىغان ئورنى بولۇش مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن «النهرُ» دىگەن سۆز، ماجاز مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ ئادەتتە «مَجَازٌ مُرْسَلٌ» دەپ ئاتىلىدۇ. دىمەك سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىدىن ماجاز مەنىگە يۆتكەپ ئىشلىتىلىشى ئۈچۈن ئەسلى مەنا بىلەن ماجاز مەنىنىڭ ئارىسىدا مۇناسىۋەت بولىشى زۆرۈر بولىدۇ، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى بولسا بۇ سۆزنىڭ ماجاز مەنىدە ئىشلىتىلىشى «اسْتِعَارَةٌ» دەپ ئاتىلىدۇ، ئەگەر بۇ خىل مۇناسىۋەت ئوخشاشلىقتىن باشقا مۇناسىۋەت بولسا بۇ «مَجَازٌ مُرْسَلٌ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىستىئارە بولسا تەشبىھ ئۈستىگە قۇرىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش زۆرۈر بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن «عِلْم البيان» نى ئۆگىنىشتىكى مەقسەت «التَّشْبِيْهُ»،«الْمَجَازُ» ۋە «الكِنَايَةُ» دىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىنى ئۆگىنىش بىلەن چەكلىنىدۇ.

«عِلْم البيان» نى ئۆگىنىشتىكى ئەسلى مەقسەت ماجازنى بىلىشتۇر. چۈنكى ئۇ، مەقسەت قىلىنغان مەنىگە دالالەت قىلىشنىڭ رۇشەن بولىشىدىكى يوللارنىڭ پەرقلىرى شۇنىڭدا يۈز بېرىدىغان نەرسىدۇر، ئەمما ھەقىقەتتە بولسا بۇلار ھاسىل بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەقەت مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگىلا ئىشلىتىلىش ئۈچۈنلا تەيىنلىنىدۇ.

الحقيقة والمجاز :

واعْلَمْ أنَّ اللفظ إنْ اسْتُعْمِل في مَعْنَاهُ الْمَوْضُوعِ لَهُ فَحَقِيْقَةٌ كالأَسَدِ إذا اسْتُعْمِلَ في الحيوانِ الْمُفترِسِ . و إنْ اسْتُعْمِلَ في غيرِهِ فإنْ قامَتْ قَرِيْنَةٌ مانِعَةٌ من إرادةِ الْمَعنى الأَصْلي فَمَجَازٌ ، كالأَسَدِ إذا اسْتُعْمِلَ في الرَّجُلِ الشُّجَّاعِ ، و إلا فَكِنَايَةٌ .

والْمَجَازُ إنْ كانَ لِعَلاقَةِ الْمُشابِهَةِ فَاسْتِعَارَةٌ ، و إلا فَمَجَازٌ مُرْسَلٌ . و الاسْتِعارَةُ مَبْنِيَّةٌ على التشبيهِ فَوَجَبَ التعرضُ لَهُ ، فَانْحَصَرَ الْمَقصودُ مِن عِلْمِ البيانِ في الثلاثةِ : التَّشْبِيْهُ والْمَجازُ و الكِنَايَةُ .

والْمَقصودُ الأَصْلِيُّ مِن عِلْمِ البيانِ هو الْمَجَازُ ، إذْ هو الذي يَتَأَتَّى فيه اخْتِلَافُ الطُّرُقِ في وُضُوحِ الدَّلالةِ على الْمَعنى الْمُرَادِ ، أَمَّا الحقيقةُ فلا يَتأتى فِيْهَا ذلكَ لأَنها إنَّمَا وُضِعَتْ لِشَيْءٍ بِعَيْنِه لِتُسْتَعْمَلَ فِيْه .

تەشبىھ دىگىنىمىز، ئىككى نەرسىنىڭ سۈپەتتىكى ئوخشاشلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە قوشۇشتۇر.

## التشبيه

هو إلْحَاقُ أمْرٍ بِأمْرٍ آخَرِ للدلالةِ على مُشارِكَتِهِمَا فِي وَصْفٍ .

وفيه ثلاثةُ مَبَاحِثَ : الأولُ في أرْكَانِهِ ، والثاني في أقْسَامِهِ ، والثالثُ في الغَرَضِ مِنْهُ .

### المبحث الأول

### في أركان التشبيه

أرْكَانُ التشبيهِ أرْبَعَةٌ : الْمُشَبَّهُ ، والْمُشبه بِهِ ( ويُسميانِ طَرْفَي التشبيهِ ) ، و وَجْهُ الشبهِ ، والأداةُ .

فالْمُشبهُ هو الأمْرُ الذي يُرادُ إلْحاقُهُ بِغَيْرِهِ .

والْمُشبهُ بِهِ هو الأمْرُ الذي يُلْحَقُ بِهِ الْمُشبهُ .

بۇ ھەقتە ئۈچ تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، بىرىنچىسى ئۇنىڭ رۇكنىلىرى ھەققىدە، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ بۆلۈنۈشى ھەققىدە، ئۈچىنچىسى تەشبىھ قىلىشتىكى مەقسەت ھەققىدە بولىدۇ.

بىرىنچى تەتقىقات تېمىسى

تەشبىھنىڭ رۇكنىلىرى ھەققىدە

تەشبىھنىڭ رۇكنىلىرى تۆت بولۇپ، «الْمُشَبَّهُ»؛ «الْمُشبه بِهِ» (بۇ ئىككىسى تەشبىھنىڭ ئىككى تەرىپى دەپ ئاتىلىدۇ)، «وَجْهُ الشبهِ» ۋە تەشبىھنىڭ ۋاستىلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«الْمُشَبَّهُ» دىگىنىمىز باشقا نەرسىگە قوشۇش ئىرادە قىلىنىدىغان نەرسىدۇر. يەنى ئوخشۇغۇچىدۇر.

«الْمُشبه بِهِ» دىگىنىمىز، «الْمُشَبَّهُ» قوشۇلغان نەرسىدۇر. يەنى ئوخشۇتۇلغۇچىدۇر.

«وَجْهُ الشبهِ» دېگىنىمىز ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئورتاق بولغان سۈپەت (ئوخشاشلىق) بولۇپ، «الْمُشَبَّهُ» دىكى سۈپەتتىن «الْمُشبه بِهِ» دىكى سۈپەتنىڭ كۈچلۈكرەك بولىشى زۆرۈر بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا تەشبىھ قىلىشنىڭ ئەھمىيتى بولمايدۇ.

تەشبىھنىڭ ۋاستىسى دېگىنىمىز، ئوخشۇتۇشقا دالالەت قىلىدىغان لەبزىدۇر. مەسىلەن: «العِلْمُ كالنُّورِ في الهدايةِ». بۇ مىسالدىكى «العِلْمُ» دېگەن سۆز مۇشەببەھ، «النُّورِ» دېگەن سۆز مۇشەببەھۇن بىھى، «الهدايةِ» دېگەن سۆز ۋەجھى شەبەھ ۋە «كَ» بولسا تەشبىھ ۋاستىسىدۇر.

و وَجْهُ الشبهِ هو الوَصْفُ الْمُشترِكُ بَيْنَ الطَرَفَيْنِ ، ويَجبُ أنْ يَكُونَ في الْمُشبهِ بِهِ أقْوى مِنْهُ في الْمُشبهِ ، و إلا فَلا فائدةَ في التشبيهِ .

وأداةُ التشبيهِ هي اللفظُ الذي يَدلُّ على التشبيهِ نحو العِلْمُ كالنُّورِ في الهدايةِ ، فالعِلْمُ مُشَبَّهٌ ، والنُّورُ مُشبهٌ بِهِ ، والهدايةُ وَجْهُ الشبهِ ، والكافُ أداةُ التَشْبيهِ .

ولأبُدَّ في كلِّ تَشْبِيْهٍ من وُجُودِ الطَرَفَيْنِ ، وأمَّا وَجْهُ الشبهِ فَقَدْ يُحْذَفُ كما أنَّ الأداةَ قَدْ تُحْذَفُ ، فإذا حُذِفَتْ أداةُ التشبيهِ و وَجْهُهُ سمي تَشْبِيْهًا بلِيْغًا نحو ﴿ وَجَعَلْنَا اللَّيلَ لِبَاسًا ﴾ النبأ ١٠ ، أيْ كاللِبَاسِ في السِّتْرِ .

تەشبىھدە ئىككى تەرەپنىڭ بولىشى زۆرۈر بولىدۇ، ئەمما تەشبىھ ۋاستىسى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەندەك ۋەجھى شەبەھمۇ گاھىدا ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ. تەشبىھنىڭ ۋاستىسى ۋە ۋەجھى شەبەھلىرى، ھەزىپ قىلىنىپ كەتسە بۇنداق تەشبىھ « تَشْبِيْهًا بلِيْغًا » دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَجَعَلْنَا اللَّيلَ لِبَاسًا﴾. بۇ «وَجَعَلْنَا اللَّيلَ كاللِبَاسِ في السِّتْرِ» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىككى تەرەپ ئېتىبارى بىلەن بۆلۈش :

تەشبىھ ئۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ئېتىبارى بىلەن ھەر ئىككى تەرىپ ھىسسى بولغىنى ، ھەر ئىككى تەرىپى ئەقلى بولغىنى ۋە بىر تەرەپ ھىسسى يەنە بىر تەرەپ ئەقلى بولغىنىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ. ھەر ئىككى تەرىپ ھىسسى بولغانىنىڭ مىسالى : « وَجْهه كالْبَدْر » بۇ مىسالدىكى « وَجْـه » بىلەن « البَـدْر » دىن ئىبارەت ھەر ئىككىسى ھىسسى ئەزالار ئارقىلىق بىلىش مۇمكىن بولىدىغان نەرسىلەر بولغانلىقتىن بۇ تەشبىھنىڭ ھەر ئىككىلى تەرىپى ھىسسى بولغان ھىساپلىنىدۇ. ھەر ئىككى تەرىپى ئەقلى بولغانىنىڭ مىسالى : « العِلْمُ كالْحَيَاةِ ». بۇ مىسالدىكى « العِلْمُ » بىلەن « الْحَيَاةِ » دىن ئىبارەت ھەر ئىككىسى ھىسسى ئەزالار ئارقىلىق بىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بەلكى ئەقىل ئارقىلىق بىلىش مۇمكىن بولىدىغان نەرسىلەر بولغانلىقتىن بۇ تەشبىھنىڭ ھەر ئىككىلى تەرىپ ئەقلى بولغان ھىساپلىنىدۇ. بىر تەرەپ ھىسسى يەنە بىر تەرەپ ئەقلى بولغانىنىڭ مىسالى : « العِلْمُ كالنورِ »؛ « أخْلاقُهُ كالعَطْرِ ».

## المبحث الثاني

## في أقسام التشبيه

التَّقْسِيمُ بِاعْتِبَارِ الطرْفَيْنِ :

يَنْقَسِمُ التشبيهُ بِاعْتِبـارِ الطرفينِ إلى حسِّيَّيْنِ و عَقْلِيّينِ و مُخْتَلِفَيْنِ ، كَتَشْبِيْهِ الوَجْهِ بِالْبَدْرِ ، وتَشْبِيْهِ العِلْمِ بِالْحَيَاة ، وتَشْبِيْهِ العِلْمِ بِالنُّورِ ، وتَشْبِيْهِ العَطْرِ بِحُسْنِ الْخُلُقِ .

وينْقَسِمُ بِهذا الاعْتِبَارِ أيضاً إلى مُفْرَدَيْنِ ( سَوَاءٌ كَانَا مُطْلَقَيْنِ أو مُقَيَّدَيْنِ أو مُخْتَلِفَيْنِ ) و مُرَكَّبَيْنِ و مُخْتَلِفَيْنِ .

ۋە يەنە تەشبىھ ئۆزىنى ئىككى تەرىپىنىڭ ئېتىبارى بىلەن (ئىككىلىسىنىڭ مۇتلەق ياكى مۇقەييەت ۋە ياكى بىرى مۇتلەق يەنە بىرى مۇقەييەت بولىشىدىن قەتئى نەزەر) ھەر ئىككىسى مۇپرەت بولغىنى، ھەر ئىككىلىسى مۇرەككەپ بولغىنى ۋە بىرى مۇپرەت يەنە بىرى مۇرەككەپ بولغىنىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

1 ـ ھەر ئىككىلىسى مۇپرەت بولغىنىنىڭ مىسالى:

1) ھەر ئىككىلىسى مۇپرەت بولۇپ مۇتلەق كەلگىنىنىڭ مىسالى : ﴿ فَإذا انشَقَّت السَّمَاء فَكَانَتْ وَرْدَةً كَالدِّهَانِ ﴾ (ئاسمان يېرىلغان چاغدا، ئاسمان قىزىلگۈلدەك، قىزىل چەمدەك بولۇپ قالىدۇ)الرحمن٣٧ . بۇ ئايەتتە ئاسمان قىزىل چەمگە ئوخشۇتۇلغان بولۇپ بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇتلەق كەلگەن.

2) ھەر ئىككىلىسى مۇپرەت بولۇپ مۇقەييەت كەلگىنىنىڭ مىسالى : تىرىشقان نەرسىسىدىن نەتىجە چىقىرالمىغان كىشىنى « إنهُ كالراقِمِ على الْماءِ » دىگەنگە ئوخشاش. بۇ مىسالدا ئۇ كىشى « تىرىشقان نەرسىسىدىن نەتىجە چىقىرالماسلىق » سۈپىتى بىلەن قەيىت قىلىندى، « الـ ـ راقِمُ » بولسا « على الْماءِ » بىلەن قەيىت قىلىندى.

3) بىرى مۇتلەق يەنە بىرى مۇقەييەت بولغان مۇپرەتنىڭ مىسالى : « قـ ـ ف العيس في أطلال مية فاسأل * رسـ ـوما كأخلاق الرداء المسلسـ ـل » (??????????? ?????????? ?????????????? ???????? ??????????? ??????????????? ????????)؛« كأن فجـ ـاج الأرض وهـ ـي عريضة * على الخائف المطلوب كفـ ـة حابل » (??????????????? ????????????? ?????????????? ???????????????????????????????). بۇ مىساللارنىڭ بىرىنچى « الْمسند إليـ ـه » مۇقەييەت بولغانىنىڭ ئىككىنچىسى « الْمسـ ـ ـند » مۇقەييەت بولغانىنىڭ مىسالىدۇر.

2 ـ ھەر ئىككىلىسى مۇرەككەپ بولغىنىنىڭ مىسالى :« البدر منتقب بغيم أبيض هو فيه تفخر و تبلج كتـ ـنفس الحسـ ـناء فـ ـي المـ ـرآة إذ كملـ ـت محاسـ ـنها ولـ ـم تتـ ـزوج »??????????????? ?????????????????????????????????????.

3 ـ بىرى مۇپرەت يەنە بىرى مۇرەككەپ بولغان تەشبىھنىڭ مىسالى :

﴿ مَّثَلُ الذينَ كَفَرُوا بِرَبِّهِمْ أَعْمَالُهُمْ كَرَمَادٍ اشْتَدَّتْ بِهِ الرِّيحُ فِي يَوْمٍ عَاصِفٍ ﴾ (پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ )إبراهيم١٨؛ « تشرق أعراضهم وأوجههـ ـم كأنهـ ـا فـ ـي نفوسـ ـهم شـ ـيم »(???????????????????????????????????????????????????). بىرىنچى مىسادا « أعمالُهم » دىگەن « الْمشَـ ـبهُ » مۇپرەت بولدى ۋە شامالىق كۈن، شاما ۋە كۈلنىڭ ئۇچىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئارىلاشما كۆرىنىش « المُشبهُ بهِ » بولغانلىقتىن بۇ مۇرەككەپ ھىساپلاندى. ئىككىنچى مىسادا « الْمُشـ ـبهُ » مۇرەككەپ بولغان « الْمُشـ ـ ـ ـ ـ ـبهُ بـ ـه » مۇپرەت بولۇپ?????????????????????????????????????????????????.

تەشبىھ ئۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ياكى بىر تەرىپىنىڭ سانى ئېتىبارى بىلەن «مَلْفُوْفٌ»، «مَفْرُوقٌ»، «تَسْوِيَةٌ» ۋە «جَمْعٌ» قاتارلىقلارغا بۆلىنىدۇ.

«مَلْفُوْفٌ» دىگىنىمىز ئەۋۋەل بىر قانچىلىغان «الْمُشبهُ» نى كەلتۈرۈش، ئاندىن بىر قانچىلىغان «الْمُشبهُ به» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياكى ئەكسىچە قىلىش ئارقىلىق، تەشبىھنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ھەر بىر تەرەپنىڭ، ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپتىكى ئوخشىشى بىلەن جەملىنىشىدۇر. مەسىلەن : «شَعْرٌ و وَجْهٌ و قَدٌّ * لَيْلٌ و بَدْرٌ وغُصْنٌ»؛ «خَمْرٌ و دُرٌّ و وَرْدٌ * رِيْقٌ و ثَغْرٌ و خَدٌّ». بۇ مىساللارنىڭ بىرىنچىسى «الْمُشبهُ» نى باشتا كەلتۈرگەننىڭ، ئىككىنچىسى بولسا «الْمُشبهُ به» باشتا كەلتۈرگەننىڭ مىسالىدۇر.

«مَفْرُوقٌ» دىگىنىمىز، تەشبىھنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ كۆپ بولىشى ۋە ھەر بىر «الْمُشبهُ» نىڭ ئۆزىنىڭ «الْمُشبهُ به» سى بىلەن بىرگە كەلتۈرلۈشى ئارقىلىق، ھەر بىر تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ ھەمراسى بىلەن بىر يەرگە جەملىنىشىدۇر. مەسىلەن : «النَّشْرُ مِسْكٌ والوُجُود دَنَا * نِيرٌ وأَطرافُ الأَكفِّ عَنَمْ »(ئۇ پۇراق ئىپاردۇر، يۈزلەر دىناردۇر ۋە بارماقلار بولسا تال چىۋىقتۇر). بۇ مىسالدا تەشبىھنىڭ ئىككى تەرىپى كۆپ بولدى ۋە «النَّشْرُ» دىگەن مۇشەببەھ «مِسْكٌ» دىگەن مۇشەببەھۇن بىھى بىلەن، «الوُجُود» دىگەن مۇشەببەھ «دَنانِيرٌ» دىگەن مۇشەببەھۇن بىھى بىلەن ۋە «أَطرافُ الأَكفِّ» دىگەن مۇشەببەھ «عَنَمْ» دىگەن مۇشەببەھۇن بىھى بىلەن بىر يەردە كەلتۈرۈلدى، بۇ ئارقىلىق ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ھەمراسى بىلەن بىر يەرگە جەملەندى .

«الْمَفروقُ» دىگىنىمىز پەقەت «الْمشبهُ» نىڭلا بىر قانچە بولىشىدۇر.

«الجمعُ» دىگىنىمىز پەقەت «الْمشبهُ به» نىڭلا بىر قانچە بولىشىدۇر.

وينْقسمُ باعتبارِ تَعَدُّدِ الطَّرْفَيْنِ أو تَعَدُّدِ أَحَدِهمَا إلى مَلْفُوْفٍ ومَفْرُوقٍ و تَسْوِيَةٍ وجَمْعٍ .

فالْمَلفوفُ هو أنْ يَتَعَدَّدَ طَرْفَاهُ ويُجْمَعَ كُلُّ طرفٍ مَعَ مِثْلِه بأنْ يُؤتى بالْمُشبهاتِ أوَّلًا ثُم بالْمُشبهات بِها ثانِيًا ، أو العَكْسِ .

و الْمَفروقُ أنْ يتعددَ طرفاهُ و يُجمعَ كلُ طرفٍ مع صاحبِهِ بأنْ يُجْمعَ كلُّ مُشبهٍ مع مُشبه به .

و التسويةُ أنْ يتعدد الْمشبهُ دون الْمُشبهِ به .

والجمعُ أنْ يتعدد الْمشبهُ به دون الْمشبهِ .

تەشبىھنىڭ «وجه الشبه» ئېتىبارى بىلەن بۆلۈنۈشى :

تەشبىھ «وجْهُ الشبه» ئېتىبارى بىلەن «تَحْقِيْقِي» ۋە «تَخْيِيْلِي» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

«تَحْقِيْقِي» دېگىنىمىز، ئۇنىڭ ئىككىلى تەرىپىدىكى «وجْهُ الشبه» ھەقىقى مەۋجۇت بولغان تەشبىھدۇر. خۇددى يۈزنى ئايغا ئوخشاتقان چاغدا «نۇرانىلىق» ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغانلىغا ۋە چاچنى قاراڭغۇ كېچىگە ئوخشاتقاندا «قارىلىق» ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغانلىغا ئوخشاش.

«تَخْيِيْلِي» دېگىنىمىز، «وجْهُ الشبه» ئۇنىڭ ئىككىلى تەرىپىدە ياكى بىر تەرىپىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ لېكى خىيالنىڭ يوق نەرسىنى بار قىلىپ ئىسپاتلىشى ئارقىلىق خىيالى تەرىقىدە مەۋجۇت بولىدىغان تەشبىھدۇر. مەسىلەن : «لَهُ سِيْرَةٌ كَالْمسْك وأَخْلَاقٌ كالعَنْبَر». بۇ ئىككى جۈملىنىڭ «الْمُشبه» سىدە مەۋجۇت بولمىغان «خۇش پۇراق» تىن ئىبارەت «وجْهُ الشبه» ئۇلاردا بار دەپ خىيال قىلدۇرۇلدى، ھەقىقەتتە بولسا ئۇ ئىككىسىدە بۇ «وجْهُ الشبه» مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

تەنبىھ :

گاھىدا ئەرزىمەس نەرسىنى شەرەپلىك شەكىلدە كۆرسىتىش ئارقىلىق، قارىمۇ ـ قارشى ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى قارشىلىق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىپلىقنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلىدۇ، دە ئاشۇنداق قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان توغرا مەقسەتلەر سەۋەبىدىن قورقۇنچاق، باتۇرنىڭ ئورنىغا ۋە بېخىل، سېخىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرىلىدۇ. ۋە ئۇ توغرا مەقسەتلەر كۆزگە ئىلماسلىق، مەسخىرە قىلىش، پاراسەتلىك بولۇۋېلىش ۋە كىنايە قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن : قورقۇنچاق كىشىگە قارتا «مَا أَشْبَهَهُ بِالْأَسَدِ» دېگەنگە ۋە بېخىلغا قارتا «إِنَّهُ حاتِمٌ» دېگەنگە ئوخشاش. بىرىنچى مىسالدا ئەرزىمەس بىر قورقۇنچاق شەرەپلىك بىر باتۇرنىڭ شەكلىدە كۆرسىتىلىش ئارقىلىق باتۇرلۇق بىلەن قورقۇنچاقلىقتىن ئىبارەت قارىمۇ ـ قارشى ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى قارشىلىق،مەسخىرە قىلىش مەقسىدىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىپلىقنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلگەن، بۇ ئارقىلىق ئۇ قورقۇنچاق يولۋاسقا ئوخشۇتۇلغان. مانا بۇ «تشبيه التضادِ» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مەقسەتلەرسىز (ئۇلار ئارىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىقنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىپلىقنىڭ) ئورنىغا چۈشۈرۈش مۇكەممەل بولمايدۇ ۋە (بۇنداق چۈشۈرۈشنىمۇ) ئېتىبارغا ئېلىشقا بولمايدۇ.

التقسيمُ باعتبار وجه الشبه :

يَنقسم التشبيهُ باعتبارِ الوجْه إلى قسْمَيْنِ : تَحْقِيْقِي و تَخْيِيْلِي .

فالتحقيقي ما يكونُ وجْهُ الشَبه فيه قائمًا بالطرفَيْن حقيقَةً كالإشراق في تشبيه الوَجْه بالبَدْر ، والسَواد في تشبيه الشَّعْر بالليل .

والتخييلي ما لا يكونُ الوَجْهُ فيه قائمًا بالطرفين أَو بأحَدهمَا إلا تخَيُّلًا ، بمَعْنى أنْ يُثْبتَهُ الْخيال بجَعْله غيرَ الْمُحَقق مُحَقَّقًا ، كقولك : لَهُ سيْرَةٌ كَالمسْك، وأَخْلَاقٌ كَالعَنْبَرِ . فوَجْهُ الشبه وهو الرائحَةُ الطيبةُ مُتَخَيَّلٌ في الْمُشبه في المثالين .

تنبيه :

وقدْ يُنْزَلُ التضادُ بينَ الطرفين الْمُتضادين مَنْزلَةَ التناسُب بينَهُمَا ، بأنْ يُبْرَزَ الخسيْسُ في صُورة الشَّرْيف ، فيُجْعَلُ الْجُبْنُ مَثْلًا بمَنْزلة الشجاعة ، والْبُخْل بمثَابَة الجُوْد ، لغَرَض صَحيْح يَدْعُو إليه وهو التَّهَكُّمُ والسُّخْرِيَّةُ والتَّظَرُّفُ والتَّلميْحُ ، فيُقَالُ للجُبَّان : مَا أَشْبَهَهُ بالْأَسَد ، وللبَخيْل : إنَّهُ حاتمٌ ، ويُسمى هذا « تشبيه التضاد » ، وبغيْر الغرض المَذكورِ لا يُتِمُّ التَّنْزِيل ولا يُعْتَبَرُ .

تەشبىھ ، «وَجْهُ الشبهِ» نىڭ بىر ياكى بىر قانچە بولۇش ئېتىبارى بىلەن «الوَاحِدُ»، «مُنْزَلٌ مَنْزِلَةَ الوَاحِدِ» ۋە «الْمُتَعَدِّدُ» دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

1) «الوَاحِدُ» دېگىنىمىز، ئۆزىدىكى «وَجْهُ الشبهِ» بىرلا نەرسە بولغان تەشبى بولۇپ، بىرلا نەرسە بولغان «وَجْهُ الشبهِ» دېگىنىمىز، ئۆزىدە بىرىكىش ۋە بىر قانچە بولۇش يوق بەرمىگەن «وَجْهُ الشبهِ» دۇر. خۇددى «خَدُّهُ كالْوَرْدِ» دېگەن سۆزىڭىزدە قىزىللىقتىن ئىبارەت «وَجْهُ الشبهِ» نىڭ بىرلا بولغىنىغا ئوخشاش .

2) «مُنْزَلٌ مَنْزِلَةَ الوَاحِدِ» دېگىنىمىز، ئۆزىدىكى «وَجْهُ الشبهِ»، بىر قانچىلىغان نەرسىدىن ئېتىبارى تەركىپ تەرىقىسىدە بىرىكتۈرۈلگەن تەشبىھ بولۇپ، بۇنداق بىرىكتۈرۈش ئىككى نەرسە ئۈچۈن خاس بولغان بىر قانچىلىغان نەرسىنى مەقسەت قىلىش، ئاندىن ئۇ نەرسىلەردىن ھېچ بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا «وَجْهُ الشبهِ» بولالمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلاردىن ئۇ ئىككى نەرسىگە ئومۇم بولغان شەكىلدىن بىرنى بىرەرسى چۈشۈپ قالسا تەشبىھ قىلىش تولۇق بولمايدىغان دەرىجىدە چىقىرىش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن : «كأنَّ مُثارَ النَّقْعِ فَوْقَ رُؤوسِنَا * وأسْيَافَنَا لَيْلٌ تَهاوى كواكبُهُ» (بىزنىڭ ۋە قىلىچلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ - توزاڭلار، گوياكى يۇلتۇزلىرى شۇڭغىغان تۈندۇر). بۇ مىسالدىكى «وَجْهُ الشبهِ»، جۇغلۇشۇپ ۋە تۇتىشىپ كېتىپ ھەتتاكى پارچىلانمايدىغان بىر نەرسىگە ئوخشاش بولۇپ قالغان نەرسىلەرنى، ئېتىبارى تەرىقىدە بىرىكتۈرۈشتىن ھاسىل بولغان بىرىكتۈرمە شەكىل بولۇپ، بۇ شەكىل، كىچە بىلەن چاڭ - توزاڭدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىگە خاس بولغان، قاراڭغۇلۇق، چاقناش ۋە ئۇ چاقناشنىڭ ئۇيان - بۇيانغا شۇڭغۇشىدىن ئىبارەت بىر قانچىلىغان نەرسىنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى جۇغلاش ئارقىلىق ئۇ ئىككىسىگە ئورتاق بولغان شەكىلدىن بىرنى، بىرەرسى چۈشۈپ قالسا تەشبىھ قىلىش تولۇق بولمايدىغان دەرىجىدە پەيدا قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان . ئۇلارنىڭ بىرەرسى چۈشۈپ قالسا تەشبىھ قىلىش تولۇق بولمايدۇ دېيىشىمىز بۇلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا «وَجْهُ الشبهِ» بولۇشقا يارىمىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

وَينْقسمُ باعْتبارِ وَحْدَةِ الوَجْه وتَعَدُّده ثلاثةَ أقْسامٍ : الوَاحِدُ ، ومُنْزَلٌ مَنْزلَةَ الوَاحدِ ، والْمُتَعَدِّدُ .

١) فالوَاحدُ هو ما يكونُ وَجْهُ الشبه فيه شَيْئًا وَاحدًا وهو ما لا تَرَكُّبَ فيه ولا تَعَدُّدَ كالْحُمْرَة في قولك : خَدُّهُ كالْوَرْد .

٢) ومُنْزَلٌ مَنْزَلَةَ الوَاحد هو ما يكونُ وَجْهُ الشبه فيه مُرَكَّبًا من مُتعدد تَرْكِيبًا اعْتبَارِيًا بِأنْ يُقْصَدَ إلى عِدَّة أُمُور لشَيْئَيْن فتُنْتَزَعُ منْهَا هَيْئَةٌ تَعُمُّهما ، بِحَيْثُ لا يَصْلَحُ وَاحدٌ منْهَا على انْفرَاده وَجْهَ شَبَه ، حَيْثُ لَوْ سَقَطَ أحَدُها لَمْ يَتِمَّ التشبيهُ ، كقوله :

كأنَّ مُثارَ النَّقعِ فَوْقَ رُؤوسنَا * وأسْيَافَنَا لَيْلٌ تَهاوى كواكبُهُ.

لأنَّ الوَجْهَ فيه مُركَّبٌ من أشْياءَ تَضَامَّتْ وتَلاصَقَتْ حتى صارَ كالشيئِ الوَاحدِ لا يَقبل التجزئة .

3) «الْمُتَعَدِّدُ» دېگىنىمىز، ئۆزىدىكى «وَجْهُ الشبهِ»، ھەر بىرى ئالاھىدە «وَجْهُ الشبهِ» قىلىنغان بىر قانچىلىغان نەرسىلەردىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تەشبىھدۇر. يەنى ئۆزىدە بىر قانچە «وَجْهُ الشبهِ» بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئالاھىدە «وَجْهُ الشبهِ» قىلىنغان تەشبىھدۇر . مەسىلەن : «هذه الفاكهة كالتي أُكْلْنَاهَا أَمْسِ فِي الطَّعْمِ واللَّوْنِ والرَّائحَةِ»(بۇ ئالما رەڭ، تەم ۋە پۇراق جەھەتلەردە ئاخشام بىز يېگەن ئالمىغا ئوخشايدۇ). مانا بۇ مىسالدا «الطَّعْمِ»، «اللَّوْنِ» ۋە «الرَّائحَةِ» دىن ئىبارەت ئۈچ «وَجْهُ الشبهِ» بار بولۇپ، بۇ يەردە بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە «وَجْهُ الشبهِ» قىلىنغان.

٣) و الْمُتعددُ هو ما يكون وَجْهُ الشبهِ فيه مُكَوَّنًا من عدة أُمُورٍ جُعِلَ كُلٌّ منْها وَجْهَ شبهٍ على حِدَّةٍ ، كما في قولك : هذه الفاكهة كالتي أُكْلْنَاهَا أَمْسِ فِي الطَّعْمِ واللَّوْنِ والرَّائحَةِ .

ويَنْقَسِمُ باعتبارِ الوَجْهِ أيضًا إلى قِسْمَيْنِ : تَمْثِيلٌ وغيرُ تَمْثِيلٍ .

فالتمثيلُ ما كانَ وَجْهُ الشبهِ فيه صُورَةً مُنْزَعَةً من مُتعدد ، حسّيًّا كانَ ذلك الوَجْهُ أو غيرَ حسّيٍّ ، كَتَشْبِيهِ الشَّمْسِ بِالْمِرْآةِ فِي كَفِّ الأَشَلِّ .

وكقوله تعالى ﴿مَثَلُهُمْ كَمَثَلِ الَّذِي اسْتَوْقَدَ نَارًا فَلَمَّا أَضَاءَتْ مَا حَوْلَهُ ذَهَبَ اللَّهُ بِنُورِهِمْ وَتَرَكَهُمْ فِي ظُلُمَاتٍ لَا يُبْصِرُونَ ﴾البقرة١٧، و كقوله تعالى ﴿مَثَلُ الَّذِينَ حُمِّلُوا التَّوْرَاةَ ثُمَّ لَمْ يَحْمِلُوهَا كَمَثَلِ الْحِمَارِ يَحْمِلُ أَسْفَارًا ﴾الجمعة٥ ، فإنَّ وَجْهَ الشبهِ هَيْئَةُ الْحِرْمَانِ من الانْتفاعِ بِأَبْلَغِ نافعٍ مع تَحَمُّلِ التعبِ في اسْتِصْحَابِه .

تەشبىھ يەنە «وَجْهُ الشبهِ» ئېتىبارى بىلەن «تَمْثِيلٌ» ۋە «غيرُ تَمْثِيلٍ» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

«تَمْثِيلٌ» دېگىنىمىز، بىر قانچىلىغان نەرسىدىن چىقىرىلغان سۈرەت «وَجْهُ الشبهِ» بولغان تەشبىھ بولۇپ، بۇنىڭدىكى «وَجْهُ الشبهِ» نىڭ ھىسسى بولۇش بولماسلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن : «الشَّمْسُ كَالْمِرْآةِ فِي كَفِّ الأَشَلِّ»(قۇياش پالەچنىڭ قولىدىكى ئەينەككە ئوخشايدۇ)؛ ﴿مَثَلُهُمْ كَمَثَلِ الَّذِي اسْتَوْقَدَ نَارًا فَلَمَّا أَضَاءَتْ مَا حَوْلَهُ ذَهَبَ اللَّهُ بِنُورِهِمْ وَتَرَكَهُمْ فِي ظُلُمَاتٍ لَا يُبْصِرُونَ ﴾؛ ﴿مَثَلُ الَّذِينَ حُمِّلُوا التَّوْرَاةَ ثُمَّ لَمْ يَحْمِلُوهَا كَمَثَلِ الْحِمَارِ يَحْمِلُ أَسْفَارًا ﴾(تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە تەكلىپ قىلىنغان، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرمىگەنلەر خۇددى كىتاپ يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ). بىرىنچى مىسالدا پالەچنىڭ قولىدىكى ئەينەك توختاۋسىز تىترىگەنلىكتىن ئۇنىڭغا چۈشكەن نۇرنىڭ بىر يىغىلىپ، بىر كېڭىيىپ تۇرىشىدىن ھاسىل بولغان كۆرۈنۈش «وَجْهُ الشبهِ»، بولۇپ كەلگەن . ئىككىنچى مىسالدا ئوت ياققان، ئاندىن ئۇ ئوت ئەتراپىنى يورۇتقان، ئاندىن ئۇ يورۇقلۇق كەتكۈزىۋېتىلىپ قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرۇلغانلىقتىن ئىبارەت، بىر قانچىلىغان نەرسىدىن ھاسىل بولغان كۆرۈنۈش«وَجْهُ الشبهِ» بولۇپ كەلگەن . ئۈچىنچى مىسالدا ئۇنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ جاپا تارتىش بىلەن بىرگە شۇنچە پايدىلىق نەرسىدىن پايدىلىنىشتىن مەھرۇم قىلىشتىن ئىبارەت كۆرۈنۈش «وَجْهُ الشبهِ» بولۇپ كەلگەن.

«غيرُ تَمْثِيلٍ» دىگىنىمىز، «وَجْهُ الشبهِ» سى، بىر قانچىلىغان نەرسىدىن تارتىپ چىقىرىلغان كۆرۈنۈش بولمىغان تەشبىھ بولۇپ، بۇ ئۇ «وَجْهُ الشبهِ» نىڭ بىر ياكى ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان بىر قانچە بولۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. «وَجْهُ الشبهِ»سى، بىر بولۇش ئارقىلىق بولغان تەشبىھنىڭ مىسالى : «زَلَةُ القَلَمِ كزَلَّةُ القَدَمِ في الضَّرَرِ»(قەلەمنىڭ تېيىلىشى زەرەر جەھەتتە قەدەمنىڭ تېيىلىشى بىلەن ئوخشاش)؛ «والعُلماءُ الأتقياءُ كنُجُومِ السَّمَاءِ في الهدايةِ»(تەقۋادار ئۆلىمالار توغرا يولنى كۆرسىتىش جەھەتتە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشاش). مانا بۇ ئىككى مىسالدا «وَجْهُ الشبهِ» پەقەت بىرلا بولدى، شۇڭا بۇ تەشبىھ «غيرُ تَمْثِيلٍ» ھىساپلىنىدۇ. ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان بىر قانچىلىغان نەرسە «وَجْهُ الشبهِ» بولغان تەشبىھنىڭ مىسالى : «هذه الفاكهةُ كالتي أَكْلْنَاهَا أمْسِ في الطَّعْمِ واللَوْنِ والرَائحَةِ». بۇ مىسالدىكى «الطَّعْمِ»، «اللَوْنِ» ۋە «الرَائحَةِ» دىن ئىبارەت بىر قانچە نەرسە ئۆز ئالدىغا بولغان بولۇپ، بۇنداق تەشبىھمۇ «غيرُ تَمْثِيلٍ» ھىسابلىنىدۇ.

وغيرُ التمثيلِ مَا لَمْ يكنْ وَجْهُ الشبهِ فيه صُورةً مُنْتَزَعَةً من مُتعددٍ ، بأنْ كانَ أمْرًا وَاحِدًا أو أُمُورًا مُتعددةً كُلٌّ مِنْهَا قائمٌ بِذَاتِه ، فالأوَّلُ كقولك : زَلَةُ القَلَمِ كزَلَّةُ القَدَمِ في الضَّرَرِ ، والعُلماءُ الأتقياءُ كنُجُومِ السَّمَاءِ في الهدايةِ ، والثاني كما في تشبيهِ الفاكهةِ بأخْرى في الطَّعْمِ والرائحةِ واللَوْنِ .

وينقسم باعتبار الوَجْهِ أيضا إلى قسمينِ : مُجْمَلٌ ومُفَصَّلٌ .

فالمُجملُ ما لَمْ يُذْكَرْ فيه وَجْهُ الشبهِ نحو النَّحْوُ في الكلامِ كالْمِلْحِ في الطَّعَامِ .

والْمُفصلُ ما ذُكِرَ فيه وَجْهُ الشبهِ نحو يَدُهُ كالبَحْرِ جُوْدًا .

تەشبىھ «وَجْهُ الشبهِ» ئېتىبارى بىلەن «مُجْمَلٌ» ۋە «مُفَصَّلٌ» دەپ يەنە ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

«مُجْمَلٌ» دىگىنىمىز، «وَجْهُ الشبهِ» زىكىر قىلىنمىغان تەشبىھدۇر. مەسىلەن : «النَّحْوُ في الكلامِ كالْمِلْحِ في الطَّعَامِ» (جۈملىدىكى نەھۋى قائىدىلىرى تاماقتىكى تۇزغا ئوخشاشتۇر). يەنى ياخشىلاش جەھەتتە.

«مُفَصَّلٌ» دىگىنىمىز، «وَجْهُ الشبهِ» زىكىر قىلىنغان تەشبىھدۇر. مەسىلەن : «يَدُهُ كالبَحْرِ جُوْدًا».

## ئۈچىنچى تەتقىقات تېمىسى

## تەشبىھنىڭ ۋاستىلىرى ھەققىدە

تەشبىھنىڭ ۋاستىلىرى دېگىنىمىز، ئوخشۇشۇش مەنىسىگە دالالەت قىلىدىغان لەبزىدۇر. خۇددى «كِ» ۋە «كأنَّ» گە، شۇنداقلا ئىسىم ياكى پېئىل ۋە ياكى ھەرىپ بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسىدە بولغان نەرسىگە ئوخشاش.

«كِ» ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بولغان «مِثْل»، «شِبْه»، «نَحْو»، قاتارلىقلار ھەققىدىكى ئەسلى قائىدە ئۇلارغا «الْمُشبهُ بِهِ» نىڭ چاپلىشىپ كېلىشىدۇر. مەسىلەن: «يَدُهُ كالبَحْرِ جُودًا».

«كأنَّ» ھەققىدىكى ئەسلى قائىدە ئۇنىڭغا «الْمُشبهُ» نىڭ چاپلىشىپ كېلىشىدۇر. مەسىلەن: ﴿كَأَنَّهُنَّ الْيَاقُوتُ وَالْمَرْجَانُ﴾.

«كأنَّ» خەۋىرى جامىت ئىسىم بولغاندا ئوخشۇتۇشنى ئىپادىلەيدۇ، مۇشتاق ئىسىم بولغاندا بولسا شەكنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: «كأَنَّكَ فاهِمٌ». «كأنَّ» گاھىدا خەۋىرىنىڭ مۇشتاق بولۇش بولماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، تەشبىھنى مەقسەت قىلماستىن، خەۋەرنىڭ سابىت بولىشىغا گۇمان قىلىنغان ئورۇنلاردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «كأنَّ محمدًا أخوكَ» (مۇھەممەد سىنىڭ قېرىندىشىڭدەك تۇرىدۇ)؛ «وكأنه شجاعٌ» (ئۇ باتۇردەك تۇرىدۇ).

### المبحث الثالث

### في أدوات التشبيه

أداةُ التشبيهِ هي اللفظُ الذي يَدل على مَعنى المشابهةِ كالكافِ ، و كأنَّ و ما في معناهما حرفا كان أو اسما أو فعلا .

و الأَصْل في الكافِ ونحوِهَا كَمِثْلٍ و شِبْهٍ ونَحْوٍ ، أنْ يَليها الْمُشبهُ بِهِ نحو يَدُهُ كالبَحْرِ جُودًا .

و الأَصْـل في كـأنَّ أنْ يَليهـا الْمُشـبهُ كقوله تعـالى ﴿كَأَنَّهُنَّ الْيَاقُوتُ وَالْمَرْجَانُ﴾الرحمن٥٨ .

وكأنَّ يُفيدُ التشبيهَ إذا كانَ خبرُها جامدًا ، وتُفيدُ الشَّكَّ إذا كان خبرُها مُشْتَقًّا نحو كأَنَّكَ فاهِمٌ . وقَدْ تُسْتَعْمَلُ كأنَّ ، عندَ الظَّنِّ بِثُبوتِ الخبرِ مِن غيرِ قَصْدٍ إلى التشبيهِ ، سَواءٌ كان جامدًا أو مُشْتَقًّا نحو كأنَّ محمدًا أخوكَ وكأنه شجاعٌ .

تەشبىھنى ۋاستىلىرى ئېتىبارى بىلەن بۆلۈش :

تەشبىھ ، ۋاستىلىرى ئېتىبارى بىلەن «مُرْسَلٌ» ۋە «مُؤَكَّدٌ» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

«مُرْسَلٌ»دېگىنىمىز، ئۆزىدە تەشبىھ ۋاستىسى ئاشكارا زىكىر قىلىنغان تەشبىھدۇر.مەسىلەن:«هو كالبَحْرِ كَرَمًا».

«مُؤَكَّدٌ» دېگىنىمىز، ئۆزىدىكى تەشبىھ ۋاستىسى مۇبالىغە قىلىش يۈزىسىدىن تەرك ئېتىلگەن تەشبىھدۇر.

مەسىلەن : «هو بَحْرٌ في الْجود».

ۋە يەنە تەشبىھ ۋاستىسى ھەزىپ قىلىنغان ۋە «الْمُشبهُ به»، «الْمُشبهُ» دىن ئىلگىرى قىلىنغاندىن كېيىن، «الْمُشبهُ بهِ» سى «الْمشبه» سىگە ئىزاپ قىلىنغان تەشبىھمۇ مۇئەككەت تەشبىھنىڭ جۈملىسىدىندۇ.

مەسىلەن : «زيدٌ يَسْتَرْشِدُ بِسَرَاجِ رَأْيِهِ»(زەيت ئۆزىنىڭ ئەقىل چىرىقى ئارقىلىق توغرا يول ئىستەۋاتىدۇ)؛ «لَبِسَ زيدٌ رِداءَ العافيةِ»(زەيت خاتىرجەملىك تونىنى كىيۋالدى). خۇددى ئىككىنچى مىسالدا ساغلاملىق ئۆز ئىچىگە ئىلىش جەھەتتە كىيىمگە ئوخشۇتۇلغانغا ئوخشاش بىرىنچى مىسالدا كۆز قاراش، توغرا يول تېپىش جەھەتتە چىراققا ئوخشۇتۇلدى، ئاندىن «الْمُشبهُ بهِ» ئىلگىرى قىلىنىپ «الْمشبهِ» گە ئىزاپ قىلىندى.

التقسيم باعتبار الأداة :

يَنْقسمُ التشبيهُ باعتبار الأداةِ إلى قسمين :مُرْسَلٌ ومُؤكَّدٌ .

فالْمُرسلُ ، ما ذُكِرتْ فيه أداةُ التشبيه لفظًا نحو هو كالبَحْرِ كَرَمًا .

والْمُؤكد ، ما تُركتْ فيه الأداةُ مُبالغةً نحو هو بَحْرٌ في الْجود .

ومن التشبيه الْمُؤكد ما أُضيفَ فيه الْمُشبهُ به إلى الْمشبه بَعْدَ حَذْفِ الأداة و تقديمِ الْمُشبه به على الْمشبه كما تقول : فُلانٌ يَسْتَرْشِدُ بِسَراجِ رَأْيِه ، ولَبِسَ فُلانٌ رِداءَ العافيةِ . شُبِّهَ الرأيُ بالسراجِ في الاهتداء بهِ كما شُبِّهَ العافيةُ باللباسِ في الاشْتمالِ ، ثُمَّ قُدِّمَ الْمشبهُ به وأُضيفَ إلى الْمشبه .

التشبيه البليغ :

هو ما ذُكِرَ فيه الطرَفانِ فقَطْ و حُذفَ منهُ أداةُ التشبيه و وَجْهُ الشبهِ . وسُمِّيَ بالبليغ لأنَّ حَذْفَ الوجه و الأداة يُوَهِّمُ اتِّحادَ الطرفَيْنِ ، وهذه هي الْمُبالغةُ في قُوَّةِ التشبيه .

التشبيه البليغ :

«التشبيه البليغ» دېگىنىمىز، تەشبىھ ۋاستىسى ۋە «وَجْهُ الشبهِ» قاتارلىقلار ھەزىپ قىلىنىپ كېتىپ، پەقەت ئىككى تەرىپىلا زىكىر قىلىنغان تەشبىھدۇر. تەشبىھ ۋاستىسى ۋە «وَجْهُ الشبهِ» قاتارلىقلارنىڭ ھەزىپ قىلىنىپ كېتىشى، تەشبىھنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ۋەھىملەندۈرۈپ قويىدىغانلىقتىن بۇ خىل تەشبىھ، «التشبيه البليغ» دەپ ئاتالغان . مانا مۇشۇنداق ۋەھىمە (نىڭ پەيدا بولۇشى) تەشبىھنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مۇبالىغە ھېسابلىنىدۇ.

التّشبيه الضمني :

« التشبيه الضمني » دىگىنىمىز، « الْمشبهِ » ۋە « الْمُشبهُ بهِ » قاتارلىقلار، تەشبىھنىڭ تونۇشلۇق سۈرەتلىرىدىن بىرەر سۈرەتتە ئوتتىرىغا قويۇلماي بەلكى ئۇ ئىككىسىگە ئىشارەت قىلىنىدىغان ۋە مەنىدىن چۈشۈنۈلىنىدىغان شۇنداقلا « الْمُشبهُ بهِ » ھەر قاچان « الْمشبهِ » گە ئىسناد قىلىنغان نەرسىنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئىسپات بولىدىغان تەشبىھدۇر. مەسىلەن : « مَنْ يَهُنْ يَسْهَلُ الْهَوَانُ عَلَيْهِ * ما لِجُرْحٍ بِميِّتٍ إِيلامٌ » (خارلىققا ئادەتلىنىپ قالغان كىشىگە ئۇنى كۆتۈرۈش ئاسان بولۇپ قالىدۇ، خۇددى ئۆلۈكتىكى جاراھەتنىڭ ئەلەمى بولمىغاندەك). بۇ مىسالدا تەشبىھنىڭ ئىككى تەرىپى تونۇشلۇق شەكىلدە زىكىر قىلىنمىغان ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنىدىن چۈشىنىۋېلىنغان، شۇنداقلا « ئۆلۈكتىكى جاراھەتنىڭ ئەلەمىنىڭ بولماسلىقى » دىن ئىبارەت مۇشەببەھۇن بىھى، مۇشەببەھگە ئىسناد قىلىنغان خارلىققا كۆنۈپ قالغان كىشىگە « خارلىقنىڭ ئاسان بولىشى » دىن ئىبارەت ھۆكۈمنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن .

التّشبيه الضمني :

هو تَشْبِيْهٌ لا يُوضَعُ فيه الْمشبهُ و الْمشبهُ به في صورةٍ من صُور التّشبيهِ الْمَعْرُوفَةِ بَلْ يلمحُ الْمشبه و الْمشبه به و يُفْهَمَانِ من الْمعنى ويكونُ الْمشبهُ به دائمًا بُرْهَانًا على إمْكانِ ما أُسْنِدَ إلى الْمُشبه .

كقوله :

مَنْ يَهُنْ يَسْهَلُ الْهَوَانُ عَلَيْهِ * ما لِجُرْحٍ بِميِّتٍ إِيلامٌ

أيْ إنَّ الذي اعْتَادَ الْهَوَانَ يَسْهَلُ عليه تَحْمِلُهُ ولا يَتَأَلَّمُ ، ولَيْسَ هذا الادِّعَاءُ باطِلًا ، لِإنَّ الْمَيِّتَ إذا جُرِحَ لا يَتَأَلَّمُ ، و في ذلكَ تَلْمِيْحٌ بالتّشبيهِ في غيرِ صَرَاحَةٍ ، وهذا يُسمى بالتّشبيه الضمني .

يەنى ھاقارەتكە ئادەتلىنىپ قالغان كىشىگە ئۇنى كۆتۈرۈش ئاسان بولۇپ ئۇنىڭغا قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ. بۇ قاراش باتىل ئەمەس، چۈنكى ئۆلۈك جاراھەتلەنسە ئازاپلانمايدۇ. مانا بۇنىڭدا ئوچۇق بولمىغان ھالدا تەشبىھگە ئىشارەت بار بولۇپ، بۇ « التشبيه الضمني » دەپ ئاتىلىدۇ.

## تەشبىھ قىلىشتىكى مەقسەتلەر ھەققىدە

تەشبىھ قىلىشتىكى مەقسەتلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولۇپ تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1) «الْمشبه» نىڭ مۇمكىنچىلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن تەشبىھ قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «فَإِنْ تَفُقَ الأَنَامَ و أَنْتَ مِنْهُمْ * فَإِنَّ الْمِسْكَ بَعْضُ دَمِ الغَزَالِ »( سىز كىشىدىن بىر كىشى تۇرۇپ خالائىقتىن ئۈستۈن بولغان بولسىڭىزمۇ بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، ھەقىقەتەن ئىپارمۇ كىيكنىڭ قېنىنىڭ بىر قىسمى). بۇ مىسالدا «التشبيه الضمني» بار بولۇپ، بۇ تەشبىھدىن مەقسەت «فَإِنَّ الْمِسْكَ بَعْضُ دَمِ الغَزَالِ» نى زىكىر قىلىش ئارقىلىق «فَإِنْ تَفُقَ الأَنَامَ و أَنْتَ مِنْهُمْ» دىگەندىن ئىبارەت «الْمشبه» نىڭ مۇمكىنچىلىكىنى بايان قىلىش بولغان.

2) تەشبىھ قىلىشتىن ئىلگىرى«الْمشبه» نىڭ سۈپىتى مەلۇم بولمىسا مۇشەببەھنىڭ ھالىنى بايان قىلىش ئۈچۈن تەشبىھ قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «كَأَنَّكَ شَمْسٌ والْمُلوكَ كواكبُ * إذا طلقتْ لَم يبد مِنْهنَّ كَوْكَبٌ». بۇ مىسالدىكى ماختالغان پادىشانىڭ، پادىشالىق سۈپىتى تەشبىھ قىلىشتىن ئىلگىرى نامەلۇم بولغانلىقتىن، تەشبىھ ئارقىلىق ئۇنىڭ ھالى ھالى بايان قىلىنغان.

> المبحث الرابع
>
> في أغراض التشبيه
>
> أغْرَاضُ التشبيهِ كثيرةٌ ، مِنْهَا :
>
> ١) بَيَانُ إمْكَانِ الْمُشبهِ ، نحو فَإِنْ تَفُقَ الأَنَامَ و أَنْتَ مِنْهُمْ * فَإِنَّ الْمِسْكَ بَعْضُ دَمِ الغَزالِ .
>
> ٢) بَيَانُ حالِ الْمُشبهِ ، إذا كانَ غيرَ مَعروفِ الصفة قبلَ التشبيهِ ، كما في قوله :
>
> كأَنَّكَ شَمْسٌ والْمُلوكَ كواكبُ * إذا طلعتْ لَم يبد مِنْهنَّ كَوْكَبٌ .
>
> ٣) بَيانُ مِقدارِ حالِ الْمُشبهِ في القوة و الضَعْفِ ، إذا كان مَعروفَ الصِفة قبلَ التشبيه ، فَبِه يُعرفُ مقدارُ هذه الصفة كتشبيهِ الثوبِ الأسودِ بالغُرَابِ ، و كتشبيه المَاءِ بالثلجِ في شدة البرودةِ .

3) تەشبىھ قىلىشتىن ئىلگىرى سۈپىتى مەلۇم بولۇپ تەشبىھ قىلىش ئارقىلىق ئۇ سۈپەتنىڭ مىقدارى تونۇلدىغان بولسا مۇشەببەھنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىق جەھەتتىكى ھالىنىڭ مىقدارىنى بايان قىلىش ئۈچۈن تەشبىھ قىلىنىدۇ. خۇددى قارا كىيمنى قارلىق سۈپىتىنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قاغىغا ئوخشاتقانغا ۋە ناھايىتى سوغۇقلۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سۇنى قارغا ئوخشاتقانغا ئوخشاش. بۇ ئىككى مىسادىكى «الْمشبهِ» لەرنىڭ قارا ۋە سوغۇق بولۇشتىن ئىبارەت سۈپىتى ئەسلىدىلا مەلۇم بولغانلىقتىن بۇ يەردىكى تەشبىھ مۇشۇ سۈپەتلەرنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان تەشبىھ ھىسابلىنىدۇ.

4) «وَجْـهَ الشـبهِ» نى كۈچلۈك ۋە ئوچـۇقراق شـەكىلدە ئاشكارىلاش ئـارقىلىق مۇشـەببەھنىڭ ھـالىنى تـەقرىر قىلىپ ئۇنى ئاڭلىغۇچىنىڭ زېھنىگە ئورنىتىۋېتىش ئۈچۈن تەشبىھ قىلىنىدۇ. مەسىلەن : «التَّعَلُّمُ في الصِّغَرِ كالنَّقْشِ في الْحَجَرِ »(كىچىك چاغدا ئۆگەنگەنلىك، تاشقا نەقىش چەككەنگە ئوخشاش). بۇ مىسالدا «ئورناپ كېتىش» تىن ئىبارەت «وَجْهَ الشبه»، تاشقا نەقىش چېكىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ۋە ئوچۇقراق شەكىلدە ئاشكارا قىلىنىش ئـارقىلىق «الـتَّعَلُّمُ في الصِّـغَرِ» دېگـەن «الْمشـبهِ» نىـڭ ھـالى تـەقرىر قىلىـنىپ ئاڭلىغـۇچىنىڭ زېھنىگـە ئورنىتىۋېتىلگەن.

٤) تَقرِيرُ حال الْمشبه ، وتَمْكِيْنُهُ في ذهْنِ السامع بإبْرازِهَا فيمَا هي فيه أظْهرُ و أقْوى نحو التَّعلُّمُ في الصّغرِ كالنَّقْشِ في الْحَجَرِ .

٥) تَزْيِيْنُ الْمشبه وتَحْسِيْنُ حاله ترغيبًا فيه أو تعظيما لَهُ ، كما في تشبيه وَجه أسْوَدَ بمُقْلَة الظَّبْي في قول الشاعر : سوداء واضحة الجبين * بين كمقلة الظبي الغرير .

٦) تَشْوِيْهُ الْمُشبه وتَقْبِيْحُهُ ، تَنْفيْرًا مِنْهُ أو تَحْقيْرًا لَهُ كما في تَشبيه وَجْه مَجْدُورٍ بسَلْحَة جامدة قَدْ نقَرتَهَا الديْكَةُ .

التشبيه المقلوب :

وقَدْ يَعودُ الغرَضُ إلى الْمُشبه به إذا عُكسَ طَرْفَا التشبيه ، بادّعَاء أنَّ وَجْهَ الشبه في الْمشبه أقْوى و أتَمُّ منه في الْمُشبه به مُبَالغَةً نحو كأنَّ ضوءَ النهار جَبِيْنُهُ ، وكأنَّ الْمَاءَ في الصفاء طباعُهُ و كقوله تعالى حكايَةً عن الكفار ﴿ قَالُوا إنَّمَا الْبَيْعُ مثْلُ الرِّبَا ﴾البقرة٢٧٥ وهذا يُسمى بالتشبيه الْمَقلوب .

5) ئـۇنىڭغا قىزىقتۇرغانلىق ياكى ئۇنى ئۇلۇغلىغانلىق جەھەتتىن مۇشەببەھنى زىنىنەتلەش ۋە ئـۇنىڭ ئـەھۋالىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچـۈن تەشبىھ قىلىنىدۇ. خـۇددى تۆۋەنـدىكى شـېئىردا، قىزىقتـۇرۇش ۋە ئۇلـۇغلاش ئۈچـۈن قـارا ئادەمنىـڭ يـۈزنى، كىيىكنىـڭ كۆزىگـە ئوخشـۇش ئـارقىلىق چىرايلىق كۆرسەتكەنگـە ئوخشـاش. «سـوداء واضـحة الجـبي * ن كمقلـة الظـبي الغريـر »(ئـۇ قاپـقارا، پېشانىسـى كـەڭ خـۇددى قاپـقانغا چۈشـكەن كىيىكنىـڭ كـۆز قارچۇقىدەك).

6) ئۇنىڭـدىن نەپرەتلەنگەنلىكتىن ياكى ئۇنى ھاقارەتلىگەنلىكتىن ئـۇنى سـەت ۋە ئەسـكى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەشبىھ قىلىنىدۇ. خـۇددى چېچـەك كېسىلى بولغـان كىشىنىڭ يـۈزىنى توخـا چوقۇۋالغـان تـوك تېزەككە ئوخشاتقانغا ئوخشاش .

التشبيه المقلوب :

«الْمُشـبه» دېكـى «وَجْـهَ الشبهِ» نىڭ، «الْمشبهِ بـهِ» دىكىدىن تولۇق ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىش ئارقىلىق، مۇبالىغە قىلىش يۈزىسىدىن تەشبىھنىڭ ئىككى تەرىپى ئـەكس قىلىنغانـدا، تەشبىھ قىلىشتىكى مەقسـەت «الْمُشـبه بـهِ» گـە قارىتا بولۇپمۇ قالىدۇ. مەسىلەن : «كأنّ ضوءَ النهارِ جَبِيْنُهُ »(ئاپتاپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئوخشايدۇ)؛ «كـأنَّ الْمَـاءَ في الصفاءِ طباعُـهُ »(سۇ ساپ بولۇش جەھەتتە ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشايدۇ)؛ ﴿ قَالُوا إنَّمَا الْبَيْعُ مثْلُ الرِّبَا ﴾. بۇ ئايەتتىكى «وَجْـهَ الشـبهِ» پايدىنىڭ ھاسىل بولىشى بولۇپ، كاپىرلار پايدا ھاسىل قىلىشتا سودىغا قارىغاندا جازانە يوللۇق دەپ قارايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ يەردە تەشبىھ مەقلۇب شەكىلدە سۆزلەنگەن. شۇڭا بۇ چاغدا تەشبىھ قىلىشتىكى مەقسەت «الْمشـبهِ بـهِ» بولغان «الرِّبَـا» نىڭ ھالىنى بايان قىلىش بولۇپ قالغان. يۇقارقى ئىككى مىسالمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

مانا بۇلار «التشبيه المقلوب» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەشبىھنىڭ مەرتىۋىلىرى :

مۇبالىغىسىنىڭ ئاجىز ياكى كۈچلۈك بولۇشى جەھەتتىن تەشبىھنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئۈچ خىل مەرتىۋىسى بولىدۇ.

بىرىنچىسى (بۇ تەشبىھنىڭ مەرتىبە جەھەتتە يۇقىرىسى بولۇپ بۇ)، ئۆزىنىڭ تەشبىھنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ بىردەكلىك مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ئۈچۈن، ئۆزىدىكى تەشبىھ ۋاستىسى ۋە «وَجْهَ الشبه» ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن تەشبىھدۇر. شۇڭا بۇ، «تَشبيهًا بَلِيْغا» دەپ ئاتالغاندۇر. مەسىلەن : «عَلِيٌّ أَسَدٌ»(ئەلى يولۋاستۇر). بۇ مىسالنىڭ ئەسلىسى «عَلِيٌّ كالأسَدِ في الشجاعة» بولۇپ بۇنىڭدىكى تەشبىھ ۋاستىسى ۋە «وَجْهَ الشبه» لەر، ھەزىپ قىلىنىپ كېتىپ، بۇ ئارقىلىق ئەلى، يولۋاسلار ئىچىكى بىر يولۋاس دەپ داۋا قىلىنغانلىقتىن، ئەلى بىلەن يولۋاستىن ئىبارەت تەشبىھنىڭ مۇشۇ ئىككى تەرىپىنىڭ بىر ئىكەنلىكى داۋا قىلىنغان . شۇڭا بۇ تەشبىھ مۇبالىغە قىلىش جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە تەشبىھ ھىساپلانغان.

ئىككىنچىسى (بۇ تەشبىھنىڭ مەرتىبە جەھەتتە ئوتتۇراھالى بولۇپ بۇ) ئۆزىدىكى تەشبىھ ۋاستىسى ۋە «وَجْهَ الشبه» دىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ بىرى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن تەشبىھدۇر . مەسىلەن : «عَلِيٌّ كالأسَدِ»؛ «عَلِيٌّ أَسَدٌ في الشجاعة». بۇ ئىككى مىسالدا ئەلى، يولۋاسلار ئىچىدىكى بىر يولۋاس دەپ داۋا قىلىنمىغان بەلكى يولۋاسقا ئوخشىتىلغان شۇڭا بۇنىڭدا تەشبىھنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ بىردەكلىك مەنىسى ئاجىز بولىدۇ، دەل مۇشۇ سەۋەپتىن بۇنىڭدىكى تەشبىنىڭ مۇبالىغىسى ئوتتۇراھال ھىساپلىنىدۇ.

مَراتب التّشبيه :

للتشبيه باعتبار المُبالغة مَرَاتِبُ ثلاثٌ تتفاوتُ قوةً وضَعْفًا .

فالأولُ و هي أعْلاها : ما حُذِفَ فيه الوَجْهُ و الأداةُ ، لإشْتماله على معنى الاتّحادِ بينَ الطرفينِ . ولهذا سُمي تَشبيهًا بَلِيْغا نحو عَلِيٌّ أَسَدٌ .

و الثانيةُ وهي المُتوسطةُ : ما حُذِفَ فيه أحدُهُمَا – الوَجْهُ أو الأداةُ ، كما تقول : عَلِيٌّ كالأسَدِ ، أو عَلِيٌّ أَسَدٌ في الشجاعةِ .

و الثالثةُ وهي أدْنَاهَا : ما ذُكِرَ فيه الوَجْهُ والأداةُ ، لخُلُوِّ التّشبيه فيْهَا عن دَعْوى الاتحادِ التي هي مدارُ المُبالغةِ فيه نحو عَلِيٌّ كالأسَدِ في الشجاعةِ .

ئۈچىنچىسى (بۇ تەشبىھنىڭ مەرتىبە جەھەتتە ئەڭ تۆۋىنى بولۇپ بۇ) ئۆزىدىكى تەشبىھ ۋاستىسى ۋە «وَجْهَ الشبهِ» لەر زىكىر قىلىنغان تەشبىھدۇر. بۇنىڭ مەرتىبە جەھەتتە تۆۋەن بولىشى ئۇنىڭدىكى تەشبىھنىڭ، ئۇنىڭدىكى بالاغەتنىڭ مىقدارى ھىساپلىنىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ بىردەكلىكىنى داۋا قىلىشتىن خالى بولغانلىقىدىندۇر. مەسىلەن : «عَلِيٌّ كالأسَدِ في الشجاعةِ».

ماجاز دىگىنىمىز ئىستىلادا «مَجَازٌ لُغَوِيٌّ» ۋە «مَجَازٌ عَقْلِيٌّ» دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ. ماجاز مۇتلەق سۆزلەنسە پەقەت «مَجَازٌ لُغَوِيٌّ» گىلا قارىتىلغان بولىدۇ.

بىرىنچى تەتقىقات تېمىسى

«مَجَازٌ لُغَوِيٌّ» ھەققىدە

سۆزدە يۈز بەرگەن ماجاز مۇپرەت ۋە مۇرەككەپتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىچى پەسىل مۇپرەت ماجاز ھەققىدە

> المجاز
>
> وهو في الاصطلاح قِسْمَانِ : مَجَازٌ لُغَوِيٌّ ومَجَازٌ عَقْلِيٌّ ، فإذا أُطْلِقَ الْمَجازَ لا ينصرفُ إلا لِلُغَوِيّ .
>
> الفصل الأول
>
> في المجاز اللغوي
>
> الْمجازُ اللغوي ضَرْبَانِ : مُفْرَدٌ ومُرَكَّبٌ .
>
> الفَصْلُ الأَوَّلُ في الْمَجازِ الْمُفرد :
>
> والْمجازُ الْمُفردُ هو الكلمةُ الْمُستعملةُ في غيرِ ما وُضِعَتْ لَهُ لِعَلاقَةٍ مع قَرِيْنَةٍ مانعةٍ من إرادةِ الْمَعنى الْمَوْضُوعِ لَـهُ اللفظُ. و العلاقـةُ هي الْمُناسبةُ بينَ المعنى الحقيقيِّ و الْمَعنى الْمجازيِّ . فإنْ كانتْ العلاقةُ الْمُشابهَةَ يُسمى اسْتِعَارَةً ، و إلا فَهُوَ مَجَازٌ مُرْسَلٌ . والقرينةُ قَدْ تكونُ لَفْظِيَّةً وقدْ تكونُ حَالِيَّةً .

«سۆزدىكى ماجاز» دىگىنىمىز لەبزىنىڭ ئەسلىدىكى تەيىنلەنگەن مەنىسىنى ئىرادە قىلىشتىن چەكلىگۈچى قەرىنە بولغان ئەھۋالدا، (ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى بىلەن كىينكى مەنىسى ئارىسىدا) ئالاقە بولغانلىقتىن، ئۆزى تەيىنلەنگەن ئەسلى مەنىدىن باشقا مەنىدە ئىشلىتىلگەن كەلىمىدۇر. ئالاقە بولسا ئەسلى مەنا بىلەن كېيىنكى ماجازى مەنا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. ئۇلار ئارىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەت ئوخشۇشۇش مۇناسىۋىتى بولسا بۇ «اسْتِعَارَةً» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا بۇ «مَجَازٌ مُرْسَلٌ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «رأيتُ أسَدًا يَرْمِي»(ئوق ئېتىۋاتقان يولۋاسنى كۆردۈم)؛ «قَرَّرَ الْمَجْلِسُ ذلكَ»(ئۇنى مەجلىس قارار قىلدى). بىرىنچى مىسالدىكى «أسَدًا» دىگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «يولۋاس» بولۇپ بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاشۇ ئەسلى مەنىسىنى ئىرادە قىلىشتىن چەكلەيدىغان «يَرْمِي» دىگەن جۈملە بولغانلىقتىن بۇ سۆز ناھايىتى باتۇر بىر كىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن مۇپرەت كەلىمە بولدى، شۇڭا بۇ، «سۆزدىكى ماجاز» ھىساپلاندى. ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى بولغان «يولۋاس» بىلەن كۆچمە مەنىسى بولغان «باتۇر كىشى» دىن ئىبارەت ھەر ئىككىسىدە باتۇرلۇقتىن ئىبارەت ھەر ئىككىسىگە ئورتاق بولغان بىر سۈپەت مەۋجۇت بولغانلىقتىن بۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى بولىدى، شۇڭا بۇ سۆزنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى ئىستىئارە دەپ ئاتىلىدى. ئىككىنچى مىسالدىكى «الْمَجْلِسُ» دىگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئولتۇرىدىغان جاي» دىگەنلىك بولۇپ بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاشۇ ئەسلى مەنىسىنى ئىرادە قىلىشتىن چەكلەيدىغان ئورۇننىڭ بىر نەرسىنى قارار قىلالماسلىقتىن ئىبارەت ھالى قەرىنە بولغانلىقتىن، بۇ سۆز بۇ يەردە شۇ يەردە ئولتۇرغان كىشىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن مۇپرەت كەلىمە بولدى، شۇڭا بۇمۇ، «سۆزدىكى ماجاز» ھىساپلاندى. بۇنىڭ «ئورۇن» دىن ئىبارەت ئەسلى مەنىسى بىلەن «ئولتۇرغان كىشىلەر» دىگەندىن ئىبارەت كۆچمە مەنىسى ئارىسىدا ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى ئەمەس بەلكى بىرى يەنە بىرىگە ئورۇن بولۇپ بېرىش مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن بۇ سۆزنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى «ماجاز مۇرسەل» دەپ ئاتالغان.

قەرىنە گاھىدا بىرىنچى مىسالدىكىدەك لەبزەن بولىدۇ، ۋە گاھىدا ئىككىنچى مىسالدىكىدەك جۈملە شارائىتىدىن ئىپادىلىنىدىغان ھالى بولىدۇ.

ئىستىئارە دېگىنىمىز، ئالاقىسى ئوخشۇشۇش بولغان ماجازدۇر. ئۇ ئەسلىدە، ئىككى تەرىپىنىڭ بىرى، تەشبىھ ۋاستىسى ۋە «وَجْهَ الشبهِ» قاتارلىقلىرى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن تەشبىھدۇر. لېكىن بۇ، تەشبىھدىن بالاغەتلىكرەكتۇر، چۈنكى تەشبىھ بالاغەتتە ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتسىمۇ ئۇنىڭدا «الْمُشبه» ۋە «الْمشبه بِه» لارنىڭ زىكىر قىلىنىشى زۆرۈر بولىدۇ، ئىستىئارىدە بولسا ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ بىرىنى ھەزىپ قىلىش ئارقىلىق، ئارىلىشىپ كىتىش ۋە بىرلىشىپ كىتىش، داۋا قىلىنىدۇ. ئىستىئارە ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئەسلى تەيىنلەنگەن مەنىسىنى ئىرادە قىلىشتىن چەكلەيدىغان، لەبزى ياكى ھالى بولغان قەرىنىنىڭ بولىشى زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن : «رأيتُ أسَدًا فِي الْمَدرسةِ». بۇنىڭ ئەسلىسى «رأيتُ رَجُلًا شجاعًا كالأسَدِ فِي الْمَدرسةِ». بۇنىڭدىكى قەرىنە «فِي الْمَدرسةِ» دېگەن سۆزدۇر.

ئىستىئارىنىڭ رۇكنىلىرى :

ئۇنىڭ رۇكنىلىرى ئۇچتۇر، بىرىنچىسى «الْمُستعارُ مِنْهُ» بولۇپ بۇ، «الْمُشبهُ بِه» دۇر. ئىككىنچىسى «الْمُستعارُ لَهُ» بولۇپ بۇ، «الْمُشبهُ» دۇر. ئۇچىنچىسى «الْمُستعارُ» بولۇپ بۇ، يۆتكەلگەن سۆزدۇر. مەسىلەن : ﴿الَر كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ﴾. بۇنىڭ مەنىسى، كىشىلەرنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە چىقىرىش ئۇچۇن دېگەنلىكتۇر. بۇ ئايەتتىكى «الْمُستعارُ له» ئازغۇنلۇق ۋە ھىدايەتتۇر، ۋە «الْمُستعارُ مِنْهُ» «الظلامُ» ۋە «النورُ» نىڭ ئەسلى مەنىلىرىدۇر، ۋە «الظلماتُ» ۋە «النورُ» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى بولسا «مُستعارٌ» دۇر ، بۇلارنىڭ ئەسلى مەنىسى بىلەن كۆچمە مەنىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە بولسا، «الضلال» بىلەن «الظلامِ» نىڭ ۋە «الهدي» بىلەن «النورِ» نىڭ ئارىسىدىكى ئوخشاشلىقتۇر ۋە قەرىنە بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى «كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ» دېگەن سۆزدۇر.

## الاستعارة

هِيَ مَجَازٌ عَلاقَتُهُ الْمُشابهَةُ ، و أَصْلُهَا تَشْبِيْهٌ حُذفَ أَحَدُ طَرْفَيْه و وَجْهُ شَبَهِه و أَداتُهُ ، و لكنَّهَا أَبلغُ مِنْهُ ، لأَنَّ التَشبيهَ مَهْمَا تَنَاهَي في الْمُبالغة فلأبُدَّ فيه من ذكْرِ الْمُشبه والْمشبه به ، وفي الاسْتعارة دَعْوى الاتّحَادِ والامْتِزَاج بِحَذْف أَحَد طَرْفَيْه . لأبُدَّ للاسْتعارة من قَرِيْنَة مانعة عن إرادة المعنى الْمَوضوعِ لَهُ ، سَواءٌ كانَتْ حالِيَّةً أَو مَقَالِيَّةً كقولكَ : رأيتُ أسَدًا فِي الْمَدرسةِ ، أَصْلُهُ : رأيتُ رَجُلًا شجاعًا كالأسَدِ في الْمَدرسةِ ، والقرينة : في الْمَدرسةِ .

أركانُ الاستعارة :

أَرْكانُها ثَلاثَةٌ (١) الْمُستعارُ مِنْهُ و هو الْمُشبهُ بِه ، (٢) والْمُستعارُ لَهُ وهو الْمُشبهُ ، (٣) والْمُستعارُ وهو اللفْظُ الْمَنْقُول ، كقوله تعالى ﴿الَر كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ﴾إبراهيم١ ، أَيْ مِن الضَّلالِ إلى الهدي . فالْمُستعارُ له في هذا المثال هو الضلال والْهُدي ، والْمُستعارُ مِنْهُ هو معنى الظلامِ و النور ، و لَفْظُ الظلمات والنور مُستعارٌ ، والعلاقة الْمُشابهة بينَ الضلالِ والظلامِ والهدي والنورِ ، والقَرِينةُ ما قبْلَ ذلكَ .

ئىستىئارىنىڭ مەيدانغا كىلىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى تۆت ئىش زۆرۈر بولىدۇ :

بىرىنچىدىن، ئىستىئارىنىڭ قۇرۇلمىسى، تەشبىھنى ئۇنتۇلىش ئۈستىگە قۇرۇلۇپ تەشبىھنىڭ يۈز بىرىپ باقمىغاندەك قىلىنىشى ۋە بۇ چاغدا «الْمُشبهَ» نىڭ «وَجْهُ الشَبَه» بىلەن سۈپەتلىنىشىنى مۇبالىغە قىلىش يۈزىسىدىن، «الْمُشبهَ» نىڭ، «الْمُشبه به» نىڭ ئەزالىرىدىن بىر ئەزا ئىكەنلىكى داۋا قىلىنىشى كىرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىستىئارىدە تەشبىھنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ تەشبىھكە دالالەت قىلىدىغان رەۋىشتە جەملەنمەسلىكى لازىم .

ئۈچىنچىدىن، «وَجْهُ الشبه» ۋە تەشبىھ ۋاستىسى قاتارلىقلار زىكىر قىلىنماسلىقى لازىم. ئەگەر زىكىر قىلىنىپ قالسا سۆز ئىستىئارە ئەمەس بەلكى تەشبىھ بولۇپ قالىدۇ.

تۆتىنچىدىن، «الْمُشبه» نىڭ «الْمُشبه به» نىڭ جىنسىغا داخىل بولۇشىنى داۋا قىلىشنىڭ ۋە ئۇنى «الْمُشبه به» نىڭ ئەپرادلىرىدىن بىر پەرىد دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىشنىڭ هاسىل بولۇشى ئۈچۈن «الْمُشبهُ به»، ھەقىقى ياكى تەئۋىلى تەرىقىدە ئومۇملۇق خارەكتىرىگە ئىگە ئىسىم بولىشى لازىم . مەسىلەن : «رأيتُ أسَدًا يَرْمِي»؛ «رأيتُ بَدْرًا يَلْعَبُ فِي الْحَدِيْقَةِ». بىرىنچى مىسالدىكى «أسَدًا» دىگەن سۆزنىڭ ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان ئەپرادى بولغانلىقتىن بۇ ئىسىم ئومۇملۇق خارەكتىرگە ھەقىقى ئىگە بولغان ئىسىم ھىسابلىنىدۇ. ئەمما ئىككىنچى مىسالدىكى «بَدْرًا» دىگەن سۆزنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر قانچىلىغان ئەپرادى بولمىسىمۇ گۈزەل قىزنى ئۇنىڭ ئەپراتلىرىدىن بىر پەرد دەپ تەۋىل قىلىش ئارقىلىق بىر قانچىلىغان ئەپراتقا ئىگە قىلىنغانلىقتىن ئۇ ئومۇملۇق خارەكتىرگە تەۋىل يولى ئارقىلىق ئىگە بولغان ئىسىم ھىسابلىنىدۇ.

ولابُدَّ لِتَحْقِيْقِ الاسْتِعارةِ مِن أُمُورٍ أرْبَعَة :

الأوّلُ أنْ يكونَ بِنَاءُها على تَنَاسِي التَشبيهِ ، ويُجْعَل كَأَنْ لَمْ يَكُنْ ، و يُدْعِي حِيْنَئِذٍ أنَّ الْمُشبهَ فَرْدٌ مِنْ أفْرادِ الْمُشبهِ بِهِ ، مُبالغةً فِي اتّصَافِ الْمُشبهِ بِوَجْهِ الشَبَهِ .

الثاني أنْ لا يُجْمَعَ فيها بين الطرفينِ أصْلًا على وَجْهٍ يَدُلُّ على التَشْبِيْهِ .

الثالثُ أنْ لا يُذْكَرَ وَجْهُ الشبهِ ولا أداتُهُ ، فإذا ذُكِرَ كانَ الكلامُ تَشْبِيْهًا لا اسْتِعَارَةً .

الرابعُ أنْ يكونَ الْمُشبهُ بِهِ كُلِّيًا حَقِيْقَةً أو تَأْوِيلًا ، حتى يَتأَتَّى ادّعَاءُ دُخُولِ الْمُشبهِ في جِنْسِ الْمُشبهِ بِهِ و اعْتِبَارُهُ فَرْدًا مِنْ أفْرَادِهِ.

**1 - مُصرحةٌ و مَكْنِيَّةٌ :**

ئىستىئارە ئىككى تەرەپدە زىكىر قىلىنغان نەرسىنىڭ ئېتىبارى بىلەن «مُصَرَّحَةٌ» ۋە «مَكْنِيَّةٌ» دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

«مُصَرَّحَةٌ» دېگىنىمىز ئۆزىدە «الْمُشبه بِهِ» نىڭ لەبزى ئاشكارا قىلىنغان ئىستىئارىدۇر. مەسىلەن : ﴿الر . كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ﴾ . بۇ ئايەتتە ئازغۇنلۇقنى، «الظُّلُمَات» قا، ھىدايەتنى بولسا، «النُّور» غا ئوخشۇتۇش ئارقىلىق «الظُّلُمَات» بىلەن «النُّور» دىن ئىبارەت ئىككى لەبزى ھىدايەت بىلەن نۇردىن ئىستىئارە ئېلىنغانلىقتىن بۇ ئىككى لەبزى «الْمُشبهُ بِهِ» ھىساپلىنىدۇ. بۇ ئايەتتە بۇ ئىككى لەبزى ئاشكارا زىكىر قىلىنغانلىقتىن بۇ ئىستىئارە «مُصَرَّحَةٌ» دەپ ئاتىلىدۇ.

«مَكْنِيَّةٌ» دېگىنىمىز، ئۆزىدىكى «الْمُشبهُ بِهِ» ھەزىپ قىلىنىپ كېتىپ ئۇنىڭ خاس نەرسىسىدىن بىرەرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىنغان ئىستىئارىدۇر. مەسىلەن: ﴿وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ﴾ . بۇ ئايەتتە تۆۋەنلەشتىن ئىبارەت ئۆخشاشلىق سەۋەبىدىن «الذُّل» دېگەن سۆز «الطَّائِرُ» گە ئوخشۇتۇلدى دە «الطَّائِرُ» دېگەن سۆز «الذُّل» نى ئۇچۇن ئىستىئارە ئېلىندى، ئاندىن «الطَّائِرُ» دىن ئىبارەت بۇ «الْمُشبهُ بِهِ» ھەزىپ قىلىنىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ قاناتتىن ئىبارەت خاس نەرسىسى ئۇنىڭ ئەسلىدە بار ئىكەنلىكىگە، كىنايە ئارقىلىق ئىستىئارە قىلىش يولىغا ئاساسەن ئىشارەت قىلىندى. شۇڭا بۇ ئىستىئارە «مَكْنِيَّةٌ» دەپ ئاتالدى. ئالىملار قاناتنىڭ «الذُّلِّ» گە ئىسپاتلىنىشىنى «اسْتِعارةً تَخييليةً» دەپ ئاتايدۇ. ۋە بۇ «الْمَكنية» قەرىنىسى ھىسابلىنىدۇ.

أقسام الاستعارة

**١- مُصرحةٌ و مَكْنِيَّةٌ :**

تَنْقَسِمُ الاستعارةُ باعْتبارِ ما يُذْكَرُ مِن الطَرَفَيْنِ إلى قِسْمَيْنِ : مُصَرَّحَةٌ و مَكْنِيَّةٌ .

فالْمُصرحةُ ( أو التصريحية ) هي ما صُرِّحَ فيه بِلَفْظِ الْمُشبه به كما في قوله تعالى ﴿الر كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ﴾إبراهيم١ ، أيْ مِن الضلالِ إلى الْهُدي .

والْمَكنيةُ : هي ما حُذِفَ فيه الْمُشبهُ به و رُمِزَ إليه بِشيئٍ مِن لَوَازِمه كقوله تعالى ﴿وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ﴾الإسراء٢٤، شُبِّهَ الذُّلُّ بالطائِرِ بِجَامِعِ الْخضوعِ ، واسْتُعِيْرَ الطائِرُ للذُّلِّ ، ثُمَّ حُذِفَ ودُلَّ عليه بِشئٍ مِن لَوَازِمه وهو الْجَنَاحُ ، على سَبِيل الاسْتِعارة بالكناية ، و إثباتُ الجناحِ لِلذُّلِّ يُسَمُّوْنَهُ اسْتِعارةً تَخييليةً ، وهي قرينةُ الْمَكنية .

## 2 - أَصْلِيَّةٌ و تَبْعِيَّةٌ :

ئىستىئارە، «الْمُستعارِ» نىڭ لەبزى ئېتىبارى بىلەن «أَصْلِيَّةٌ» ۋە «تَبْعِيَّةٌ» دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

«أَصْلِيَّةٌ» دېگىنىمىز، «الْمُستعار» بولغان سۆزى، جامىت ئىسىم بولغان ئىستىئارىدۇر. مەسىلەن : باتۇر كىشى ئۈچۈن ئىستىئارە ئېلىنغان «الأَسَدُ» دېگەنگە ئوخشاش. دېمەك بۇ يەردىكى «الْمُستعار» بولغان «الأَسَدُ» دېگەن سۆز جامىت ئىسىم بولغانلىقتىن بۇ ئىستىئارە «أَصْلِيَّةٌ» دەپ ئاتىلىدۇ.

«تَبْعِيَّةٌ» دېگىنىمىز، ئىشتىقاقلانغان ئىسىم ياكى پېئىل ۋە ياكى ھەرىپ قاتارلىقلاردىن بىرى «الْمُستعار» بولغان ئىستىئارىدۇر. بۇلاردىن ئىشتىقاقلانغان ئىسىم بىلەن پېئىلدىن ئىبارەت ئەۋۋەلقى ئىككىسىدە تەشبىھ قىلىش، مەسدەردە يۈز بېرىدۇ، ھەرىپتىن ئىبارەت ئۈچىنچىسىدە بولسا شۇ ھەرىپنىڭ مەنىسىنىڭ ئالاقىدارىدا يۈز بېرىدۇ. ئىشتىقاقلانغان ئىسىم «الْمُستعار» بولغاننىڭ مىسالى : «جَلِيْلُ عَمَلِكَ نَاطِقٌ بِفَضْلِكَ». بۇ مىسالنىڭ ئىستىئارە قىلىنمىغان ھالىتى «جَلِيْلُ عَمَلِكَ دَالٌّ بِفَضْلِكَ» بولۇپ، «النطقِ» بىلەن «الدلالةُ» تىن ئىبارەت ھەر ئىككىسىدە مەقسەتنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئوخشاشلىق بولغانلىقتىن «الدلالةُ» دىن ئىبارەت مەسدەر، «النطقِ» دىن ئىبارەت مەسدەرگە ئوخشۇتۇلدى، ئاندىن «النطقِ» دېگەن مەسدەر «الدلالةُ» ئۈچۈن ئىستىئارە ئېلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن «النطقِ» دېگەن مەسدەردىن ئىستىئارە تەبئىييە تەرىقىسىدە «ناطِقٌ» دېگەن ئىسىم ئىشتىقاق قىلىندى. ۋە يەنە «نَطَقَتْ حالُكَ بِكذا»؛ «لِسانُ الحالِ أَنْطَقُ» قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

### ٢- أَصْلِيَّةٌ و تَبْعِيَّةٌ :

تنقسمُ الاستعارةُ باعتبارِ اللفظِ الْمُستعارِ إلى قِسْمَيْنِ : أَصْلِيَّةٌ وتَبْعِيَّةٌ .

فالأَصْلية : ما كانَ اللفظُ الْمُستعارُ فيها اسْمًا جامدًا ، كالأَسَدِ إذا اسْتُعيْرَتْ للرَّجُلِ الشجاعِ .

و التبعيةُ : ما كانَ اللفظُ الْمُستعارُ فيها اسْمًا مُشْتَقًّا أو فعْلًا أو حَرْفًا . فالتشبيهُ في الأوليْنِ لمَعْنى الْمَصدرِ ، وفي الثالث لمُتعلق مَعْناهُ كقوله : جَلِيْلُ عَمَلِكَ نَاطِقٌ بِفَضْلِكَ ، شُبِّهَتْ الدلالةُ بالنطقِ بِجَامعِ إفْهَامِ الغَرَضِ في كُلٍّ ، ثُم اسْتُعِيْرَ لفظُ النطقِ للدلالة ، ثُم اشْتُقَّ مِنَ النطقِ ناطِقٌ على سَبِيْلِ الاسْتعارةِ التَبْعِيَّة . ونحو نَطَقَتْ حالُكَ بِكذا، ولِسَانُ الحالِ أَنْطَقُ .

يۇقىرىقى مىسالدا تەشبىھ ۋە ئىستىئارىلەر، پېئىل ۋە ئىشتىقاق قىلىنغان ئىسىملاردا ئېتىبارغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن مەسدەردە ئېتىبارغا ئېلىندى، چۈنكى مەسدەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەنىدۇر، شۇڭا ئۇ، تەشبىھ ۋە ئىستىئارىلەرنىڭ ئەۋۋەل ئۆزىدە ئېتىبارغا ئېلىنىشىغا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن، باشقا بىر مەنىگە يۆتكىلىشىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىستىئارە يۈز بەرگەن سۈپەت ۋە پېئىللارنىڭ ئۆزىدىن ئىشتىقاق قىلىنىشىغا ھوقوقلۇق بولۇشىغا تېگىشلىك مەقسەت بولۇپ قالغان . شۇڭا مەسدەردىكى ئىستىئارە ئەسلى، پېئىل ۋە سۈپەتتىكىسى بولسا تەبئىييە بولۇپ قالغان.

ئىستىئارە تەبئىييەنىڭ ھەرپتىكى مىسالى : ﴿ فَالْتَقَطَهُ آلُ فِرْعَوْنَ لِيَكُونَ لَهُمْ عَدُوًّا وَحَزَنًا ﴾ . بۇ ئايەتتە بىر ئىشقا يەنە بىر ئىشنىڭ مۇتلەق ئۇلۇشۇپلا كېلىشىدىن ئىبارەت ئوخشاشلىق سەۋەبىدىن، تېپىۋېلىشقا، قايغۇ ۋە دۈشمەنلىكنىڭ ئۇلۇشۇپلا كېلىشى، شۇ تېپىۋېلىشقا ياخشى كۆرۈش ۋە بالا قىلىۋېلىشتىن ئىبارەت « العِلَّةِ الغائِيَّةِ » نىڭ ئۇلۇشۇپلا كېلىشىگە ئوخشۇتۇلدى، ئاندىن ئاشۇ « العِلَّةِ الغائِيَّةِ » ئۈچۈن تەيىنلەنگەن « لِ »، قايغۇ ۋە ئاداۋەتكە دالالەت قىلىدىغان « لِ » ئۈچۈن ئىستىئارە تەبئىييە تەرىقىسىدە ئىستىئارە ئېلىندى.

> وإنَّمَا اعْتُبِرَ التشبيهُ و الاستعارةُ في الْمَصدرِ قَبْلَ اعْتبارِهمَا في الفعْلِ و في سائرِ الْمُشتقات ، لأنَّ الْمَصدرَ هو المعنى القائمُ بالذات ، فهو الْمَقصودُ الْجَدِيْرُ بِأنْ يُعتبَرَ فيه التشبيهُ و الاسْتعارةُ أوَّلًا ، ثُمَّ يُنْقَلَ الْمَصدرُ إلى غيرِ مَعْنَاهُ الأصْلِيّ ، ثُمَّ يُشْتَقَّ مِنْهُ ما وَقَعَتْ الاسْتعارةُ فيه مِن فِعْلٍ أو وَصْفٍ . فالاستعارةُ في الْمَصْدَرِ أصْلِيَّةٌ ، و في الفِعلِ والصِّفَةِ تَبْعِيَّةٌ . و مِثَالُهَا في الحرفِ قوله تعالى ﴿ فَالْتَقَطَهُ آلُ فِرْعَوْنَ لِيَكُونَ لَهُمْ عَدُوًّا وَحَزَنًا ﴾ القصص٨، فقَدْ شُبِّهَ تَرَتُّبُ العَداوة والْحُزْنِ على الالْتقَاطِ بِتَرَتُّبِ العِلَّة الغائيَّة عَليه بِجَامعٍ مُطلقِ تَرَتُّبِ شَيْءٍ على شَيْءٍ ، ثُمَّ اسْتُعِيْرَتْ اللامُ الْمَوْضُوعَةُ للعلة الغائية للامِ التي تَدلُّ على العَداوةِ والْحُزْنِ ، على سَبِيْلِ الاسْتِعَارَةِ التَّبْعِيَّةِ .

دېمەك بۇ مىسالدىكى تەشبىھ، « لِ » دىن ئىبارەت ھەرپىنىڭ مەنىسىنىڭ مۇتەئەللىقى بولغان، ئۆزىدىن كېيىنكى مەسدەرگە تەۋىل قىلىنغان « يَكُونَ لَهُمْ عَدُوًّا وَحَزَنًا » دېگەن جۈملە بىلەن « يَكُونَ لَهُمْ ابْنًا وَ فَرِيْحًا » نىڭ ئارىسىدا يۈز بەردى. شۇڭا بۇ ئايەتتىكى « لِ » ئۆزىنىڭ « يَكُونَ لَهُمْ ابْنًا وَ فَرِيْحًا » دېگەن جۈملىنىڭ ئالدىغا كېلىشتىن ئىبارەت ئەسلىدىكى ئورنىدا كەلمەي، « يَكُونَ لَهُمْ عَدُوًّا وَحَزَنًا »دېگەن جۈملىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھېسابلىنىدۇ.

## 3 - مُرَشَّحَةٌ و مُجَرَّدَةٌ و مُطْلَقَةٌ :

ئىستىئارە، ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان نەرسىنى زىكىر قىلىش ـ قىلماسلىق ئېتىبارى بىلەن «مُرَشَّحَةٌ»، «مُجَرَّدَةٌ» ۋە «مُطْلَقَةٌ» دەپ ئۈچ قىسمغا بۆلىنىدۇ.

«مُرَشَّحَةٌ» دېگىنىمىز، ئۆزىدە «الْمُشبهِ بِهِ» غا مۇناسىۋەتلىك نەرسە زىكىر قىلىنغان ئىستىئارىدۇر. مەسىلەن: ﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ اشْتَرُوُا الضَّلاَلَةَ بِالْهُدَى فَمَا رَبِحَت تِّجَارَتُهُمْ﴾ . بۇ ئايەتتىكى «الاشْتِرَاءُ» دېگەن سۆز «الاسْتبدالِ» دېگەن سۆزدىن ئىستىئارە ئېلىنغانلىقتىن «الْمُشبهِ بِهِ» ھېساپلىنىدۇ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «التجارةِ» ۋە «الربِّحِ» قاتارلىقلارنىڭ زىكرى قىلىنىش بولسا تەرشىھ ھېسابلىنىدۇ.

«مُجَرَّدَةٌ» دېگىنىمىز، ئۆزىدە «الْمُشبه» گە مۇناسىۋەتلىك نەرسە زىكىر قىلىنغان ئىستىئارىدۇر. مەسىلەن: ﴿فَأَذَاقَهَا اللّهُ لِبَاسَ الْجُوعِ وَالْخَوْفِ﴾ («اللّهُ» مەككە ئەھلىگە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلىمىنى تېتىتتى). بۇ ئايەتتىكى «اللِبَاسُ» دېگەن سۆز، قورقۇنۇچ ۋە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندە كىشىنى ئورىۋالىدىغان نەرسىدىن ئىستىئارە ئېلىنغانلىقتىن، بۇ نەرسە «الْمُشبه» ھېساپلاندى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك «الإذاقةُ» نىڭ زىكىر قىلىنىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەجرىد ھېساپلاندى. بۇ چاغدىكى «الْمُشبه» نىڭ «الْمُشبه به» دىن مەلۇم جەھەتتە يىراقلاپ كېتىشى، ئۇ ئىستىئارىنىڭ مۇبالىغىنىڭ بەزى تەرەپلىرىدىن خالى قىلىشىغا سەۋەپ بولغانلىقتىن بۇ ئىستىئارە «مُجَرَّدَةٌ» دەپ ئاتالغان . ئۇ ئىككىسىنىڭ يىراقلاپ كېتىشى دېگىنىمىز، ئىستىئارىنىڭ ئاساسى بولغان بىردەكلىكنى داۋا قىلىشنىڭ يىراقلاپ كەتكەنلىكىدۇر. چۈنكى گە مۇناسىۋەتلىك نەرسىنىڭ ئىستىئارىدە زىكىر قىلىنىشى كىشىگە تەشبىھنى ئەسلىتىپ قويىدۇ. «الْمُشبهِ» نى «الْمُشبه به» دىن مەلۇم جەھەتتە يىراقلاپ قالدى دېگەن سۆزىمىزنىڭ مەنىسىمۇ مۇشۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

٣- مُرَشَّحَةٌ و مُجَرَّدَةٌ و مُطْلَقَةٌ :

تَنقسم الاستعارةُ باعتبارِ ذِكْرِ الْمُلَائم لأَحَدِ الطَرَفَيْنِ وعَدَمِ ذِكْرِه إلى ثَلاثة أَقْسامٍ : مُرَشَّحَةٌ ومُجَرَّدَةٌ ومُطْلَقَةٌ .

فالْمُرشحةُ هي ما ذُكِرَ فيه مُلائِمُ الْمُشبه به كقوله تعالى ﴿أُوْلَئِكَ الَّذِينَ اشْتَرُوُاْ الضَّلاَلَةَ بِالْهُدَى فَمَا رَبِحَت تِّجَارَتُهُمْ﴾البقرة١٦، فالاشْتِرَاءُ مُستعارٌ للاسْتبدالِ ، وذِكْرُ الرِّبْحِ والتجارة تَرْشِيْحٌ .

والْمُجردةُ هي ما ذُكِرَ فيها مُلائِمُ الْمُشبه كقوله تعالى ﴿فَأَذَاقَهَا اللّهُ لِبَاسَ الْجُوعِ وَالْخَوْفِ﴾النحل١١٢، اسْتُعِيْرَ اللبَاسُ لِمَا غَشِيَ الإنسانَ عندَ الْجُوعِ والْخَوفِ . و الإذاقةُ تَجْرِيدٌ لذلكَ . وسُمِّيَتْ بِذلكَ لِتَجْرِيدِهَا عن بَعْضِ الْمُبالغة لِبُعْدِ الْمُشبه حِيْنَئِذٍ عن الْمُشبه بِه بَعْضَ بُعْدٍ ، وذلك يَبْعُدُ دَعْوى الاتحادِ الذي هي مَبْنى الاسْتعارةِ .

«مُطْلَقَةٌ» دىگىنىمىز، ئۇنىڭدا مۇناسىۋەتلىك نەرسە زىكىر قىلىنمىغان ئىستىئاردۇر. مەسىلەن : «عِنْدِيْ أَسَدٌ». مانا بۇ مىسالدا «الْمُشبِهِ» ۋە «الْمُشبه بِهِ» دىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ ھېچقايسىسىغا مۇناسىۋەتلىك نەرسە زىكىر قىلىنمىغان .

| | |
|---|---|
| قەرىنە ئارقىلىق ئىستىئارە مۇكەممەللەشمەي تۇرۇپ تەجرىد ۋە تەرشىھ قاتارلىقلار ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئىستىئارە شەكىللەنمىگەن سۆزدە بۇ ئۈچىدىن بىرەرسىنى بار دەپ قاراش قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.<br>تەنبىھ :<br>تەرشىھ ، مۇتلەق ۋە تەجرىدلەردىن كۈچلۈك ۋە بالاغەتلىكرەكتۇر، چۈنكى تەرشىھ، «الْمُستعارَ لَهُ» نىڭ، «الْمُستعارِ مِنْهُ» نىڭ | وَالْمُطْلَقَةُ هي ما لَمْ يُذكَرْ مَعَها مُلائِمُ نحو عِنْدِيْ أَسَدٌ .<br>ولا يُعْتَبَرُ التَرْشِيْحُ والتجريدُ إلا بَعدَ تَمَامِ الاسْتِعارةِ بالقرينةِ .<br>واعْلمْ أنَّ الترشيحَ أَبْلَغُ وأَقْوى مِن الإطْلاقِ و التجريدِ ، لاشْتِماله على تَحْقِيْقِ الْمُبالغةِ بِتَنَاسِي التشبيهِ وادِّعَاءِ أنَّ الْمُستعارَ لَهُ هو نَفْسُ الْمُستعارِ مِنْهُ ، و كَأَنَّ الاسْتِعارةَ غَيْرُ مَوجُودةٍ أَصْلا . و الإطْلاقُ أَبْلَغُ مِن التجريدِ ، فالتجريدُ اضْعَفُ الْجَمِيْعِ ، لأَنَّهُ يُذْكِرُ بالتشبيهِ فَيَضْعَفُ دَعْوى الاتّحادِ . |

ئۆزى ئىكەنلىگىنى ۋە ئىستىئارىنىڭ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى داۋا قىلىش ۋە تەشبىھنى ئۇنتۇلىش ئارقىلىق مۇبالىغىنى تەھقىقلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇتلەق، تەجرىدتىن بالاغەتلىكرەك بولىدۇ، دىمەك تەجرىد ھەممىسىدىن ئاجىز ھىسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، تەشبىھنى ئەسلىتىپ قويىدۇ شۇڭا ئۇنىڭدا بىردەكلىكنى داۋا قىلىشمۇ ئاجىز بولىدۇ.

## ماجاز مۇرسەل

«المجاز المرسل» دىگىنىمىز، ئالاقىسى ئوخشۇشۇشتىن باشقا نەرسە بولغان ماجاز بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاقىسىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ مەشھۇرراقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

تەنبىھ : بۇ يەردىكى ئالاقە دىگەندىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى سۆزنىڭ ھەقىقى مەنىسى بىلەن ماجاز مەنىسى ئارىسىدىكى ئالاقىدۇر. دىمەك سۆزلەرنىڭ ئوخشاشلىقتىن باشقا ئالاقىنىڭ سەۋەبىدىن ماجاز مەنىدە ئىشلىشى «المجاز المرسل» دەپ ئاتىلىدۇ.

### المجاز المرسل

هو مَجَازٌ عَلاقتُهُ غيرُ المُشابهة ، وعلاقاتُهُ كثيرةٌ ، أشْهَرُها :

١- السَّبَبِيَّةُ ، وهي فِيْمَا ذُكِرَ لَفْظُ السببِ وأُرِيْدَ مِنْهُ المُسببُ ، كقولكَ : عَظُمَتْ يَدُ فُلانٍ عِنْدِيْ ، تُرِيْدُ باليدِ النعمةَ ، لأنَّ اليَدَ سَبَبٌ في وُصُولِ النعمةِ إلى مُستحقيها .

٢- المُسَبَّبِيَّةُ ، وهي فيما ذُكِرَ لفظُ المسببِ و أُرِيْدَ السببُ كقوله تعالى ﴿ وَيُنَزِّلُ لَكُم مِّنَ السَّمَاءِ رِزْقًا ﴾غافر١٣ ، أيْ مَطَرًا يَسْبَبُ الرِزْقَ .

٣- الجُزئيةُ ، وهي فيما ذُكِرَ لفظُ الجزءِ و أُرِيْدَ مِنْهُ الكلُّ كما في قوله تعالى ﴿ فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ ﴾النساء٩٢، المُرادُ بالرَّقَبَةِ : الذاتُ كلُّهَا .

1 ـ سەبەبىيەت بولۇپ بۇ، سەۋەپىنىڭ لەبزى زىكىر قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن مۇسەببەپ ئىرادە قىلىنىدىغان ئەھۋالدا يۈز بىرىدۇ. مەسىلەن : «يَدٌ» دىگەن سۆز ئارقىلىق نىئمەتنى ئىرادە قىلىپ تۇرۇپ «عَظُمَتْ يَدُ فُلانٍ عِنْدِيْ» دىگىنىمىزغا ئوخشاش، چۈنكى قول، نىئمەتنىڭ ئۆزىنىڭ ھەقدارىغا يېتىشىگە سەۋەپتۇر. شۇڭا بۇ مىسالدا «يَدٌ» تىن ئىبارەت سەۋەپ زىكىر قىلىنىپ «النعمةُ» دىن ئىبارەت مۇسەببەپ ئىرادە قىلىندى دەيمىز.

2 ـ مۇسەببەبىيەت بولۇپ بۇ، مۇسەببەبنىڭ لەبزى زىكىر قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن سەۋەپ ئىرادە قىلىنىدىغان ئەھۋالدا يۈز بىرىدۇ. مەسىلەن : ﴿ وَيُنَزِّلُ لَكُم مِّنَ السَّمَاءِ رِزْقًا ﴾ . يەنى رىزىققا سەۋەپ بولىدىغان يامغۇرنى سىلەر ئۈچۈن ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بىرىدۇ. دىمەك بۇ مىسالدا «رِزْقاً» دىن ئىبارەت مۇسەببەپ زىكىر قىلىنىپ «مَطَرًا» دىن ئىبارەت سەۋەپ ئىرادە قىلىنغاندۇر.

3 ـ جۇزئىييەت بولۇپ بۇ، جۇزئى لەبزى زىكىر قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئومۇملۇق ئىرادە قىلىنىدىغان ئەھۋالدا يۈز بىرىدۇ. مەسىلەن : ﴿ فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ ﴾ . بۇ ئايەتتىكى «رَقَبَةٍ»(گەدەن) دىگەن سۆزدىن ئىرادە قىلىنغىنى بىر پۈتۈن ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر. شۇڭا بۇ ئايەتتە «رَقَبَةٍ» دىن ئىبارەت ئىنساننىڭ بىر جۇزئىسى زىكىر قىلىنىپ ئۇنىڭدىن شۇ كىشىنىڭ ئومومى گەۋدىسى ئىرادە قىلىندى دەيمىز.

4 ـ كۇللىييەت بولۇپ بۇ، ئومۇم بولغان لەبزى زىكىر قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن جۇزئى نەرسە ئىرادە قىلىنىدىغان ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن :« شَرِبْتُ مَاءَ النِّيْلِ » يەنى بۇ، نىل دەرياسىنىڭ سۈيىدىن ئازغىنا بىر قىسمىنى ئىچتىم دېگەنلىكتۇر. شۇڭا بۇ مىسالدا « مَاءَ » دىن ئىبارەت ئومۇم بولغان لەبزىنى زىكىر قىلىنىپ «بَعْضَ مائه» دېگەندىن ئىبارەت ئۇ سۇنىڭ بىر قىسمى ئىرادە قىلىنغان دەيمىز.

5 ـ لازىمىييەت بولۇپ بۇ، لەبزىنىڭ لازىم مەنىسى زىكىر قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن مەلزۇم (شۇنەرسىنىڭ ئۆزى) ئىرادە قىلىنىدىغان ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن : « طَلَعَ الضَّوْءُ » بۇ ئەسلىدە « طَلَعَ الشَّمْسُ » دېگەنلىك بولۇپ بۇنىڭ قەرىنىسى « طَلَعَ » دېگەن پېئىلدۇر. دېمەك بۇ مىسالدا « الضَّوْءُ » دىن ئىبارەت قۇياشنى دائىم لازىم تۇتقۇچى زىكىر قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن « الشَّمْسُ » دىن ئىبارەت مەلزۇم ئىرادە قىلىنغان.

6 ـ مەلزۇمىييەت بولۇپ بۇ، مەلزۇم زىكىر قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن لازىم ئىرادە قىلىنىدىغان ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن : « مَلَأَتْ الشمسُ الْمَكَانَ » بۇ ئەسلىدە « مَلَأَتْ الضَّوْءُ الْمَكَانَ » دېگەنلىك بولۇپ بۇنىڭ قەرىنىسى « مَلَأَتْ » دېگەن پېئىلدۇر. دېمەك بۇ مىسالدا « الشَّمْسُ » دىن ئىبارەت مەلزۇم زىكىر قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن « الضَّوْءُ » دىن ئىبارەت قۇياشنى دائىم لازىم تۇتقۇچى ئىرادە قىلىنغان.

7 ـ بۇرۇنقىنى ئېتىبارغا ئېلىش بولۇپ بۇ، ئۆتكەننى نەزەردە تۇتۇشتۇر، يەنى مەلۇم بىر نەرسىنى بۇرۇنقى ئىسمى بىلەن ئاتاشتۇر. مەسىلەن : ﴿وَآتُوا الْيَتَامَى أَمْوَالَهُمْ﴾ . شەرىئەت بالاغەتكە يەتكەن كىشىنى يېتىم سانىمايدىغان تۇرۇقلۇقمۇ بۇ ئايەتتە « الْيَتَامَى » دېگەن سۆز ئارقىلىق يېتىملىكتە چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەن كىشى ئىرادە قىلىنغان، بۇنداق بولىشى ئۇ كىشىنى بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرىكى ئىسمى بىلەن ئاتىغانلىق سەۋەبىدىندۇر.

8 ـ يۈز بېرىدىغان نەرسىنى ئېتىبارغا ئېلىش بولۇپ بۇ، مەلۇم بىر نەرسىنى ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن ئايلىنىپ قالىدىغان نەرسىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىغان ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن : ﴿إِنِّي أَرَانِي أَعْصِرُ خَمْرًا﴾. بۇ ئايەتتىكى « خَمْرًا » دىن مەقسەت « عِنَبًا » (ئۈزۈم) دۇر. چۈنكى ھاراق سىقىلمايدۇ بەلكى ئۈزۈم سىقىلىش ئارقىلىق ھاراق قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئۈزۈمنى،سىقىلغاندىن كېيىن ئايلىنىدىغان، ھاراقنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان دەيمىز.

9 ـ ھالليىيەت بولۇپ بۇ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا باغلىنىش بولغانلىقتىن چۈشكۈچىنىڭ لەبزىنى زىكىر قىلىنىپ، ئورۇن ئىرادە قىلىنغان ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَأَمَّا الَّذِينَ ابْيَضَّتْ وُجُوهُهُمْ فَفِي رَحْمَةِ اللهِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾. بۇ ئايەتتىكى « رَحْمَةِ » دېگەن سۆز ئارقىلىق ئۇ رەھمەتنىڭ چۈشۈش ئورنى بولغان جەننەت ئىرادە قىلىنغان. شۇڭا ئۇنىڭ مەنىسى « ئۇلار رەھمەتنىڭ چۈشۈش ئورنى بولغان جەننەتتە بولىدۇ » دېگەنلىكتۇر.

٤- الكليةُ ، وهي فيما ذُكر لفظُ الكُلِّ وأُرِيْدَ منه الجزءُ ، نحو شَرِبْتُ مَاءَ النِّيْلِ ، أيْ بَعْضَ مائه .

٥- اللازميةُ نحو طَلَعَ الضَّوْءُ ، أيْ الشَّمْسُ ، والقرينةُ : طَلَعَ .

٦- الْمَلزوميةُ نحو ملأتْ الشمسُ الْمَكانَ ، أيْ الضَّوْءُ ، والقرينة : ملأتْ .

٧- اعتبارُ مَا كانَ ، وهو النَظَرُ إلى الْمَاضي ، أيْ تَسْمِيةُ الشيئِ باسْمِ ما كانَ عَلَيْه كقوله تعالى ﴿وَآتُوا الْيَتَامَى أَمْوَالَهُمْ﴾النساء٢ ، أيْ الذيْنَ كانُوا يَتَامى .

٨- اعتبارُ ما يَكونُ ، وهو فيْمَا إذا أُطْلِقَ اسمُ الشيئِ على ما يَؤُوْلُ إليه كقوله تعالى ﴿ إِنِّي أَرَانِي أَعْصِرُ خَمْرًا ﴾يوسف٣٦ ، أيْ عنَبًا .

٩- الْحَالِّيَةُ ، وهي فيْمَا إذا ذُكِرَ لفظُ الْحَالِّ و أُرِيْدَ الْمَحَلُّ لمَا بَيْنَهُمَا من الْمُلازمة كقوله تعالى ﴿وَأَمَّا الَّذِينَ ابْيَضَّتْ وُجُوهُهُمْ فَفِي رَحْمَةِ اللهِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ ﴾آل عمران١٠٧، أيْ في الجنةِ التي هي مَحَلُّ الرحمةِ .

10 ـ مەھەللىيىيەت بولۇپ بۇ، ئورۇننىڭ لەبزىنى زىكىر قىلىنىپ، شۇ ئورۇنغا چۈشكۈچى ئىرادە قىلىنغان ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن : «قَرَّرَ الْمَجْلِسُ ذلِكَ». بۇ مىسالدىكى «الْمَجْلِسُ» دىگەن سۆزدىن شۇ ئورۇنغا چۈشكەن كىشىلەر ئىرادە قىلىنغان.

11 ـ ئالىيىيەت بولۇپ بۇ، قۇرالنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن تەسىر ئىرادە قىلىنغان ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن : ﴿وَاجْعَل لِّي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِينَ﴾( كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن). «لِسَانَ»، سۆزلەشنىڭ قۇرالى بولۇپ بۇ ئايەتتە بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدىغان ياخشى ئەسلىمىلەر ئىرادە قىلىنغان.

12 ـ ئومومىيىيەت بولۇپ بۇ، ئومۇم بولغان سۆز زىكىر قىلىنىپ، خاس مەنە ئىرادە قىلىنغان ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن : ﴿أَمْ يَحْسُدُونَ النَّاسَ عَلَى مَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ﴾( ياكى ئۇلار الله ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگەھەسەت قىلىشامدۇ؟) . بۇ ئايەتتە ئومۇم بولغان «النَّاسَ» دىگەن سۆز زىكىر قىلىنىش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزدىن ئىبارەت خاس بىر كىشى ئىرادە قىلىنغان.

13 ـ خۇسۇسلۇق بۇ، مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى بىر قەبىلىگە ئىشلەتكەنگە ئوخشاش ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن : «رَبِيْعَةَ ، ومُضَرَ ، وقُرَيْش ، وتَمِيْمٌ».

14 ـ بەدەلىيىيەت بولۇپ بۇ، بەدەل زىكىر قىلىنىپ، مۇبەددەل ئىرادە قىلىنغان ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن : ﴿فَإِذَا قَضَيْتُمُ الصَّلَاةَ﴾. بۇ ئايەتتىكى «قَضَيْ» دىگەن سۆز ئادا قىلىشنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئادا قىلىشتىن بەدەل بولغان نەرسە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن، مۇبەددەل بولغان ئادا قىلىش ئىرادە قىلىنغان.

15 ـ مۇبەددەلىيىيەت بولۇپ بۇ، مۇبەددەل زىكىر قىلىنىپ، بەدەل ئىرادە قىلىنغان ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن : «أَكلتَ دَمَ زيد» يەنى دىيىتىنى يېدىڭىز. بۇ مىسادا «دَمَ» دىگەن مۇبەددەلنى زىكىر قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بەدەل قىلىپ تۆلەنگەن تۆلەم پۇلى ئىرادە قىلىنغان.

تەنبىھ : بۇ يەردىكى بەدەل دىگەن سۆزىدىن ئىرادە قىلىنىدىغىنى گىراماتىكىدىكى بەدەل ئەمەس، بەلكى مەلۇم نەرسىگە تۆلەنگەن بەدەلدۇر.

١٠– الْمَحَلِّيَّةُ ، و هي فيما إذا ذكر لفظُ الْمَحَلِّ و أُرِيدَ به الْحَالُّ فيه نحو قَرَّرَ الْمَجْلِسُ ذلكَ ، أيْ أهْلُهُ .

١١– الآلِيَّةُ ، وهي فيما إذا ذُكِر اسمُ الآلَة و أُرِيد الأَثَرُ الذي يَنْتَجُّ عَنْهُ كقوله تعالى ﴿وَاجْعَل لِّي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِينَ﴾الشعراء٨٤ ، أيْ ذِكْرًا حَسَنًا .

١٢– العُمُومُ ، كقوله تعالى ﴿أَمْ يَحْسُدُونَ النَّاسَ عَلَى مَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ﴾النساء٥٤ ، أيْ النبيَّ صلى الله عليه وسلمَ .

١٣– الْخُصُوصُ ، كإطْلَاق اسمِ الشخصِ على القَبِيْلَة نحو رَبِيْعَةَ ، ومُضَرَ ، وقُرَيْش ، وتَمِيْمٌ .

١٤– البَدَلِيَّةُ ، كقوله تعالى ﴿فَإِذَا قَضَيْتُمُ الصَّلَاةَ﴾النساء١٠٣ ، أيْ أَدَّيْتُمْ .

١٥– الْمُبدلية ، نحو قوله : أكلتَ دَمَ زيدٍ ، أيْ دِيَتَهُ .

**16** ـ ئىشتىقاقىي ئالاقىلەر بولۇپ بۇ، مەلۇم بىر سىغىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا تۇرغۇزۇشتۇر. خۇددى ﴿ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ ﴾ (ئۇلار «اللّه» نىڭ مەلۇماتىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ) دېگەن ئايەتتىكى «عِلْمِ» دېگەن مەسدەرنىڭ، «مَعْلُومِ» دېگەن ئىسىم مەپئۇل مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنىگە ئوخشاش، ۋە ﴿ بِأَيِّكُمُ الْمَفْتُونُ ﴾ (قايسىڭلارنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى) دېگەن ئايەتتىكى «الْمَفْتُونُ» دېگەن ئىسىم مەپئۇلنىڭ، «الفِتْنَةُ» دېگەن مەسدەر مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنىگە ئوخشاش، ۋە ﴿ لَيْسَ لِوَقْعَتِهَا كَاذِبَةٌ ﴾ (ئۇنىڭ يۈز بېرىشىگە قارىتا ئىنكار قىلىش بولمايدۇ). دېگەن ئايەتتىكى «كَاذِبَةٌ» دېگەن ئىسىم پائىلنىڭ، «تَكْذِيبٌ» دېگەن مەسدەر مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنىگە ئوخشاش، ۋە ﴿ قَالَ سَآوِي إِلَى جَبَلٍ يَعْصِمُنِي مِنَ الْمَاء قَالَ لاَ عَاصِمَ الْيَوْمَ مِنْ أَمْرِ اللّهِ إِلاَّ مَن رَّحِمَ وَحَالَ بَيْنَهُمَا الْمَوْجُ فَكَانَ مِنَ الْمُغْرَقِينَ ﴾. دېگەن ئايەتتىكى «عَاصِمَ» دېگەن ئىسىم پائىلنىڭ، «مَعْصُومَ» دېگەن ئىسىم مەپئۇل مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنىگە ئوخشاش، ۋە يەنە ﴿ وَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ جَعَلْنَا بَيْنَكَ وَبَيْنَ الَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ بِالآخِرَةِ حِجَاباً مَّسْتُوراً ﴾ دېگەن ئايەتتىكى «مَّسْتُوراً» دېگەن ئىسىم مەپئۇلنىڭ، «سَاتِرًا» دېگەن ئىسىم پائىل مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنىگە ئوخشاش، ۋە باشقىلار. شۇڭا بۇ مۇشۇ دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

١٦- التعلقُ الاشتقاقيُّ ، وهو إقامةُ صيْغَة مَقامَ أُخْرى ، كإطلاق الْمَصْدرِ على اسمِ المَفعولِ كقوله تعالى ﴿ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ ﴾البقرة٢٥٥ ، أي مَعْلُومِهِ . وإطلاق اسمِ المفعولِ على المَصْدرِ كقوله تعالى ﴿ بِأَيِّكُمُ الْمَفْتُونُ ﴾القلم٦ ، أي الفِتْنَةُ . و إطْلاق اسمِ الفاعلِ على المَصدرِ كقوله تعالى ﴿ لَيْسَ لِوَقْعَتِهَا كَاذِبَةٌ ﴾الواقعة٢ ، أَيْ تَكْذِيبٌ . و إطلاق اسمِ الفاعلِ على اسمِ المَفعولِ كقوله تعالى ﴿ قَالَ سَآوِي إِلَى جَبَلٍ يَعْصِمُنِي مِنَ الْمَاء قَالَ لاَ عَاصِمَ الْيَوْمَ مِنْ أَمْرِ اللّهِ إِلاَّ مَن رَّحِمَ وَحَالَ بَيْنَهُمَا الْمَوْجُ فَكَانَ مِنَ الْمُغْرَقِينَ ﴾هود٤٣ ، أيْ لا مَعْصُومَ . و إطلاق اسمِ المَفعولِ على اسمِ الفاعلِ كقوله تعالى ﴿ وَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرآنَ جَعَلْنَا بَيْنَكَ وَبَيْنَ الَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ بِالآخِرَةِ حِجَاباً مَّسْتُوراً ﴾الإسراء٤٥ ، أيْ سَاتِرًا . إلى غيرِ ذلكَ من علاقات ، فهي لا تقفُ عنْدَ هذا الْحدّ .

وسُمِّيَ مَجازا مُرْسَلًا لأنه أُرْسِلَ أيْ أُطْلِقَ عن التَقييد بِعَلاقة وَاحدَة ، بَل لَهُ علاقاتٌ عِدّةٌ ، أَوْ لأنه أُرْسِلَ عن دَعْوى الاتِّحَادِ المُعتَبرة في الاسْتعارة .

بۇنىڭ «مَجَازًا مُرْسَلًا» دەپ ئاتىلىشى، ئۇنىڭ بىر خىل ئالاقىنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازات قىلىنىپلا قالماي بەلكى تېخى نۇرغۇنلىغان ئالاقىگە ئىگە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ياكى ئۇنىڭ ئىستىئارىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بىردەكلىكنى داۋا قىلىشتىن خالى بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

## ئىككىنچى پەسىل

## ماجاز مۇرەككەب ھەققىدە

ماجاز مۇرەككەب دېگىنىمىز، ئەسلى مەنىسىنى ئىرادە قىلىشتىن چەكلىگۈچى قەرىنىنىڭ بولۇشى بىلەن بىرگە، مەلۇم ئالاقە سەۋەبىدىن ئۆزى تەيىنلەنگەن نەرسىدىن باشقا نەرسىدە ئىشلىتىلگەن بىرىكمە لەبزىدۇر. ۋە ئۇ، «الْمَجَازُ الْمُرَكَّبُ الْمُرسَلُ» ۋە «الْمَجَازُ الْمُرَكَّبُ بِالاستعارةِ التمثِيلية» دىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

الفصل الثاني

في المجاز المركب

الْمَجَازُ الْمُرَكَّبُ هو اللفظُ الْمُرَكَّبُ إذا اسْتُعْمِلَ في غيرِ ما وُضِعَ لَهُ لعلاقةٍ مَعَ قرينةٍ مانعةٍ من إرادةِ الْمَعنى الأَصْلي . وهو نَوْعَانِ : الْمَجَازُ الْمُرَكَّبُ الْمُرسَلُ ، و الْمَجَازُ الْمُرَكَّبُ بالاستعارةِ التمثيلية .

فالْمَجَازُ الْمُرَكَّبُ الْمُرسَلُ : ما كانتْ علاقتُهُ غيرَ الْمُشابهةِ كالْجُمَلِ الخبريةِ إذا اسْتُعْمِلَتْ في الإنشاءِ ، والجملِ الإنشائيةِ خرَجَتْ عن مَعانيها الأَصْلية واسْتُعْمِلَتْ في مَعَانٍ أخر .

والْمَجَازُ المركبُ بالاستعارة التمثيلية ما كانتْ علاقتُهُ الْمُشابهةَ ، ويُسمى اسْتعارةً لأنَهُ قَدْ ذُكِرَ فيه الْمُشبهُ بِهِ و أُرِيدَ الْمُشبهُ . ويُسمى تَمْثِيلًا لِكَوْنِ وَجْهِهِ مُنتزعا من مُتعددٍ ، كما تقولُ وأنتَ تَنظرُ إلى الشمسِ : أرى مِرآةً في يَدِ شَلَّاءٍ . والجامعُ : الهيئةُ الحاصلةُ في كُلٍّ .

«الْمَجَازُ الْمُرَكَّبُ الْمُرسَلُ» دېگىنىمىز، ئالاقىسى ئوخشۇشۇش بولمىغان بىرىكمىدۇر. مەسىلەن : «بارَكَ اللهُ فِيْكَ» دېگەنگە ئوخشاش، ئىنشا مەنىسىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگەن خەۋەر جۈملىسىگە ۋە ئەسلى مەنىلىرىدىن چىقىپ كېتىپ، باشقا مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن ئىنشا جۈملىرىگە ئوخشاش. مەسىلەن : مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «مَنْ كَذِبَ عليَّ مُتَعَمِّدًا فَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِن النَّارِ» دېگەن سۆزىدىكى «فَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِن النَّارِ» دېگەن جۈملىسىنىڭ، جۈملە خەۋەرىنىڭ مەنىسىدە كەلگىنىگە ئوخشاش. چۈنكى بۇ يەردىكى مۇرات «ئۆزىگە دوزاختىن ئورۇن تەييارلايدۇ» دېگەنلىكتۇر. «الْمَجَازُ الْمُرَكَّبُ بالاستعارةِ التمثِيلية» دېگىنىمىز، ئالاقىسى ئوخشۇشۇش بولغان بىرىكمىدۇر. ئۇنىڭدا «الْمُشبهُ بِهِ» زىكىر قىلىنىپ «الْمُشبهُ» ئىرادە قىلىنىدىغانلىقتىن ئىستىئارە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەجھى شەبەھىسىنىڭ بىر قانچىلىغان نەرسىدىن ئىلىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن تەمسىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خۇددى قۇياشقا قاراپ تۇرۇپ «أرى مِرآةً في يَدِ شَلَّاءٍ»(پالەچنىڭ قولىدىكى ئەينەكنى كۆرۈۋاتىمەن) دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. بۇ يەردىكى ئوخشاشلىق ھەر ئىككىسىدىن ھاسىل بولغان كۆرۈنىشتىن ئىبارەتتۇر.

«الاسْتعارةُ التمثيليةُ» مەشھۇر بولۇپ، ئىشلىتىلىشى كۆپ بولۇپ كەتسە «مَثَلًا» دەپ ئاتىلىپ كىتىدۇ، ۋە ئىستىئارىنى مۇھاپىزەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ھەرگىز ئۆزگەرتىۋىتىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ مۇپرەتكە، مۇزەككەرگە ۋە بۇلارنىڭ تەسنى، جەمئى، مۇئەننەس قاتارلىق ھەمرالىرىغا بىر خىللا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆزىنىڭ ئۇ ئىشنى ھاسىل قىلىشى، مۇمكىن بولىدىغان ۋاقتتا ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەي، پۇرسەت كەتكەندە ئۇنىڭغا ئىرىشمەكچى بولغان كىشىگە قارىتا «الصيفَ ضَيَّعْتِ اللبَنَ»(يازدا سۈتنى ئىچىپ قويىدىڭىز) دىگىنىڭىزگە ئوخشاش.

بۇرۇن بىر ئايالنىڭ باي ئەمما قىرىراق يولدىشى بار ئىكەن، ياز كۈنلىرىدىن بىرىدە ئۇ ئايال ئىرىدىن ئاجرىشىپ، كەمبغەلرەك يېگىتتىن بىرگە ياتلىق بوپتۇ، شۇنداق قىلىپ ياز ئۆتۈپ قىش كەلگەندە يوقسۇزلۇق سەۋەبىدىن كونا يولدىشىنىڭ يىنىغا كىلىپ «ماڭا سۈتتىن ئازراق بەرسىڭىز!» دەپتىكەن، يودىشى ئۇنىڭغا «الصيفَ ضَيِّعَتِ اللَبَنَ» دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ سۆز خەلق ئارىسىدا كۆپ ئىشلىتىلدىغان مەشھۇر سۆز بولۇپ قالغان ئىكەن.

ۋە مەلۇم بىر ئىش ھەققىدە ئىككىلىنىۋاتقان كىشىگە قارىتا «إنِّي أَرَاكَ تُقَدِّمُ رِجْلًا و تُؤَخِّرُ أُخْرى» دىگىنىڭىزگە ئوخشاش. ۋە «لا يُلْدَغُ الْمُؤمنُ مِن جُحْرٍ مَرَّتَيْن»؛ «لِكُلِّ جَوَادٍ كَبْوَةٌ»(ھەر قاداق دۇلدۇلنىڭ مۇدرىشى بولىدۇ)؛ «أنتَ تَحْصُدُ ما زَرَعْتَ» دىگەنلەرگە ئوخشاش.

> و إذا اشْتَهَرَتْ الاسْتعارةُ التمثيليةُ و كَثُرَ اسْتعمالُها سُمِّيَتْ مَثَلًا . و لا يغيرُ مُطلقًا مُحافظةً على الاسْتعارة ، فَيُخاطبُ به الْمُفردُ و الْمُذكرُ و فُرُوعُهما بطَرِيْقَة وَاحدة كقولهم : نَحو الصيفَ ضَيَّعْت اللبَنَ ، يَضربُ لمَنْ فَرَط في تحصيل أمْرٍ في زمنٍ يُمكنُهُ الحصولُ عليه فيْه ثُمَّ طَلَبَهُ في زمنٍ لا يُمكنُ الحصولُ عليه فيْه . ونحو إنِّي أَرَاكَ تُقَدِّمُ رجْلًا و تُؤخِّرُ أُخْرى ، يَضْربُ لمَنْ يَترددُ في أمْرٍ . ونحو لا يُلْدَغُ الْمُؤمنُ من جُحْرٍ مَرَّتَيْنِ . ونحو لكلِّ جَوَادٍ كَبْوَةٌ . ونحو أنتَ تَحْصُدُ ما زرَعْتَ .
>
> و سرُّ بلاغة الاسْتعارة أنَّ تَرْكيبَها يَدُلُّ على تَناسي التشبيه ، ويَحْملُكَ عَمدًا على تَخيُّل صُورة جَديدة تُنْسيكَ رَوْعَتُها ما تَضمَّنَهُ الكلامُ من تَشبيهٍ خفيٍّ مستورٍ . ولهذا كانتْ الاستعارةُ أبلغَ من التشبيه البليغ ، لأنهُ و إنْ بُنيَ على ادّعَاء أنَّ الْمشبهَ والْمُشبهَ به سَواءٌ ، لا يَزالُ فيه التشبيهُ مَنْويًا مَلْحُوظًا ، بخلاف الاسْتعارة ، فالتشبيهُ فيها مَنْسيٌّ مجحودٌ .

ئىستىئارىنىڭ بالاغەتلىك بولىشىنىڭ سىرى، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ، تەشبىھنى ئۇنتۇلىشقا دالالەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكى، جۇملە ئۆز ئىچىگە ئالغان يوشۇرۇن تەشبىھنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان، يېپ-يىڭى بىر سۇرەتنى خىيال قىلدۇرۇشىدىن ئىبارەت مەقسىدىڭىزگە يەتكۈزۈش رولىنىڭ بولىشى قاتارلىقلاردۇر. شۇڭا ئىستىئارە «التشبيهِ البليغِ» دىن بالاغەتلىكرەكتۇر، چۈنكى تەشبىھ گەرچە «الْمشبهَ» ۋە «الْمُشبهَ به» لارنىڭ ئوخشاشلىقىنى داۋا قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسىمۇ ئۇنىڭدا تەشبىھنىڭ نەزەردە تۇتىلىشى ۋە نىيەت قىلىنىشى زۆرۈر بولىدۇ. ئەمما ئىستىئارە بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ بۇنىڭدا تەشبىھ ئۇنتۇلغان ۋە ئىنكار قىلىنغان بولىدۇ.

## ئىككىنچى تەتقىقات تېمىسى ماجاز ئەقلى ھەققىدە

ماجاز ئەقلى دىگىنىمىز، ھەقىقى ئىسنادنى ئىرادە قىلىشنى چەكلەيدىغان قەرىنە بولغان ئەھۋالدا مەلۇم ئالاقىنىڭ سەۋەبىدىن پېئىلنى كۆرىنىشتىكى ۋە مۇتەكەللىمنىڭ قارىشىدىكى تەۋە بولغان نەرسىسىدىن باشقا نەرسىگە ئىسناد قىلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن : مۆمىن كىشىنىڭ « أَنْبَتَ الرَّبِيْعُ البَقْلَ »( ئەتىياز ئوت ـ چۆپنى ئۈندۈردى) دىگىنىگە ئوخشاش. بۇ مىسالدىكى « أَنْبَتَ » دىگەن پېئىلنىڭ « الرَّبِيْعُ » گە ئىسناد قىلىنىشى، كۆرۈنۈشتىمۇ ۋە مۇتەكەللىمنىڭ قارىشىدىمۇ ئۆزى تەۋە بولغان نەرسىدىن باشقا نەرسىگە ئىسناد قىلغان ھىساپلانغانلىقتىن، بۇ پېئىلنىڭ « الرَّبِيْعُ » بولغان ئىسنادى ماجاز ئەقلى ھىساپلىنىدۇ.

1 ـ پېئىلنى ئۆزىنىڭ سەۋەبىگە ئىسناد قىلىشمۇ ماجاز ئەقلىنىڭ جۈملىسىدىندۇر . مەسىلەن: « بَنَي الأَمِيرُ الْمَدِنَةَ ». بۇ يەردە شەھەرنى ئەسلىدە يۇخرالار قۇرغان بولسىمۇ بۇنىڭغا پادىشانىڭ بۇيرىقى سەۋەپ بولغانلىقتىن « بَنَي » دىگەن بۇ پېئىل، ئۆزىنىڭ يۈز بىرىشىگە سەۋەپ بولغان « الأَمِيرُ » گە ئىسناد قىلىنغان.

المبحث الثاني

في المجاز العقلي

هو إسنادُ الفعْلِ أو ما في مَعناهُ إلى غيرِ مَا هو لَهُ عندَ الْمُتكلمِ في الظاهرِ لمُلابسةٍ ( علاقة) مَعَ قرينةٍ مانعةٍ من إرادة الإسْناد الحقيقيّ.

منه :

١- الإسْنادُ إلى سَبَبِ الفعلِ نحو بَنَي الأميرُ الْمَدِينَةَ.

٢- الإسنادُ إلى زمانِ الفعلِ نحو نهارُ الزاهد صائمٌ ، ولَيْلُهُ قائمٌ .

٣- الإسنادُ إلى مكانِ الفعلِ نحو نهْرٌ جَارٍ .

٤- الإسنادُ إلى مَصدرِ الفعلِ نحو شعْرٌ شاعرٌ.

٥- إسنادُ الْمَبني للفاعلِ إلى الْمَفعولِ نحو عِيشَةٌ رَّاضِيَةٌ أيْ في عِيْشَةٍ رَضِيَهَا صاحبُها .

٦- إسنادُ الْمَبني للمفعولِ إلى الفاعلِ نحو سَيْلٌ مُفْهَمٌ ، أي فاهمٌ .

يُعْلَمُ ممَّا سَبَقَ أنْ يكونَ الْمَجَازُ اللغويُّ يكونُ في اللفظ ، والمَجازُ العَقْليُّ يكون في النِّسْبَةِ ، وهو يَجْرِي في النسبة الغيرِ الإسنادية من اللإضافية و الإيقاعية.

2 ـ پېئىل ياكى شۇبھى پېئىلنى ئۆزىنىڭ ۋاختىغا ئىسناد قىلىشمۇ ماجاز ئەقلىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن : « نَهارُ الزاهِدِ صائِمٌ، ولَيْلُهُ قائِمٌ ». بۇ مىسادىكى « صائِمٌ » ۋە « قائِمٌ » قاتارلىق پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىملار ئۆزلىرىنىڭ ۋاختى بولغان « نَهارُ » ۋە « لَيْلُ » قاتارلىقلارغا ئىسناد قىلىنغان.

3 ـ پېئىل ياكى شۇبھى پېئىلنى ئۆزىنىڭ يۈز بىرىش ئورنىغا ئىسناد قىلىشمۇ ماجاز ئەقلىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن : « نَهْرٌ جَارٍ ». ئىقىش دىگەن بۇ پېئىل ئەسلىدە ئۆستەڭنىڭ ئىچىدىكى سۇنىڭ پېئىلى بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىقىش ئونى ئۆستەڭ بولغانلىقتىن بۇ پېئىل بۇ يەردە ئۆزى يۈز بىرىدىغان ئورۇنغا ئىسناد قىلىنغان.

4 ـ پېئىل ياكى شۇبھى پېئىلنى ئۆزىنىڭ مەسدىرىگە ئىسناد قىلىشمۇ ماجاز ئەقلىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن : « شِعْرٌ شاعِرٌ ». شېئىر ئوقۇش گەرچە شېئىرنىڭ پېئىلى بولمىسىمۇ « شِعْرٌ » دىگەن سۆز شۇ پېئىلنىڭ مەسدىرى بولغانلىقتىن « شاعِرٌ » دىن ئىبارەت شۇبھى پېئىل شۇ مەسدەرگە ئىسناد قىلىنغان.

5 ـ پائىل ئۈچۈن قۇرۇلغان پېئىل ياكى شۇبھى پېئىلنى مەپئۇلغا ئىسناد قىلىشمۇ ماجاز ئەقلىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن : « عِيشَةٌ رَّاضِيَةٌ »(تۇرمۇش رازى بولغۇچىدۇر) . بۇ مىسالدىكى « رَّاضِيَةٌ » دىگەن شۇبھى پېئىل ئەسلىدە « صاحِبُ عِيشَةٍ » دىن ئىبارەت پائىل ئۈچۈن قۇرۇلغان بولسىمۇ بۇ يەردە « عِيشَةٌ »(تۇرمۇش) تىن ئىبارەت رازى بولۇنغۇچى مەپئۇلغا ئىسناد قىلىنىغان.

6 ـ مەپئۇل ئۈچۈن قۇرۇلغان پېئىل ياكى شۇبھى پېئىلنى پائىلغا ئىسناد قىلىشمۇ ماجاز ئەقلىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن : « سَيْلٌ مُفْهَمٌ »(سەل تولدۇرۇلغۇچىدۇر). بۇ مىسالدىكى « مُفْهَمٌ » دىگەن شۇبھى پېئىل ئەسلىدە « حَوْضٌ » دىن ئىبارەت تولدۇرۇلغۇچى مەپئۇل ئۈچۈن قۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇ يەردە « سَيْلٌ » دىن ئىبارەت تولدۇرغۇچى پائىلغا ئىسناد قىلىنىغان.

يۇقارقىلاردىن « الْمَجَازُ اللغويُّ » نىڭ سۆزدە يۈز بىرىدىغانلىقى، « الْمَجازُ العَقْليُّ » نىڭ بولسا، نىسبەتتە يۈز بىرىدىغانلىقي ۋە بۇ يۈز بىرىشنىڭ، ئىزاپى ۋە ئىيقائىدىن ئىبارەت ئىسنادىدىن باشقا نىسبەتلەردىمۇ ئۇچرايدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

كىنايە دىگىنىمىز، ھەقىقى مەنىسىنى ئىرادە قىلىشنىڭ دۇرۇس بولىشى بىلەن بىرگە، لازىم مەنىسى ئىرادە قىلىنغان سۆزدۇر. مەسىلەن : « طَوِيْلُ نِجَادِ السَّيْفِ »(قىلىچىنىڭ غىلىپى ئۇزۇن) دىگەنگە ئوخشاش. بۇ مىسالدا غىلاپىنىڭ ئۇزۇنلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقى مەنىنى ئىرادە قىلىش دۇرۇس بولسىمۇ، ئەمما ئىرادە قىلىنغىنى، بويىنىڭ ئىگىزلىكىدىن ئىبارەت ئۇنىڭ لازىم مەنىسىدۇر. چۈنكى پاكار كىشىنىڭ غىلىپىمۇ قىسقىراق بولىدۇ.

> الكناية
>
> الكِنَايَةُ هِيَ لفظٌ أُطْلِقَ وأُرِيْدَ بِهِ لازِمُ مَعناهُ مَعَ جَوَازِ إرادةِ المَعنى الحَقيقيِّ ، كلَفظِ « طَوِيْلُ نِجَادِ السَّيْفِ » ، المُرادُ بِهِ طَوِيْلُ القَامَةِ مَعَ جَوازِ إرادة حقيقة طُوْلِ النِّجَاد .
>
> ومِنْ هُنَا يُعْلَمُ أنَّ الفَرْقَ بَيْنَ الكنايةِ والمَجازِ صِحَّةُ إرادةِ المَعنى الأَصليِّ في الكنايةِ ، دُوْنَ المَجازِ لِوُجُودِ قَرِيْنَةٍ مَانِعَةٍ مِن إرادةِ المَعنى الأَصْلِيِّ .
>
> أقسام الكناية
>
> التقسيمُ باعتبارِ المَكْنِيِّ عنه :
>
> تنقسمُ الكنايةُ باعتبارِ المَكني عنه إلى ثلاثة أقسام :
>
> الأول – كنايةٌ عن صفةٍ كقوله : طَوِيْلُ نِجَادِ السَّيْفِ .
>
> الثاني – كنايةٌ عن مَوْصُوفٍ نحو قولكَ كنايةً عن الأَسدِ : قَتَلْتُ مَلِكَ الوُحُوْشِ .
>
> الثالث – كنايةٌ عن نِسْبَةٍ ، أيْ ثُبوتِ أمْرٍ لأَمْرٍ أو نَفْيِهِ عَنْهُ ، كقَوْلِهِمْ : المَجْدُ بَيْنَ ثَوْبَيْهِ ، والكَرَمُ تَحْتَ رِدَائِهِ ، تُرِيْدُ نِسْبَةَ المَجْدِ و الكَرَمِ إليه .

يۇقارقىلاردىن كىنايىدە ئەسلى مەنىنى ئىرادە قىلىشنىڭ دۇرۇس بولىشى ئەمما ماجازدا بولسا ئەسلى مەنىنى ئىرادە قىلىشتىن چەكلەيدىغان قەرىنە بولغانلىقتىن دۇرۇس بولماسلىقى ، كىنايە بىلەن ماجازنىڭ ئوتتىرىسىدىكى پەرىق ئىكەنلىگى مەلۇم بولدى.

### كىنايىنىڭ بۆلۈنىشى

كىنايە « المَكْنِيِّ عنه » نىڭ ئىتىبارى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

بىرىنچىسى سۈپەتتىن كىنايە قىلىش . مەسىلەن : « طَوِيْلُ نِجَادِ السَّيْفِ ». بۇ سۆز، ئۇ كىشىنىڭ بويىنىڭ ئۇزۇنلىقىدىن ئىبارەت سۈپىتىدىن كىنايە قىلىنغاندۇر.

ئىككىنچىسى مەۋسۇپتىن كىنايە قىلىش. مەسىلەن : « قَتَلْتُ مَلِكَ الْوُحُوْشِ »(يىرتقۇچلار پادىشاھىنى ئۆلتۈردۈم). بۇ مىسالدىكى « مَلِكَ الْوُحُوْشِ » دىگەن سۆز، ۋەھشىلىك بىلەن سۈپەتلەنگۈچى يولۋاستىن ئىبارەت مەۋسۇپتىن كىنايە قىلىنغاندۇر.

ئۈچىنچىسى نىسبەتتىن يەنى بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىگە سابىت بولىشى ياكى ئۇنىڭدىن نەپى قىلىنىشىدىن كىنايە قىلىش. مەسىلەن : « الْمَجْدُ بَيْنَ ثَوْبَيْهِ ، والكَرَمُ تَحْتَ رِدَائِهِ ». بۇ مىسال ئۇلۇغلۇق بىلەن سېخىلىقنىڭ ئۇ كىشىگە نىسبەت بېرىلىشىدىن كىنايە قىلىنغان مىسالدۇر.

كىنايىنىڭ ۋاستىلار ئېتىبارى بىلەن بۆلۈنۈشى :

كىنايە ۋاستىلار ئېتىبارى بىلەن، «تَلْوِيحٌ»، «رَمْزٌ» ۋە «إِيمَاءٌ» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

«تَلْوِيحٌ» دېگىنىمىز، لازىم بىلەن مەلزۇمنىڭ ئارىسىدا ۋاستە كۆپ بولۇپ كەتكەن كىنايىدۇر. مەسىلەن : «هو كَثِيرُ الرَّمَادِ» يەنى ئۇ سېخىدۇر. بۇ مىسالدىكى «كَرِيمٌ»(سېخى) دېگەن مەلزۇم بىلەن «كَثِيرُ الرَّمَادِ» دېگەن لازىمنىڭ ئارىسىدىكى ۋاستە كۆپ بولۇپ كەتتى دەيمىز، چۈنكى كۈلنىڭ كۆپ بولۇشى كۆيدۈرۈشنىڭ كۆپ بولۇشىنى لازىم تۇتىدۇ، كۆيدۈرۈشنىڭ كۆپ بولۇشى قازاننىڭ قاينىشى ۋە تاماقنىڭ كۆپ بولۇشىنى لازىم تۇتىدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇلارنى يېگۈچىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىنى لازىم تۇتىدۇ، يېگۈچىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى مېھماننىڭ كۆپ بولۇشىنى لازىم تۇتىدۇ ۋە مېھماننىڭ كۆپ بولۇشى سېخىلىقنى لازىم تۇتىدۇ.

«رَمْزٌ» دېگىنىمىز، لازىم تۇتۇشتا مەخپىي بولۇش بىلەن بىرگە لازىم بىلەن مەلزۇمنىڭ ئارىسىدا ۋاستە ئاز بولغان كىنايىدۇر. مەسىلەن : «فُلانٌ عَرِيْضُ الْقَفَا»(پالانى بوينى كەڭ كىشىدۇر) يەنى ئۇ، دۆتتۇر. بۇ مىسالدىكى «بَلِيْدٌ»(دۆتلۈك) دېگەن مەلزۇم بىلەن «عَرِيْضُ الْقَفَا» دېگەن لازىمنىڭ ئارىسىدىكى ۋاستە ئاز بولسىمۇ بۇ لازىمنىڭ ئۇ مەلزۇمنى لازىم تۇتۇشى مەخپىي بولۇپ قالغان. بۇ يەردە مۇتەكەللىم بويۇننىڭ كەڭ بولۇشى دۆتلۈكنى ئۇقتۇرىدۇ، دەپ قارىۋالغان .

«إِيْمَاءٌ» دېگىنىمىز، لازىم تۇتۇشتا رۇشەن بولۇش بىلەن بىرگە، لازىم بىلەن مەلزۇمنىڭ ئارىسىدا ۋاستە ئاز بولغان كىنايە بولۇپ، گاھىدا «إشارةً» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن : پەزىلەتنى ئۇ كىشىگە نىسبەت بېرىشتىن كىنايە قىلغان ھالدا «الفَضْلُ يَسِيْرُ حَيْثُ سَارَ فُلانٌ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. مانا بۇ سۆزنىڭ، ئۇ كىشىنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ مەلزۇمىنى لازىم تۇتۇشى رۇشەن بولدى، شۇنداقلا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ۋاستىمۇ ئاز بولدى.

التَّقْسِيْمُ باعتبارِ الوَسَائِطِ :

وتُقَسمُ الكنايةُ باعتبارِ الوَسَائِطِ إلى أقْسَامٍ ثلاثةٍ : تَلْوِيحٌ و رَمْزٌ وإيماءٌ .

فالتلويحُ هي الذي كَثُرَتْ فيها الوَسَائِطُ بينَ اللازمِ و الْمَلزومِ كقوله : هو كَثِيرُ الرَّمَادِ ، أيْ كَرِيمٌ ، فإنَّ كَثْرَةَ الرَّمَادِ تَسْتَلْزِمُ كَثْرَةَ الإحْرَاقِ ، وكَثْرَةَ الإحْرَاقِ تَستلزمُ كثرةَ الطِبْخِ والطعامِ ، و كَثْرَتهما تَستلزمُ كثرةَ الآكِلِيْنَ ، و هي تستلزمُ كثرةَ الضِيفانِ ، وكثرةَ الضيفانِ تستلزمُ الكرمَ .

والرَمْزُ هو الذي قَلَّتْ وَسَائِطُهُ مع خَفَاءٍ فِي اللُزُوْمِ كقوله : فُلانٌ عَرِيْضُ الْقَفَا ، أيْ بَلِيْدٌ .

والإيْماءُ هو الذي قَلَّتْ وَسَائِطُهُ مع وُضُوحِ اللُزُومِ ، ويُسمى أيضًا « إشارةً » نحو الفَضْلُ يَسِيْرُ حَيْثُ سَارَ فُلانٌ ، كِنَايَةً عن نِسْبَةِ الفَضْلِ إليه .

**تەئرىز :**

كىنايىنىڭ تەئرىز دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تۈرى بولۇپ بۇ، مەلۇم بىر جۈملە سۆزلىنىپ بۇ جۈملە ئارقىلىق، جۈملە كونتېكىستىدىن مەلۇم بولىدىغان باشقا بىر مەنىگە ئىشارەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن : ئازار قىلغۇچىدا مۇسۇلمانلىق سۈپىتىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى دارىتمىلاش يۈزىسىدىن، باشقىلارغا ئازار بەرگەن كىشىگە قارىتا «اَلْمُسلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسلمونَ مِن لِسَانِه وَيَدِهِ» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش.

تۆۋەندىكىلەر ھەققىدە بالاغەت ئالىملىرىنىڭ قارىشى بىرلىككە كەلدى :

**1)** ماجاز ۋە كىنايىنىڭ، ھەقىقەتتىن ۋە ئاشكارا سۆزلەشتىن بالاغەتلىكرەك ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى.

**2)** ئىستىئارىنىڭ تەشبىھ ۋە ماجاز مۇرسەللەردىن بالاغەتلىكرەك ئىكەنلىكىگە ۋە ئىستىئارىنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە ئىستىئارە تەمسىلىنىڭ ئاندىن مەكنىيىنىڭ بالاغەتلىكرەك ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى.

**3)** ئىستىئارىنىڭ، كىنايە بىلەن ئىستىئارىنىڭ ئارىسىنى جۈغلىغۇچىدەك بولۇش رولى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئىستىئارىنىڭ كىنايىدىن بالاغەتلىكرەك بولىدىغانلىقىغىمۇ بىرلىككە كەلدى.

التعريض :

ومِن الكنايةِ نَوْعٌ يُسمى « التَّعْرِيْضَ » ، وهو أنْ يُطْلَقَ الكلامُ ، ويُشارُ به إلى معنى آخر يُفْهَمُ مِن السياقِ نحو قولكَ للْمُؤذِي : « الْمُسلمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسلمونَ مِن لِسَانِه ويَدِه » تَعْرِيْضًا بِنَفْيِ صِفَةِ الإسْلامِ عن الْمُؤذِي .

وقَدْ اتفقتْ كلمةُ البلغاءِ :

١) على أنَّ الْمَجازَ والكنايةَ أبْلَغُ مِن الحقيقةِ والتَّصْرِيْحِ .

٢) وعلى أنَّ الاسْتِعارةَ أبْلَغُ مِن التشبيهِ ومِن الْمَجازِ الْمُرسَلِ ، وأنَّ أبْلَغَ أنْوَاعِهَا الاسْتِعَارةُ التَّمْثِيْلِيَّةُ ثُمَّ الْمَكْنِيَّةُ .

٣) وعلى أنَّ الاسْتِعارةَ أبْلَغُ مِن الكنايةِ ، لأنَّها كالْجَامِعَةِ بينَ كنايةٍ و استعارةٍ .

قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ « مَثَلُ عِلْمٍ لَا يُنْتَفَعُ بِهِ كَمَثَلِ كَنْزٍ لَا يُنْفَقُ مِنْهُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ » . وَرَوَاهُ أحمد و الدارمى .

## علم البديع

قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ « مَثَلُ عِلْمٍ لَا يُنْتَفَعُ بِهِ كَمَثَلِ كَنْزٍ لَا يُنْفَقُ مِنْهُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ » . وَرَوَاهُ أحمد و الدارمى .

هو عِلْمٌ يُعرَفُ به وُجُوْهُ تَحْسِيْنِ الكلامِ بَعْدَ رِعَايةِ الْمُطابقةِ لِمُقتضى الحالِ و رِعَايةِ وُضُوحِ الدلالةِ . وهذه الوُجُوهُ ما يَرْجِعُ منها إلى تَحْسِيْنِ الْمَعنى يُسمى بالْمُحَسِّنَاتِ الْمَعْنويةِ ، وما يَرْجِعُ مِنها إلى تَحْسِيْنِ اللفظِ يُسمى بالْمُحَسِّنَاتِ اللفظِيةِ .

«علم البديع» دېگىنىمىز، دالالەتنىڭ ئوچۇق ۋە هالىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن بولۇشىغا رىئايە قىلغاندىن كېيىن جۈملىنى گۈزەللەشتۈرۈشنىڭ يوللىرى ئۇ ئارقىلىق تونۇلىدىغان ئىلىمدۇر. بۇ يوللاردىن مەنىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە قارىتىلغانلىرى «الْمُحسناتُ الْمعنويةُ» دەپ، لەبزىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە قارىتىلغانلىرى «الْمُحسناتُ اللفظيةُ» دەپ ئاتىلىدۇ.

## المُحسناتُ المعنوية

« المُحسناتُ المعنويةُ » ناھايىتى كۆپ بولۇپ توۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

**1 - « المُطَابَقَةُ » :**

بۇ گاھىدا « الطِبَاق » ۋە « التَّضَاد » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇتابىقەت دېگىنىمىز، قارىمۇ ـ قارشى ئىككى مەنىنىڭ ئارىسىنى جەملەشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ « طِبَاقُ إِيجاب » ۋە « طِبَاقُ سَلْب » دىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

« طِبَاقُ إِيجاب » دېگىنىمىز، ئۇنىڭدىكى ئىككى تەرەپ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز بولۇش جەھەتتە پەرىقلىق بولمىغان مۇتابىقەتتۇر. بۇ خىل تىباق ياكى ئىسىم، پېئىل ۋە ھەرىپتىن ئىبارەت ئۈچىنىڭ بىر تۈرىگە مەنسۇپ بولغان ئىككى لەبزىنىڭ ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن : ئىككى ئىسىمنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەنىنىڭ مىسالى: ﴿هُوَ الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ وَالظَّاهِرُ وَالْبَاطِنُ﴾؛ ﴿وَتَحْسَبُهُمْ أَيْقَاظًا وَهُمْ رُقُودٌ﴾. ئىككى پېئىلنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەنىنىڭ مىسالى : ﴿وَأَنَّهُ هُوَ أَضْحَكَ وَأَبْكَى وَأَنَّهُ هُوَ أَمَاتَ وَأَحْيَا﴾؛ ﴿قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمَّنْ تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَنْ تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ﴾ (ئېيتقىنكى، « پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى اللهﷻ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن). ئىككى ھەرىپنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەنىنىڭ مىسالى : ﴿لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ﴾. بۇ ئايەتتىكى « لِ » دېگەن ھەرىپ مەنپەئەتنى « عَلَيْ » دېگەن ھەرىپ بولسا زىياننى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكتىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تىباق يۈز بەردى دەيمىز.

ۋە ياكى ئۇ خىل تىباق ئۇ ئۈچىنىڭ ئىككى تۈرگە مەنسۇپ بولغان ئىككى لەبزىنىڭ ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن : ﴿أَوَمَنْ كَانَ مَيْتًا فَأَحْيَيْنَاهُ﴾ (ئەسلىدە ئۆلۈك بولۇپ بىز ئۇنى تىرىلدۈرگەن كىشى ... ئوخشاشمۇ؟)؛ ﴿وَمَنْ يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ﴾. بىرىنچى مىسالدىكى « مَيْتًا » دېگەن ئىسىم بىلەن « أَحْيَيْنَا » دېگەن پېئىلنىڭ ئارىسىدا ۋە ئىككىنچى مىسالدىكى « يُضْلِل » دېگەن پېئىل بىلەن « هَاد » دېگەن ئىسىمنىڭ ئارىسىدا تىباق يۈز بەرگەن ۋە بۇئىككىسى بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز بولۇش جەھەتتە پەرىقلەنمىگەن، شۇڭا بۇلار ئىككى تۈر ئارىسىدا يۈزبەرگەن « طِبَاقُ إِيجاب » ھېسابلىنىدۇ.

---

**المحسنات المعنوية**

المُحسناتُ المعنوية كثيرةٌ ، منْها :

١– المُطابقة :

وتُسمى الطِبَاق والتَّضَاد أيضًا ، وهي الجمْعُ بيْنَ معْنَيَيْنِ مُتقابلَيْنِ ، وهي نوْعَان : طِبَاقُ إِيجاب وطِبَاق سَلْب .

فطِبَاقُ الإيجاب هو ما لمْ يَختلفْ فيه الضدان إيجابًا وسلْبًا ، وهو إمَّا بيْنَ لفظَيْنِ منْ نوْعٍ واحد ، سَواءٌ أكانَا اسْمَيْنِ نحو ﴿هُوَ الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ وَالظَّاهِرُ وَالْبَاطِنُ﴾ الحديد٣ ، و ﴿وَتَحْسَبُهُمْ أَيْقَاظًا وَهُمْ رُقُودٌ﴾ الكهف١٨، أمْ فعْلَيْنِ نحو ﴿وَأَنَّهُ هُوَ أَضْحَكَ وَأَبْكَى وَأَنَّهُ هُوَ أَمَاتَ وَأَحْيَا﴾ النجم٤٤ – ٤٣ ، و ﴿قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمَّنْ تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَنْ تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ﴾ آل عمران٢٦، أمْ حرْفَيْنِ نحو ﴿لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ﴾ البقرة٢٨٦ . و إمَّا بيْنَ لفظَيْنِ من نوْعَيْنِ نحو ﴿أَوَمَنْ كَانَ مَيْتًا فَأَحْيَيْنَاهُ﴾ الأنعام١٢٢ ، و ﴿وَمَنْ يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ﴾ غافر٣٣ .

«طِبَاقُ سَلْبٍ» دېگىنىمىز، بىرى بولۇشلۇق، يەنە بىرى بولۇشسىز بولغان ياكى بىرى ئەمىر يەنە بىرى نەھى بولغان ئىككى پېئىلنىڭ ئارىسىنى بىر مەسدەرنىڭ جەملىشىدىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن : ﴿ فَلاَ تَخْشَوُاْ النَّاسَ وَاخْشَوْنِ ﴾. بۇ ئايەتتىكى «لاَ تَخْشَوُاْ» دېگەن نەھى بىلەن «اخْشَوْنِ» دېگەن ئەمىردىن ئىبارەت ھەر ئىككى پېئىل «خَشْيَةٌ» دىن ئىبارەت بىر مەسدەردىن ئىشتىقاق قىلىنغانلىقتىن بۇ مەسدەر بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى جەملىگەن ھېساپلىنىدۇ.

2 - «الْمُقَابَلَةُ» : بۇ، ئۆز ئارا مۇۋاپىق كېلىشىدىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك مەنىنى كەلتۈرۈپ ئارقىدىن ئۇلارغا قارشى بولغان نەرسىنى تەرتىپلىك ئاساستا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئىككىگە ئىككىنىڭ قارىمۇ - قارشى بولۇشىنىڭ مىسالى: ﴿ فَلْيَضْحَكُواْ قَلِيلاً وَلْيَبْكُواْ كَثِيراً ﴾.

ئۈچكە ئۈچنىڭ قارىمۇ - قارشى بولۇشىنىڭ مىسالى : ﴿ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَآئِثَ ﴾.

تۆتكە تۆتنىڭ قارىمۇ - قارشى بولۇشىنىڭ مىسالى : ﴿ فَأَمَّا مَن أَعْطَى وَاتَّقَى وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَى فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْيُسْرَى وَأَمَّا مَن بَخِلَ وَاسْتَغْنَى وَكَذَّبَ بِالْحُسْنَى فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْعُسْرَى ﴾.

وطِبَاقُ السَّلْبِ هو أنْ يَجْمَعَ بَيْنَ فِعْلَيْنِ مَصْدَرٌ وَاحِدٌ أَحَدُهُمَا مُثْبَتٌ و الآخَرُ مَنْفِيٌّ ، أو أَحَدُهُما أَمْرٌ والآخَرُ نَهْيٌ ، كقوله تعالى ﴿ فَلاَ تَخْشَوُاْ النَّاسَ وَاخْشَوْنِ ﴾المائدة٤٤ .

٢- الْمُقَابَلَةُ ، وهي أنْ يُؤتى بِمَعْنَيَيْنِ مُتَوَافِقَيْنِ أو أَكْثَرَ ، ثُمَّ يُؤتى بِمَا يُقابِلُ ذلكَ على الترتيبِ ، فَمُقَابَلَةُ الاثْنَيْنِ بالاثْنَيْنِ كقوله تعالى ﴿ فَلْيَضْحَكُواْ قَلِيلاً وَلْيَبْكُواْ كَثِيراً ﴾التوبة٨٢ .

ومُقابلةُ الثلاثةِ بالثلاثةِ كقوله تعالى ﴿ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَآئِثَ ﴾الأعراف١٥٧ .

و مُقابلةُ الأَرْبَعَةِ بالأَرْبَعَةِ كقوله تعالى ﴿ فَأَمَّا مَن أَعْطَى وَاتَّقَى وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَى فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْيُسْرَى وَأَمَّا مَن بَخِلَ وَاسْتَغْنَى وَكَذَّبَ بِالْحُسْنَى فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْعُسْرَى ﴾الليل١٠ -٥ .

3 ـ « مُرَاعَاةُ النَّظِيْر »: بۇ گاھىدا « التَّنَاسُبَ »، « التَّوْفِيْقَ »، « الْائْتِلافَ » ۋە « التَّلْفِيْقَ » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، جۈملىدە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى جەملەشتىن ئىبارەتتۇر بولۇپ بۇ خىل مۇناسىۋەت قارىمۇ ـ قارشىلىق مۇناسىۋىتىدىن باشقا مۇناسىۋەتتۇر. مەسىلەن : ﴿ الشَّمْسُ وَالْقَمَرُ بِحُسْبَانٍ ﴾ (كۈن بىلەن ئاي مۇئەييەن ھېساب بويىچە سەير قىلىدۇ)؛ ﴿ وَهُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ ﴾.

4 ـ « الْمُشَاكَلَةُ »: بۇ، مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئۆزىدىن باشقا نەرسىنىڭ سۆھبىتىدە ھەقىقەتەن ياكى تەقدىرەن يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇ نەرسىنى ئۆزىدىن باشقا شۇ نەرسىنىڭ لەبزى بىلەن ئاتاشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن :

٣– مُرَاعَاةُ النَّظِيْرِ ( و يُسَمى : التَّنَاسُبَ والتَّوْفِيْقَ و الائْتِلافَ والتَّلْفِيْقَ أيضًا ) ، وهي أنْ يُجْمَعَ فِي الكلامِ بَيْنَ أمْرَيْنِ أو أُمُوْرٍ مُتَنَاسِبَةٍ لا بِالتَّضَادِّ كقوله تعالى ﴿ الشَّمْسُ وَالْقَمَرُ بِحُسْبَانٍ ﴾الرحمن ٥ ، و ﴿ وَهُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ ﴾الشورى١١ .

٤– الْمُشَاكَلَةُ ، وهي أنْ يُذْكَرَ الشيءُ بِلَفْظِ غَيْرِهِ لِوُقُوْعِهِ فِي صُحْبَتِهِ تَحْقِيْقًا أو تَقْدِيْرًا كقوله تعالى ﴿ تَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِي وَلَا أَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِكَ ﴾المائدة١١٦ ، أيْ لا أعْلَمُ ما عِنْدَكَ .

٥– التَّوْرِيَةُ ، وهي أنْ يُذْكَرَ لَفْظٌ لَهُ مَعْنَيَانِ : قَرِيبٌ إلى الفَهْمِ وبَعِيْدٌ عَنْهُ ، ويُرَادُ بِهِ البعيدُ اعْتِمَادًا على قَرِيْنَةٍ خَفِيَّةٍ ، يَتَوَهَّمُ السَّامِعُ أنَّهُ يُرِيْدُ الْمَعْنَى القريبَ ، و لِهَذَا يُسمى الإيْهَامَ أيضًا . وهي ضَرْبَانِ : مُجَرَّدَةٌ و مُرَشَّحَةٌ .

﴿ تَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِي وَلَا أَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِكَ ﴾ ؛ ﴿ صِبْغَةَ اللَّهِ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ صِبْغَةً وَنَحْنُ لَهُ عَابِدُونَ ﴾ (الله نىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، الله نىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ بىز الله غا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز) البقرة١٣٨ . بىرىنچى مىسالدىكى « نَفْسِكَ » دېگەن سۆز ئۆزىدىن ئىلگىرىكى « نَفْسِي » نىڭ سۆھبىتى داۋامىدا يۈز بەرگەنلىكتىن ئاشۇ شەكىلدە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ ئۇنىڭ ئەسلىسى « لا أعْلَمُ ما عِنْدَكَ » ئىدى دەيمىز، چۈنكى « الله » غا « نَفْسٌ » دېگەن سۆزنى ئىسپاتلاش دۇرۇس ئەمەستۇر. ئىككىنچى ئايەت نەسارالار بالىلىرىنى سىرىق بوياققا چوكتۇرۇپ، بۇ بوياق بالىلىرىمىزنى پاكلايدۇ دەۋاتقان پەيتتە نازىل بولغانلىقتىن بۇ ئايەتتىكى « صِبْغَةَ اللَّهِ » دېگەن سۆزنىڭ زىكرىسى ئىلگىرى بىر قېتىم تەقدىرەن ئۆتكەن ھېسابلىنىدۇ. « صِبْغَةَ اللَّهِ » دېگەن بۇ سۆز « تطهيرَ الله » نىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلگەن بولۇپ ئۇ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەھزۇپ پېئىلنىڭ مۇپئۇلى مۇتلىقىدۇر.

5 ـ « التَّوْرِيَةُ »: بۇ، چۈشۈنۈشكە يېقىن ۋە چۈشۈنۈشتىن يىراق ئىككى مەنىگە ئىگە سۆز زىكىر قىلىنىپ، مەخپىي قەرىنىگە ئاساسەن ئۇ ئارقىلىق چۈشۈنۈشتىن يىراق بولغان مەنىنى ئىرادە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلار مۇتەكەللىم يېقىن مەنىنى ئىرادە قىلىۋاتىدۇ دەپ ۋەھىملىنىپ قالىدۇ، شۇڭا بۇ « الإيْهَام » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ۋە بۇ « مُجَرَّدَةٌ » ۋە « مُرَشَّحَةٌ » دىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

«مُجَـرَّدَةٌ» دېگىنىمىز، ئۆزىدە چۈشۈنۈشكە يېقىن بولغان مەنىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان نەرسە زىكىر قىلىنمىغان تەۋرىيىيەدۇر. مەسىلەن: ﴿الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى﴾. بۇ ئايەتتىكى «اسْتَوَى» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى مەنىسى بولۇپ بىرىنچىسى مەلۇم ئورۇنغا ئورۇنلىشىشتۇر، مانا بۇ ئۇ سۆزنىڭ، بۇ يەردە ئىرادە قىلىنمىغان ئەمما كىشىنىڭ زېھنىگە تېز ھازىر بولىدىغان مەنىسىدۇر. بۇ مەنىنىڭ ئىرادە قىلىنماسلىقى «الله» مەلۇم بىر ئورۇنغا ئورۇنلىشىشتىن پاك بولغانلىقتىندۇر. ئىككىنچى مەنىسى ئىگەللەش ۋە ئىگە بولۇش بولۇپ، بۇ يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان يېقىن مەنە سەۋەبىدىن يوشۇرۇن بولۇپ قالغان ئەمما بۇ يەردە ئىرادە قىلىنغان مەنىدۇر. دېمەك بۇ ئايەتتە «ئورۇنلىشىش» تىن ئىبارەت يېقىن مەنىگە مۇناسىپ كېلىدىغان نەرسە زىكىر قىلىنمىدى.

«مُرَشَّحَةٌ» دېگىنىمىز، ئۆزىدە چۈشۈنۈشكە يېقىن بولغان مەنىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان نەرسە زىكىر قىلىنغان تەۋرىيىيەدۇر. مەسىلەن: ﴿وَالسَّمَاء بَنَيْنَاهَا بِأَيدٍ﴾. بۇ ئايەتتىكى «اليَدُ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «قۇدرەت» بولۇپ بۇ، ئۇنىڭ يىراق مەنىسىدۇر. مانا بۇ ئورۇندا «اليَدُ» دېگەن سۆز ئۆزىنىڭ «قول» دىن ئىبارەت يېقىن مەنىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان «بَنَيْنَا» دېگەن سۆزگە يېقىنلاشتۇرۇلۇپ زىكىر قىلىندى.

فالْمُجَرَّدَةُ هي التي لَمْ يُذْكَرْ فِيْهَا شَيْئٌ مِمَّا يُلائمُ الْمَعنى القريبَ كقوله تعالى ﴿الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى﴾طه٥، للاسْتِوَاءِ مَعْنَيَانِ: أَحَدُهُمَا الاسْتِقْرَارُ في الْمَكانِ وهو الْمَعْنى القريبُ الذي هو غيرُ مَقصودٍ، لِأنَّ الْحَقَّ تعالى مُنَزَّهٌ عن ذلكَ. و الثاني الاسْتِيْلاءُ و الْمُلْكُ وهو الْمَعنى البَعِيْدُ الْمَقصودُ الذي وُرِّيَ عَنْهُ بالقريبِ الْمَذكورِ، ولَمْ يَقْرِنْ بِهِ شيئٌ مِمَّا يُلائمُ الْمَعنى القريبِ الذي هو الاسْتِقْرَارُ.

و الْمُرَشَّحَةُ هي التي اقْتَرَنَتْ بِشَيْئٍ مِمَّا يُلائمُ الْمَعنى القريبَ كقوله تعالى ﴿وَالسَّمَاء بَنَيْنَاهَا بِأَيدٍ﴾الذاريات٤٧، فاليَدُ هُنَا القُدْرَةُ وهي الْمَعنى البَعِيْدُ، و قَدْ قُرِنَتْ بِالْبِنَاءِ الذي يُنَاسِبُ الْمَعنى القريبَ وهو الجارِحَةُ.

6 - « الاِسْتِخْدَامُ »: بۇ، ئىككى مەنىلىك بىر سۆز زىكىر قىلىنىپ ئۇ ئارقىلىق ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئىرادە قىلىنىپ ئارقىدىنلا ئۇ سۆزگە زىمىر ياكى ئىشارەت ئىسمى قايتۇرۇلۇپ بۇ ئارقىلىق يەنە بىر مەنىسىنىڭ ئىرادە قىلىنىشىدۇر ياكى ئىككى زىمىر قايتۇرۇلۇپ ئىككىنچىسى ئارقىلىق، ئەۋۋەلقىسى ئارقىلىق ئىرادە قىلىنغاندىن باشقا يەنە بىر مەنىسىنىڭ ئىرادە قىلىنىشىدۇر. مەسىلەن : ﴿ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ ﴾. بۇ ئايەتتىكى « الشَّهْرَ » دىن ئاسماندىكى ئاي مەقسەت قىلىندى، ئەمما « فَلْيَصُمْهُ » دىكى ئۇنىڭغا قايدىتىدىغان زىمىردىن ئىرادە قىلىنغىنى رامىزان ئېيىدىن ئىبارەت مەلۇم مۇددەتتۇر.

7 - « اللَّفُّ والنَّشْرُ »: بۇ، بىر قانچىلىغان نەرسىنى تەپسىلى ياكى ئىجمالى ئاساستا زىكىر قىلىپ ئارقىدىن، ئۇ بىر قانچىلىغان نەرسىدىن ھەر بىرى ئۇچۇن مۇناسىپ كېلىدىغان نەرسىنى، ئاڭلىغۇچىنىڭ ھەر بىرىنى ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغىنىغا ياندۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىش يۈزىسىدىن تەيىنلىمەستىنلا زىكىر قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

٦- الاسْتِخْدَامُ ، هو أنْ يُذْكَرَ لَفْظٌ لَهُ مَعْنَيَانِ يُرَادُ بِهِ أَحَدُهُمَا ، ثُمَّ يُعَادُ عليه ضَمِيْرٌ أو إشَارَةٌ يُرَادُ بِهِ مَعْنَاهُ الآخَرُ ، أو يُعَادُ عليه ضَمِيْرَانِ يُرَادُ بِثَانِيْهِمَا غَيْرُ مَا يُرَادُ بِأَوَّلِهِمَا كقوله تعالى ﴿ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ ﴾البقرة١٨٥، الْمُرَادُ بِالشَّهْرِ : الْهِلالُ ، و ضَمِيْرُهُ : الزمانُ الْمَعْلُومُ وهو أَيَّامُ رَمَضَانَ .

٧- اللَّفُّ والنَّشْرُ ، هو أنْ يُذْكَرَ مُتَعَدِّدٌ على التفصيلِ أو الإجْمالِ ، ثُم يُذكَرَ ما لِكُلِّ واحدٍ من آحَادِ هذا الْمُتعددِ بِلا تَعْيِيْنٍ ، ثِقَةً بِأَنَّ السامعَ يَرُدُّهُ إلى ما يَلِيْقُ به ، لِعلْمه بِذلك بالقرائنِ .

فَذِكْرُ الْمُتَعَدِّدِ على التفصيلِ ضَرْبَانِ :

الأَوَّلُ أَنْ يكونَ النشرُ فيه على ترتيبِ اللَّفِّ كقوله تعالى ﴿ وَمِن رَّحْمَتِهِ جَعَلَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ لِتَسْكُنُوا فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا مِن فَضْلِهِ ﴾القصص٧٣ .

بىر قانچىلىغان نەرسىنى تەپسىلى ئاساستا زىكىر قىلىش تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى نەشرىنىڭ، لەپپىنىڭ تەرتىۋىگە ئاساسەن بولىشى. مەسىلەن : ﴿ وَمِن رَّحْمَتِهِ جَعَلَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ لِتَسْكُنُوا فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا مِن فَضْلِهِ ﴾ . بۇ ئايەتتىكى « لِتَسْكُنُوا » ۋە « لِتَبْتَغُوا » دىگەن سۆزلەرنى زىكىر قىلىشتىن ئىبارەت نەشرىنىڭ تەرتىۋى، « اللَّيْلَ » ۋە « النَّهَارَ » دىگەن سۆزلەرنى زىكىر قىلىشتىن ئىبارەت لەپپىنىڭ تەرتىۋىگە ئاساسەن بولدى. چۈنكى ئارام ئېلىش كېچىدە، رىزىق تەلەپ قىلىش كۈندۈزدە بولىدىغان ئىشلاردۇر.

ئىككىنچىسى نەشرىنىڭ، لەپپىنىڭ تەرتىۋىگە خىلاپ بولىشى. مەسىلەن : ﴿ فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ وَجَعَلْنَا آيَةَ النَّهَارِ مُبْصِرَةً لِّتَبْتَغُواْ فَضْلاً مِّن رَّبِّكُمْ وَلِتَعْلَمُواْ عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ ﴾.( پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق). بۇ ئايەتتىكى «لِّتَبْتَغُواْ فَضْلاً مِّن رَّبِّكُمْ» ۋە «تَعْلَمُواْ عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ» دىگەن سۆزلەرنى زىكىر قىلىشتىن ئىبارەت نەشرىنىڭ تەرتىۋى، «فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ» ۋە «جَعَلْنَا آيَةَ النَّهَارِ مُبْصِرَةً» دىگەن سۆزلەرنى زىكىر قىلىشتىن ئىبارەت لەپپىنىڭ تەرتىۋىگە خىلاپ بولدى. چۈنكى ، پەرۋەردىگارنىڭ پەزلى ـ مەرھەممىتىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت نەشرىنىڭ بىرىنچى جۈزئىسى، لەپپىنىڭ ئىككىنچى جۈزئىسى بولغان «جَعَلْنَا آيَةَ النَّهَارِ مُبْصِرَةً» دىگەن سۆزگە مۇناسىپ كىلىدۇ، ۋە نەشرىنىڭ يىللارنىڭ سانىنى بىلىشتىن ئىبارەت ئىككىنچى جۈزئىسى، لەپپىنىڭ بىرىنچى جۈزئىسى بولغان «فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ» دىگەن سۆزگە مۇناسىپ كىلىدۇ.

بىر قانچىلىغان نەرسىنى ئىجمالى ئاساستا زىكىر قىلىشنىڭ مىسالى :

والثاني أنْ يكونَ النشرُ على خِلافِ ترتيبِ اللفّ كقوله تعالى ﴿ فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ وَجَعَلْنَا آيَةَ النَّهَارِ مُبْصِرَةً لِّتَبْتَغُواْ فَضْلاً مِّن رَّبِّكُمْ وَلِتَعْلَمُواْ عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ ﴾الإسراء١٢، ذِكْرُ ابْتِغَاءِ الفَضْلِ للثاني و عِلْمِ الْحِسَابِ للأوّلِ ، على خلافِ ترتيبِ اللفّ .

و ذِكْرُ الْمُتعدد على الإجْمالِ كقوله تعالى ﴿ وَقَالُواْ لَن يَدْخُلَ الْجَنَّةَ إِلاَّ مَن كَانَ هُوداً أَوْ نَصَارَى ﴾البقرة١١١، فالضَّمِيْرُ في قالوا لليهودِ والنصارى ، ذُكِرَ الفَرِيْقَانِ على الإجْمالِ بالضميرِ العائدِ إليهما ، ثُمَّ ذُكِرُ ما لِكُلٍّ ، إذْ التقديرُ : « وقالَتْ اليهودُ لَنْ يَدخلَ الجنةَ إلا مَن كانَ هُوْدًا، وقالَتْ النصارى لَنْ يَدْخُلَ الجنةَ إلا مَنْ كانَ نصارى » .

﴿ وَقَالُواْ لَن يَدْخُلَ الْجَنَّةَ إِلاَّ مَن كَانَ هُوداً أَوْ نَصَارَى ﴾(ئۇلار : «يەھۇدي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ»دېيىشتى) . بۇ ئايەتتىكى «قَالُواْ» نىڭ زىمىرى يەھۇدى بىلەن نەسارالارغا قايتىدىغان بولۇپ بۇ ئىككى گوروھ مۇشۇ بىر زىمىر ئارقىلىق ئىخچاملىنىپ ئىجمالى ئاساستا زىكىر قىلىندى، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مۇناسىپ كىلىدىغان «مَن كَانَ هُوداً» بىلەن «أَو نَصَارَى» دىن ئىبارەت سۆزلەر زىكىر قىلىندى. چۈنكى بولارنىڭ ئەسلىسى «وقالَتْ اليهودُ لَنْ يَدخلَ الجنةَ إلا مَن كانَ هُوْدًا ، وقالَتْ النصارى لَنْ يَدْخُلَ الجنةَ إلا مَنْ كانَ نصارى» دۇر.

**8** ـ « المبالغة المقبولة »: بۇ، كۈچلۈكلۈك ۋە ئاجىزلىقتا، بىرەر سۈپەتنىڭ ئېھتىمالدىن يىراق ياكى مۇمكىن ئەمەس دەرىجىگە يېتىشىنى داۋا قىلىشتۇر. بۇ، « تَبْلِيغٌ » ، « إِغْرَاقٌ » ۋە « بَعْضُ صُوَرِ الغُلُوِّ » دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تاشقىرى بولمايدۇ.

« تَبْلِيغٌ » دېگىنىمىز، ئۆزىدىكى داۋا قىلىنغۇچى ئەقىل جەھەتتىنمۇ ۋە ئادەت جەھەتتىنمۇ مۇمكىن بولغان مۇبالىغىدۇر. مەسىلەن : ﴿ ظُلُمَاتٌ بَعْضُهَا فَوْقَ بَعْضٍ إِذَا أَخْرَجَ يَدَهُ لَمْ يَكَدْ يَرَاهَا ﴾ (قاتمۇ ـ قات قاراڭغۇلۇقلاردۇركى قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەي قالغىلى تاس قالىدۇ). بۇ ئايەتتىكىدەك ھەددىدىن ئارتۇق قاراڭغۇلۇق بولۇپ كەتكەندە قولىنى ئۇزاتقان كىشىنىڭ ئۆز قوللىرىنى كۆرەلمەي قېلىشى ئەقىل ۋە ئادەت جەھەتتىن تامامەن مۇمكىن بولىدۇ.

« إِغْرَاقٌ » دېگىنىمىز، ئۆزىدىكى داۋا قىلىنغۇچى ئەقىل جەھەتتىن مۇمكىن ئەمما ئادەت جەھەتتىن مۇمكىن بولمىغان مۇبالىغىدۇر. مەسىلەن : « ونُكْرِمُ جارَنَا ما دَامَ فِيْنَا * ونَتْبَعُهُ الكرامةَ حَيْثُ مَالَا »( خوشنىمىز ئارىمىزدا تۇرسىلا، ئۇنى ھۆرمەت قىلىمىز، شۇنداقلا ئۇ قەيەرگە بارسا ھۆرمىتىمىزنى ئۇنىڭغا ھەمرا قىلىپ قويىمىز). شائىر بۇ شېئىرىدا خوشنىسى قەيەرگە بارسا ئۇنى شۇ يەردە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى داۋا قىلغان بولۇپ بۇ، ئەقىل جەھەتتىن مۇمكىن ئەمما ئادەت جەھەتتىن قارىغاندا مۇمكىن ئەمەس بىر ئىشتۇر.

« الغُلُوُّ » دېگىنىمىز، ئۆزىدىكى داۋا قىلىنغۇچى ئەقىل جەھەتتىنمۇ ۋە ئادەت جەھەتتىنمۇ مۇمكىن بولمىغان مۇبالىغىدۇر. بۇ، « مَقبولٌ » ۋە « مَردودٌ » تىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

« مَقبولٌ » بولغىنى، مۇبالىغىنىڭ ﴿ يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِيءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ ﴾ (زەيتۇن دەرىخىنىڭ يېغى ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ). دېگەن ئايەتتە مۇبالىغىنى مۇمكىنچىلىققا يېقىنلاشتۇرىدىغان « يَكَادُ » دېگەنگە ئوخشاش نەرسە بىلەن بىرگە كەلگەنى، ياكى جۈملىنىڭ دۇرۇسلۇقنى خىيال قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت گۈزەل بىر نەۋئىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنى ۋە ياكى چاقچاق ۋە قىزىقچىلىق قىلىش ئورۇنلىرىدا كەلگىنىدىن ئىبارەت ئۈچ يولنىڭ بىرى ئارقىلىق كەلگىنى بولۇپ، بۇنداق بولمىغانلىرى « مَرْدُودٌ » ھېسابلىنىدۇ.

> ٨- الْمُبالَغةُ الْمَقْبُولَةُ ، هي أَنْ يُدَّعى لِوَصْف بُلُوْغُهُ في الشِّدَّة و الضَّعْف حَدًّا مُسْتَحِيْلًا أو مُسْتَبْعدًا ، وهي تَنْحَصِرُ في ثلاثة أَنْوَاعٍ : تَبْلِيْغ و إِغْرَاق و بَعْضُ صُوَرِ الغُلُوِّ .
>
> فالتبليغُ ما يكون الْمُدَّعى فيه مُمْكِنًا عقلًا وعادةً كقوله تعالى ﴿ ظُلُمَاتٌ بَعْضُهَا فَوْقَ بَعْضٍ إِذَا أَخْرَجَ يَدَهُ لَمْ يَكَدْ يَرَاهَا ﴾النور٤٠ .
>
> والاغْرَاقُ ما يكون الْمُدَّعى فيه مُمْكِنًا عَقْلًا لا عادةً ، كقوله :
>
> ونُكْرِمُ جارَنَا ما دَامَ فِيْنَا * ونَتْبَعُهُ الكرامةَ حَيْثُ مَالَا .
>
> فَقَدْ ادَّعى أنهُ يتبعُ جارَهُ الكرامةَ حَيْثُ سارَ ، وهذا مُمْكِنٌ عَقْلًا لا عادةً .
>
> والغُلُوُّ ما يكون الْمُدَّعى فيه غيرَ مُمْكن لا عَقْلًا ولا عادةً ، وهو على قِسْمَيْن : مَقبولٌ و مَردودٌ . فالْمَقبول أَنْ يَقْتَرِنَ به ما يُقَرِّبُهُ إلى الإِمْكان كلفظ « يَكادُ » في قوله تعالى ﴿ يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِيءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ ﴾النور٣٥، أَوْ أَنْ يَتَضَمَّنَ نَوْعًا حَسَنًا من تَخييل الصحَّة ، أو أَنْ يَخْرُجَ مَخْرَجَ الخلاعَة والْهَزْل ، وكُلُّ ما لا يكونُ كذلكَ فَهُو مَرْدُودٌ .

9 - «حُسْنُ التَّعْلِيْلِ»: بۇ، ئەدىپنىڭ مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ھەممىگە مەلۇملۇق ئىللىتىنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا ئىنكار قىلىپ ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتكە مۇناسىپ كېلىدىغان ، كەم ئۇچرايدىغان قىزىقارلىق ئىللەتتىن بىر كەلتۈرىشىدىن ئىبارەتتۇر ياكى مەلۇم بىر سۈپەت ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەقىقى بولمىغان ھالەتتە مۇناسىپ كېلىدىغان ئىللەتتىن بىرنى داۋا قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن : «ما بِهِ قَتْلُ أَعَادِيْهِ ولكنْ * يَتَّقِي إخْلافَ ما تَرْجُو الذِئَابُ» (ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ھاجىتى يوق ئىدى ۋە لېكىن ئۇ، بۆرىلەرنىڭ ئارزۇسىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىۋاتىدۇ). دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈش ئادەتتە ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولىدۇ، ھەرگىزمۇ شائىر زىكىر قىلغانىدەك ، كىشىنى بوي سۇندۇرۇپ كەتكەن سېخىلىق تەبئىتىدىن ئىبارەت نەرسىنىڭ سەۋەبىدىن بولمايدۇ.

دىمەك بۇ مىسالدىكى «قَتْلُ» دىن ئىبارەت سۈپەتنىڭ «دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش» تىن ئىبارەت ھەممىگە مەلۇم بولغان ئىللىتى ئىنكار قىلىنىپ ، مەقسەتكە مۇناسىپ كېلىدىغان ۋە كەم ئۇچرايدىغان قىزىقارلىق ئىللەت ھېساپلانغان «بۆرىلەرنىڭ ئارزۇسىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىش» تىن ئىبارەت ئىللەت ئۇنىڭغا ئىللەت قىلىپ كەلتۈرۈلگەن . ياكى ياكى ئۇ سۈپەت ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەقىقى بولمىغان ھالەتتە مۇناسىپ كېلىدىغان ئاشۇ ئىللەت داۋا قىلىنغان .

> ٩- حُسْنُ التَّعْلِيْلِ ، هو أنْ يُنْكِرَ الأدِيْبُ صَرَاحَةً أو ضِمْنًا عِلَّةَ الشيئِ الْمَعْرُوْفَةَ ، و يَأْتِي بعلَّة طَرِيْفَة فِيْهَا غَرَابَة تُنَاسِبُ الغَرَضَ الذي يَقْصِدُ إليه ، أو أنْ يُدَّعى لِوَصْف عِلَّةٌ مُنَاسِبَةٌ له غَيْرَ حَقِيْقِيَّة كقول الْمُتَنَبِّيّ :
>
> ما بِهِ قَتْلُ أعَادِيْهِ ولكنْ * يَتَّقِي إخْلافَ ما تَرْجُو الذئَابُ .
>
> فَإنَّ قَتْلَ الأعْدَاءِ في العادة لِدَفْعِ مَضَرَّتِهِمْ لا لِمَا ذَكَرَهُ من أنَّ طَبِيْعَةَ الكَرَمِ قَدْ غَلَبَ عليه .

10 ـ «أَسْلُوْبُ الْحَكِيْمِ»: بۇ، مۇخاتەپنى كۈتكىنىدىن باشقا نەرسىگە ئۇچراشتۇرۇش بولۇپ بۇ ياكى ئۇنىڭ سۇئالىنى تەرك ئېتىپ سورىمىغان نەرسىسىدىن جاۋاپ بېرىش ئارقىلىق بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ سالاھىيىتىگە شۇ ھەقتە سورىشىنىڭ ۋە بۇنى مەقسەت قىلىشىنىڭ مۇناسىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ سۆزىنى مەقسەت قىلغىنىدىن باشقا نەرسىگە يۆكلەش ئارقىلىق بولىدۇ. بىرىنچىسىنىڭ مىسالى : ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأَهِلَّةِ قُلْ هِيَ مَوَاقِيتُ لِلنَّاسِ وَالْحَجِّ ﴾ (سەندىن يېڭى چىققان ئاي توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلارنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر»). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ساھابىلىرى «ئاي ئىنچىكە ھالەتتە ئاشكارا بولۇپ كېيىن چوڭىيىپ ھەتتاكى تولۇن ئايغا ئايلىنىدىكەن ئاندىن يەنە كىچىكلەپ باشتىكى ھالىتىگە قايتىدىكەن بۇ نىمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلارغا بۇنىڭ ھىكمىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق جاۋاپ بېرىلىپ يۇقارقى ئايەت نازىل قىلىندى، بۇ ئالارغا مۇشۇ ھەقتە سوراشنىڭ ئەۋلا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش يۈزىسىدىن بولدى، چۈنكى بۇ ئۇلارغا نىسپەتەن مۇھىمراق ئىدى. يەنە بىر مىسال : ﴿يَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلْ مَا أَنفَقْتُم مِّنْ خَيْرٍ فَلِلْوَالِدَيْنِ وَالأَقْرَبِينَ وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ ﴾ (سەندىن ماللىرىنى قانداق سەرپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ،ئېيتقىنكى، «مال ـ مۈلكىڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلماڭلار،ئۇنى ئاتا ـ ئاناڭلارغا،خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئىبنى سەبىللەرگە سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ»).

١٠- أَسْلُوْبُ الْحَكِيْمِ ، هو تَلَقِّي الْمُخاطَبِ بِغَيْرِ ما يَتَرَقَّبُهُ ، إِمَّا بِتَرْكِ سُؤالِه و الإجابةِ عن سُؤالٍ لَمْ يَسأَلْهُ ، و إِمَّا بِحَمْلِ كلامِه على غيرِ ما كانَ يَقْصُدُ ، تَنْبِيْهًا على أَنَّهُ كانَ يَنْبَغِي لَهُ أَنْ يَسأَلَ هذا السؤالَ أَو يَقْصُدَ هذا الْمَعْنى . فالأَوَّلُ كقوله تعالى ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأَهِلَّةِ قُلْ هِيَ مَوَاقِيتُ لِلنَّاسِ وَالْحَجِّ ﴾البقرة١٨٩، سَأَلَ بَعْضُ الصاحبةِ النبي صلى الله عليه وسلم : ما بَالُ الْهِلالِ يَبْدو دَقِيْقًا ثُمَّ يَتَزَايَدُ حتى يَصيرَ بَدْرًا ثُمَّ يَتَنَاقَصُ حتى يَعودُ كما بَدَا ؟ فَأُجِيْبُوا بِبَيَانِ حِكْمَتِه ، إِشَارَةً على أَنَّ الأَوْلَى بِهِمْ أَنْ يَسأَلوا عن هذا، لأَنَهُ أَهَمُّ . وكقوله تعالى ﴿يَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلْ مَا أَنفَقْتُم مِّنْ خَيْرٍ فَلِلْوَالِدَيْنِ وَالأَقْرَبِينَ وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ ﴾البقرة٢١٥، و الثاني كقول العَمَّالِ « لا شيءَ يُعَادِلُ الصِّحَّةَ » في جَاوَابِ مَنْ قال « مَا ادَّخَرْتَ مِنَ المَالِ ؟» .

ئىككىنچىسىنىڭ مىسالى : مەلۇم بىر ئىشچىنىڭ «قانچىلىك ئىقتىساد توپلىدىڭىز؟» دىگەن كىشىگە جاۋابەن «ساغلاملىقا بىر نەرسە توغرا كەلمەيدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگىنىگە ئوخشاش . مانا بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە «ساغلاملىق» ھەققىدە سورىشىنىڭ مۇناسىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ سۇئالى، مەقسەت قىلغىنىدىن باشقا نەرسىگە يۆكلىنىپ، ئۇنىڭغا «ساغلاملىقا بىر نەرسە توغرا كەلمەيدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىلگەن.

تۆۋەندىكىلەر «الْمُحسناتِ اللفظيةِ» نىڭ جۈملىسىدىندۇر:

1 - «الْجِنَاسُ»:

«الْجِنَاسُ» دېگىنىمىز، ئىككى كەلىمىنىڭ مەنا جەھەتتە پەرىقلىنىدىغان تۇرۇقلۇق لەبزى جەھەتتىن ئوخشۇشۇپ قىلىشىدۇر. بۇ، «تامٌّ» ۋە «غيرُ تامٍّ» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

«تامٌّ» دېگىنىمىز، ئۇنىڭدىكى ئىككى سۆز، ھەرپىلەرنىڭ ھەيئىتى (ھەرىكەت ۋە سۈكۇنلىرى)، سانى، تۈرى ۋە تەرتىپى قاتارلىق تۆت جەھەتتە بىردەك بولغان جىناستۇر. مەسىلەن: ﴿وَيَوْمَ تَقُومُ السَّاعَةُ يُقْسِمُ الْمُجْرِمُونَ مَا لَبِثُوا غَيْرَ سَاعَةٍ﴾ (قىيامەت قايىم بولغان كۈندە مۇشرىكلار دۇنيادا پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ). بۇ ئايەتتىكى ئەۋۋەلقى «السَّاعَةُ» دېگەن سۆز قىيامەت كۈنىدۇر، ئىككىنچى «سَاعَةٍ» بولسا ۋاقىتنىڭ سائەتلىرىدىن مەلۇم بىرىدۇر. مانا بۇ ئىككى سۆز مەنا جەھەتتىن پەرىقلىق بولسىمۇ ھەرپىلىرىنىڭ ھەيئەتلىرى، سانى، تۈرى ۋە تەرتىپى قاتارلىقلاردا بىردەك بولۇش ئارقىلىق لەبزى جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشۇشۇپ قالغان.

2 - «غيرُ تامٍّ» دېگىنىمىز، ئۇنىڭدىكى ئىككى سۆز، يۇقارقى تۆتتىن بىرەرسىدە پەرىقلىق بولۇپ قالغان جىناستۇر. مەسىلەن:

ھەرپىنىڭ تۈرىدە پەرىق بولغىنىنىڭ مىسالى: ﴿فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ وَأَمَّا السَّائِلَ فَلَا تَنْهَرْ﴾.

الْمُحَسّناتُ اللفظية

مِن الْمُحسناتِ اللفظيةِ :

١- الجِنَاسُ :

هو تَشابُهُ الكلمتينِ في اللفظ مع اخْتلافٍ في الْمَعنى ، وهو نوعانِ : تامٌّ و غيرُ تامٍّ .

فالتامُّ ما اتفقَ فيه اللفظانِ في أَرْبَعَةِ أَشْياءَ : في هيئةِ الْحُروف ( حَرَكاتها و سكناتها ) وفي عَددها وفي نوعها و في ترتيبها كقوله تعالى ﴿وَيَوْمَ تَقُومُ السَّاعَةُ يُقْسِمُ الْمُجْرِمُونَ مَا لَبِثُوا غَيْرَ سَاعَةٍ﴾الروم٥٥ ، فالساعةُ الأُولى يومُ القيامة ، والثانيةُ إحْدى الساعات الزمانية .

وغيرُ التامّ ما اخْتلفَ فيه اللفظانِ في وَاحد من الأربعةِ الْمُتقدمة كقوله تعالى ﴿فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ وَأَمَّا السَّائِلَ فَلَا تَنْهَرْ﴾الضحى١٠-٩ . و كقولهم : « و البدْعَةُ شَرَكُ الشِّرْكِ » . ﴿وَالْتَفَّتِ السَّاقُ بِالسَّاقِ إِلَى رَبِّكَ يَوْمَئِذٍ الْمَسَاقُ﴾القيامة٣٠ – ٢٩ ، و كقولهم : حِسَامُهُ فَتْحٌ لأَوْلِيَائِه و حَتْفٌ لأَعْدائِه .

ھەرپىلەرنىڭ ھەيئىتىدە پەرىق بولغىنىنىڭ مىسالى: «و البدْعَةُ شَرَكُ الشِّرْكِ» (بىدئەت دېگەن شىرىكنىڭ تورىدۇر).

ھەرپىنىڭ ساندا پەرىق بولغىنىنىڭ مىسالى: ﴿وَالْتَفَّتِ السَّاقُ بِالسَّاقِ إِلَى رَبِّكَ يَوْمَئِذٍ الْمَسَاقُ﴾ (سەكراتنىڭ قاتتىقلىقىدىن پاچاق پاچاققا كىرىشىپ كېتىدۇ، بۇ كۈندە ھەيدەپ بېرىلىدىغان جاي پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدۇر).

ھەرپىنىڭ تەرتىۋىدە پەرىق بولغىنىنىڭ مىسالى: «حِسَامُهُ فَتْحٌ لأَوْلِيَائِه و حَتْفٌ لأَعْدائِه» (ئۇنىڭ قىلىچى دوستلىرى ئۈچۈن غەلبە، دۈشمەنلىرى ئۈچۈن ھالاكەتتۇر).

**2 - «السَّجْعُ»:**

«السَّجْعُ» دېگىنىمىز، نەسرى جۈملىلەردىكى ئىككى پاسىلىنىڭ ئاخىرقى ھەرپلىرىنىڭ ماس كېلىشىدىن پەيدا بولىدىغان ئاھاڭدۇر.

مەسىلەن : ﴿أَلَمْ نَجْعَلِ الْأَرْضَ مِهَاداً وَالْجِبَالَ أَوْتَاداً﴾ (زېمىننى بىسات قىلمىدۇقمۇ؟ تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟).

٢- السَّجْعُ :

هو تَوَافُقُ الفاصِلَتَيْنِ مِن النَّثْرِ في الْحَرْفِ الأَخِيْرِ كقوله تعالى ﴿أَلَمْ نَجْعَلِ الْأَرْضَ مِهَاداً وَالْجِبَالَ أَوْتَاداً﴾ النبأ ٧ - ٦ .

وأَحْسَنُ السجعِ ما تَسَاوَتْ فِقْرُهُ كقوله تعالى ﴿فِي سِدْرٍ مَّخْضُودٍ وَطَلْحٍ مَّنضُودٍ وَظِلٍّ مَّمْدُودٍ﴾ الواقعة ٣٠ - ٢٨ . ولا يَحْسُنُ السجعُ إلا إذا كانَ رَصِيْنَ التركيبِ سَلِيْمًا مِن التَّكَلُّفِ خالِيًا مِن التكرارِ في غيرِ فائدةٍ .

و لا يُقالُ في القرآنِ أَسْجَاعٌ رِعَايَةً للأدبِ وتَعْظِيْمًا ، بَلْ يُقالُ في مِثْلِ ذلكَ : فَوَاصِلُ ، أَخذاً مِن قوله تعالى ﴿كِتَابٌ فُصِّلَتْ آيَاتُهُ﴾ فصلت ٣ .

سەجئىنىڭ ئەڭ ياخشى بولغىنى ئۇنىڭ بوغۇم سانى تەڭ بولغىنىدۇر.

مەسىلەن : ﴿فِي سِدْرٍ مَّخْضُودٍ وَطَلْحٍ مَّنضُودٍ وَظِلٍّ مَّمْدُودٍ﴾ (ئۇلار تىكەنسىز سىدرى دەرەخلىرىدىن، سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن مەۋز دەرەخلىرىدىن، ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن، ... بەھرىمەن بولىدۇ).

سِدْرٌ – سىدىر دەرىخى.

مَّخْضُودٍ – تىكەنسىزلەشتۈرۈلگەن .

طَلْحٍ – مەۋز دەرىخى .

مَّنضُود – سانجاق - سانجاق، ئۈستى - ئۈستىلەپ.

سەجئى پەقەت، پايدىسىز تەكراردىن ۋە تەلەپپۇز قىلىنىشى قېيىن بولۇپ قېلىشتىن خالى بولغان ھالدىكى پۇختا قۇرۇلمىغا ئىگە بولغاندىلا گۈزەل ھېساپلىنىدۇ.

قۇرئانغا بولغان ئەدەپكە ۋە ئۇلۇغلاشقا رىئايە قىلىش يۈزىسىدىن، قۇرئاندا سەجئى بار دېيىلمەيدۇ بەلكى ﴿كِتَابٌ فُصِّلَتْ آيَاتُهُ﴾ (ئايەتلىرى ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر). دېگەن ئايەتتىن دەلىل ئالغان ھالدا ئۇنىڭدا پاسىل بار دېيىلىدۇ.

**3 - «الاقتباسُ»:**

**«الاقتباسُ» دىگىمىز جۈملىنىڭ، قۇرئان ۋە ھەدىستىن مەلۇم بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئاشۇلاردىن ئېلىنغانلىقىغا ئىشارەت قىلماستىنلا ئۆز ئىچىگە ئېلىشىدۇر. مەسىلەن : «أَنَا أُنَبِّئُكُمْ بِتَأْوِيْلِهِ و أُمَيِّزُ صَحِيْحَ القولِ مِن عَلِيْلِهِ» (مەن سىلەرگە ئۇنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بىرىمەن، توغرا سۆزنى ناتوغرىدىن ئايرىپ بىرىمەن).**

**ۋەزىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ سەۋەبىدىن ئىقتىباس قىلىنغان سۆزدە ئازراق ئۆزگىرىش بولسا ھىچ كاراھىيتى بولمايدۇ. مەسىلەن : «قَدْ كانَ مَا خِفْتُ أَنْ يَكونا * إِنَّا إلى اللهِ راجِعُونا» (يۈز بىرىشىدىن ئەنسىرىگەن نەرسە ئاخىرى يۈز بەردى، بىز ھەقىقەتەن ئالله دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز). بۇ ئايەتتىكى «إِنَّا إلى اللهِ راجِعُونا» دىگەن سۆز، قۇرئان كەرىمنىڭ ﴿إِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعونَ﴾البقرة١٥٦ ، دىگەن ئايىتىدىن ئىقتىباس قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردە شېئىرنىڭ ۋەزىن ۋە قاپىيىسىگە رىئايە قىلىش يۈزىسىدىن ئازراق ئۆزگەرتىلگەن.**

**ئىقتىباس ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ : بىرىنچىسى گۈزەل بولغىنى بولۇپ بۇ، خۇتبە ۋە تەبلىغلەردە كەلگەن ئىقتىباستۇر. ئىككىنچىسى دۇرۇس بولغىنى بولۇپ بۇ، غەزەل، خەت ۋە قىسسىلەردە كەلگەن ئىقتىباستۇر. ئۈچىنچىسى رەت قىلىندىغىنى بولۇپ بۇ، چاقچاقلاردا كەلگەن ئىقتىباستۇر.**

٣- الاقتباسُ :

هو أنْ يضمنَ الكلامُ شيئًا مِن القرآنِ أو الْحَدِيْثِ من غيرِ دلالةٍ على أنهُ مِنْهُ كقوله « أَنَا أُنَبِّئُكُمْ بِتَأْوِيْلِهِ و أُمَيِّزُ صَحِيْحَ القولِ مِن عَلِيْلِهِ » .

ولا بأْسَ بِتَغْيِيْرٍ يَسِيْرٍ في اللفظِ الْمُقتبسِ لِلْوَزْنِ أو غيرِهِ نحو قَدْ كانَ مَا خِفْتُ أَنْ يَكونا * إِنَّا إلى اللهِ راجِعُونا .

و الاقتباسُ على ثلاثةِ أقسامٍ : (١) مُستحسنٌ ، وهو ما كانَ في الْخُطَبِ و الْمَواعظِ ، (٢) مُباحٌ ، وهو ما كانَ في الغَزَلِ والرَسَائِلِ و القَصَصِ ، (٣) مَرْدُوْدٌ ، وهو مَا كانَ في الْهَزْلِ.

4 - « حُسْنُ الابْتِدَاء »:

« حُسْنُ الابْتِدَاء » دېگىنىمىز، مۇتەكەللىمنىڭ، مەنىسى ساغلام، قۇرۇلمىسى ياخشى بولغان شېرىن سۆنى ئۆز سۆزىنىڭ باشلانمىسى قىلىشىدىن ئىبارەت بولۇپ بۇ، مەقسەتكە بولغان نازۇك ئىشارەتنى ئۆز ئىچىگە ئالسا « بَرَاعَةَ الاسْتِهْلَال » دەپ ئاتىلىدۇ.

5 - « حُسْنُ الانتهاءِ »:

« حُسْنُ الانتهاءِ » دېگىنىمىز مۇتەكەللىمنىڭ، مەنىسى ساغلام، قۇرۇلمىسى ياخشى بولغان شېرىن سۆنى سۆزىنىڭ ئاخىرى قىلىشىدىن ئىبارەت بولۇپ بۇ ئاخىرلىشىشنى ھېس قىلدۇرىدىغان نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا « بَرَاعَةَ الْمَقْطَعِ » دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشلىرى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە كەلگەن بولۇپ بۇ يۇقىرىدا ئۆتكەن قائىدىلەرنى ئەسلەش بىلەن بىرگە ئۇلارنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئاشكارا بولىدۇ. و اللهُ تعالى أعْلَمُ .

٤- حُسْنُ الابْتِدَاء :

هو أنْ يَجْعَلَ الْمُتكلمُ مَبْدأَ كَلامِه عَذْبَ اللفظِ حُسْنَ السَّبْكِ صحيحَ الْمعنى ، فإذا اشْتَمَلَ على إشارةٍ لَطِيْفَةٍ إلى مَقصودٍ سُمِّيَ « بَرَاعَةَ الاسْتِهْلَالِ » .

٥- حُسْنُ الانتهاء :

هو أنْ يَجْعَلَ آخِرَ الكلامِ عَذْبَ اللفظِ حُسْنَ السَّبْكِ صحيحَ الْمعنى ، فإنْ اشْتَمَلَ على ما يُشْعِرُ بالانتهاءِ سُمِّيَ « بَرَاعَةَ الْمَقْطَعِ » .

وجَمِيْعُ فَوَاتِحِ السُّوَرِ القرآنِيَةِ و خواتمها واردةٌ على أحسنِ الوُجُوْهِ و أكملِها ، يَظْهُرُ ذلكَ بالتَّأَمُّلِ مَعَ التَّذْكِرِ لِمَا تَقَدَّمَ . و اللهُ تعالى أعْلَمُ .

والحمد لله رب العالمين وصلى الله على سيدنا محمد و آله وصحبه أجمعِينَ .

الحمد لله الذي شرفنا بخدمة دينه والصلاة والسلام على من أرشدنا الى طريق معرفته وعلى آله وصحبه أجمعينَ .

2005 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى .

| | |
|---|---|
| يَقُولُ رَاجِي عَفْوِ رب سامع | (محمدُ بنُ الجزريِّ الشافعي ) |
| (الحمدُ لله) وصَلَّى اللهُ | على نَبيِّه ومُصْطَفَاهُ |
| (محمدٍ) واله وصَحْبِه | ومُقْرِئِ القرانِ مع مُحِبّه |
| (وبَعْدُ) إنَّ هذه مُقدّمَهْ | فيما على قارئِه أنْ يَعْلَمَهْ |
| إذْ واجبٌ عليهم مُحَتَّمُ | قَبْلَ الشُرُوعِ أوّلًا أنْ يَعْلَمُوا |
| مَخَارِجَ الْحُرُوفِ والصفاتِ | لِيَلفِظُوا بِأفصَحِ اللُّغَاتِ |
| مُحَرِّرِي التجويدِ والْمَواقِفِ | وما الذي رُسّمَ في الْمَصَاحِفِ |
| مِن كلّ مقطوعٍ ومَوْصُولٍ بها | وتاءِ أُنْثى لَمْ تَكنْ تُكتَبْ بِهَا |

## باب مخارج الحروف

| | |
|---|---|
| مَخَارِجُ الْحُرُوفِ سَبْعَةَ عَشَرْ | على الّذي يَخْتَارُهُ مَنْ اخْتَبَرْ |
| فألفُ الْجَوْفِ وأُخْتَاها وهِي | حُرُوفُ مَدّ لِلْهَوَاءِ تَنْتَهِي |
| ثُمَّ لأقْصَى الْحَلْقِ هَمْزٌ هَاءٌ | ثُمّ لوَسَطِه فَعَيْنٌ حَاءٌ |
| أَدْنَاهُ غينٌ خَاؤُهَا والقافُ | أقْصَى اللّسَانِ فَوْقَ ثُمّ الْكَافُ |
| أَسْفَلُ والوَسَطُ فَجِيْمُ الشينُ يَا | والضادُ من حافَتِه إذ وَلِيَا |
| الأَضْرَاسَ مِن أيسرَ أَوْ يُمْنَاهَا | والسّلامُ أدْنَاهَا لِمُنْتَهَا هَا |
| والنُّوْنُ مِنْ طَرَفِه تَحْتُ اجْعَلُوا | والرَّا يُدَانِيه لِظَهْرٍ أدْخَلُوا |
| والطّاءُ والدّالُ وتَا مِنْهُ ومِنْ | عُلْيَا الثَّنَايَا والصَّفِيرُ مُسْتَكِنْ |
| مِنْهُ ومِنْ فَوْقِ الثَّنَايَا السُّفْلَى | والظّاءُ والذّالُ وثَا لِلْعُلْيَا |
| مِن طَرَفَيْهِمَا وَمِنْ بَطْنِ الشَّفَهْ | فَالْفَا مَعَ أَطْرَافِ سَنَايَا الْمُشْرِفَهْ |
| لِلشّفَتَيْنِ الواوُ بَاءٌ مِيْمٌ | وَغُنّةٌ مَخْرَجُهَا الْخَيْشُومُ |

## باب الصفات

| | |
|---|---|
| صِفَاتُهَا جَهْرٌ ورِخْوٌ مُسْتَفِلْ | مُنْفَتِحٌ مُصْمَتَةٌ والضِّدَّ قُلْ |
| مَهْمُوْسُهَا (فَحَثَّهُ شَخْصٌ سَكَتْ) | شَدِيْدُهَا (لَفْظُ أجِدْ قَطٍ بَكَتْ) |
| وبَيْنَ رِخْوٍ والشَّدِيْدِ (لِنْ عُمَرْ) | وسَبْعُ عُلْوٍ (خُصَّ ضَغْطٍ قِظْ) حَصَرْ |
| وصَادُ ضَادٌ طَاءُ ظَاءٌ مُطْبَقَهْ | و(فِرَّ مِنْ لُبِّ ) الْحُرُوفُ الْمُذْلَقَهْ |
| صَفِيْرُهَا صَادٌ وَزَايٌ سِيْنُ | قَلْقَلَةٌ ( قُطْبُ جَدٍ ) وَاللِّيْنُ |
| وَاوٌ وَيَاءٌ سَكَنَا وانْفَتَحَا | قَبْلَهُمَا والإنْحِرَافُ صُحّحَا |
| فِي اللّامِ والرَّا بِتَكْرِيْرٍ جُعِلْ | ولِلتّفَشّي الشّيْنُ ضَادٌ أُسْتُطِلْ |

## باب التجويد

| | |
|---|---|
| والأَخْذُ بِالتَّجْوِيْدِ حَتْمٌ لازِمٌ | مَن لَمْ يُجوّدِ الْقُرْآنَ آثِمٌ |
| لأَنَّهُ بِهِ الإلهُ أَنْزَلا | وهكَذَا مِنْهُ إلَيْنَا وُصِلا |
| وهو أيضًا حِلْيَةُ التّلاوَةِ | وزِيْنَةُ الأَدَاءِ والقِرَاءَةِ |
| وهو إعْطَاءُ الْحُرُوْفِ حَقَّهَا | مِن صِفَةٍ لَهَا وَمُسْتَحَقَّهَا |
| ورَدُّ كلِ واحدٍ لأصْلِه | واللّفْظُ فِي نَظِيْرِه كَمِثْلِه |
| مُكَمّلًا مِن غَيْرِ مَا تَكَلُّفِ | بِاللُّطْفِ فِي النُّطْقِ بِلا تَعَسُّفِ |
| ولَيْسَ بَيْنَهُ وبَيْنَ تَرْكِه | إلَّا رِيَاضَةُ امْرِئٍ بِفَكِّه |

## باب الترقيق

| | |
|---|---|
| فَرَقّقَنْ مُسْتَفِلًا مِنْ أَحْرُفِ | وَحَاذِرَنْ تَفْخِيْمَ لَفْظِ الأَلِفِ |

## باب استعمال الحروف

| | |
|---|---|
| وكَهَمْزِ الْحَمْدُ أَعُوْذُ اهْدِنَا | اللهِ ثُمَّ لامِ لله لَنَا |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| وليَتَلطَّفْ وعلى اللهِ ولا الضّ | والْمِيمِ مِنْ مَخْمَصَةٌ ومِنْ مَرَضْ | | الا بويل هل و اولى ناضره | والغيظ لا الرعد وهود قاصره |
| وبَاءِ بَرْقٌ بَاطِلٌ بِهِمْ بِذي | فَاحْرِصْ على الشّدّةِ والجَهْرِ الّذي | | والحظ لا الحض على الطعام | وفي ظنين الخلاف سامي |
| فيْهَا وفي الْجيْمِ كَحُبّ الصَّبْرِ | ورَبْوَة أُجْتُثَّتْ وحَجِّ الْفَجْرِ | | باب التحذيرات | |
| وَبَيِّنْ مُقْلقلا إنْ سَكَنَا | وإنْ يكُنْ في الْوَقْف كان أبْيَنَا | | وان تلاقيا البيان لازم | انقض ظهرك يعض الظالم |
| وحاءَ حَصْحَصْ أحطْتُ الْحَقُّ | وسِيْنَ مُسْتَقِيْمِ يَسْطُوا يَسْقُوا | | زاضطر مع وعظت مع افضتم | وصف ها جباههم عليهم |
| باب الراءات | | | واظهر الغنة من نون ومن | ميم اذا ما شددا واخفين |
| ورَقّقِ الرَّاءَ إذا ما كُسِرَتْ | كذاكَ بَعْدَالكَسْرِ حَيْثُ سَكَنَتْ | | الميم ان تسكن بغنة لدى | باء على المختار من اهل الادا |
| إنْ لم تَكُنْ مِن قَبْلِ حَرْفِ اسْتِعْلا | أوْ كانَت الْكَسْرَةُ لَيسَتْ أصْلا | | و اظهرنها عند باقي الاحرف | واحذر لدى واو وفا ان تختفي |
| وَالْخُلْفُ في فِرْقٍ لِكَسْرٍ يُوجَدُ | وأخْفِ تَكْرِيْرًا إذَا تُشَدَّدُ | | باب حكم التنوين والنون الساكنة | |
| باب اللامات | | | وحكم تنوين ونون يلفى | اظهار ادغام وقلب اخفا |
| وَفَخِّمِ اللاَمَ مِن اسْمِ اللهِ | عَنْ فَتْحٍ أوْ ضَمٍّ كَعَبْدُ اللهُ | | فعند حرف الحلق اظهر وادغم | في الام والرا لا بغنة لزم |
| وَحَرف الاستعلاء فخم واخصصا | الاطباق اقوى نحو قال والعصا | | وادغمن بغنة في يومن | الا بكلمة كدنيا عنونوا |
| وبين الاطباق من احطت مع | بسطت والخلف بنخلقكم وقع | | والقلب عند البا بغنة كذا | الاخفا لدى باقي الحروف اخذا |
| واخرص على السكون في جعلنا | انعمت والمغضوب مع ضللنا | | باب المدات | |
| وخلص انفتاح محذورا عسى | خوف اشتباهه بمحظور عصى | | والمد لازم وواجب اتى | وجاءز وهو وقصر ثبتا |
| وراعِ شدة بكاف وبتا | كشرككم وتتوفى في فتنتا | | فلازم ان جاء بعد حرف مد | ساكن حالين و بالطول يمد |
| واولي مثل وجنس ان سكن | ادغم كقل رب وبل لا وابن | | وواجب ان جاء قبل همزة | متصلا ان جمعا بكلمة |
| في يوم مع قالوا وهم وقل نعم | سبحه لا تزغ قلوب فالتقم | | و جاءز اذا اتى منفصلا | او عرض السكون وقفا مسحلا |
| باب الضاد والظاء | | | باب معرفة الوقوف | |
| والضاد باستطالة ومخرج | ميز من الظاء وكلها تجي | | وبعد تجويدك للحروف | لابد من معرفة الوقوف |
| في الظعن ظل الظهر عظم الحفظ | ايقظ وانظر عظم ظهر اللفظ | | والابتداء وهى تقسم اذن | ثلاثة تام و كاف وحسن |
| ظاهر لظى شواظ كظم ظلما | اغلظ ظلام ظفر انتظره ظما | | وهي لما تم فان لم يوجد | تعلق او كان معنى فابتدي |
| اظفر ظنا كيف جل وعظ سوى | عضين ظل النحل زخرف سوى | | فالتام فالكافي ولفظ فامنعن | الا رءوس الاي جوز فالحسن |
| وظلت ظلتم وبروم ظلوا | كالحجر ظلت شعرا تظل | | وغير ما تم قبيح وله | الوقف مضطرا ويبدا قبله |
| يظللن محظورا مع المحتظر | وكنت فظا وجميع النظر | | وليس في القران من وقف وجب | ولا حرام غير ما له سبب |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| باب المقطوع والموصول وحكم التاء | | | نعمت ها ثلاث نحل ابراهم | معا اخيرات عقود الثان هم |
| واعرف لمقطوع وموصول وتا | في مصحف الامام فيما قد اتى | | لقمان ثم فاطر كالطور | عمران لعنت بها والنور |
| فاقطع بعشر كلمات ان لا | مع ملجاء واله الا | | وامرات يوسف عمران القصص | تحريم معصيت بقد سمع يخص |
| وتعبدوا ياسين ثاني هود لا | يشركن نشرك يدخلن تعلوا على | | شجرت الدخان سنت فاطر | كلا والانفال وحرف غافر |
| ان لا يقولوا لا اقول ان ما | بالرعد والمفتوح صل وعن ما | | قرت عين جنت في وقعت | فطرت بقيت وابنت وكلمت |
| نهوا اقطعوا من ما بروم النسا | خلف المنافقين ام من اسسا | | اوسط الاعراف وكل مااختلف | جمعا وفردا فيه بالتاء عرف |
| الانعام والمفتوح يدعون معا | وخلف الانفال ونحل وقعا | | باب همز الوصل | |
| فصلت النسا وذبح حيث ما | وان لم المفتوح كسر ان ما | | وابدا بهمز الوصل من فعل بضم | ان كان ثالث من الفعل يضم |
| وكل ما سالتموه واختلف | ردوا كذا قل بئسما والوصل صف | | واكسره حال الكسر والفتح وفي | الاسماء غير الام كسرها وفي |
| خلفتموني واشتروا في ما اقطعا | اوحي افضتم اشتهت نبلوا معا | | ابن مع ابنة امرئ واثنين | وامراة واسم مع اثنتين |
| ثاني فعلن وقعت روم كلا | تنزيل شعرا وغير ذي صلا | | وحاذر الوقف بكل الحركه | الا اذا رمت فبض حركه |
| فاينما كالنحل صل ومختلف | في الظلة الاحزاب والنسا وصف | | الا بفتح اوبنصب واشم | اشارة بالضم في رفع وضم |
| وصل فالم هود الن نجعلا | نجمع كيلا تزنوا تاسوا على | | وقد تقضى نظمي المقدمه | مني لقارئ القران تقدمه |
| حج عليك حرج وقطعهم | عن من يشاء من تولى يوم هم | | ابياتها قاف وزاي في العدد | من يحسن التويد يظفر بالرشد |
| ومال هذا والذين هؤلا | تحين في الامام صل ووهلا | | (والحمد لله ) له ختام | ثم الصلاة بعد والسلام |
| ووزنوهم وكالوهم صل | كذا من ال وها ويالا تفصل | | على النبي الصطفى واله | وصحبه وتابعي منواله |
| باب التاءات | | | | |
| ورحمت الزخرف بالتا زبره | الاعراف روم هود الثان هم | | | |